
زوردۇن سابىر

# ئاتا يۇرت

2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى

ئانا يۇرت (1)
ئانا يۇرت (2)
ئانا يۇرت (3)
ئىزدىنىش (1)
ئىزدىنىش (2)
يازغۇچى بولماق تەس
ئاۋرال شاماللىرى
گۈلەمخان
قەرزدار
ئانا

ISBN 978-7-228-12819-8
9 787228 128198 >



زوردۇن سابىر

# ئانا يۇرت

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





زوردۇن سابىر

# ئانا يۇرت

(تارىخىي رومان)

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

故乡母亲. 2: 维吾尔文 / 祖尔东·沙比尔著. — 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2009.8 (2016.1 重印)

ISBN 978-7-228-12819-8

Ⅰ. 故… Ⅱ. 祖… Ⅲ. 长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009) 第147860号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白, 麦苏提·哈力提, 阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 阿孜古丽·克力木 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 作者像摄影 | 阿迪力·司马义 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 16 |
| 版　　次 | 2009年8月第1版 |
| 印　　次 | 2016年1月第8次印刷 |
| 印　　数 | 36001-46000 |
| 定　　价 | 40.00 元 |

## 26

ئىلى گىمنازىيىسىگە مۇئەللىم بولۇپ كەلگىنى ئۇنىڭ جازالانغىنى. ئۇ 1939 - يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىن نېمە ئۈچۈن ئىلى گىمنازىيىسىگە يۆتكىلىپ كەلگىنىنى، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق جازالانغىنىنى بىلمەيدۇ. مانا ھازىر بۇ يەردە ئۇنىڭ ھەربىر كۈنى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتمەكتە. دادىسى مامۇت سىجاڭغا يېڭجاڭ بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆزى تاشكەنتتە ساگو (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى) يېنىدىكى مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئىككى يىل ئوقۇپ ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈنمۇ! ياكى گىمنازىيىدە ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن نۇرغۇن ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشقا جان پىدا قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟! ...

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟! ئۆزىنىڭ ئىنسان، تۇرمۇش ۋە ئىستىقبال توغرىسىدىكى يېڭىلىقلىرىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا دېمەي كىمگە دەيدۇ؟! «ھەممىلا ئىشتا خەلق تەرىپىدە تۇرۇش، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانى قىلىش، ھەقىقەت ۋە گۈزەل ھاياتقا ئۆز خەلقىنى ئۈندەش ۋە شۇلار ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش» دېگەندەك زامان خالايدىغان سۆزلەرنى فىزىكا، ماتېماتىكا دەرسلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىمۇ دېمىسە ئۇ قانداقمۇ مۇئەللىم بولالايدۇ؟! تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىدىكى يارغول ئەتراپىدا، توپىلىرى قىزىل ھەم قاتتىق بەشبۇلۇڭ يېزىسىدا يىگىرمە بىر جان بىر كىچىككىنە ئۆيدە ياشايدىغان نامراتنىڭ بالىسى، بىر چەتتىن شەھەر سىرتىدىكى ئەسقەر ھاجى كارىزىدىن ئېشەك بىلەن سۇ توشۇپ سېتىپ پۇل تېپىپ، بىر چەتتىن ئاپىسىنىڭ ئىنىلىرى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرۈپ، لېتىپ ئەپەندىمدىن لاتىنچە يېزىشنىمۇ ئۆگىنىۋالغان غەيرەتلىك، ئىدراكلىق بالا خەلقىگە ئۆزىنى

بېغىشلاشنى ئۆگەنمەي ، نامراتلارغا ياخشى كۈن تىلىمەي تۇرالايتتىمۇ؟ ! 1935 - يىلى قەشقەردە مامۇت سىجاڭنىڭ ياردىمىدە تاشكەنتتە ئوقۇشقا ئىمتىھان بەرگەندە ئۇنىڭ ئاشۇ لاتىنچە يېزىقنى بىلگىنى تازا ئەسقاتقان . ئۇ تاشكەنتكە بېرىپ بۇ دۇنيادا راھەت - پاراغەت دېگەننىڭمۇ بارلىقىنى كۆردى . نامراتلارنىڭ بالىلىرىمۇ كاستۇم - بۇرۇلكا ، پەلتو كىيىپ يارىشىدىغانلىقىنى ، بىر تىيىن خەجلىمەيمۇ كۈنىگە تۆت ۋاخ تاماق يېيەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ سوۋېت سوتسىيالىزم دۆلىتىگە چىن قەلبىدىن ئەقىدە باغلىدى . ئەتىگەنلىكى بولكا ، سۈت ، ۋارىنىلەر ، چۈشتە ماكارون (قولداما) ، ۋېرشىل (ئۇگرە ئاش) ، كاتلېت ، بورش (كاپۇستا شورپىسى) ، سۇپ (كۆكتات شورپىسى) دېگەن تاماقلار بىلەن ئۇزۇقلىنىش بەشبۇلۇڭ يېزىسىدا نان بىلەنلا غىزالىنىپ ئۆگىنىپ قالغان بالا ئۈچۈن بىر كارامەت ئەمەسمىدى؟ سىم كارىۋات ، يوتقان - كۆرپىلەر ، ھەپتىدە بىر يۆتكىلىپ تۇرىدىغان پراستىنا ، كىرلىكلەر ، كىيىملىرىنى بىكارغا يۇيۇپ بېرىشلىرىچۇ تېخى؟ ئۇنىڭ مەخسۇس 182 - نومۇرلۇق مۇلازىمەت ساندۇقى بار ئىدى . ئۇنىڭ ھەممە ئىشى شۇ نومۇر بىلەن پۈتەتتى . ھەر ئايدا شۇنچە كۆپ پۇل ئايلىق بېرىشلىرىچۇ تېخى؟ شېڭ دۇبەننىڭ ھازىر بېرىدىغان ئايلىقىمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ - دە… ئۆزىنى شۇنداق ئەتىۋارلاپ ، ئەمگەكچىنىڭ بالىسى دەپ بېشىغا كۆتۈرگەن سوۋېت دۆلىتىنى ئۇ نېمىشقا ماختىمىسۇن؟ ئۇ ھەممىنى ئويلىدى ، سېلىشتۇردى ، تۇرپاننىڭ ئىككى كىلومېتىرغا سوزۇلىدىغان ئۈستى بورا بىلەن يېپىقلىق بازىرىدا يالىڭاچ دېگۈدەك ئولتۇرىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان دىۋانىلەر كەچ كىرگۈچە تۇرپاننىڭ چوغدەك ئىسسىق ھاۋاسىدا كۆيۈپ ، تۇخۇم كۆمسە پىشىدىغان توپىلىقنى دەسسەپ يۈرۈپ سۇ توشۇپ ، ئوتۇن سېتىپ قورسىقىنى ئارانلا باقالايدىغان نامراتلار ھەر ۋاخ تامىقىدا ئۇنىڭ ئۈستىلى ئالدىدا پەيدا بولاتتى . ئۇلارمۇ ئادەم ، «ئىگە»لەپ تۇغۇلغاندا ئانىلىرى ئۇلارنىمۇ پاكىز سۇدا يۇيۇپ باغرىغا بېسىپ خۇشال

بولۇپ : «بەختنىڭ بۇ دۇنيا» دېگەن . لېكىن ، ئۇلار بەخت بىلەن ئۇچرىشالمىدى ، بەلكى ئۆمۈربويى ئۇچرىشالمايدۇ . شۇنداقلارنىڭ بەختى ئۇچۇن تىرىشىشنىڭ نېمىسى يامانكەن ؟

ئىلى گىمنازىيىسى بىر مەھەل ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ تەشۋىقات ئورنىغا ئايلانغاندا ، ئوقۇتقۇچىلاردىن بۇ بىلىمنى بىلمىگەنلەر نادان ، قالاق ھېسابلانغان . مانا ئەمدى ئاشۇ نادانلار ئەتىۋارلانماقتا . ماركس ، لېنىننىڭ رەسىملىرى ، كىتابلىرىمۇ چەكلەندى ، ئۇنى ئەتىۋارلىغۇچىلار مانا ھازىر تەھدىت ئاستىدا . مانا ، باياتىن بېرى تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ چۆرىسىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋاتقان تۇرپانلىق يىگىت — تاشكەنتچى مۇئەللىم ساتتار سادىروف ئورنىدىن تۇردى . ئاسما مايكا كىيگەن تەنتەربىيە مۇئەللىمى قولىغا ۋالىبول توپىنى ئېلىۋېلىپ ھىجىيىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەكتە . سادىروف ئۇنىڭ بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇشنىمۇ جىنايەت ھېسابلايتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن گىمنازىيىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلىرى ھازىر تۈرمىدە ، نە ـ نەلەردە سەرگەردان .

— سادىروف ! — دېدى ئۇ ھىجىيىپ يېقىنلاپ ، — ئەتە تەتىل ، تەتىلنى نەدە ئۆتكۈزمەكچىسىز ؟

— تېكەستە ! — دېدى ئۇ سوغۇقلا قىلىپ .

— ئاڭلىسام خونخاي تەرەپكە ، ئەۋلىيا چوققىغا چىقىپ دەم ئالغۇدەكسىزغۇ ؟

— قۇلىقىڭىز بەك ئۇزۇنكەنغۇ ، مەن ئەتىلا تېكەسكە ماڭىمەن . خاتالىشىپ خونخاينىڭ يولىدا ئىزچىلىق قىلىپ يۈرمەڭ ـ ھە !

— مېنى دېسىڭىز نىلقىغا ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ يېنىغا چىقىڭ ، سادىروف ، سىزمۇ ماڭا تەنە قىلغىلى تۇردىڭىزمۇ ؟ مەن دېگەن تەنتەربىيە مۇئەللىمى ، خەلقنىڭ بەدەن سۈپىتىنى ياخشىلاش مېنىڭ ئارزۇيۇم .

— بەدەن تۈرمىدە ياخشىلانمايدۇ ـ دە . ئاڭلاپ قويۇڭ ،

گېرمانلار كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگىلى تۇردى، ياپون پاراخوتلىرىنى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى دېڭىزغا چۆكتۈرمەكتە. ھەققانىيەت ھەممىلا جايدا غالىب كەلمەكتە!

— سىز نېمە دېمەكچى، سادىروف، نۇرىدىن ئەپەندى سوراق دېمەكچىمۇ سىز؟

— بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان باللار يۈتتۇرىدىغان چاغدا تۇرمىگە كىرسە، تاغلاردا قېچىپ يۈرسە، ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ دېمەكچىمەن!

— سىز مېنى ۋىجدانسىز دېمەكچىمۇ؟

— مەن ئۇنداق دېمىگەندىمەن؟

— گېپىڭىزدە شۇ مەنە بار، ئەپەندىم.

— سىزنىڭ بۇرمىلاش ماھارىتىڭىز ۋالىبولدا پاس چىقىرىش ماھارىتىڭىزدىن خېلىلا يۇقىرىكەن!

ئېگىز، قاملاشقان، قارا قاش يىگىت سىرتقا ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىلى گىمنازىيىسى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان. غەربكە كەتكەن يولى نوۋگورد، يەنى رۇسچە يېڭى شەھەر دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، 1890 - يىللىرى ئەتراپىدا رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىكى خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان كىچىك مەھەللە. بۇ مەھەللە 1920 - يىلىدىن كېيىن رۇسلار، تاتارلار ۋە بەزى ئۇيغۇر - ئۆزبېك بايلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدا رەسمىي چوڭ مەھەللىگە ئايلانغان. نوۋگوردنى ياقىلاپ داۋاملاشقان ئۇزۇن كوچا ۋالى قادىر بېغىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. سادىروف مۇشۇ يول بىلەن باغچىغا بېرىپ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى يۈگۈرۈپ چېنىقىدۇ. گىمنازىيىنىڭ شەرقى، ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتسىڭىزلا غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ زاۋۇت — شېڭ شىسەي پايچىلارغا تايىنىپ سالدۇرغان ئۇن زاۋۇتى بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسى. گىمنازىيىنىڭ شىمالى بىقىنىدا ئىلى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبى بار. بۇ يەردە

1933 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە سانايىنەپسە قۇرۇلۇپ نۇرغۇن درامىلار ئوينالغان، نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئىسھاقبېك لۇيجاڭ قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن مائارىپ، سەنئەت ۋە خىلمۇ خىل كۇرۇژۇكلار گۈللىنىپ كەتكەن. ئۇزۇن يىللار نادانلىق، قاششاقلىق ۋە نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتقان ئىلى خەلقى يېڭى مەكتەپ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، دەۋرگە، شېڭ دۇبەنگە چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتىشقانىدى. مانا ھازىر بۇ گۈللۈككە ئۈششۈك چۈشتى. بەرگىلەر قۇرۇپ، غۇنچىلار سولاشتى. گىمنازىيىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىلىرى تۈرمىلەرگە سولاندى، ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلىرى خانىۋەيران، ئىز - دېرەكسىز. ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرلا يول قالدى — ئۇ بولسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىش.

سادىروف ئېگىز تېرەكلەر تۈۋىدە ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان سۇنى ياقىلاپ كېتىپ بېرىپ، تېگى يوق خىيال دېڭىزىدا ئۈزمەكتە ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بېرىلگەن، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم ئەقىدىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، كىمكى بۇ ئەقىدىگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى دەپ قارايدىغان، ئۆزى بۇ ئەقىدىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىش، پىكىر قىلىشقا بېرىلگەن يىگىت ئىدى. ئۇ كۈندە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەلقئارا بەتلىرىنى ئوقۇيدىغان بولغاچقا، دۇنيادا بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى يادقا بىلەتتى. ھازىر سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىنى چېكىندۇرۇپ نەگە بارغانلىقى، تىنچ ئوكياندا، فىلىپپىن، ۋېيتنام، جەنۇبىي ھىندىستاندا، جۇڭگو تۇپرىقىدا بولۇۋاتقان سوقۇشلار، موسكۋادىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى ھەتتا شىنجاڭدا ھەر كۈنى بولۇۋاتقان ئىشلار، مەسىلەن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا قول تىقىشى، شېڭ شىسەينىڭ كۈندىن - كۈنگە

غالجىرلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى ئىبلىپ بىرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى تولۇقى بىلەن ئۆزلەشتۇرۇپ بارماقتا ئىدى. ئۇ قانداق قىلغاندا خەلقنى تەشكىللەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۇچۇن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگىلى بولاركىن دېگەن مەسىلىدە يېقىنلىرى بىلەن دائىم سىردىشاتتى. لېكىن، ئۇ كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق، ئېھتىياتچان يىگىت بولغاچقا، غەزىپىنى ئوڭايلىقچە ئاشكارىلىمايتتى. بۈگۈن ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان جاسۇس ئالدىدا غەزىپىنى يوشۇرالماي بىرنەچچە ئېغىر قاتتىق گەپ قىلىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئەندىشىدە. ئۇ بىرى بىلەن قانداق قىلىش كېرەك دېگەن ئىش بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى. كىم بىلەن؟ بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، رەخمجان سابىر ھاجى، ئەنۋەر مۇسابايوفلار كەلدى. ئۇ ئۇلار بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا تونۇشۇپ قالغان، ئۇلار سادىروف بىلەن پىكىرداش ئىدى. بىر قېتىم سادىروف ئابباسوفنىڭ: «ئىمكان بولسا بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ياكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرەتتىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغان. رەخمجاننىڭ «خەلقنى قوزغىساقلا شىڭ شىسەينى چوقۇم ئاغدۇرالايمىز» دېگىنىنى، ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ: «خەلق قوزغالسا مەن ئىككى - ئۈچ مىڭ ئادەمنى ئەڭ ياخشى مىلتىق، پىلىموت بىلەن قوراللاندۇرالايمەن. زۆرۈر تېپىلسا تانكا، ئايروپىلانلارنى سېتىۋېلىشقىمۇ تەييارمەن. ۋەسلىم كەتسە مەيلى، مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلساقلا بولاتتى» دېگەن سۆزلىرىنى يادىدا ساقلىغان. قايسىسىنىڭ يېنىغا بېرىش كېرەك؟ «ئۇلارنىڭ ئۇچىلىسىلا باي بالىلىرى. باي بالىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولارمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ يادىغا بىردىنلا بۇرناكۇن بولغان بىر ئىش كەلدى: گىمنازىيىدە ياقۇپ پوچى ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى پۇتىدىكى ساقايماس تەمرەتكىسىنى تېڭىۋېتىپ پوچىلىق

قىلىپ : «ھېلىقى چاغدا ئۇچقۇچىلار بىلەن ئىلىشقاندا مەنمۇ بار ئىدىم . شۇ چاغدا پۇتۇمغا ئوق تەگكەن ، تېخىچە ساقايمىدى» دېگەن . ئەتىسىلا ئۇنى تۇتقىلى ئادەم كەلگەن . ئۇنى ۋالىبول مەيدانىدىلا ئىككى ساقچى كېلىپ تۇتقان . ئوقۇغۇچىلار ساقچىلار بىلەن جېدەللەشكەن ، مۇئەللىملەر ئارىلىشالمىغان ، شۇ چاغدا مەكتەپ دېرېكتورىغا ئەينەك قويۇپ يۈرگەن ئەينەكچى ساقچىلارنى چەتكە تارتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ بىر نەرسە بەرگەن . ساقچىلار ۋارقىراپ - تىللاپ ، پوپوزا قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالغان .

سادىروف ئەينەكچىنىڭ يېنىغا باردى .

— ئاكا ! — دېدى ئۇ ئۆڭۈپ كەتكەن قارا تېرىكىدىن شىم - تۇجۇركا ، بېشىغا ئەسكى بۆك كىيىۋالغان قارىقۇمچاق ، قاڭشارلىق ، سول كۆزى سەل قىسىقراق ئادەمگە مۇلايىملىق بىلەن ، — ئۇلارغا نېمە دېدىڭىز ؟ ئوڭايلا ئېرىتتىڭىزغۇ ؟

— ياخشى گەپ قىلدىم .

— خەنزۇچە بىلەمسىز ؟

— رۇسچە سۆزلىدىم .

— ئۇلارنىڭ رۇسچە بىلىدىغىنىنى نەدىن بىلىسىز ؟

— رۇسچە سۆزلەش ساقچىلار ئۈچۈن مودا .

— سۆزلىگىنىڭىزگىلا قويۇۋەتمىگەندۇ ؟

— بىر ئايلىق تاپاۋىتىمنى يانچۇقىغا سالدىم .

— ھەر بىر چاتاقچىغا بىر ئايلىقىڭىزنى خەجلىسىڭىز ، ئۆزىڭىز يېگۈدەك نانغىمۇ ئېرىشەلمەيسىز جۇمۇ .

— ئۇنىڭسىزمۇ خەلق ئاچ - يالىڭاچ ، ئۇكام ، سىلەر ئەپەندىلەر نان ئۈچۈن كۈرەش — سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش دېگەن سۆزنى قانداق شەرھلەيسىلەركىنتاڭ . مېنىڭچە ، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى كۈرەش قىلمىساڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايسەن دېگەن بولىدۇ .

ئاندىن كېيىن ئۇ رۇسچە شېئىر ئوقۇدى .

— ماياكوۋسكىينىڭ شېئىرىغۇ ؟ — دېدى سادىروف ھەيران

قىلىپ، — ئەدەبىياتقا قىزىقىدىكەنسىز - ھە؟
— سىز رۇسچىنى نەدە ئۆگەنگەن؟
— ساگودا.
— بەللى، ساۋاقداش چىقىپ قالدۇق. مەنمۇ ساگودا بولغانمەن.
— ھە، ھە ... كېيىنچۇ؟
— كېيىن ... — ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويىدى. بۇ ھەرىكەتتىن سادىروف ئۇرغۇن مەنىلەرنى چۈشەندى. ئۇ:
— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— قاسىمى دېسىڭىز بولىدۇ.
— دوست بولايلى، مېنىڭ ئىسمىم ساتتار، فامىلەم سادىروف، تۇرپانلىقمەن، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا سۈرگۈن قىلىنىپ ئورۇمچىدىن بۇ يەرگە كەلگەن.
— مەن سۈرگۈنلەرگە ئامراق. لېنىنمۇ، ستالىنمۇ سۈرگۈن قىلىنغان. سۈرگۈن قىلىنىش سىزدە نەپرەت، غەزەپ پەيدا قىلىدۇ. غەزەپ - نەپرەت قىممەتلىك بايلىق، بولۇپمۇ ھازىر.
ئۇلار بىللە چۈشلۈك تاماق يېدى. ناچار كىيىنگەن، قوللىرى قاداق، كەم سۆز، لېكىن ھەربىر سۆزى كىشىگە تەسىر قالدۇرالايدىغان، تېخى ئوتتۇزغا كىرمىگەن بولسىمۇ ئېغىر ئەمگەك، قىيىن تۇرمۇش ئۇنىڭ چىرايىنى قىرىق ياشلىق ئادەمدەك قىلىپ قويغان بۇ ئاددىي ئادەم بىردىنلا سادىروفقا بۈيۈك ئىنسان بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ سادىروفتىن تۆت ياش چوڭ ئىكەن، بۇ يىل يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرىپتۇ، ئىسمى ئەخمەتجان ئىكەن، 1914 - يىلى مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپتۇ. دادىسى نادىر مەھمۇت ياخشى سازچى ئىكەن، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق، كېسەكچىلىك قىلالايتتىكەن. قاسىمى دادىسىنىڭ ناخشا، چۆچەكلىرىگە تولىمۇ قىزىقاتتىكەن. ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا دادىسىنىڭ بويىنىغا ئوڭ قولىنى سېلىپ ئوڭ پۇتىنى

دادىسىنىڭ قورسىقىغا ئارتىۋېلىپ : «ھېكايە ئېيتىپ بېرە ئەمدى» دەيتتىكەن . دادىسىنىڭ ھېكايىسى ئانىسىنىڭ «ئەللەي»لىرىدىنمۇ قالتىس تەسىر قىلاتتىكەن . ئۇ شۇ چۆچەكلەرنىڭ سىرلىق ۋەقەلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتىكەن . 1920 - يىلى ئۇنىڭ دادىسىنى ئۇيغۇر بايلىرى لوكچەكلەرگە ئۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن . ئالتە ياشلىق بالىنىڭ يۈرىكىدە زامان زومىگەرلىرىگە قاتتىق نەپرەت پەيدا بولۇپ ، ۋۇجۇدىدا قىساس ئوتى يالقۇنلايدىكەن . ئۇنىڭ ھەددىسىمۇ يوقسۇزچىلىق دەردىدە ئۆپكە كېسىلى بىلەن ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن . ئۇ تاغىسى ئۆمەر قاسىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن . تاغىسى ئۆمەر قاسىمى تاشكەنتتە سانائەت ئىنستىتۇتىنى تۈگەتكەنىكەن . بۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن . ئۇ ئۆزىگە ۋە ھەددىسى شەرۋانەمنىڭ يالغۇز ئوغلىغا ئىستىقبال ئىزدەپ ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەركەنت شەھىرىگە كېتىدىكەن . قاسىمى تاغىسىنىڭ فامىلىسى ئىكەن . ئەخمەتجان باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تىرىشىپ ئوقۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدىكەن . ئانىسى ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولىدىكەن . 1932 - يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن يىلى تاغىسى يوقىلاڭ بىر جىنايەت بىلەن سۈرگۈن قىلىنىدىكەن . ئەخمەتجان تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە مەدىكارچىلىق قىلىدىكەن . كۈنىگە ئون - ئون ئىككى سائەتلەپ قۇرۇلۇشلاردا خىش كۆتۈرۈپ ، لاي توشۇپ ، يۈك ئاپتوموبىللىرىغا يۈك قاچىلاپ ئون سەككىز ياشلىق قەيسەر چاغلىرىنى ئېغىر ئەمگەككە سەرپ قىلىدىكەن . ئۇ بەزى كۈنلىرى كۈندۈزى ئىشلىگىنىگە قانائەت قىلماي كېچىلىرىمۇ تۆت - بەش سائەت ئىشلەپ بىر سوتكىدا بەش - ئالتە سائەتلا ئۇخلايتتىكەن . ئۇ ھازىرمۇ مىنۇت بىكار تۇرۇپ قالسىلا قىينىلىدىكەن ، ھۇرۇنلۇق ، راھەتكە بېرىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ يىرگىنچلىك ئىكەن . لېكىن ، ئۇنىڭ قاتتىق ئىشلەپ پۇل تېپىپ باي بولۇش نىيىتى يوق

ئىكەن . ئۇ ئىنسان مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك دېگەن چۈشەنچىدە ئىكەن ...

ئۇ كېيىن نەمەنگانغا بېرىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولىدىكەن ، ياخشى ئىشلەپ ئىناۋەت تېپىپ ساگودا ، كېيىن موسكۋادا ئوقۇيدىكەن ... بۇ يىل 6 - ئايدا چۈچەك ئارقىلىق بۇ يەرگە كەپتۇ . ئۇ موسكۋادا نېمە ئوقۇغانلىقى ، 1936 - يىلدىن 1942 - يىلىغىچە بولغان ئالتە يىل ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكەنلىرى ھەققىدە قىسقىلا قىلىپ :

— سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى موسكۋا شەھىرىدە مەن ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ ، كىم ئۈچۈن ياشايدۇ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تاپتىم . ئۈچ خىل ئادەملەر بولىدىكەن : بىر خىلى پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ياشايدىكەن ، يەنە بىر خىلى بىر بۆلەك ئادەملەر (قەبىلە ، مىللەت ، گورۇھ ) ئۈچۈنلا ياشايدىكەن ، ئاخىرقى بىر خىلى ناھايىتى ئاز بولىدىكەن ، ئۇلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشايدىكەن . مەن ھازىر بەلكىم ئىككىنچى خىلىغا كىرەرمەن ، لېكىن نىشانىم ئۈچىنچى خىلى ! — دېدى .

«ئەينەكچى تۇرۇپ مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلالامدۇ ، بۇ چوقۇم بىر سىرلىق ئادەم» دەپ ئويلىدى سادىروف . ئۇلار ئەخمەتجاننىڭ كىچىك دادىسى ناسىر كېسىكچىنىڭ ئۆيىدە پات - پات ئۇچرىشىپ تۇردى . سادىروف مانا ھازىر بىر مۇخەددىشىدىغان ئادەم ئىزدىگەندە ئاشۇ ئەينەكچى يادىغا كەلدى . ئۇ كەينىگە ياندى ، ناسىر كېسىكچىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى . لېكىن «كەينىمگە ئادەم كىرىۋالغان بولسىچۇ ؟ » دەپ ئويلىدى . ئۇ ھېلىقى ئەينەكچىگە زىيان يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قەدىمىنى توختاتتى ۋە مەقسەتسىزلا نوۋىگورود مەھەللىسىنىڭ تۆتىنچى كوچىسىغا بۇرۇلدى .

ئىككى تەرىپى قويۇق تېرەكلىك ، كوچىلار پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ سېپىلگەن ، ئۈستى قاڭالتىرلىق ، دېرىزىلىرى كوچىغا قارىغان ، قاپقىلىق ھويلىلارغا كەڭرى ئېچىلغان سىرلانغان

دەرۋازىلاردىن قارىساڭ، هويلىدىكى باغ، گۈللەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تولىمۇ چىرايلىق تاتار بايلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئۇنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. ئۇ بايلارنىڭ ئۆيلىرى ئالدىدىن ئۆتكەندە، دەرۋازا يېنىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقان سېرىق چاچ قىزلار، مەغرۇر يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئۆز پاراغەتلىرىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئۆزىنىڭ توپىلىق يېزىسىنى، ئۇ يەردە يالاڭ ئاياغ يۈرۈشكەن، بەدەنلىرى قاسماق بالىلارنى، ئاپتاپتا كۆيۈپ، قورۇلۇپ كەتكەن جاپاكەش ئاياللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

«مېنىڭ خەلقىم قاچانمۇ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كۆرەر! — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — شۇلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىدەك تۇرمۇش يارىتىپ بېرىش يولىدا ئۆلۈپ كەتسەڭ ئۆزۈڭنى بەختلىك هېسابلىساڭ بولىدۇ.»

— سادىروف!

ئۇ يانغا قارىدى. كۆك دەرۋازىلىق تاتار بېيىنىڭ دەرۋازا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان قىسقا يەڭلىك كۆڭلەك كىيگەن، چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

— خەمىت! — سادىروف ۋالىبول ئويناپ دوست بولغان يىگىتنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، — قاچان كەلدىڭ؟

ئۇلار رۇس ئادىتىچە يېرىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— بىكارمۇ سەن؟

— بىزگە تەتىل، بىكارمەن.

— يۈر ئەمىسە، زايومكىدا ئويناپ كېلىمىز. خادىك تەييار.

سادىروف خەمىت بىلەن بىللە هويلىغا كىردى. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇدۇق، سالاسۇن بىلەن تورالغان باغ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق راۋاق بار ئىدى. راۋاق كۆك سىرلانغان، گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنغانىدى.

— بۇ ئالداگاروفلارنىڭ هويلىسى، — دېدى خەمىت راۋاقتا

ئولتۇرغاندىن كېيىن سادىروفقا چاي قۇيۇپ ، — بىزنى قوغدايدۇ ، قازان تاتارلىرىدىن . هازىر چوڭ بىيىمىزمۇ شۇ كىشى . ئاخشام كەلدىم ، ئەتە كېتىمەن ، كىم بىلىدۇ ، تۇتۇلۇپ قالىمەنمۇ تېخى . هازىر هۆكۈمەتكە قارشى قوزغالغانلاردىن ئۇلارنى تۇتىدىغانلار نەچچە هەسسە كۆپ .

— بىزنىڭ باللار قانداقراق ؟

— گىمنازىيىدىن دەسلەپ تۆت بالا چىققان ، هە شۇ ، نۇرى باشلىق . هازىر ئۇلار ئون تۆتكە يەتتى . مىڭمارالدىكى سوقۇشتا تۆت يىگىت قۇربان بولدى .

— ئۇلار قورال تۇتالىغۇدەك بولدىمۇ زادى ؟

— هـازىـر هـەمـمىسلا مەرگەن . بولۇپمۇ نۇرى ، كۆزنگە ئىلىشقاننى قويمايدۇ .

— ئۇ هەممىدە ياخشى ئىدى .

— ئـۇ شېئىر يازىدۇ ، توختىماي كىتاب ئوقۇيدۇ . يەرگە يورۇق چۈشمەستە ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ بىر چېلەك سوغۇق سۇنى بېشىدىن قۇيىدۇ . ئۇ سوۋۇرۇقا تەقلىد قىلماقتا ، ئەڭ قىيىن ، خەتەرلىك ئىشلارغا بىرىنچى بولۇپ ماڭىدۇ !

— ئۇنى ئاسراڭلار ، بىهۇدە قۇربان بولمىسۇن - دە !

— ئۇنى ئىككى تاتار ئاسراۋاتىدۇ !

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟

— هەدە - سىڭىل ئىككى قىز ئۇنى تالاشماقتا .

— نىلقىلىق قىزلارما ؟

— ياق ، بىلىسەن ، هېلىقى سەهـرالىق مىڭبېگىگە تەگكەن ئاسىيە ئابىستەيىنىڭ قىزلىرى .

— ئاڭلىغانمەن . قىزلار قوغدىيالمايدۇ ، ئۇنى نابۇت قىلىدۇ ، ئۇنداق ياشلار بىزگە زۆرۈر ، بولۇپمۇ هازىر !

— ئادەملىرىمىز كۆپەيمەكتە . سىگانچىسىغا كۆچۈپ يۇرۇپ جـان ساقلاۋاتىمىز . مەن سوۋېت كونسۇلىنىڭ ماشىنىسى بىلەن كەلدىم . چېگراغا قورال سودىسى بىلەن بېرىپ كېلىشىم .

— ھەل بولدىمۇ ؟
— يىگىرمە تال بەشئاتار ، ئون ساندۇق ئوق مىلىڭ قويغا توختىدى .
— زايومكىدا خەتەرلىك ئەمەسمۇ ؟
— ھەممە يەر خەتەرلىك ، خەتەردىن قورقساڭ شىڭ دۇبەنگە جاسۇسلۇق قىلساڭ بولىدۇ شۇ .
— جاسۇس كۆپىيىپ كەتتى .
— تەڭدىن تولىسى بىز خەق !
— شۇنداقلارغا مەنسەپ ، پۇل تەييار - دە !
— خەلققە ياخشىلىق قىلىمەن دېگەنلەرگە كۈن يوق ، خائىنلار ئەتىۋارلىق . بۇ قانداق جاھان - ھە ؟
— غېنى ، پاتىخ ئاكىلار قانداقراق ؟
— غېنىكام ، پاتىخ ئاكام ، ئەكبەر ئاكاملار بىزنىڭ چاپايوفلىرىمىز . قارام ، مەرگەن ، قورقۇمسىز . لېكىن ، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىدىغان فورمانوف يوق . ھازىر ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان كاللىسى سەگەك ، ئۆتكۈر يېتەكچى كېرەك . كۆپ ئىشلاردا نۇرى ئەقىل كۆرسىتىۋاتىدۇ ، لېكىن ئۇ تېخى ياش ، تەجرىبىسىز - دە .
— خەمىت ئاداش ، مەنمۇ خەۋپ ئاستىدا قالدىم ، گىمنازىيىدە «قىزىلاق»لار پەيدا بولۇپ قالدى . يېقىن ئوقۇغۇچىلىرىمدىن بىرنەچچىسىنى ئېلىپ سوۋېتقا قاچاي دەيمەن .
ياز پەسلىدە زايومكىدا تاماشا قىلىش غۇلجا ياشلىرى ئۈچۈن كۆڭۈللۈك مودا . دەريا بويىدىكى ئورمانلىق ، يۇمشاق چىمەنلىك ، ئارال ۋە ئويناقشىپ تۇرغان دەريا ياشلاردا ھېسسىيات ، ياشلىق غۇرۇر پەيدا قىلىدۇ ، قىز - يىگىتلەر بىرگە بولسا تەبىئەت قوزغىغان ھېسسىيات بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ ، قېلىن ئورمانلار ئارىسىدا ياشلىق لەززىتىگە بېرىلىپ ، بىر ئۆمۈرلۈك تاتلىق ياكى ئاچچىق خاتىرىلەرگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ .
ئۇ يەردە قازان ئېسىپ ناخشا - ساز ، ئويۇن - چاقچاق بىلەن

ئۆتكۈزگەن بىر كۈننى غۇلجا ياشلىرى ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە سۈپىتىدە بىر ئۆمۈر ئەتىۋارلايدۇ. ئەڭ كۆكۈللۈك چاغلىرىنى تىلغا ئالغاندا: «زايومكىدىكى ھېلىقى چاغ - ھە» دەپ لېۋىنى تامشىپ قويىدۇ.

بۇگۈن تاتار، رۇس قىز - يىگىتلىرى گارمون چېلىپ جىر جىرلاپ، «پاڭ - پاڭ» ئېتىلىدىغان غۇلجا پىۋىسى بىلەن مەست بولۇشۇپ، كېيىملىرى بىلەنلا دەرياغا سەكرىشىپ ئۈزاق ئويناشتى. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە يىگىت - قىزلار نەلەرگىدۇر جۈپ - جۈپ بولۇپ تارقىلىشتى - دە، خەمىت بىلەن سادىروف باياشات داستىخاندا يالغۇز قېلىشتى.

— كېتەيلى، — دېدى خەمىت ئاخىر خاپا بولۇپ، — مېنى دەپ ئۇيۇشتۇرغان ئويۇن بۇ، بىراق ئەھۋال مانا! ...

سادىروف كىچىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭغا ھازىرلا دېرىزىدىن چىراغ يورۇقى چۈشىدىغاندەك، ئارقىدىنلا ئەسكەرلەر كىرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا سىرتقا چىقىپ تىڭ تىڭشىدى: نەلەردىدۇر مىلتىق ئېتىلاتتى، ئادەملەر ۋارقىرىشاتتى، يىغلىشاتتى ...

ئۇ، يەرگە يورۇق چۈشمەستە ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا كىرىپ، سېپىتىۋالدى، مۇھەممەت يولداش ئىسىملىك ئوقۇغۇچىلىرىنى ئويغاتتى.

— بىز بۈگۈنلا خونخاي مازارغا ماڭايلى، — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ، — يۇرۇڭلار، ھازىرلا ئويماندەڭگە بېرىپ هارۋا ئۇقۇشايلى.

كوچىلاردا ئەسكەرلەر كۆپىيىپ كەتكەنىدى. نەگىلا قارىسا قوراللىق ئەسكەرلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى، سادىروف باللارنى ئېلىپ چوڭ كوچا بىلەن ماڭماي، مەكتەپنىڭ جەنۇبقا قارىغان يان ئىشىكىدىن چىقىپ سايغا چۈشتى، سۇنى ياقىلاپ دۆڭمەھەللىگە بېرىپ، ساي بىلەن ناغرىچى تەرەپكە ماڭدى ۋە ئىككى ئوقۇغۇچىغا:

— سىلەر دەڭگە بېرىپ هارۋا ئۇقۇشۇپ، دەريا بويىغا

بېرىڭلار، مەن سىلەرنى كېمە بويىدا ساقلايمەن، — دېدى. ئوقۇغۇچىلار كەتكەندىن كېيىن ئۇ سۇنى ياقىلاپ تاغ سۈيىنىڭ ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ساي قۇيۇلۇش دەپ ئاتىلىدىغان يېرىگە قاراپ ماڭدى. مانا تۈگمەنگە كەلدى. سېمىز رۇس خوتۇن يالىڭاچ بولۇۋېلىپ چۈشۈرگە ئاستىدا سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇۋاتقانىكەن. ئۇ سادىروفنى تونۇپ:

— قاچاسىن، كىل، پاۋىل بار! — دېدى. پاۋىل پاۋلوۋىچ ئۇنىڭ ئوغلى، بۇ سىلىسار يىگىت ۋالىبول ھەۋەسكارى ئىدى. سادىروف كۈچلۈك ھۆججەتچى بولغاچقا، ۋالىبولچىلار ئىچىدە ھۆرمىتى چوڭ ئىدى. پاۋىل ئۇنى نەچچە قېتىم بۇ تۈگمەن يېنىدىكى ئۆيىگە باشلاپ كەلگەن. پاۋىل ئاق پادىشاھ ئوفىتسېرىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قايىل ئىدى. ئۇ رۇس ئەدەبىياتىغا تولىمۇ قىزىقاتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە گوگولدىن تارتىپ فادىيېۋ، شولوخوفلارغىچە بولغان رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممە كىتابلىرى بار ئىدى.

— تولستوي بىزنىڭ تۇغقىنىمىز. دادام «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىكى پلوخوفتەك ئادەم ئىكەن! — دەپ سۆز باشلايتتى ئۇ.

پاۋىل ئۇيغۇرچە، تاتارچە ياخشى سۆزلىيەلەيتتى. ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلگۈچە نۇرغۇن سەرگەردانلىق ئازابىنى تارتقان، كاتتىۋېشى دوتوف ئېتىلغاندىن كېيىن تارقىلىپ كەتكەن چاررۇسىيە ئەسكەرلىرى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەممە ئېغىرچىلىقلارنى كۆرگەن. ئېغىر كۈنلەردە قالغاندا، دائىم ئۇيغۇرلارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇلار كېيىن رۇسلار بىلەن ئارىلاشماس بولۇۋېلىپ ئۇيغۇرلار بىلەنلا بىللە ياشىغان. ئاخىر ناغرىچىلىق تارانچىلارنىڭ تۈگمىنىگە ئىشلەپ يۈرۈپ مۇشۇ ئىككى تاشلىق تۈگمەنگە ئىگە بولۇۋالغان. غۇلجا سۈيى ئۇنى باقماقتا، ھازىر ئۇ خېلىلا باي: تۈگمەن قىش - ياز توختىماي ماڭغاچقا كىرىمى ياخشى، ئۇنىڭ غاز - ئۆردەكلىرى ناغرىچى

مەھەللىسىنىڭ بۇ كەڭ سايلىقىنى ئىگىلىگەن، نەسىللىك كالىلىرى، ئارغىماق، خادىكلىرىمۇ كاتتا...

— پاۋىل ۋلاسوف! — دېدى باش - كۆزى ئۇن بولۇپ كەتكەن پاۋىلنى كۆرگەن سادىروف خۇشال بولۇپ، — ئىش چاتاق. ھەممىلا يەردە يەنە تۇت - تۇت باشلاندى. بىزنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ شىڭ جاللات!

— تۇنۇگۈن ناغرىچىدىن تۆت ئادەمنى تۇتتى. بىزگە يېگىرمە خو ئۇن سېلىق سالدى، بەش كۇنگىچە تاپشۇرمىساڭ سولايمىز، دېدى. مۇتائالى خەلپەت، تىيىپزات خەلپەت، ئابدۇرۇپ دېگەن كىشىلەرمۇ قورقۇپ چاپچال تاغلىرىغا قېچىپ كېتىپتۇ. ھەممىلا ئادەم قاچماقتا! — دېدى پاۋىل قوشۇمچىلاپ.

— خونخاي مازارلىق ئىككى ئوقۇغۇچى ئۇيماندەڭگە ھارۋا ئىزدەپ كەتتى. مەن ئۇلارنى كېمە بويىدا ساقلىماقچى!

— ياق، بولمايدۇ. سىن ئۇخلا مۇندا. مىن ئۇلارنى تاپىپ كىلەدى! — چاچ - ساقاللىرى ئۇندەك ئاق، تېرىسى قىزىل قىرى پاۋىل كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ بالىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى، — مىن سىندەردى خالىخايغا ئاپارادى، ئاتى كىم، سىتىۋالدى، مامات يولداش، بولدى تاپادى. ئۇيماندەڭ مىن بىلەدى!

بوۋاي ئويناقلاپ تۇرىدىغان تورۇق ئىتىغا ياۋداق مىنىپ چىقىپ كەتتى.

موماي ھور چىقىپ تۇرغان سۈت، تۇخۇم ۋە بولكا ئەكىردى:

— يە، سادىروف.

— دادام بىلەن ئاپام سىلەر ئۇيغۇرلارغا بەك ئىچ ئاغرىتىدۇ. سىلەر مېھماندوست، كۆيۈمچان، مېھرىبان خەلق. سىلەرنى تۆت تال خىتاي سورايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ يەرگە كىرىۋالدى، يەنە تېخى بۇ يەر بىزنىڭ دەيدۇ. سېپىلنى نېمىشقا قورغاسقا سوقمىدىڭ ئەمىسە؟ شىنجاڭ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى يېڭى چېگرا دېگەن گەپكەن. سىنىڭ بولسا نېمىشقا يېڭى دەيسەن؟ گېنېرال كالپاكوۋسكى غۇلجىنى ئون يىل سورىغاندا نېمىشقا شىنجاڭغا

ئەسكەر كىرگۈزۈپ ھەممە يەرنى بېسىۋېلىپ بۇ يەردە ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرمىدى؟ سەن ستالىندىن ئۈمىد كۈتمە، ئۇ سىلەرگە دۆلەت قۇرۇپ بەرمەيدۇ، قورقىدۇ. ئۇ شىڭ دۇبەنگە دۆلەت قۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمىدى، سىلەرگە ئۇنامدۇ، ئۇنىمايدۇ!

— خەلق زۇلۇمدىن قۇتۇلسا، بۇ يەردە سوتسىيالىزم بولسىلا مەن رازى.

راست دېگەندەك، قىرى پاۋىل مۇھەممەت يولداش بىلەن سېتىۋالدىنى تېپىپ كەلدى. بوۋاي ئالدىراپ دىشلۇ ھارۋىسىنى قوشتى. ئۇ جاغىستايدىن بۇغداي ئەكەلمەكچى، مۇنۇ ئۈچ يىگىت ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىمىش...

دىشلۇ كېمە بويىغا كەلگەندە ساقچىلار ئۇلارنى توسىدى. كېيىملىرىگە ئۇن چېچىۋالغان ئۈچ يىگىت مىشكاپلار ئۈستىدە يېنىچە ياتاتتى. بوۋاي ساقچىلارغا:

— شېن دوبانگا يىگىرمە خو ئۇن بېرەدى، مىن نۇ جاغىستايدىن بوگداي ئەكىلەدى، ئۇندا ئەرزان! — دېدى.

ساقچىلار ھارۋىنى، ئادەملەرنى ئاختۇردى. سادىروف دەككە ـ دۈككىدە ئەنسىرەپ ئولتۇردى.

ئاخىر دىشلۇ كېمىگە چىقتى. كېمە ئارغامچىلىرى بوشىتىلىپ قىرغاقتىن قوزغىلىپ ئون مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىنلا يېنىدىكى ھەمراھلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ:

— بىرىنچى دەرۋازىدىن سالامەت چىقتۇق! — دېدى.

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئۇيناقشىپ، دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇغا قاراپ:

— دەريا بىلەن سالدا ئېقىپ بالقاش كۆلىگە بارسا كىمشى!— دېۋىدى، مۇھەممەت يولداش:

— ئەپەندىم، سىز ئۇياقتا كېتىشنى ئارزۇ قىلامسىز؟ — دەپ سورىۋىدى، سادىروف ئاستا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— تۇرغۇدەك يەر قالمىدى. تۇرپاندىن بارغىنىمىزى يىراقلاپ كېتىۋاتىمەن، ھەي ئىسىت، تۇرپاندا بۇنداق ئۇلۇغ سۇنى بىر

ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغان بىچارىلەر ناھايىتى كۆپ ، — دەپ قويدى .
— مەنمۇ كېتىمەن ، — دېدى مۇھەممەت يولداش .
— نېمىشقا ؟
— دادام ئۆيلەپ قويىمەن دەپ !...
— خـوتـۇنـدىـن قورقىدىغان بىرىنچى قورققاق ! — دېدى سېتىۋالدى ، — ماڭا ئۇنداق ئامەت كەلسە كەتمەيتتىم .
— سەنمۇ كەتمەكچىمۇ ؟
— سـىـلـەردىن ئايرىلمايمەن . بىزنىڭ ئۆي چازىغا يېقىن . بىردەمدىلا چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتەلەيمىز !
سادىروف بىر جۈپ قارا ئارغىماققا تىكىلىپلا ئولتۇرغان ئاپئاق ساقال ئورۇسنى شەرەت قىلىپ قويۇپ :
— پاھ ، قاراڭلار ، چاپچال سىپىلى ! — دېدى .
— ئالتە سۇمۇل سىپىلى !
هـارۋا سـىـپـىـل سىرتى بىلەن جەنۇبقا — ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق قارلىق چوققىلىرى ئەتىگەنلىك كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغان تاغقا قاراپ يەڭگىل تاراقلاپ ، توپا توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى . مانا چەكسىز بىنەملىك... بەل خەلقى بۇ يەرلەرگە ئاشلىق تېرىپ خـۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن «تاشقا چاچ ، بەختىڭدىن كۆر» دەپ يـاشـايـدۇ ، يـامـغـۇر يـاغـقان يىللىرى شىڭغا تاغارلاپ هوسۇل تاپشۇرىدۇ ، قۇرغاقچىلىق بولسا دان تۇرماق سامانمۇ يوق . بۇ يىل هۆل - يېغىـن ياخشـى ، بۇغدايـلار تاختا بـولاي دەپتۇ ، دېھقان كۆلىدىغان يىلكەن . بىراق ... يول بىردە ئۆرىگە ، بەزىدە پەسكە ماڭغاندەك قىلغان بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدىن تاغ قاپتىلىغا قاراپ ئۆرلىمەكتە ئىدى . شۇڭا ئاتلار تەرلەپ ، ئەتىگەنكى ئويناقلاشلىرىنى يوقىتىپ ، سوزۇلۇپ ، تەستە قاتراپ ماڭماقتا ئىدى . قېرى پاۋىل قامچىسىنى هاۋادا ئوينىتىپ قوياتتى .
كۈن پېشىندىن ئۆتكەندە هارۋا غەربكە بۇرۇلدى . مۇھەممەت يولداشنىڭ ئۆيى تۆۋەندە ئىدى . ئاخىر ئۇلار ياپيېشىل قاپتاللاردىن ئۆتۈپ تۈزلەڭلىككە چىقتى . ئۇ يەردە مەھەللە بار ئىدى .

مۇھەممەت يولداشنىڭ دادىسى بالىسىنىڭ مېھمانلىرىغا قوي سويدى ، ئۇ تولىمۇ ئىتتىك سۆزلەيدىغان ، ئوقەت ئەھۋالى خېلىلا ياخشى ئادەم ئىكەن . ئۇلار ئازادە تارانچى ئۆيىدە خاتىرجەم ئوخلاشتى . ئەتىگەنلىكى روس بوۋاي ئۇلار بىلەن خوشلاشتى . يولداشباي ئۇنىڭغا ئىككى تاغار بۇغداي بېسىپ بەردى ، ئۇنىڭ بىلەن دوستىلىشىپمۇ قالدى . ئۇلار ئۆگۈنلۈكى يايلاققا چىقمىز دەپ ئۆيدىن خوشلىشىپ چىقىپ سىتىۋالدىنىڭ ئۆيىگە كەلدى . بۇ ئۆي خونىخاي مازارغا ھەم چېگرىغا يېقىن ئىدى . ئۇلار كۈندۈزى خونخاي مازارغا ، ئۇ يەردىن يۇسۇپ سەككاكى مازىرىغا باردى . ئۇلار خونخاي غولى ئەتراپىدىكى دۆڭمەھەللە ، دولاتا ، چوڭ بۇغرا ، كىچىك بۇغرا ، سوپۇنبۇلاق ، تېۋىلغا مەھەللە قاتارلىق خونخاي يېزىلىرىنى ئارىلىدى . بۇ جاينى روسىيە بۆلىۋالغاندىن كېيىن قەدىمىي يۇرتنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرى ، ئارائۆستەڭ ، جاغىستاي ، ياركەنت ، غالجاتلاردىن ئون تۆت ئۆيلۈك كىشى مازار ئەتراپىغا ئۆي - جاي سېلىپ ، دېھقانچىلىق قىلىپ بۇ يەرنى ئاۋات قىلىشقا باشلىغان . 1937 - يىلىغىچە بۇ يەرگە ئۈچ يۈز ئۆيلۈكتىن جىق ئۇيغۇر كۆچۈپ كېلىپ مازارنى ئاۋات قىلىشقان . مانا ھازىر شىڭ دۇبەن بۇ يەردىكى ئادەملەرنى خەتەرلىك ھېسابلاپ تارقاقلاشتۇرۇپ تېكەس ، موڭغۇلكۈرە ۋە غۇلجىغا كەتكۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇق بەرگەن . سىتىۋالدىنىڭ دادىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ سادىروف تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ :

— ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۇرۇش ھوقۇقىمۇ يوقمىكەن خەلقىمىزنىڭ - ھە ! — دېدى .

ئۇلار خونخاي مازارغا كەلدى . دۆڭگە جايلاشقان بۇ مازارنىڭ شەيخى ئۇلارنى خۇشال كۈتۈۋالدى .

ئۈستى چېدىر شەكلىدە ياسالغان مازارنىڭ تاملىرى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ ، چېدىرچە ئۈستىدىكى رەڭلىك كاھىشلار رەڭگى ۋە شەكلىنى ھېلىھەم يوقاتمىغانىدى . سادىروفلار مازارنىڭ جەنۇبقا قارىغان ئىشىكىدىن كىرىپ تامغا يېزىلغان زىيارەت

خاتىرىلىرىنى ئوقۇدى. مانا بىر شېئىر:

خۇنخاي مازارغا مەن زار ئىدىم،
كىم زىيارەت ئەيلىسە، مەن يار ئىدىم.
«يۈسۈپ سەككاكى قىزىل گۈل بولسا،
مەن گويا كى بۇلبۇلى شەيدا ئىدىم.»

— يۈسۈپ سەككاكى مازىرىمۇ بۇ؟
— بىز ئۈچ ئەۋلاد مۇشۇ مازارنىڭ شەيخى، — دېدى ئۇزۇن ئاق ئىشتان، كۆڭلەك كىيگەن چارساقال شەيخ، — ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ بۇ مازارنى مەۋلانە سەككاكىنىڭ مازىرى دەپ تونۇپ كېلىۋاتىمىز.
— سەككاكى كىم؟
— ها - ها... ئەپەندىم، سالامەت كەپسىز! — دېدى مازارغا كىرىپ كەلگەن گەۋدىلىك، چارساقال ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ، — مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى سادىروف كەينىگە بۇرۇلۇپ، — مۇتائالى خەلپىتىم، سىزمۇ بۇ يەرگە كەلگەنىكەنسىز.
ئۇلارمۇ كۆرۈشتى. خەلپىتىم ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ:
— تولىمۇ ۋەسۋەسە ئىچىدە كۈن كۆرۈۋاتىمىز. بۇ يەردىكى خەلقىمىزنى قوغلاپتۇ دەپ ئاڭلاپ هال سوراپ كېلىۋىدۇق. كۆرمەمسىز ئەپەندىم، ئۆز يېرىدىن قوغلاندى دېگەن جازادىنمۇ قاتتىق جازا بولامدۇ؟ بىز خەق جازالىنىشقىلا يارالغانمۇ؟ مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكىمۇ جازالانغان.
هەممە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. ئۇ سۆزلىدى:
— بايا سىز ئوقۇغان شېئىرنى مەرىپەتپەرۋەر شائىر نەسۇھا داموللام 1920 - يىلى بۇ مازارنى زىيارەت قىلغاندا يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇ كىشى ئالدىرىماي تارىخ سۆزلىدى :
چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قول ئاستىدىكى يەرلەرنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن . ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا (تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 1227 ـ يىلىدىن 1241 ـ يىلىغىچە) شەرق تەرەپتىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە ، جەنۇب تەرەپتىن هازىرقى قاراشەھەرنىڭ غەربىدىكى رايونلار ، غەرب تەرەپتىن تا ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى بۆلۈپ بەرگەن . بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار خېلى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى . مەۋلانە يۇسۇپ سەككاكى ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىدى . ئۇ كىشى 1160 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1229 ـ يىلى 69 يېشىدا ۋاپات بولغان . ئۇ كىشى بىلىملىك ئادەم ئىدى . ئۇ زاتنىڭ «مىفتاھىل ئۇلۇم» دېگەن ئەسىرى مەندە بار . بۇ گەپنىڭ مەنىسى ئىلىملەر ئاچقۇچى دېگەن بولىدۇ . چاغاتاي ئۇ زاتنىڭ بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆز ئوردىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ ئىلمىي مەسلىھەتچى قىلىۋالغان . بۇ ئىش ئوردىدىكى مەنسەپدارلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغان . ئوبۇلغازى باھادىرخان دېگەن ئالىم «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ 5 ـ بابىدا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان : «مولla سەككاكى دېگەن زات خاننىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى . چاغاتاي خاننىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ ئۇ سەككاكىغا دۈشمەن ئىدى . ئۇ بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپ سەككاكىنى خانغا يامان كۆرسىتىپ زىندانغا سولاتتى ، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ شۇ زىنداندا ۋاپات بولدى . » مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ سەككاكىنى تىلغا ئالغان ھەم ئۇنىڭ مازىرى مۇشۇ خونىخاي مازىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن . ئۇ زاتنىڭ دېيىشىچە ، بۇ يەر ئۆز ۋاقتىدا شەھەر ئىكەن ، ئاھالىسى ئۇيغۇرلار ئىكەن . جامال قارشى ناملىق ئالىممىزمۇ سەككاكى ۋاپاتىدىن بىر يىل كېيىن ، يەنى 1230 ـ يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان ، 1315 ـ يىلى ۋاپات بولغان . ئۇ كىشىمۇ تىل ، مەنتىقە ۋە باشقا ئىلىملەردە يېتىلگەن زات ئىدى . بالىلىرىم ،

بۇ ۋادىدا ئاجايىپ - ئاجايىپ ئادەملەر ئۆتكەن . بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇشۇ يەردە ياشاپ ، مۇشۇ يەر ئۈچۈن قان - تەر تۆكۈپ كەلگەن . بۇ يەر بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز . بۇگۈن جاللات شېڭ شىسەي بىزنىڭ ياشاش ھوقۇقىمىزنى تارتىۋالدى ، ئانا يۇرتىمىزنى بىزنىڭ گۆرىمىز قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ . بىز ھەممە ئادەم بۇنى چۈشەندۇق . چۈشەنگەنىكەنمىز ، ئانا يۇرتىمىز ئۈچۈن جاننى ئايىماي ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇشىمىز كېرەك !

سادىروف گەرچە ئۇ كىشىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا نۇرغۇن كۆرگەن ، سۆزلەشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقىدەك ھاياجانلانغىنىنى زادىلا كۆرمىگەن .

— سىلەرنى يايلاقتا دەپ ئاڭلىغانىدۇق .

— يايلاق ئەنە ، ئاۋۇ موڭغۇلكۈرەگە ئاشىدىغان قارلىق داۋاننىڭ ئاستىدا ، بىز دائىم بىللە ئىستىقامەت قىلىپ سىردىشىدىغانلار يايلاققا چىقتۇق . ئەنۋەر مۇسابايوف ، رەخمىجان ، ئېلىخان تۆرە دېگەن بىر زات ، زېرىپ قارىھاجىلارمۇ بار . بېرىپ ئىككى - ئۈچ كۈن ئويناپ كەلمەمسىز ، ئەپەندىم ؟

— مەنمۇ ئەتە تاغقا چىقىمەن . مۇنۇ ئىككى ئوقۇغۇچى بىلەن ، — دېدى سادىروف ، — كەلگۈسىدە يەنە ھەمسۆھبەت بولارمىز . سىزدىن جىق بىلىم ئۆگەندۇق ، رەھمەت ، خەلپىتىم !

ئۇ خەلپىتىم دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تەكىتلىدى ، خەلپىتىمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ يورغىسىغا مىندۈردى . ئۇ كىشى بىللە كەلگەن ئادەملىرى بىلەن يۇقىرىلاپ يۈرۈپ كەتتى . سادىروف خۇددى مەڭگۈلۈك خوشلاشقاندەك ، دەسسەپ تۇرغان گۈزەل تۇپراقنى ئىككىنچى قېتىم كۆرەلمەيدىغاندەك ئېغىر ئۇھ تارتىپ بېشىنى چايقىدى .

يېرىم كېچە ، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ ، ئۇلار سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ، لېكىن ساڭا خائىنلىق قىلمايدۇ . ئۇلارنىڭ يېرىم كېچىدە تارانچى ئۆيىنىڭ چاقسىسىنى ئاستا ئېچىپ ، مەھەللىنىڭ

غەربىگە — تاشلىق سايغا چۈشىدىغان يولنىڭ بېشىغا ئالدىراپ - ھودۇقۇپ چىققىنىنى يۇلتۇزلاردىن باشقا ھېچكىم سەزمىدى. سىپتىۋالدى بىلەن مۇھەممەت يولداش بەللىرىگە ماتا پوتىلارنى باغلاپ نان تۇگۈۋالغان. سادىروفنىڭ كىچىككىنە بوپىسىدا كېيىملىرى بىلەن تۆت - بەش تال كىتابىلا بار. مانا ئۇلار ساي بىلەن شىبغىللىق چىغىر يولدا كۆنپېتىشقا قاراپ ئالدىراپ مېڭىشماقتا. قاراۋۇلخانا كۆرۈندى، بۇگۈن ئەسكەرلەر چېگرا تەكشۈرۈشكە چىقمايدىغان كۈن. كېچە سائەت بىردىن ئۆتكەندە بۇ چېگرىنى كىممۇ تەكشۈرەتتى؟! بۇ قانداق دۆلەت چېگراسى، ئوخشاشلا تاشلىق ساي، ھەممىلا نېمىسى ئوخشاش. نە سىم توسۇق، نە بىرەر چېگرا بەلگىسى يوق، دۆلەت چېگراسى دېگەندە، ھېچبولمىغاندا ئۇرۇمچىدىكى 1 - تۈرمىدىكىدەك سىم توسۇق بولمامدۇ؟...

— ئۆتتۇق! — دېدى بىر چاغدا سىپتىۋالدى خۇشال بولۇپ، — ئەمدى شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى يوق.

ئۇلار يەنە ئىككى سائەتتەك پىيادە ماڭدى. ئاخىر بىر سۇ بويىدا دەم ئېلىشقا ئولتۇردى. كۈنچىقىشتا تاڭ بەلگىسى — سۇبھى كۆتۈرۈلدى.

— بىز ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا، — دېدى كۇلۇپىلا تۇرىدىغان ئاق سېرىق ئۇن سەككىز ياشلىق ئەمدىلا كىرگەن ئوقۇغۇچى مۇھەممەت يولداش خۇشال بولۇپ، — ئەپەندىم، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەمدى گىمنازىيىگە كىرگىلى بولارمۇ؟ بولار - ھە سوتسىيالىزم بولغاندىكىن ...

— قاچقۇنغا نەنىڭ مەكتىپى، نەنىڭ سوتسىيالىزمى! — دېدى سىپتىۋالدى سۇبھى كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەرەپكە، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىغا تويماستىن قاراپ، — مەن ئەسكەر بولىمەن، سوۋېت ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىنىشكە بارىمەن. گىتلېر دېگەن شىڭ دۇبەنىنىڭ ئاكىسى، مەن ئۇنىڭدىن ساۋاقداشلىرىم ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن!

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى .
— نېمىگە يىغلايسەن ، سىېتە ؟ فاشىزىم قىلىچىدىن قۇتۇلدۇڭ ، ھۆر ماكانغا ئاياغ باستىڭ ، يەنە نېمە يىغا ؟
— ھۆر ماكان ؟ ئۆز يۇرتۇڭدىن باشقا يەر ھۆر ماكان ئەمەس .
— يۇرتۇڭدا ھۆرلۈك بارما ؟ ھۆرلۈك بولسا نۇرىلار ئىككى يىلدىن بېرى تاغنىڭ كامارلىرىدا مۆكۈپ يۈرەتتىمۇ ؟
— مەن سىياسەتنى دەۋاتمايمەن ، رېئال تۇرمۇشنى دەۋاتىمەن .
— بىر قىزغا ئاشىقمىدىڭ يە ؟
— سەن ئۇ ، ھە دېسىلا قىزلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان .
— تۇرۇڭلار ، چاقىرىلمىغان مېھمانلار !
تۇيۇقسىزلا چاتقال ئارىسىدىن ئىككى ئەسكەر چىقتى . ئۇلار قورال تەڭلىمەي ، كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى :
— تۇرۇڭدار قوناقدارىم !
— قېنى چاققان !
سادىروف ئەمدىلا مۇگدىگەندى . ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى ئەسكەر بىلەن رۇسچە سالاملاشتى .
ئەسكەرلەر ئۇلارنى بۇك ئورمان ئىچىدىكى ئاپئاق ھاكلانغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە باشلاپ باردى .
تاتارچە سۆزلەيدىغان ، چاسىنچە كىيىنگەن سېرىق چاچ ، يوغان بۇرۇن ئادەم ئۇلارنى سوراق قىلدى :
— ئېتىڭىز نېمە ؟
— ئېتىم ساتتا ، دادامنىڭ ئېتى سادىر .
— سادىروف ، گىمنازىيىنىڭ مۇئەللىمى . قىزىكا ـ ماتېماتىكا بېرىسىزغۇ دەيمەن .
— شۇنداق ! — دېدى سادىروف چۆچۈپ ھەيران بولۇپ ، — نەدىن بىلىسىز ، ناچالنىك ؟
— 1935 ـ يىلى قەشقەردە ئىمتىھان بېرىپ ساگوغا ئوقۇشقا بارغان . 1937 ـ يىلى تاشكەنتتىن ئۇرۇمچىگە قايتقان . شۇ يىلى

غوجانىيازنى قولغا ئالغاندىن كېيىن سىزنى غۇلجىغا سۈرگۈن قىلغان . يادىڭىزدىدۇر ، سىز قەشقەردە ئىمتىھان بەرگەندە ، مامۇت سىجاڭ ھوقۇق ، ھاكىمىيەت دېگەن مانا مۇشۇ دەپ تاپانچىسىنى كۆرسەتكەن . سىز بۇ گەپنى نۇرغۇن قېتىم تەكرارلىغان ، راستمۇ ؟

— راست ، لېكىن ...

— توختاڭ ، سىز ھازىر شېڭ شىسەينىڭ تىزىملىكىدە بار ، تۇتۇلۇش ئالدىدا قېچىپ كەلدىڭىز . سىز 1939 - يىلى غۇلجا گىمنازىيىسىگە كەلگەندىن بېرى كىملەر بىلەن ، قەيەردە ئۇچراشتىڭىز ، ھەممىسى خاتىرىگە ئېلىنغان . خوش ، سىنىڭ ئېتىڭ نېمە ؟

— مۇھەممەت يولداش .

— ھى - ھى - ھى ... داداڭ بىچارە سېنى ئۆيلەيمەن دەۋاتسا قېچىپ كەلگىنىڭ نېمىسى ؟

— مەن ئوقۇيمەن ، ئۆيلەنمەيمەن . ئوقۇغىلى كەلدىم .

ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

ئۇلارنى بولكا ، سىرنىقماي ، ھەسەللەر بىلەن مېھمان قىلدى . ئۇلار شۇ يەردە قونۇپ قالدى .

ئەتىگەنلىكى ھېلىقى ئادەم :

— سادىروف ، يۈرۈڭ ! — دېدى . سادىروف ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى . سىتىۋالدى بىلەن مۇھەممەت يولداشنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋىدى ، ھېلىقى ئادەم :

— سىلەر مەشەدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار ! — دېدى .

سادىروفنى ماشىنىغا سالدى . ماشىنىدا سىرتتىكى ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭغا ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى . ئۇ قاياققا ، قانچىلىك ماڭغىنىنىمۇ بىلمىدى .

ئاخىر ئۇ قېلىن ئورمانلىق ئىچىدىكى چىرايلىق ياسالغان ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتى .

— ئالماتىنىسكى غول ، — دېدى ھېلىقى ئادەم شۇ چاغدىلا گەپ قىلىپ ، — سامىلار كوم ، 2 - دوم ، سوۋېتىسكى نارودنى

كومىسسارىيات !

سادىروۋ ۋەھىمە بىلەن :

— مەن ھازىر ئالمۇتىدىمۇ ؟ — دەپ سورىۋىدى ، ھېلىقى ئادەم جاۋاب بەرمەي ئۇنى بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى . بىر قازاق يىگىت ئۇنىڭغا :

— تاماق ، ياتاق ، ۋالىبول ، بىلىيارت بىكار ، ياتاسىن ، ئوقىيسىن ! — دېدى .

كۆتۈلمىگەندە ئۇ غۇلجىدا خوشلاشقان خەممىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

— بۇ نېمە گەپ ؟

— بىز يەتتە ئادەم . ئاكام پاتىخ ، بايچۇرىن ، مەن ، بىز ئۇچ تاتار ، قۇربان بۇرھانىدىنوف ، ئۇرۇمچى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى . نۇر ئوبۇلوف ، ھوشۇر مامىتوف ، ئوسمان ئىبراھىموفلارمۇ بار . ئۇلار غۇلجىدىكى ئۇچقۇچىلار مەكتىپىنىڭ سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى كۆتىدىغان ئىشچىلىرى . سەككىزىنچىسى سەن ، ئالىي مەلۇماتلىق ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى يادقا بىلىدىغىنىمۇ سەن ! سەن پاتىخ ئاكام بىلەن بىر ياتاقتا تۇرىدىكەنسەن .

سادىروفنىڭ يېڭى بىر ھاياتى باشلاندى . ئۇ كەلگۈسىدە نېمىلەرنى قىلاركىن ؟

ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ھەمراھلىرى مۇھەممەت يولداش بىلەن سېتىۋالدىنى ئويلاپ يۈردى . ئۇلارنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكەلمىدى ؟ ئەسلىدە ئۇلار ئوقۇشقا تولىمۇ ئىنتىزار ئىدىغۇ ؟ ...

## 27

بۈگۈن يەنە ئەللىك ئات پەيدا بولدى . قايسى كۈنلا غېنى ، ئەكبەرلەر ئوتتۇز تۇياق بىيە ، ئىككى ئايغىر ھەيدەپ كېلىپ نۇرىلارنى ئات باققىلى سالغانىدى . نۇرى بىر كېچىنى ئات ئۇستىدە

مۆگدەپ ئۆتكۈزدى . سىم ــ سىم يامغۇر ئۇنىڭ جان ــ جىنىدىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ ، غېنى ئاكىسىنىڭ : «ئاتتىن چۈشمە ، بۇ ئاتلارنى كۆنەستىن ئوغرىلاپ كەلدۇق . ئات دېگەن يۇرتىنى كىنەيدۇ ، قېچىپ كەتسە ئاناڭنى كۆرىسەن !» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ، شىمالنى توراپ بىر كىچە جىسەكچىلىك قىلىپ چىقتى . ئۇ قىيىن ئىشقا يولۇقسىلا : «بۇنىڭدىنمۇ قىيىن ئىش قىلىشقانلار بارغۇ ، ھازىر ھەممە يەردە سوقۇش بولۇۋاتىدۇ . جەڭچىلەر سوتكىسىغا بىر ــ ئىككى سائەتلا ئۇخلىيالىسا چوڭ گەپ ... تېخى سوتكىلاپ سۇدا ياتىدىغانلارمۇ بولىدىكەن ... » دەپ ئويلايدىغان ، شۇنىڭ بىلەن تەسەللى تاپىدىغان بولۇۋالدى .

— بۇ ئاتلارمۇ كۆنەسىنىڭمۇ ؟

— ياق ، توققۇزتارانىڭ !

— قاچامدۇ بۇلارمۇ ؟

— سېنى دوراپ قالغان ئاتلاركەن ، قاچقاق ! ئۇخلىماي بېقىڭلار ! — دېدى ئۇ سۇ بويىدىكى كىگىز ئۆيگە كىتىۋېتىپ ، — ئۇچىڭلار ئۈچ چوققىدا كۆزىتىڭلار . ئىزچىلار ئىز قوغلاپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن !

مانا قاراڭغۇ چۈشتى . يىراقتىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ، بورسۇقلارنىڭ چۇقانلىرى ئاڭلانماقتا ، ئايغىر غەزەپ بىلەن چىڭقىلىپ كىشنىمەكتە . ئۇ بىر ئۆيۈر يىلقىنى توققۇز تارانىڭ تاغلىرىغا قېچىشقا چاقىرىۋاتامدىكىن ؟ مانا مىلتىق ئېتىلىۋىدى ، غول ــ غوللاردىن ئەكس سادا يېنىپ تاغنى ۋەھىمە قاپلىدى .

ئۇ كونا پەرىجىگە ئورۇلۇپ ، بېشىدىكى قىرغىز قالپىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋېلىپ ، تېقىمىغا چىڭ قىستۇرۇۋالغان قوش ئاۋۇز (ئېغىز) ئوۋ مىلتىقىنى تۇتۇپ قويدى ــ دە : «... ھەممە يەردە سوقۇش ، ئامېرىكا قىتئەسى جىم ، لېكىن ئۇ يەرنىڭ يىگىتلىرى ئامېرىكىلىقلار ، كانادالىقلار ھازىر ئافرىقىدا ، تىنچ ئوكيان ئارالىلىرىدا ماڭا ئوخشاش پوستتا ياكى ھۇجۇمدا . ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان ، قانغا مىلىنىپ ياتقان ، جان ئۈزۈش ئالدىدا سۆيگەن

قىزىنىڭ… »

قىز خىيالغا كېلىۋىدى ، ئۇ سەبىخەنى يادىغا ئالدى . مانا سەبىخە ئوغۇلچە كىيىنگەن ، ناسكالرەڭ كىيىم ، شەپكە ئۇنىڭغا ياراشقان .

— مەن ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە تەرجىمانلىق قىلغاندا تارقىتىپ بەرگەن ھەربىيچە كىيىم ! — دېگەنىدى ئۇ بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇلاستايىنىڭ ھېلىقى ئايىۋۆلى ساي دېگەن چىرايلىق غولىدا ئۇچراشقاندا ئۆزىگە تىكىلىپ قارىغان نۇرىغا ئىزاھات بېرىپ ، — مەنمۇ پارتىزان !

سەن كىمگە پارتىزان ؟ بىزدەكلەرنى تۇتۇپ بېرىدىغان پارتىزانمۇ ؟ سەن چىيۇ سىلىڭنىڭ ئوغلىغا بەدىنىڭ بىلەن يارىدىڭمۇ ، روھىڭ بىلەنمۇ ؟ باللار سەندە تاپانچا باركەن دېيىشىدۇ ، قازاق خوتۇن ھىمايە قىلىپ ساقلاپ قالمىغان بولسا ئۇلار سېنىڭ بۇ تاغقا نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىڭنى بىلىپ بولاتتى . ئامىتىڭ كېلىپ ئاخىر مەن بىلەن كۆرۈشتۈڭ . مۇرەمگە بېشىڭنى قويۇپ ئۇزاق يىغلىدىڭ ، لېكىن بۇ يىغاڭ ھېلىقى چاغدا چانا بىلەن قاسىم مىراپنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ئەتىسى ئايرىلغاندىكى يىمغاڭغا زادىلا ئوخشىمىدى . ئۇ چاغدا مەنمۇ ساڭا قوشۇلۇپ يىغلىغان ، لېكىن كۆز يېشىمنى ساڭا كۆرسەتمىگەنىدىم . ھازىرقى يىغاڭ مېنى يىرگەندۈردى ، بۇ نېمە ئۈچۈن ؟

پەرىخەدىكى ساپلىق ، چىن ھېسسىيات مەندە يوق . لېكىن ، پەرىخەنىڭ ماڭا ھەدىسىگە ئوخشاشلا بېرىلگەنلىكىنى سېزىپ قىزلارنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى ھۆرمەتلەپ باغرىمغا باستىم ، ئۇ سۆيگۇ ئىستىكى بىلەن مەست بولۇپ لەۋلىرىنى ئېڭەكلىرىمگە تەگكۈزگەندە ، بۇ لەۋلەرگە لەۋلىرىمنى تەگكۈزەلمىدىم ، چۈنكى ئۇ لەۋلەردىن سېنى كۆردۈم . سەن مېنىڭ قەلبىمدە مۇھەببەت ئىستىكىمگە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ ھەدىيە قىلغان ئوخشايسەن . لېكىن ، مەن رېئالىست ، خىيال مېنىڭ ھەرىكىتىم ئەمەس . ھەرىكىتىم ئەقلىمنىڭ ئىپادىسى . مانا مېڭەمگە يەنە سەن كىرىۋالدىڭ ، مەن

سېنى قاچانمۇ ئۇنتۇپ كېتەرمەن؟! سەن قاچانغىچە مېنىڭ روھىمغا ئارىلىشىپ شېرىن خىياللىرىمغا دەخلى قىلارسەن؟! بىلەمسەن، مەن ھازىر ئۆيۈمنى كۆرمىگىلى ئىككى يىل بولغان سەرگەردان. يازدا تەبىئەتنىڭ قوينى راھەت، شار ـ شار يامغۇردا قارىغاي ئاستىدا يىلتىزغا باش قويۇپ، توقۇمنى ئاستىمغا سېلىپ ئۇخلىسام لەززەتلىنىمەن. لېكىن، قىش كۈنلىرى تەر، ماي پۇراپ تۇرىدىغان، پەنجىرىسىز، كىچىككىنە ئۆيدە ئون نەچچە كىشى پىتلار بىلەن جەڭ قىلىپ ياتماق قانچىلىك ئازاب؟ ئايلاپ مۇنچا ياكى بىر چېلەك ئىلمان سۇ كۆرمەيمەن، ئات گۆشى بىلەن قېزا ماڭا ئۆيۈمنىڭ قاتتىق نانلىرى بىلەن چامغۇر، پۇرچاق سېلىپ ئەتكەن سۇيۇقئاشلىرىنى تۇتىيا قىلىۋەتتى. ئۇچ ۋاخ گۆش يەيدىغان بۆرە ئەمەستە بىز. غېنىكامنىڭ ئاچچىقى كەلگەندىكى تىللاشلىرى جېنىمغا پاتىدۇ ـ دە، كەتمەكچى بولىمەن. نەگە؟ شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگىمۇ؟ تۈرمە بىلەن سەرگەردانلىقنىڭ پەرقى بىرلا: قەلبىمدە ئۈمىد ئۇچقۇنى بار، بۇ ئۈمىد سەبىخە سەن ئەمەس. بۇ قىساس ئېلىش پۇرستى. خەلقىمگە: «مانا مۇنداق ئادىل ھۆكۈمەت، كۆكۈللۈك تۇرمۇشمۇ بار!» دېگەن گەپنى ئۇنلۇك قىلىپ دەۋېلىش. خەلقىم شۇنىڭغا تەشنا. خەلق تەشنالىقىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان نەچچە مىڭ ئوغلانى بار بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى پارلاق. مەن شۇ پارلاق كېلەچەك ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن. لېكىن، بۇ كېلەچەك سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ھەي سەبىخە، خىيال دۇنيايىمدىن غايىب بولغىنا، خۇددى مەن ئانامنىڭ، ئىنىمنىڭ قەبرىسى بار يېزامدىن غايىب بولغاندەك ... مانا يامغۇر ياغدى، كېيىنەك تون نەدىسەن؟ قىل تاغاردىن قىلىنغان بۇ تون — بىر بۇرجەكى بېشىمنى، تۆۋىنى بەدىنىمنى يېپىپ مېنى يامغۇر ھۇجۇمىدىن ساقلايدۇ. مەن قولۇمدىكى سويلامنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ مۇشۇ يايلاقنىڭ ئون يىللىق يىلقىچىسىدەك: «ھايت ـ ھۇيت» دەپ ۋارقىراپ، نېرىقى چوققىدىكى بۆرىۋاي بىلەن توختىغا بەلگە بېرىپ قويىمەن. ئۇلارمۇ جاۋابەن ۋارقىراپ:

«بىز ئۇخلىمىدۇق ، سەگەك !» دېيىشىدۇ . ھەي سەبىخە ، بۇ خىل تۇرمۇش كەلگۈسىدە ئەسلەشكە ، ئەۋلادلار قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر خىل رومانتىك تۇرمۇش . سەن مېنىڭ بۇ تۇرمۇشۇمغا ئارىلىشىۋالمىساڭ بولاتتى .

ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا قانچىلىك چوڭ پەرق بار - ھە ؟ سەن ماڭا نىسبەتەن دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئەتىۋارلىقى ، مەن سېنىڭ يۆلەنچۈكىڭنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى . بۇنداق دېسەم سەن : مېنى چۈشەنمەمسەن ، مەنمۇ قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئەتىۋارلىنىۋاتىمەن ، دېيىشىڭ مۇمكىن . گۇناھكار ئىنسانغا ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن دائىم سۆز تېپىلىدۇ . «گۇناھكار» دېسەم : «مېنى تېخىمۇ چۈشەنمىدىڭ» دېيىشىڭ مۇمكىن . ئىلاجسىزلىقىڭنى چۈشىنىمەن ، تاللىۋالغان يولۇڭنىڭ ئارزۇيۇڭغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىمۇ چۈشىنىشلىك ، سەن پەيت تېپىپ ئىنتىقام ئالماقچى . لېكىن ، شارائىت ئىنساننى ئۆزگەرتىدۇ . بولۇپمۇ قىزلارنى . سەن بەلكى ئويلىمىغان پاراغەت بىلەن ئۇچراشقانسەن ، بەلكى يەنە پاراغەت توغرىسىدا ئارزۇلىرىڭ باردۇ ؟ ... بىزنىڭ پەرقىمىز مۇشۇ يەردە . مەن سەھەر تۇرۇپ مۇزدەك تاغ سۈيىدە يۇيۇنىمەن . تاغ قاپتىلىدىن ھەر كۈنى چوققىلارغا يۈگۈرۈپ چىقىمەن . شېغىللىق سايدىن چاتقال - تىكەنلەر ئارىسىدا ھەر كۈنى بەش يۈز مېتىر يەرگە يەر بېغىرلاپ يىلانچىلاپ ماڭىمەن . ئاساۋ ئاتلارنى كۆندۈرىمەن ، مىلتىق ئېتىپ مەرگەنلىكىمنى يېتىلدۈرىمەن . ھازىر مانا چېلىشتا ، قارامىلىقتا ، مەرگەنلىكتە غېنىكام بىلەن تەڭلىشىپ قالدىم . شۇڭا ، ئۇ ئادەم مېنى پات - پاتلا تىللايدۇ .

مەن بەلكى ئۆلۈمگە تەييارلىنىۋاتقاندىمەن ، مېنىڭ قەلبىمدە ھالاۋەت كۆرۈش ئىستىكى يوق ، دۇنيادىكى ئىنسان بالىسىغا كېلىدىغان ئەڭ ئېغىر جەبىر - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ باقسام دەيمەن . سەن نېمە ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىۋالغىنىمنى چۈشىنەلمەيسەن . سەبىخە ، ھازىر مېنىڭ تازا ناخشا ئېيتىدىغان ، قاقاقلاپ كۈلىدىغان چاغلىرىم ، لېكىن مەن كۈلكىنى ئۇنتۇغان ،

ناخشىغا بولغان ھەۋەسىم قورام تاش ئاستىدىكى گىياھقا ئوخشاپ قالدى . ياشلىق ھاياتىم نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟ ھايات باھارىدىن . لېكىن ، بۇ باھار مۇز بىلەن قاپلانغان . بەزىدە بىرىگە ئەركىلىگۈم كېلىدۇ ، لېكىن مېنى ئانا تۇپراق ، ئۇلۇغ تەبىئەتتىن باشقا ھېچكىم ئەركىلەتمەيدۇ . مەن بۇ بەھەيۋەت تاغنىڭ قارىغايلىرى بىلەن تىك چوققىلىرىغا ئەركىلەيمەن . سەبىخە ، سېنى ئەيىبلەيمەنۇ ، لېكىن يەنە يۈرەكتىكى ئىزھار قىلىنىشقا تەقەززا ھېسلىرىمنى ساڭا دەيمەن . بۇنداق دېسەم مېنى سۆيىدىكەن ، چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدىكەن دەپ ئويلاپ قالما ، سۆيگۈ سەن ئۇچۇن تولىمۇ يات ، قورقۇنچلۇق چۈشتەك بىرنېمە . بالىلىق چاغلاردىكى مۇھەببەتنىڭ يۈرەككە سالغان ئازابلىرىلا قەدىرلىك ، گويا ئۇ سېنىڭ ھايات لەززىتىڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ...

مانا ھاۋا گۈلدۈرلىمەكتە ، پۈتۈن تاغلار تىترىمەكتە ، يېقىنلا يەرگە چېقىلغان چۈشتى . ئاسىيالىق يىلقىچىغا دەھشەت تۇيۇلغان بۇ ھادىسە ياۋروپا جەڭ مەيدانى ئۇچۇن بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشتۇر . سەبىخە ، سەن شۇ تۇرقىدا بەلكىم يۇمشاق كارىۋاتتا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقانسەن ـ ھە ، ئەمما سىڭلىڭ پەرىخە چىرايلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تاغ گۈلدۈرمامىسى بىلەن بىزدەك تاغلىقلارغا كېلىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلاۋاتىدۇ ...

... يېنىدىلا — چوڭقۇر سايدا چاقماق چېقىپ قاراس ـ قۇرۇس ، يالت ـ يۇلت قىلىۋىدى ، نۇرىنىڭ ئېتى تۇيۇقسىز ئۈركۈدى .

— ئۇخلىما ، جالاپ خوتۇننىڭ بالىلىرى ، ئات دېگەن مۇشۇنداق چاغدا ئۈركۈپ قاچىدۇ !

غېنى ئاكىسى تاغدىن تاش غۇلىغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ بالىلارنى تىللىدى ـ دە ، ئېتىنى يورۇتۇپ نۇرىنىڭ يېنىغا كەلدى :

— ئۇخلىمىغانسەن ؟

— ياق ، ئاكا !

— مە ، مۇنۇ پاقلان گۆشىنى يېۋال ، ھازىرلا ئاتلارنى ھەيدەپ

مىڭمارال بىلەن بورتالاغا ئاشمىز ، ئەتىگەن كۈن قىزىلدىن بۇرۇن گۆرسايدىن چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ !

— ۋاي - ۋۇي ، بۇ يول بەك يىراق ، غېنىكا !

— بويتاق داداڭنىڭ ئۆيى يېقىن ، كەت چىدىمىساڭ !

— سەن چىدىغانغا چىدايمەن . سىنىڭ پېشىڭنى قويۇپ بەرمەيمەن ، ئاكا !

— يارايسەن ، نۇرى ، ئاتلارنى سايغا ھەيدەڭلار ئەمىسە !

ھايت - ھۇيت ، قىيقاس - چۇقان بىلەن سەكسەن تۇياق شاش ئاتنى تاغ ئۈستىدىكى ياپيېشىل ، ئىپار ھىدلىق چۆپلەردىن ئايرىپ سايغا ھەيدىمەك تولىمۇ تەس . ئاتلار ئۇياقتىن - بۇياققا قاچىدۇ ، قۇيرۇقلىرىنى شىڭگىتىپ بۇ رەھىمسىز ئادەملەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرىدۇ ، كىشنىشىپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ . لېكىن ، ئادەملەردە مېھىر - شەپقەت بولغىنى بىلەن ، ئۇنى كەم ئىشلىتىدۇ - دە ، نەلەردىن ھەيدىلىپ - ئوغرىلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئاتلارنى ئايىغى تەگمىگەن يات - ياقىلارغا مەجبۇرىي ھەيدەپ ئاپىرالايدۇ . مانا ئاتلار سايغا چۈشتى ، ئۇلار بىردەمدىلا بۇيرۇققا كۆنگەن ئەسكەرلەرگە ئوخشاپ قالدى . سايدىن - سايغا ، بۇ غولدىن - ئۇ غولغا قاترىشىپ ئۆتۈشۈپ ئاخىر مانا كەڭ ، ئوتتۇرىسىدىن تاغ سۈيى ئېقىپ چۈشىدىغان ، ئىككى چېتى تىك چوققىلار تىزمىسى بولۇپ كۆرۈنىدىغان گۆرساي ئېغىزىغا كەلدى . ئۇلار قانچىلىك يول ماڭغىنىنى بىلمەيدۇ ، نۇرى ئىككى قېتىم مىنىشلىك ئات ئالماشتۇردى . مانا ھازىر ئاستىدىكى سار ئاتمۇ تاپتاڭشىپ قالدى . ئۇ بۆرىۋاي بىلەن قوغلاپ يۈرۈپ قارا ئايغىرغا سالماق سىلىۋالدى ، ئايغىر ئۆرىدەپ قاتتىق تىركەشتى . كانىيىغا چۈشكەن سىرتماق ئاخىر ئۇنى ھالسىراتتى . جۇنۇسباي چال ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇشىغىلا نۇرى ئايغىرغا يۈگەن سېلىپ بولدى . باشقا ئاتچىلار ئېگەرلەپ ئۇلاڭلىرىنىمۇ بېكىتتى . نۇرى «بىسمىللا» دەپ ئاتقا سەكرەپ مىندى ، ئات بىر ئۆرىدىدى ۋە يېشىل چىمەنلىك ئۆرىگە قاراپ چېپىپ كەتتى . نۇرى ئېغىزدۇرۇق سېلىنغان يۈگەننىڭ

چۇلۋۇرىنى چىڭ تارتىپ، ئۆتۈك كىيگەن ئاياغلىرى بىلەن ئۈزەڭگىگە چىڭ دەسسەپ، ئات ئۈستىدە مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇراتتى. غېنى ئاكىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— يامان نېمە، ئايغىرنى تۇغدۇرۇۋېتىدۇ! — دېدى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار گۆرسايىنىڭ ئېغىزىدا ئاتلارنى ئوتلىتىپ، ئۆزلىرىمۇ كۆمبە نان، پىششىق گۆش ۋە تاغ سۈيى بىلەن غىزالىنىۋېلىپ، چۈشتىن كېيىن ئاتلارنى يەنە ھەيدىدى. غېنى ئاكىسى ئۇزۇق - تۈلۈك ئارتىلغان ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى غانجۇغىسىغا باغلىۋالغان جۇنۇس چال بىلەن ئالدىرىماي ماڭاتتى. قالغان ئالتە نەپەر ياش يىلقىچى توختىماي ئات دېۋىتىپ، قوللىرىدىكى ئۇزۇن سويلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئاتلارنى ھەيدەيتتى. ئاتلار يات - ياقا يۇرتقا جاھىللىق قىلىپ تەستە ماڭاتتى. بەزىلىرى ھەتتا كەينىگە يېنىپ قاچاتتى. كۈنەسىنىڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدىغان، ئوتلىرى ئات قارنىغا كېلىدىغان چەكسىز يايلىقىدا، توققۇزتارانىڭ بۈك قارىغايلىق تاغلىرىنىڭ شېرىن چۆپلۈك قاپتاللىرىدا ئەركىن ئوتلاپ، قىيغىتىپ يايلىغان بۇ ئاتلار ئۆز ئانا يۇرتلىرىدىن تولىمۇ يىراقلاپ، نېمە ئۈچۈن مۇنۇ غول بىلەن شىمالغا ئۆرلەپ تاغ ئېشىپ يات يەرلەرگە بارغۇدەك؟ ئۇلارنى يەنە قانداق تەقدىر كۈتۈۋاتىدۇ؟ ئۇلار سېتىلىدۇ، بەلكىم سويۇلۇپ، مۇنۇ يالتىراپ تۇرىدىغان تېرىلىرى قۇرۇتۇلۇپ ئىنسانلارنىڭ ئاياغ كىيىمىگە ئايلىنىپ چەيلىنەر، بەلكىم ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ماۋۇ چىرايلىق يايلى - قۇيرۇقلىرى بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلىشار، ئۇلارنىڭ قىزىل قېنى يات يەرلەردە يەرگە سىڭەر... ئۇلار بۇ تەقدىردىن قېچىشقىمۇ ھوقۇقسىز. ئۇلارنىڭ بۇ تەرىپى نۇرىلارغا ئوخشايدۇ.

— قانچە مىلتىق كېلىدۇ غېنى ئاكا بۇ ئاتلارغا؟

تۇرسۇن ئىسمىلىك كۆسەيدەك قارا يىگىت سورىدى.

— ئىشقىلىپ، ساڭا بىر تال مىلتىق، يۈز تال ئوق تېگىدۇ. قارىۋاي، ئېيتقىنا، نەچچە دۈشمەننىڭ جېنىنى قەستلىدىڭ؟

— غايىب ئوق تېگىپ كەتمىسىلا يۈزنىڭ جىنى ئالىقىنىمدا ، ئاكا . قاچان بولىدۇ بۇ جەڭ ؟

— نۇرىدىن سورا ، ئاشۇ بىلىدۇ . ھەي نۇرى ، ئېيتقىنا ، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى بۇ يەرگە قاچان كېلىدۇ ؟

— بىزنىڭ گېنېراللىرىمىزدىن سورا !

— ھەي نۇرى ، ئېيتقىنا ، ستالىن دېگەنگە ئوق ئۆتمەيدۇ دەيدۇ ، راستمۇ ؟

— سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئوق ئۆتمەيدۇ دېگەن سۆز بۇ !

— مۇنداق دېگىنە . ھە راست پاتىخ ، رەپىق بايچۇرىن ، خەمىستىلەر ئالمۇتىدىكەن . ئۇلار كەلسىلا سوقۇش باشلىنىدۇ ، راستمۇ ، غېنى ئاكا ؟

— راست دەيسەن . بۇدا ئىككى يۈز مىلتىق ئېلىۋالساق ، ئۇلار كېلىشىگىلا ئۇلاستايدىكى ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم باشلايمىز . بىز ھازىر ئەللىك ئاتلىققا يېتەي دېدۇق . ئۇلاستاينى ئالساق ئەسكىرىمىز يۈز بولىدۇ .

— شىڭ شىسەيگە غۇلجىدىكى باندىتلارنى تازىلاپ بولدۇق ، قالدى ـ قاتتىلىرى چەتكە قېچىپ تۈگىدى دەپ دوكلات قىپتىكەن ، شىڭ شىسەي ليۇبىڭدېنى مۇكاپاتلاپتۇ . ئۇنىڭ ئىلقا تاغلىرىدا ئەللىك نەچچە ئەسكىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ ـ دە ئۇ !

— ئەكبەر باتۇر قايدا ئەزىر ؟

— سايرام كۆلى بويىدا ، بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ !

بىردىنلا مىڭمارال چوققىسىدا قارا بۇلۇت پەيدا بولدى . ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، قاراسلاپ چاقماق چېقىپ شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىندى . ئاتلار يۇقىرىغا قاراپ يورۇتۇپ ماڭماقتا ، ئاتچىلار كېپىنەك تونلىرىنى كىيىشىپ ، تېپىلغاق ، قورام تاشلىق غول ئىچىدە يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە . مانا يامغۇر بىردىنلا قارغا ئايلاندى . 7 ـ ئايدىمۇ قار ياغىدىغان ئىش مۇشۇ گۆر سايدىلا بار . شۇڭا ، بۇ يەرنى «گۆر» دەيدۇ ـ دە . بۇ يەرنىڭ جۇدۇنلىرىدا ، قار كۆچلىرىدە تولىمۇ جىق مال ، ئادەملەر يورۇق دۇنيا بىلەن

خــوشلاشقان . شۇڭا ، بۇ يەر «گۆر»دە . قار بىردىنلا لەپىلدەپ يېغىپ ئەتراپ زىمىستانغا ئايلاندى . ئاتلار قار بىلەن زىنىنەتلەندى ، جانىۋارلار باشلىرىنى تۆۋەن قىلىشىپ ئۆرلىمەكتە ، ئۇلار غولدىن چىقىشقا ئادەملەردىنمۇ بەكرەك ئالدىرايدىغان ئوخشايدۇ ...

نۇرى خۇشال بولدى . ئۇ تەبىئەتنىڭ ھەممە ھۆججۆملىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايتتى ، مانا قار ، بىردەمدىلا ئوشۇقتىن ئاشتى ، يول يۇرمەك قىيىنلاشتى .

— ئاتلارنىڭ ئالدىنى توراپ ، ئاۋۇ قارىغايلىق ئاستىدا دەم ئالدۇرايلى ، — دېدى جۇنۇسباي .

— قايرىڭلار ! — غېنى تاغدىن تاش غۇلىغاندەك ۋارقىرىدى . يىلقىچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يىلقىلارنى قايرىشقا مېڭىشتى .

بىردەمدىن كېيىن ئاتلارنى قارىغايلىق ئاستىغا توپلىۋالدى . ئاتلار بىر - بىرىنى پۇرىشىپ ، سۇ بويىدا جىم تۇرۇۋشتى ، ئادەملەر ئــاتــلىرىدىن چۈشۈپ ، قۇرۇق شاخلارنى تېپىپ كېلىپ گۇلخان يېقىشتى ، ئۇچ پۇتلۇق ئوچاقلىرىغا قازان ئېسىپ سۇ قاينىتىشتى . غــېــنى بىردىنلا تولىمۇ يىراقتىكى بىر كېيىكنى قارىغا قالدى . كــېــيىك بىچارە غېمىدە يوق شىڭتىيىپ جىم تۇراتتى . مىلتىق «ۋاڭ !» قىلدى ، كېيىك يوقالدى .

— مېڭىڭلار ، ئەكېلىڭلار !

— تەگمىدى ، غېنى ئاكا !

— تېز ماڭ ، هارام بولىدۇ بىكار ، غېنىكاڭ بىر تال ئوقنىمۇ هاۋاغا ئاتقان ئەمەس !

ئىككى ئاتلىق بىردەمدىن كېيىن راست دېگەندەك يوغان بىر كېيىكنى ئۆڭتۈرۈپ كېلىشتى . ئۇلار قارىغاي ئاستىدا كېيىكنى ســويۇپ ، قۇرغاق ، مايسىز كېيىك گۆشى بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ ، يەردىن بۆرتۈپ چىققان قارىغاي يىلتىزلىرىغا باشلىرىنى قويۇپ يېتىپ قېلىشتى .

مانا تۇرسۇننىڭ بېشى نۇرىنىڭ يانپىشىدا ، قارىمۇتۇق ، ئورۇق بـۇ يــىگىت نۇرىغا ئەگىشىپ يۇرگىلى ئىككى يىل بولدى . ئۆز

ۋاقتىدا ساددا ھېسسىيات بىلەن بىر ـ بىرىگە قەسەم بېرىشكەن ئون ئالتە يىگىتنىڭ بىرى مۇشۇ . ئۇچقۇچىلاردىن ئىككىسىنى غېنى ئاكىسى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن يىگىتلەردىن ئالتىسى تۇتۇلۇپ كەتتى . ئۇلاردىن ياقۇپ ، ئارسلان ئىككىسىنى سوت قىلىپ ئېتىۋەتتى ، قالغانلىرى نەدىكىن ؟ تاغقا قېچىپ چىققان سەككىز بالىدىن ئىسلام بىلەن سەلىم شەھەرگە قايتىپ كەتتى ، ئۇلار ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپتەك . تاغ سوقۇشلىرىدا بىخەستەلىك قىلىپ ئىككى يىگىتكە ئوق تەگدى . شۇ چاغدا تاش دالدىسىدىن چىقمىغان بولسا ئۇلار قۇربان بولماس ئىدى ، غېنىكامنى دورايمەن دەپ قاراملىق قىلىپ قۇربان بولدى ـ دە ... ھازىر نۇرىنىڭ سۆيۈملۈك دوستلىرىدىن يېنىدا مۇشۇ تۇرسۇن بىلەن بۆرىۋايلا قالدى . ئۇلار نۇرى نېمە قىلسا شۇنى قىلىدۇ ، مانا ھازىر ئۇلارنىڭ بەدىنىمۇ نۇرىنىڭكىدەك تۆمۈرگە ئايلانغان . ئۇيقۇسى كەلسە يەر تاللىمايدۇ ، قورسىقى ئاچسا غىزا تاللىمايدۇ ، ئۇلار ھازىر قورقۇش ، رەھىم قىلىش ، ئىككىلىنىش دېگەنلەرنى ئۇنتۇغان . شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ۋە شەخسىي ئىستىقبالىنىمۇ ئۇنتۇغان . ئۇلارنىڭ قەلبىدە دوستلىرى ئۇچۇن ، شەپقەتسىز ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان خەلقى ئۇچۇن قىساس ئېلىشتىن باشقا ئىستەك يوق . ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ تاشقا ئايلانغان ، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى گويا قىشتا يوقالغان باغ بۇلبۇللىرىدەك غايىب بولغان ، ئۇلارنىڭ قىلىشىدىغان گەپلىرىمۇ ، سورىشىدىغان سوئاللىرىمۇ تۈگىگەن . بىرى بىلگەننى ھەممىسى بىلىدۇ ، بىرى ئويلىغاننى ھەممىسى ئويلايدۇ ، رېئاللىق ئۇلارغا بىرلا نەرسىنى — خەلقى ئۇچۇن ياشاش ، خەلقى ئۇچۇن جان بېرىش ھاياتىنىڭ مېغىزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن . شۇڭا ، ئۇلار ھەرقاچان ئېلىشىشقا تەييار ، ئۆلۈشكە تەييار !

— بىز ئوغرىمۇ ؟ — دەپ سورىدى تۇرسۇن ئاستا پىچىرلاپ .

— ياق !

— مۇشۇ ئاتلار ئوغرىلانغان ئەمەسمۇ ؟

— قەرز ئېلىنغان، مەجبۇريي قەرز ئېلىنغان. كەلگۈسىدە ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىمىز!

— سېنىڭچە، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز راستلا بارما؟

— ئەلۋەتتە. مانجۇلارمۇ، ياك زېڭشىن، جىن شۇرېنلارمۇ بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى يوقىتىۋېتەلمىگەن. بۇ قانخورلارمۇ يوقىتالمايدۇ!

— راست دەيسەن، بىزنى ھېچكىم يوقىتالمايدۇ، بىز ئۇلارنى يوقىتىمىز!

بۇ غېنى باتۇرنىڭ ئاۋازى. ئۇ ھۇۋۇلاۋاتقان شىۋىرغاننى تىڭشاپ ئېگەرنى بېشىغا قويۇپ، قىرغىز قالپىقىنى كۆزىگە كىيىپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇ شۇ يېتىشىدا خۇددى بىر يىقىلغان قارىغايغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن پۇتلىرى ئالماشتۇرۇلغان، تىزلىرى پۈكۈلگەن، سوغۇقتىمۇ مەيدىسى ئېچىۋېتىلگەنىدى. ئۇ بوم، سورلۇق ئاۋازى بىلەن يەنە سۆزلىدى:

— مەن سەككىز قېتىم تۈرمىگە كىردىم. ھەممىسىدە قېچىپ چىقتىم. قېچىپ چىققانلىرىم سادىر پالۋانىڭكىدىن كۆپ، ئېيتقىنا، مەن سادىر پالۋانمۇ، ئەمەسمۇ؟

— باياندايىنى پارتلىتالىساڭ سادىر پالۋان بولالايسەن!

— ھا ـ ھا ـ ھا ... جالاپ ... ھە، ماقۇل ئاغزىمنى بۇزماي، ھازىر نەدە سېپىل باركەن؟

— شەھەردە، ھەربىي ئىسكىلاتتا بار!

— تىتىۋېتىمەن!

— شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتى بىر سېپىلغۇ!

— ھا ـ ھا ـ ھا ... نۇرى، گېپىڭ قالتىسە سېنىڭ، يورۇق بولغان بولسا كىتاب ئوقۇپ بېرەتتىڭ ـ ھە، مۇنۇ قارىغايلار نېمانچە غاراسلايدۇ، بوران كۈچىيىۋاتامدۇ نېمە؟

— يوللار تىنىپ كەتتى ـ دە!

— ئارغى بېت قاسىل جايلاۋغۇي!

— ئەكبەر باتۇرلار بىزنى سايرام بويىدا كۈتۈۋاتىدۇ!

— قورالLارنى ئېلىپ قايتارمىز ـ ھە ، غېنىكا ، بىر تال مىلتىق يۈز پاي ئوق !
— سەن قورالنى ئۆلاستايىنىڭ ھېلىقى جىلغىسىدا ئالىسەن !
— ئەتىلا شەھەرگە ھۇجۇم قىلساق دەيمىنا !
— پاتىخلار ئالمۇتىدىن كىرمەي تۇرۇپ ھۇجۇم قوزغىمايمىز .
ئىۋان ئىۋانوۋىچ شۇنداق دېدى .
— ئۇ ئورۇسنىڭ ئاغزىغا قارايمىزمۇ ، ئۆلاستاي ساقچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىۋېرەيلى ، يەنە نېمىنى كۈتىمىز !
— قاراپاقا ، سەن مۇنۇ نۇرىنىڭ ئاغزىغا قارا . ئاڭلىدىڭمۇ ، شەھەردىمۇ بايلار ، خەلپەتلەر ، ئەپەندىلەر ھەرىكەت قىلىۋېتىپتەك . ھەممە يەردە بىراقلا قوزغالمىساق بولمايدۇ ، راستمۇ نۇرى ؟
— شۇنداق ، غېنى ئاكا ، قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ . بىرلا پاستۇرۇلساق ئۆرە بولالمايمىز . شىنجاڭغا ھازىر گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى كىرىشكە باشلىدى . شىڭ دۇبەن ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭنىڭ تاپىنىنى يالاۋاتىدۇ . مېنىڭچە ، ستالىن ئۇنى جازالايدۇ . قۇمۇلدىكى 8 ـ پولك تېخى چىقىپ كەتمىدى . ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابا دېگەن يەردىمۇ سوۋېت تانكىلىرى ، ئايروپىلانلىرى باردەك . بىز سوۋېت ئەسكەرلىرى بىلەن ماسلىشىپ ئىش قىلساق تېز غەلىبە قازىنىمىز !
— سېنىڭچە ، ستالىن ئەسكەر ئەۋەتەرمۇ ؟
— ئەۋەتىشى مۇمكىن .
— مۇمكىن دېگىنىڭ نېمىسى ، يا ھەئە ، يا ياق ، دېمەمسەن ! — غېنى ئاكىسى قاتتىق ۋارقىرىدى .
— ھەئە ، ھەئە ! بولدىما . ئىسىھاقبېكمۇ ئەسكەر تەييارلاۋېتىپتەك !
— ھېلىقى سەن دېگەن قىرغىزما ؟
— ھەئە ، غېنى ئاكا ، ئۇ قالتىس ئادەم ، ھەربىي ئىشلاردا بىلىملىك . شىڭ دۇبەنگە ئىككى قېتىم گارنىزون قوماندانى بولغان !

— نەچچىلىك ئەسكەر ئۇ؟
— بەش - ئالتە مىڭ!
— ۋاي - ۋۇي، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئەللىككىمۇ يەتمەيدۇ، يېرىمى مىلتىق ئېتىشنى بىلمەيدۇ، بۇ ھەزىلەكلەرنىڭ!
— ھازىر ئالتايدا ئوسمان ئىسلام دېگەن بىر قازاق باتۇر قوراللىنىپ شېڭ دۇبەنگە قارشى سوقۇشۇۋېتىپتۇ!
— تاشقورغاندىمۇ مىلتىق ئاۋازى باردەك!
— ئۈچ يىل ئىلگىرى ئالتايدا ئېرىسقان، ئېشىمقانلار قوزغالغانىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئوسمان باتۇر داۋام قىلىۋېتىپتۇ!
— تەييارلىق پۇختا بولمىسا، ئالدىراپ قوزغالساق زىيان تارتىپ قالىمىز!
شىۋىرغان ھۇۋلىماقتا، دەرەخلەر غاراسلىماقتا، شۇمشىيىپ غۇژمەك بولۇشۇپ قۇيرۇق تەرىپىنى شىۋىرغان ئۇرغان تەرەپكە قىلىۋېلىشقان ئاتلار خۇددى تاغنىڭ قورام تاشلىرىدەك مىت قىلماي تۇرۇشاتتى. بۆرىۋاي بىلەن يەنە بىر ئۈيغۇر يىگىت مىلتىقلىرىنى تىك تۇتۇپ، كېپىنەك تون كىيىپ ئاتلارغا كۆزەتتە تۇرماقتا. يوغان قارىغاي ئاستىدىكى قۇرۇق يەردە نە قار، نە بوران يوق، بايىقى پاراڭچىلار ئاستا - ئاستا جىمىپ قېلىشتى...
... تىك دەريا قىرغىقى، قاش دەرياسى تولغىنىپ، قورقۇنچلۇق ئاقماقتا. دەريا بويىدىكى قارىغاي تۈۋىدە تولىمۇ چىرايلىق ياسانغان سەبىخە نۇرىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ لەۋلىرىنى شوراپ سۆيمەكتە، نۇرىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئېرىمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزالىرى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل، قىز گويا ئەقلىدىن ئازغان، نۇرىنى يەۋېتىدىغاندەك. «خائىن» دەپ ۋارقىرىدى بىرى. نۇرى قايرىلىپ قارىدى، پەرىخە چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان، قورقۇنچلۇق ۋارقىراپ ئۇلارغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە. نۇرىنى ھەدىسى چىڭ قۇچاقلىۋالغان، سەبىخە ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا سۆيمەكتە. پەرىخە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى كۈچ بىلەن

ئـىـتـتـەردى ، ئۇلار دەرياغا قاراپ ئۇچتى . تۆۋەندە دەريا مەۋج ئۇرۇپ ، تولغىنىپ ئاقماقتا ، ئۇلار ئاسماندىن دەرياغا قاراپ لەيلەپ چۈشمەكتە . سەبىخە : «نۇرى !» دەپ ۋارقىراپ دەرياغا چۈشتى ، ئېگىز ، ئاپئاق بۇژغۇن كۆتۈرۈلدى !

— سـەبىخە ! — نۇرى چۆچۈپ ئويغاندى . تۇرسۇن ئۇنىڭ چـاتـىـرىـسـىـغـا بېشىنى تىقىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن . ئۇ تۇرسۇننى ئىتتىرىپ قوپۇپ ئولتۇردى .

— ھە ، نوغاي قىزنى چۈشۈڭدە كۆردۈڭمۇ ؟

— ياق ، غېنىكا ! ...

— زادى يالغان ئېيتمايمەن دېگەنىدىڭغۇ ؟

— راست ، ئاكا ، ھېلىقى سەبىخە چۈشۈمگە كىرىپ ، مېنى قارا باستى .

— سىڭلىسى كىرمەي ھەدىسى كىرگىنى نېمىسى ؟ ئۇ دېگەن يۇز خىتاينىڭ ئاستىدىن چىققان بۇزۇق . مەن كۆرسەم ئېتىۋېتىمەن ئۇ قانجۇقنى !

— ياق ، غېنىكا ، ئۇنداق قىلما !

— كـۆڭـلـۈڭ بـار ئوخشىمامدۇ ، سىڭلىسىنى ئال ، ئوتى بېسىلىدۇ . سىڭلىسى دېگەن بىر پاقلان ، ئۇ دېگەن ئورۇق ، قېرى ئـۆچكە ، سىڭلىسى تازا تولۇپتۇ ، ھەي ، سېنىڭ بولۇپ قالدى ، بولمىسا ...

— ئۇنداق دېمە ، غېنى ئاكا !

— كۆزۈمگە ياخشى كۆرۈنگەننى قويمايدىغىنى مەن ، سېنىڭ يۈزۈڭ ، بولمىسا ھېلىقى چاغدا ، خەمىتلەر بىلەن بىزنى قوغدىغىلى چىققاندا ، ھېلىقى چېدىردا بىللە ياتقاندا ...

— نېمە دەيسەنۇي ، قىزدىن بىسوراقما ، كۆڭلى بولمىسىمۇ مەيلىما ؟

— خوتۇن خەقتە نېمە كۆڭۈل ! كۆڭۈل دېگەن ئەر كىشىدە بولىدىغان نەرسە ! خوتۇن خەق دېگەن ئاستىڭغا چۈشسە كۆڭۈل پەيدا بولۇۋېرىدۇ !

— ياق ، غېنىكا ، سەن خوتۇن ـ قىزلارنى چۈشەنمەيدى۔ كەنسەن !

ئۇ يېنىدا ئوڭدا يېتىپ ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، ھەممىگە ئۆز دېگىنىنى دېگۈزىدىغان بۇ ئادەمگە بىرىنچى قېتىم قارشى گەپ قىلدى .

— مېنىڭ خاتاما ؟ سەن قانچە ئايال بىلەن ياتتىڭ ؟ كۆپ بولسا ئىككى ـ ئۈچ . مەن دېگەن ساناپ باقسام ئەللىك خوتۇن بىلەن...

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس ، غېنىكا !

— كىتابتا يېزىلغىنى راست دەيسەن ـ دە !

— بۇمۇ بىر تەرىپى . مۇھىم تەرىپى ساپ مۇھەببەتنى چۈشەنسەڭ !

— ساپ مۇھەببەت ، چىۋ سىلىڭنىڭ بالىسىغا خوتۇن بولغان قانجۇقتا ساپ مۇھەببەت نېمە قىلىدۇ قاپاق !

نۇرى ئورنىدىن ئىختىيارسىز سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى .

پەرىخە پاك ، نۇرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ، لېكىن نۇرى ئۇنى ئويلىمايدۇ . سەبىخە راست پاك ئەمەس ، لېكىن نۇرىنىڭ خىيالىدىن چىقمايدۇ ! مۇھەببەت دېگەن قانداق بىر كۈچ ؟ سېھرىي كۈچمۇ ياكى كەلكۈندەك قارا كۈچمۇ ؟ سەبىخە ئىلاجسىز ، بەلكى ئۇنىڭ روھى پاك ، مۇھەببەت ئىنسان جىسمىدىن سىرت بىر خىل روھىي كۈچ بولسا كېرەك . غېنىكام بۇنى چۈشەنمەيدۇ ـ دە ، ئۇنىڭغا قارشى گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ ؟ ئۇنىڭ قوپاللىقى بىر خىل ساددا ھەقىقەتنى يورۇتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىگە ئار كەلمەيدۇ ، لېكىن سەبىخەنى «قانجۇق» دېگىنىگە چىدىمىدىم ، ئەمدى ئۇ مېنى يامان كۆرۈپ قالارمۇ ؟ ئۇ يامان كۆرۈپ قالسا نەگە باراي ؟ مەنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچايمۇ ؟ ...

ئۇ ۋىژىلداپ يۇزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان قارغا پىسەنت قىلماي دۈگدىيىپ تۇرۇشقان ئاتلارنىڭ يېنىغا كەلدى . قارىغاي ئاستىدا بۆرىۋاي خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك تىك تۇراتتى .

— بۆرىۋاي ! — ئۇنىڭدىن ساداا چىقمىدى . دېمەك ئۇ ئۆرە

تۇرۇپ ئۇخلاۋېتىپتۇ . ئۇلار ئات ئۈستىدە ، پىيادە كېتىۋېتىپ ، مۇشۇنداق تىك تۇرۇپ ھەرخىل ئۇخلاشلارغا كۆنۈك . يىگىرمىگە كىرمىگەن يىگىتلەر ھاياتنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرىغا قاتنىشىپ ، چوڭلار بىلمىگەننى بىلدى ، كىتابلاردا يېزىلمىغاننى چۈشەندى ... ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇيدىغان ، ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن ئىنتىلىدىغان چاغلىرى ئىدى ، لېكىن ئۇلار چىلبۆرىلەرچە ياشىماقتا ...

— بۆرىۋاي ، ماڭ بىرىپ ئۇخلىۋال !

ئۇ دوستىنى سىلكىپ تەستە ئويغاتتى .

شىۋىرغان ھۇۋلىماقتا ، قارىغايلار غاراسلىماقتا ، نىمىلەردۇر چىرقىرىماقتا ، قار تىخىمۇ قاتتىق ياغماقتا ، گۆرساي ئۆز نامىنى ئىسپاتلىماقتا . نۇرى مۇزلىدى ، جايىدا تىنماي سەكرىدى ، ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى ، قوللىرىنى ئاغزى بىلەن ھوردىدى ، بىرلا كونا گىمناستوركا بىلەن مۇزلاۋاتقان بەدىنىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن قارىغاي شاخلىرىغا ئېسىلىپ تەنھەرىكەت ئوينىدى .

ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىسسىمىدى . ئۇ قارىغايغا يۆلىنىپ دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ دادىسىنى ئەسلىدى : ئىنىلىرى ، ئاپىسى ، دادىسى مايلىشىپ تۈرىدىغان قىزىل جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئەتىگەنلىك چاي ئىچىدىغان چاغلار ئەجەب كۆڭۈللۈك ئىدى . قەدىردان ئانىسى ھەربىر بالىسىنىڭ چاي ئىچىشلىرىگە زوق بىلەن قاراپ شاما چايناپ ئولتۇرىدىغان ، ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىسى ئاپىسىغا ئەركىلەپ خەقشىلىك قىلاتتى ، سىڭلىسى دادىسىنىڭ تىزىدىن چۈشمەيتتى ، بەرا بىلەن دەرا ئويۇنغا قىزىقىپ چايلىرىنى ئالدىراپ ئىچىپ ، يانچۇقلىرىغا بىر پارچىدىن نان سېلىپ سىرتقا يۈگۈرۈشىدىغان . ئانىسى نۇرىغا كۆزىنى ئۈزمەستىن قاراپ بالىسىنى خىجالەت قىلاتتى ... ئۇ كۆڭۈللۈك ھايات نەلەردە قالدى - ھە ؟ بايلىق ، مەنسەپ ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولسىمۇ بەختنىڭ مەنبەسى ئەمەس ، نامرات ئائىلىدە بەخت بولىدۇ ، ئۇنى مىليون دوللار بىلەنمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ ، كاتتا ئائىلىدىمۇ بەختسىزلىك بولىدۇ ، ئوخشاشلا ئۇنى پۇل ۋە ھۆكۈمەت كۈچى

بىلەن يوقاتقىلى بولمايدۇ. بەختنىڭ مەنبەسى قەلب، بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان جانلار بىر ئۆيگە جەم بولسا، ئۇ ئۆيدە بەخت دەريا بولۇپ ئاقىدۇ، تەمەلىرى ھەرخىل، بىر - بىرىنى شوتا قىلىش كويىدىكى ئادەملەر بىر ئۆيگە جەم بولسا، ئۇ ئۆيدە بەخت تامچىسىمۇ بولمايدۇ، بالايىئاپەت كەلكۈن بولۇپ ئاقىدۇ، مانا بۇلار نۇرىنىڭ تۇرمۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرى. شۇڭا، ھايات، بەخت دېگەنلەر ھەم مۇرەككەپ، ھەم ئاددىي چۈشەنچە، مۇرەككەپلىكى ئېرىشمەكنىڭ تەسلىكى، ئوڭايلىقى ئۇنىڭ كونكرېت ئىكەنلىكى ...

ئۇ قاتتىق مۇزلىدى، تىترىدى، خۇددى دۈمبىلىرى مۇز بولۇپ قاتقان ئاتلاردەك. ئۇنىڭ خىيالىغا ئەنۋەر مۇسابايوفلارنىڭ باغ قورۇسى، ياسىداق ئۆيلىرى كەلدى. سالاسۇن ئىچىدىكى چىمەنلىك باغ، ياش ئالما كۆچەتلىرى، گۈللەر، تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ كۈن نۇرىدا كۈمۈش تەڭگىلەردەك يالتىراشلىرى، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ... گويا سۇ ئۈسۈملۈكلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ، مېھرىبان ئانا قۇچىقىدىكى ئوماق بالىغا ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك... تەبىئەت چەكسىز مېھرىبان ھەم چەكسىز رەھىمسىز: تاشلار ئارىسىدا گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ ھەم ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى نابۇت قىلىدۇ. خۇددى نۇرىنىڭ ئارزۇلىرىنى ۋەزىيەت نابۇت قىلغاندەك.

نېمە گۇناھ قىلغىنىغا ئۇ شۇنچە خورلىنىدۇ؟ خەتەرلىك سانىلىدۇ - ھە؟ دادىسىچۇ؟ ئۇمۇ ھېچ ئىشنى خاتا قىلمىدىغۇ؟! ئۇنىڭ سەممىي - سادىق بولغىنى گۇناھمۇ؟ نۇرىنىڭ ئۇلۇغ غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككىنى جىنايەتمۇ؟ جەمئىيەت، دۆلەت، ھاكىمىيەت دېگەنلەر نېمىشقا ھەقىقەت ۋە گۈزەللىكنى ئىشلىرىغا ئۆلچەم قىلمايدۇ - ھە؟ دۇنيادا بولۇۋاتقان سوقۇش، قىرغىنلارنى قوزغىغۇچىلار ھەقىقەت بىلەن گۈزەللىكنى ئىنسانلار قەلبىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ۋەھشىيلىككە باشلىماقچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر دۇنيا ئۇرۇشى بولۇۋاتىدۇ،

مۇشۇ تۇرقىنىڭ ئۆزىدە نى - نى غايىلىك قەلبلەر كاردىن چىقىۋاتىدۇ ، ئاجايىپ يارانقۇچىلار ئۆلۈۋاتىدۇ ...

— نۇرى ، ھەي ، قېتىپ قالمىغانسەن !

غېنى ئاكىسىنىڭ بوران بىلەن ئېلىشالايدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ نۇرىنىڭ يېنىغا كەلدى :

— ئۈچ ئات ئۆلسە بىر مىلتىق كەم بولىدۇ جۇمۇ ، نۇرى ، بىر مىلتىق كەم بولسا يۈز دۈشمەن تىرىك قالىدۇ . بىز جەڭنى باشلىۋەتتۇق ، مانا قارا ، شۇۋىرغان شىڭ شىسەي ، بىز ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى !

ئۇ نۇرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، ئىنسانىي مېھرى بىلەن :

— ماڭ ، مېنىڭ ئورنۇمدا بىر دەم يېتىۋال . يولۋاسنىڭ ئورنى ئىسسىق بولىدۇ . ماڭ جۇگۇ ، ئاتلارغا ئۆزۈم قارايمەن ، سوغۇق مېنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ! — دېدى .

ئۇلار ئەتىگەنلىكى يەنە يولىنى داۋام قىلدى . قار يوللارنى يوق قىلىۋەتكەن ، بەزى يەرلەردە ئات بويى قار - كۆلتۈكلىرى ، بەزى جايلار بولسا تاپتاقىر ...

ئۇلار ئات ئۈستىدە شۈمشىيىشكەن . قۇياش نۇرى تاغلارنىڭ چوققىلىرىدىكى گىرىمسەن قارلارنى كۈمۈشتەك يالتىرىتىپ قاپتاللاردىكى بۇك قارىغايلىقلار ئۈستىدە گۈزەل ئەلەڭگە پەيدا بولغاندا ، ئۇلار داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقتى . نېرىقى بەت — شىمال چەكسىز يايلاق ، يايپېشىل دۇنيا . ئاتلار ئوتلاققا قاراپ قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ ، دۈمبىلىرىدىكى شۇۋىرغان سوۋغىلىرىنى سىلكىپ چۇشۇرۇپ ، كىشنىشىپ ، قېيغىتىشتى . غېنى ئاكىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— مىلتىققا ئايلاندۇق دەپ خۇشال بولۇۋاتىدۇ بۇ جانىۋار-لار ! — دېدى .

ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك مەھەللىرى باشلاندى : كىگىز ئۆيلەر ، مەززىلىك چاي ، بوغۇرساق ، كۆمبە ، سېرىقماي ، خام قايماق بىلەن تولغان قازاق داستىخىنى ، ئىللىق شامال ، شېرىن ئۇيقۇ ...

كېچىدە ئەكبەر باتۇر — قارا بۇرۇت، بۇركۇت كۆز يىگىت بىرقانچە موڭغۇل ۋە ئىككى ئورۇس بىلەن كەلدى. ئۇلار ئاتلارنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاندىن:

— مەشەدە بەش - ئالتە كۈن ئويناپ تۇرۇڭلار! — دەپ قويۇپ غېنى ئاكىسىنى باشلاپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ نەلەرگىدۇر غايىب بولۇشتى.

سايرام بويىغا چېدىرلار تىكىلگەن، بۇلۇتسىز ئاسمان پارچىسىدەك كۆرۈنىدىغان سايرام كۆلى تىنىماي داۋالغۇپ، نۇرىنىڭ يورىكىدەك ئويناپ تۇرۇپتۇ. كۆلنىڭ بۇ چېتى بۇك قارىغايلىق تاغقا، شىمال تەرىپى پاكار - پاكار ئېدىرلىقلارغا تۇتاشقان. كۆلنىڭ بېرىقى قىرغىقىغا يېقىنلا يەردە بىر ئارال تۇرۇپتۇ. «قالماق بۇتخانىسى بار» دېيىشتى ئادەملەر ئۇ ئارالنى كۆرسىتىپ.

ياپيېشىل قارىغايلار يېنىغا ياسالغان چېدىرلار، كىگىز ئۆيلەردە غۇلجا، بورتالا ھەتتا چۆچەك بايلىرى يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشىدۇ، غۇر - غۇر، سالقىن شاملى ئۆكسىمەيدىغان، پاقلان، قىمىزلىرى تولىمۇ لەززەتلىك، مۇنبەت، مەنزىرە گۈزەللىكى تەڭگە داۋا بولىدىغان بۇنداق جايلاردا غەمسىزلەر، پۇشايمان ۋە ئارزۇلاردىن خالىيلار راھەتلىنىدۇ. بەزىدە گۈزەل ئارزۇمۇ كىشىگە ئازاب بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ھېچكىم خىيال بىلەن ئازابلىنىشنى خالىمايدۇ، لېكىن شېرىن خىيال ھامان سېنى ئازابلايدۇ...

مانا نۇرى تويغۇچە گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، ئۇيقۇغا قېنىپ، چىمەن ئۈستىدە ئوڭدا يېتىپ شېرىن خىيال بىلەن ئازابلانماقتا. كەلگۈسى قانداق؟ ئەلۋەتتە گۈزەل. قانداق گۈزەل؟ كىشىلەر ئارزۇلىرىغا قىسمەن بولسىمۇ قانالايدۇ، باللار مەكتەپلەردە خۇشال ئوقۇپ، ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولىدۇ. دېھقانلار يەرلىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، مەڭگەن باسقان ھارۋا ئۈستىدە ئوڭدا يېتىپ ناخشا ئېيتالايدۇ، خوتۇنلار شەھەرگە ئاش بېسىپ ماڭغان ئەرلىرىگە

سوۋېت ، ئەنگلىز ۋە خىتاي يېپەكلىرىدىن كۆڭلەكلىك ، يوتقانلىق ۋە بـالــىــلىرىغا كىيىملەرنى بۇيرۇيالايدۇ ، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ غـېـمــىــنـى يـەيـدۇ ، ئۆز يانچۇقىنى چىڭدايدىغان ئەمەلدارلارنى جازالايـدۇ ، شـەھـەرلـەردە ئـالــىـي مـەكتەپ ، دوختۇرخانىلار ، تـىـيـاتــىـرخانىلار ، چەتلىرىدە زاۋۇت ـ فابرىكىلار كۆپىيىدۇ . ئادەملەر بىر ـ بىرىگە خۇشال ـ خۇرام كۈلۈپ سالام بېرىشىدۇ . هـېچكىم هېچكىمنى ئەزمەيدۇ ، چاقمايدۇ ، بۇلاپ ـ تالىمايدۇ ، ئالدىمايدۇ ، قورقۇتمايدۇ ۋە قەستلىمەيدۇ . ئادالەت ، باراۋەرلىك ، مـېهىر ـ شەپقەت ، سەمىمىي ـ ساداقەت — گۈزەللىك ھەممە ئـادەمـىـنـىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىدۇ . سۇرلۇك ئەسكەرلەر ، ۋەھشىي ساقچىلار ، قورقۇنچلۇق تۈرمىلەر ، قىرغۇچى قورااللار بولمايدۇ ۋە ياكى ئازىيىدۇ . پۈتۈن جەمئىيەت مۇشۇ يايلاقتەك تىنچ ، گۈزەل ، بەخت ماكانى بولىدۇ . ئاشىق ـ مەشۇقلار جۇدالىقتىن ، ئاتا ـ ئـانـىـلار بـىـلـەن بالىلار خانىۋەيرانچـىلـىـقتـىن خالـىـي بولۇپ كۆڭلىرىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزىدۇ ، تەبەسسۇم كۆز يېشىدىن ، مەدەنىيە ـ تەشەككۈر تىل ـ ھاقارەتتىن كۆپ بولىدۇ ... گۈزەل يايلاق كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ سىمۋولى بولغاي ، سايرام كۆلىنىڭ شاۋقۇنى بەختلىك كۆڭلەرنىڭ مەدھىيىسى بولغاي !

ئۇ شۇنداق جىم ياتتىكى ، بىر بورسۇق ئۇۋىسىدىن چىقىپ ، پۈتلىرىنى تىك قىلىپ ئەنسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى ، هېچ خەۋپ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن سېمىز تېنىنى لىغىـرلىتىپ يورغىـلاپ ئۇيەر ـ بۇيەرنى پـۇراپ ، ئاخىر نۇرىنىڭ پۇتلىرىنى پۇرىدى . نۇرى غىدىقى كېلىپ مىدىرلىمىغان بولسا ، تـىـنـچلىقنىڭ يېڭى كارامەتلىرىنى كۆرگەن بولاتتى . «بورسۇق خالىغىنىنى قىلالىسا ، هېچكىمگە دەخلى بولمىسا ، ئازار بەرمىسە ، كىم نېمىنى ئارزۇ قىلسا يولى راۋان بولسا» ...

لـېـكـىـن ، ئـىـنسانىيەت جەمئىيىتى جېدەل ـ ماجىرا ۋە قىرغىنچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغانىكەن . هازىر بەلكىم ھەر كۈنى ئۇن نەچچە مىڭ ھەتتا يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ ئادەم ئوق يەپ

ئۆلۇۋاتقاندۇر . رەزىللىك بىلەن گۈزەللىكنىڭ كۈرىشى قاچانغىچە داۋاملىشاركىن؟ گۈزەللىكنىڭ غەلىبىسىنى ئىنسانىيەتنىڭ قانچىنچى ئەۋلادى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەركىن؟ ...

... يەتتە كۈنلۈك يايلاق هاياتى ئاخىرلاشتى . غېنى باتۇر ئاخىرقى كۈن نۇرىنى سايرام كۆلىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تولىمۇ چوڭ، تولىمۇ چىرايلىق چېدىر ئۆيگە باشلاپ كەلدى .

— ئەنۋەر مۇسابايوفلارنىڭ يايلىقى ! — دېدى ئۇ چەكسىز يايلاقنى كۆرسىتىپ، — ئوتتۇزمىڭ قوي يايلايدۇ . هېكمىبەگ غوجام باشلىق غۇلجا بايلىرى ئويناپ چىقىپتۇ .

غۇرۇلداپ تاغ شامىلى ئۇرۇپ تۇرىدىغان چېدىرنىڭ ئۈستى يېپىق، يانلىرى ئوچۇق، گىلەم ئۈستىگە تاشلانغان كۆرپىلەر، ماموق ياستۇقلاردا بايلار ئېغىنىشىپ يېتىشقان . غوجام ئۇيقۇغا كەتكەن . مۇتائالى خەلپىتىم كىتاب ئوقۇماقتا ئىدى . غېنى بىلەن نۇرى چېدىر ئىشىكىدە تىك تۇرۇپ پەس ئاۋازدا سالام بەردى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، غېنى ئۇكام، كېلىڭلار، هە، بۇ يىگىت نۇرمۇهەممەتمۇ؟

نۇرى ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ :

— مەن نۇرى ! — دېدى .

مۇتائالى خەلپىتىم يىگىتكە سىنچىلاپ قارىدى :

— داداڭ تىنچلىق، بالام . ئۇ چۈلۈقايدا، بىزنىڭ باغدا ئىشلەۋاتىدۇ . خەۋىرىڭ بارمۇ، چوڭ داداڭ مۇختەربايىنى تۇتۇپ كەتتى . ئۇنىڭ، داداڭنىڭ ھەممە بايلىقىنى مۇسادىرە قىپتۇ . بۇنى قىلغۇزغان ئاشۇ ئابدۇمەر دېگەن توڭگۇز مۇرتەت . قاباھەتنىڭ جازاسى بولىدۇ، ياۋۇزلۇقنىڭ ھېسابى بولغىنىدەك . لېكىن، ئەنتىمىزنى ئالىمىز . داداڭنىڭمۇ سەكسەن خو يېرى، بىر قورۇ - جايى بار ئىكەن، مۇختەربايىنىڭ ئىككى جاي، ئۈچ - تۆت يۈز تۇياق قوي، ئەللىك - ئاتمىش كالا، ئوتتۇز - قىرىقتەك يىلقا، يەتتە - سەككىز تۆگە، يۈز خو يەر، تۆت چوڭ باغ، بىر تۈگمىنى بار ئىكەن . بىرلا مۇسادىرە بىلەن مۇختەربايىنىڭ ئالتە بالىسى، سىلەر

تۆت بالا بولۇپ ئون بالا ، ئىككى كېلىن ، توققۇز نەۋرە ، موماي بىلەن يىگىرمىگە يېقىن جان تالادا قالدى . سىلەرنىڭ ئۆي بىلەن مۇختەربايىنىڭ ئۆيىگە ئىلتىقلىرى بار چېرىكتىن ئالتە ئۆيلۈكنى ئاچىقىپ قويۇپتۇ . كاپىرلار توڭگۇز بېقىپ ئۆستەڭدە توڭگۇزلىرىنى سۇغىرىپ ، كىرلىرىنى يۇيۇپ مەھەللىنى رەسۋا قىپتۇ . توڭگۇزلار مەسچىت هويلىلىرىغىمۇ كىرگىلى تۇردى دەپ مىرا «قازى» شەرىئەتكە دەۋا قىلدى .

غېنىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ، چىشلىرى غۇچۇرلىدى :

— بىرگە يۈز ، مېنىڭ دەيدىغىنىم بىرگە يۈز ، مەن ئۇلارنىڭ توڭگۇزلىرىغا ئۆز گۆشلىرىنى يېگۈزىمەن !

— مۇختەر چوڭ دادام نەدىكەن ؟

— هازىر غۇلجا تۈرمىسىدە . ئۇرۇمچىگە ئېلىپ ماڭغۇدەك دېيىشىدۇ !

— ئاشۇ يولدىن باشقا غۇلجا يولى بارمۇ يەنە ؟

— يوق ، بالام . مۇشۇ كەڭساي ، مۇشۇ تەلكىنىڭ داۋىنىدىن باشقا يول يوق ! قاراملىق قىلماڭلار ، يىگىتلەر ، پىچاق سۆڭەككە يەتتى ، بىزمۇ قاراپ تۇرمىدۇق ، بۇ يەرگە ئويىنىغىلى چىقمىدۇق ، خەلقنىڭ غېمى بىلەن چوڭ ئىشلاردا بىر قىناققا كېلەيلى دەپ بۇ يەرگە يىغىلىشۋاتىمىز . خەۋىرىنى بېرىمىز ، تەييارلىنىپ تۇرۇڭلار ، بالىلىرىم — ئەلقىساسۇمىنەلھەق !

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ تەلكە داۋىنىدىن ، كەڭساي غولىدىن ، غۇلجا شەھىرى ۋە كېچىدە مۇختەربايىنىڭ يېزىسىدىن ئۆتتى . ئاخىر چۇلۇقاي غولىدىكى زىياۋۇدۇن ئىشلەۋاتقان باغقا كېلىپ بىر كېچە قوندى . ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەردە هۆكۈمەت ئەسكەرلىرى هودۇقۇپ هاۋاغا مىلتىق ئېتىشتى . شۇ كۈنلەردە ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى ، مۇختەربايىنىڭ ئۆيىگە جايلاشقان ئالتە ئۆيلۈك قىزىل چېرىكنىڭ ئالتىلىسى ئېتىلدى ، خوتۇن ـ بالىلىرى شەھەرگە قاچتى ، كەڭساي ئېغىزىدا هۆكۈمەتنىڭ يۈك باسقان ماشىنىلىرىدىن ئون ئىككىسى

كۆيدۈرۈلۈپ ، ئۇن يەتتە ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى . ئۇرۇمچى ـ ئىلى تاشيولىدا ھەربىي ماشىنىلار ئۈزۈلمەي ماڭدى .

لېكىن ، شېڭ شىسەي غۇلجا زېمىنىدىكى بۇ ئىشلارغا ئانچىلا دىققەت قىلىپ كەتمىدى . ئۇنىڭ ۋەھىمىسى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى . قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 8 ـ پولك يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتماقچى بولۇپ ئۇرۇمچىدىن ئۆتتى . شېڭ شىسەي ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ ، دۇبەن مەھكىمىسى يېنىدىكى قىزلار ئىنستىتۇتىدا بىر كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى . مانا شۇ پولك — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىگىرمە مىڭ ئەتراپىدىكى ئادىمى ، ئايروپىلان ، تانكىلىرى تېخىچە شىنجاڭ زېمىنىدا بار . ئۇلار ھەرقاچان شېڭ شىسەيگە زەربە بېرىشى مۇمكىن . شۇڭا ، شېڭ غۇلجىدىكى ئىشلارنى ئاڭلاپ لى يىڭچىنى تىللىدى :

— دۆت ئېشەك ، مەن نېمە قىلىۋاتىمەن ، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن . ئورۇسلار باھانە تاپالمايۋاتسا ، سەنلەر پاس چىقىرىپ ئالتە ئۆيلۈك نەشىكەشنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا نېمىگە تىقىشىسەن؟ ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇ قېرىلىرى ئۆلگەن بولسا ياخشى بوپتۇ . ئۇلار ئۇچۇن قىساس ئالىمەن دېيىشمە ، گومىنداڭ پىرقىسىنى يېڭىلا قوردۇق . بۇ پىرقىنىڭ ئۈچ مەسلىكى ماركسىزم ـ لېنىنىزمدىن ياخشى دەپ ۋارقىراۋاتىمىز . خەلق ئورۇسلارغا ئەمەس ، ماڭا ئەگەشسۇن ! گومىنداڭ ئارمىيىسى كىرىپ بولسىلا ، بۇ خەقنى جايلىماق ئاسان . غوجانىيازنى رەئىس قىلىپ جايلىغاندەك جايلايمىز !

رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن خادىملىرى 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە چىقىپ بولۇشى مۇمكىن . ئاڭغىچە گومىنداڭ ئارمىيىسىمۇ كىرىشى ، بەلكى نېمىسلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن . لېكىن ، نېمىلا بولمىسۇن ، شېڭ شىسەي تاۋۇز ئۇرۇقىنى ئالىمەن دەپ ئۇنىڭ ئېتىنى تاشلىۋەتمەيدۇ . جياڭ جيېشى چېغىدا ستالىنغا ياخشى كۆرۈنىمەن دەپ نېمىلەرنى قىلمىدى . 1940 ـ يىلى ئەنگلىيە ،

فرانسىيە بىلەن كېلىشىم قىلىشتىن باش تارتتى . چۈنكى ، ئۇ چاغدا ستالىن گىتلېر بىلەن دوست ئىدى . ستالىنغا يامان كۆرۈنۈپ قېلىش شىۋ شىسەيىنىڭ قارىشىچە تولىمۇ خەتەرلىك ! ...

غېنى بىلەن نۇرىلار يىگىرمە - ئوتتۇزدەك قوراللىق ئادىمى بىلەن خېلى جىق ئىشلارنى قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تەگكەن بولسىمۇ ، ھۆكۈمەت بۇلتۇرقىدەك ئىلقا تاغلىرىغا جازالىغۇچى ئەسكەرلەرنى ئەۋەتمىدى . گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، ھەتتا غۇلجا ناھىيىسىدە ئۆتكەن يىللاردىكىدەك تۇت - تۇتمۇ بولمىدى .

نېمىلا بولمىسۇن ، ئىلقىدا تۇت - تۇت يوق . نۇرى ئىلقا شەھىرىگە بېرىپ سەبىخە بىلەن پەرىخەنى يوقلىسا بولىدۇ . سەبىخەنى كىملەردۇر قاتتىق ئۇرۇپتەك !

## 28

سەبىخە يۇگۇرۇپ كېلىپ نۇرىنى قۇچاقلاپ ، بويىنىغا گىرە سېلىپ سۆيمەكچى بولۇۋىدى ، نۇرى ئۇنى سىلىق سىلكىۋەتتى . ئۇلارغا قاراپ تۇرغان ئاسىيە ، قېرى قىز ، پەرىخەلەرمۇ بۇ «ھاياسىزلىق»تىن بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ ، خۇددى كوچىدا تۇيۇقسىزلا ئالدىن تۇغما بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالغاندەك «ۋىيەي !» دېيىشتى .

سەبىخە قىزىرىشنى ئۇنتۇغان ، ئانىسىغا مۇشۇ تەرىپىلا ھار كېلەتتى . ئۇنىڭ ئورۇمچىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى بىر ئۆتمۈش — ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىر ئۆزىلا بىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىرمۇ سىرلىق . ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقىسى ئاچمايدىغان خۇرۇم چامادانى بار ، ئۇنىڭدا نېمىلەر بارلىقى ئانىغىمۇ مەخپىي . يەنە كېلىپ قىزىدا ھازىر پۇلمۇ خېلى كۆپ . ئۇ ئۆزىنى «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 1942 - يىللىق 5 - قارار سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوفىتسېرى» دەپ تونۇشتۇرىدۇ . ئاسىيە ئۇنىڭ سۈرىتى چاپلانغان دىپلومىنىمۇ كۆرگەن . ئۇنى ئىلقا

ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانمىش . ئانا قىزىغا ئىشەنمەيتتى . ئانا ئۇنىڭ شىمالىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى قورۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىگە تەرجىمانلىقتا ئورۇنلاشقىنىنى ئۆرۈمچىدىكى ۋاقتىدا بىلەتتى ، شۇ مەكتەپ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چيۇيۇشيۇڭ ئۇنى ئەمرىگە ئالالماستىن «تەرجىمان» دېگەن نام بىلەن يېنىدا تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئىككى ئايال كۆز - قۇلاق ئىدى . بۇلارنى ئاسىيە بىلەتتى . لېكىن ، ئاسىيە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمىلەر بولغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

ئەڭ يامىنى قىزىنىڭ مىجەزى ئۆزگەرگەن . ئۇ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئالدىدىلا يالىڭاچ بولۇۋېرەتتى . نەلەرگىدۇر كۇنلەپ - ھەپتىلەپ يوقاپمۇ كېتەتتى ، ئەمدى تۇيۇقسىزلا ئۇ مۇنۇ قورۇ - جاينى سېتىۋېلىپ ئانىسىنى كۆچۈرۈپ قويدى . ھويلىسى ھىم ، قورۇق تاملىرى ئېگىز ، بېغى ، ئازراق كۆكتاتلىق يەر ۋە مېۋە دەرەخلىرى ، پېشايۋان ، تۆت ئېغىزلىق ئۆيى بار بۇ قورۇنى قانداق سېتىۋالغىنىغا ئانىنىڭ ئەقلى يەتمىدى . قىزىدىن ئاسماقچىلاپ سورىسا قىزى :

— بىزچۇ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرونزى قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە تەلىم - تەربىيە ئالغان . برونېۋىك ، پىلىموت ئىشلىتىش ، خەۋەرلىشىش ، سىياسىي تەلىم - تەربىيە ، رۇس تىلى كەسپلىرىنى ئوقۇغان ، پىيادە ئەسكەرلەر ، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە پىشقان دەپ جاۋاب بېرەتتى . ئانا ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى .

ئۇ بىر كۈنى ماختىنىپ :

— دالا لاگېرى مەشقىنى بىلەمسەن ؟ ئۆرۈمچىنىڭ ئۇلانباي دېگەن يېرىدە كەڭ كەتكەن قارىياغاچلىق بارغۇ ، ھەر يىلى يازدا شۇ يەرگە چېدىرلارنى تىكىپ ھەربىي مەشىق قىلاتتۇق . تانكا بىلەن ، ئات بىلەن سۇ كېچىش مەشقلىرىدە مەن سوۋېت ئوفىتسېرلىرىگە يارىغان . مەن سوۋېت ئوفىتسېرلىرىدەك تانكا

ھەيدەپ سۈدىن ئۆتكەن . سەن ھە دېسىلا مەندىن گۇمانلىنىۋەرمە .
گىمنازىيىدە دېگىنىڭ چاغلىق ، بىزگە جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ جۇبىڭ ، چېن تەنچيۇ دېگەن كاتتىۋاشلىرى پەلسەپە ،
سىياسىي ئىقتىساد ، «ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا» دەرسلىرىنى
سۆزلىگەن . ئۇرى بۇ دەرسلەرنى ئاڭلىغانمۇ ؟ — دەيتتى .

ئۇ ئانىسىغا بۇگۇن ئەتىگەنلا : «بىز دېگەن جاھانگىرلىككە
قارشى ئارمىيە» دېگەن مارشنى ئېيتىپ بەردى :

... بىرىنچى ئاۋغۇستتا دۇنياغا كەلدۇق ،
جاھانگىرلىككە قارشى تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ،
باتۇرانە ئالغا باسايلى ،
جاھانگىرلار يىرتقۇچلاردەك ۋەھشىي بولسىمۇ
تەڭ كېلەلمەس قان ۋە گۆش بىلەن قۇرغان قورغانغا .
قانغا قان ئېلىپ ، جانغا جان ،
تىز پۈكمەيمىز قەيسەر بولۇپ !...

ئۇ ھويلىدا ھەربىيچە مېڭىپ يۈرۈپ خەنزۇچە ناخشا ئېيتىپ ،
ئۆزىنىڭ راستتىنلا ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 5 - قارارىنى
پۈتتۈرگەن قەيسەر ئوفىتسېر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى .
بۇنداق چاغلاردا ئانىسى :

— قىزىم ، سېنى خەقلەر ئىشپىيون دەيدىكەن ، — دېسە ، ئۇ
غېمىدىمۇ يوق :

— دېسۇن ، پاھىشىخانىنىڭ ئايالى دەيدىغانلارمۇ بار ، ئۆزىنىڭ
ئاغزىنى پاسكىنا قىلىدۇ شۇ . ئاپا ، ئېيتقىنا ، ئۇرى نېمە دەيدۇ ؟

— ھېچنېمە !

— تىللامدۇ ؟

— ياق !

ئۇ ئۆزىچىلا قاقاقلاپ كۈلىدۇ ، بەزىدە يىغلايدۇ ، ئانا قىزىنىڭ
ھېچ ئىشنى بىلمەيدۇ . ئۇ بىرلا نەرسىنى — قىزىنىڭ ھېلىھەم

نۇرنىڭ ئۇتىدا كۆيۈپ يۇرگىنىنى بىلىدۇ، ئۇ يەنە چوڭ قىزى بىلەن كىچىك قىزىنىڭ كۇندىن ـ كۇنگە دۇشمەنلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلىدۇ. مانا تۇيۇقسىز نۇرى پەيدا بولدى، ئەمدى بۇ دۇشمەنلىشىش نەگە باراركىن؟ مانا قېرىشقاندەك نۇرى هويلىغا كىرىشىگە تېخى تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشمايلا سەبىخە ئۇنى يۇگۇرۇپ بېرىپلا قۇچاقلاپ سۆيمەكچى بولدى. ئانا دەرهال پەرىخەگە قارىدى. پەرىخە ئاۋۋال قىزاردى، كېيىن بىردىنلا تاتىرىپ لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى.

— سالامەت تۇردۇڭلارمۇ! — دېدى نۇرى قىزىرىپ.

ئۇنىڭ بويى ئۆسكەن، يۇزلىرى مالچىلارنىڭكىدەك قىزارغان، كۆزلىرى نۇرلۇق، قىزارغان مەڭزى ئاق يۇزىگە ياراشقان. ئۇنىڭ كەڭ كۆكرىكى ئاياللارنىڭكىدەك كۆڭلىكىنى كۆتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ گېپى ئاز، ئاۋازى جاراڭلىق، پۇتۇن تۇرقىدىن بىر خىل قەيسەرلىك، مەردلىك ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرگەن هەرقانداق قىز بالا هەۋەسلەنمەي قالمايدۇ. قېرى قىز بىرىنچى بولۇپ «ئۇھ!» تارتتى. ئارقىدىن پەرىخە هەم «ئۇھ»نى يوشۇرالمىدى. ئاسىيە ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ:

— قېنى ئۆيگە! — دېۋىدى، نۇرى ئىككى تۇپ تاغ تېرەكنىڭ ئاستىدىكى يازلىق چايخانىنى كۆرسىتىپ:

— چايخاناڭلار ياخشىكەن، — دېدى ۋە شۇ ياققا ماڭدى. ئاسىيە ئۇلارغا مۇزدەك بولاق سۇيىگە چىلانغان قىمىزدىن بىر چىنىدىن سۇندى.

هەممىنىڭ كۆزى نۇرىدا، نۇرى ئېغىر تەلەپپۇزدا ئاستا سۆزلىدى:

— سىلەرنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى. بىرەر يىل بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن.

— يەنە ئىككى ئايدا بىر يىل بولىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى سەبىخە.

— ئىككى ئاي ئون ئىككى كۇن، — دېدى پەرىخە تېخىمۇ

تەپسىلىي قىلىپ .
— شۇنداق ، مانا پەرىخەمۇ هازىر چوڭ قىز !
— هەدىسىدىنمۇ چىرايلىق ! — دېدى سەبىخە ئەلەم بىلەن .
— هەدىسىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ .
— تەقدىرى ئوخشىمىسۇن !
— تەقدىر دېگەننى ئىنسان ئۆزى يارىتىدۇ !
— ياق ، ئىرادىگە بېقىنمايدۇ . مەسىلەن ، مەن لومونوسوف بولىمەن دەپ تىرىشقانىدىم . مانا هازىر يىلقىچى ، بۇ تەقدىرنىڭ كۈچى .
— تىرىشمىدىڭىز ، مەسىلەن ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچقان بولسىڭىز !
— مەسىلەن ، هەدەمدەك ...
— هەدەڭ قاچمىدى ، هەدەڭنى ئەپقاچتى !
— ئۇ سېنىڭ ئارزۇيۇڭ ئەمەس بولغىيدى ؟
— ۋەهشىي تەقدىر !
— تىللىما هەدە . ۋەهشىي تەقدىر سېنى ئوفىتسېر قىلىپ قويدى . بەلكى خوتۇن - قىزلاردىن چىققان تۇنجى ئوفىتسېرغۇ دەيمەن سەن ؟
— هەئە ، تۇنجى ئىشپىيون !
— هاي ، قىزلىرىم كۆڭۈللۈكرەك گەپلەرنى قىلساڭلارچۇ !
— بىزگە ئورتاق خۇشاللىق يوق ئوخشايدۇ بۇ ئۆيدە ! — دېدى سەبىخە تاتىرىپ . پەرىخە ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى .
— سەبىخە ، شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇپ چىققانلاردىن نۇرغۇن ئادەملەرنى تۇتۇپ كېتىپتۇ دەيدۇ ، راستمۇ ؟
— راست ، مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمدىن ئون ئىككىسى تۈرمىدە ماۋزېمىن ، چېن تيەنچۇلار بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلدى . جاللات ياڭ داتۇ ئۇلارنى تروتسكىيچىلار دەپ تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا بوغۇپ ئۆلتۈردى .
نۇرى سەبىخەگە چۆچۈپ قارىدى . ئۇ جۇبىنىڭ نازىرنى

كۆرگەن . ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان . ئۇ سەبىخەگە ئىشەنمەي قالدى .
— قارايسىزغۇ ، بۇ راست .
— سىز قانداق بىلدىڭىز ؟
— بىلگۈڭىز كەلگەن بولسا يۈرۈك باغقا ، مەن سىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي !
«يۈرۈك» دېگەن سۆز ھەممىدىنمۇ پەرىخەگە قاتتىق تەگدى ، ئۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كېتىشكە تاسلا قالدى . نۇرىنىڭ بۇ جەھەتتە يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلدى . ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى . قىرى قىز ئۆيگە ، ئاسىيە پەرىخەنى باشلاپ تاماق ئېتىشكە ماڭدى . سەبىخە نۇرىنى باشلاپ باغدىكى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ يانمۇيان ئولتۇردى :
— مەن سىزگە يالغان گەپ قىلمايمەن . مەن ساقچى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇبىڭدېگە ھەر ھەپتىنىڭ 5 - كۈنى غۇلجا شەھەر ۋە مۇشۇ نىلقا ناھىيىسىدىكى مەخسۇس ئادەملەر ئارقىلىق سىلەر توغرۇلۇق مەلۇمات يوللايمەن . بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سوۋېت ئىستىپاقىنىڭ ئىلى رايونىدا توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش پىلانىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش . سىلەرنى ھازىرچە تۇتمايمىز . ئەمما ، كېلەر يىلى ئاياپ قويمايمىز !
نۇرى يېنىدىكى «مۇھەببەت» ئوتىدا يۈرگەن قىزغا چۆچۈپ قارىدى .
— قورقماڭ ، بۇ مېنىڭ راست گېپىم ، مەيلى نەپرەتلىنىڭ ، مەيلى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋېتىڭ ، بۇ مېنىڭ ئىقرارنامەم . مەقسىتىم مۇشۇ ئورنۇمدىن پايدىلىنىپ سىلەر ئۈچۈن ئىشلەش ، ئاخىرىدا قىساس ئېلىش !
— سىلەر ئۈچۈن دېگىنىڭىز نېمىسى ؟
— بىلمەيدۇ دېمەڭ ، غۇلجىنىڭ قېرىلىرى ، بايلىرى ، يۇقىرى تەبىقىلىرى ئۆيەر - بۇ يەردە تەشكىلات قۇرۇپ ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدۇ . سىلەر ھە دەپ مال ئوغرىلاپ چېگراغا ئاپىرىپ ، قورال

سىتتىۋىلىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىسلەر. سىلەرگە مەخپىي، بىزگە مەخپىيەت يوق. ھەممىنى بىلىپ تۇرىمىز.

— ئەمىسە نېمىشقا تۇتمايسىلەر؟

— سىلەر ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن سىلەرنى ئورۇسلار ھەرىكەتلەندۇرۇۋاتىدۇ. ھەربىر تەشكىلاتنىڭ كەينىدە سوۋېت ئادەملىرى بار. شېڭ دۇبەن ستالىنغا يۈزسىزلىك قىلدى، لېكىن يۈرىكى پوك ــ پوك. ئورۇسلاردىن قورقىدۇ.

— قورقۇپ تۇرۇپ شۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ. تۇتۇلغان، ئۆلتۈرۈلگەنلەر يۈز مىڭغا يەتتى. تۆت مىليون نوپۇس بار شىنجاڭ ئۇچۇن بۇ سان ئازمۇ؟

سەبىخە خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلىمەكتە، نۇرنىڭ خىيال ئېكرانىدىن قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر ئۆتمەكتە: تۈرمە سوراقخانىسىغا كرېست جازىسى ئورنىتىلغان. چاچلىرى چۇۋۇلغان، بەدىنى تاياق زەربىسىدىن تىتىلىپ كەتكەن گەۋدىلىك بىر يىگىت كرېستقا باغلانغان. شېڭ شىسەي ئىشپىيونى — تەرى قورقۇنچلۇق، جىرتاق كۆزلىرى قانغا تولغان، قارا كىيىملىك جاللات جى يۈەنفۇ سىم قامچا بىلەن ئۇنى قاتتىق ئۇرماقتا!

— ماۋ زېمىن، سەن تروتسكىيچىمۇ ئەمەسمۇ، ئېيت!

— ياق!

— سۇيىقەستلىك توپىلاڭنى پىلانلىغۇچى، چېن تەنچيۇ ئىككىڭ، راستمۇ؟!

— ياق، ياق، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى!

— يالغان گەپ قىلما! شىنجاڭدا كومپارتىيە يوق، تروتسكىيچىلار بار، گومىنداڭمۇ يوق، ساتقۇنلار بار. گۇناھىڭنى ئىقرار قىلمىساڭ ئۆلىسەن!

— گۇناھسىزمەن!

— شىنجاڭغا كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟

— خەلقنى بەختلىك قىلىش !

— يالغان ، شىڭ دۇبەننى ئاغدۇرۇپ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش ، راستمۇ ؟

— مەقسىتىم ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇش ، سوتسىيالىزم ، كوممۇنىزم قۇرۇش !

سىم قامچا ئۇنىڭ بەدىنىنى تېخىمۇ تىتىۋەتتى .

جاللاتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— قېنى ، يەنئەندىكى كوممۇنىستلار سېنى قۇتقۇزالامدىكىن ، ماۋ زېدۇڭ ئاكاڭ قۇتقۇزالامدىكىن !

چېن تەنچيۇ ، لىن جىلۇ ، چىڭ شيۇيىڭلار كەينى ـ كەينىدىن قىيناش ـ ئۇرۇش ، مىخلاش بىلەن سوراق قىلىندى .

... ئاخىر ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا يوللىدى . ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جياڭ جيېشىغا سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى ئىدى . ماتېرىيالنىڭ بېشىغا شىڭ شىسەي دائىم سۆزلەيدىغان مۇنۇ سۆزلەر يېزىلدى : «شىنجاڭ چېگرا رايون ، ياپونىيە ، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئۈچ جاھانگىرنىڭ قورشاۋىدا . ئۈچ جاھانگىرنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى بار . ئۇلار ئاخبارات ئىگىلەپ ، ئاغدۇرمىچىلىق ، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى» ، «شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندىم . بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈملۈكى ئۆلتۈرۈش ، رەھىمسىزلىك بىلەن يوقىتىش . شۇڭا ، شىنجاڭدا تۈرمە كۆپ . بۇ تۈرمىلەر جاھانگىرلارنىڭ مەسلىھەتچى ، مۇتەخەسسىس ، ئوقۇتقۇچى ۋە ھەتتا سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جاسۇسلار ، سۇيىقەستچىلەر ئىكەنلىكى تۇپەيلى بارلىققا كەلگەن . ياپونىيە مانجۇرىيە دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن يەرلىك خائىن ئىسمائىل ھاجى ئارقىلىق بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ، شىنجاڭدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ ئۆزىگە بېقىندى دۆلەت قىلماقچى بولغان . گېرمانىيىمۇ ياۋروپا ـ ئاسىيا ئاۋئىاتسىيە شىركىتىدىن

پايدىلىنىپ ئاخبارات خادىملىرىنى تۇرغۇزغان ، ئەنگلىيە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرغان . سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرى ھازىرمۇ جىددىي ھەرىكەتتە . ماۋ زېمىن ، چېن تەنچيۇ دېگەنلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ ستالىنغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن جاسۇسلىرى ، ئۇلار سۇيىقەست پىلانلاپ ئىنىمنى ئۆلتۈردى ، مېنى ئۆلتۈرۈپ ، ھاكىمىيىتىمنى ئاغدۇرۇپ شىنجاڭنى ستالىنغا بېقىندى دۆلەت قىلىپ قويماقچى . بۇ يەنئەنىڭمۇ مۇددىئاسى... »

بۇ يىل يازدا — تېخى يېقىندىلا جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە ماۋ زېمىن ، چېن تەنچيۇ ، لىن جىلۇلارنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى . ليۇبىڭدې شېڭ شىسەينىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى داشىمېندىكى 2 - تۈرمىگە بېرىپ تۈرمە باشلىقى جاڭ سىشىگە شۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق يوليورۇق بەرگەن دېگەنلەرنى سەۋەبسىز خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۈرەتلىدى : جاللات ياڭ داتۇ — قاشلىرى ئۇزۇن ، بۇرنى غۇزمەك ، قولىمۇ يوغان ، ئۆمرىدە كۈلۈپ باقمىغاندەك سۇرلۇك ئادەم . ئۇ ئون نەچچە جاللات بىلەن قاراڭغۇ ئۆيگە مۆكۈنۈۋالدى . ماۋ زېمىنلارنى ساقچىلار ئۇ ئۆيگە بىر - بىردىن ئىتتىرىپ كىرگۈزدى . ياڭ داتۇلار كىرگەنلەرنى بىر - بىردىن تۇتۇپ ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى .

— سىز بىلىدىغان چىن شۇيىڭ ، سۇ زۇشىن ، ما جاۋ ، ياۋ جىجۇڭ ، زاڭ گوفېڭلارمۇ شۇ چاغدا ئۆلتۈرۈلگەن !

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى . نۇرىنىڭ كۆز ئالدىدىن جۇ بىلىڭ نازىرنىڭ كۈلۈپلا تۇرىدىغان خۇشخۇي چىرايى ئۆتتى . ئۇ پەرىشان ھالدا سۆزلىدى :

— شېڭ شىسەي يالغان ئەنزە ياساشقا ئۇستىكەن . غوجانىياز ھاجىلارنى خائىن دەپ تۇتقاندا ، ئۇيغۇرلارنىلا ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم . ئۇ خەنزۇلارنىمۇ ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىنىمۇ يالغان ئەنزە توقۇپ

ئۆلتۈرۈۋېرىدىكەن !

— ئۇ ھېچكىمگە يۈز - خاتىر قىلمايدۇ . دۇ جۇڭيۈەن دېگەن كىشى شېڭ دۇبەن بىلەن ياپونىيىدە بىللە ئوقۇغان . شېڭ شىسەيگە ئەڭ جىق ياخشىلىق قىلغان ئادەم . شۇ ئادەممۇ شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ، شىنجاڭ شۆيۈەنگە مۇدىر بولغان . شۇ كىشىنى پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ يوشۇرۇن پارتىيە ئەزاسى دەپ قولغا ئالدى . لېكىن ، ئۆلتۈرەلمەي ، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ دەپ تۈرمىدىن چىقاردى . ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىپ ، زەھەر سېلىنغان ھاراق ئىچىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . نېمە قىپتىكەن دەمسىزا؟ ئۇ بىر ئادىل زات . شېڭ شىسەيگە تولىمۇ جىق ئادەم ئۆلتۈردۈڭ ، بۇ قىلمىشىڭ ھاكىمىيىتىڭگە زىيانلىق دەپ نەسىھەت قىلغان ، سىلەرنى بىلىدىغانلارنى ساق قويمايدۇ شۇ !

نۇرى سەبىخەگە قارىدى . قىزنىڭ ھېلىقى چىرايلىق كۆزلىرىدە تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ، پەقەت سەزگۈر يۈرەكلا سېزەلەيدىغان بىر خىل يوشۇرۇن قۇۋلۇق بار ئىدى . ئۇ ھەممىلا نەتىجە ئەقىل - ئىدراكىنىڭ مەھسۇلى دەيدىغان پەلسەپىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىلمەكتە ئىدى . سەمىمىيلىك ئىنسانلار ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق بولسىمۇ ، ئۇ ھايات يولىنى يورۇتقۇچى ماياك ئەمەس ، ئۇ بىر خىل قورال ، پەرداز بۇيۇمى ، سەن ئۇنى ئەقىل - پاراسىتىڭ ئۈچۈن ئىشلەت ، دەيدىغان بىر تۈركۈم ياشلار تۈرىگە كىرگەنىدى .

— مېنىڭ بىلىشىمچە ، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپىنىڭ تەلىماتى : جاپا - مۇشەققەتكە چىداش ، كۆيۈمچان ، سەمىمىي بولۇشقۇ - ھە؟

— سىز ئۇنى نەدىن بىلىۋالدىڭىز؟

— قۇربان بۇرھانىدىنوف دەپ بەرگەن .

— ھە ، ئۇ قاچقۇن ھازىر ئالمۇتىدا . بىلەمسىز ، ھازىر ئالمۇتىدا ، فرونزىدا سىلەرنىڭ ئون ئىككى تەشكىلاتىڭلار بار . ئۇلار قوراللىنىپ كىرمەكچى !

— گەپنى ئېلىپ قاچماڭ ، — دېدى نۇرى سوغۇقلا قىلىپ ، — مەن هازىر ئۆز ۋاقتىدىكى سۆيۈملۈك قىز ، مەن چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرگەن قىز سەبىخە بىلەن ئەمەس ، ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 5 - قارارىنى پۈتتۈرگەن شىڭ دۇبەننىڭ ئوفىتسېرى بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن .

— ئىككىسى بىر ئادەم . سىز بۇرۇنقىسى ئۆلدى ، ئۇ يوق دېمەكچىمۇ ، ياق ، ئۇ هايات ، ئۇ يېتىلدى . ئۇ مەكتەپنىڭ تەلىمىگە سەممىي ، سادىق !

— كىمگە ؟

— خەلقىگە !

— ياق ، ئۆزىنى يېتىشتۈرگەن هۆكۈمەتكە !

— باشتا دېدىم ، مەن ئورنۇمدىن پايدىلىنىپ ئۆز غايەم ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن !

— ئۇنداقتا ، سەممىيلىك ، كۆيۈمچانلىق ساختا بولۇپ قالامدۇ ؟

— ساختا - يالغان ، سەممىي - سادىق دېگەنلەرگە مەن ئىشەنمەيمەن . سىزچۇ ؟ مەن بىلەن يېقىن ئۆتكەن تۇرۇپ سىڭلىمنى بىر كېچە قۇچاقلاپ ياتتىڭىز ، بۇلارنى سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرەلەمسىز ؟ مەنغۇ ئىلاجسىز ، سىزچۇ ؟ قىساس ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭىزمۇ ؟

— هەرىكەتنىڭ هەممىسىلا مۇهەببەتكە بېقىنىۋەرمەيدۇ . پەۋقۇلئاددە شارائىت پەۋقۇلئاددە هەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ !

— مەن بۇنى چۈشىنىمەن . لېكىن ، سىز مەندىن يامانلاشقا هەقلىق ئەمەس . كۆزلىرىڭىزدىن مۇز ياغىدۇ ، هېچبولمىسا مېنىڭ سىز ئۈچۈن ياشاۋاتقىنىمنى ئېتىبارغا ئېلىشىڭىز كېرەك ئىدى !

— كىم ئۈچۈن ياشاۋاتقىنىڭىزنى تىل بىلەن ئەمەس ، هەرىكەت بىلەن ئىپادىلىمىدىڭىز تېخى !

— مېنىڭ پۈت - قولۇم باغلاقلىق ، مەن هەربىر هەرىكىتىمگە جاۋابكار . ناهىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ

مۇئاۋىن باشلىقىمەن . ئۇرۇمچىگە پات ـ پاتلا بېرىپ كېلىمەن . مەن ئۇلارنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك قۇربانلارنى بەردىم ، بىلەمسىز ؟ مېنىڭ روھىمدىن باشقىسى ھەممىسى باشقىلارنىڭ . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزنى ھېچنېمە بىلەن ئىشەندۇرەلمەيمەن !

قىز بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . ئۇ بېشىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ قاتتىق سىلكىنىپ يىغلىدى ، نۇرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى . ئۇ ئاخىر قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ :

— يىغلىماڭ ، ياق ، يىغلىۋېلىڭ ، يىغىڭىزدا سەممىيلىك باردەك قىلىدۇ ! — دېدى .

ئۇنىڭ قوللىرى قىزنىڭ بېشىغا قويۇلغاندا باغ ئىشىكىدە پەرىخە پەيدا بولدى . ئۇ نە ئالغا مېڭىشىنى ، نە كەينىگە يېنىشىنى بىلمەي قېتىپلا قالدى . ئون يەتتە ياشلىق ئوتلۇق يۈرەك ئاشۇ يىگىتنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنغان ئەمەسمىدى ، ئۇنىڭ قوللىرى نەدە ؟ ئۇنىڭ قەلبىدە نەپرەتكە ئورۇن قالمىغانمىدۇ ـ ھە ؟ ياق ، ئۇنى ئاۋۇ ئېزىتقۇ ئازدۇرۇۋاتىدۇ . ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ ، ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى ئازدۇرالايدۇ . نۇرى پەرىخەنىڭ ، ئۇنى كىمدىكىم تارتىۋالىمەن دېسە ھاياتىنى تىكىپ ئېلىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ھېلىقى چاغدا نۇرى ئۇنى قازاق ئۆيىدە بىر كېچە قۇچاقلاپ ، سۆيۈپ چىقتى . ئۇ پەرىخەنى سۆيگەندە ئۇنىڭ ئىسسىق لەۋلىرىدىن قەسەم چىققان . ئۇ پەرىخەدىن باشقا ھېچكىمنى سۆيمەيدۇ . پەرىخە نۇرى ئۈچۈنلا يارالغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشايدۇ . نۇرى — چىرايى ، بەدەن فىگۇرىسى تەڭداشسىز گۈزەل يىگىت ، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتتە ھەم شۇنداق . ئىرادە ـ غەيرەتتىمۇ ھەم چىرايلىق ـ ئەقىللىق ، ئىرادىلىك بولۇش ھەممىلا يىگىتلەرنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ . بەلكى بىرلا نۇرى شۇنداقتۇر . بۇنداق يىگىتنى كىم تالاشمايدۇ . مۇنۇ سەبىخە ئۇنىڭ خىلىمىدى ؟ ئۇ بىر ھىيلىگەر ، بۇلغانغان ، قورقۇنچلۇق ئايال . ھازىر پەرىخەنىڭ قەلبىدىكى ھەدە — سەبىخە مەۋجۇت ئەمەس ، ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سەبىخە ئىسىملىك جادۇگەرلا مەۋجۇت . پەرىخە

ئانىسىنىڭ ئۇنى نېمىشقا ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ . بالا بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ پەرىخە بىلمەيدىغان ئانىغا ياقىدىغان ئىشلىرى بارمىدۇ ؟ پۇل بېرىدۇ ، ئولتۇراق ئۆي ئېلىپ بېرىدۇ ، ئانىلار بالىلىرىنىڭ سوۋغىسىنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ ، بەلكى شۇنىڭ ئۈچۈندۇر ، ياق ، پۇل دېگەننى كىم ئەكىرەلمەيدۇ ؟ پۇل سەممىيلىك ساداقەتنىڭ بەلگىسى ئەمەس ...

نۇرى ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، چاقچاق قىلىپ :

— ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ئون ئىككى ماددىلىق نىزامىدا يىغا يوق ، سىز نىزامغا خىلاپلىق قىلىۋاتىسىز ! — دېدى .

— پەۋقۇلئاددە شارائىتتا پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت شەكىللىنىدۇ ، — دېدى سەبىخەمۇ ئورنىدىن ھەربىيلەرگە خاس چەبدەسلىك بىلەن دەس تۇرۇپ ، — بەلكى ئەڭ ئاخىرقى يىغام بولۇپ قالار ، مەن جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە جەڭچىسى بولغاندىكىن كۆز يېشىمنى كۆرسەتمەسلىكىم لازىم ئىدى !

سەبىخەنىڭ ھەرىكىتى ، سۆزى ، پىكىر قىلىشى ھېلىقى ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ بېغىدا تۇنجى قېتىم نۇرىنىڭ يۈرىكىدە مۇھەببەت يالقۇنى پەيدا قىلغان قىزغا زادىلا ئوخشىمايتتى . بەدىنىدە شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان قىزنىڭ ھېسسىيات ساپلىقى بولۇشى نۇرىغا ئىشەنچلىك ئەمەس ، پەرىخە — ئۆز ۋاقتىدىكى سەبىخە . ھازىرقى سەبىخە مۇھەببەتنى سىياسىي سودا بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالغان ، پۇختا تەربىيىلەنگەن ساقچى . بەلكى ئۇ نۇرىنى قورال قىلىپ بىرەر مەقسەتكە يەتمەكچىدۇر ، بەلكى ئۇ ئۆزىنى نۇرىغا باشقا بىر يولغا باشلىيالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە ھېسابلايدىغاندۇر ، ھايات يولىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمىنى ئوڭۇشلۇق مېڭىشتا بەلكىم ئۇ نۇرىدىن بىرەر ئىشتا پايدىلىنار .

نۇرى ئۆز خۇلاسىسىگە ئىشىنىپ ھوشيار بولۇشقا ئۆزىنى ئاگاھلاندۇردى . پەرىخە كېلىپ :

— ئاپام بېچارە سىزنى دەپ كاتلېت ، قولداما تەييارلىدى ، تاماق تەييار بولدى ! — دېدى تەستە كۈلۈمسىرەپ .

— ئاپامنىڭ كۆڭۈل ئىزدەيدىغىنىزە، — دېدى سەبىخەمۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، نۇرنى ئاستا قولتۇقلاپ، — يادىڭىزدىمۇ، بىزنىڭ ھېلىقى مىڭبېگى ئېلىپ بەرگەن ئۆيىمىزدە، سىز قولداما يەپ ناھايىتى ماختىغانتىڭىز، سىز بەك خۇش بولغانىدىڭىز ـ ھە؟

— مېنىڭ خۇشاللىقلىرىم يادىڭىزدىكەن ـ دە؟

— ھېلىقى چاغا، قاسىم مىرابنىڭ ئۆيى، چاندا ئوقۇغان شېئىرلىرىڭىز ••• ئۇنداق خۇشاللىق تەكرارلانمايدۇ. سىڭلىم پەرىخە، سەن بۇنى ھېس قىلالمايسەن.

— بەلكى ساڭا تەكرارلانماس، ئەمما مېنىڭ خۇشاللىقلىرىم تېخى ئالدىمدا، ھەدە! — دېدى پەرىخە كۆپ رومان ئوقۇپ يېتىلدۈرگەن تىل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، — نۇرى ئاكام ئۇنتۇپ قالغان خۇشاللىقلارنى ئېسىگە سالغىنىڭ ساڭا خۇشاللىق بولغىنى بىلەن نۇرىكامغا ئازاب. راست ـ ھە، نۇرىكا؟

پەرىخە نۇرنىڭ سول قولىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ سۆركىلىپ ئەركىلىدى. نۇرى ئىككى قىزنىڭ بەس ـ بەس بىلەن چېنىڭ سىقىشلىرىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن جىم تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى. ئۇنىڭ بەدىنى ھەم كۆيمەكتە، ھەم مۇزلىماقتا، ئۇ كىمگىندۇر سۆركىلىشنى، كىمدىندۇر ئۆزىنى قاچۇرۇشنى خالايتتى. لېكىن، ئوڭ ياكى سول قولىنىڭ قايسىسى ئوتتا، قايسىسى مۇزدا ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمايتتى. ئۇ: «قەلبىمدە مۇھەببەت ئوتى باركەن، بۇ ئوتنى چۇخچىلاۋاتقىنى قايسى؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىدى.

ھويلىدىكى يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستى پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، يەرگە سۇ سېپىلگەن، ئۈستەلگە سېلىنغان داستىخانمۇ ئاجايىپ چىرايلىق: ئاق خەسىگە گۈللەر ۋە گۈللەر ئارىسىدىن بىر نېمە ئىزدەۋاتقان كېپىنەك كەشتىلەنگەنىدى. قىبرى قىزمۇ ئالاھىدە ياسانغان، داغ چۈشكەن، قارىقۇمچاق يۈزىنى ئۇپا بىلەن ئاقارتىپ قولىقىغا چىرايلىق ھالقا سېلىپ، قارا بويىنىغا ئاق مارجان ئېسىۋالغان. ئۇنىڭ كىيىۋالغان كۆڭلىكىمۇ ئاق

گىرىپتىشىن ، بىر جۈپ كۆكسىنى ئالاھىدە كۆتۈرۈۋالغانىدى .
تۆت ئايال بىر ئەرگە تىكىلىپ ئولتۇرماقتا . ھەممىسىلا ھىلىدىن - ھىلىغا ئۇھ تارتىدۇ . بىرلا نۇرى ئىشتىھا بىلەن تاماق يېمەكتە . پەرىخە ۋىلكا - ئارىلار بىلەن ھىلىدىن - ھىلىغا ئۇنىڭ تەخسىسىگە كاتلېت سېلىپ قويىدۇ ، قىرى قىز ھىلىدىن - ھىلىغا ئۇنىڭ چېيىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ ، بىرلا ئاسىيە ئانا گەپ قىلماستىن ئازاب بىلەن ئاستا تاماق يېمەكتە ، سەبىخە بولسا ئارتىسلىق ماھارىتىنى كۆز - كۆز قىلىپ بىردە قاقاقلاپ كۈلۈپ ، بىردە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ، بىردە نامەلۇم ئادەملەرنى دوراپ ، يەنە بىردە نۇرىنىڭ ، ل . مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئۆزىنى كۆڭلىدە زەررىدەك غېمى يوق ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا .
مانا ئۇ ئۆيگە كىرىپ گارمون ئاچتى . بىردە تاتار جىرلىرىغا ، بىردە رۇسچە ، ياۋروپاچە داڭلىق كۈيلەرگە ئوينىتىپ ، ھىلىدىن - ھىلىغا ئانىسىغا :
— جىرلا ، ئاپا ، ئۇنتۇلغۇسىز بىر خۇشاللىق خاتىرىسى يارىتايلىچۇ ! — دەپ قويۇاتتى . ئانا قىزىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ سەل خىرقىراپ قالغان ئاۋازى بىلەن جىرلايتتى ، ناخشا ئېيتىشاتتى ، قاقاقلاپ كۈلەتتى ... مانا نىلقا ئاسمىنىدا تولۇن ئاي پەيدا بولدى . قاش دەرياسى گارمون بىلەن بەسلەشمەكتە ، يۇلتۇزلار قىزلاردىن گۈزەللىك تالاشماقتا . گارمون ئادىنوچكىغا ئوينىۋىدى ، ئاسىيە ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ ، قولىدىكى قولياغلىقىنى ئوينىتىپ ، پۇتىنى چاققان - چاققان يەرگە ئۇرۇپ قويۇپ ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئويناپ :
— باللىرىم ، مەن قازاندا ، بوۋامنىڭ داچىسىدا ! ئويناڭلار ، ئوينىۋېلىڭلار ، ئۆزۈن بولدى ئويىنىمىغىلى ، جەم بولغاندا قانغۇچە كۈلۈۋالايلى ، ئوينىۋالايلى ! — دېدى .
ئۇنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئۇلار راستلا قانغۇچە ئويناشتى ...
يېرىم كېچە ، جاھان جىمجىت ، نۇرى يازلىق چايخانىدىكى

سـۇپـىدا ، ئاسماندىكى ئۇلتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ يېنىچە ياتـمـاقـتا . بۇ ئاي كىمگە ئوخشايدۇ ؟ ياشلىقتا خاس ئىنسانىي مـۇھـەببەت بىلەن خوشلىشىۋاتقان سەبىخەگىمۇ ياكى نېمىنىدۇر ئەلدىن يوشۇرۇپ ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىۋاتقان مۇختەربايغىمۇ ؟ مـۇختەرباي ھەر قېتىم نۇرىنىڭ ئائىسىنىڭ قەبرىسىگە كەلگەندە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلايتتى . «نېمىشقا ؟» دەپ سورايتتى نۇرى ئۆزىدىن . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئانىسى «قاۋان !» دەپ چوڭ دادىسىنى دائـىم ئارقىسىدىن تىللايتتى . نۇرى چوڭ بولۇپ ھەممە ئىشنى باشقىدىن ئويلاپ ، باشقىدىن خۇلاسە چىقارماقتا ...

ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىۋىدى ، بىر نازۇك قول ئۇنىڭ يۈزىنى سىيپىدى ، ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى :

— كىم ، ئۇنداق قىلماڭ !

— بۇ مـەن ، پەرىخە ! — قىز ئۇنىڭ قـوينىغا كىردى . ئۇ ئـىتتىرىشكە ياكى ۋارقىراشقا ئۇلگۇرەلمىدى . ئاي قاراڭغۇسى ، قىزنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە ھىم چاپلاشقان . قىز ئۇنى ھازىر يەۋېتىدىغاندەك سۆيمەكتە ئىدى ...

نـۇرى خـېلىدىن بېرى ئايال بەدىنى بىلەن ئۇچراشمىغان . ئـۇنـىڭ ئـەقـىل كونتروللۇقى ئاجىزلاشتى . قىز ئۇنىڭ بەدەن ئىشتىھاسىنى چۈشەنگەندەك ، ناھايىتى لەززەتلىك قىلىقلار بىلەن قاۋۇل يىگىتنىڭ ئاستىغا چۈشتى ...

بـىـر مىنۇتتىن كېيىن نۇرى ئاستىدا راھەتلىنىپ ئىڭراپ لـەززەت ئـېـلىۋاتقان پەرىخە ئەمەسلىكىنى سەزدى . لېكىن ، ئۇ كېچىككەنىدى . پۈتۈن بەدەن جىسمانىي لەززەتكە قانغاندىن كېيىن ئۇ :

— تېز يوقال ، ئېزىتقۇ ! — دېدى .

قىز ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ :

— پـەرىـخـە كىرگەن بولسا شۇنداق دەيتتىڭمۇ ؟ — دېدى قۇلىقىغا پىچىرلاپ . نۇرىنىڭ بەدىنى شۈركەندى . ئۇ مۇز بىلەن ئوتنىڭ پەرقىنى شۇ چاغدىلا بىلدى . يېنىدا ياتقىنى مۇز ئىدى ،

ئۆنى خاتالىشىپ ئوت دەپ قاقلاپتۇ، لېكىن ئۇ كىچىككەنىدى. ئۇ سەبىخەنى ئىتتەردى. سەبىخە سۆيىدىن چۆشۈۋېتىپ:

— بىلىپ قوي، بالاڭ مېنىڭ بەدىنىمدە چوڭ بولىدۇ! — دېدى.

نۇرى ئۆنى ئۆزىنىپ تۇرىشىغىلا ئۆنىڭ بېشىدا غالىلداپ تىترەپ پەرىخە پەيدا بولدى:

— سىز ... سىز ئۆنى!...

قىز يۈزلىرىنى توسۇپ نۇرىغا كەينىچە يۆلەندى ۋە ئازاب بىلەن يىغلىدى.

— ھېچنېمە بولمىدى، مەن ئۆنى سۆيىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتىم! — نۇرى يالغان ئېيتتى. ئۇ مانا ھازىرلا يالغاننىڭ بىر ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى سەزدى.

قىز ئۆنىڭغا «يالت» قىلىپ بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئاستا قوللىرىنى بويىنىغا سۇندى. نۇرى ئۆنىڭ ئىنچىكە، نازۇك بەللىرىدىن چىڭ قۇچاقلاپ سۆيىغا ياتقۇزدى، قىز گويا جانسىزدەك، ئۇ غالىلداپ تىترەيتتى، ھاياجاندىن تېز ـ تېز نەپەس ئېلىپ:

— ئۇنداق، ئۇنداق قىلمايلى! ... — دېدى.

— ھېچنېمە قىلمايمەن، قاراڭ، سۆبھى كۆتۈرۈلدى!

نۇرى ئۆنى ئاستا سۆيۈپ قويىدى، قىز تەشنالىق بىلەن لەۋلىرىنى يەنە تەگلىدى، نۇرى ئۆنى بېلىدىن تۇتۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ قۇلىقىغا:

— كەلگۈسىدە ... — دېدى. قىز سۆيىدىن چۈشۈپ باغقا يۈگۈرۈپ كەتتى. نۇرى يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ يېتىپ:

— يەنە بىر يېڭى ئازاب ... — دېدى.

ئەتىگەنلىكى ھەممىسى ئۆز ئىشلىرىغا مېڭىشتى. نۇرى مېڭىش ئالدىدا ئاسىيە ئۆنى يالغۇز يەرگە تارتتى.

— بالام، — دېدى ئۇ نۇرىنىڭ قوللىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ، — سىنى ئۆز بالام ھېسابلايمەن. قىزلىرىمنىڭ

ئىشلىرى ماڭا بەش قولدەك ئايان. پەرىخە تولىمۇ ياخشى بالا بولدى، ئۇنىڭ بەختى ئالدىدا. سەبىخەگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۇ بىچارە، چىدىمايمەن. بالام، ئاشۇ قىزىمنى بەختلىك قىل، قولۇڭدىن كېلىدۇ!

نۇرىنىڭ قارىشىچە، ئۆز بەختىنى باشقىلارنىڭ قولىدىن ئىزدىگۈچىلەر راستلا بىچارە، ئۇنىڭ بىچارىلەرگە نىسبەتەن كۆڭلىدە تۇنجى قېتىم نەپرەت پەيدا بولدى.

ئىلقا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە ئىككى ھەمراھى بىلەن تۇرۇۋاتقان غېنى باتۇر نۇرىنى سوغۇقلا كۇتۇۋالدى:

— گۆردىن ئەمدى چىقتىڭمۇ؟ قايسىسى بىلەن كۆڭۈل ئاچتىڭ؟ بوشاپ كېتىپسەنغۇ، چوڭى كۇتۇۋاپتۇ ـ دە!

— ھەئە! — نۇرىمۇ سوغۇقلا جاۋاب بەردى. ئۇ غېنى ئاكىسىغا يالغان گەپ قىلمايتتى.

— ھازىرلا يولغا چىقىمىز، كۆكقامىر تېغىدا يازنى ئۆتكۈزۈۋالساق، پاتىخلارمۇ كېلىپ قالار، مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ ئۆلەي دېدىم. قېچىپلا يۈرىمىزمۇ؟ قىرىپ باقايلى، قوغلاپ باقايلى، شەھەر سوراپ باقايلى ـ دە! ھە راست، ئورۇسلار گېرمانلارنى قوغلاپ نەگە ئاپاردى؟

— ھازىر لېنىنگراد شەھىرىدە قاتتىق جەڭ بولۇۋاتىدۇ!

— نېمە قىلىۋاتىدۇ شېڭ دۇبەن دېگەن قاسساپ؟

— ئۇ ھە دەپ گومىنداڭ پىرقىسىنى قۇرۇۋېلىپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ، گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى شىنجاڭغا كىرىۋاتىدۇ.

— لېنىننىڭ تۇغۇلغان شەھىرىمۇ لېنىنگورد دېگىنىڭ؟

— ياق، رۇسىيىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى، موسكۋادىن چوڭ شەھەر. نېمىسلار ئۇ يەرنى قورشىۋالغىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى. ھەر كۈنى سەككىز ـ توققۇز يۈز ئايروپىلان، مىڭدەك زەمبىرەك، تانكا بىلەن بومباردىمان قىلماقتا. گىتلېر بۇ شەھەرنى يوق قىلىۋېتىشكە بۇيرۇق بەرگەن.

— نەچچىلىك ئەسكەر بىلەن قورشىدى ؟
— ئۈچ ـ تۆت يۈز مىڭ !
— ۋاي ـ ۋۈي ، پۈتۈن غۇلجا خەلقىدىن جىق دېگىنە ؟
— بۈرۈن ۋوروشىلوف دېگەن مارشال باش قوماندان بولۇپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى . ستالىن ئۇنىڭ ئورنىغا ژۇكوف دېگەن گېنېرالنى قويدى . ژۇكوف ھەم باتۇر ، ھەم دانا !
— مەنچۇ ؟ راستىنى دېگىنە ، مەنچۇ ؟
— سەن باتۇر ، مەرگەن ، لېكىن دانا دېيىشكە بولمايدۇ .
— ھا ـ ھا ـ ھا ! ··· جالاپنىڭ ··· ھە ، ئاغزىمنى بۇزماي جۇمۇ ، راست گەپ قىلدىڭ ، مەن دانا ئەمەس ، پاتىخ مەندىن ئەقىللىق ، ئەكبەر ئىككىمىز قورقۇمسىز . جەڭدە قايسىسى لازىم ؟
— ھەر ئىككىلىسى . جەڭچى بولۇپ بۇيرۇقنىلا ئىجرا قىلساڭ باتۇرلۇق زۆرۈر . كوماندىر بولساڭ كاللا بولمىسا بولمايدۇ .
— ھا ـ ھا··· ئايۇۋلى سايدا ئۆلگىلى تاس قالدىم . پاتىخ بولمىغان بولسا ئۆلەتتىم . بىلىسەنغۇ ، بىر ماشىنا ئەسكەر بىزنى تۇتقىلى كەلدى . ئەسكەرلەر ماشىنىدىن چۈشكىلىۋاتسا مەن ئوۋ مىلتىقى بىلەن بىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئاتلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتتۈم . پاتىخ ئېتىمنى ئېتىپ يىقىتىپ مېنى ساقلاپ قالدى . ئەسكەرلەر ئوق دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى . پاتىخ يىقىتىۋەتمىگەن بولسا ئوقتا قالاتتىم ھا ـ ھا···
— كېيىن قېچىپ يۈرۈپ ، يىراقتىن ئېتىپ دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، قالغىنىنى قاچۇرۇۋەتتۇق . ئوتتۇز ئەسكەرنىڭ ئونىنىلا ئۆلتۈرسەك يىگىرمىسى قېچىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ ـ دە !
— بىز ئېتىشنى بىلگەن بىلەن سوقۇشنى تازا بىلمەيمىز !
ئۇلار ئاتلاندى . تاغ خېلى يىراق ، ئۇلار ھوشيارلىق بىلەن مىلتىقلىرىنى بەتلەپ دۈمبىلىرىگە ئېسىۋېلىشتى .
غېنى ئات مىنىۋالسا زادى ئاستا ماڭمايدۇ . ئۇلار قاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قارىتىپ چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ

ئاتلىرىنى قويۇۋېتىشتى .
مەھەللىلەردىن ئۆتكەندە بىر توپ ئىت ئۇلارنى قوغلىدى .
— توختا ! — دېدى غېنى تۆت ئاتلىققا بۇيرۇق بېرىپ .
مەسچىت ئالدىدا بىر توپ ئادەم تۇراتتى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئەسكەر ، ئات مىنگەن ئىككى يايى بار ئىدى . ئەمەلدارلار سىياقىدىكى بىرى ئادەملەرگە قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەۋاتاتتى :
— ھەر ئون قويغا بىر قوي ، يارىتىپ ئالىمىز ، بۇ دېگەن چۆپ ئۇچى ھەققى !
— ھېجىقىز ، چۆپنى سەن تەرگەنمىدىڭ ؟
تۇيۇقسىز تىل ئاڭلىغان ئەمەلدار يېنىغا بۇرۇلۇپ قوراللىق ئادەملەرنى كۆرۈپ ھودۇقتى :
— بۇ… بۇ دېگەن شېڭ دۇبەننىڭ بۇيرۇقى… چۆپ ئۇچى… مەن يۇزبېگى … مانا شەڭگەن يامۇلىنىڭ ئادەملىرى…
— دۇبەننىڭگە ئېيت ، چۆپ ئۇچى ئالغۇچە خايامنىڭ ئۇچىنى ئالسۇن ، ۋۇي ئاناڭنى !…
— ۋۇي…
— ھا ـ ھا ـ ھا ! …
— سىز كىم ؟ — يۇزبېگى قورقۇپ سورىدى ، — غېنى دېگەن كىشىغۇ دەيمەن ، ھۆكۈمەت سىزنى ئىزدەپ يۈرىدۇ ، تۇتۇۋالسا…
— ھۇ ئاناڭنى !
غېنى قورالىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۇزدى . ئۇنىڭ قالپىقى ئۇچۇپ چۈشتى . ئەسكەرلەر بىلەن يايىلار ئاتلىرىنى شەھەر تەرەپكە توغرىلاپ دېۋىتتى . غېنى ھەمراھلىرىغا :
— ئېتىڭلار ! — دېۋىدى ، نۇرى ئۇنىڭغا :
— ئەقىل مەشەدە ئىشلىنىدۇ ، غېنىكا ! — دېدى ۋە ئىككى ھەمراھىغا قورال ئالغۇزمىدى .
جۇل ـ جۇل كىيىملىك دېھقانلار قاقشىغىلى تۇردى :
— تۇگىمەيدىغان سېلىق بىزنى موكچەيتىۋەتتى !

— لەڭ بۆلتۇرقىدىن ئاشتى !
— ئالتە بالا زاك يەمدۇ ؟
— ساناپ باقسام ئالۋان - سېلىق ئون ئىككىگە يېتىپتۇ !
— خەي پۇلى دېگىنى نېمىسى ؟
— غاڭزا پۇلىمۇ ئالغۇدەك !
— ئەمدى قوڭمىزنىمۇ ئېيتىپ قوي دەيدىغان ئوخشامدۇ !
— ياشىغۇچىلىكىم قالمىدى .
— يۇزبېگى ، ھەي ماناپباي ئوق بېشىڭىزغا تەگمەپتۇ ، بۇ ئادەم مەرگەنىكەن ، قالپىقىڭىزدىن تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ ناھايىتى !
— يۇزبېگىلىكىنى چېكىسىگە تاڭسۇنا ، بۇياققا قارىسا دېھقان زارلاۋاتقان ، دېمىسىمۇ راست ، كۈن تەس ! ئۇياققا قارىسا ھۆكۈمەت !
نۇرى غېنىنىڭ قۇلىقىغا :
— تېز كېتەيلى ، ھازىرلا ئەسكەرلەر كېلىدۇ ! — دېدى .
— شېڭ دۇبەننى يوقىتىمەن دېگىنىڭ بىز بىلەن ماڭ ! — دېدى غېنى مىلتىقىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ، — ئاز قالدى ، بۇ ھۆكۈمەتنى يوقىتىمىز !
ئۇلار چىغىر يول بىلەن بىر كىچىك غولغا قاراپ شىمالغا يۈرۈپ كەتتى . ئۇلار كېتىپلا راست دېگەندەك بىر ماشىنا توپا توزۇتۇپ يېتىپ كەلدى . ماشىنىدا لىق قورallıq ئەسكەر بار ئىدى .
— ئۇتتۇر قاچتى ، غېنى ئوغرىنىڭ ئۆزى شۇ . مەن تونۇغاچقا ئىككى يايى بىلەن ئەسكەرنى سىلەرگە ئەۋەتكەن !
خەلقلەر ئۆيلىرىگە تاراشتى ، ماشىنا ئۇدۇل شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .
— غېنىكا ، تاسلا قالدۇق ئىش تېرىغىلى !
— ئىش تېرىشتىن قورقساڭ ھۆكۈمەت بىلەن قانداق سوقۇشۇسەن ؟

— مىلتىق ئاتقىنىڭ نىمىسى هوي ؟
— يۈرىكىنى مۇجۇپ قويمىساق بولمايدۇ . ئابدۇمەرنى كۆرسەم ئېتىۋېتىمەن .
— بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئەپيۇنكەش ختايلارنى ئېتىۋەتكىنىڭ ياخشى بولدى .
— ئەمدى سەھراغا چىق دېسىلا چىچىۋېتىدىغان بولىدۇ ئەپيۇنكەشلەر !
— ئابدۇمەرنىڭ چوڭ قورۇسى چالا كۆيۈپ قاپتۇ .
— ئابدۇمەر ئەمدى سەھراغا چىقالمايدۇ !
— دادام بىلەن بىر كۈنلا بىللە بولدۇم . ئۇكىلىرىمنى كۆرەلمىدىم ، ئۇلارغا زىيان سالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن ، غېنىكا !
— ئۇرۇمچىنىڭ يولىدا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز هازىرمۇ ماشىنىلارنى ئوقۇقا تۇتۇۋاتىدۇ . كەڭسايدا قالتىس مەرگەنلىرىمىز بار جۇمۇ !
— ئەكبەر باتۇر ئۇلاستايدا بولسا مۇنۇ ئەسكەرلەر تۇتۇۋالماس - هە ؟
— سىيىتنىڭ ئادەملىرى بۇ چاغقىچە ئەكبەرگە خەۋەر بېرىپ بولدى . مېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگۈم كېلىپلا تۇرىدۇغۇ تاڭ .
— ساناپ باققانسەن ، قانچىنى ئۆلتۈردۈڭ جەمئىي ؟
— ئون ئۈچ ئاران .
— مەن تېخى ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىدىم .
— سەن ماڭا قۇيرۇق بول . باش بولىمەن دەيسەنا تېخى . ئەمما باش دېگەننى يەڭگۈشلەشكە بولمايدۇ - دە . غوجانىياز هاجى دېگەن قالتىس مەرگەنتى دېيىشىدىك ، هە ؟ مەرگەنلىك بىلەن يۇرت سورىغىلى بولمايدۇ - دە .
— مەرگەنلىك بىلەن دۈشمەننى ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ . لېكىن ، هاكىمىيەت يۈرگۈزگىلى بولمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن كاللا كېرەك ، ئاكا !

— بىز قانداقراق ھۆكۈمەت قۇرارمىز ، ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنى قازان بېشىغا چىقىرىپ قويسا يۇرت سورىيالامدۇ ؟
— سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلىدۇ ، غېنىكا !
— ئۇنداقتا بىزنى ئورۇسلار سورامدۇ ؟ بىز ئورۇسلار ئۈچۈن قان تۆكىمىزمۇ ؟ بىزنىڭ يېرىمىزنى نەدىن چوڭ دېيىدىغا ، ھە راست ، گېرمان ، ياپون ، ئىتالىيە دېگەنلەرنىڭ يېرىدىن چوڭ دېيىدىك ، شۇنچە يەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇس سورامدۇ ؟
— بىزنىڭ يېرىمىز بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر .
— گېرمانىنىڭچۇ ؟
— ئۈچ يۈز نەچچە مىڭغۇ دەيمەن ، بىزنىڭ يېرىمىزغا يەتمەيدۇ .
— گىتلېر دېگەن شۇ يەردىن چىقىپ پۈتۈن دۇنيانى سورايمەن دەيدىكەن - دە ، ھېچكىم چىقماي ئورۇسلار تەڭ كەپتۇ - دە ، ئورۇسلارنىڭ يېرى چوڭ - ھە ؟
— جۇڭگودىنمۇ چوڭ ، جۇڭگونىڭ توققۇز مىليون ئالتە يۈز مىڭ ، سوۋېتنىڭ يىگىرمە ئىككى مىليون !
— ۋاي - ۋۇي ! ئامېرىكىچۇ ؟
— سوۋېتتىن كىچىك ، جۇڭگودىنمۇ كىچىك !
غېنى باتۇر ئاتتا سىڭار يان ئولتۇرۇۋېلىپ يېنىدىكى ئېتىدا تىك ئولتۇرغان ياش يىگىتتىن سىياسەت ، جۇغراپىيە ، تارىخقا دائىر سوئاللارنى توختىماي سورايتتى . ئۇ نېمىنى سورىسا نۇرى تولۇق ، ئوبرازلىق جاۋاب بېرەتتى . يىگىتنىڭ جاۋابلىرىدىن غېنى باتۇر بەكلا خۇشال بولدى :
— ئىچىڭگە شۇ بىلىم قانداق پاتىدۇ - ھە ، مەن يەتتە قېتىم خوتۇن ئالدىم . بىرىدىنمۇ ساڭا ئوخشاش ئەقىللىق بالا تۇغۇلمىدى . بىز قاشلىقلاردىن مەرگەن ، چېلىشچى ، ئوغلاقچى ، داپچىلار چىقىدۇ ، ئەپەندىلەر ئاز چىقىدۇ ، قاشقا بارسام بىزنىڭ تۆردىيۇزنىڭ بىلەرمىنى مەن بولۇپ قالىمەن . ئېگىكى ئاستىدىكى

غۇلجا شەھىرىنى كۆرمىگەنلەر مىغ ـ مىغ . يەر تېرىش ، ئورما ئورۇش ، توشقان قوغلاش ، خوتۇن جايلاشنىلا بىلىدۇ . ئاكام ۋىلەم بىــر كۈنى مەندىن : «شەھەرگە كىرىمەن ، شەھەرگە چۈشىمەن دەيسەن ، شەھەر دېگىنىڭ قۇدۇقتەك ، كارىزدەك بىر نېمىغۇ ؟ » دەپ سورايدۇ تېخى . يەر دېگەن كەڭ ، ئەمما دېھقانلارنىڭ نۇرغۇنى يېڭى ئاشقا يېتەلمەي بايلارغا قەرزدار بولىدۇ ، يە ئات ـ ئۆكۈزى ، يە ساپان ـ سۆرىمى يــوق . پۈتــۈن يازنى قارىــياغاچ سايىسىدا يېتىۋېلىپ گەپ سېتىپ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ . ئۈچ ـ تۆت خو بۇغداينى ئورۇپ ـ تېپىپ ئورىسىغا كۆمەلمەستىن قاردا قويىدۇ . قىش ـ ياز كىيىدىغىنى شالۋۇر ، جۇۋا ، پۇرۇم چورۇق ، ئۈچ ۋاخ چاي بــولــسا بولدى ، ئېسىل تامىقى كاۋا بىلەن ياڭيۇ قورۇمىقى ، بىر مەھەللىدە بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەم يوق . دۇنيادا نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ ، ھۆكۈمەت نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ ، ھېچكىم ، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ . ھــۆكــۈمەتنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ . ئۆمىلەپ مېڭىشلار دېسە ھەئە دەيــدۇ ، داڭــگال يەڭلار دېسە ماقۇل دەيدۇ ، بىر ـ بىرىڭلارنى ئۇرۇڭلار دېسە ياق دېمەيدۇ !

— ھا ـ ھا ـ ھا ... قالتىس ئوخشاتتىڭ ، غېنىكا ، سەن بىلەن بىللە ماڭسا ئادەمنىڭ كۆڭلى يايرايدۇ . راست ئېيتىسەن ، يالغۇز قاشلىقلارلا ئەمەس ، ھەممە دېھقانلىرىمىز شۇنداق . ئالتە شەھەردە دېھقانىنىڭ كۈنى تېخىمۇ ئېغىر . زاغرا بىلەن سوغۇق سۇ ئۆمۈر بويى يەيدىغىنى ، ياتىدىغــىنى داق يەر ، كىيــدىغــىنى ئۆمۈر بــويــى ماتا ـ شاتىۋا . شۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ تېخى . شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى يات مىللەتلەر بوزەك قىلىدۇ . شۇنچە يىل مانجۇ سورىدى ، ئۇنىڭ ئالدىدا قالماق سورىدى ، مانا ھازىر شېڭ دۇبەن سوراۋاتىدۇ .

— بايلىق دېگىنىڭ ئاشلىق ، مال ـ قارا ، تاغ ـ ئورمان ، كۆمۈر ، ئالتۇن ... شۇدۇر ـ ھە ؟

— ئــۇلارلا ئەمەس . ھازىر مايتاغدىن نېفىت چىقىۋاتىدۇ ، ئالتايدىن ئالتۇن ، ئۇرۇمچى ، غۇلجىلاردىن كۆمۈر ، تۆمۈر ، مىس ،

ئــاليۇمىنغا ئوخشاش مېتاللار چىقىۋاتىدۇ . روسۇلوف ئاكامنىڭ دېيىشىچە ، شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدا نېفىت كۆپ ئىكەن .
— نېفىت دېگىننىڭ كىرسىنمۇ ؟
— بېــنــزىــن ، سەلەركە ، كىرسىن ، قاراماي دېگەنلەرنىلا بىلىمىز . ئامېرىكا نېفىتتىن ئاتمىش خىل مەھسۇلات ئالغۇدەك .
— نېمىلەردۇ ئۇ ھە ؟
— كــۆمۈرمــۇ شــىنجاڭدا ئەڭ كۆپ ، كۆمۈرنى قالايمىز ، ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن توك ئالىمىز . لېكىن ، ئەنگلىيىلىكلەر ، ئامېرىكىلىقلار كۆمۈردىنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئايرىۋالغۇدەك . يەرلىرىمىز مۇنبەت ، كەڭرى ، مال ـ چارۋا دېگەننى قانچە قىلسەن دېسەڭ شۇنچىغا ئىمكان بار ، مېۋە ـ كۆكتات ، دەل ـ دەرەخ ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، نېمە دېسەڭ شۇ بار ، لېكىن خەلقى نادان ، كەمبەغەل ، بىچارە !
— ھەممىنى قىلىمىز ، زاۋۇت ـ فابرىكا قۇرىمىز ، خەلق باي بولــىدۇ ، ئــوقــۇيــدۇ ، دۇنــيــادىكى ئەڭ قالتىس مىللەتلەردىن بولالايدۇ ، راستمۇ نۇرى ؟
باياتىن گەپ تىڭشاپ ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ، يوغان قالپىقىنى چۆكۈرۈپ ئاتتا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان دېھقان گەپ قوشتى .
— ھوي ، سىلەرنىڭمۇ زۇۋانىڭ باركەنغۇ ، خوتۇنىنى چۈشىدە بىر نېمە قىلىۋاتامدىكىن دېسەم گەپ تىڭشاپسەن ـ دە ؟
— غــېــنىكا ، ئەمما لېكىن بىز بىر پادىشاھ بولۇۋالساق ، قەشقەرلىقلەرنى ئاچىقىپ مۇشۇ بىكار يەرلەرنى بۆلۈپ بەرسەك ، ئۇلار يەر تېرىپ زاغرا بىلەن ماتادىن قۇتۇلىدۇ جۇما ؟
— ئاپاڭ قاشقالىقمۇ ، داداڭمۇ ؟
— ئىككىلىسى قاشقالىق ، مەنلا تارانچى ، غېنىكا .
— كىم بىلىدۇ ، ئاپاڭ تارانچى بىلەن ئويناپ تاپقانمۇ سېنى ، ئاپاڭ چىرايلىق ئوخشىمامدۇ شۇنچىغا قارىغاندا ؟
— ئاپام پەرىدەك خوتۇن ئىدى ، ئەمما لېكىن ...
— بولدى ماچىلدىما ، ھە خوتۇنۇڭچۇ ؟ چىرايلىقمۇ ؟

— چۇشۇمگە تولا كىرىدۇ، ئەمما لېكىن ...
— قورقما، خوتۇنۇڭنى تارانچىلار ساقلايدۇ، قانچە بالاڭ بار؟
— ئىككى ئوغلۇم بارتى، چوڭى بەك ئەقىللىق گۈي!...
— سەن بارغۇچە بالىلىرىڭ تۆت بولىدۇ. خوتۇنۇڭمۇ ئاپاڭغا ئوخشاش تارانچى تۇغۇشقا ئۇستا ئوخشايدۇغۇ؟
— ئانامنى بىرنېمە دېسىلىمۇ مەيلى، خوتۇنۇمنى دېمىسىلە، غېنىكا، بىر خۇش بولۇپ كېتەي. غەزىپىمگە پايلىماي ئەللىكبېشىنى ئۇرۇپ سېلىپ بۇ يەرگە كەلدىم ئاكا، بارسام ماڭا ئۆلۈم تەييار، خوتۇن بىلەن بالىلىرىمنى ئويلىمايدىغان كۈنۈم يوق جۇمۇ، ئاكا!...
ئۇ يەنە ماچىلداپ يىغلاشقا باشلىۋىدى، غېنى:
— يالغان دەپ قويدۇم هوي ساراڭ قاشقالىق، خوتۇنۇڭغا هېچكىم چېقىلمايدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز غېمى بىلەن. مۇختەرباي ساق قويمايتتى، ئەمما ئۇ هازىر ئۇرۇمچىدە تۈرمىدە، — دېدى.
«مۇختەرباي» دېگەن ئىسىم چىقىۋىدى، نۇرنىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى.
— سوقۇش تېزرەك بولسىدى! — دېدى ئۇ «ئۇھ» تارتىپ، — ھەممە ئادەم مۇرادىغا يېتەتتى. سەمەت ئاكاممۇ يىغلىمايدىغان بولاتتى!
قارىغايلىق كۆرۈندى، ئۇلار بىر كەڭرى — ياپيېشىل غولغا كىردى. نېرىدا كۈن نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ بۇژغۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى بويىغا ئاپئاق ئۆيلەر تىكىلگەنىدى.
— ئەكبەر باتۇرلار شۇ يەردە، سىپىتىمۇ بار! — دېدى غېنى تىزگىن سىيرىپ، تېپچەكلەپ تۇرغان ئېتىنى دېۋىتىپ، ئۇلار شۇ ياققا يۈرۈپ كەتتى...
لېنىنگرادتا هازىر بىنالار ئۆرۈلۈپ، ئاسماندىن، يەردىن ھەر كۈنى نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا مىليون پاي بومبا - زەمبىرەك ئوقلىرى چۈشۈپ ئادەملەر يەر ئاستىدا، ئېغىر ئىشتىكلەر ئۈچ يۈز ئەللىك گرامدىن، ئەسكەرلەر ئىككى يۈز ئەللىك گرامدىن،

پۇقرالار بىلەن بالىلار بىر يۈز يىگىرمە بەش گرامدىن بولكا يەپ، كۆڭۈللىرىنى ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلى، كۈچى شەھەر مۇداپىئەسىگە بېغىشلانغان. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ ياۋۇز كۈچ بىلەن ئېلىشماقتا، بايىقى ئاتلىقلارمۇ ھازىر چېدىر ئىچىدە كەلگۈسىدە بولىدىغان قانلىق جەڭلەر توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە. ئۇلار ئۇ كۈچ ۋە زېھنىنى ئۆز يېرىدىن دۈشمەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىشقا، پۇتۇنلەي يوقىتىشقا بېغىشلىغان. لېكىن، مۇنۇ ئائىلىدە جەڭ تولىمۇ تارايغان. گويا ئۇ شىرلارنىڭ تالىشىشلىرى بىلەن چېكەتكىلەرنىڭ ئېلىشىشلىرىنى سېلىشتۇرغاندەكلا بىر ئىش.

مانا سەبىخە تاكاسلاپ كىردى - دە، سومكىسىنى خەت يېزىۋاتقان سىڭلىسىنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ نېرىدىكى كارىۋاتقا چۆرىدى. پەرىخە ئالىيىپ قاراپ قويدىيۇ، ئۈندىمىدى. قېرى قىز يەنە بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ كىتابتىن بىرنېمىلەرنى كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ قىزىقچىلىق چىقىسىدى دېگەندەك قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

دۇنيامۇ شۇنداق زىددىيەت، كۈرەش - ئېلىشىش بىلەن تولغان. ھەرقانچە تىنچ يەردىمۇ ھېچبولمىغاندا ئانىلار بالىلىرى بىلەن، خوتۇنلار ئەرلىرى بىلەن، ھەتتا دىۋانە، ساراڭلارمۇ كەسىپداشلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ.

— مەن كېتەي، بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ! — دېدى پەرىخە يىغلامسىراپ، — شۇنچە كەڭ يەر تۇرسا ئەتەي قېرىشىپ...

— ھا - ھا - ھا... بىچارە سىڭلىم، سىز بىلەن تالاشقۇدەك نېمەم بار ئىدى، قېرىشمىدىم، تاشلىدىم شۇ!

— باشقا يەر يوقمىدى؟

— بۇ دېگەنلىك ئەركىنلىك. ئەركىنلىك دېگەن نېمە؟ ئۇماق سىڭلىم، ھېلىقى دانا ئاكىڭىز نۇرمەھەممەتتىن تەرىپىنى سوراپ بىلىۋالمىغان بولسىڭىز مەن دەپ بېرەي: خالىغاننى قىلىش!

ئۇ يالاڭ چاپىنىنى سېلىپ سومكىسىنىڭ ئۈستىگە

پىرقىرىتىپ ئاتتى ۋە قېرى قىزغا:
— قاچان كېتىسىز بۇ ئۆيدىن؟ — دېۋىدى، قېرى قىز:
— خالىغاندا، بۇمۇ مېنىڭ ئەركىم! — دېدى.
سەبىخە يەنە قاقاقلاپ كۈلدى. ئۆيگە ئاسىيە كىردى - دە:
— ئىچىڭ پۇشقان بولسا ھېلىقى دەريا بويىدىكى تامغىلىق دېگەن يەرگە بېرىپ كەلگىنە، قالتىس يەرمەنكە بولۇۋېتىپتەك، غۇلجىنىڭ نى - نى بايلىرى چىقىپتەك! — دېدى.
— يېڭىلىقكەن! سىنىمۇ، پەرىخەنىمۇ ئالغاچ باراي، بۇگۇنلا ماشىنا ئەكېلەيمۇ؟
— مەن بارمايمەن!
— سىڭلىم، بەلكىم ئۇ يەرگە ئاكىڭىزمۇ كېلىپ قالار!
— سەبىخە!
پەرىخە ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى ئۇندىمىدى. ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا «ئۇھ» تارتىپ، مىسكىن، ئۇيقۇسىز كۆزلىرى بىلەن ئاپىسىغا يىغلامسىراپ قاراپ قوياتتى. ئانا ئۇن ئالتە - ئۇن يەتتە ياش چاغلىرىدا مۇشۇنداق ئازابلانغان. خىيال ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى، بىرلا يىگىتنىڭ ئىسمى ئۇنىڭغا ئەڭ كۆڭۈللۈك ئاۋاز بىلىنگەن. ئانا قىزىنىڭ ساراڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە، چۈنكى ئۇ قاچانلا ئويغانسا قىزى ئۇياققا - بۇياققا ئۆرۈلۈپ، ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇھ تارتىپ ئۇخلىيالمايۋاتقىنىنى سېزىدۇ. مانا ئەقىللىق قېرى قىزلا پەرىخەنىڭ ھالىغا يەتمەكتە. ئۇ ئەپلەپ - سەپلەپ نۇرى توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى دەپ بېرىدۇ. شېئىرلارنى ئوقۇپ نۇرىنىڭ شېئىرلىرى دەپ قويىدۇ. «نۇرى» دېگەن ئىسمنى مىڭ قېتىم ئاڭلىسىمۇ يەنە ئاڭلىغۇسى كېلىدىغان بىچارە قىز يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن نۇرىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا ئالىدۇ: «نۇرى ئاكام مۇشۇ كىتابنى ماختىغان»، «نۇرى ئاكام سول قولىدىمۇ خەت يازالايدىكەن» ... ئاسىيە قىزى ھەر قېتىم نۇرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىدۇ. مانا ھەدىسى ئەتەي ئۇنىڭ زىتىغا تېگىۋاتىدۇ، ئاسىيە خۇدادىن ئىلاج بولسا يەنە

بىر نۇرى پەيدا قىلىشنى تىلىگۈدەك بولدى…
قىزلار ئۆز نامىنى تالىشىۋاتقاندا، نۇرى غېنى ئاكىسى بىلەن گۆش - قىمىزغا تويۇپ شوخ تاغ سۈيىنىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى ئۇۋۋا تاشتا ئولتۇرۇپ، سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى ئېيتماقتا ئىدى. بۇ ناخشا غېنىغا تولىمۇ ياقاتتى:

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا
قۇمۇل خانغا پالانغان …

نۇرى تۇرمىدىكى مۇختەربايىنى ئەسلىمەكتە. ئۇ گويا چوڭ داداسىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا، ناخشىسى تولىمۇ ھېسسىياتلىق …

## 29

… ھاك، ماي، كىسلاتا، يەنە ئاللىقانداق بىرنېمىلەر ئارىلاشمىسىنى ئۇزۇن تاياق بىلەن تىنماي ئارىلاشتۇرۇش تاياق يېگەندىنمۇ ئازابلىق ئىكەن. شاخار كۆيدۈرۈشچۇ؟ زەھەردەك ئاچچىق لويلا قورايىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىپ، كۇلنى قاينىتىپ يېلىمدەك بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇشچۇ تېخى؟ مۇختەرباي ھاياتىدا بۇنداق پاسكىنا، سېسىق ۋە زەي - نەم جايىنى كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەيدىغىنىچۇ؟ ئاق قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان جىگموميدىن ئەتىگىنى مۇشتۇمدەك بىرنى، چۈشتە - كەچتە يەنە شۇ، كۈنىگە ئۈچ چاشكا سۇ — ئىچىدىغىنىمۇ، يۈز - كۆز يۇيىدىغىنىمۇ شۇ…
تۆپە تۈڭلۈكى تولىمۇ ئېگىز، تاملىرى زەي، ئاستى خىش، قاراڭغۇ ئۆيدە ئون ئالتە ئادەم بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ياتماق

تېخىمۇ ئازاب ، ئىشىك تۈۋىدىكى تۆت ئۆلارنىڭ تەرەتخانىسى ، بىر سوتكىدا بىر قېتىم ئاچىقىپ تۆكۈپ كىرگۈچە ئۇنىڭ پۇرىقى زەي ۋە سېسىق ھاۋا بىلەن قوشۇلغاندا بولىدىغان سېسىقچىلىق ئازابىچۇ ؟

ئۇ تاياق يېيىشكە خېلىلا كۆنۈپ قالدى . غۇلجىدىكى يېزىسىدا ئوچاقتا گۈركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ تەپتىدىن ھوپپىدە ئىسسىغان ئــۆيىدە ، كەچكى سۈيۈقئاشتىن كېيىن ماموقتا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ياتقاندا ، ئۆيگە يۇزبېشى كىرىپ كەلدى . مەڭزى خوراز تاجىسىدەك قىزىل يۇزبېشىنىڭ كۆلكىسى بىلەن يىغىسىنى ئايرىماق تەس . ئۇ تەرىنى تۇرۇپ :

— مۇتىۋەللىنىڭ ئۆيىگە بارايلى ، يۈرۈ ! — دېدى .

— نېمە ، يەنە يېڭى سىلىقما ؟

— يۈرۈ !

مــۇخــتــەر ئــۇتــكــەنــدە ئەگىشىپ مۇتىۋەللىنىڭ ھويلىسىغا كىرىشىگىلا ، تۆت ئەسكەر تۇيۇقسىزلا ئۇنى تۇتۇپ ھەش - پەش دېگۈچە قوللىرىنى ئارقىغا قايرىپ باغلىۋەتتى . ئۇرۇش مانا شۇ چاغدىلا باشلانغان : قامچا ، قىرلىق كالتەك ، مۇشت ، پۇت ... ئۇ بەدىنىنىڭ بۇنچىلا چىداملىق ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەنىدى . غۇلجا تۈرمىسىدىكى قىيناشچۇ ؟ ئېسىپ قويۇپ ، ئىككى قولىنى ئىككى ياققا كېرىپ قويۇپ ئۇرۇشلارچۇ ؟

— راستىڭنى ئېيت ، قوراللار نەدە ؟

— بىرلا مىلتىقىم بار ، قوش ئاۋۇز...

— ئــىككى يۈز قوي ، ئەللىك ئات بېرىپ غېنى ئوغرىدىن ئالغان قوراللار قېنى ؟

— يالغان !

— ھــۆكــۈمــەتنىڭ چېرىكلىرىگە يانغىنىڭ ، باندىت نۇرىنى يوشۇرغىنىڭمۇ يالغانمۇ ؟

— يالغان !

ئــۇنــى ئــۇردى ، قىينىدى ، زادىلا «راست» دېگۈزەلمىدى . ئەينەك ئۆۋۈقىغا تىزلاندۇرۇپ قويۇپ ، ئىككى ئەسكەر گەجگىسىدىن

بىسىپ تۇرۇپ قىيناپ ئۇرۇش، كۆمۈر چوغىنى كۆكسىگە قاقلاپ تۇرۇپ، مەيدىسىدىن ۋاژىلداپ شورپا چىققۇچە قىزدۇرۇپ سوئال سوراشچۇ؟

— ھېكىمبەگ غوجا باشلىق تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى نەدە؟

— ئۆيلىرىدە...

— ئۇلارنىڭ پىلانى نېمە؟

— مەشرەپ!...

— ۋۇي ئاناڭنى، سىياسىي پىلانى نېمە؟

— ئالتە بۇيۇك سىياسەت!

— ئۇر!!

يېگەن تاياققا مۇختەرباي يۈز قېتىم ئۆلگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ ھازىر ھايات. تاياق ئۇنى مۈكچەيتتى، چاچ - ساقاللىرىنى ئاقارتتى، لېكىن جېنىنى ئالالمىدى. ماخۇسەنگە ئەگىشىپ ئات ئۈچۈن تارتقانلىرى جاپا ئەمەس، ئويۇن ئىكەن. ئۈچ كۈن بىھوش ياتقان چاغلىرىدا، خىرە - شىرە چۈش كۆردى. ئۇ چۈش ئەمەسكەن، گۈزەل ئارزۇسى ئىكەن. ئۇ مۇزداۋاننىڭ تىك چوققىسىدىن ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان چوڭقۇر ھاڭغا سەكرىگەندەك... بولدى. ئاخىر قاراڭغۇ كوڭكىغا پۈكلەپ تىقىپ ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئەكەلدى.

— ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋەتسەك بۇ ئاۋارىچىلىكمۇ يوق!

— ياق، لىيۇبىڭدې ئۆلتۈرمەڭلار، مۇھىم ئادەم دېگەن.

— بۇ قاراقورساق سەھرالىقنىڭ نېمىسى مۇھىمكىنتاڭ؟

— غوجانىيازمۇ مۇشۇنداق قاراقورساق دېھقان ئىدى!

ئۇ خەنزۇ تىلىنى ھېلىقى ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىدىن خېلىلا ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ بۇ گەپلىرىنىمۇ چۈشەندى، «مۇھىم» دېگەن سۆز ئېسىدە، مۇھىم بولمىسا ئۆلەتتىكەن. ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭغا بىرىنچى سوراقتا:

— ھە، سەن كىم؟ — دېيىشتى، مۇختەرباي دەرھاللا:

— مۇھىم! — دېدى.

— قانداق مۇھىم؟
— ئۆلمەيدىغان !
— ساراڭ بوپتۇ بۇ قارا قورساق !
— ياق ، ساق ، مەن مۇھىم !
— دەپ باقە ، نېمە مۇھىم؟
— ھېكىمبەگ غوجا ، مۇتائالى خەلپەت ، زىرىپ قارىھاجى ، غېنى باتۇر ، نۇرى !...
— ھە ، ھە ، بۇ باندىتلار نېمەڭ؟
— ئاكام ، ئىنىم ، بالام !
— ئۇلار نەلەردە مۆكۈكلۈك؟
— سامانلىقتا !
— ئۇر ! !
لېكىن ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىدى . ليۇبىڭدې دېگەن بولىدىغان ئادەمكەن ، «مۇھىم» دېگىنىنى قارا ، بولمىسا ئاللىبۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتەتتى ـ دە !
يەنە سوراق :
— سەن ماخۇسەن بىلەن ماموتنىڭ ئادىمى ئابدۇنىياز بىرلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلغاندا نەدىدىڭ؟
— يولدا ئىدىم .
— قايسى يولدا؟
— دۇنخۇاڭ يولىدا .
— نېمە قىلاتتىڭ؟
— قېچىپ !
— كىم بىلەن ، ماموت بىلەنمۇ؟
— باللار بىلەن ، خوتەندىن ... ھېلىقى يېزىدىن قىرىق بالىنى ئېلىپ ماڭغاندا ... ئۇلارنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مىلتىق مەشىق قىلغاندا ئاپىرىپ قارا بەلگە قىلىپ ئاتاتتىكەن ...
— سەن ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايسەن ـ ھە؟
— ياق ، ياق ، مەن مۇھىم !

— ئېيتە، كىملەرنى بىلىسەن زادى؟
— غوجام، نەزەرخان غوجام، ھېكىمبەگ غوجام، تۇرداخۇن باي، قاسىم مىراب، مەسۇم شاڭيو، تۇرسۇنبەگ!...
— ئۇر!!
— ياق، ئۆلتۇرۇپ قويمايلى، بۇ راست مۇھىم بولۇشى مۇمكىن، قارا، بايا دېگەنلىرى راست غۇلجا بايلىرى!
مانا مۇشۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن تاياق يەپ ئاخىر مۇنۇ تۇرمىگە، كۇنىگە ئون - ئون ئىككى سائەتلەپ سوپۇن قايناتتىدىغان زاۋۇتقا كېلىپ قالدى. سېسىق كۆلنى ئىلەشتۇرۇش تاياق يېگەندىنمۇ يامان ئازاب. بىراق، كېچىسى جىنايەتچىلەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاش خېلى قىزىق. ئون ئالتە ئادەمنىڭ يەتتىسى خەنزۇ، بەشى ئۇيغۇر، ئىككىسى قازاق، بىرى مانجۇ، بىر شىبەمۇ بار تېخى. بۇلارنىڭ تولىسى بايلار، ئۆزلىرىنى سولاپ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىنۇالغان بىچارىلەر. لېكىن، ئاۋۇ قارا ساقال ئورۇق خىتاي نېمىكىن، كېچە — تازا يېرىم كېچىدە مۇختەرباي چۇسىنىڭ دەردىدىن ئۇخلىيالماي تېپىرلاۋاتسا، ئۇ:
— بولشېۋىك! — دېدى ئاغزىنى مۇختەرنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ.
مۇختەر بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى. ئۇ قولىنى تۇۋاق قىلىپ «گەپ قىلما» دەپ بەلگە بەردى. گەپ قىلغۇدەك نېمە بار؟ ئابدۇمەرنىڭ خوتۇنىنىڭ قويىنىغا كىرگىنى، ئەسكەرلەرگە ھەيۋە قىلغىنى، يەنە ھۆكۈمەتنى تىللاپ قويغىنى ... يەنە نېمىسى بار. يوشۇرغۇدەك يەنە نېمە قالدى؟ ھۆكۈمەت سېلىق سېلىۋەرسە تىللىماي قانداق قىلغۇلۇق؟ ئون خو يېرى بار دېھقان ئىككى خو دان تۆكۈپ قۇتۇلاتتى. ھازىر تۆت خوغا چىقتى. سەيسەلەرچۇ؟ بۇرۇن تۆت خىل ئىدى، ھازىر ئون ئىككى خىل، ئادەمنىڭ تىلىمۇ كەلمەيدىغان سەيسە ئىسىملىرى. گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلسا دېھقانغا نېمە پايدا، سەيسە كۆپەيدى شۇ. ئەسكەرلەر ئون ھەسسە كۆپىيەرمىش، شېڭ دۇبەنىڭ ئەسكەرلىرى ئاز كېلىپ، گومىنداڭنىڭ ئەللىك مىڭ كىشلىك، كېيىن يۈز مىڭ كىشلىك

ئەسكىرى كېلىپ بىزنى ساقلارمىش . ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ، كىيىم ـ كېچىكى ، مىنىدىغان ئېتى دېھقانىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇيغۇر دېگەن ئەسكەر بېقىشتىن باشقىغا يارىمامدىكەن . ئەسكەرلەرنى باقسا دېھقانىنىڭ بالىلىرىنى كىم باقىدۇ ؟ ئەسكەرلەرنىڭ قورسىقى ، ئېتى ، كىيىملىرىنى دېھقان ئۈستىگە ئالغۇدەك . ئۇنداق دېگەندىكىن ، مۇختەرباي «... قىلىدىغان» خوتۇنىنىمۇ دېھقان ئۈستىگە ئالسۇن ئەمىسە دېمەي تۇرالايتتىمۇ ؟ شۇنىڭغىمۇ بىر ئادەمنى قولغا ئالامدۇ ؟ شۇنىڭغىمۇ شۇنچە ئۇرۇپ ـ قىينامدۇ كىشىنى ؟... ئۇرسىمۇ شۇ تۇرمە ياخشىدى ، مۇنۇ يەر بىر ۋەيلۇنغۇ ، ئارزاخۇنى مىشكاپ بىلەن دۈمبىگە ئارتىپ كۆتۈرمەك نېمىدېگەن ئازاب ؟ بۇغداي ، زىغىرلىرىنىمۇ مۇرسىگە ئېلىپ باقمىغان ، بالىلىرى ياكى مالىيى بىلەن قوللىشىپ بولسىمۇ بىر قېتىم تاغار كۆتۈرمىگەن ئادەم مانا ئەمدى ئارزاخۇنى كۆتۈرۈپ يۈرسە ـ ھە ؟ ئوسمان ھاجىنىڭ ئوغلى ، غولجا تارانچىلىرىنىڭ مەرد ئوغلى مۇختەرباي مانا ئارزاخنى كۆتۈرۈپ ، بوتقا ئارىلاشتۇرۇپ ، پىت ـ چۈسا ، بۈرگىلەر بىلەن سوقۇشۇپ ، كۆكىرىپ كەتكەن ئاق قوناق مومىسىنى غاجىلاپ يۈرسە ، بۇ خورلۇقتا مۇختەربايدىن باشقا كىم چىدىيالايدۇ ـ ھە ؟...

— سەن نەدىن ، ھەي يىگىت ، نەدىن كەلدىڭ دەيمەن ؟

— سەنچۇ ، نەدىن كەلدىڭ ، ئاكا ؟ ئاۋازىڭ تارانچىنىڭ ، چىرايىڭ خاخۇلنىڭ ، پاھ ، نېمىدېگەن قويۇق ساقال بۇ !

— ساقالنىڭ قويۇقلۇقىغا قاراپ بىلگەنسەن ، ئۇكا ، ئاكاڭ قارىغاي نوچىلارنىڭ نوچىسى !

— ئەمما قوللىرىڭ ئىلەشتۇرۇشكە زادىلا كەلمەيدۇغۇ ، ئارا تۇتقان ، چالغا تۇتقان قوللار مانا مانداق ئىلەشتۇرىدۇ !

ئوخشاش تاياق ئۇنىڭ قوللىرىدا ئەۋرىشىم ، مۇختەربايىنىڭ قولىدا خادا . بۇ قانداق بولغىنى ؟ راست ، دېمىسىمۇ مۇختەرباي دېھقان بولغىنى بىلەن بىر كۈن چۈپ چاپمىغان ، خامان سورۇمىغان ، مەڭگەن توشۇمىغان . ئوغلاق تارتىش ، بۆدۈنە

ئۇۋلاش ، تاغقا چىقىپ ئىلىك ئېتىش ، قىشچە مەشرەپ ئويناش ، چىرايلىق خوتۇنلارنى دەپ مۇجۇق قومۇرۇش ، تۆگىلۈكتىن پوتىغا ئېسىلىپ ئۆيگە چۈشۈش... يەنىچۇ ؟ يازدىكى تاغ تاماشىسى ، غۇر - غۇر شامال ، شېرىن پاقلان ، قىمىز ۋە تۆگمەيدىغان تاغ ئويقۇسى...

مۇختەربايىنىڭ هالاۋەت رىزقىسى تۈگىگەنمىدۇر - ھە ؟ مۇشۇنداق ئارزاڭ تۇشۇپ ، بوتقا ئارىلاشتۇرۇپ ئاتمىشقا كىرمەيلا ئۆلۈپ كېتەرمۇ ؟ ياق ، ئۇنىڭ دادىسى چېغىدا يۆتىلىپ - قېقىلىپ يۈرۈپ سەكسەن ئۆچكە كىرگەنغۇ ، بوۋىلىرىمۇ توقساندىن بېرى ئۆلمىگەن . مۇختەربايىنىڭ زامانىدا دۆلەت - هالاۋەت مۇشۇنداق تەسلىشىپ قالدىمۇ - ھە ؟

— ھەي قارا بۇرۇت ، ئېتىڭ نېمە ؟

— ئەخمەت ، سېنىڭچۇ ؟

— ئېتىم مۇختەر ، دادام ئوسمان ھاجى ، ئاڭلىغانمۇ ؟

— ئاڭلىغان . دادام سەھراغا ئوسمان ھاجىنىڭ مەشرىپىگە چىقتۇق دەيدىغان .

— دادالڭ كىم ؟

— نادىر تەمبۇر !

— ھە ، ھە ، ناسىر كېسىكچىنىڭ ئاكىسىما ؟ سازىنى ناخشىسىنى ئاڭلىغانمەن ، چوڭ خانلەيلۇننى قالتىس ئېيتاتتى . داداڭنى سۈيدۈگدە قاشقالىقلار ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنغۇ - ھە ؟

— ھەئە ، بايلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

— ياق ، قاشقالىقلار !

— قاشقالىقمۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ ، بايلار ، گادايلار . تارانچىلارمۇ شۇغۇ ، بايلار ، گادايلار . سەن بايلارغا ، مەن گادايلارغا تەئەللۇق !

— نېمە ، تەئەللۇق دېدىڭما ؟ ئوقۇغان ئوخشىمامسەن ؟

— ھەئە !

— نەدە ؟

— ئاياقتا .

— ھە ، يەركەنتتىمۇ ، مۇتائالى خەلپىتىمدەك مۇسا جارۇللانىڭ شاگىرتلىرىدىن ئوخشايسەن ـ دە ؟

— مەن تاشكەنتتە ، موسكۋادا ئوقۇغان !

— مۇنداق دە ، بىزنىڭ نۇرىدەك ھەممىنى بىلىدىغان ئوقۇشنى ئوقۇغانىكەنسەن ـ دە ؟

— نۇرى دېگىنىڭ كىم ؟

— ئىنىمنىڭ ئوغلى . ئىلقىدا غېنى باتۇرلار بىلەن بىللە بۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرىمىز دەپ تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ !

— تېخىمۇ ئاستا گەپ قىل ، ئاكا ، بۇنداق گەپلەرنى قىلغاندا پىچىرلايدىغان . ھە ، بولدى ، سولغا ئايلاندۇر ، قارا ، ئاۋۇ گۈندىپاي قاراۋاتىدۇ . سەن قانچىنچى كامېردا ؟

— تۆتىنچى !

— قورقما ، بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىمىز . كۈرەش قىلىش كېرەك . ئۇقتۇڭمۇ ، قورقساق ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن ، ھامىنى بىر ئۆلۈم ، ئۆلۈمدىن قورقمىساڭلا ھېچكىمدىن قورقمايسەن . بىز گۇناھسىز . ھېچنېمە دېمىگەنسەن ؟ مېنىمۇ غۇلجىدا ئەينەكچىلىك قىلىپ يۈرگەن يەردىن تۇتۇپ ئەكەلدى . گومىنداڭ پىرقىسى شېڭ دۇبەننى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، بولمىسا بىزنى ئۆلتۈرۈپ بولاتتى .

— پىرقە دېگىنىڭ ياخشىكەن ـ دە ئەمىسە ؟

— ياخشى بولامدۇ ؟ جياڭ كەيشىنى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن .

— ھە ، شۇ ئادەم شېڭ دۇبەندىن شىنجاڭنى تارتىۋالماقچى .

— بىز قاچان تارتىۋالىمىز ئەمىسە ؟

— ئاز قالدى . بىز گومىنداڭدىن تارتىۋالىمىز .

— كۆزۈڭ يېتەمدۇ زادى ؟

— ئويلىمامسەن ، خەلقىمىز ئۇيۇشۇپ كۈرەش قىلىۋاتقان بولغاچقا ، سوراق قىلغاندا بىزدىن ھە دېسىلا پالانچى تەشكىلات ،

پوكۈنچى سوۋېت ئادىمى، قورال - ياراغ، باندىت دىگەنلەرنى سورايدۇ. خەلقىمىز هازىر ئالتايدا، تاشقورغاندا قولىغا قورال ئېلىپ قوزغالدى. غۇلجىدىمۇ ئاز قالدى! بەلكىم ئەڭ چوڭ قوزغىلاڭ غۇلجىدا قوزغىلىشى مۇمكىن.

— هەي، سەن كىم؟ ئاشۇنداق دەپ گەپ ئېلىپ بىزنى جايلىمايدىغانسەن هە؟ هازىر جاسۇس تولىلاپ كەتتى. ئەمما لېكىن سەن جاسۇسقا ئوخشىمايسەن.

— ئاۋۇ قېرىنى قارا، ئىنجىقلاپ تاغارنى كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلاي!

بىر كۆزى سەل قىسىقراق، قارا بۇرۇت يىگىت كۆلنىڭ نېرىسىغا قاراپ چاققان قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

— ياخشى نېمىكەنا، — دېدى مۇختەرباي كۆلدىكى بادرىسىنى تىكلىگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، — نېمە دېۋىدا، هە راست ئەخمەت، نادىر تەمبۇرنىڭ ئوغلىكەن.

كۆلنىڭ نېرىسىدا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئارزاڭ كۆتۈرۈۋاتقان قېرى پۇتلىرى تىترەپ دۈم يىقىلدى. بايىقى يىگىت ئۇنى يۆلەپ:

— ئىش ئېغىر، قورساق ئاچ، بەرداشلىق بېرەلمىدى! — دېۋىدى، بىر گۇندىپاي:

— قۇتراتقۇ! — دەپ ئۇنى پالاق بىلەن بىرنى ئۇردى. ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراشتى:

— بىز ئادەم!

— تويغۇدەك تاماق بېرىلسۇن!

— كېسەللەرگە دورا بېرىلسۇن!

— ئون سائەتلىك ئىش سەككىز سائەتكە چۈشۈرۈلسۇن!

بىر سىۋۇستوك بىلەن ساقچىلار پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامان، ئۇرۇپ - دەسسەشكە تەييار ئىدى. بايىقى يىگىت كۆلنىڭ قىرىغا چىقىپ ۋارقىرىدى:

— گومىنداڭ پىرقىسى ئادىللىقنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ، ئىش

ئېغىر، قورساق تويمايدۇ، بۇ بىر ئادالەتسىزلىك!

— مانا ئادالەت! — بىر ساقچى ئۇنى ئۇرۇشقا يۇگۇرۇۋىدى، ئۇ يىگىت:

— شېيىڭ دۇبەن ئىنسانپەرۋەر، بىز سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزمىدۇق، قورساق دەۋاسى قىلىش جىنايەت ئەمەس! — دېدى. ساقچى ئۇرالمىدى. ئۇ ساقچىلار سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئۇرۇشقا بولىدۇ، ئادەتتىكى ئىشلارغا تاياق ئىشلەتكىلى بولمايدۇ دېگەن سۆزنى يادىغا ئالدى. بۇ سۆز شېيىڭ دۇبەننىڭ سۆزى ئىدى. مۇنۇ ئۇيغۇر مەھبۇس شېيىڭ دۇبەننىڭ سۆزىنى نەدىن بىلىۋالغاندۇر - ھە!

مەھبۇسلارنىڭ قورساق دەۋاسى كۆچەيگىلى تۇردى، مۇختەرباي ھەيران، ھېلىقى بىر كۆزى قىسىقراق يىگىت گەپ قىلسا گۇندىپاي، ساقچىلار ئۇنى زادىلا ئۇرمايتتى.

— بۇ بىر كاتتا ئادەم ئوخشايدۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت ئىسمىلىك قېرى ئادەم مۇختەربايغا، — نەدىن بىلىۋالدىكىن، شېيىڭ دۇبەننىڭ ئۆزىگە پايدىلىق جىقلا گەپلىرىنى يادا بىلىدىكەن، شېيىڭ دۇبەن بۇلارغا خۇدا، ئۇنىڭ گېپى بۇلار ئۇچۇن بۇيرۇق، كاللىسى بار ئادەم مۇشۇنداق قىلالايدۇ.

— تەقسىر، سىلى نەدىن؟

— مەن تۇرپاندىن، نەمەت خەلپەت دېسىلىرى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— بۇ ئەخمەت دېگەن يىگىت يە ھارمايدىكەن، يە ئۇخلىمايدىكەن، بىكار بولسىلا خىتايچە ئۆگىنىدىكەن. گەپلىرىمۇ يوللۇق: قورقساڭ بۇرۇن ئۆلىسەن، قارشى چىقساڭ ئۆمرۈڭ ئۇزىرايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەممە خەلق مۇشۇنداق بولسا بىزنى ھېچكىم بوزەك ئېتەلمەيدۇ - دە! قارىسىلا، ئاۋۇ ساقاللىق خىتاي بىلەن ئورۇسچە سۆزلىشىۋاتىدۇ.

— دىنىي ساۋاتىمۇ ياخشىكەن. ئەرەب - پارس تىللىرىنى بىلىدىكەن، قازاقچە گەپ دېگەننىغۇ سۇيىدىكەن...

ئۇلار ھېرىپ - چارچاپ قوللىرىدىكى خادىلىرىغا تايىنىپ ئاچلىقتىن ئەسنىشىپ تۇرغاندا، ئەخمەت ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى:
— ئەتىدىن باشلاپ ئاچلىق ئېلان قىلايلى، دەيدۇ ئاۋۇ ساقاللىق ختاي. توغرا گەپ، مومىلىرىنى چۆرۈپ بېرەيلى!
ئەتىگەنلىكى ھېچكىم جىڭموما يېمىدى، ھەرقانچە ۋارقىرىسىمۇ ئىشنى ئىتتىك ئىشلىمىدى. بىر - ئىككى ئادەمنى ئۇرۇۋىدى، ئۇلار يېتىۋالدى.
— قىرىۋېتەرمۇ؟ — دېيىشتى قورققانلار.
— ياق، قىرالمايدۇ. قىرىۋەتسە خەلقىمىزنىڭ غەزىپى كۆچىيدۇ - دە، بۇلارنى يوقىتىدىغان كۈن يېقىنلىشىدۇ! ياشىغانكەنمىز، بەربىر ئۆلىمىز. خەلقىمىز ھازىر قوزغالدى، چىرايلىق سۆزلەرگە ئىشەنمەيدىغان بولدى. گومىنداڭ پىرقىسىنى ھە دەپ ماختاپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ، خەلق ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ!
— دۇجۇڭيۈەن دېگەن ئادەم شېڭ دۇبەننى ماختاپ «شېڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» دېگەن بىر كىتاب يازغان. ئۇ كىتابتا شېڭ شىسەي دانا، چېۋەر، چەكسىز رەھىمدىل، خەلقنىڭ ئېسىل ئوغلى، چېگرانى گۈللەتكۈچى، يېڭى زاماننىڭ جاڭ چيەن، بەنچاۋسى دەپ ماختىدى. لېكىن، شېڭ دۇبەن يۈز مىڭدىن جىق ھەر مىللەتنىڭ ياخشى پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرگەچكە بۇ ياخشى گەپكە خەلق ئىشەنمىدى، ئۇنى گىتلېر، يەرلىك چىن شىخۇاڭ دېيىشتى.
قارا ساقاللىق خەنزۇ رۇسچە سۆزلىۋىدى، ئەخمەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئۇقىرىقىدەك ئۆرۈپ بەردى.
بۇ يەر قانداق تۈرمە، بۇ يەردىكى ئادەملەر نېمانداق جىق ئىشلارنى بىلىدۇ - ھە، مۇختەرباي ھېچنەدە ئاڭلىمىغان گەپلەرنى بۇ يەردە ئاڭلىدى. بۇ يەردىكىلەر ساپلا بىلىملىك، قورقماس، ئەقىللىق ئادەملەركىنا! ئۇلار خەلق دېسە ئۆلۈپلا تۇرىدىكەن، ھۆكۈمەتكە ئۆلگۈدەك ئۆچكەن. دېمىسىمۇ پىچاق سۆڭەككە يەتتى. بۇنداق ياشىغاندىن قىرىلىپ تۈگىگەن ياخشى… ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جان بەرسەك بىزگە شەرەپ!

*     *     *

سادىروق پاتىخ بىلەن بىر ياتاقتا ياتاتتى. پاتىخ دېگەن چىرايلىق بۇرۇت قويغان، ئاق سېرىق بۇ تاتار ئالماتىنىسكى غولىدا ئۆتكەن كۈنلىرىدىن نارازى ئىدى:

— بىزگە بېرىدىغىنىنى بېرىپ، دەيدىغىنىنى دەپ قويۇۋەتسە بولاتتى. تۈنۈگۈن بىر خەۋەر ئالدىم، ئىسھاقبېك دېگەن قىرغىز چېگرىدىن تاشقورغانغا ئۆتۈپ، كونا ئەسكەرلىرىنى يىغىپ يەنە قىرغىزىستانغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋېتىپتۇ. بىرىنچى ھۇجۇمنى بىز قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. گېرمانلار بىلەن ياپونلارنى يوقاتماستا، بىز تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغاپ شىڭ شىسەينى قوغلاپ چىقارساق تاشقى موڭغۇلىيىدەك رېسپۇبلىكا قۇرالايتتۇق.

— تۈنۈگۈنكى قازاق ئوفىتسېرنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ھە، ئۇ نېمە دېدى؟

— ئۇ موسكۋادىن ئۇقتۇرۇش كەلمىسە ماڭمايسىلەر، دەيدۇ. مەن قايتىپ بېرىپ نېمە ۋەزىپە ئۆتەيمىز دېسەم، ئۇ سەنچە نېمە قىلماقچى؟ دەپ مەندىن سورىدى. مەن سوتسىيالىزمغا ئىشىنىمەن، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتسەكلا بولدى، دېدىم.

ئۇ: «توغرا ئويلاپسەن. بىز مانجۇرىيىدىكى كانتون ئارمىيىسىنى قوغلاپ چىقىرىمىز، تۆت يىلدا گومىنداڭمۇ يوقىلىدۇ. تاشقى موڭغۇلىيىدەك بولارسىندەرما؟ جوق، بولالمەيسىندەر. سىندەر جۇڭگونىڭ پىراۋىنسىيەسى[1] بولاسىندەر!» دېدى.

— نېمە، بىر ئۆلكە بولىدىكەنمىزما؟ بىز يەنئەننىڭ غەلىبە قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىكەنمىز، ئۆز ئالدىمىزغا ھۆكۈمەت بولالمايدىكەنمىزما؟ ياق، ئۇنىڭغا خەلق ئۇنىمايدۇ. بىز

① ئۆلكىسى.

موگغۇلىيىدەك بىر سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرىمىز !
— ئۆلكە بولدى نېمە ، دۆلەت بولدى نېمە ، سوتسىيالىزم بولسىلا بولمىدىمۇ ؟ !
— سوتسىيالىزم قۇرمىساق بۇ ئورۇسلار بىزنى بىر كۈنمۇ تۇرغۇزمايدۇ . ئۇنى قىلىمىز ، لېكىن دۆلەت بولۇشىمىز كېرەك .
— ئۇنىمىسىچۇ ؟
— ئۇنىمىسا شىنجاڭ دېگەن نامنى يوقىتىپ باشقا نام قويۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلىمىز !
— ئۇنىڭغا ستالىن ئۇنىمايدۇ .
— گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق سوقۇشسا ، كوممۇنىستىك پارتىيە يېڭەلمەي قالسىچۇ ؟ قانداق سوتسىيالىزم قۇرالايسەن ؟
— ئۇ چاغدا بىز مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئاخىرىغىچە سوقۇش قىلىمىز !
ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى ئۇرغۇن تەكرارلاندى . ئاخىر :
— گومىنداڭ شىنجاڭنى ئىگىلىدى . ئامېرىكا ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇردى . باكىستون غۇلجىغا كەلدى ، ئامېرىكا غۇلجىدىمۇ كونسۇل قۇرماقچى ، سىلەر مىللەتنى گومىنداڭغا قارىتىپ ئاتىسىلەر ، ۋەزىپەڭلار بىرلا : گومىنداڭنى قوغلاپ چىقىرىش . كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەتنى ستالىن بەلگىلەيدۇ . ۋەزىپەڭلار ئېنىق : ئۇرۇش قىلىپ ، گومىنداڭنى قوغلاپ چىقىرىش . بىلىپ قويۇڭلار ، ھاكىمىيەت ، دۆلەت قۇرۇش سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ئەمەس ! — دېگەن گەپلەر بولدى .
قازاق ئوفىتسېر ئالماتىنسكى غولىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنادا ھەربىي تەلىم ئېلىۋاتقان شىنجاڭ پارتىزانلىرىغا بۇنىڭدىن كېيىن كەلگۈسىدىكى ھاكىمىيەت توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشقا رۇخسەت يوق دەپ ئاچچىق بىلەن بۇيرۇق ئېلان قىلدى .
بۇ يەردىكى يەتتە يىگىت تېزرەك قوللىرىغا قورال ئېلىپ ، ئۆز يۇرتلىرىغا بېرىپ ھۆكۈمەتكە قارشى ئوق ئېتىشقا ئالدىرايتتى .

ئۇلار بۇ يەردە ياخشى يەپ، ئويناپ - كۈلۈپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئازاب بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرگە بېرىپ باشقىلار بىلەن ئارىلىششىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. پاتىخ پات - پاتلا ژۇتكىدىن تازا ئىچىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى قازاقلار بىلەن تارىخ، جەمئىيەت ۋە جاھان ئۇرۇشى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشەتتى. سادىروف ئارتۇق گەپ قىلمايتتى، ئۇ قازاق ئوفىتسېرىنىڭ گېپىگە كىرەتتى. توختىماي كىتاب ئوقۇيتتى، خاتىرە يازاتتى. كەچقۇرۇنلىرى ۋالىبول ئويناتتى. ئۇنىڭ شىنجاڭلىقلار ئارىسىدا ھۆرمىتى چوڭ ئىدى، پاتىخ بولسا ئۇنىڭ بۇنداق ئېتىبارلىنىشىغا نارازى ئىدى.

— قايتىپ بېرىپ سوقۇشنى بىز قىلىمىز! — دەيتتى ئۇ ۋارقىراپ، — بۇ يىگىت گەپ سېتىشقىلا يارايدۇ، قېنى قارىغا ئېتىشىپ كۆرەيلى، قېنى ئات مەشىقى قىلىشىپ كۆرەيلى، ئاتنىڭ قارنىغا چۈشەلەمدۇ، ئاتنىڭ يېنىغا چۈشۈۋېلىپ تاپانچىنى نىشانغا تەگكۈزەلەمدۇ، قاراڭغۇدا نىشاننى قورۇلغا ئېلىش قابىلىيىتى قانچىلىك؟ ئوقنى بىز ئاتىمىز، شەھەرنى بىز ئالىمىز، پايدىسىنى بۇلار كۆرىدۇ! ياپتى ژۇيامايت[1]، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن!

لېكىن ئۇ مەستلىكتىن يېشىلسىلا كەم سۆز بولۇپ قالىدۇ.

— نىلقىدىكىلەر بىزنى كۈتۈپ ھاردى، غېنىدىن ئەنسىرەيمەن، بىز بارغۇچە ئوقلىرىنى ئېتىپ تۈگىتىپ بولارمىكىن دەيمەن، ھاي چاپايوف، ھاي چاپايوف! سىيىتمۇ قالتىس. ئەكبەر باتۇرمۇ نەچچە قېتىم گەپ ئېيتىپ ئالدىرايتتى. ھەتتا، ئۇلاستايدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ، ھۇجۇم قىلساقلا ئىككى سائەتكە قالماي ئۇلاستاينى، ئۈچ كۈنگە قالماي نىلقىنى ئېلىپ بولىمىز دەپ خەتمۇ يېزىپتۇ. ئېيتە قېنى، قۇربان بۇرھانىدىنوف، سەن ئۇرۇمچىدە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغانغۇ، نېمىشقا ئاتمايمىز؟ مىلتىقلارنى دات باسسۇنمۇ يە؟

— ژۇكوفنىڭ ئەسكەرلىرى بېرلىنغا كىرگەن كۈنى ھۇجۇم

---

① ياپتى ژۇيامايت — ھۇ، ئاناڭنى... (رۇسچە)

قوزغايدىغان ئوخشايمىز !

— ياپونلار مەغلۇپ بولسا گومىنداڭ كۆچىيىپ كېتىدۇ . ھازىر تازا ۋاقتى . 1943 ـ يىلى تازا ۋاقتى ، ھېچبولمىسا يىلنىڭ ئاخىرى ، قىشتا ھۇجۇم قىلىش كېرەك ، خىتاي دېگەن سوغۇققا كاياك !

— گېرمانلار موسكۋا ئەتراپىدا توڭلاپ ئۆلگەندەك ـ ھە ، تازا ئالداپ قامىر تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋالساق ، قىرىلىپ كېتەتتى سوغۇقتا . قانداق دېدىم ، ھەي بايچۇرىن !

— بايچۇرىن كەلگۈسىدە گېنېرال بولىدۇ !

— ياق ، خەمىت ھەممىدىن باتۇر !

— ئوسمان ئىبراھىموف سەنچۇ ، گەپ قىلمايسەنغۇ ، خوتۇنۇڭنى ئويلاۋاتامسەن يا ؟ مۇنۇ نۇر ئوبۇلوف ، ھوشۇر ماستوفلار گومىنداڭ ليۇتچىكلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى جىق كۆرگەن ، تاتار قىزلىرىنى جىق جايلىدىمۇ ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىمۇ ؟ پىرىروتكا ، ئورۇسلارنى جىق ئەپلىدى ـ ھە ، ئۇ سەت دۆيۈزلەر . قىز بالا دېگەن پۇلنى كۆرسە نومۇسنى ئۇنتۇيدىكەن . غۇلجىنى ئازاد قىلغان كۈنىمىز ئاشۇ جالاپلاردىن يۈزنى ئاتىمەن . غېنىمۇ شۇنداق دەيدۇ !

— ئوقنى ئۇلارغا زايە قىلىپ نېمە قىلىسەن ؟ ئۇلارغۇ تېنىنى ساتىدىكەن ، ۋىجدانىنى ، مىللىتىنى سېتىۋاتقانلار بار ، ئۇلارنى قانداق قىلىسەن ؟ سەن پاتىخ ، دىققىتىڭنى ئۇششاق ئىشلارغا چاچما . شېڭ شىسەي ، گومىنداڭ دېگەنلەرنى يوقىتىشنىڭ پىلانىنى تۈز . ئېيتماق ئاسان ، يوقاتماق تەس . بىزنىڭ تەربىيە كۆرگەن مۇنتىزىم ئەسكىرىمىز يوق . پارتىزانلار قورقمايدۇ ، قەھرىمان . لېكىن ، ھەربىي بىلىمى يوق ، بىزدە ھەربىي بىلىمى بار ئادەملەر يوق ، زادىلا يوق . مەسىلەن ، شېڭ شىسەيدەك ، ئۇنىڭ ھەربىي بىلىمى يۇقىرى ، ئەسكەرلىرىمۇ تەربىيىلەنگەن . گومىنداڭ ئەسكەرلىرىمۇ شۇ . ھازىر گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كىرگىلى تۇردى . ما بۇفاڭ دېگەن تۇڭگاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ

كىرمەكچىكەن . بىز تېخى ئارمىيە قۇرمىدۇق . خەلقنى قوزغاش ، قوراللاندۇرۇش بىرىنچى ۋەزىپە !

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇرۇنراق قايتساق بولاتتى !

— ستالىن لېنىنگراد جېڭىدە غەلىبە قىلماي تۇرۇپ ، بىزگە بۇيرۇق بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ .

ئالمۇتا شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ، بۆك ئورمانلىق غول ئىچىدىكى بۇ ئورۇن باشقىلار كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان جاي . لېكىن ، يەتتە ئەزىمەت ئۈچۈن بۇ يەر زېرىكىشلىك تۇيۇلماقتا . ئويۇن ، پاراڭ ، مەشىق ھەممىسى ئۇلارنى قانائەتلەندۇرمىدى ، ئۇلار جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز سەرگۈزەشت - كەچۈرمىشلىرى بار ، لېكىن ئورتاقلىق — شېڭ شىسەيگە بولغان ئۆچمەنلىك ، قىساس - ئىنتىقام ئېلىش تەقەززالىقى . ئۇلاردىن بىر ئادەم : «ئوق تەگسە قانداق قىلىسەن ؟ » دەپ سوراپ قالسا ، ئۇ چوقۇم : «بۇ جان مېنىڭ ئەمەس . ئاللىقاچان خەلقىمگە ئاتىۋەتكەنمەن ! » دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ…

ئالماتىنىسكى غولى شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن تار قەپەس ، ئۇلار ئاتلىرىنى تاقىراقشىتىپ چاپتۇرۇپ ، تاشلار كەينىگە مۆكۈنۈپ ، يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ، قولىدىكى قورالىنى ئىشلىتىشنى ، قورۇلغا ئالغان دۈشمىنىنىڭ يەرگە گۈپ قىلىپ يىقىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ . ئۇلار ئۈچۈن مەنىلىك ھايات مانا شۇ !…

— توختا ، توختا ! — دەپ ياتاققا يۈگۈرۈپ كىردى پاتىخ تولىمۇ خۇشال بولۇپ ، — ئاخىر مانا ئاسماندا يۇلتۇز كۆرۈندى ، ئىسھاقبېك بىزدىن بۇرۇن چىقىپتۇ . ئۇ ئىككى يۈزدىن كۆپ ئادەمنى قوراللاندۇرۇپ ئاقچىنىڭ قورۇل تېغىغا كىرىپتۇ ! ئىنقىلاب تاشقورغاندا پارتلايدىغان بولدى !

— سەن بۇ خەۋەرنى نەدىن ئۇقتۇڭ ؟

— بۈگۈن ئىسھاقبېكنىڭ بىر قىرغىزنى كۆردۈم . ئىسمىم

قانات ، ئىسھاقبېكنىڭ مۇھاپىزەتچىسىمەن ، دەيدۇ .
— مەن ئىسھاقبېكنى ياخشى تونۇيمەن . ئۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى بولۇپ غۇلجىدا تۇرغاندا بىز نۇرغۇن سۆزلەشكەن . ئۇنىڭ غەزىپى كۈچلۈك . شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا جىق زۇلۇم سالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاڭلىق ، ھەربىي بىلىمى بار ئادەم ، ئۇ چوقۇم نەتىجە قازىنالايدۇ !
— مەن ئۇنى بىر قېتىم چېگرىدا ئاتقا قورال - ياراغ تېگىشىۋېتىپ كۆرگەن . ئۇمۇ نۇرغۇن يۇك - تېرىگە قورال ، ئوق - دورا تېگىشىۋالغان . ئۇ شۇ چاغدىلا مېنىڭ كونا ئەسكىرىمدىن ئەللىك - ئاتمىشى يېنىمدا ، ئەسكەرلىرىمنى ئىككى يۈزگە يەتكۈزۈپ ئۇلۇغچات ، ئاقچىلارنى ئىگىلەيمەن دېگەن . مەن نىلقىدا قوزغىلىمەن دېسەم ، ئۇ خۇشال بولۇپ : قالتىس جاينى تاللاپسىلەر ، ئۇ يەر ئارقىلىق كۈنەس ، توققۇزتارالارنى ئىگىلىمەك ئاسان ، ھۇجۇمغا ئۆتمەكمۇ ، مۇداپىئە قىلماقمۇ ئاسان . كۈنەسنىڭ نارات دېگەن يېرىدىن ئۆتۈپ خوشۇت ، قاراشەھەرلەرنى ئالغىلى بولىدۇ . توققۇزتارادىن ئۆتۈپ تېكەس ، موڭغۇلكۈرەلەرگە تاغ ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرلەرنى ئېلىۋالساڭ ، مۇزات ئارقىلىق ئاقسۇ ، قەشقەرلەرگە كىرگىلى ، شوتا ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم ئالغىلى بولىدۇ . شىمالدا ئاچالدىن ئۆتۈپ جىڭغا كىرگىلى ، غۇلجا - ئۈرۈمچى تاشيولىنى ئۈزۈۋەتكىلى ، بورتالا - شىخولارنى ئالغىلى بولىدۇ ، دېدى . ئۇ بىزنىڭ تاغلىرىمىزنىڭ يوللىرىنى بەش قولدەك بىلىدىكەن !
— ئۇ ھەربىي بولۇپ ئۇرۇشقا قاتناشقىلى يىگىرمە ئىككى يىل بولدى . سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇدى . ئۇن ئالتە يېشىدا چوڭبېغىش قەبىلىسىگە دادىسىنىڭ ئورنىغا بەگ بولغان . كېيىن 1934 - يىلى ئالتە مىڭ كىشىلىك بىر كاتتا ئىسكادرونغا كوماندىر بولۇپ ، شېڭ شىسەيگە ئالدىنىپ ماخۇسەن ، ماھۇت سىجاڭ قىسىملىرىنى يوقىتىشقا قاتناشقان . تەجرىبىسى مول ، پاراسەتلىك كوماندىر ئۇ !
ئۇلار خۇشال بولۇشتى ھەم ئۆزلىرىنىڭ تېخىچە نىلقىغا بېرىپ

ئىنقىلابنى باشلىۋېتەلمىگىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن رەللە بولدى :
— ئالتايدا ئوسمان ئىسلام تاشقى موڭغۇلىيىدىن ياردەم ئېلىپ ئورۇشىنى باشلىۋەتتى . مانا تاشقورغاندىمۇ مىلتىق ئاۋازى ياڭرايدىغان بولدى . قازاق بىلەن قىرغىز قوزغالدى ، ئۇيغۇر بىلەن تاتار تېخىچە قەپەستە !
... پامىر تېغىنىڭ تىك قورام تاشلىرى ، قارلىق چوققىلىرى ، گىياھ ئۈنمەيدىغان قىزىل توپىلىق غولىرى چېگرا ساقلىغۇچى ئەسكەرلەر ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بولغىنى بىلەن ، بۇ يەرنىڭ قىرغىز ، تاجىكلىرى ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك . ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قورۇل تېغى قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىنىڭ بۆشۈكى . ماناس باتۇر ھەققىدىكى ئىككى يۈز نەچچە مىڭ مىسرالىق داستاننى قوبۇز بىلەن ياد ئېيتالايدىغان ئادەملەر شۇ تاغنىڭ مەدھىيىلىگۈچىلىرى . مانا شۇ تاغنىڭ باتۇر ئوغلى ئىسھاقبېك شىڭ شىسەي دەستىدىن يۇرتلىرىنى تاشلاپ چەت ئەلگە قېچىپ كېلىۋالغان يۇرتداشلىرىدىن يۈزدىن جىق ئادەمنى يىغىپ ئىككى روتا قىلىپ تەشكىللىدى . بۇ ئىككى روتىغا سوۋېت ئىتتىپاقى قورال ـ ياراغ ، كىيىم ـ كېچەك ، ئوزۇق ـ تۈلۈك بەردى . ئۇلار مانا مۇشۇ تاغنىڭ قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىكى قاپتاللىرىدا خېلىدىن بېرى ھەربىي مەشىق قىلماقتا . ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشىقى گويا ئۆز ۋاقتىدىكى فرۇنزې ، بۇدىيوننىي قىسىملىرىدەك قاتتىق ئىنتىزام ، يۇقىرى تەلەپ بىلەن ئېلىپ بېرىلدى . ھەربىر ئەسكەردىن :
— نېمىگە تەييارلىنىۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىسا ، ئۇ چاس بېرىپ تىك تۇرۇپ :
— جەڭگە تەييارلىنىۋاتىمەن ! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ جاۋابى گويا قەسەم !
— كىم ئۈچۈن جەڭ قىلىسەن ؟
— ئېزىلىۋاتقان خەلقىم ئۈچۈن .
— مەقسىتىڭ نېمە ؟
— ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش !

— شوئارىڭ نېمە ؟
— قورقماسلىق ، قايتماسلىق ، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش !

... مانا ئاشۇ ئىككى يۈز نەچچە ئەزىمەت 1943 - يىلىنىڭ 7 - ئېيىدا قەشقەر ئەتراپىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلىپ ، ئاقچىنىڭ قورۇل تېغىغا ئوخشاش يەرلىرىگە يوشۇرۇن كىرىپ كەلدى . ھەربىي ئىشلاردا قىممىتى بولغان يوللار ، ئېغىزلار ، ئېقىن سۇلار ۋە تاغ غوللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈردى . بىرىنچى قەدەمدە ئۇلۇغچات بىلەن ئاقچىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بېسىۋېلىش پىلانىنى تۈزدى . بۇ ئىككى ناھىيىدە قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان . ئىسھاقبېك ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەرنىڭ خەلقىنى باسمىچى باندىتلاردىن قوغدىغان . باندىت جانىمبېك قازى ، ئاتمەلىك ، خۇشمەتلەرنى يوقىتىپ يۇقىرى ھۆرمەت تاپقان . جىبەك قازىنىڭ تاغلىقلارغا سالغان زۇلمى ، ھەتتا كېيىن چىن دىشىڭنىڭ ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ تۆت يۈز مىلتىق ، ئىككى زەمبىرەككە ئىگە بولۇۋالغان ئوسماننىڭ قەشقەرگە ھۆكۈمران بولۇۋېلىپ ھە دەپ خەلقنى بۇلاپ ، مال - دۇنيا يىغىپ ، كىچىك خوتۇنلىرىنىلا ئوتتۇزدىن ئاشۇرۇۋەتكەن قىلمىقلىرىغا ، زوراۋانلىقىغا خاتىمە بەرگەنمۇ مۇشۇ ئىسھاقبېك ئىدى . كېيىن ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى مەجبۇرىي تارقىتىلغاندىن كېيىن خەلقنى ئويلاپ نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى قىرغىزىستانغا چىقىرىپ ئوقۇتۇپ ، قىرغىز رايونلىرىدا مەكتەپ ئېچىپ خەلقنى مەدەنىيەتكە باشلاپ ئىككى مىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرگەنمۇ مۇشۇ ئىسھاقبېك . ئىسھاقبېك بۇ يەردىكى خەلقنىڭ قەلبىدە بىر ئۇلۇغ قۇتقۇزغۇچى . سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ گىمناستوركىسىنى كىيىپ ، بېلىگە ھەربىي تاسما باغلاپ ، تاپانچا ئېسىپ ، ھەربىي شەپكىسىنى كۆزىگە كىيىپ يۈرگەن قىرتقتىن ئاشقان بۇ قارا بۇرۇت ، گەۋدىلىك ئادەم قايسى ئۆيدە پەيدا بولسا شۇ ئۆي خاسىيەتلىك ئۆيگە ئايلىنىدۇ . مانا ئۇ سىنتەبىرنىڭ سۈزۈك ئاسمانلىق ئاخشىمى كامالشا باينىڭ ئۆيىگە

كەلدى . ئۆيدە ئۇنى شۇ يەرنىڭ ھۆرمەتلىك ئادەملىرىدىن ئوبۇل قاسىم ، مادايوف ، مەھەممەت ئەيسا ، شىرىنقۇللار ساقلاۋاتاتتى . ئۆينىڭ ئەتراپىغا مەخپىي ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتى . مەھەللىنىڭ يول ئېغىزلىرىغىمۇ قاراۋۇللار قويۇلدى .

بۇ ئۆيگە يىغىلغانلار ئادەتلىرى بويىچە قوبۇز بىلەن داستان ئاڭلىمىدى ، قىرغىز ئېرىنى بىلەن غىزالاندى ۋە تۆگە قىمىزىدىن ئىچىشتى ـ دە ، ئىسھاقبېك ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئالدىرىماي سۆز باشلىدى :

— كۆتكەن كۈن ئاخىر كەلدى . خەلقنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىدى . قاڭغىر قاقشىغان ، زار يىغلىغان ، باغرى قان خەلقنىڭ دادىغا يېتىدىغان چاغ كەلدى . مەن تەشكىلاتىمىزنىڭ ئىسمىنى جاكارلايمەن . بۇ تەشكىلات «ئازادلىق تەشكىلاتى» ، تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئىسھاقبېك مونونوف . بۇ كىشى سىلەر ياخشى بىلىدىغان ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جىغىن يېزىسى سىمخانا قىشلىقىدىكى مونۇن ھاجىنىڭ ئوغلى ، دادام ھەرەمگە بېرىپ ئەرافات تېغىدا «خۇدادىن نېمىنى تىلىسەڭ شۇ بەجا بولىدۇ» دېسە ، «خەلققە ئەركىنلىك بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغانىكەن . ئەركىنلىك دېگەن نېمە ؟ زۇلۇم كۆرمەسلىك ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش دېگەن سۆز . مەن 1925 ـ يىلى دادام مونۇن ھاجىنىڭ ئورنىدا چېگرا ئەترىتىگە ئەسكەر بولۇپ كىرىپ ، قولۇمغا قورال ئېلىپ خەلقىمنى زۇلۇم ۋە تالان ـ تاراجدىن قوغدىدىم . مەن ئىككى قېتىم لوبجاڭ بولۇپ باسمىچىلارنى ، توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ خەلقىمگە خىزمەت كۆرسەتتىم . لېكىن ، شېڭ شىسەي مېنى مۇكاپاتلاش ، ئەتىۋارلاش ئورنىغا جازالىدى . مەن خەلقىمنى سىرتتىن كەلگەن باسمىچى ، تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداشنىلا ئويلاپ خاتالىشىپتىمەن . ئەڭ چوڭ باسمىچى ، باندىت ، بۇلاڭچى ، جاللات دۆلەت ئىچىدىكەن ، بۇ شېڭ شىسەي . مەن كىچىكىمدە دادام بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۇرۇپ كۆپنى كۆردۇم . سوۋېت ئىتتىپاقى ھەقىقىي خەلقنىڭ دۆلىتى ئىكەن دەپ ئويلىغان . شېڭ شىسەي

ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى سۆزلىسە ، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ جېنىمنى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا پىدا قىپتىمەن . ئەڭ چوڭ ئەزگۈچى ، بانىدىت ، جاللاتنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قاپتىمەن . مەن خېلى بولدى ، غەپلەتتىن ئويغاندىم . بىز بۇگۈن ئاشۇ جاللاتنى يوقىتىپ خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۇرۇش ئۇچۇن «ئازادلىق» تەشكىلاتىنى قۇردۇق . بىز ئەتىلا ھۇجۇم باشلايمىز . ئەڭ ئاۋۋال ئاقچى بىلەن ئۇلۇغچاتقا ھۇجۇم قىلىمىز . بۇ يەردە بىزنىڭ كۈچىمىز زور ، خەلق بىزنى يۈز پىرسەنت قوللايدۇ ، شېڭ شىسەينىڭ كۈچى ئاجىز . بىز بۇ يەرنى ئازاد قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاۋۋال قەشقەرنى ، ئاندىن خوتەن ، ئاقسۇلارنى ئازاد قىلىمىز . شىمال تەرەپتە ، ئالتاي بىلەن غۇلجىدىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭ بولىدۇ . ھازىر بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تەرەپ ـ تەرەپتە قورالّلانماقتا ، بۇ يىل كۈز ، قىش پۈتۈن شىنجاڭدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ !

ئىسھاقبېكنىڭ سۆزىدىن ھاياجانلانغان تەشكىلات ئەزالىرى ۋارقىراشتى :

— بۇگۈنلا ئاقچىغا تېگىش قىلايلى !

ئىسھاقبېكنىڭ باش مۇھاپىزەتچىسى ، بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتقان ، پەگاز قاپاق ، ئېگىز يىگىت قانات باشلىقىغا :

— مەن قاراۋۇللارنى تەكشۇرۇپ كىرەي ! — دېۋىدى ، ئىسھاقبېك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

— مېنىڭچە ، — دېدى ئىسھاقبېك ئاخىرىدا ، — سىلەر ھازىر تارقىلىپ ، ئىشەنچلىك ، قەيسەر ئادەملەرگە ئالدىن خەۋەر بېرىڭلار ، ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئىككى يۈز كىشىلىك جەڭگىۋار باتاليون ئۇلۇغچات چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىدۇ !

ئۇلار تارقىلىشتى . مۇھاپىزەتچى قانات تېخى يوق ئىدى . ئىسھاقبېك جىددىيلىشىپ مادايوفتىن :

— بىرى ئۇنى ئۆلتۇرۇۋەتتىمۇيە ؟ — دەپ سورىۋىدى ، مادايوف :

— بىر كىشى ئۇنىڭ چېگرا تەرەپكە ئات چېپىپ كەتكىنىنى

كۆرگەن ، — دېدى .
ئىسھاقبېك ئادەملىرىگە بۇيرۇق بەردى :
— بۇگۈن كېچە چېگرىدىن ئۇياققا ئۆتۈپ كېتەيلى !
ئەتىسى مەلۇم بولدى : قانات چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا ھۇجۇم پىلانىنى مەلۇم قىلغان . شۇ كېچىسىلا چېگراغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەسكەر توپلانغان ، كېچىچە ئۇخلىماي ئەسكەرلەر ئاكوپ كولىغان . بۇرۇن ئىسھاقبېكنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار قورالسىزلاندۇرۇلۇپ نەزەربەند قىلىنغان ، پىلان خائىننىڭ كاساپىتىدىن مەغلۇپ بولغانىدى .
— ياق ، — دېدى ئىسھاقبېك كەسكىن قىلىپ ، — ئەمدى بىز مۇھىم جەڭ نۇقتىسىنى تاشقورغانغا يۆتكەيمىز . ئۇ يەر يىراق ، تاغلىرى ئېگىز ، يوللىرى يامان ، خەتەرلىك جاي . ئۇ يەردە دۈشمەن ئاجىز ، مۇداپىئە ، ھۇجۇم ئۈچۈن بىزگە پايدىلىق !

* * *

... مۇختەرباي بۈگۈن ماڭالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ كۆل قىرغىقىدىن قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەنىدى . ئەخمەت ئۇنىڭدىن ھال سورىدى :
— قانداقراق ، غەيرەت قىل ئاكا ، تاياق يەپ قالما !
— بايا ئۇخلاپ چۈش كۆردۈممۇ ، خىيال قىلدىممۇ ئىش قىلىپ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قوزغىلىپتەك !
— نەدە ؟
— تاغلاردا ـ دە !
— چۈش ئەمەس ، خىيال ئەمەس ، بۇ راست !
— راست ، غېنى ئوغرى نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بىزنىڭ مەھەللىدىن ئۆتۈپتەك . ئابدۇمەرنى قارىياغاچقا ئېسىپ قويۇپتەك !
— خائىنلار چوقۇم سەن دېگەندەك ئېسىلىدۇ .

شۇ ئارىدا كىيىملىرى مايلىشىپ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن، يۈز - كۆزى قاسماق بىر ئادەم مۇكچەيگىنىچە ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى :

— ئالتۇنىڭ نەدە، دەپ بەرسەڭ سىنى ئۇرمايمىز، قويۇۋېتىمىز دېسە، جان تاتلىقكەن، ئىككى كومزەك ئالتۇن ئات ئوقۇرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈكلۈك دەپ بېرىپتىمەن. مانا ئەمدى ئالتۇننىمۇ ئالدى، مېنىمۇ قويۇۋەتمىدى، ئالتۇنمۇ يوق، جانمۇ يوق، ئىسىت ئالتۇن، ئىسىت جان، ئىسىت، ۋاي ئىسىت!

ئۇ بىردەم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بىردەم مۇكچىيىپ يۇگۇرۇپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. بىر خەنزۇ ئەسكەر ئۇنى تىللىدى :

— ھەي خائىن، نېمىگە ۋارقىرايسەن!

— خائىن، توغرا، مەن خائىن. ئالتۇننى دەپ بەرگەندىكىن خائىن بولىمەن يا!

— ۋارقىرىما دەيمەن!!

— چىدىمىسام ۋارقىرىمامدىم ئەمىسە!

— ۋارقىرىما!

— سەن نېمىشقا ۋارقىرايسەن ئەمىسە؟ ئىككى كومزەك ئالتۇنىڭنى ئېلىۋالغانمىتى بىسى!

— سۆزلىمە دەيمەن! — ئەسكەر ئۇنى ئىتتەردى، — ماڭ ئىشلە خائىن!

— ئىتتەرمە، ئالتۇننى ئېلىۋېلىپ يەنە ئىتتىرىسەنغۇ!

— ماڭ ئاناڭنى، ئىت چەنتۇ! — ئەسكەر مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇنىڭ دولىسىغا بىرنى ئۇردى.

— يەنە ئۇرىسەنغۇ بۇلاڭچى!

ئۇ ساقچىغا يېنىۋىدى، ساقچى ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇردى. ئۇ ۋارقىرىغان پېتى ساقچىغا ئېتىلدى. «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇ كەينىگە قاڭقىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى - دە، بىرلا تىپىرلاپ جىمىپ قالدى. ئەخمەت يۈگۈرۈپ كېلىۋىدى، ساقچى ئۇنىڭغا مىلتىق تەڭلىدى. يۈزلىگەن ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن

ساقچىغا قاراپ يۈگۈردى . چوڭ قورۇنىڭ ئىگىز ، سىم تارتىلغان تاملىرىنىڭ دوقمۇشلىرىغا ئورنىتىلغان پىلىموتلار بىردىنلا «تاتات ، تاتات !» قىلىپ تىلغا كىردى . سىۋىستوك چېلىندى ، مەيدانغا ئەسكەرلەر تولدى ، پاسكىنا كۆللەرنىڭ يېنىدا ئالتە ئادەم قانغا مىلىنىپ ياتاتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە مۇختەربايمۇ بار ئىدى . ئەخمەت ئۇنى يۆلىدى :

— مۇختەركا ، مۇختەركا !

— ياق ، ئۆلمەيمەن تېخى ، بەشىنىڭ جېنىنى ئالماي تۇرۇپ ! — دېدى مۇختەرباي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ . ئوق ئۇنىڭ سول مۇرىسىگە تەگكەن ، ئىچكى ئەزالىرى ساق ئىدى . ئەخمەت ئۆزىنىڭ كۆك كۆڭلىكىنى يىرتىپ ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭدى ۋە ئۇنى ھاپاش قىلىپ ساقچىلارغا :

— كامېرىغا ئەكىرىمەن ! — دېدى . ساقچىلارنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا «ماڭما» دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە :

— ئىشلەڭلار ، بۇ بىر كىچىككىنە ئىش . ساقچىغا كىم يانسا ئېتىلىدۇ ، بۇ دېگەن ئىنتىزام . ئۆلگەنلەرنى ، يارىدارلارنى ساقچىلار ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ ! — دېدى .

— مەن يارىدار ئەمەس ! — دېدى مۇختەرباي ئەخمەتكە تايىنىپ تۇرۇپ ، — ماڭالايمەن ، ئىشلىيەلەيمەن !

ساقچىلار يارىدارلارنى ھېچقاچان داۋالىمايدۇ ، ئاچىقىپلا ئۆلتۈرىدۇ . بۇنى مۇختەرباي بىلىدۇ . بۇنداق ئىش راست دېگەندەك دائىم بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ يەردىكىلەرنىڭ جېنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ . خالىسا ، ھەرقانداق بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . چۈنكى ، بۇ ئادەملەر شىڭ شىسەيگە نۇرغۇن بايلىق ، ئالتۇن - كۈمۈش ، يەر - زېمىن ۋە مال - ۋاران ھەدىيە قىلىشقان . ئۇلارنىڭ گۇناھىمۇ شۇ بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى . «خائىن» دېگەن نام «پۇلدار» دېگەن نامنىڭ سەت ئاتىلىشى ، «مۇسادىرە» دېگەن سۆز «ھەدىيە»نىڭ بۇيرۇق ئاھاڭى . شىڭ دۇبەننىڭ خوتۇنىمۇ ھازىر كۈندە كىرىۋاتقان ئالتۇننىڭ سانىنى بىلمەيدۇ ، شىڭ دۇبەننىڭ بۇ

ئىشقا مەسئۇل بولغان مەخسۇس خادىملا ھەر كۈنى مىڭ سەردىن ئارتۇق ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ خەزىنىگە كىرىۋاتقىنىنى بىلىدۇ. شـــىڭ شىسەي پارىخورلارنى ئاتتى، ھازىرمۇ ئاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ خـەلـقـقـە كـۆرسـىتـىدىغان «ئادالەت» بايرىقى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئادەملىرى مەخسۇس قىدىرىپ يۈرۈپ: «پالانچى بىيىپ قاپتۇ» دەپ شىۋىرلاپ قويسىلا شۇ كۈنى بىر «خائىن» پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئـۇنـىـڭ بـايـلـىـقـى شۇ كۈنىڭ ئەتىسىلا شىڭ دۇبەننىڭ خەزىنىسىگە كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىلا ئادەم بىلىدۇ: ئەقىل ئـىـگـىـسـى، تالانت ئىگىسى، ئەخلاق ئىگىسى، نام ـ ئابرۇي ئىگىسى، پۇل ئىگىسى ئوخشاشلا «خائىن». پەقەت ھېچنېمىگە يارىمايدىغان، يېلىنىش، يالۋۇرۇش، سارغىيىش، مۈكچىيىش، تىزلىنىشنى بىلىدىغانلارلا ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە. ياشاش بىلەن يوقىلىشنىڭ شەرتلىرى تولىمۇ ئاددىي، تولىمۇ ئېنىق.

مـۇخـتـەربـاي بۇ سىرنى ماكاندا ئۆلۈشنى خالىمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈزەل يېرىدە ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئـۇ بـىـر قېتىم چوڭ ئوغلىنى باشلاپ زاراتگاھلىققا بېرىپ ئۆز قەبرىسىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئورۇن رەيھانگۈلنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنى ئىدى. ئۇ شۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى گۈزەل ئارزۇسى.

مانا ئۇ ئۆز كامىرىدا، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ مۈرىسى قـاتـتـىـق ئـاغرىماقتا. لېكىن، ئۇ ۋارقىرىمىدى، ئىڭرىمىدى، يىغلىمىدى، پۈتۈن بەدىنىدىن چىلىقلاپ تەر چىقىپ، ئېسىنى بىر بـىـلـىـپ ـ بىر بىلمەي تۇرسىمۇ ئۆزىنى «يارىلاندىم» دېمىدى. بـۇنـداق دېـيـىـش مـۇشـۇ سىرنى جايدا ئۆلۈشكە رازى بولۇش دېگەنلىك، مۇختەرباي بۇنى بىلىدۇ. ئاغرىق راسا كۈچەيگەندە، ئۇ چـىـشـلـىـرىـنـى چىڭ كىرىشتۈرۈپ ساقال ـ بۇرۇت باسقان، قـورۇقـلـىـرى قـويـۇقـلاشـقـان چـىـرايـىـنـى تـۇرۇشـتۇرۇپ، بـۇركـۈتـنـىـڭكىدەك ئۆتكۈر، يوغان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ھاياتىنى، ئەڭ گۈزەل چاغلارنى ئەسلەيدۇ. مۇشۇنداق قىلىشلا ئەڭ

چوڭ تەسەللى، ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق. مۆختەرباي تولا ئازابلىنىپ يۈرۈپ بۇنى بىلىۋالغان...

بۇ ۋوينىغا چىڭ باغلانغان ياغلىقنى نازۈك تىرناقلىرى بىلەن يېشەلمىگەن نومۇسچان قىز ئاخىر يىگىتلەر ۋە يەڭگىسىنىڭ زورى بىلەن چىشلىرىنى ئىشقا سالدى. قىز تىنىقى ئەڭ راھەت، بەكمۇ ئىللىق. بولۇپمۇ يەڭگىل ھاسىراشلىرى. خوتۇنى گۈلنىسا بۇۋىنىڭ ئۇن بەش ياشلىق چېغى مۆختەربايغا دۇنيا گۈزەللىكىنىڭ گۈلتاجى بولۇپ بىلىنگەنىدى. توي كېچىسى گۈلنىسا بۇۋى ئازاب بىلەن يېيىلىنغاندا، مۆختەر ئۆزىنى تەڭدىشى يوق قەھرىمان ھېسابلىغانىدى... گۈلنىسا بۇۋى بىلەن رىزقى قانداقلارچە قوشۇلدى؟ بۇ ئىش ھېلىھەم ئۇنىڭ يادىدا: دادىسى روزى يۈزبېگىنىڭ قىزىنى توقاللىققا ئالماقچى بولغاندا، مۆختەر روزى يۈزبېگىنىڭ مالىيىسىنىڭ خوتۇنىدىن قىزغا: «گۆگۈم ۋاقتىدا قاپاق تېرەكنىڭ ئاستىغا چىقسۇن» دەپ ئېيتىپ بەردى. دېگەن چاغدا قىز چىقتى. قىز راست دېگەندەك چىرايلىق ئىدى. ئۇزۇن، ئىككى تال چېچى، بۇرغاي سېكىلەكلىرى... ھەممىلا يېرى مۆختەر كۆرگەن قىز - چوكانلارنىڭ ھەممىسىدىن چىرايلىق ئىدى: «سىزنى دادام ئەمەس، مەن ئالىمەن» دېدى ئۇ قىزنىڭ تېپىرلاشلىرىغا قارىماي قۇچاقلىۋېلىپ. يېزا قىزلىرى ۋارقىرىمايدۇ، قىز كۈچلۈك يىگىتنىڭ نەپسىگە بويسۇندى ... دادا شۇ ئىش سەۋەبىدىن مۆختەرنى بۆلۈپ چىقىرىۋەتتى... ئېھ، قىز - چوكانلار بىلەن بولغان ئىشلارنىڭ قايسىبىرى راھەت ئەمەس ئىكەن، دۇنيادا بۇنى بىسىپ چۈشىدىغان راھەت بولمىسا كېرەك... ئۇ چاغلاردا مۆختەرباي دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن، قولى ھەرقانداق يەرگە يېتىدىغان، ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان، ئۆزىدىن بىرەر نېمىسى ئۈستۈن يىگىتلەرنى كۆرسە ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالىدىغان نادان غورۇرنىڭ ئىگىسى، مەنمەنچى تارانچى يىگىتلىرىدىن ئىدى. مەھەللە ئىمامىنى ئەڭ يۈزسىز دەپ ئويلايتتى. مانا ئەمدى ئويلىسا، ئۇنىڭ يۈزسىزلىكى مۇنۇ ھۆكۈمەت

يـۈزسىزلىرىگە سىلىشتۇرغاندا بىرى قىغ دۆۋىسى بولسا، بىرى بىر تال قۇملاق ئىكەن. بىچارە ئىمام هازىر «هاي قاشقالىق» دەپ تىللايدىغان مۇختەربايىنى سىغىنىپ قالغاندۇر - ھە؟ دەھشەتلىك ئاغرىق ئۇنى سۆزلىتىۋەتتى:

— ھىلىقى ئەخمەت، ھىلىقى ئەخمەت!...

قارا ساقاللىق خەنزۇ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— مەن ئەخمەت ... مەن!...

— داغلا! — دېدى مۇختەرباي مۇرىسىنى كۆرسىتىپ، — داغلىغىنا!

قاراساقال گۈندىپاينى تېپىپ كىردى. گۈندىپاي — خېلى رەھىملىك، پاكار، ئەپيۇنكەش قېرى خەنزۇ:

— داغلامسەن؟ — دېدى ئۇيغۇر تىلىدا.

— ھەئە. ئاتلارنى كەسكەندە داغلىغاندەك!

نەدىنــدۇر قىپقىزىل چوغقا ئايلانغان تۆمۈر كەلتۈرۈلدى. مۇختەربايىنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ، تۆت ئادەم قول - پۇتلىرىنى بېسىپ تۇردى - دە، قارا ساقال ئوقنىڭ كىرگەن يېرىنى ۋاژىلدىتىپ داغلىدى. كۆيگەن گۆش پۇرىقى، كۆكۈچ ئىس... مۇختەرباي ئىڭىرىتىندى، لېكىن ۋارقىرىمىدى.

— دۈمبەمدىكىسى چوڭ! — دېدى ئۇ تەستە ئىنجىقلاپ، — بولۇڭلار!

ئـۇنـى دۈم يـاتـقـۇزۇپ دولـىسىنى داغلىغاندا ئۇ نالە قىلىپ «رەيھان!» دەۋەتتى.

— ۋايــجــان دېمەي «رەيھان» دەيدىيا ما يىتىم! — دېدى كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان تالىپ ھەيران بولۇپ، — باتۇركەن جۇما بۇ تارانچى!

— تارانچىدىن باتۇر جىق چىقىدۇ. پالاندى خەق ئەمەسما!

— بىز پالاندىلاردىن ئەمەس. غۇلجىنىڭ كىندىكىدىن ئۈنۈپ چىققان يەرلىك — بىندىرىن!

— شۇنداق! — دېدى تالىپ، — غۇلجا مەھمۇت قەشقەريي

زاماندا ، قاراخانىيلار زامانىدىلا ئۇيغۇرلار ياشىغان جاي ، يەرلىك ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى .

— چاغاتاي دەۋرىدە — ئالمالىقتا ئۇيغۇرلار كۆپ ئىدى ! — دېدى يەنە بىر ئاپئاق ساقاللىق ئۆزىنى «گادايى» دەپ ئاتايدىغان كەم سۆزلۈك شائىر گەپكە ئارىلىشىپ . ئۇ كىمنىڭدۇر بىر شېئىرىنى ئوقۇدى :

مالغا تولغان يايلىقى ، ئالەمگە مەشھۇر بايلىقى ،
سۈيى مول تۇپرىقى مۇنبەت ، بوك دەرەخزار تاغلىرى .
توققۇزى تەل ، ئابى كەۋسەر ئىلى دەريا سۇلىرى ،
بۇلبۇل سايراپ كەتمەس ئۇنىڭ بېھىش كەبى باغلىرى .

— بارىكاللا «گادايى» ، — دېدى گۇندىپاي بىلەن يېڭىلا كىرگەن ئەخمەت كۇلۇمسىرەپ ، — بولدى مۇختەركام دورا يېگەندەك بولدى . سىزنىڭ شېئىرىڭىز ئۇنىڭغا دورا بولدى .

— راست ، راست ! — دەپ ماچىلداپ يىغلىدى مۇختەرباي ، شۇنچە داغلاشقا مىدىر قىلماي چىداپ ، يۇرتىنى ماختاشقا چىدىيالماي ، — باغلار ، تاغلار بۇرنۇمغا پۇراپ كەتتى . ئەتكەنچاي ، نېرىن ، قىمىزلارچۇ ؟ مەن شۇ نەرسىلەردىن ئايرىلمايلا دۇنيادىن ئۆتەرمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن ، خورلۇق ، خورلۇق ! ئۆزۈمدىن كۇپۇرلۇق ئۆتتى ، ھۆكۈمەت ئالدىدا گۇناھسىز ، پاكمەن ، خۇدا ئالدىدا گۇناھكارمەن . خۇدانىڭ بەش پەرزىدىن ئىككىسىنىلا ئادا قىلىپ كەلدىم شۇ . قالغان ئۈچىنى ئادا قىلالمىدىم .

— قايسى ئىككىسىنى ؟

— ئىمان بىلەن سەدىقە !

— روزا تۇتمىغانما ؟ نامازنىچۇ ؟

— قارنىمغا ئامراق ، روزا تۇتالمىغان . ئوۋچىلىق قىلىمەن دەپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيالمىدىم...

— نېمە ئوۋلايلا ؟

— بۆدۇنە ، كەكلىك ، كېپىنك ، بۇغا... ئېپى كېلىپ قالسا قىز - چوكان !

— ھا - ھا - ھا...

بايىلا ئۆلۈم ، يىغا - زار ، مانا ئەمدى كۈلكە...

1943 - يىلىنىڭ ئاخىرى تۈرمىگە يەنە ئادەملەر كىرىپ ، كامېرلاردىكى ئون ئالتە ئادەم يىگىرمىگە يەتتى . تۈرمە ھاياتى تېخىمۇ يامانلاشتى .

## 30

— لەۋەي ، بۇ ئېلىخان تۆرە ئەجەبمۇ گەپدانكىنا ؟ راست ئېيتىدۇ ، خەلقنى تازا تېز ئەگەشتۈرىدىغان بايراق ئاي - يۇلتۇزلۇق ئىسلام بايرىقى ، قوزغىتىدىغان كۈچ قۇرئان كەرىم ، خۇدانىڭ سۆزلىرى !

— ئۇغۇ دۇرۇس ، — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — بىراق بۇ بايراقتا ستالىن ئۆچ .

— ئۇ يىۋرېيمۇ ؟ بۇرۇتلىرىغا قارىغاندا شۇنداقراق تۇرىدۇ .

— يىۋرېي بولمىسىمۇ گرۇزىن دېگەن يىۋرېيغا يېقىن خەق . مۇسا جارۇللا شۇنداق دېگەنىدى .

— ئەمىسە ، ئورۇسنىڭ بايرىقىغا خەق ئەگىشەرمۇ ؟ ياق ، ئورۇسلار خەقنى يۇرەككىئالدى قىلىۋەتتى . ياخشى - يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە شۇلارنىڭ قولى بار ، بۇنى خەلق بىلىپ بولدى .

— تۈركىيىگە يېلىنساق دېگەن گەپچۇ ؟

— سابىت داموللام شۇنى قىلغان . ئەنە زېرىپ قارىھاجىم تۇرۇپتۇ ، ئاقمايدۇ . ئورۇسلارنىڭ رايىغا باقمىساق شىڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ . ئاۋۋال مۇنۇ شېڭدىن بىر

قوتولايلى ـ ده !

— ئەنۋەر مۇسابايوفمۇ ئورۇسلارغا ئىشەنمەيدىغاندەك .

— قېرىلارنىڭ ھەممىسىلا شۇ !

— ئورۇسلارسىز ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ دەڭا ! — دېدى ئاخىر ھېكىمبەگ غوجام كەمچەت تۇمىقىنى چوكۇروپ قويۇپ ، — قىبلىدىن ئاچچىق شامال چىققىلى تۇردىغۇ ـ ھە ، بۇ يىلقى روزى ھېيتنىڭ پەركايىنى ئۆچۈرۈپ قار ياغمىسا بولاتتى .

ئىككى بوۋاي تەرەۋۇدىن چىقىپ مەدرىسىدىن ئوردا مەھەللىسىگە كېتىۋېتىپ ، بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ باغ قورۇسىدىكى كاتتا ئۆيدە بولىدىغان گەپلەر توغرىسىدا پاراڭلاشتى . ھازىر ھەممىلا جايدا شۇ گەپ . ئالمۇتا ، فرۇنزې ، يەركەنت ۋە تاشكەنتلەردە غۇلجىغا ھۇجۇم قىلغۇچىلار جىددىي تەييارلىق قىلىشىۋېتىپتۇ . ئەنۋەر مۇسابايوف شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتقا مال سېتىشنى توختىتىش بۇيرۇقى بىلەن نۇرغۇن زىيان تارتىپتۇ . ھازىر خام مالنى ئالىدىغان جاي يوق . مال ، تېرە ، يۇڭ ھەتتا قىممەت باھالىق تېرىلەرمۇ بېسىلىپ ياتماقتا . تېرە زاۋۇتىنىڭ خورۇملىرىدىن تىكىلگەن ئاياغ كىيىملەر بىلەن قانچىلىك سودا بولماقچى ؟ مۇھىمى شېكەر ، رەخت ، قەنت ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرمىگەچكە مال باھاسى ئۆرلەپ ، پۇل پاخاللىقى پەيدا بولۇپ ، جىن شۇرېن دەۋرىدىكى بىر تاغار پۇلغا بىر تاختا چاي ئاران كېلىدىغان ھالەت يەنە پەيدا بولۇشقا باشلىدى . دېھقانلارنىڭ كونى ئېغىر ، ئاشلىق سېتىپ چاي ـ تۇزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي ، ئۇچىسىغا ماتا ـ شاتىۋار ، تېرە كىيىملەرنى ، پۇتلىرىغا پورۇم چورۇقنى كىيىشىپ ھۆكۈمەتنى ئاشكارىلا تىللايدىغان بولۇۋېلىشتى . بايلار ، سودىگەرلەردىن تارتىپ دېھقان ، ئوقۇغۇچىلارغىچە ھەممىلا ئادەم زىيان تارتىپ ، ئېغىر كونلەرگە دۇچ كەلمەكتە . ئۇنى ئاز دەپ گومىنداڭ پىرقىسى ناھىيىلەردىن تارتىپ قورۇلۇشقا باشلىغاچقا ،

بۇرۇنقى ئۇيۇشمىلار ئەمەلدىن قېلىپ، مائارىپ – مەدەنىيەت ئىشلىرىدىمۇ ئېغىر چېكىنىش پەيدا بولماقتا. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرىشكە باشلىغاچقا، خەلققە سېلىنىۋاتقان سېلىقنىڭ تۈرى كۆپىيىپ، سانى ئاشماقتا.

ئۇزۇندىن بېرى ئۇيەر – بۇيەردە غودۇڭشىپ يۈرگەن غۇلجا يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى مانا ئەمدى بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، چىرىك هاكىمىيەتنى ئاغدۇرمىسا كۈن كۆرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. غۇلجا كاتتىلىرى «ئىپتار» نامى بىلەن مۇشۇ چوڭ ئىش ئۈستىدە پىكىرلىشىۋىدى، ئۇ يەردە هەركىم ئۆز هارۋىسىنى قامچىلاپ بىر – بىرىگە يول بېرىشمىدى. ئۇ يەرگە كەلگەن كاتتىلار كۆپرەك كۆز ئالدىدىكى قوراللىق ئىنقىلابنى سۆزلىمەي، كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان هاكىمىيەتنى سۆزلەشتى:

— ئەنجانلىقلار بىزگە باش بولامدىكىنا؟ ياق، بۇ خەقتە ۋاپا يوق!

— شېڭ شىسەيدىنغۇ ياخشىدۇر، نېمىلا دېگەنبىلەن بىز خەقتىن ئېلىخان تۆرىدەك دانا چىقمايۋاتسا!

— غوجامچۇ؟

— ئۇندىمىسە ئۇ زات، باشلىق دېگەن هېچبولمىسا داموللا رازىيوفچىلىك سۆزمەن بولمىسا خەلق ئەگەشمەيدۇ – دە!

— ئەمىسە داموللا رازىيوف پاشا بولسۇن.

— ئۇ قانداق بولالايدۇ؟

— بىزدىن پاشا بولغۇدەك بىرى چىقمامدا – هە؟

— ئەنۋەر مۇسابايوفچۇ؟

— ئابدۇرۇپ مەخسۇمچۇ؟

— ئۇلار قانداق بولالايدۇ؟

— بايلار پاشا بولسا خۇرجا يەنە ياخشى كۈن كۆرەلمەيدۇ.

— زادى هېكىمبەگ غوجام بولىدۇ. ئىنساپلىق، دېهقانغا كۆيۈنىدۇ. ئاتا – بوۋىسىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن.

— ئاخىر قانداق بولدى ، ھېكىم چورۇققا يەتمىدى بۇ غوجىلار ، يۇرت سوراش ئەلاخانغا قالدى . ئاشۇ سەھرالىق سۇلتان بولدى .

— كۆپچىلىك ، — دېدى ئاخىر كەكە ساقال ، ئورۇق ، تىلى ئۆتكۈر ئادەم ئۆزىبېكچە سۆزلەپ ، — خۇدايارخانمۇ ، ئابلەيخانمۇ دانا ئەمەستى . يۇرتنى يۇرت ئۆزى سورايدۇ . ئىنقىلاب غەلىبە قىلسا ئىنقىلاب ئۆزى بىزگە داھىي ، سەردار ، ئەمىر - سۇلتانلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بايراقنىڭ رەڭگى ، بولىدىغان ئەمىرنىڭ نامى - ئەمەللىرىنى ئىستىقلال غەلىبىسىدىن كېيىن تاللىشىمىز تېگىشى . ئۇنتۇمايلى ، بىزدە مەقسەت بىرلىكى نېمە؟ ھازىرقى چىرىك ، زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش . بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى ئەمەسقۇ دەيمەن؟ ئەلۋەتتە قارشى ئەمەس . ھازىرقى گەپ ، ھەربىرىمىز نېمىلەرنى قىلالايمىز ، شۇنى دېيىشەيلى . جەڭ مەيدانىغا ھەربىرىمىز بارمايمىز ، قولىمىزدىن كەلمەيدۇ . قولىمىزدىن كېلىدىغىنى بىزنىڭ مەقسەتلىرىمىز ئۈچۈن جېنىنى ئاتا قىلىدىغان ياش ئەزىمەتلەرنى قوزغاش ، قولىغا قورال تۇتقۇزۇش ، ئۇلارغا مەدەت بېرىپ جەڭگە ئاتلاندۇرۇش . مەن قىلالايدىغان ئىشىمنى دەپ باقاي! مەن ياش ئەمەسمەن ، ئەمما مىلتىق ئاتالايمەن ، پالتا چاپالايمەن . ئاللاتائالا تابارەك غازات قىلالىغان مۇسۇلمان مېنىڭ سادىق بەندەم ئەمەس دېگەن . مەن سادىق بەندە ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلايمەن . جېنىم غازاتقا تىكىلدى ، قولۇمغا قانداق قورال چىقسا شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنگە ئېتىلىمەن ، ئۆلسەم شېھىت ، قالسام غازى!

ئۇ قۇرئاننى ئېگىز تۇتۇپ ، ھەربىر سۆزىنى دانىمۇ دانە قىلىپ ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن قەسەم بەردى :

— مەن ئاللاتائالا تابارەكنىڭ سادىق قۇلى . مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنىمەن . مۇسۇلمانلار — خۇدانىڭ قۇللىرى خارلىنىۋاتقان بۇ زېمىندا ئىستىقلال قىلىپ ، زالالەتنى

گوم قىلىش ئىستىكىنى ئىگەم ئۆزى دىلىمغا سالدى: مېنىڭ جېنىم ئىستىقلالغا مەنسۇپ، نام - مەنپەئەت، يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالاشمايمەن، جېنىمنى، قولۇمدىكى يىگىرمە سەر ئالتۇنۇمنى، يەنە ئىككى ئوغلۇمنى ئىستىقلالغا ئاتىدىم. بىر ھەپتىگىچە ئۆزۈمگە ئوخشاش غازات ئەھلىدىن يۈزنى تەييارلاشقا قەسەم بېرىمەن. يىقىلسام ئوڭدا ياتىمەن، ھەرگىز دۈمبەمگە ئوق تېگىدىغان ئىشنى قىلمايمەن!

ئۆيدە لىق ئولتۇرۇشقانلار دۈررىدە ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ھاياجانلانغان، جىددىيلەشكەن، قەتئىي ئىدى:

— مەن ساھىبخان ئەنۋەر مۇسابايوف، ئىستىقلال ئۈچۈن جېنىمنى ئاتىدىم. زاۋۇتتىكى ئىككى يۈز ئىشچى، ئوقۇغۇچىنى بىردىن مىلتىق، يۈز تالدىن ئوق بىلەن قوراللاندۇرۇپ غازات يولىدا تەييارلايمەن. ئۇنىڭدىن سىرت، جەڭ ئۈچۈن ئۈچ يۈز تۇياق جەڭ ئېتى ئېگەر - جابدۇقى بىلەن، ئەسكەرلەر ئۈچۈن بەش يۈز كىشىلىك قىشلىق كىيىم - كېچەك تەييارلايمەن. ئوتتۇز مىڭ تۇياق قوي، مىڭ سەر ئالتۇن ئاتىدىم!

— مەن سالىجانباي مىڭ سەر ئالتۇن، يىگىرمە مىڭ تۇياق قوي ئاتىدىم. جېنىم دائىم ئالقىنىمدا. ئوغۇللىرىم، يىگىرمە نەپەر خىزمەتچىم ئەتىلا قوللىرىغا قورال ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت، قىرىق نەپەر پىدائىي تەييارلايمەن!

— مەن رەخىمجان سابىرھاجىيوف چوڭ باي ئەمەس، لېكىن ئىستىقلال يولىدىكى مۇجاھىتمەن. ھازىردىن باشلاپ قەسەم بېرىمەن! بارلىقىم ئىنقىلابقا مەنسۇپ، كىچىك سودىگەر بولسامۇ بەش يۈز سەر ئالتۇن ئاتىدىم!

— مەن مۇتائالى خەلپەت مەسچىتتە خەلققە تەشۋىق قىلىپ مىڭ سەر ئالتۇن، يۈز مۇجاھىت، ئىككى يۈز جەڭ ئېتى تەييارلايمەن. جېنىم ئىستىقلالغا مەنسۇپ. تېرەكمازاردىكى قورۇ - جايىم ھازىردىن باشلاپ ئىنقىلاب ئۈچۈن تەقدىم

قىلىندى !...

ئادەملەر ئارقا ـ ئارقىدىن تۇرۇشۇپ ئۆزلىرىنىڭ جېنى ۋە ئاتىغانلىرىنى داستىخانغا تاشلاشتى . ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا بۇ خەيرلىك ئىشنىڭ بېشى قىلىپ ئېلىخان تۆرەمنى ، ئىككىنچى رەھبەرگە ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈن ئاشلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ھېكىمبەگ غوجامنى بېكىتىپ ، تەشكىلاتنىڭ قورۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىشتى . ماللارنى چېگراغا يوشۇرۇن ئاپىرىپ قورالغا ئالماشتۇرۇش ، پىدائىيلارنى يوشۇرۇن يىغىپ تەربىيىلەش ، ئۇلارغا جەڭ يولىنى بىلدۈرىدىغان ، قورال ماھارىتى يۇقىرى رۇسلاردىن ئىشەنچلىك كوماندىرلارنى بېكىتىشكە ئوخشاش كونكرېت ئىشلارغا ئابدۇرۇپ مەخسۇم ، رەخىمجان سابىر ھاجىيوف ، ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ باش ماستىرى زۇنۇن تېيىپلارنى بېكىتتى . ئۇلار كېلەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشقا كېلىشتى . ھوشيارلىقنى ئالاھىدە تەكىتلەشتى ، خائىنلاردىن ھوشيار بولۇش ، ھەربىر قەدەمنى ئاۋايلاپ بېسىش ، خائىنلىق سېزىلسە دەرھال ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ، بۇگۈنكى ئىشنى ئالېكساندروف ، ماژاروف دېگەن رۇسلارغا ۋە سوۋېت كونسۇلىغا يەتكۈزۈشنى رەخىمجان بىلەن ئەنۋەر ئەپەندىگە تاپشۇرۇشتى .

ئۇلار بىردىن ـ ئىككىدىن چىقىپ كالاسكىلارغا ئولتۇرۇپ خۇپتەن ـ تەرەۋە ئوقۇش ئۈچۈن ئۆز مەھەللىسىدىكى مەسچىتلەرگە مېڭىشتى . مانا ھېكىمبەگ غوجام بىلەن مۇتائالى خەلپىتىم بۈگۈنكى تەرەۋىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى . غوجام دەرۋازىسىغا كەلگەندە :

— خەلپىتىم ، يورسىلە ، ئۆيدە بىردەم ئولتۇرسىلا ، خىزمەتچىلەر ئاپىرىپ قويسۇن ، — دېۋىدى ، خەلپىتىمنىڭ يېنىدىلا بىرى :

— بىز بار ، غوجام ئاۋارە بولمىسىلا ، — دېدى .

كېچە جىمجىتلىقى خەلپىتىمگە راھەت بېغىشلايدۇ . ئۇ

ئۆزىنىڭ كىتابلار بىلەن تولغان چوڭ خانىسىدا ، كۆرپە ئۈستىدە يۈكـۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ ، كىچىككىنە شىرە ئۈستىگە قويۇلغان كـىـتـابـىـنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇيدۇ . مانا ئۇنىڭ ئالدىدا «خـەمـسـە» ، ئۇ بەش داستاننى يادقا دېگۈدەك بىلىدۇ . ئۇنىڭ بۈگۈن نېمىشقىدۇر «سەددى ئىسكەندەر» نى ئوقۇغۇسى كەلدى . يەجۇج ـ مەجـۇجلەردىـن مۇداپىـئە كۆرۈش ئۈچـۈن سوقۇلغان ئىسكەندەر سېپىلىنى نېمە ئۈچۈن سېغىنىپ قالغىنىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ . ئىنسان ياشاش ئۈچۈن مۇداپىئەلىنىشى زۆرۈر ئىكەن . ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ياشىماق دېگەن سۆز «مۇداپىئە» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك . جاننى مۇداپىئە قىلامدۇ ياكى مەنپەئەتنىمۇ ؟ جان مەنپەئەتنىڭ ئالىي شەكلىمۇ ؟ ياق ، بۈگۈن قەسەم ئىچكەنلەر جانلىرىنى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تىكەلىدىغۇ ؟ ئەجەب بۇ گەپ غوجامنىڭ ئاغزىدىن بىرىنچى بولۇپ چىقماي ، ئىلىخان تۆرىنىڭ ئاغزىدىن چىقتىغۇ ؟ «مېلى بارلار مال ، مېلى يوقلار جان» ئاتىشى كېرەك ، دېگەن سۆزدىن مال جاندىن ئەزىز دېگەن مەنە چىقامدۇ ؟ خەلقنىڭ ، يۇرتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە مال ـ دۇنيا بىلەن جـاننى ئاتىغانلار ئەلۋەتتە جەننەتتى بولالايدۇ . ئەجەبا مال بىلەن جاننى قوغداپ قالىدىغانلار جېنىنى ئالىقىنىغا ئالغانلاردىن ئەزىز بولۇۋاتىدىغۇ ؟...

ئۇنىڭ سوئاللىرى كۆپ ، بىر يىپقا تىزىلمىغان ، چېچىلىپ كەتكەن مارجاندەك . لېكىن ، پىكىر دۇردانىلىرى بىر داستىخانغا تۆكۈلگەن ، بۇ داستىخان بۈگۈنكى ئىپار . بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئۈچ سېرىق چاچ كىشى ئورۇسمۇ ، نوغايمۇ ؟ ئەنۋەر ئەپەندى : «ئەڭ ئىشەنچلىك ، پىكىر بىرلىكى بار مېھمانلار» دېمىگەن بولسا غوجام ئۇلارنـى ئـىـپـتـاردىن چىقىرىۋېتەتتى . ئۇلار گەپمۇ قىلمىدى ، قەسەممۇ ئىچمىدى ، ئاڭلىدى ، ھەربىرىمىز بىلەن چىڭ ـ چىڭ قول قىسىشىپ كۆرۈشتى . ئۇلار كىم ؟ بەلكى «غازات دەرمۇلكى چـىـن» داسـتـانىدىكى ئەخمەت سىگار كۆز ، ماھمۇت پوچىدەك

ئادەملەردۇر ياكى بىزگە كەلگۈسىدە «پاشا» بولىدىغانلار شۇلاردۇر. گەپنى بىز قىلىمىز، پىلاننى بىز تۈزىمىز، جان بېرىدىغانلار نامراتلار. ئۇلار «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى»، غازى بولساق يەنە نامرات، يالاڭتۆش بولىدىكەنمىز، شېھىت بولساق ياخشىكەن دەپ ئويلىشىدۇ ـ دە، ئېتىلىۋاتقان ئوققا كۆكرىكىنى تۇغرىلاپ ئالغا ئېڭىۋېرىدۇ. بىر ئېغىز چوڭ گەپ، كاتتا گەپ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقمايدۇ، چىقسا بىرلا ئەزىز جېنى چىقىدۇ شۇ. دۈشمەن دېگەن مانا شۇلاردىن قورقىدۇ. ئۇلار جان بېرىدۇ، بىز غەلىبىگە ئىگە بولىمىز، تېخى قۇرۇلمىغان ھاكىمىيەتنى تالىشىمىز. ئارىمىزدىن بىر ئادەم چىقىپ: «يوقسۇللاردىنمۇ پاشا چىقىپ قالامدۇ تېخى» دېگەن گەپنىمۇ قىلىمدى، ئۇلارنى يىغىمىز، قورالاندۇرىمىز، تەربىيىلەيمىز، ئۇرۇشقا سالىمىز دېيىشىدۇ. پاھ، بىزدە ئىنساپ قالماپتۇ. ئۇرۇش غەلىبە قىلسا جان بەرگەنلەرگە نېمە بېرىمىز دېگەن سۆز ھېچكىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقمىدى ـ ھە؟… تالادا بىرلىرى ۋارقىراشتى، مانا ئۇرۇشتى، تىللاشتى… «خائىن، مۇناپىق!» دېگەن سۆزلەر ئاڭلاندى.

ھويلىدا ساراسىمە، بۇ نېمە ئىش؟

خەلپىتىم ھويلىغا چىقتى. تۈۋرۈككە ئىككى ئادەم چەمبەرچاس قىلىپ باغلانغان. ئۇندەك تالىپ ئۇلارنى تىللاپ ـ ئۇرماقتا!

— ھاي، بۇ نېمە ئىش؟

— ئىككى ئايغاقچى تۇتۇۋالدۇق.

— نەدىن؟

— سىلىنىڭ دېرىزىلىرىدە ماراۋاتقان يېرىدىن.

— يېشىڭلار، ئۆيگە ئەكىرىڭلار!

خەلپىتىم خانىسىغا قايتىپ كىردى. تالادا ئاچچىق شامال قىلىدىن ئۇرماقتا ئىدى.

ئۆيگە ئىككى ئادەم قوللىرى باغلانغان پېتى ئېلىپ كىرىلدى. ئـۇلارنـىـڭ يۈز ـ كۆزى يېرىلغان، بۇرنى قانىغان، كۆزلىرى پۇتۇپ، كالپۇكلىرى داردىيىپ كەتكەنىدى.

— قوللىرىنى يېشىۋەتسەم دېمىگەنمىدىم؟

— ماقۇل تەقسىر، ھېلى!

ھېلىقى ئىككىسى قوللىرى يېشىلگەندىن كېيىنمۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، قوللىرىنى دۈمبىسىگە قويۇپ غالىلداپ تىترەپ پاكىز چۈشۈرۈلگەن، يېرىلغان باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى.

— توۋا ئولتۇرۇڭلار، قېنى سۆزلەڭلار!

ئۇلار يەنە مىدىرلىماي غالىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

— بالىلىرىم، نېمانچە يالاڭ كىيىندىڭلار!

— كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ تازا سالدۇق، خەلپىتىم!

— دېرىزىگە يۈزىنى يېقىپ...

— ئابدۇمەر شەنجاڭنىڭ ئادەملىرىكەن، خەلپىتىم!

— ئـۇرغىنىڭلار بولماپتۇ، بالىلىرىم. بۇلارمۇ مۇسۇلمان بالىلىرىكەنغۇ، ياخشى گەپ قىلساڭلار ئاڭلايتتى. قېنى، كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرۇڭلار، بالىلىرىم.

— بىزنىڭمۇ بۇنداق قىلغۇمىز يوق! — دەپ يىغلاشقا باشلىدى ئـۇلارنىڭ بىرى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — ماراڭلار، نېمىلەرنى دېيىشىدۇ ئاڭلاپ كېلىڭلار، دېدى.

— كىم دېدى؟

— ئارۇپ كېچاڭ.

— كىم ئۇ؟

— نـاھـىـيـىـلـىـك ھۆكۈمەت ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى.

— بوپتۇغۇ، مېنىڭ ئۆيۈمدە نېمە ئاڭلىدىڭلار؟

— ھېچنېمە!

— نامراتلارغا ياخشى كۆن تىلىگەن گۇناھمۇ دېدىلە .
— يەنچۇ ؟
— كىتاب ئوقۇدىلا ، بىز چۈشەنمىدۇق .
— يەنە كىمنىڭ ئۆيىنى مارىدىڭلار ؟
— ھېيكىمبەگ غوجامنىڭ دېرىزىلىرى ھىم ئېتىككەن ، ھېچنېمە ئاڭلىيالمىدۇق .
— يەنچۇ ؟
— ئابلا داموللام بىرىگە : پۇرسەت كەلدى ، سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىغانلىكى ئىش روناق تاپماي قالمايدۇ ، دېدى .
— ھە ، يەنە ؟
— سالىجانباي خوتۇنىغا : ھازىر بۇنچە پۇل چىقىم بولغان بىلەن كەلگۈسىدە بىرى يۈز بولىدۇ ، دېدى .
— يەنچۇ ؟
— يوق .
— بارى - يوقى ئاڭلىغىنىڭلار مۇشۇلىمۇ ؟
— ھەئە .
— باشلىقىڭلار نېمىلەرنى دېگەنىدى ؟
— غۇلجا بايلىرى ، دىندارلار يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى ، مەخپىي پىلانلىرى بار . ھەربىر ھەرىكىتى ، ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ، ھەر كۈن كەچ سائەت ئون ئىككىدە دوكلات قىلىڭلار . مۇھىم خەۋەر ئەكەلگەنلەرگە مۇكاپات بار . ھېچ خەۋەر ئەكېلەلمىگەنلەرنىڭ ئايلىقى بېرىلمەيدۇ ! دېدى .
— مۇھىم دېگىنى قانداق خەۋەرلەركەن ؟
— تۆت خەۋەر : بىرىنچى ، مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئىسمى ، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىرى ، پىلانلىرى . ئىككىنچى ، قورال - ياراغ سودىسى ، قورالنىڭ سانى ، ئورنى ، ئىسمى . ئۈچىنچى ، يىغىن ئورنى ، يىغىن ۋاقتى . تۆتىنچى ، سىرتتىن ، سوۋېتتىن كىرگەن

ئادەملەر ، ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى ، ئالاقىلىشىدىغان ئادەملىرى ...

— پاھ ، قالتىسكەن ، مۇكاپات ئالالىدىڭلارمۇ ؟

— مەن بىر قېتىم ، مۇنۇ ئىككى قېتىم ئالدى .

— راست گەپ قىلىپمۇ ، يالغان گەپ قىلىپمۇ ؟

— بىرى يالغان ، بىرى راست...

— ئۇنداق بولسا كېتىڭلار . مۇنۇ ئۇرغانلار ئەھۋالنى ئۇقماي ئۇرۇپ قويۇپتۇ . مەڭلار ، ھەربىرىڭلارغا ئىككى يۈز دوللاردىن پۇل بېرىمەن . ئاڭلىغان ، كۆرگىنىڭلارنى راستى بىلەن باشلىقىڭلارغا دەڭلار . تەشكىلات ، قورال دېگەنلەر يالغان . شىڭ دۇبەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەل ئامان ، جاھان تىپتىنچ . بىز دىندارلار ھۆكۈمەتكە ئامەت ، پاراغەت تىلەپ دۇئا قىلىپ تۇرىمىز . خەلق ياخشىلارنى ھىمايە قىلىدۇ . خەلق ئۆز خائىنلىرىنى ئوڭايلا بىلىۋالالايدۇ ھەم ئۇلارنى جازالىيالايدۇ ! يەنە بىر ئىش ، ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقىنى بىزگە ۋاقتى - ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇڭلار . دېرىزە ماراش گۇناھ . ئىشىكىم ھەرقاچان سىلەرگە ئوچۇق !

ئىككى پايلاقچى چىقىپ كەتتى . مەدرىسە تالىپلىرى خەلپىتىمنىڭ پاراستىگە ئاپىرىن ئوقۇدى :

— ئۇلار ئەمدى بىزگە ئىشلەيدۇ .

— ئابدۇمەرنىڭ قىلىپ يۈرگىنىنى بىلىۋالدۇق .

— باللىرىم ، خائىن تولا . بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ھېچ ئىشنى قاملاشتۇرالمىسىمۇ خائىنلىق بىلەن چېقىمچىلىق ، سۇخەنچىلىكنى قاملاشتۇرالايدۇ ! بۇنداق مىللەتنىڭ بىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقمىقى قىيىن بولىدۇ !

خەلپىتىم تالىپلارنى ئۇزىتىۋېتىپ ھەم خۇشال بولدى ، تۇرۇپلا مەيۇسلەندى ، خۇشال بولغىنى ، ياشلار ھەرىكەتكە كەلگەن . ئۇنىڭ تەرەۋىدە قىلغان بىرنەچچە ئېغىز مەنىلىك سۆزى ياشلارغا

تېزلا تەسىر قىلغان . ئۇلار «كېچە جېسەكچىلىكى»نى باشلىغان . كۆڭۈل مەيۈسلۈكى ، ئۆز خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرى ھېسابىغا ئابدۇمەردەك ئادەملەرنىڭ يايراۋاتقانلىقى ، ئابدۇمەرنىڭ دەستىدىن نەچچە يۈز يىللىق چوڭ يەر ئىگىسى مۇختەرباي ، زىياۋۇدۇنلار يالاڭتۆش سەرگەردانلارغا ئايلاندى ، تۈرمىدە ئازابلاندى . ئۆز مىللىتىنىڭ ئازابى ھېسابىغا ياخشى كۈن كۆرۈش تولىمۇ يىرگىنىشلىك ئىش . مانا شۇ يىرگىنىشلىك ئادەملەر ئۇنىڭ مىللىتىدىن چىقماقتا .

ئۇ كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ كىتاب ئوقۇدى . كىتاب ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا . ئاجايىپ ۋەقەلەر يېزىلغان بۇ كىتابنى يېقىندا تىيىپزات خەلپىتىم ئەكېلىپ بەرگەنىدى . كىتابنىڭ ئىسمى «زەپەرنامە» . بۇ كىتابتا بۇنىڭدىن يەتمىش ـ سەكسەن يىللار ئىلگىرى كۇچا ، ئاقسۇلاردا بولغان ۋەقەلەر يېزىلغان . راشىدىن غوجا نەچچە مىڭلىغان قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ كۇچادىن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى ، ئۇلار ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا مانجۇ ئەمەلدارلىرى چىدىماي بىر ئۆيگە يىغىلىپ ، بىرلىشىپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشتى . داستاندا خائىن نىياز ھېكىم قىزىق مەسخىرە قىلىنغان :

> كۆلانى تاشلاپ كىيدىلەر موزانى ،
> كۆرۈڭكىم ، ئول بەدنىيەت مەيگوزانى !

خەلپىتىم قاقاقلاپ كۈلدى :

— مۇئاۋىن ۋالىي زاكىرخان غوجام ، مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇمەرلەر نىياز ھېكىم بولماي نېمە ؟ ئابدۇمەرنىڭ بوۋىسى راستلا تىلەمچىلىك قىلغان ، دادىسى مەدرىسىدە ئېشەك بىلەن سۇ توشۇغان ، كۆمۈرچىلىك قىلغان . بۈگۈن ئۇلارنىڭ بالىسى ھاكىم ،

ھاكىم بولسا ئۆز پېشانىسى، ئۇ بىر زالىم، رەھىم ـ شەپقەت ئۇنىڭ دۈشمىنى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆگەي قىزىنى خاراب قىلدى، ئاسىيە خېنىمنى ۋەيران قىلدى، پارا ئۈچۈن زىياۋۇدۇننى بىگۇناھ سولاتتى، ئۇنى ئاز دەپ ئۇلارنى ھۆكۈمەتكە چېقىپ باللارنى ئاتقۇزدى، نۇرىنى — بىر يارامىلىق يىگىتنى ئوقۇش ۋە خىزمەتتىن مەھرۇم قىلدى، ئاخىرىدا مۇختەربايىنى سولاتتى، مال ـ دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلغۇزدى… بەدنىيەت ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەس.

ئاسىيە مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئايالىنىڭ يېقىنى ئىدى. بۇ ئىككى خانىم پاراڭغا چۈشسە جانلىرى يايراپ قاقاقلىشىپ كۈلۈپ كېتىشەتتى. ئۇ ھازىر نەلەردە سەرسان؟

سىرتتا توخۇلار چىللاشتى، بوران گۈركىرەشكە باشلىدى. خەلپىتىمنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، نەدىندۇر ھازىرلا مىلتىق ئاۋازى كېلىدىغاندەك، نەچچە مىڭلىغان ئەزىمەتلەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئاتلار كىشنىشىپ، ئادەملەر چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، بىنالارنى ئۆرۈپ ـ چېقىپ، كېرىلىپ تەن ـ تېنىگە پاتماي قالغان ئەمەلدارلارنى پاسكىنا قانلىرىغا مىلەپ، مەدرىسىنىڭ ئاۋۇ موللابىلال شېئىر يازىدىغان پەشتىقى ئۈستىگە ئاي ـ يۇلتۇزلۇق ئىسلام بايرىقىنى قاداپ، مىڭلىغان ئادەملەر قۇرئان قويۇلغان ئورۇندىكى ئارغامچا ئاستىدىن «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دەپ ئۆتكەن پېتى دۈشمەنگە قارشى پىداكارلىق بىلەن ھۇجۇم باشلايدىغاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ ھويلىسىغا چىقتى. بۇ ھويلا ئەمدى خەلقنىڭ، بەلكىم قوماندانلىق شتاب مۇشۇ ھويلا بولار، بەلكىم غۇلجىنىڭ قۇياشى مۇشۇ ھويلىدىن كۆتۈرۈلەر، بەلكىم مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئەزىمەتلەر مۇشۇ ھويلىدىن «ھۇررا» ۋارقىراپ ھۇجۇمغا چىقار، ئاللاتائالا ياخشى كۆڭۈل ئەزىمەتلەرگە يار بولغاي!…

ئۇنىڭ يادىغا تۈنۈگۈنلا بىرىنىڭ ھازىر تۈرمىلەرگە نەچچە

مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تولۇپ كەتكىنىنى ، ئۇلارغا كۆنگە بىر ۋاخلىق قوناق ئۇمىچىدىن باشقا ھېچ نەرسە بەرمەستىن قىناۋاتقانلىقىنى ، ئۆلگەنلەرنى قۇدۇققا ئۇتتۇرلۇق تاشلاپ ، قۇدۇق ئىچىنىڭ جەسەت بىلەن تولاي دېگىنىنى بىر خەنزۇ گۇندىپاي چىدىماستىن ئېيتىپ بەردى دەپ ئېيتقانلىقى يادىغا كەلدى . ئۇنىڭ بەدىنى شۈركۈنۈپ ، قوللىرى تىتىرىدى . قەشقەرلىق مۇساپىر موللا تۇردىمۇ تۈرمىگە كىرىپ قالغان . ئۇ سابىت داموللىنىڭ قاچقۇن ئەسكىرى دەپ تۇتۇلغان . بۇ ۋابالچىلىق ، ئۇ مامۇت سىجاڭنىڭ ئادىمى ئابدۇغوپۇر تۆەنجاڭغا ئەسكەر بولغان . ئابدۇنىياز ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، 1937 ـ يىلى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسكەرلەر قېچىپ كەتكەن ، موللا تۇردى مانا شۇ ئەسكەرلەردىن . ئۇنىڭ ئىنىسى سەپەر ئاخۇن چۆلۇقايدا ، زىياۋۇدۇن بىلەن بىللە باغدا ئىشلەۋاتىدۇ . باغ ھازىر يىغىلغان . مانا قار يېغىش ئېھتىمالىمۇ بار . ئەمدى ئۇلار نەدە تۇرار ؟ تائالىيە مەكتىپىگە ھۆكۈمەتنىڭ كۆزى قادالدى . چېقىمچىلار موللا تۇردىنى تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ساقچىلىرى توپىلاڭچىلارنى يوشۇردۇڭ دەپ نەچچە قېتىم كېلىپ مۇتائالى خەلپىتىمنى سوراق قىلدى . لېكىن ، گومىنداڭ پىرقىسىنى ھەممە يەردە قۇرۇۋاتقاچقا ، بىر مەھەل ئادەم تۇتۇشنى توختىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇچۇنلا ئۇنىڭغا قول سېلىنمىدى ، ھەرقاچان ئۇنى تۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن . ئىنقىلاب تېزرەك بولسىدى ، تۈرمىدە ئۆلگەندىن جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن ياخشى ئىدى . ئىست ، شېڭ شىسەي نەنجىڭغا كەتكۈدەك ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى كەلگۈدەك دېيىشىدۇ ، ئۇنى تىرىك كەتكۈزۈۋېتىش يۈز مىڭ ئادەمنىڭ قىساسىنى نېسىگە قالدۇرۇش دېگەن سۆز ئەمەسمۇ ؟...

ئۇ يازلىق چايخانىسىغا كېلىپ سۇپىدا ئولتۇردى . ئەتىلا بۇ ئۆيدىن كۆچۈشى كېرەك ، گېپىگە ئەمەل قىلىشتا ئۆلگە بولۇشى كېرەك ، شۇنچە مال ـ دۇنيا ، شۇنچە ئادەم توپلاشقا ھەممىسى ۋەدە

بېرىشتى ، قەسەم ئىچىشتى . بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك ، مەن مۇتائالى خەلپەت بىرىنچى بولۇپ بۇ ئۆيدىن كۆچۈشۈم كېرەك . نەگە؟ ماقۇل ، تائالىيە مەكتىپىنىڭ يېنىدىكى مەكتەپكە ۋەخپە قىلغان قورۇ ـ جايىمنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى بىكار ، ئىجارىگە ئولتۇرسام بولىدۇ . مۇنۇ ئون ئېغىزلىق ئۆي ، چوڭ هويلا ، ئۆز قولۇم بىلەن يېتىلدۇرگەن ئاۋۇ بىر خولۇق باغ ئەمدى خەلقنىڭ !

... دەرۋازا تاراقلىدى ، سەگەك خىزمەتچىنىڭ هويلىدىكى هۇجرىسىنىڭ ئىشىكى تەڭلا غىچىرلىدى .

— كىم !

— مەن زىياۋۇدۇن !

— زىياۋۇدۇن؟ — خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى خەلپىتىم ، — كەل ئۇكام ، بارمۇسەن هوي !

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، پاھ ، قولۇڭنى تۇمۇرغۇ ، بۇ مىلتىقمۇ ، هە سەپەر ئاخۇنمۇ بىللىكەن . پاھ ، ئاتلارغا ئارتىۋالغىنىڭلار نېمە بۇ ، تۆت ئاتقا ـ هە؟...

خەلپىتىم ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ توختىماي سۆزلىدى . بۇ ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ سۆزلىگەن چېغى ، ئۇ مېھمانلىرىنى سارىيىغا باشلاپ ، خوتۇنى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ :

— ئابىستەي ! — دېۋىدى ، خوتۇن دەرھال لامپىنىڭ پىلىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆينى يورۇتۇپ :

— لەۋەي ، تەرەتكە سۇ تەييار ، مانا هازىر ! — دېدى .

— ياق ، تېخى باش توخۇ بولمىدى ، مېھمان كەلدى .

— ياخشىغۇ ، خېلىچىخاننى ئويغىتاي ئەمىسە .

— ئاۋارە قىلمىسىزمۇ ئۇ بىچارىنى؟

— قولىنىڭ بۆلەكچىلا تەمى بار ئەمەسمۇ .

— ياق ، — دېدى دالانغا كىرگەن زىياۋۇدۇن ، — بىر چىنە

چاي ئىچسەكلا بولدى .
— غىزاسىز ئۇيقۇ كېلەمدۇ ؟
— ئۇيقۇ غىزادىن ئەۋزەل ، خەلپىتىم . دەككە ـ دۈككىدە نەچچە كۈن بولدى ئۇيقۇسىز .
— شۇ ياقتىمۇ شۇنداقمۇ ؟
— ھەئە . ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدا تاياق ـ توقماق ، خۇددى قاشلىقلار توشقان ئوۋلاشقا قومۇرۇلۇپلا چىققاندەك !
— نېمىشقا ياۋىداق ئات بىلەنلا ماڭماي ، ھەربىرىڭلار ئىككىدىن ئات يېتىلەپ ، يايلاۋغا كۆچكەن مالچىدەك...
— بۇ ئالتە ئات دېھقانلارنىڭ ھېلىقى ئىشقا ئاتىغانلىرى . ئۈستىدىكى يۈك سەپەر ئاخۇن ئىككىمىزنىڭ مەرگەنلىكىنىڭ نىشانلىرى .
— نېمىلەر ئۇ ؟
— ئارقار ، بۇغا ، ئىلىك ، توشقان ، كەكلىكلەرمۇ يېتەرلىك . تېخى تۆت ئۇلارمۇ بار .
— پاھھۇي ، مېنىڭ ئۇلار گۆشىگە ئامراقلىقىمنىمۇ بىلىپ بوپسىلەر ـ دە ؟ ئوقنى چەنلىگە تەگكۈزەلەيدىغان ئوخشىمامسىلەر ؟
— شۇنداق ، خەلپىتىم ، يازىچە قارىغا ئېتىشنى ئۆگەندىم . سەپەر ئاخۇن قالتىس مەرگەنىكەن ، يۈز مېتىر نېرىدىن ھەتتا كەسلەنچۈكنىڭ بېشىغا مۆرلىشىپ تەگكۈزگەنمۇ بولدى . مەن ھازىر ئۇنىڭغا يېتىپ ـ قوپۇپلا... ھى ـ ھى ...
— ھا ـ ھا ـ ھا... مانا بۇ خەۋىرىڭ چوڭ سوۋغا . سىلەر بىزگە تازا كېرەك . ئەتىلا سىلەرنى ھۇسەنباي زاۋۇتىغا ئەۋەتەي ، ئەنۋەر ئەپەندى مەرگەن كېرەك ، ئىشچىلىرىمنى مەشىق قىلدۇرىمەن دېگەنىدى .
ئۇلار دالاندىلا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى . سەپەر ئاخۇن — قەشقەردىن قېچىپ چىققان يىگىت ئۆيگە سالام بىلەن كىرگەندىن كېيىن ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىشتى .

— هە ، شائىرىڭدىن خەۋەر باردۇر ؟
— نۇرى ئىككى قېتىم كېلىپ كەتتى . بالام غېنىغا بەك يارايتتۇ . هازىر غېنىكامىنىڭ قوراللىق ئادەملىرى ئەللىككە يېتىپتۇ . ئەكبەر باتۇرنىڭ قازاق پالۋانلىرى يۈزگە ، سېپىتنىڭ قىرىقتا يەتكەن ئوخشايدۇ . نۇرنى كۆرسىڭىز تونۇيالمايسىز ، خەلپىتىم ، بويى غېنىدەك ، بەستىمۇ قېلىشمايدۇ . مەرگەنلىكتە هازىر ئۇلار بەسلىشىۋېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل ، بەشئاتار ، مائۇزىر !
— يىگىت ، ياشاپ كەت ! — خەلپىتىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى ، — ئاللاتائالا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي !
— خورلۇقنى يەتكۈچە تارتتۇق ، خەلپىتىم ، ئۇلار بىزنى هاشارات ئورنىدا كۆردى . نېمە قىلساقمۇ بۇ خەق بىزگە تېكىلىپ قارىيالمايدۇ دەپ ئويلاشتى . ئاياغ ئاستى قىلدى ، بۇلىدى ، تالىدى ، خالىغىنىچە ئۆلتۈردى ، ئەزىزلەيدىغان نەرسىلىرىمىزنى تارتىۋالدى . ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ گۇناھى نېمە ؟ مەن نەچچە قېتىم دۇمبالاندىم ، سولاندىم ، قارا كۆز بالامنى ئاتتى ، ئاكامنى سولىدى ، يەر ـ جاي ، مال ـ مۈلكىمىزنى مۇسادىرە قىلدى . هازىر ئاكامنىڭ ئۆيىدىن يىگىرمىگە يېقىن جان سەرسان . ئوغۇللىرى ئۆز يېرىنى تېرىلمەيدۇ ، ماللىرىنى هۆكۈمەت ئەكەتتى ، ئۆز ئۆيىگە كىرەلمەيدۇ ، چىرايلىق باغلىرىمىزدا ئەپيۇنكەشلەر توڭگۇز باقتى ، ئۆيلىرىمىزنى بۇلغىدى ، دەرەخلىرىمىزنى كەستۇرۇپ ، باغلىرىمىزنى تاقىرلاشتۇردى ، باغلىرىمىزغا ئەپيۇن تەرگۈزدى ، ئېتىزلىرىمىزغا كەندىر تەرگۈزۈپ ، بىز خەققە كەندىرنى ئۈۋۈلىتىپ نەشە ياساتتى ، كېلىنلىرىمىزگە كىر يۇغۇزۇپ ، ئۇسسۇزلۇق بەرگەن بولۇپ بىھوش قىلىپ نومۇسغا تەگدى . ئۈچ كېلىن نومۇستىن سىرتماققا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى ، مەھەللىنىڭ خەلق سۇ ئىچىدىغان ئۆستىڭىدە توڭگۇزلىرىنى ئۈزدۈردى ، كىر يۇيۇپ سۇ

بىتىنى ماغزاپ قىلىۋەتتى . خەلق زادىلا چىدىمىدى ، مانا شۇنداق ، پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە بىر كېچىسى غېنىكام بىلەن نۇرىلار كېلىپ ئەپيۇنكەشلەردىن ئالتىسىنى ئېتىۋەتتى ، بالا ـ ۋاقىلىرى تىكىۋەتتى ، ھەممە بالانىڭ بېشى ئابدۇمەر بولغاچقا ، ئابدۇمەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇۋەتتى . بۇلار ، ھوي بۇ خەقمۇ قارشى تۇرالايدىكەنا دەپ قالدى . قارشى تۇرۇشتىنمۇ چوڭىنى كۆرستىمىز ، خەلپىتىم ، ئۇلار بىلىپ قويسۇن ، بىزمۇ ئادەم ، ۋىجدان ئىگىسى ، بىز ئۇلارغا قىساس ئالالايمىز ، ئۆزىمىزنى قوغدىيالايمىز ، سەنلەرنى يوقىتالايمىز ، ئۆز ئەركىمىزنى قولىمىزغا ئالالايمىز دېگەنلەرنى بىلدۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك . بىز سەپەرئاخۇن ئىككىمىز يۈزدىن دۈشمەن ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچتۇق . قەسەمگە ۋاپا قىلمىساق بىز ئادەم ئەمەس . خەلپىتىم ، سىز قەسىمىمىزگە ئىگە بولۇڭ ، بىز قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچمەكچى ، تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت خالىس پەرىز ناماز ئوقۇپ قەسەم ئىچىمىز . خەلپىتىم ، سىز بىزنىڭ ئاتىمىز . سىز بىزنىڭ نامىزىمىزنى چۈشۈرۈپ قويۇڭ ، بىز بۈگۈندىن باشلاپ جەڭگە ئاتلاندۇق !

— پەرۋەردىگار مەدەت بەرگەي ، مەن بايا خىيالىمدا مۇشۇنداق ئەزىمەتلەرنى كۆرگەن ، مانا ھازىر خىيالىم راستقا ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ !

— مېنىڭ قىساسىم زىياۋۇدۇننىڭكىدىن كۆپ ! — دېدى تارمۇش ، قاتىراڭغۇ سەپەرئاخۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان قوللىرىنى شالۋۇر كىيگەن تىزىغا قويۇپ ، — سەككىز جاندىن بىر مەن قالدىم . بۇنىڭدىن توققۇز ـ ئون يىل ئىلگىرى 2 ـ ئايدا قەشقەرنى ما خۇسەن يەتتە كۈن قىرغىن قىلدى . ماخۇسەن دېگەن توڭگۇز ئاخىر پۈت تىرەپ تۇرالمىدى ، لېكىن يۈرىكىمىزنى قان قىلدى . مانا ئون يىلدىن بېرى مەن سەرگەردان . ئاكام تۈرمىدە ، بىلمەيمەن ھاياتمۇ ، ئۆلدىمۇ ، ئاڭلىسام تۈرمىدە تىلىنى كېسىپ ،

كۆزىنى ئويۇپ قىينايمىش !...

ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىدى .

— مۇختەركام ئۇرۇمچى تۈرمىسىدە . ئۇ يەردىمۇ بەك قىينايدىكەن دەيدۇ ، بىچارە ئاكام ھاياتمىدۇ ؟...

زىياۋۇدۇنمۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاشقا باشلىدى .

— زالىملىق سىلەرنى باتۇر قىلىپ يېتىلدۈردى ، ئۇكىلىرىم . زالىملىق بولمىسا باتۇرلۇق نەدىن كېلىدۇ ؟ زۇلۇم بولمىسا ئىنقىلاب بولمايدۇ . ئىنقىلاب سىلەردەك قەھرى ـ غەزىپى ئىچىگە پاتمايۋاتقانلارنىڭ ھەرىكىتى . سىلەرگە كەلگەن كۈن خەلقىمىزگە كەلگەن كۈن ، نى ـ نى ئەزىمەتلەر بۇلارنىڭ قىيناشلىرى ، قاتىللىقى بىلەن جېنىدىن ئايرىلدى . ئۇلار قان قەرزگە بوغۇلدى . يۈز مىڭ ئادەم ، يۈز مىڭ ئەزىز جان بىگۇناھ ئۆلدى . ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا گۇناھسىز . جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم كەلسە ئەڭ بۇرۇن شىڭ شىسەي ، لى يىڭچى ، ليۇ بىڭدېلەرگە كېلىشى ، چيۇ سىلىڭ ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ، ھېلىقى بۇزۇق قىزى دارغا ئېسىلىشى كېرەك . مانا بۇ ھەقىقەت . لېكىن ، ئۇكىلىرىم ، زالىم ھۆكۈمەتتە ھەقىقەت بولمايدۇ . خۇددى مۇناپىقتا ئىنساپ بولمىغىنىدەك !

ئۇلار زولۇقتا قۇش گۆشلىرى بىلەن قورداق يەپ چاي ئىچكەچ شىكايەت ، دەرد تۆكۈش ۋە قەسەم ئىچىشلار بىلەن تاڭ ئېتىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى . ئەزەن ئاڭلاندى . خەلپىتىم تاھارەتكە قوپتى .

شەھەر ئىچى — مەدرىسە جامەسى ئادەملەر بىلەن ، جامە پېشايۋىنى ، مەسچىت دالىنى كالاچ ، پوپۇچلار بىلەن تولغان . مەزىن ئاخىرقى قېتىم سالاۋات ئوقۇپ بولۇپ ، پەتنىسى بىر يېنىغا چۇشۇرۇلگەن يوغان ئاق سەللىسىنى ئېلىپ قارنى قاقتى . تۈنجى قار لەپىلدەپ ياغماقتا . كوچا ـ كوچىلاردىن ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇپ مەسچىت تەرەپكە — كۈنچىقىشقا قارىغان ئۈستى پەشتاقلىق ، كۆك خىش بىلەن ياسالغان دەرۋازىغا قاراپ ئاقماقتا ، شەھەر ئىچى ،

سۈدەرۋازا ، دەڭدەرۋازا ، توغراكۆۋرۈك پۈقرالىرى ئۆز مەھەللە مەسچىتلىرىگە كىرمەي مەدرىسىگە ئاقماقتا . بۈنىڭ سەۋەبى تۈنۈگۈنكى تەرەۋىدە قۈببىگە مۈتائالى خەلپىتىم ئۆزى چىققان . تالىپلارنىڭ «سۈبۈھەن ئەزىم ئىززەتى ۋەل... »نى ئوقۇشمۇ ئاجايىپ يېقىملىق بولغان . خەلپىتىم ھېچقاچان قۇرئان كەرىمدىن غازات ، ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدا قىلغۇچىلارغا جەننەتنى پەردەۋسنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق ، پەرىشتىلەر ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ كېتىدۇ دەيدىغان سۈرىلەرنى تېپىپ ئوقۇمىغانىدى ، ئاخشام ئوقۇدى . ھەربىر ئايەت ۋە ئۇنىڭ تەپسىرىدىن كېيىن يىغا ئارىلاش «ھەق !» ، «بەرھەق» ، «ئىنشائاللا !» دېگەن ئاۋازلار تەرەپ - تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇردى . خەلپىتىم قۈببىدە ئولتۇرۇپ ، مەدىنە يېنىدىكى يۇرۇشتە قۇربان بولغانلار توغرىسىدا ، ھەزرىتى ئابابەكرى ، ئۆمەر ، ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ رەسۇلىللانىڭ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش يولىدا قىلغان جەڭلىرى ، بولۇپمۇ خۇدانىڭ شىرى ، يىگىتلەرنىڭ يىگىتى ھەزرىتى ئەلى رەزىياللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ، ئاخىرىدا ئىسلام يولىدا بىر مۇرتەتنىڭ قىلىچى ئاستىدا قۇربان بولغانلىقى ، قۇرەيش قەبىلىسى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تېخىمۇ كاتتا قوزغىلىپ ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دىنىي ئىسلامنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي ، ئۇنى باغدانقا ، بەسىر ، قۇددۇس ، ھەتتاكى تېھرانغا ، دېڭىز ئاتلاپ ھىندىستان ۋە ھىندىچىنىغا تارقاتقانلىقىنى ، بۇ جەرياندا پەيغەمبەر رەسۇلىللانىڭلا سۆزىنى ھەممىگە ئۆلچەم قىلغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ جېنىنى پەيغەمبەر ئۈچۈن ئاتىغانلارنىڭ ھامان غالىب كېلىدىغانلىقىنى تەسىرلىك ، چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىدى . خەلق ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنگەچكە ، بۈگۈن بامدانقا يەنە شۇ مەدرىسىگە تەرەۋىدىن نەچچە ھەسسىلەپ كۆپىيىپ ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى .

خەلپىتىم بۈگۈن قۈببىگە ئابلا داموللام بىلەن داموللا رازى

خەلپىتىمنى تەكلىپ قىلدى . بۇ ئىككى زات شۇنچىلىك سۆزمەنكى ، ئـادەمـلـەر هـازىـرلا ئـۆزلىرىنى ئوق يېغىۋاتقان جەڭ مەيدانىغا ئاتىدىغاندەك ، هازىرلا قۇرۇق قول بىلەن دوتەي يامۇلىغا ، ساقچى ئـىـدارىسـىگە ، هەرەمباغـىقا هـۇجۇم قىلـىـدىغاندەك هـەرىكەتكە كەلدى :

— جېنىمىز پىدا !

— هامىنى بىر ئۆلۈم !

— هازىرلا ئاتلىنايلى !

ئارقىدىنلا خەلقلەر ئوغۇللىرىنى ، مال ـ دۇنيا ، قولىدىكى بـارلىقىنى «ئىستىقلال» ئۈچۈن ئاتايـدىغانلـىقـىنى بـىلـدۈرۈپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراشتى .

ئەڭ ئاخىرىدا مۇتائالى خەلپىتىم سۆزلىدى :

— ئېهتىيات قىلىنغاي ، سۆز ـ هەرىكەت ، مېڭىش ـ تۇرۇش ۋە باردى ـ كەلدىلەردە ئىشەنچ بولمىغان ئادەملەرگە زادى سىر بـەرمـەسـلـىـك كـېـرەك ، سىر ساقلاش ئىماننىڭ ، پاكلىقنىڭ بەلگىسى ، بۇيرۇق بولمىغۇچە قوزغالمايلى ، قورال تەييارلايلى ، دائىم بۇيرۇق كۈتۈپ تەييار تۇرايلى . بىر كۈنى شەهەردە ئۈچ پاي ئـوق ئېتىلىدۇ . مۇشۇ مەدرىسىنىڭ پەشتىقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ . ئارقىدىنلا هۇسەنباي زاۋۇتى گۈدۈك بېرىدۇ . شۇ چاغدا قولىمىزدىكى تەييارلىغان قوراللىرىمىزنى ئېلىپ مەدرىسە هـويلـىسىغا يىغىلايلى ، كىمدىكىم خائىنلىق قىلسا ، ساتقىنلىق قـىلسا ، قاچاندا ، قانداق يول بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە ، دوتەي يـامـۇلـىـغـا مـاڭـسـا بـىـزنىڭ ئادەملىرىمىز شۇ هامان ئۇلارنى تـۇتـۇۋالايـدۇ . ئـاڭـلـىـمـىـدىـم دېـمـەڭلار ، بىزنىڭ پايلاقچى ئەزىمەتلىرىمىز هۆكۈمەتنىڭكىدىن هەم كۆپ ، هەم چېۋەر ، هەم قەهرىمان ! خائىن ـ ساتقىنلارغا هەرقاچان ، هەر جايدا ئۆلۈم !

زىـيـاۋۇدۇن بـىـلـەن سەپەر ئاخۇن هېچقاچان بۇگۈنكىدەك جانلانمىغان ، ئۇلار «هازىرلا بۇيرۇق بولسىدى ـ هە !» دېيىشتى

تەقەززا بولۇپ .

— بۇيرۇقنى كىم بېرىدۇ ؟

— خەلپىتىم سىر ساقلاش ئىمانىنىڭ ، پاكلىقىنىڭ بەلگىسى ، دېدىغۇ ، بىزگە دېمەيدۇ ـ دە !

— تېرە زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ كىرگۈدەكمىز ، كېچىسى شەھەرنىڭ سىرتىدا — سۈيدۈك تەرەپتە ئىشچىلارغا مىلتىق ئېتىش ، ئۆمىلەش ، باشنى يوشۇرۇش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا بىر ئورۇس تەلىم بەرگۈدەك !

— بۇيرۇقمۇ ئورۇسلاردىن بولامدۇ قانداق ؟

— نەدىن بولسىمۇ مەيلى ، سوقۇشساقلا بولاتتى ، تېزرەك !

— خوتەن مەسچىت ، ئاقسۇ مەسچىت ، خانىقا ، قازانچى ، ھەرەمباغ ، قارادۆڭ ، توپادۆڭ ، ئايدۆڭ ، دۆڭمەھەللە ، ئۇچدەرۋازا ، ئالتىشوئار مەسچىتلىرىدىمۇ مەدرىستىكىدەك چوڭ داغدۇغا بوپتۇ . پىدائىيلار سەككىز يۈز قىرىققا يېتىپتۇ . بۈگۈن سەھەر زۇنۇن ماستىر بىلەن يەنە بىر نوغاي ئىككى ئورۇسنى ئېلىپ قىرىق مىڭ قوي ، يەتتە مىڭ ئات ۋە ئۈچ مىڭ سەر ئالتۇنغا قورال تېگىشىشكە چېگرىغا مېڭىپتۇ . ئىشلار يۈرۈشۈۋاتىدۇ ئۆكىلىرىم .

— شۇنچە جىق مال ـ دۇنياغا قانچىلىك قورال كېلەر ؟

— بىلمەيمەن ، ئۆكىلىرىم . ئەمما لېكىن ئورۇسلار قورال ـ ياراغ ، ئوق ـ دورىنى ئەرزان بەرمەيدۇ . تولىمۇ قىممەتكە توختايدۇ . ئامال يوق ، قىممەت بولسىمۇ ئالىمىز !

— خەلپىتىم ، شەھەرگەن يامۇلدىن ئىككى يايى كەپتۇ ! — دېدى خىزمەتچى ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ .

— كىرسۇن ! — دېدى خەلپىتىم ئەمدىلا ئۇخلىۋالاي دەپ تۇرغاندا كەلگەن خەۋەرگە نارازى بولۇپ ئەسنەپ تۇرۇپ .

ئۆيگە قىلىچ ، تاپانچا ئاسقان ئىككى يايى كىردى .

زىياۋۇدۇن بىلەن سەپەر ئاخۇن مىلتىقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ ئاشخانىدا تەييار تۇرۇشتى .

— خوپ ، قېنى يىگىتلەر ، قانداق ئەمرلىرىڭلار باركىن ؟

— بۇگۇن ، هازىرلا··· سىلىڭىبۇنىڭ زالىدا يىغىن··· مەجلىس بولاتتىكەن ، سىلىنى تەكلىپ قىلىپ···

كۆل رەڭ پاختىلىق چاپان - ئىشتان كىيىپ پۇتىغا ماتادىن گـوجەي ئوراپ ، باجىنگىر كىيىۋالغان بىر ئۇيغۇر ، بىر خەنزۇ يىگىت دۇدۇقلاپ سۆزلەشتى .

— دائىم چىرايلىق تەكلىپ بىلەن ئاپىرىپ تۇرمىگە سالىدىغان ئىشىڭلار بار بولىدىغان ! — دېدى خەلپىتىم قوپاللا قىلىپ ، — روزا - رامزان ، بارالمايمەن !

— بارمىسىلا بولمايدىكەن . ئۇرۇمچىدىن باشلىقلار كەپتىكەن . غۇلجىدىكى چوڭلار بىلەن سۆھبەتلىشىدىكەن . هېكىمبەگ غوجام ئىككىلىرىنى بىز ئېلىپ بارىمىز .

— غوجام نېمە دېدى ؟

— كالاسكا قوشتۇرۇۋاتىدۇ . سىلىنى ئېلىۋالماقچى .

— ھە ، بوپتۇ ئەمىسە .

— يـاق ، خـەلـپـىـتـىـم بارمىسىلا ! — دېدى زىياۋۇدۇن ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ، — يالغان ئېيتىدۇ بۇلار .

— ياق ، ياق··· راست ! ··· — يايلار هودۇقتى .

— يـاخـــشى تونـۇۋال بـۇلارنـى ! — دېدى خەلپىتىم زىـيـاۋۇدۇنـغـا ، — ياخشى كۇننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا مۇشۇ ئىككىسىدىن هېساب ئال .

— ياق ، ياق··· بىز ، بۇ راست ··· — ئەسكەرلەر قورقۇپ دۇدۇقلاشتى .

دوتـەي يـامـۇلـىنىڭ هويلىسىدىكى ئۇستى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان بىر قەۋەتلىك يىغىن زالى خەلپىتىمگە تولىمۇ تونۇش . غوجام بىلەن ئىككىسى كىرىۋىدى ، زالدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سالام بېرىشتى . ئالدىنقى قاتاردىن بېشىغا ئۇچلۇق موزا كىيگەن ، قاما ياقىلىق جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىۋالغان ، ئىنچىكە قارا بۇرۇتلۇق

بىرى ئۆلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەربىيچە چەبدەس كىيىنگەن، تاپانچا ئاسقان، شىڭ شىسەينى دوراپ چاققان بۇرۇت قويغان ھەربىي قوماندان بايىقى كىشىنى غوجاملارغا تونۇشتۇرۇپ:

— ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مەسئۇللىرىدىن، جياڭ ۋېييۈەنجاڭ ئۆزى ئەۋەتكەن ئالاھىدە ۋەكىل خۇاڭ رۇجېن ئەپەندى، — دەپ تونۇشتۇردى، ئاندىن غوجام بىلەن خەلپىتىمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، — غۇلجا تارانچىلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەملىرى ھېكىمبەگ غوجام، مۇتائالى خەلپىتىم. شىنجاڭنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا بۇ كىشىلەرنىڭ تۆھپىسى تولىمۇ چوڭ، تولىمۇ چوڭ! — دېدى.

خۇاڭ رۇجېن ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇ، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئادالەت، تەرەققىيات ۋە بەخت - سائادەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ئەڭ ئادىل پارتىيە ئىكەنلىكىنى، ئۈچ مەسلەك، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئەھمىيىتى، «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابنىڭ مەزمۇنلىرى ئۈستىدە توختالدى:

— بۇ يىل 1 - ئايدا ئۆلكىلىك پىرقە رەسمىي قۇرۇلغاندىن بېرى، شىنجاڭغا ئون يىلدىن بېرى قادالمىغان پارتىيە بايرىقى قايتىدىن قادالدى. بىز كاتتا تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتۇق. گومىنداڭ مەركىزىي ھەيئەتلىرىدىن جۇشاۋلياڭ جياڭجۈن، لياڭ خەنساۋ ئەپەندىلەرنى پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭ پىرقىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نازارەت قىلىشقا جياڭ ۋېييۈەنجاڭ ئۆزى ئەۋەتتى. شىڭ دۇبەن جانابلىرى شىنجاڭ پىرقىسىنىڭ رەئىسى، پېقىر خۇاڭ رۇجېن مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورلۇقىنى قويۇپ پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى بولدۇم. گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن بېرى شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشى بولۇپ، ئادالەت، سەمىمىيلىك، مېھرىبانلىق گەۋدىلەندى، پارتىيىنىڭ ئادىللىقى ئىسپاتلاندى...

ئۇنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ دەبدەبىلىك بولدى. ئاخىرىدا ئۇ

«ئۈچ مەسلەك» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:
— بۇ كىتاب پارتىيىمىزنىڭ ئەڭگۈشتىرى. بۇ كىتاب ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. ھەربىرلىرىگە بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ بېرىمىز. مەسچىتلەردە چوقۇم جامائەتكە ئوقۇپ بېرىسلەر! — دېدى.
— چوقۇم ئوقۇيدۇ، چوقۇم ئوقۇتىمىز! — دېدى سۆسەر ياقىلىق جۇۋا كىيىپ، ئېسىل قولاقچىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ئابدۇمەر ئۇنلۇك ۋارقىراپ، — كىمدە كىم ئوقۇمىسا، بىز ئۇ مەسچىتنىڭ ئىمامىنى جازالايمىز!
— ياق، — دېدى خۇاڭ رۇجىن بېشىنى چايقاپ، — سۈركىلىش پەيدا قىلىشقا بولمايدۇ. زۆرۈرى ئىناقلىق، ئادىللىق ۋە سەمىمىيلىك!
كۆپچىلىك تارقىغاندىن كېيىن باش قوماندان غوجام، خەلپىتىم، ئەنۋەر مۇسابايوفلارنى ئېلىپ قالدى، ئابدۇمەرمۇ ئەتەي ئايرىلىپ قالدى.
— ھەرقايسىلىرى خەلق ئىچىدە ئىناۋەتلىك، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزگە ئىگە زاتلار، — دەپ گەپ باشلىدى ھەربىي قوماندان، — سىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىڭلار ۋە ئورنۇڭلار گومىنداڭ پىرقىسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مەن پىرقىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇجىجاڭ خۇاڭ پروفېسسورنىڭ تەكلىپى بويىچە سىلەرنى پىرقىنىڭ ئەزالىقىغا تونۇشتۇرماقچىمەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ پىكرى قانداقكىن بىلمەكچى بىز؟
— رەھمەت، رەھمەت، شېڭ دۇبەن ئاتىمىزنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىشنىڭ ئۆزى كاتتا گەپ!
— ئا فۇشيەنجاڭ، بۇ گەپ سىزگە قارىتىلمىغان، مۇنۇ ئۈچ كىشىگە، غوجام، خەلپىتىم، ئەپەندىمگە!
— ناھايىتى ياخشى، بۇ كىشىلەرنىڭ پارتىيىمىزگە ئەزا

بولغىنى تولا ياخشى . بىز ئەزا بولغانغا ئوخشاش !
ئابدۇمەر يەنە گەپ ئارىلىغىلى تۇرۇۋىدى ، ھەربىي باشلىق گەپ قىلماڭ دېگەن مەنىدە ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ قويدى .
— غوجام ، سىلى يۇرت ئاقساقىلى ، يەتتە ئەۋلاد ۋەتەن ئۈچۈن ، چېگرا رايونىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەجىر قىلىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ ، ئەڭ ھۆرمەتلىك ئائىلىنىڭ ۋەكىلى ، قېنى سىلى ئىپادە بىلدۈرسىلە ؟
— لەۋەي ، بۇ بىر كاتتا گەپكەن ، مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز . مەن قېرىدىم ، ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشماي دېۋىدىم .
— بولىدۇ ، ئويلانسىلا ، ھۆكۈمەت ئىشى ، خەلق ئىشى ھەربىرىمىزنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئىشىمىز . ئارىلاشماي چەتتە تۇرغىلى بولامدۇ ؟
— خەلپىتىم ، — دېدى قوماندان مۇتائالى خەلپىتىمگە دەرھال بۇرۇلۇپ ، — سىلى دىنىي ساھەدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك ، چوڭ زات . ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشلىرىغا تولىمۇ چوڭ تۆھپە قوشتىلا ، ئۆز قورۇ - جايلىرىنى مەكتەپكە بەردىلە ، يېتىملارغا پۇل بېرىپ ، مەكتەپ قۇرۇپ ئوقۇتتىلا ، سەنمىنجۇيى نەق مۇشۇ خىل پەزىلەتكە موھتاج ، سىلى پىرقىمىزگە ئەزا بولۇشقا قانداق قارايلىكىن ؟
— ھازىر روزا ئېيى ، — دېدى خەلپىتىم ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — قۇرئان كەرىمدە روزا تۇتقان ئادەم بىر تەشكىلاتقا ، بىر پارتىيىگە ئەزا بولسا روزىسى بۇزۇلىدۇ دېگەن گەپ بار . بىز تەقۋادار ئادەملەر قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈم - نىزاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىمىز . ھېيتتىن كېيىن جاۋاب بەرسەم قانداق بولاركىن ؟
تەرجىمان بۇ سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىۋىدى ، قوماندان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى :
— ياخشى ، ياخشى ، پارتىيىمىزنىڭ تەشكىلات بۆجىگى جۇجاخۇا شىنجاڭغا ياردەمگە ماڭغان كادىرلارنى ئۇزاتقاندا ، سىلەر

شىنجاڭدا ئىشلەشكە كېتىۋاتىسىلەر ، بۇ يەردىنمۇ ، شىنجاڭدىنمۇ قوش مائاش ئالىسىلەر ، بىر يىل ئىشلىگەندىن كېيىن يەنە يېرىم يىللىق ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلىدۇ . سىلەر ئالاھىدە ئىش بىلەن كېتىۋاتىسىلەر ، ئالاھىدە ئىش : شىڭ دۇبەننىڭ گېپىگە كىرىش ، سۇركىلىش پەيدا قىلماسلىق ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىش دېگەن گەپلەرنى قاتتىق جېكىگەن . ئۇنداق گەپ قۇرئاندا بولسا ، سىز دېگەندەك بولسۇن ، ھا - ھا - ھا...

ئۇ دەرھال ئەنۋەر مۇسابايوفقا قارىۋىدى ، ئەنۋەر ئەپەندى دەرھاللا :

— غوجام ، خەلپىتىمنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىغا قوشۇلىمەن ، بىز نېمە قىلساق بار مەسلىھەت ، بىرلىكتە قىلىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— سىز ئەپەندىم ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودىڭىز توختاپ چوڭ زىيان تارتتىڭىز ، بىزگە ئاچچىقىڭىز بار . ئىشىنىڭ ، گومىنداڭ پارتىيىسى — بىزنىڭ پارتىيىمىز ھەممە ئىشقا ئادالەت ، سەمىمىيلىك ، مېھرىبانلىقنى ئۆلچەم قىلىدۇ . ئىشلىرىڭىز تۈزۈلۈپ كېتىدۇ ، غەربتىن تارتقان زىياننى شەرقتىن تىرىلدۈرۈۋالايسىز ، ئەمدى تيەنجىن ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇ ، ھەتتا شياڭگاڭلارنىڭ دەرۋازىلىرى سىزگە ئوچۇق . چوڭ بازار شەرقتە ، ئىستىقبالىڭىزمۇ شەرقتە !

ئۇ دۆلەت بايرىقى ۋە يېڭىدىن ئېسىلغان گومىنداڭنىڭ پارتىيە بايرىقىغا قاراپ چاس بەردى ۋە كۈلۈپ قويۇپ :

— ئاڭلىسام ، ئىشچىلىرىڭىز خالىق كولاۋاتقۇدەك ، راستىمۇ ؟ — دەپ سورىۋىدى ، سەزگۈر ئەنۋەر ئەپەندى ، تاغ غوللىرىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەربىي مەشقتىن خەۋەر تاپقان ئوخشايدۇ ، دەپ چۆچۈپ تاتىرىپ كەتتى - دە ، دەرھاللا :

— شۇنداق ، تۆت - بەش يۈز ئىشچى بار . زاۋۇتتا ئۇلارغا

ئىش يوق . ھەيدىۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ، خاك ئىچىپ ، جان بېقىشىغا ياردەم قىلىۋاتىمىز ، — دېدى .

— ياخشى ، ناھايىتى ياخشى . شىنجاڭ دېگەندە يەرگە ئېگىشىسلا پۇل تاپقىلى بولىدۇ . يەر ئاستىدا يۈز نەچچە خىل بايلىقى ، يەر ئۈستىدىمۇ سەكسەن ـ توقسان خىل بايلىقى بار . بۇنداق يەر دۇنيادا ئاز ، نېفىت بىلەن كۆمۈرى ئورۇسلارنىڭكىدىن جىق . شۇڭا ئىنگلىزلار ، ياپونلار ، گېرمانلار ، تۈركلەر ، ئورۇسلار بۇ يەرگە بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ قاراشماقتا . بۇ بىر پارچە سېمىز گۆشنى ئۆزىمىز يېيىشىمىز ، بۇ گۆھەر زېمىندا ئۆزىمىز ياشىشىمىز لازىم . شۇڭا ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ مەيلى قانداق بوران ـ چاپقۇن بولمىسۇن ، شىنجاڭنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىمەكتە . ياپون مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئامېرىكا ، سوۋېت ، ئەنگلىيە دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشىدۇ . مانجۇرىيە ، تاشقى موڭغۇلىيە ، شىنجاڭ ستالىننىڭ كۆز تىكىۋاتقان يەرلىرى . ستالىن شېڭ دۇبەندىن ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن . بىزگە كېلىدىغان چوڭ خەتەر مۇشۇ غەربتىكى تام قوشنىدىن كېلىدۇ . ھازىر ئۇ يەردە يىگىرمىدەك پارتىزان گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . ئالتايدا ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ، تاشقورغاندا ئىسھاقبېك — ھېلىقى مەشەدىن چىقىپ كەتكەن قازاق ـ قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان قىرغىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورالاندۇرۇشى بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرمەكتە . غۇلجا ھازىرچە تىنچ . لېكىن ، مەسچىتلەردە غەلىتە تەشۋىقاتلار پەيدا بولدى دەپ ئاڭلاپ قالدۇق .

— راست ، قوماندان ، بۇ خەۋەر راست . بەزى ئاخۇن ، ئىماملار غازات ، ئىستىقلال دېگەنلەرنى دەۋاتىدۇ !

ئابدۇمەر مىڭبېگى دەرھال قوماندانىنىڭ گېپىنى قوللىۋىدى ، قوماندان ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلگە يەنە تەپتى :

— ئىنكاس دېگەننىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىۋېرىشكە بولمايدۇ .

ئۆتكەندە يالغان خەۋەر بېرىپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلغانلار خېلى كۆپ بولدى. خاتا تۇتۇلغانلار خېلى باركەن. گومىنداڭ پىرقىسى شېڭ دۇبەننىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرمىلەرنى تەكشۈرمەكچى، گۇناھسىز قامالغانلارنى قويۇۋەتمەكچى. ئاڭلىسام، ھېلىقى مۇختەرباي دېگەنلەر بىگۇناھمىش!

— قوماندان، ئۇ دېگەن باندىت غېنىنىڭ يېقىنى، ئۇنىڭ بالىسى ھازىر ئىلقىدا...

— بولدى، بولدى، — دېدى قوماندان ئۇنىڭ گېپىنى يەنە ئۈزۈپ، — مەسچىتلەردە «ئۈچ مەسلەك» دېگەن كىتابنى ئوبدان تەشۋىق قىلساق، خەلق ھەق ـ ناھەقنى ئايرىۋالالايدۇ. مەن بۇ ئۈچ كىشىگە تولۇق ئىشىنىمەن، بۇ كىشىلەر ئادالەت، ساداقەت ۋە مېھىر ـ شەپقەتنى خەلققە يەتكۈزۈشتە نەمۇنىلىك رول ئوينىيالايدۇ!

كالاسكىغا چىققاندىن كېيىن غوجام كۈلۈپ:

— بۇ باشلىقنىڭ گەپلىرى چىرايلىققۇ ـ ھە، لەۋەي؟ — دېۋىدى، خەلپىتىم كۈلۈپ:

— قاتىللار چىرايلىق گەپكە ئۇستا بولىدۇ. گىتلېرمۇ، شېڭ شىسەيمۇ شۇنداققۇ، — دېدى، ئەنۋەر ئەپەندى:

— تۇيدۇرماي بىزنى چېكىپ بېقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدىن خەۋىرى باردەك قىلىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق، تېخىمۇ ھوشيار بولمىساق بولمىغۇدەك...

## 31

1944 ـ يىلىنىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى يىلنى زىياۋۇدۇن بالىلىرى بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ «ئايدۆڭ» كوچىسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق يېڭى ئۆيىدە نۇرى، بەرا، دەۋرا ۋە كىچىك قىزى، ئىككى ئۆگەي قىزى، مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئاتىدارچىلىقىدا نىكاھلىنىۋالغان ياش خوتۇنى بولۇپ سەككىز جان

قىزا باسقان پولۇ يەپ ، چۆلۈقاي سارىم ئالمىسى ۋە سەپەر ئاخۇننىڭ قولىدا پىشقان شېرىن تەملىك گۆلاۋا ، جاغدا قوغۇنلىرى بىلەن مېھمان بولۇشتى . باللار خۇشال ، بولۇپمۇ نۇرى تولىمۇ خۇشال ئىدى .

— توۋا ، — دېدى زىياۋۇدۇن ھەيران بولۇپ ، — بۇ شېڭ شىسەي ياۋاشلاپ كەتتا . مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ دېيىشىچە ، گومىنداڭ دېگەن ئادالەتنى ياقلايدىكەن .

— گومىنداڭ پىرقىسى بىلەن شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت تالىشىۋاتىدۇ ، دادا . خەلققە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ھەممە ياخشى گەپنى قىلىۋاتىدۇ . قارا ، ماۋۇ «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى ياخشى گەپلەرنى . ئادالەت ، ساداقەت ، مېھىر ـ شەپقەت دېگەن سۆزلەر ھەممە بەتنى قاپلاپتۇ . قارا ، «پارتىيىنىڭ ئادىللىقى» دېگەن چوڭ ماۋزۇ قويۇلغان «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتاب جياڭ جيېشى يازغان كىتابكەن . گېزىتتە شۇ كىتابتىن ھەممە ياخشى گەپلەرنى تېرىپ بېرىپتۇ . «ئۈچ مەسلەك» ، «دۆلەت ئاتىسى تەلىماتى» دېگەن كىتابلار . ھېلىقى خەلپىتىملەرگە سۆزلىگەن خۇاڭ رۇجىن «نوقۇل ھاياتلىق نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپتۇ . جاڭ جىجى دېگەن ئادەم «قىيىنچىلىقنى يەڭگەندىلا ئىش ئاسانغا چۈشەر تەلىماتى» دېگەن كىتابنى يېزىپتۇ . گەپلىرى چىرايلىق . لېكىن ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى قارىلاش .

— بۇ دېگىنىڭ نېمە گەپ ، ھوي نۇرى ؟

— بىز ماركسىزم ـ لېنىنىزم ياخشى ، دەيمىز . سەۋەبى ، نامراتلار ھاكىمىيەت تۇتىدۇ . بايلار ، زالىملار بولمايدۇ ، ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدۇ ، ئادەم ئادەمنى ئەزمەيدۇ . ئۇلار ، ياق ، ماركسىزمدىن ئۈچ مەسلەك ياخشى ، دەيدۇ .

— مەسلىكى نېمىسى ھوي ؟

— چاي ئىچسەڭلارا ، — دېدى كولۇپلا تۇرىدىغان ئاقپىشماق ، قاش ـ كۆزى چىرايلىق ئايال نۇرىغا بىر پىيالە چاي سۇنۇپ ، —

ئۈچ يىلدەك قېچىپ يۈرۈپسىز . مانا ئەمدى ئادەم تونۇمايدىغان بوپتۇ . نېمىلا بولسا ئادەم تونۇمىغاندىكىن ياخشى ـ دە !

— ۋاھ ، ئۈنى بىر دېمە ، خوتۇن ، — دېدى زىياۋۇدۇن كۈلۈپ قويۇپ ، — مانا قارا ، بەرا بىلەن دەرامۇ مۇشتتەك تۇرۇپ مالاي بولدى . سەن ، مەن نېمىلەرنى كۆرمىدۇق . مۇختەركاملارنى قويۇۋەتكۈدەك ، يەر ـ سۈيىمىزنى قايتۇرۇپ بېرەر .

— بەرسىمۇ سەھراغا چىقمايلى ، دادا ، — دېدى بەرا دادىسىغا ئەركىلىگەندەك دادىسىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ ، — كۆتەك هارۋا بىلەن بىر ئات قىلىۋالساق ، دەرا ئىككىمىز خاڭدىن كۆمۈر توشۇپ پۇل تاپىمىز . ئەتىيازلىققا قار توشۇيمىز .

— ئاتنى مەن ئەكېلىپ بېرىمەن ، — دېدى نۇرى كۈلۈپ ، — مېنىڭ سامىيۇزىدە ، غېنىكامنىڭ كۆزلىكىدە ئۈچ ئېتىم بار .

— ئوغرىلىغانما ، ئاكا ؟ — كىچىك قىز سورىۋىدى ، ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشتى .

— ھەئە ، ئۇكام ، مەن ئوغرى .

— مىلتىقىڭ بارمۇ ئاكا !

— ھەئە ، مىلتىقىممۇ شۇ كۆزلەكتە .

— دادامنىڭ مىلتىقى كۆمۈرنىڭ تېگىدە .

— كىشىلەرگە دېمەڭلار ، قىزلىرىم ، — زىياۋۇدۇن ئۇن ياش ، سەككىز ياشلىق ئىككى ئۆگەي قىزىغا كۈلۈپ قاراپ قويدى .

— ياخشى ئوقۇڭلار ، ئۇكىلىرىم ، مانا مۇنۇ ئۇكاڭلارمۇ يەنە ئىككى يىلدا مەكتەپكە باردۇ ، ھە ئۇكام ئىمهان ؟

— ئوقۇيمەن ، چوڭ بولغاندا دوختۇر بولىمەن .

— خۇدايىم بۇيرۇسا قىزىم !

ئۆگەي ئانا قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى . چۈشەنچە مۇشۇنداق بولغىنى بىلەن ، بۇ ئۆيدە «ئۆگەي» لىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى .

لېكىن ، تەبىئەت ئۇنداق ئەمەس . مانا يەنە لەپىلدەپ قار ياغماقتا ، سوغۇق كوچىيمەكتە ، دەريا تەرەپتىن توۋۇقسىزلا جەنۇب

شاملى ھوۋۇلداپ قار ئۇچقۇنلىرىنى پەنجىرىگە ئۇرماقتا، تەبىئەت ئەسەبىيلەشكەن، سوغۇقلىرى چاقىدۇ، بورانلىرى بۇزىدۇ، قارلىرى كۆمىدۇ، قۇياش بىچارە غۇۋا، نۇرنىڭ كۈچى يوق!

— پۇل يوق، — دېدى زىياۋۇدۇن يەنە نۇرىغا قاراپ قويۇپ، — پۇل تېپىشنىڭ يولىمۇ يوق. ئۇن، ماي، گۆشلىرىمىز، كۆمۈر، قاتتىق ئوتۇنلىرىمىزمۇ كۆكلەمگىچە يېتىدۇ. ئىش بولمىسا ئادەم زېرىكىپ ئۆلىدۇ - دە. بالام نۇرى، ئېتىڭنى ئەكېلەيلى. ھارۋا قىلالمىساق چانا قىلالايمىز. ئىككى يىگىت زېرىكىپ كەتتى. چانا بىلەن كۆمۈرچىلىك قىلسۇن، مەن ئۇۋچىلىق قىلاي، سەن بەربىر ئىلقىغا كېتىسەن.

— بولىدۇ. ئىككى ئاتنى ساڭا بېرەي، مەن سامىيۇزىدىن ئىلقىغا كېتەي، ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا چىقايلى.

— بىزنىڭ مەھەللىگە پىيادە چىقساق، ئۇ يەردىن بىرىنىڭ ئات - چانىسى بىلەن سامىيۇزىگە بارالايمىز.

— كەتمەڭلارا، بىللە قىشلايلىلا، — دېدى ئۆگەي ئانىسى مۇلايىم ئاۋاز بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — نۇرمۇھەممەت دۇتارنى خويما ياخشى چالىدىكەن، ناخشىسىمۇ مۇڭلۇق. ۋاي - ۋۇي، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ... مۇتائالى خەلپىتىم خىزمەت تېپىپ بېرىمەن دەپتۇغۇ، ئەپەندىچىلىك قىلارسىز بولمىسا.

— ئىلقىغا كەتمىسەم بولمايدۇ. ئۇ يەردە ئاغىنىلىرىم مېنى ساقلاۋاتىدۇ، ھەدە.

— ئاپا دە! — دېدى بەرا كۈلۈپ.

— گۈلبەھرەم، — دېدى زىياۋۇدۇن كۈلۈپ، — نۇرى ئارانلا تۇققۇز ياش كىچىككەن سىڭىلىڭدىن، ھەدە دېگىنى دۇرۇستەك قىلىدۇ.

— ھەدە دېسۇن، بەرا بىلەن دەرامۇ ھەدە دېسۇن! — ئۇلار يەنە كۈلۈشتى.

ئائىلە بەختىنىڭ بۆشۈكى، خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى. پۇلدارلار، مەنسەپدارلار، مەرتىۋىلىكلەر ئۆز ئۇستۇنلۇكى بىلەن

ئېرىشەلمەيدىغان بەخت ـ خۇشاللىقتا نامراتلار نامراتلىقى بىلەن ئېرىشەلەيدۇ. ئۆيدە ھەممىلا ئادەم چىن قەلبىدىن خۇشال بولۇپ راستىنلا كۈلسە، قۇشلار ئۇۋۇلىرىنى ئەگىپ ئۇچقاندەك بەخت پەرىشتىلىرىمۇ شۇ ئۆينى ئەگىپ ئۇچىدۇ، كېتەلمەيدۇ، باغرىنى ياقىدۇ. مانا بۇ بىر ئاددىيلا ھايات قانۇنىيىتى.

زىياۋۇدۇن مۇتائالى خەلپىتىمگە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى. چۈنكى، ئۇ ئادەم مۇشۇ ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان، خۇددى ئۆلۈپ كەتكەن رەيھانگۈلدەك ئىشچان تارانچى قىزنى ناغرىچىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدىن تېپىپ ئۇنىڭغا چېتىپ قويدى. زىياۋۇدۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىنى بەزەن ـ بەزەنلا ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغىنىدەك، گۈلبەھرەممۇ تۇرمىدە بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن، ھاراقتا بىرلىگەن تۇنجى ئېرىنى كەمدىن ـ كەم ئەسلەيدۇ. بۇلار بىر ـ بىرىنى بەختلىك قىلىشقا ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بېرىشكەن ئىنساپلىق دېھقانلار. شۇڭا، ئۇلارنىڭ شادلىقى بايلارنىڭ، مەنسەپدارلارنىڭ ئۆيلىرىدە تېپىلمايدۇ.

نۇرىنىڭ بۇ ئۆيدىن زادىلا كەتكۈسى يوق. لېكىن، چوڭ ئىشلار ئۇنى چىللىماقتا. 1944 ـ يىلنىڭ خەيرلىك بىر يىل بولۇشىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى. تەبىئەت، ۋەزىيەت ئۇنى ئۆگەيلىمىسىلا!

گومىنداڭ پىرقىسى بىلەن شېڭ شىسەي خەلقنى تالاشماقتا. ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەقسىتى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ شىنجاڭدىن بىر ـ بىرىنى قوغلىۋېتىش، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيگە ياقمىغان ئوخشايدۇ. ئۇ جياڭ جيېشى ئەۋەتكەن «كوئىنلۇن» ئىسىملىك مەخسۇس ئايروپىلاندا خوتۇنى چيۇيۇفاڭنى ئېلىپ چۇڭچىڭغا گومىنداڭنىڭ 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى. گومىنداڭ كاتتىلىرىدىن لياڭ خەنساۋ، ۋاڭ دىفۇلار ئۇنى تېخىمۇ ماختاپ سىرلىق بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئومۇمىي يىغىندا سۆز قىلدى، مەركىزىي تەلىم ـ تەربىيە ئۆمىكى ئۇنى ئالاھىدە دوكلاتقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنى گېزىتلەردە ئالاھىدە ئۇچرايدىغان

قەھرىمان دەپ ماختىدى ، ئۇ يەنە جياڭ جيېشى بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى ، زىياپەتلەردە بىللە بولدى . لېكىن ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆپ گەپ قىلمايدىغان بولىۋالدى . بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

ئاخشامقى ياشلارنىڭ يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىپ رەخمجاننىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە ، ئابدۇكېرىم ئابباس ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى دەپ بەردى . ئۇ ئىلى مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ مۇپەتتىشى ۋېن چىڭجاڭ «چېگرادىكى قانۇنسىز سودا - سېتىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش »كە بارغاندا تەرجىمان بولۇپ بىللە بارغانىكەن . ئۇ ۋېن چىڭجاڭدىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئۇستىلىق بىلەن ئىگىلىۋاپتۇ . شېڭ شىسەينىڭ چۆچۈگىدىن قايتىپ كېلىپ جىم بولۇپ قالغىنىنىڭ سەۋەبىنى ئۇ مۇنداق چۈشەندۈردى :

— ئۇنىڭغا جياڭ جيېشىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىكى ، ئىش ئۇنۇمىنىڭ ناچارلىقى ياقمىدى . ياپونىيە جۇڭگونى بېسىپ بولاي دېدى ، خۇنەن ، گۇاڭشى ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالدى ، گومىنداڭ ئارمىيىسى قارشى تۇرمىدى ، ئۇ جياڭ جيېشىدىن ئۈمىدسىزلەندى . سوۋېت ئىتتىپاقى مانا ئۇكرائىناغا يۈرۈش قىلدى ، غەلىبە چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگىنىگە پۇشايمان قىلماقتا . گومىنداڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرمەكتە . تەشۋىقاتچىلار ، قورۇلۇشچىلار ، ئالىم - پروفېسسورلار ، تەكشۈرگۈچىلەر ، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ جۇ شياۋلياڭ ، لياڭ خەنساۋدەك مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى كەينى - كەينىدىن كەلمەكتە . ھازىر گومىنداڭنىڭ سىياسىي ئۈستۈنلۈكى شەكىللەندى . شېڭ شىسەي تەھدىت ئاستىدا قالدى . گومىنداڭ ئارمىيىسىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە . مېنىڭچە ، بۇ ھىيلىگەر يېڭى پىلان ئويلاۋاتىدۇ .

— سىزچە ، قانداق پىلان ئويلاۋاتقاندۇر ؟ — نۇرى بۇ سىياسەتچى يىگىتتىن سورىدى .

— گومىنداڭغا تاقابىل تۇرۇش پىلانى بولسا كېرەك . ھازىر شىڭ شىسەي گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن يوشۇرۇن ئېلىشماقتا . قاراپ تۇرۇڭلار ، ئۇ يېڭى بىر ئەنزە ياساپ چىقىدۇ . جىمىپ كەتكىنى مۇشۇ ئەنزىگە باش قاتۇرۇۋاتقىنى .

— يەنە ئادەم تۇتارمۇ ؟

— مېنىڭچە ، ئۇ گومىنداڭنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىنى تۇتىدۇ . بىزگىمۇ قول سالىدۇ . ئۇ شىنجاڭدىكى سوۋېت بولشېۋىكلىرىنى ئەنزە ياساپ «تروتسكىچىلار» دەپ ستالىنغا چاققان . ستالىن ئۇنىڭ يالغان «توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى»گە ئىشىنىپ بولشېۋىكلارنى قايتۇرۇۋېلىپ كەتكەن . ئۇ جياڭ جيېشىغا ئاشكارا قارشى تۇرالمايدۇ . چوقۇم «توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى» نى ياساپ چىقىپ ، جياڭ جيېشىنى ئالداپ ، گومىنداڭنىڭ خۇاڭ رۇجىندەك كاتتىلىرىنى قوغلىۋەتمەكچى .

— ئۇ بىزگە نېمىشقا قول سالىدۇ دەيسىز ؟

— جياڭ جيېشىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن . سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭنى تارتىۋالماقچى بولغان باندىتلارنى تازىلىدىم دېمەكچى . جياڭ جيېشىغا مۇشۇنداق قىلىش ياقىدۇ !

— جياڭ جيېشى بىلەن ستالىننىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بارمۇ قانداق ؟

— 1943 - يىلى ستالىنگراد جېڭى ئاخىرلىشىپ گېرمانىيە ئارمىيىسى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ توقسان مىڭ ئەسكىرى ، فون پائۇلىۋس باشلىق توققۇز مارشالى ئەسىرگە چۈشتى . ھېسابسىز ئادىمى يوقىتىلدى ، ئىككى يۈز كۈنلۈك جەڭ گېرمانلارغا چوڭ زىيان كەلتۈردى . ستالىننىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى ئۆستى . دېمەك ، ستالىن دۇنيا سەھنىسىدىكى ئەڭ كاتتا ئادەمنىڭ بىرىگە ئايلاندى . ئۇ ھەرقانداق ئادەمدىن ئۈچ ئالالايدۇ . جياڭ جيېشى شۇڭا مانجۇرىيە ، تاشقى موڭغۇلىيە ، شىنجاڭنىڭ قولدىن كېتىشىدىن قورقىدۇ . ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن شىنجاڭدا سوۋېتنىڭ

تەسىرىنى تازىلىماقچى .

— بۇلتۇر 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، جۇڭگو قاھىرەدە يىغىن ئېچىپ «قاھىرە خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلدى . بۇ يىغىندا جياڭ جيېشى روزۋېلىتقا ستالىنغا تېررىتورىيە مەسىلىسىدە شەرت قويمىسا دەپ نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا خوتۇنى ئىككىسى يالۋۇرغان .

— ھە ، مۇنداق دەڭ ! — دېدى رەخمەجان جىمجىت ئولتۇرۇپ ، ئابدۇكېرىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشقان مېھمانلىرىنىڭ كەيپىياتى بىلەن خۇشال بولۇپ ، — يېقىندا تۈگىگەن تېھران يىغىنى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز كەن .

— 1943 - يىلى 28 - نويابىردىن 1 - دېكابىرغىچە بۇ يىغىن ئۆتكۈزۈلدى . «تېھران خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى . فاشىزمنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ، يىغىندا فاشىزم يوقىتىلغاندىن كېيىنكى ياۋروپا مەسىلىسى ، ياپونىيىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىشىغا ئوخشاش چوڭ ئىشلاردا كېلىشىم قىلىنغان ئوخشايدۇ . كونكرېت مەزمۇنىنى ئۇقالمىدىم . بىرلا ئىش ئېنىق : روزۋېلىت ستالىن بىلەن سودىلاشقان . ياۋروپادا ستالىنغا يول قويۇش ، ئاسىيادا روزۋېلىتقا يول قويۇش قارار قىلىنغان . شۇنداق بولسا بىزگە پايدىسىزراق بولىدۇ . گومىنداڭ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز . ئەمما ، ئۇ ئامېرىكا بىلەن دوست ، ئامېرىكا ، سوۋېت بىرلىشىپ ياپونىيىنى جازالايدۇ . ستالىن جياڭ جيېشىغا يول قويۇشى مۇمكىن . قايسى مەسىلىلەردە ، قانچىلىك يول قويىدۇ . ئۇ بىزگە قاراڭغۇ...

ئىلى دەرياسىنى ياقىلاپ شەرققە كەتكەن قەدىمىي يولدا نۇرى دادىسى بىلەن پىيادە كېتىپ بېرىپ ئاخشام بولغان بۇ گەپ - سۆزلەر ، دوستلىرىنىڭ ئىناقلىقى ، ئابدۇكېرىم ئاببىاسنىڭ بىلىملىكلىكى ، يىراقنى كۆرەرلىكىگە ئوخشاش ئىشلارنى بىرمۇبىر ئويلاپ ئۇزاققىچە جىم ماڭدى . ناۋادا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىمۇ

غوجانىياز ھاجىنىڭ ئىشىدەك بولۇپ قالسىچۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقى گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ مىڭ جاپادا قۇربان بېرىپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى بىكار قىلىۋەتسىچۇ؟ دېگەنلەرنىمۇ ئويلىدى. ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ خىياللىرى مۇرەككەپلەشتى: «ھازىر قورال بېرىۋاتىدۇ، بىزنى قوللاۋاتىدۇ. غوجانىياز ھاجىنىمۇ شۇنداق قىلغانىدىغۇ، ئاخىرىدا ئۇنى شېڭ شىسەيگە قۇربان قىلىپ بەردى. بىزنىمۇ گومىنداڭغا قۇربان قىلىپ بەرسىچۇ؟ مەنپەئەت يامان نەرسە. ياۋروپادىكى پايدا ئۈچۈن ئاسىيادا زىيان بولۇشى مۇمكىنغۇ؟... ئامېرىكا بىلەن سوۋېت دوست بولسىلا جياڭ جيېشى ستالىنغا يېلىنىدۇ، روزۋېلىت سالا قىلىدۇ. ستالىن يەنئەننىمۇ جياڭ جيېشىغا بېقىندۇرۇشى، پۈتۈن جۇڭگودا بىرلا جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىنغۇ؟... نېمىلا بولمىسۇن، ئەمدى يېنىۋېلىشقا يول يوق، قولدىكى قورالنى تاشلاشقا بولمايدۇ. جياڭ جيېشى شېڭ شىسەينى يوقىتالىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا بىز شېڭ شىسەينىڭ دۈشمەنلىرى بولغان گومىنداڭ بىلەن بىر ئاكوپتا بولۇپ قالىمىز. جياڭ جيېشى بىزگە ياخشىلىق قىلارمۇ؟»

— بالام، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ خېيىمخەتەر يەنە بارمۇيە؟

— بار، دادا.

— ھازىر تۈت ـ تۈت يوق. جاھان خېلى تىنچىدى. قانداق خېيىمخەتەر باركىنتاڭ؟

— قارا، ھەممە ياقنى تۇمان باسقىلى تۇردى.

— ھە راست، جاڭگاللارمۇ، مەھەللىلەرمۇ كۆرۈنمىگىلى تۇردى.

— بىزنىڭ كەلگۈسىمىزمۇ كۆرۈنمەس تۇمان ئىچىدە قالدى، دادا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئىسلام ئاچىمىز دەۋاتساق؟

— ئىسلام دېگىنىڭ ۋاقىتلىق شوئار. شىنجاڭدا ئافغانىستاندەك ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشقا ستالىن يول قويمايدۇ.

تاشقى موڭغۇلىيىدەك دۆلەت بولۇشقا ھەم ئۇنىمايدۇ . ئۆلكە پېتى قالسا بىز گومىنداڭنىڭ ئۆلكىسى بولىمىز . گومىنداڭ ئۈچۈن شىڭ شىسەيگە ئوق ئاتقان بولىمىز . شىڭ شىسەي يوقالسىچۇ ؟ بىزنى يەنە گومىنداڭ سورايدۇ . گومىنداڭمۇ ، جياڭ جيېشىمۇ شىڭ شىسەيدەك بىر قاتىل . ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ قاراقچىغا تۇتۇلىمىز ، دادا .

— نېمە دەيدىغانسەن ، بالام . ئېلىخان تۆرەم كاپىرلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ ، مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز سورايمىز ، دەۋاتسا .

— ئاقمايدۇ ، دادا . ھەممىنى ستالىن بەلگىلەيدۇ . ھېچبولمىسا قازاقىستاندەك بىر سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت بولساقمۇ بولاتتى . ستالىن بىزنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدەك دۆلەت بولۇشىمىزغا ئۇنىمايدۇ . شىڭ شىسەي شىنجاڭنى ئايرىم دۆلەت قىلىمىز دېسە ئۇنىمىغان ، بىزگىمۇ ئۇنىمايدۇ ، دادا .

— ئەمىسە بىز نېمىگە قوراللىنىپ ، ئىنقىلاب قىلىمىز دەپ شاپاشلاپ يۈرىمىز ؟

— مەنمۇ بىلەلمىدىم . ئاۋۋال ئىنتىقام ئېلىۋالايلى ، كېيىن بىر گەپ بولار .

— مەنمۇ شۇ ، بالام ، ئۇكاڭنىڭ قان قەرزى بار ، بىزنىڭ تارتقان سورۇقچىلىقلىرىمىزنىڭ ھېسابى ، مۇختەر ئاكامنىڭ قىساسى ، قىساس ئالمىساق ئانداق ئادەم بولىمىز . بالام ؟ ! ھۆكۈمەت قۇرۇش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس . بىز قىساس ئالساقلا بولدى . قوراللانغانلارنىڭ تولىسى شۇ .

— توغرا ، دادا ، ئىنقىلابنى بىز قىلىمىز ، بىز قان تۆكىمىز ، دۆلەتنى باشقىلار قۇرىدۇ .

نۇرى قوراللانغانلارنىڭ كۆپ مەقسەتلىك ، كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىدى : ئۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ نۇتۇقلىرىدىكى «ئىستىقلال» ، «ئىسلام بايرىقى» دېگەن سۆزلەرگىمۇ ، يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ، بايلارنىڭ سودا ـ سانائەت ۋە پەن ـ تېخنىكىغا

يـوزلـىنىش ، ياۋروپاچە هاياتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش دەيدىغان گـەپلـىرىگـىمۇ ئۇنچىلىك قىزىقمايتتى . ئۇ ، ئېغىر سىلىق ، يـوقسۇزچىلىق ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقان دېھقانلار ، خىتاي بازىرىدا كەتمىنىنى مۇرىسىگە سېلىپ دىر ـ دىر تىترەپ يۈرگەن ، پىلىچى خاڭلىرىنىڭ تېگىدە كۆمۈر ئۇستىدە دۈم يېتىپ ـ دۈم قـوپـۇپ يـۈرگەن مۇساپىرلارنىڭ تويغۇدەك تاماق ، ئىللىغۇدەك كىيىم ، ياتقۇدەك ئۆي ۋە جان باققۇدەك ئىشقا ئىگە بولۇشىنى ، ئـىـلـىـپـىـنـىـڭ سـۇنۇقىنى بىلمەيلا بالىلىقتىن بوۋايغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ، زېمىن ، ئىنسان ، جەمئىيەت ، تەبىئەت توغرىسىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىگە «تۇۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتىدىغان نەچچە ئون مىڭلىغان ، ھەتتا مىليونلىغان خەلقلەرنىڭ نادانلىق ، بىچارىلىك ۋە نـامراتـلـىـقـتىن قۇتۇلۇشىنى ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىغا ئۆزى ئىگە بولالايدىغان بولۇشىنى ، بىرلىرى خان ، يەنە بـىـرلـىـرى قـۇل ، بىرلىرى ئەزگۈچى ، بوزەك قىلغۇچى ، يەنە بـىـرلىرى باش ئەگكۈچى ، بوزەك قىلغۇچى بولۇشتەك ھازىرقى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشنى ، ئادەملەردە غەم ـ قايغۇ ، كۆز يېشى ۋە ناھەقچىلىك ئازابلىرىنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى .

— ھەممە ۋەھشىيلىك ، ناھەقچىلىك ۋە ھەرخىل زۇلۇم ـ كـۈلـپەتلەرنىڭ مەنبەسى ھاكىمىيەت ، — دېدى ئۇ ئابدۇكېرىم ئاباسقا تۇنۇگۈن كەچ ، — جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ھاكىمىيەتكە باغلىق . بىز خەلق قوللايدىغان ، ھىمايە قىلىدىغان ، خەلقنىڭ تۈپ مـەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك !

— نـاھـايـىـتـى يـاخشى ، ئاغىنە بولايلى ، — دەپ ئۇنىڭ قـولـلىرىنى سىقتى ئابدۇكېرىم ئاباس ، — بىز يېقىندا مۇشۇ ئـارزۇلـىـرىـمـىـزنـىـڭ ئـەمەلگە ئاشقىنىنى كۆرىمىز . بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ماڭغان ئازابلىق يولدا مەڭگۈ ماڭمايدىغان بولۇشى كېرەك !

ئۇلار دوستلاشتى . پىكرى چوڭقۇر ، تىلى ئۆتكۈر ، مۇلاھىزە

ۋە يېگىلىقا ئامراق بۇ يىگىت نۇرىغا ياقتى . ئۇ ئۇچراتقان رۇسۇلوف ، زۇنۇن ماستىر ، ئەنۋەر ئەپەندى ، رەخمجان ، مۇتائالى خەلپىتىم ۋە غېنى ، ئەكبەر باتۇرلارنىڭ ھەممىسىگە قارىغاندىمۇ بۇ يىگىت نۇرىغا باشقىچە يىراقنى كۆرەر ، خەلق مەنپەئەتىنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان بولۇپ تۇيۇلدى .

— مەن سېنى «سەن» دەيمەن ، ئۇكام ، — دېدى ئۇ قاپقارا ، قويۇق قاشلىرىنى ئوينىتىپ ، — سەن مەندىن ئىككى ياش كىچىككەنسەن ، جىق دەرد تارتىپسەن ، جىق كىتاب ئوقۇپسەن ، جىق ئىشلارنى ئويلايدىكەنسەن ، بىز ئۆمۈرلۈك ئاغىنە بولالايمىز .

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىرى بىلەن ئاغىنە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم . رۇسۇلوف دېگەن مۇئەللىم بىلەن تولىمۇ يېقىن ئۆتكەنىدىم . ئۇ ھازىر يوق .

— مەن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ، مېنى ساۋەنگە سۈرگۈن قىلدى . سادىروفنى غۇلجىغا سۈرگۈن قىلغانىدى ، ئۇ ھازىر ئالمۇتىدا . كىم خەلقنى ئويلىسا ئۇ شېڭ شىسەيىنىڭ دۈشمىنى . ئۇ قارانىيەت ھەممە ئادەم مېنىلا ئويلىسا ، مېنىڭ ھاكىمىيىتىم ئۇچۇنلا ئىشلىسە ، دەيدۇ . ئۇنىڭ جاللاتلىق قىلىشىغا ھەمكارلاشقىچە ياشىمىغان تۈزۈك !

— ئوغلۇم ، ھېلىقى چاغدا چانا بىلەن مۇشۇنداق قىشلىقى سەبىخە ئىككىڭلارنى ئېلىپ مەھەللىدىن مۇشۇ يول بىلەن ماڭغانىدۇق . شۇ چاغدىمۇ قار مۇشۇنداق قېلىن ئىدى ـ ھە ؟

— ھەئە ، دادا . بىراق ئۇ چاغدا ھاۋا ئوچۇق ، دەريا بويىدىكى ئورمانلار ، قار بىلەن چۈمكەلگەن مەھەللىلەر تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنگەنىدى…

— ھە ، ئۇ قىز ھازىر نەدە ؟

— ئۇلار ئىلىدا . سەبىخە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە . سىڭلىسى بىلەن ئاپىسى باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم .

— ئوقەت ـ ھالى ياخشىكەن ـ دە ؟

— ياخشى ، جاي قىلدى ، كىرىمىمۇ ياخشى !

— پات ـ پات بىرىپ تۇرامسەن، بالام؟
— ئاربلاپ ـ ئاربلاپ، نىلقىغا كەلگەندە يوقلاپ قويىمەن.
— ئۇ قىز ئەرگە تەگمىگەندۇر ـ ھە؟
— ياق ...
سەزگۈر دادا جىمىپ قالدى.
قىبلىدىن چىقىۋاتقان بوران كۆچەيگىلى تۇردى. شىۋىرغان ھۇۋلىدى، ئۇلار تۇز دالاغا چىقتى. ئۇلار جۇۋىلىرىنىڭ ياقىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، كۆلتۈك قار تىنغان ھارۋا يولىدا ئېغىر قەدەم بىلەن ئاستا ماڭماقتا ئىدى.
نۇرى يەنە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى:
... يامغۇر ئاربلاش بوران دېرىزىنى ئۇرماقتا. نۇرى دەرۋازا يېنىدىكى ھوجرىدا سۇپىدا ياتماقتا. ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالغان. بوران ـ يامغۇر دېرىزىدىن چاپقىداپ تەگمەكتە. ئۇ ھۇۋلىغان، قاراسلىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈشىدە پەرىخەنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ئەرلىك نەپسى تاقىلدىماقتا، قىز ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان، ئۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيمەكتە، چىشلىمەكتە، مانا نۇرى ئاخىرى پەرىخەنى ئاستا قىڭغايتتى... قىز «ياق، ئۇنداق قىلمايلى» دېمىدى ئەجەب... ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى، لېكىن بۇ چۈش ئەمەس. راستلا قىز ئۇنى قۇچاقلاپ نەپسى بالانىڭ قايتقىلى بولماس يار بېشىغا ئەكېلىۋالغانىدى. نۇرى ھايات لەززىتىگە يەنە تەسلىم بولدى. ئاستىدىكى سەبىخە شۇنداق قىلىقلارنى قىلدىكى، نۇرى ئۇنىڭغا باش ئەگمەي تۇرالمىدى. يەنە، بىر ئازدىن كېيىن يەنە...
— ئەمدى سەن مېنىڭ، — دېدى سەبىخە ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىپ، — سىلاپ باقە، مىدىرلاۋاتقان سېنىڭ ئوغلۇڭ، ساڭا ئوخشاش قاۋۇل، چىرايلىق، بىلىملىك، يەنە باتۇر...
— ساراڭ، سەن قانداق كىردىڭ؟
— مەن دېگەن تەربىيە كۆرگەن ئىشپىيون. بۇ ئىشلەك ماڭا ئويۇنچۇق.

— تېز چىقىپ كەت ، بولمىسا مەن چىقىپ كېتىمەن !
— كۆڭلۈڭ ھازىرمۇ پەرىخەدىمۇ؟ شۇنى دەپ كەلدىڭمۇ؟
— ھەئە . ئۇ مېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدۇ . مەنمۇ شۇ !
— باياتىن مەن بىلەن نېمە قىلدىڭ؟
— ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقاردىم . شەيتان ئاتلىغاندەكلا بىر ئىش !
— ياق ، ئۇ دېگەن مۇھەببەت !
— مۇھەببەت ئۇنداق ئوغرىلىقچە بولىدىغان چاكىنا ئىش ئەمەس !
— بالىنى قانداق چۈشەندۈرىسەن ئەمىسە؟
— بالا مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەس !
— سەن ئىپلاس ، سەن رەزىل !
— توغرا . بىر رەزىل كۆڭۈلنى ئايىمەن دەپ رەزىللىك قىلدىم .
— ماڭا ئىچ ئاغرىتىپمۇ؟
— تەسەللى بولسۇن دەپ !
— مەن پەرىخەگە قورسىقىمدىكى بالاڭنى ئېيتىمەن . ئۇ سېنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ !
— ياق ، سېنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ !
— سەن رەزىل !
— تېز چىق ، بولمىسا مەن چىقىمەن !
— چىق !
نۇرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ، كىيىملىرىنى ئالمان - تالمان كىيىپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى !
— نۇرى ! — سەبىخە ئارقىدىن يالاڭ كىيىم بىلەن يۈگۈرۈپ چىقتى . نۇرى ئاللىقاچان يامغۇرلۇق بوران ئىچىگە شۇڭغۇپ غايىب بولغانىدى .
ئۇ شۇ كېچىنى بازاردا بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا دۈگدىيىپ ئولتۇرغان يېتىملار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى .

... هازىرمۇ بوران، ئۇ پەرىخەنى ئويلىماقتا. شۇ كۈندىن كېيىن ئۇ ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە دەسسىمىدى. مانا هازىر نەچچە ئاي بولدى؟ راستلا سەبىخەنىڭ بەدىنىدە ئۇنىڭ بالىسى چوڭ بولۇۋاتامدۇ - هە؟ بۇ ئىشلىرىنى باشقىلار بىلسە ئۇنى ئەيىبلەر، تىللار، ئەخلاقسىز، بۇزۇق دېيىشەر. لېكىن، ئۇنىڭ ۋىجدانى ئۇنداق دېمەيدۇ. ئۇ ئۆز نەپسىنىڭ قۇلى بولمىدى، باشقىلارنىڭ نەپسىنىڭ قۇربانى بولدى، ئىچ ئاغرىتىش، مۇهەببەت هېسلىرىنى قەدىرلەش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدى. كۆڭۈلچەكلىك، باشقىلارغا تەسەللى ۋە ئارام بېرىش تۇيغۇسى رەزىللىك بولامتىمۇ؟ سەبىخە نەچچە قېتىم: «سەن ئۈچۈن ياشايمەن، نۇرى!» دېدى، ئۇنىڭ گېپى راست، نۇرىنىڭ قىلمىشى رەزىللىك هېسابلانسا، بۇ رەزىللىك مۇهەببەت تەشنالىقىدىكى يۈرەكلەرگە شىپا بولالىغاندىكىن ئۇ رەزىللىك بولمايدۇ - دە. قايسىبىر ئىنسان روهى تەسەللىگە موهتاج ئەمەس ئىكەن؟ هايات سانسىزلىغان بەختسىزلىكلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى هېسابىغا ئىنساپ، دىيانەت، ئەخلاق ۋە گۈزەللىك دەيدىغان ئۇقۇملارنى ياراتقان. كۆز يېشى، تەشنالىق بولمىغان بولسا، ئىنسانلار هەقىقەتكە ئىنتىلىپ نېمە قىلار ئىدى؟...

ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ پەلسەپىگە، تارىخقا ۋە رېئال هايات خاتىرىلىرى بولغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ يەنىلا رېئاللىققا ياندى. ئۇ هازىر مۇشۇنداق رېئاللىققا يۈزلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمەكتە. رېئاللىق ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدۇ، مەدەت بولالايدۇ. رېئاللىق شۇ: ئۇنىڭ قەلبىدە مۇهەببەت يالقۇنى بار. بۇ يالقۇن ئالتۇن ئېرىتمىسىدەك، قۇياش نۇرىدەك، تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان ساپ - پاكىز قېنىدەك تەبىئىي، گۈزەل ۋە نۇرلۇق. ئۇ ئۆزىگە چېتىشلىق خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دائىم قىلىۋاتقان چوڭ ئىشى — پارتىزانلىق، قوراللىق ئىنقىلاب توغرىسىدا ئويلاشقا ئادەتلەنمەكتە ئىدى.

... ئۇنىڭ ماكانى يەنە شۇ ئۇلاستاي — موڭغۇل، قازاق،

ئۇيغۇرلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تاغقا يېقىن ئىدىر باغرىدىكى يېزا. ئۇ يەردە غېنى ئاكىسى بىلەن سېيىت، ئەكبەر باتۇرلار ھەدەپ ئادەملىرىنى كۆپەيتمەكتە، ئوۋچىلىق قىلىمىز دەپ تاغقا چىقىپ قارىغا ئېتىش مەشىقى قىلماقتا. ئات، تېرە، يۇڭلارنى چېگرىغا ئاپىرىپ سېتىپ ئەتكەسچىلىك قىلىپ قورال يىغماقتا. سوۋېت ماللىرىدىن شېكەر، رەخت ۋە چالغا، پالتا، ئەينەككە ئوخشاش سانائەت ماللىرىنى ئەكىرىپ ئىلقا بازارلىرىدىكى دۇكانلىرىدا سودا قىلماقتا. قارىماققا ئۇلار ئەتكەسچىلەر، لېكىن قىلمىۋاتقىنى ئۇرۇش تەييارلىقى. ئۇلار قەيەردىندۇر بۇيرۇق كۈتمەكتە، تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. ئۇلار بىلەن بىللە ياشاش تولىمۇ كۆڭۈللۈك، مەنىلىك. نۇرى ئۈچۈن ھەقىقىي ھايات ئەنە شۇ. لېكىن، شۇ مەنىلىك، ھەقىقىي ھايات ئىچىدە ئۇ دائىم پەرىخەنى ئويلايدۇ. ئۇ قىز ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى شۇ قىزنىڭ ھاياتى بىلەن چىڭ باغلانغان ئوخشايدۇ، ئۇرۇش بولسا بەلكىم نۇرى نەلەردىدۇر قۇربان بولار، پەرىخە بىلەن بىر ئۆيدە ياشىيالماس. لېكىن، ياشلىق غايىگە، گۈزەللىك تۇيغۇسىغا باي بۇ مەزگىلى، پەرىخە بىلەن بىللە بولۇشقا تەشنا ئوخشايدۇ، خۇددى قوراللىق ئىنقىلاب بۇيرۇققا تەقەززا بولغىنىدەك...

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. مەھەللە قار بىلەن چۈمكەلگەن. بېدە ـ پاخاللار بېسىلغان ئۆگزىلەر بۇرۇنقىدەك جىم، نەلەردىندۇر غورۇغا پانا قاققان، قاتتىق ئوتۇن يارغان ئاۋازلار كېلىدۇ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۆندەرىگەندەك بىر يەردىن ئىت ھاۋشىغان ئاۋاز كېلىدۇ. يېزىدا جىمجىت قار ياغماقتا، قارامتۇل كۆرۈنىدىغان باغلار قېتىپ قالغاندەك، ئۆگزىلەر ئۈستىدە گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاق ـ كۆك پاخال ئىسى تۇرخۇنلاردىن چىقىپ ھاۋاغا سىڭىپ كېتىۋاتىدۇ...

جىمجىت، قار بىلەن چۈمكەلگەن يېزا ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى، تۇغۇلغان، تۇنجى يۇيۇلغان، بۆشۈككە بۆلەنگەن، پىشىلداپ

يوگورۇپ يۈرۈپ چوڭ بولغان ماكانى .

ئۇلار كاتتا يەر ئىگىسى ھېسابلانغان ئوسمان ھاجىنىڭ — مۇختەربايىنىڭ ھويلىسى ئالدىغا كەلدى . ھاڭغىرقاي ئوچۇق ئۆيلەر ، ئېغىللار ئادەم قورققۇدەك جىمجىت ئىدى . قېنى بۇ ئۆينىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاۋاتچىلىقى ؟ قاچانلا كەلسە ئىشىك ئالدىدا ئات باغلاقلىق تۇرىدىغان ، كالىلار مۆرىشىپ ، قويلار مەرىشىپ ، باللار چۇرقىلىشىپ ، ئۆيدىن مەززىلىك پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان مۇختەربايىنىڭ ئۆيى قېنى ؟

ئۇلار ئۆز ھويلىسىنىڭ غورۇسىدىن ئېڭىشىپ ھويلىغا كىردى . تونۇر بېشىدا تۇگۈلۈپ ياتقان قېرى ئىت شىڭتىيىپ بىر قارىدى ـ دە ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ ئاۋۋال زىياۋۇدۇنغا ئەركىلەپ ئېسىلىپ ئۇنىڭ ياقىلىرىنى پۇراپ ـ يالىدى . ئاندىن نۇرىغا ئېسىلىپ مەڭزىنى مەگزىگە يېقىپ ، ئىچىنىشلىق غىڭشىپ ، بىرنېمىلەرنى بايان قىلدى . نۇرى كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى . ئۇ مۇشۇ ھويلىنىڭ ئەركىسى ئىدى ، بۈگۈن بۇ ھويلىغا يات ، تاغنىڭ چىلبۆرىسى . مۇشۇ ھويلا ئۇنىڭ بۆشۈكى ئىدى ، بۈگۈن بۇ ھويلا ئۇنىڭ ئەمەس . نېمە ئۈچۈن قايسى قانۇن بۇ جۇدالىقنى پەيدا قىلدى ؟ نېمە گۇناھى ئۈچۈن ئۇ بۇ ھويلىدىن قوغلاندى ؟ بىچارە ئىت ھېلىقى چاغدا ئىككى گۆدەكنىڭ ئوقتا ئۆلگىنىگە گۇۋاھقۇ ، بۇ قىساس ، بۇ خورلۇق ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈلۈك ساقايماس جاراھەت پەيدا قىلغان . كۆز ياشلىرى ئۇنىڭغا مەلھەم بولالامدۇ ؟

— يىغلىما ، ئوغلۇم ، كۆز يېشىڭنى ئىتقىمۇ كۆرسەتمە ! — دېدى زىياۋۇدۇن ئۆزىنى قاتتىق يىغىدىن ئارانلا تۇتۇۋېلىپ ، — بىزنىڭ قانغا قان ، جانغا جان ئالالايدىغان ئەرلىكىمىزنى خەلق كۆرسۇن . بالام ، يىغلىما ، يىغا بىلەن ئۆزىمىزنى رازى قىلساق بىز ئەر ئەمەس !

— ماقۇل ، دادا !

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، قارىنداستارىم ! — ئىشىك ئىچىرلاپ

ئۆيدىن قاما چىقتى . ئۇ مۆكچىيىپ قالغان ، ئاۋازىمۇ ئارانلا چىقاتتى ، — بارسىنىدەرما ، قايراناي !

زىياۋۇدۇن ئۇنى قۇچاقلىدى . ئۇرى ئۇنىڭغا بالا ۋاقتىدىكىدەك ئېسىلىپ :

— قاما ، قاما ئاغا ، بارسىنما ، بۇركۇتۇم ! — دېدى .

ئۇلار ئۆيگە كىردى . مورا ئوچاقتا قاتتىق ئوتۇن لاۋۇلداپ كۆيمەكتە ، قاپقارا ، كۆمۈردەك چۆگۈن شىڭىلدىماقتا ، مورا بېشىدا قارا چىراغ غۇۋا يانماقتا . كاڭدا — جۇل - جۇل كىگىز ئۈستىدە مايلاشقان جۇۋىغا ئورىلىپ كەمپىر ئۇمچىيىپ ئولتۇرماقتا ، ئۇنىڭ تامام ئاقارغان چاچلىرى پاخپايغان ، ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تاتىلىماقتا ئىدى :

— دەن ساۋلىغىڭ جاقسىما ، چىشە !

— ئىتتىك باسى مىن ، ئاتىڭ قۇيرۇغى ، چاڭغىراقپەن ، كېرەگە ! ... قاما ئۆلدىغۇي !...

— ئۇش جىلدان ئاستى ئوسۇنداي ئاقىلدىن ئازدى . ۋۇي بالا ، بالا ئۇنى بېتتىردىغۇي !...

زىياۋۇدۇن تاھارەت ئېلىپ كىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى . ئۇلار يېشىنمەيلا يېتىپ قېلىشتى .

ئەتىگەنلىكى جامائەت توپ - توپ بولۇپ كىرىپ ئۇلاردىن هال سوراشتى ، ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى .

ئاتا - بالا ئۈچ كۈنگىچە مەھەللىسىدىن كېتەلمىدى . ئۆي بېسىپ چاي ، مېھماندارچىلىق بولۇپ تۇردى . هازىرقى مەھەللىنىڭ بېيى — ئۆز ۋاقتىدىكى مۇختەربايلارنىڭ مالىيى قۇربان ئىمام ئۇلار بىلەن هەر كۈنى بىللە . ئۇنىڭ يېنىدا يەنە مېرا «قازى» بىللە ئىدى . مېرا «قازى» يەنىلا يول ماڭسا قوللىرىنى هاۋادا شىلتىپ ، قورسىقىنى ئالدىغا ئەتەي چىقىرىپ ، قىسقا ، دىقماق پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ، زاكونلارلىق قىلاتتى :

— قازارەن خۇدانىڭ تەقدىرى ، ئېتەكلەر ياقا بولدى ، ياقىلار ئېتەك ! نەچچە يۈز يىللىق تارانچى بايلىرى مالاي بولدى ، كەلگۈندى

مالايلار ئاقساقال، چوڭ باي!
— شۈكرى دېسىلە، مىراۋاي، خۇدايىمنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، يەنە قانداق تەقدىر - قىسمەتلەر بار تېخى، ئىگىسى بىلىدۇ.
— مۇسادىرە بىكار بولىدۇ. مۇختەرباي قايتىپ كېلىدۇ! — دېدى زىياۋۇدۇن غەزەپ بىلەن، — بايلىق قولنىڭ كىرىكەن، ئامەت دېگەنمۇ دۇۋاننىڭ رىزقىكەن!
— مۇختەرباي قايتىپ كەلسە يەرلىرى، ماللىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ، — دېدى بىر دېھقان، — ئابدۇمەرنىڭكىنى مۇسادىرە قىلىپ كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىش لازىم ئىدى. ئۇنىڭ بايلىقى هارام!
— كۆلىلۇھۇم، پاشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ، — دېدى ئىمام ئۆزۈن ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، — مۇسادىرە دېگەننى هۆكۈمەت قىلىدۇ، خۇرجا دېگەن ۋالاقشىيدۇ شۇ، ئىت هاۋشىغان سىڭرى!
— قازارەن سىلىمۇ هاۋشىغىلى تۇردىلا، ئىمامئاخۇنۇم، — دېدى مىرا «قازى»، — خۇرجا ئىت بولسا سىلى ئىتنىڭ تاۋۇقىنى يالاپ بېيىغاندىلا، ئەمدى ئۆزلىرى نېمە بولدىلا؟
— سىلى مىراۋاي، مېنىڭ پېغىرىمغا تەگمىسىلە گاللىرىدىن غىزا ئۆتمەمدا؟ هېلىمۇ ئۈچ ۋاخ تاماقلىرىنىڭ ئىككى ۋاخلىقى مېنىڭ ئۆيۈمدە بولغىنى!
— مېنىڭ ئىككى ۋاخ تامىقىم سىلىنىڭ ئۆيلىرىدە بولسا، سىلىنىڭ بەش ۋاخلىقلىرى بىزنىڭكىدە، ئۆشرە - زاكات، پوشكال - زەللە نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟
— قازارەن سىلىزە!
كۆپچىلىك كۈلۈشتى. ئىمام يەنىلا قوي سويۇپ زىياۋۇدۇنلارنى مېھمان قىلدى.
ئەتىسى ئۇلار ئىككى ئاتلىق بولۇپ يولغا چىقتى.
— بالام، بىر سىر بار، — دېدى زىياۋۇدۇن ئاخىر بالىسىغا، — رەھمىتى ئەزەرخان غوجام ماڭا چىغلىقمازاردىكى

ئۆيىنىڭ بىر دالىنىدىن ئورا كولىتىپ ئىككى كومزەكنى كۆمدۈرگەن. بېشىڭغا كۈن چۈشسە ئالغىن، زىياۋۇدۇن، دېگەن. بىز ھازىر تازا نامرات. ئازراق ئالساق بولارمىكىن دەيمەن، قانداق دەيسەن؟

— ئۇ ئۆيدە قانداق ئادەم باردۇر؟

— بولسىمۇ مەن ئۇنىڭ يولىنى قىلىمەن. بىز شۇ يەرگە بارايلى.

چىغلىقمازار — نەزەرخان غوجامنىڭ مەھەللىسى، جەنۇبى، شەرقى ياپپېشىل سازلىق، تۆپىلىكتىن سازلىققا چۈشىدىغان جايلار غۇچچىدە بولاق، بوك قارىياغاچ، مازار يېزىنىڭ شىمالىدا. زىياۋۇدۇن نەزەرخان غوجامنىڭ گۈمبەزلىك قەبرىسىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە «ئەلھەمدۇ» بىلەن «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد» نى ئوقۇپ قىرائەت قىلدى، دۇئادىن كېيىن:

— غوجام، ھەممە ئىش ئايان بولدى، سىزنى مۇسا ئەمەس، چىۋ سىلىك دېگەن قاۋان زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن. بىچارە مۇسا بىكاردىنلا ئۆلتۈرۈلدى. مەن، ئوغلۇم نۇرى، ھېلىقى سىز ياخشى كۆرىدىغان شائىر ئۈچىمىز بىللە بېشىڭىزغا كەلدۇق. بىز قولىمىزغا قورال ئالدۇق. سىز ئۈچۈنمۇ قىساس ئالىمىز، سىزنىڭ قەبرىڭىز بېشىدا قەسەم بېرىمىز: بىز قىساس ئالىمىز، سىز ئۈچۈن ئون دۈشمەنىنىڭ جېنىنى ئالىمسام سىزنىڭ ئاتىدارچىلىقىڭىزنى ئاقلىمىغان بولىمەن، يۈزۈم قارا بولىدۇ. ئوغلۇم گۇۋاھ، مەن زىياۋۇدۇن جەزمەن قىساس ئالىمەن.

ئۇلار كەچتە غوجامنىڭ ئۆيىنى ساقلاۋاتقان خىزمەتچى بىلەن بىرلىشىپ ھېلىقى ھۇجرىنىڭ سۇپىسىنى كولاپ ئىككى كومزەكنى ئالدى.

— ئاپلا! — دېدى زىياۋۇدۇن ئۈمىدسىزلىنىپ، — يېنىكلا تۇرىدۇغۇ بۇ كومزەكلەر!

كومزەكلەر قەغەز بىلەن تولدۇرۇلغان، ئۈچ تال تۇخۇم

سىلىپ قويۇلغان، قۇپقۇرۇق چىقتى.

— ھېلىقى خوتۇنى بىر قېتىم چىققان ... — دېدى خىزمەتكار، — ئادەملىرى بىلەن تىمىسقىلاپ يۈرگەنىدى.

— ۋاي كاساپىتەي، غوجام خوتۇنىغا سىر ئېيتىپ قويغانىكەن - دە. بۇ دېگەن خوتەندىكى ئوغلى ھېبىبۇللا غوجام بىلەن يېتىملارنىڭ ھەققى ئىدى.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى نۇرى بېشىنى چايقاپ، — ئەپرىز بانۇم جايلىغان گەپ. مۇنۇ ئۈچ تۇخۇم غوجامنىڭ ئۈچ ئوغلى، سىلەرگە قۇرۇق قەغەز قالدى، غوجامنىڭ تۇخۇمى قۇرۇدى دېمەكچى!

— توقۇزتارانىڭ قېرى ھاكىمىغا بىكار ياتلىق بولمىغانىكەن - دە. بوۋايدىنمۇ نۇرغۇن ئالتۇن قالدۇ. غوجامنىڭ شۇنچە دۇنياسى قالدى، تېخى كىچىك ئوغلى غىياسىدىن غوجامنىڭ بىر كىشىلىك مىراسىنىمۇ ئالدى. ھازىر ئۇ بالىمۇ قاراقسىز. مۇنۇ ئالتۇنىنىمۇ ئاپتۇ. پاھ، ئىنساپ، ئىمان دېگەن يوقكەن - دە، ئۇ ھاياسىزدا.

ئۇلار كېچىلەپ قاش جاڭگىلىغا كىرىپ كەتتى. سېپىل ئەتراپىدىن كېچىلەپ سامىيۇزىگە ئۆتتى. كۇزلەكتە غېنى بار ئىدى. ئۇ تۇنۇگۇنلا بىر ياش چوكاننى ھاسانيۇزى تەرەپتىن ئېلىپ قېچىپ كېلىپ نىكاھلىتىۋالغانىدى. كېچىدە كەلگەن مېھمانلارنى تىل بىلەن كۇتۇۋالدى:

— ۋاي ئاناڭنى... ھە، سەنمىدىڭ نۇرى، قىز ئېلىپ كېلەرمىكىن دېسەم مۇنۇ ساراڭ باخشىنى ئېمىگە سۆرەپ كەلگەنسەن؟

— دادام سېنى كۆرگىلى كەلدى، غېنىكا.

— زىيەك ھوي، نېمانچە قېرىپ كەتتىڭ؟ ياش خوتۇن ئالماي، موماي ئېلىۋالدىڭمۇ يە؟ ھا - ھا - ھا...

ئۇ مېھمانلىرىنى قوپال، ئەمما قىزغىن، قاتتىق - قۇرۇق، شۇنداقلا سەمىمىي كۇتۇۋالدى:

— داستىخان سال ، خوتۇن ، چاي قىل . ھە ، نان قاتتىق بولسا ، بۇلارنىڭ چىشلىرى ئالماس !

نۇرى غېپىنى ئاكىسىغا شەھەردە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى . ئۇ ئابدۇكېرىم ئابباستىن ئاڭلىغان خەۋەرلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ :

— شېڭ شىسەي گومىنداڭدىن يۈز ئۆرۈگەندەك تۇرىدۇ . ئۇ جىياڭ جېيېشى ئەۋەتكەن خۇاڭ رۇجېن دېگەن گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ئاستىرتىن پۈت تېپىشىۋاتقان ئوخشايدۇ . گومىنداڭ دېگەننىڭ شىنجاڭغا توختىماي كىرىۋاتقۇدەك ، ئەسكەرلىرىمۇ تىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ !

— شېڭ شىسەي دېگەننىڭ ئەسكىرى جىق ئەمەستى ، ئەجەبمۇ كەلمىدىغۇ ھېلىقى بۇيرۇقى . پاتىخ ئۆلدىمۇ ، يوقاپلا كەتتىغۇ ، گومىنداڭ دېگىنى چۇمۇلىدەك يامرىغاندا قوزغىلىدىغان ئوخشايمىز ، ئاناڭنى !...

— كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە ، شېڭ شىسەي بىلەن گومىنداڭ سوقۇشىدىغاندەك . شېڭ جىم بولۇۋاپتەك ، ئۇ جىم بولۇۋالسىلا بىر ئىش چىقىرىدۇ . ئىلاھىم ئىككىسى سوقۇشسىدى .

— ھا ـ ھا ـ ھا... ئۇ گۇيلار ئۆزئارا تازا بىر سوقۇشسا ، بىر ـ بىرىنى قىرسا ئوتتۇرىدىن چىقىپلا قوڭغا تېپىشكە ئاسان بولاتتى . بىزنىڭ قاشتىن يەنە يىگىرمە يىگىت ئاتلاندى . بايتوقايدىنمۇ نەچچىسى كەلدى . مېنىڭ ئادەملىرىم يەتمىشتىن ئاشتى . مۇشۇ كۈزلەكتىلا ھازىر سەككىز ئەسكىرىم بار . ئاخشام ئون ئات ، ئەللىك قوي ئوغرىلاپ كەلدۇق . مانا ئەمىسە دەپ ھەممىسىنى باتراقلارغا بىردىن ـ بىردىن سوقۇمغا بەرگۈزۈۋەتتىم .

— بۇ يەردە تۇرۇۋەرمە ، غېنىكا ، خەتەرلىك ، تېزرەك جايىمىزغا كېتەيلى .

— نېمىدىن قورقىسەن ؟ ھە راست ، دېگىنە ، ستالىن ھازىر قەيەردە ؟

— ئەنگلىيە دۆلەت باشلىقى چېرچىل ئاتمىش توققۇز ياشقا

تولغان كۈندە ستالىن ئۇنى تەبرىكلەپتۇ .
— نەدە ھوي ؟
— تېھراندا .
— نەرىك ئۇ ؟
— ئىراننىڭ مەركىزى . شۇ يەردە روزۋېلىت ، ستالىن ، چېرچىللار سۆھبەتلىشىپ ، گىتلېرنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزدى .
— ئوغۇل بالا ! ھە ، يەنىچۇ ؟
— ئەنگلىيە پادىشاھى گېئورگي VI ستالىنغا ئالامەت بىر قىلىچ تەييارلاپتىكەن . چېرچىل شۇ قىلىچنى ستالىنغا تەقدىم قىپتۇ . ستالىن ستالىنگراد جەڭچىلىرىگە ۋاكالىتەن پادىشاھقا رەھمەت ، دەپتۇ .
— پاھ ، بىزگىمۇ تەقدىم قىلىسىدى . ستالىنگراد دېگىننىڭ ھېلىقى ئىككى يۈز كۈن جەڭ بولغان يەر شۇمۇ ؟
— ھەئە ، شۇ شەھەر .
— ئەسكەر باشلىقىنى نېمە دېدىڭا ؟
— ژۇكوف .
— يامان نېمىكەن - ھە ، قالتىس مەرگەنغۇ دەيمەن ؟
— پاراسەتلىك ، غەيرەتلىك ، باتۇر قوماندان ! نەدە قىيىن جەڭ بولسا ستالىن شۇنى ئەۋەتىدۇ .
— سەن نۇرى ئاشۇ ژۇكوفتەك بىر قوماندان بولغىنا ، ھەزرىتى ئېلىدىن قالمامدۇ نېمە ئۇ ژۇكوف دېگىننىڭ ؟ ھا - ھا - ھا...
ئۇلار ھەممىسى كۈلۈشتى .
— شېڭ شىسەي ، جياڭ كەيشى دېگەنلىرىڭ ئۇنىڭ تىرنىقىغا تەڭ ئەمەس دېگىنە ؟
— ئۇ كاتتا ئادەم .
— بىزدە ئاشۇنداق بىر قوماندان بولسىدى . مەرگەنلىرى ئەقىلسىز ، ئەقىللىقلىرى توشقان يۈرەك بىز خەقنىڭ ! ھېلىقى

سەن دېگەن ناپولېئون، كوتۇزوف دېگەنلەرچۇ؟
— ئۇلارمۇ كاتتا قوماندانلار. دەۋر ئوخشىمايدۇ ـ دە. ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا ئايروپىلان، تانكىلار يوق.
— بىزمۇ ئايروپىلان، تانكىلارنى تەييارلىساق بولاتتى. ئەللىك مىڭ قويغا بىر ئايروپىلان كېلەرمۇ؟
— خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇلارمۇ بولىدۇ، — دېدى زىياۋۇدۇن، — غېنىكا، سىزمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايسىز جۇمۇڭ!
— مەرگەنلىكتە، باتۇرلۇقتا قېلىشمايمەن. لېكىن، ئەسكەرلەرگە پىلان كۆرسىتىپ، قوماندانلىق قىلىشنىڭ يولىنى بىلمەيمەن. ئوقۇمىغان ـ دە!
— ستالىن نېمە قىلىۋاتىدۇ، نۇرى؟ ئۇ قەيەردە؟
— قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ. لېنىنگراد شەھىرى، بىلورۇسىيە، ئۇكرائىنا، قىرىم قاتارلىق يەرلەردە هازىرمۇ گېرمانلار بار. ئۇلار بەش مىليون ئەسكەر بىلەن قارشىلىق قىلىۋاتىدۇ.
— پاھ‌ھوي، پۈتۈن ئۇيغۇرلاردىن جىققىنا ناكەسنىڭ ئەسكىرى. ستالىننىڭچۇ؟
— ستالىننىڭ ئەسكىرى ئالتە يىرىم مىليون!
— ياشاپ كەت. جەڭ دېگەن مۇنداق بولمامدۇ!
— ستالىننىڭ زەمبىرەك، تانكا، برونېۋىك، زامانىۋى قوراللىرىمۇ هازىر گېرمانلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى!
— ئوغۇل بالا، چىچاتىۋەت گېرمان كۆتلەرنى! جياڭ كەيشى تېخى ستالىنغا ئالىيىپ قارايدۇ دېدىڭما؟ ۋاي ئاناڭنى، سەي بولامدۇ ئۇ؟
— ستالىن ئۇستا، كۇنچىقىشتا ياپونلار ئاۋارە قىلمىسۇن دەپ ياپونىيە بىلەن كېلىشىم تۈزدى. جياڭ جيېشى ستالىن ياپونلارنىڭ جۇڭگونى بېسىۋېلىشىغا يول قويدى دەپ ئويلاپ ستالىنغا ئۆچلۈك قىلىۋاتىدۇ. ھە دەپ ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلتقا خەت يېزىپ يالۋۇرۇۋاتىدۇ، ستالىننى يامانلاۋاتىدۇ.

— يارايسەن ، نۇرى ، سەن بولمىساڭ مەن پاك ، گاچا بولۇپ قالىدىكەنمەن . كەتمە ، يېنىمدىن ھېچنەگە كەتمە ، ھېلىقى نوغاي قىزنى ئېلىپ بېرەمسۇ ؟ ھەي زىيەك ، بۇنى ئۆيلەيلى ، جەڭ بولۇپ ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا بويتاق كەتمىسۇن !

— خۇدايىم ساقلا ، يائاللا !

— مەن چېغىمدا نامىزىمنى چۈشۈرگۈزۈپ قويدۇم . ئوق دېگەننىڭ كۆزى يوق . پاشا ئەمەستە ئۇ شاپىلاق بىلەن ئۇرساڭ ئۆلىدىغان !

ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك كۈنلىرى باشلاندى ، ئەتىگەنلىكى ، مىللىتىقلىرىنى بەتلىشىپ يەتتە ـ سەككىز ئاتلىق غېنىنىڭ باشچىلىقىدا قاش جاڭگاللىرىغا كىرىپ توشقان ئوۋلىدى ، قىرغاۋۇل ، كەكلىك ئاتتى ، ئاۋرال تېغىغا چىقىپ تاغ تېكىسى ، ئارقار ، ئېلىك ئاتتى . كەچتە ئاتلىرىغا ھەرخىل ئوۋلانغان ھايۋانلارنى ئارتىپ قايتىش ، كەچتە خىلمۇخىل گۆشلەر بىلەن مېھمان بولۇشۇپ يوغان ئۆينىڭ سۇپىسىدا كىگىز ئۈستىدە سونايلىنىپ يېتىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى . ئاۋاكيۇزى ، تۇردىيۇزى ، سېپىل ، سامىيۇزى قاتارلىق ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ناخشىچىلار ، داپچىلار ، دۇتارچىلار كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچتى ، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە مېھمانغا چىللاشتى .

1944 ـ يىلىنىڭ بېشى جىمجىت ، شاۋقۇن ، سۈرەنسىز باشلاندى . بۇ يىراق ، يوللىرى قار بىلەن تىنغان يېزىلارغا نە ماشىنا ، نە ئاتلىق ئەسكەرلەر دارىمايتتى . زىياۋۇدۇن ھەتتا باخشىنىڭ كەينىگە كىرىپ داپ چېلىپ يەتتە ئاۋۇشقا باشقىدىن ئىشتىياق باغلاپ ، ئۆزىنىڭ قەسەم بەرگەن پارتىزان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا تاسلا قالدى . نۇرى بولسا خىيالچان ، غەمكىن ئىدى . ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي بەدىنىنى سوغۇق سۇ بىلەن چايقايتتى ، دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ـ كېلەتتى ، قار ئۈستىدە جەينىكى بىلەن يەر بېغىرلاپ مېڭىپ نەلەرگە كېتەتتى . غېنى ئاكىسى باشقىلارنى تىللاپ :

— ۋۆي ھەزىلەكلەر ، ئەسكەر دېگەن ئەنە ئاشۇنداق بولمامدۇ ، تەييارنى يەپ ، سېسىق ئۇسۇرۇپ ياتساڭ سوقۇشقا يارىشامسىنا؟ — دەيتتى .

غېنى يىگىتلەرگە نۇرنى باشلىق قىلىپ ھەر كۈن ھەربىي مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان بولدى . ئۇ تۆيۈقسىزلا بۇيرۇق كەلسە چاقماق تېزلىكىدە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان گەپ ، ھۇجۇمغا ، ئۆلۈمگە دائىم تەييار تۇرمىساڭ ماڭا ئەسكەر بولالمايسەن ، دەپ بالىلارنى تىللاپ تۇراتتى .

زىياۋۇدۇن ئوغلى بىلەن پەخىرلىنەتتى ، ئۇ پات ـ پات غېنىدىن :

— نۇرى قانداقراق ، ئۇ قالتىس ـ ھە؟ — دەپ سوراپ قوياتتى . غېنى ئوچۇق سۆزلۈك ئادەم بولغاچقا :

— قانداق خوتۇندىن تاپقانسەن ئۇنى ، راسا كۈچكە تولغان چېغىڭدا تاپقانسەن ـ دە ! ئۇ ھازىر قارا كۈچتە مەندىن قالمايدۇ . ئەقلىدە بىر خەقتىن بۇنداق بالا چىقماسمىكىن دەيمەن . چىرايچۇ؟ پاھ ، قالتىس ، خوتۇنۇڭ چىرايلىقمىدى ، زىيەك؟ — دەيتتى .

— پەرى ، پەرىشتە ئىدى ، نۇرنىڭ ئانىسىدەك قىز بىر خەقتىن تۇغۇلمايدۇ .

— مۇنۇ بوروسۇنلۇق خوتۇننىڭ چىرايى يامان ئەمەس ، قىلىقى ئاندىن ، تۆپىگە چىقار ـ چىقمايلا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ، مەيدىلىرىڭنى تاتىلايدۇ . قويۇۋېتىمەن ئاناڭنى ، كونىراپ قالدى .

— نەچچە كۈن بولدى؟

— تۆت كۈن .

— پاھ ، يېپيېڭىكەنغۇ !

— مۇتىۋەللىگە توقاللىققا تەگكەن نېمىكەن . ھېلىقى ئابدۇمەرنىڭ ئۆتتۇرا قولدەك بىر قىزى بار . شۇنى ئەپقېچىپ كېلەيمىكىن دەيمەن !

— كىچىككىنە قىزتىغۇ ئۇ؟

— تازا ۋاقتى . كۆكچىدەك ، كىچىلىككە بالىلارنى ئەۋەتىمەن .

بۇلاپ ئەپقېچىپ كېلىدۇ .
— ئۇنداق قىلما ، غېنىكا ! — دېدى زىياۋۇدۇن خورسىنىپ قويۇپ ، — ئۇۋال بولمىسۇن . خەلقنىڭ نەپرىتى يامان ، بىرمۇ ئادەم نەپرەتلەنمىسۇن - دە .
— بىر كېچە خوتۇن قىلىپلا ئاپىرىپ تاشلايمەن . ئۆچۈمنى ئالىمەن ئۇ قاشقالىقتىن !
— ئۇنداق قىلما . نىكاھلىتىپ ئال ، مەيلى دېسەڭ مەن ئەلچى بولاي .
— سەنمۇ بالاڭدەك كۆڭۈل ئايايدىكەنسەن - ھە ، باخشى ؟ بۇنداق ئادەم باتۇر بولالمايدۇ .
ئەتىسى نىلقىدىن ئاتلىق خەۋەرچى كەلدى . غېنى ئادەملىرىنى باشلاپ ئاتلىنىپ يورۇپ كەتتى .
زىياۋۇدۇن ئىككى ئاتنى يېتىلەپ ، ئاتلارغا قىشلىق سوقۇم ، ئۇن ، ياغلارنى ئارتىپ غۇلجا شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى . ئۇ مېڭىشتا ئوغلىغا :
— پات - پات كىر ، ئۆكىلىرىڭ سېنى بەك سېغىنىدۇ ، — دېدى . راستىنى ئېيتسا ئۇ ئۆزى ئوغلىغا چىدىمايتتى .

## 32

شېڭ شىسەي كېچىچە ئۇخلىيالمىدى ، قىزلارنىڭ ئۇۋۇلاشلىرىمۇ ، ئۇيقۇ دورىسى ، ئەپيۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرىنى زادىلا پەسكويغا چۈشۈرەلمىدى . ئىككى چېتىدە ئىككى بۇرۇتلۇق ئادەم ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ تۇرغاندەك : ئۇلارنىڭ بىرى ستالىن : «ۋاپاسىز ، جېنىڭ ئالىقىنىمدا» دەۋاتقاندەك ؛ يەنە بىرى جياڭ جيېشى : «ئون يىل ئەسكىلىك قىلدىڭ ، ھازىرمۇ نىيىتىڭ يامان ، ئەمدى سېنى يوقىتىمەن ، قاچالمايسەن !» دەۋاتقاندەك ؛ جۇئېنلەي ، چېن يۇنلەر : «ساڭا ياردەمگە بارغان كوممۇنىستلىرىمىزنى ئۆلتۈردۈڭ ، قىساس ئالماي

قـويـمايمـز » ، دېسە ، ھەرخـىل دوپپا كـيگەن ئۇيغۇرلار : «قان قەرزىگە بوغۇلدۇق ، قىساس ئالماي قويۇۋەتمەيمىز !» دەۋاتقاندەك ؛ ئـۇنـىڭ يېقىنلىرىدىن فۇلىن ، ۋاڭ خۇڭساۋ ، لى يىڭچى ، چيۇ يۇشيۇڭلارمۇ : «ئەمدى بىزگە كۈن يوق» دەپ ناله قىلىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى .

ئۇ دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ تـەرەققىياتىنى چۈشىنىش ، جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىدىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىـيەت تەرەققىياتىنى چۈشىنىش دەيدىغان سىياسەت بەلگىلەش پرىنسىپى بويىچە دۇنيانى ، جۇڭگونى تەھلىل قىلىپ ئاخىرى : بىر قېتىم كەسكىن تەدبىر قوللانمىسام ئۆزۈمنى ساقلاپ قالالمايمەن دېگـەن خـۇلاسـىگە كەلدى . ئالدىدا ئىككىلا يول بار ، بىرى ، شـىنجاڭنى تاشلاپ كېتىش ، يەنە بىرى ، گومىنداڭنى قوغلاپ ، سـوۋېت ئـىتتىـپاقـىغا يېلىنىش ، لېكىن كېيىنكى بۇ يول ئـىشەنچسىز . سەۋەبى ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر مىڭ بەش يۈزدەك ئادىمىنى قولغا ئالدى ، ستالىننى تىللىدى ، ستالىننىڭ قـىساسـخورلـۇقـى ئۇنىڭغا مەلۇم ، ئەمدى ھەرگىز ياخشىلىق قـىلمايدۇ . تېخىمۇ يامان يېرى ، ستالىن ھازىر ياپونىيە بىلەن كـېلىشىم تۈزدى ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى بېسىۋېلىشىغا سۈكۈت قىلـماقـتا . ستالىننىڭ ياپونىيە بىلەن يوشۇرۇن سودىسى بار دېيىلسە ، بۇ سودا مانجۇرىيە ، موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش بولۇشى مۇمكىن . تېھران يىغىنىدا ستالىن قارىماققا روزۋېلت بىلەن دوست بولغاندەك ، مانجۇرىيىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلغان ؛ ياپونىيىگە قارشى تۇرۇشقا ماقۇل بولغاندەك قىلغىنى بىلـەن ، ئۇ ھازىر جياڭ جيېشىغا بېسىم ئىشلەتمەكتە . جياڭ جـيېـشـى سـتالىنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھە دەپ روزۋېلتقا يالۋۇرماقتا . جۇڭگونى ياپونلار بېسىۋېلىشى مۇمكىن . شىنجاڭچۇ ؟ رۇسلار كىرسىمۇ ، ياپونلار كىرسىمۇ شېڭ شىسەيگە ياخشى كۈن يـوق ، ئـۇلارنـىڭ ھـەر ئـىككىلىسىنى شېڭ شىسەي يەتكۈدەك تـىلـلىدى ، ئۇلارغا زىيان سالدى . مۇنۇ گومىنداڭ سىياسىي ،

ئىقتىسادىي كۈچىنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيتكەننى ئاز دەپ، «دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دېگەن نام بىلەن 27 ـ جىنتۇەنجۈننى قۇمۇلغا يۆتكىدى. ئۇنىڭ 48 ـ دىۋىزىيىسىنى گۇچۇڭغا، 45 ـ دىۋىزىيىسىنى بارىكۆلگە، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسىنى ئۈرۈمچى — لۇمەنچېڭغا ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. بۇنىڭغا شېڭ شىسەي غىڭ قىلالمىدى. كەينى ـ كەينىدىن خىلمۇخىل سەۋەبلەر بىلەن ھەرخىل ئۈەمەكلەر، قۇرغۇچىلار، تەكشۈرگۈچىلەر يېغىپلا كەتتى. شېڭ شىسەي ئالتۇن ـ كۈمۈش سوۋغىسى، زىياپەتلەر بىلەن ئۇلگۈرەلمەيلا قالدى. مانا ھازىر تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. شېڭ شىسەي خوتۇنى بىلەن بۇلتۇر چۈشچىگىدا بىر ئاي تۇرۇپ جياڭ جيېشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە شىنجاڭنى شېڭ شىسەيدىن تارتىۋېلىش ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى. شېڭ شىسەينى ماختاپ قەھرىمان، تۆھپىكار دېيىشلەر بولسۇن، قالتىس كۈتۈش، قايتا ـ قايتا سۆھبەتلىشىش، ئەتىۋارلاشلار، ۋەدىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۇنى شىنجاڭدىن يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ پادىشاھ تۇرسا، بۇ ئورنىنى تارتتۇرۇپ قويۇپ ياشىغىنىنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟!

كەسكىن تەدبىر قوللىنىش كېرەك، بۇ تەدبىرنىڭ تەپسىلىي لايىھىسىنى ئۇ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋاڭ خۇڭساۋ بىلەن باش قاتۇرۇپ تەييارلىدى. لى يىڭچى، چيۇ يۇفاڭ، شېڭ شىجىلار بۇ پىلانغا قوشۇلدى. بۇ پىلاننىڭ 1 ـ ئەنزىسىنىڭ ئىسمى «چىڭ دۇڭبەي ئەنزىسى» ئىدى. چىڭ دۇڭبەي مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ شايىكىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ نيەنسى، مۇئاۋىنى لاڭ داۋخېڭ، شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى ۋاڭ نەيجۇڭ، جۇڭگو ترانسپورت ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋېيۇەنجاڭى گو شىلياڭ، مەركىزىي تەلىم ـ تەربىيە شۆبە ئۆمىكى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خې گېڭگۇاڭ قاتارلىقلار. ئۇلار

گومىنداڭنى ئۇلۇغلاپ، شىڭ دۇبەننى چۇشۇرۇش دولقۇنىنىڭ ئاكتىپلىرى. بىرىنچى قەدەمدە ئۇلارغا زەربە بېرىلسە، خۇاڭ رۇجىنغا ئوخشاش گومىنداڭ كاتتىلىرى بىر بولسا قويرۇقىنى تىكىۋېتىشى، بىر بولسا توۋا قىلىپ شىڭ شىسەينىڭ ئايغىغا يىقىلىشى مۇمكىن.

— ئۇلارغا قويۇلىدىغان جىنايەتنىڭ مەزمۇنى پۇختا بولغاندۇر ـ هە، جىنيۇڭ؟ — چېيۇ يۇفاڭ ئېرىدىن ئەنسىرەپ ئېهتىيات بىلەن سورىدى.

— پۇختا! — دېدى شىڭ شىسەي يېڭى بىنانىڭ ئازادە ئۆيىدە خۇرۇم ساپاغا تاشلىنىپ پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ. ئۇ لى يىڭچىغا قاراپ قويدى. لى يىڭچى ياپما قاپىقى ئاستىدىكى كىچىككىنە، هىيلىگەرلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ:

— ئىش مۇنداق، — دېدى خۇددى باشلىقىغا بىر يېڭى ئىشنى دوكلات قىلىۋاتقاندەك ئەستايىدىللىق بىلەن، — چېڭ دۇگبەي قاتارلىقلار تەشكىللىگەن بۇ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئۈچ مەسىلەك ۋە هۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى، ئۇسۇلىنىڭ قەبىهلىكى جەهەتتە بۇ بىر مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەنزە. ئۇلار جۇئېنلەينىڭ قوماندانلىقىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن گومىنداڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن بىر قىسىم خادىملار بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىڭ شىسەي هاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ كوممۇنىستىك هۆكۈمەت قۇرماقچى بولغان. بۇ تەشكىلاتقا شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، 1 ـ دارىلمۇئەللىمىن، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پروفېسسور، مۇئەللىملىرى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ ئۈچ يۈزدىن كۆپ ئادەم قاتناشقان!

— ئوقۇغۇچىلارمۇ قولغا ئېلىنامدا؟ — چېيۇيۇفاڭ ئېهتىيات بىلەن سورىدى.

— بىرىنچى قەدەمدە بەش يۈزدەك ئادەم قولغا ئېلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى جىنايەتلىرىگە ئىقرار بولۇپ ماتېرىيال يېزىپ قول قويىدۇ!

ھازىر بۇ ئەنزە ئاخىرلاشقاندى. چوڭ يىغىن نامى بىلەن مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يېڭى بىنانىڭ يىغىن زالىغا توپلاندى. شىڭ دۇبەن نۇتۇق سۆزلىدى، ئاخىرىدا مەيداندىلا ئۈچ - تۆت يۈز ئادەم قولغا ئېلىنىپ ئىككى تۈرمىگە تاشلاندى، ئۇلارنىڭ تولىسى تاياقتا چىدىماي ئالدىن تەييارلانغان ئىقرارنامىگە ئىمزا قويۇشتى... بۇ ئىشلارغا خېلى بولدى. لېكىن، شىڭ شىسەي بۇنىڭ بىلەن تىنچىيالمىدى. خۇاڭ رۇجىن يەنە گومىنداڭ پىرقىسىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلىمەكتە، ھەتتا جاڭ جىجى دېگەن تەلۋە شىڭ شىسەينى «گىتلېر!» دەپتۇ تېخى، ياق، قىلغانىكەن، چوڭراق ئىش قىلىشى كېرەك. ئۈچ - تۆت يۈز ئادەمنىڭ جېنى قانچىلىك پۇل؟ گىتلېر قانچە ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتى؟ جياڭ جيېشىچۇ؟ 1941 - يىلىدىكى «جەنۇبىي ئەنخۈي ۋەقەسى» دە يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ قانچىلىك كوممۇنىستلىرى جېنىدىن ئايرىلدى؟ شان - شەرەپ تەۋەككۈلچىلىك، قۇربان بېرىشنىڭ ھېسابىغا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، شىنجاڭدىكى گومىنداڭنى يوقىتىش، بىرىنىمۇ قويماي قىرىۋېتىش كېرەك، كوممۇنىستلارنى، سوۋېت ئادەملىرىنى، يەرلىك باندىتلارنى قىرغاندەك. شۇ چاغدا شىنجاڭدا ۋەھىمە تۇگەيدۇ، ستالىننى ئالدىيالىغان شىڭ شىسەي جياڭ جيېشىنى نېمىشقا ئالدىيالمايدىكەن؟ تۇتۇش، تۈرمىگە سېلىپ قىيناش، ئىقرارنامىگە قول قويدۇرۇپ ئەنزە ئەھۋالىنى جياڭ جيېشىغا، ئەدلىيە مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىش كېرەك...

ئۇ غالىلداپ تىترىدى، گېلى قۇرۇپ، باشلىرى قايغاندەك بولۇپ، ئاستا چاۋاك چالدى. ئۇزۇن قارا چاپان كىيگەن خىزمەتكار چىلىم بىلەن ئەپيۇن قۇتىسىنى كۆتۈرۈپ زالدا پەيدا بولدى. شىڭ شىسەي كرېسلودا قىيسىيىپ ياتتى ۋە ئۇزاق ئەسنەپ:

— بول! — دېدى.

خىزمەتكار چىلىم بېشىنى شىرەگە قويدى ـ دە ، دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ «ئوچاق»قا ئوت ياقتى . شېڭ شىسەي جۇمەكنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شورىدى ، كۆكۈچ ئىس ئۇنىڭ يىرىك بۇرۇتىنى ئارىلاپ پاناقراق بۇرنىنىڭ قاڭشىرىنى سىيپاپ ، يوغان كۆزلىرىنى سۆيدى . ئۇ راھەتلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە خىزمەتچىگە چىقىپ كېتىشكە شەرەت قىلىپ ئارقىدىنلا :

— يىڭچى ! — دېۋىدى ، زال ئىشىكىدە پاكار ، توڭگۇز قاپاق لى يىڭچى ھەربىيچە كىيىم بىلەن پەيدا بولدى ۋە چاس بېرىپ تىك تۇردى .

شېڭ شىسەي بىرلا لى يىڭچىغا تاپانچا تەڭلىمەيتتى . ھەممىلا يەردە مۇشۇ ساقچى مەھكىمە باشلىقى لى يىڭچىنىڭ ئادەملىرى ھەرىكەت قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ئادەملىرى شېڭ شىسەيگە ئەسكەرلەردىنمۇ مۇھىم ، پايدىلىق ئىدى . ئون يىلدىن بېرى ئۆزىگە سادىق بولۇپ ، دېگىنىنى قىلىپ ، ئويلىغىنىنى بىلىپ كېلىۋاتقان بۇ شەرقىي شىماللىق يۇرتلۇقىغا ئىشىنەتتى ، ھەتتا خوتۇنى چيۇيۇفاڭغا ئېيتمىغان نۇرغۇن سىرلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتاتتى . شېڭ شىسەينىڭ نەزىرىدە لى يىڭچى مۇستەقىل ئادەم ئەمەس ، ئۇ دۈبەنىنىڭ كۆزى ، قولى ۋە بەزىدە مېڭىسى ئىدى .

— يازدىڭمۇ ؟

— ھەئە ، مانا !

— قانچە ئادەم ؟

— بىر مىڭ بەش يۈزگە يەتتى .

— گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرلىرى ، بىزنىڭ ھېلىقى ئۈچ دىۋىزىيە كوماندىرلىرىمىزمۇ بار ؟

— شۇنداق ، دۈبەن جانابلىرى . نۇرباغدىكى گومىنداڭ شىنجاڭ پىرقىسىنىڭ ياتىقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بار . گومىنداڭ زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى لى يۇشياڭ خەتەرلىك . بىزنىڭ 128 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى ليۇ فېيشىن ، ۋاقىتلىق 3 ـ دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى ۋۇشچى ، ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيىنىڭ

كوماندىرى سوۋي يېچۇەنلەرمۇ خەتەرلىك . بۇ تۆت نەپەر دىۋىزىيە كوماندىرىنى زىياپەت يولى بىلەن قولغا ئالساقمىكىن . قالغان ئۆلكە دەرىجىلىك باشلىقلار ، ۋالىيلار ، ناھىيەدىن يۇقىرى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ بىر يۈز يىگىرمىدىن كۆپ رەھبىرىي خادىمغا قارا پىكاپ ، ماشىنىلارنى ئىشقا سالساق بولىدۇ .

— پۈتۈن ئۆلكىنىڭ خەۋەرلىشىش ، قاتناش ساھەسى قاتتىق كونترول قىلىنىسۇن . مەركىزىي ئاگېنتلىقنىڭ ئۇرۇمچى شۆبىسى پېچەتلەنسۇن . خۇاڭ رۇجىن بىلەن لىن جىيۇڭ قاتارلىقلار كوممۇنىست . ئۇلارنىڭ پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسى ، باشقا ئىسپاتلار ياخشى تەييارلانسۇن . ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ، يەرلىك قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە . ئۇلارنىڭ پىلان ، مەقسەت ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋاقتى ، ئۇسۇللىرىغا دائىر ئىسپاتلار تولۇقمۇ ؟

— ئالدىنقى قېتىمدا تۇتۇلغانلار قىيناشقا بەرداشلىق بېرەلمەي بىز يېزىپ بەرگەن ئىقرارنامىلەرگە ئىمزا قويدى .

— قىسقارتىپ گەپ قىل ، ئىقرارنامىگە دېسەڭلا بولدى .

— خوپ ، دۇبەن جانابلىرى .

— بىر ئاي كۈتەيلى . پىلان مۇشۇ ، بىر ئاي جىم تۇرايلى . مېنى يازلىق دەم ئېلىشقا نەنسەنگە كەتتى دەڭلار . بىلدىڭمۇ ؟

— چۈشەندىم ، دۇبەن جانابلىرى .

— مېنىڭ نامىمدىن باش مۇپەتتىش لو جيالۇڭغا بىر پارچە خەت تەييارلانسۇن ، خەتتە گومىنداڭ ئىچىگە كىرىۋالغان كوممۇنىستلارنىڭ سۇيىقەستلىك ، ئاغدۇرمىچىلىق پىلانلىغىنىنى كۈچلۈك ئىسپاتلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈڭلار !

— تەييارلاپ قويدۇم ، دۇبەن جانابلىرى !

— مەن خەۋەر بەرگەن كۈنى نۇرباغدىكى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مۇھىم ئۇنسۇرلىرىنىڭ ياتاقلىرىغا ، ھەرقايسى نازارەتلەردىكى بەلگە قويۇلغان ئورگانلارغا بىرلا ۋاقىتتا ماشىنا ئەۋەتىڭلار ، ھېلىقى تۆت نەپەر دىۋىزىيە كوماندىرىنى تۇيدۇرماي

زىياپەتكە چاقىرىپ ، چېگرانى مۇداپىئە قىلىشتا كۆرسەتكەن
خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇكاپات تارقىتىمىز دېگەن نام بىلەن
ئەكېلىپ...

شىنجاڭ گېزىتىدە ئارمىيە توغرىسىدا بىر باش ماقالە
تەييارلانسۇن . ئارمىيىنى مەدھىيىلەش دولقۇنى پەيدا قىلىپ ،
ئۇلاردا قىلچە گۇمان پەيدا قىلدۇرماستىن تۇيۇقسىزلا ، گىتلېر
1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى زور كۈچ بىلەن سوۋېتقا
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندەك !...

ئۇ ئۆز پىلانىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋىدى ، لى يىڭچى قاقاقلاپ
كۈلۈپ كەتتى . بۇ ئۇنىڭ ئۆز باشلىقىنى خۇش قىلىپ بەخت
كۈلكىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئىدى .

بىگۇناھ ئادەملەرنى تۇتۇپ قاماش ، قىيناش ، ھەتتا ئۆلتۈرۈش
بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغان ئادەملەر دۇنيادا كۆپ بولمىسا كېرەك .
ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر ئۆزى ، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا ھېچكىم
يوق . ئۇلار ئۈچۈن ئىنسان دېگەن ھامان غالىبلارنىڭ قۇربانى . كىم
بولمىسۇن ، كۈچلۈك ، غالىب بولىدىكەن ، ئۇنىڭ باشقىلارنى
خالىغىنىچە ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ . بەزىدە ئۇنىڭ ئايالى
چىندىماي : «جىنىيۇڭ ، بۇلار سىزگە تولىمۇ جىق ياخشىلىق
قىلغانىدى ، ئۆلتۈرمەستىن باشقىچە ھەل قىلىشقا بولماسمۇ» دەپ
سورايدىغان چاغلارمۇ بولاتتى . شېڭ شىسەي بۇنداق چاغلاردا :
«مەن ئۆتمۈشكە باھا بېرىشنى يامان كۆرىمەن ، يۇفاڭ ، ئۇلارنى
ئۆلتۈرۈش مېنىڭ ھاكىمىيىتىمنىڭ تەلىپى ، ھاكىمىيەت تەلەپ
قىلىدىكەن ، مەندە قىلچە يۈز ـ خاتىر بولمايدۇ» دەپ جاۋاب
بەرگەن . راست ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاشۇ ھاكىمىيەت بىلەن
چىڭ باغلانغان . ھاكىمىيەت ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىكەن ، ئۇنى
ھايات قويماسلىق كېرەك ، ھەتتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھاكىمىيەتكە
زىيان يېتەرمىكىن دەيدىغان گۇمان پەيدا قىلسىلا ، ئۇنداق ئادەمنى
ھايات قويماسلىق كېرەك . بەزىلەر شېڭ شىسەيدە گىتلېردەك چوڭ
تەمە بار دېيىشىدۇ ، دۇرۇس ، ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئورنىغا چىقىشى

لازىم ئىدى ، جياڭ جېيشىنىڭ ئۆنىڭدىن نېمىسى ئۈستۈن ؟ بىلىمى شېڭدىن تۆۋەن ، ئەقلى شېڭنىڭ يېرىمىچىلىك يوق ، ئۇ فېئودال پادىشاھلارنىڭ ئاخىرقى بىرنېمىسى . زامان ئېڭى ، ھۆكۈمرانلىق قىلىش سەۋىيىسى تولىمۇ تۆۋەن بىر ئادەم . ناۋادا ئۇ جۇنتۇڭ ، جۇڭتۇڭ دەيدىغان ئىشپىيونلىرىدىن ئايرىلسا بىر كۈنمۇ ياشىيالمايدۇ . ئۇنىڭ ئورنىدا شېڭ شىسەي ئولتۇرغان بولسا ، جۇڭگو تۇپرىقىدا بىرمۇ كوممۇنىست قالمىغان بولاتتى . يەنئەننى مەركەز قىلىپ ياتقان كوممۇنىستلار كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىۋاتىدۇ ، كۈندىن ـ كۈنگە ئابرۇيى تېپىۋاتىدۇ ، بۇ ئاشۇ جياڭ جېيشىنىڭ پاراسەتسىز ، لايغەزەللىكىدىن بولۇۋاتقان ئىش . گىتلېر گېرمانىيە كوممۇنىستلىرىنى ئوتايلا جىمىقتۇردىغۇ ؟ يەنئەن بولسا ھازىر 8 ـ ئارمىيە ، يېڭى 4 ـ ئارمىيە دېگەن نامدا بىر مىليونغا يېقىن قوراللىق ئەسكىرى بىلەن كۆرەڭلەۋاتىدۇ . سەككىز مىليون ئەسكىرى بار جياڭ جېيشى تېخى ئۇلاردىن قورقىدۇ ، دەيدۇ . سەككىز مىليون ئەسكەر مەندە بولسا ، كوممۇنىستلارنى يوقىتىپ بولۇپ ستالىنغا تاقابىل تۇرالايتتىم . ھەرگىزمۇ جياڭ جېيشىدەك ستالىنىڭ بېسىمىغا چىدىماي ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتقا ستالىننى يامانلاپ كۈنىگە بىر پارچە خەت يېزىپ ئولتۇرمايتتىم . ئادالەتسىزلىك راستلا مەۋجۇت . بۇ ئادالەتسىزلىك ماڭا ئوخشاش يېتىلگەن ئادەمنىڭ جياڭ جېيشىدەك بىر كېرەكسىزنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ، مەن شىنجاڭغا قۇرۇق قول كەلگەن ، قۇمۇلدا ئۇيغۇرلار قوزغىلىپ جىن شۇرېننى ساراسىمىگە سالمىغان بولسا ، ماڭا ھۆنەر كۆرسىتىدىغان پۇرسەت يوق بولاتتى . كىچىككىنە ئەمەل بىلەن دۇنيادىن ئۆتەتتىم . ئاخىر جىن ئامالىنىڭ يوقىدىن ماڭا ئەسكەر بېرىپ مېنى غوجانىيازنى يوقىتىشقا ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى . ئاق ئورۇس پولكلىرى ، شەرقىي شىمال پىدائىيلىرى ، جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ھاكىمىيەت بېشىغا ئۈستىلىق بىلەن چىقىۋالدىم ، مەتىلا شۇنداق قىلالايتتىم . جاڭ پېيىۋەن ، ما جۇڭيىڭ ،

غوجانىيازلار ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ
ئۆرۈمچىگە يېگىرمە مىڭ ئەسكىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە
چېكىندۇرۇشكە ئامالسىز قالغاندا، سوۋېت ئەسكەرلىرىدىن
پايدىلىنىشنى مەنلا بىلەتتىم. ستالىن ماڭا ئوخشاش يەرلىك
ھۆكۈمراننى ساقلاپ، شىنجاڭدىن پايدىلىنىش كويىدا ئىدى، بۇنى
بىرلا مەن بىلەتتىم، ئاخىر ئورۇسلارنىڭ قولى بىلەن ما جۇڭيىڭ،
غوجانىياز، ما خۇسەن، مامۇت ۋە باشقا باندىتلارنى بىرمۇبىر
يوقاتتىم. شىنجاڭغا قۇرۇق قول بىلەن كەلگەن ياپونىيە قۇرۇقلۇق
ئارمىيىسى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى شېڭ شىسەي شۇنى
قىلالىدى. مېنىڭ ئورنۇمدا كىم بولسىمۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. مەن
ستالىننى ئىشەندۇرۇپ سوتسىيالىزم - كوممۇنىزم ئۈچۈن كۆرەش
قىلغۇچى بولشېۋىك بولۇۋېلىپ، ئەسكەرلىرىمنى خىل قوراللار
بىلەن قوراللاندۇردۇم، سوۋېتنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭدا
مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ساقلىقنى ساقلاش، يەر بايلىقىدىن
پايدىلىنىش، زامانىۋى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىپ، نادان ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىسىگە
ئېرىشىپ، ئۇلارنى «شېڭ دۇبەن ياشىسۇن!» دېگۈزدۇم.
ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش بىلەن يەنە ئۆزۈمنى چىڭدىدىم.
نەچچە مىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، ئورۇس، تيەنجىنلىك بايلارنى
مۇسادىرە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئۆز خەزىنەمگە توپلىدىم.
ھازىر مەندە نەچچە ئون توننا ئالتۇن بار، شېڭ دۇبەننىڭ ئون
ئەۋلادى يېتىپ يېسىمۇ كېمىمەيدىغان بايلىقىنى پەقەت مەنلا ئاشۇنداق
يول بىلەن ئېرىشەلەيمەن. مېنىڭ ئورنۇمدا جياڭ جيېشى بولغان
بولسا قىلالايتتىمۇ؟ ياق، ئۇ تەييارغا ئىگە بولدى. سۇن
جۇڭشەننىڭ ئارمىيىسىدىن، سۇن جۇڭشەننىڭ نامىدىن پايدىلاندى.
دۆلەت ئاتىسى ئۇنىڭغا تىرەك بولدى. ماڭا كىم تىرەك بوپتۇ؟
قېيناتام چيوزۇڭجۇنمۇ؟ ئۇ قانچىلىك بىر نېمە؟ ئەپيۇن چېكىشتىن
باشقا نېمىنى بىلەتتى. راست، دۇنيادا ئادالەتسىزلىك بار، بۇ
ئادالەتسىزلىك جياڭ جيېشى بىلەن مېنىڭ ئورنۇمنىڭ ئالمىشىپ

قالغانلىقى، ماڭا مۇناسىپ ئورۇندا جىياڭ جېيشىدەك بىر سامان قورساقنىڭ ئولتۇرۇپ قالغانلىقى، سوڭ مېيلىڭدەك پەرىشتىنىڭ مېنىڭ قوينۇمدا ھۆزۈر ئېلىشىنىڭ ئورنىغا ئاشۇ يىرگىنىشلىك قېرىنىڭ قوينىدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى، ئادالەتسىزلىك دېگەن راستلا مەۋجۇت. بۇ شىنجاڭدا نەچچە ئون مىڭ، ھەتتا يۈز مىڭ ئادەمنىڭ بىگۇناھ ئۆلگەنلىكى ئەمەس، مېنىڭ ئورنۇمنىڭ تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقى. بىگۇناھ دېگەن ئاتالغۇنى كىم چىقاردى؟ بىگۇناھ ئازابلانغۇچى كىم؟ ئۇ مەن. ئۆلگەنلەر گۇناھكار، چۈنكى ئۇلار ماڭا ياقمىغانلار. ماڭا ياقماسلىق گۇناھ ئەمەسمىكەن؟ بىگۇناھ ئازابلانغۇچى مانا مەن. مەن كىمگە، نېمە ئۈچۈن ياقمىدىم؟ جىياڭ جېيشى مېنى يوقاتماقچى، شىنجاڭنى مەندىن تارتىۋالماقچى. مەن ساقلاۋاتقان ئالتۇن ماكاندا ئۇنىڭ نېمە ھەققى بار؟ ستالىن مېنى يامان كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭغا ياقماي قالدىم. يۈز ئۆرۈدۈڭ دەيدۇ، ئادەملىرىمنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقاردىڭ، شىنجاڭدىن پايدىلىنىشىمغا چەك قويدۇڭ، دەيدۇ، كىم سېنى گىتلېر موسكۋاغا يېقىن كەلگۈچە چېكىنسۇن دەپتۇ، كىم سېنى شېڭ شىسەينىڭ قەلبىدە «سوۋېت تۇگەشتى» دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلسۇن دەپتۇ؟ مەن مەغلۇپ بولغۇچىغا يان باسسام قانداقمۇ شېڭ شىسەي بولالايمەن؟ مانا ئەمدى ئازابنى مەن تارتىۋاتىمەن. ستالىن يەڭگۈچىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئالتە يېرىم مىليون ئەسكىرى، نەچچە مىڭلىغان تانكا، زەمبىرەك، برونېۋىك، ئايروپىلانلىرى ھازىر ئۇكرائىنادىن ئۆتۈپ پولشاغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. مەن ئەمدى ئۇنىڭ غەلىبىسىنىڭ شېرىكى ئەمەسمەن. ئۇ مېنى يوقاتماقچى، ئادالەتسىزلىك دېگەن مانا مۇشۇلار!...

ئۇنىڭ يەنە ئەپيۇن خۇمارى تۇتتى. قېرى خىزمەتچى ئۇنىڭغا يەنە ئىس تەييارلىدى. ئۇ فرانسىيىدە ياسالغان خۇرۇم كرېسلودا يېنىچە يېتىپ ھۆزۈرلىنىپ چەكتى، ۋۇجۇدى راھەتلەندى، لېكىن ئۇنىڭ خىيالى ئەمدى داۋاملىشالمىدى. ئۇنىڭ بىر كېچە ئۇخلىيالمىغان، ۋەھىمە، ئەنسىزلىك بىلەن ئېغىرلاشقان يوغان

بىشى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ، ئۇ ھايات ئەمەستەك ، ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى پەقەتلا زەئىپ ئاۋازى بىلەنلا ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك :

— ئادالەتسىزلىك… مانا مۇشۇ ئازاب ، — دەپ ئىڭرىدى .

تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلىدى . ئۇ ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن ، ئىششىپ ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، ئىچكى لىنىيىلىك مەخسۇس تېلېفوننى قولىغا ئالدى :

— ياخشىمۇ سىز ، بۇ مەن جۇ شاۋلياڭ !

— ياخشىمۇ سىز ، جۇ سىلىڭ ! — شېڭ شىسەي چۆچۈپ كەتتى . گومىنداڭ شىنجاڭ پىرقىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغىلى شىنجاڭغا كېلىپ كەتكەندىن بېرى ، بۇ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى بىلەن شېڭ شىسەي كۆرۈشمىگەنىدى . ئۇ ئالدىراپ جاۋاب بەردى ، — خىزمەتلىرىگە دائىم تەييارمەن !

— مۇنداق ئىش ، شىنجاڭنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئالتاي رايونىدا جۇڭگو - موڭغۇلىيە توقۇنۇشى يۈز بەردى ، خەۋىرىڭىز بارغۇ ؟

— شۇنداق . ئالتايدىكى باندىتلار سوۋېت تەرەپنىڭ قوترىتىشى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغان چېگرا توقۇنۇشى بۇ !

— شۇنداق . مەسئۇلىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىدا ! جياڭ ۋېييۈەنجاڭ ماڭا ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى ، ھاۋا مۇداپىئە ۋە تانكىغا قارشى قىسىملارنى باشلاپ گۇچۇڭغا كىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى . بىزنىڭ قوراللىرىمىز ئامېرىكا ماللىرى . «ئىجارىگە بېرىش» قانۇنىغا ئاساسەن ئامېرىكا ياردەم قىلغان . بۇ قوراللار بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنى جازالايمىز . سوۋېت چوقۇم غەزەپلىنىپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ . دەرھال 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش ھالىتىدە تەييارلىنىپ تۇرۇڭ !

— خوپ ، دەرھال ئىجرا قىلىمەن ، گېنېرال جانابلىرى !

— ھەرگىز سەل قارىماڭ ، بۇ بىر چوڭ ئىش . سوۋېت

ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى ۋە موڭغۇلىيە ئارمىيىسى بىزگە تاجاۋۇز قىلىدى . شىنجاڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىۋاتىدۇ . شىنجاڭدىكى توپىلاڭ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىئەندىكى ھەرىكىتى بىلەن باغلىنىشلىق . تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەتلەر بولۇشى مۇمكىن . ياپونىيە رۇسلار بىلەن بىرلىشىپ بىزنى يوقاتماقچى . ۋېيىۋەنجاڭ روزۋېلتقا بۇ ئىشنى چۈشەندۈرمەكتە . سىزنىڭ دۆلەت ئۈچۈن ، پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى . ۋېيىۋەنجاڭ سىزگە ئىشىنىدۇ . سىز بىزگە ئاكتىپ ماسلىشىپ دۈشمەندىن بىرلىكتە غالىب كېلىشىمىزگە ياردەم قىلالايسىز !

— چوقۇم ، ۋېيىۋەنجاڭ ئۈچۈن چوقۇم كۈچ چىقىرىمەن !

— ۋاقىتنىچە ئىچكى جەھەتتىكى ئىشلارنى مۇقىملاشتۇرۇڭ ، ئادەم تۇتۇش ، ۋەھىمە تارقىتىش ۋاقىتنىچە يۈز بەرمىسۇن . خەلق بىزنى قوللىسۇن ، دۈشمەنلەر ئىچكى كاۋاكلارغا كىرىۋالمىسۇن ، ھوشيار بولۇڭ !

شېڭ شىسەي يەنە دەرھال لى يىڭچىنى چاقىرتتى :

— ئاخشامقى پىلان ئۆزگەرمەيدۇ . ھازىر مەركەزدىن تېلېفون كەلدى . ئالتايغا باندىتلارنى تازىلاشقا دەرھال ئاتلىنىمىز ! پىلان 7 - ئايدىن كېيىن ئورۇنلىنىدۇ . بىلدىڭمۇ ؟

— بىلدىم ، دۇبەن جانابلىرى !

— پولكتىن يۇقىرى ھەربىي باشلىقلار دەرھال شەرقىي زالغا يىغىلسۇن !

— خوپ ، دۇبەن جانابلىرى !

«ھەم باندىت تازىلايمەن ، ھەم گومىنداڭنى تازىلايمەن ، ھەم جۇ شاۋلياڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمەن ، ھەم ئۇنىڭ بىر مىڭ بەش يۈزدەك ئادىمىنى تۈرمىگە سېلىپ يۈرىكىنى داغلايمەن . سوۋېت تاجاۋۇز قىلماقچى ، بۇ بىر چوڭ تېما . خۇاڭ رۇجىنلار كوممۇنىست ، يەنئەننىڭ ، ستالىننىڭ قوش تامغىلىق جاسۇسلىرى . ئۇلار ئالتايدىكى باندىتلاردىن ، تاشقى موڭغۇلىيە ئەسكەرلىرىدىنمۇ خەتەرلىك . باندىتلارغا قارشى تۇرىمەن دەپ ئىچكى جەھەتتە

بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ . جۇ شاۋلياك نېمىدى؟ ئۇ «ئىچكى جەھەتتە» دەپ چوقۇم «چىڭ دۇڭبەي ئەنزىسى»نى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ . ئىش ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ تېخى . جۇ سىلىڭ ، ئۈچ - تۆت يۈز ئادەم تۇتتۇق . چىڭ دۇڭبەي ئەنزىسى بىرىنچى قەدەم . تۈرمىگە ناھايىتى شۈنچىلىكلا ئادەم كىردى . 2 - تۈرمىدە يىگىرمە ئادەم بىر ئۆيدە يېتىپ قىينالغان بولسا ئۇلارنى قىرىققا ، يۈزگە يەتكۈزىمەن . ئۆرە تۇرسۇن ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدە ياتسۇن . تېخى چوڭ تازىلاش ئالدىمىزدا ، جۇ سىلىڭ ! سىرتتىن كىرگەن تاجاۋۇزچىلارغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قارشى تۇرىدۇ . سىزنىڭ ھازىر شىنجاڭدا ئۈچ دىۋىزىيە ئەسكىرىڭىز بار ، خىل قورالـلـىـرىـڭىز بار ، ماڭا سىرتنىڭ تاجاۋۇزچىلىرى ، ئىچكى باندىتلار خەتەرلىك ئەمەس . ئەڭ خەتەرلىكى گومىنداڭ — سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز… »

ئـۇ كۈلۈپ قويۇپ ، چوڭ زالدىكى قېلىن گىلەم ئۈستىدە ئۇخلاش كىيىمى بىلەن ئاستا مېڭىپ شەرقتىكى دېرىزە پەردىسىنى قايرىدى ، سۇبھى كۆتۈرۈلگەن ، ھەممە ياقنى باھار پۇرىقى ئورىغان ، باغدا خىزمەتچىلەر يوگۇرۇشۇپ يۇرۇشەتتى ، نېرىدا ئەسكەرلەر مەشىق قىلماقتا . ئۇ ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ قىلىچىنى ئالدى . ئۇ ھەر كۈنى ئەتتىگەنلىكى قىلىچ بىلەن باغدا بىر سائەت مەشىق قىلاتتى ، بۈگۈن زادىلا خۇشياقمىدى . ئۇنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرى كىرىشىپ ، گەجگىلىرى ئاغرىماقتا . قىرىق يەتتە ياش قېرىلىققا ياتامدۇ؟ ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قىز - چوكانلارغا تولىمۇ ئامراق ئىدى ، ھازىر نېمىشقا خىيالىغا قىزلار ئاز كىرىدۇ؟ بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى ، خىيالىغىمۇ كىرمىدىغۇ بۇ نازىنىنلار ! ئۇ ئاستا چاۋاك چالدى . مۇرەككەپ ، كۆپ ئىشكىلىك چوڭ ئۆينىڭ بىر ھۇجرىسىدىن ئۈچ قىز چىقتى . ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۆز مىللىتىدىن ، بىرى پېرىروتكا ئىدى . ئۇلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق ، خۇلقى مەست قىلىدۇ ، بەدىنى تەنگە داۋا…

ئۇ يۈيۈنۈش ئۆيىنى شەرەت قىلىۋىدى ، قىزلار دەرھال ئۇنىڭ

يېنىغا كېلىپ ئىككىسى قولتۇقىدىن يۆلەپ يۇيۇنۇش ئۆيىگە ئەكىردى. تاشقىرىقى ئۆيدە يۇمشاق كارىۋات بار ئىدى. قىزلار ئۇنى ئاندىن تۇغما قىلىپ كارىۋاتقا ئوڭدا ياتقۇزدى. بىرى باش تەرىپىدىن، يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىدىن ئۇنى ئۇۋۇلاپ - سىيپاپ، نازۇك بارماقلىرى بىلەن نېرۋىلىرىنى غىدىقلاپ، روھىي، جىسمانىي ئويغىتىش ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ راھەتلىنىپ كۆزلىرى يۇمۇلدى. لېكىن، ئۇنىڭ جىنسىي ئويغىنىشى تولىمۇ ئاستا ئىدى. بىر قىزنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ ئويغانمىغان ئەزاسىنى ئوينىغىلى تۇردى. يەنىلا سادا يوق. قىز ئۇنىڭ ئەزاسىنى ئاغزىغا سالدى - دە، تىلى بىلەن نېرۋىلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى، قىزنىڭ ئاغزىدىكى يۇمشاق گۆش ئاخىر تىرىلىپ يىلاندەك ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. قىز دەرھال ئاغزىدىكى نەرسىنى چىقاردى - دە، ئۇنىڭغا بىر پۇراقلىق سۇيۇقلۇقنى پۈركىدى. شىڭ شىسەي كۈلۈپ قويۇپ قىزلارغا چىقىپ كېتىشنى شەرەت قىلدى. ئۆيگە سۈتتەك ئاق، چاچلىرى قارا، تولىمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىچ كىيىم بىلەنلا كىردى ۋە يالىڭاچلىنىپ دۇبەننىڭ يېنىغا قىيسايدى…

دۇبەن قىز بىلەن ئۇن مىنۇتتەك ھەپىلەشتى. لېكىن، ئۇ قىزنىڭ نازۇكەرەشمىلىرىدىن رازى بولغىنى بىلەن ئۆزىدىن رازى بولمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى شىڭ دۇبەن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخىر ھالسىزلىنىپ، بوشاپ، خۇددى جېنىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ كارىۋاتتا يېتىپ قالدى…

بىر سائەتتىن كېيىن قىزلار ئۇنى ئىسسىق سۇدا غۇچۇرلىتىپ يۇدى، كىيىندۇردى، ئاخىر ئۇ فرانسۇزچە تاماق جوزىسىغا كېلىپ ئەتىگەنلىك غىزاغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا چيۇ يۇفاڭ، سول يېنىدا ئامراق قىزى، ئۇدۇلىدا ئىنىسى شىڭ شىجى ۋە ئۇنىڭ ئايالى، يەنە باشقا بالىلار ئولتۇرۇشتى.

شىڭ شىسەي بۆدۈنە گۆشىگە ئامراق ئىدى. ئۇ شورپىسى بىلەن بۆدۈنە گۆشى يېدى - دە، ئۆيىگە كىرىپ ھەربىيچە

كــــيــــنـــپ ، پاگون ، مېداللارنى تاقاپ ، رىمۇنغا تاپانچىسىنى قىستۇرۇپ ھەربىيلەرگە دوكلات بېرىش ئۇچۇن يولغا چىقتى . ئۇ فرانسىيە ماشىنىسى بىلەن يېڭى سېلىنغان ئۆينىڭ ھويلىسىدىن چىــقـقـاندا ، ئالدىدا موتسىكلىت ، قارا ماشىنىدا لىق قوراللىق ئەسكەرلەر ، ئاندىن كېيىن رەڭگى شىلىڭ شىسەينىڭ ماشىنىسىغا ئوخشاش ماشىنىلاردا مۇھاپىزەتچى ـ ساقچىلار ، ئوتتۇرىدا شىلىڭ شىسەي ، كەينىدە يەنە ئوخشاش ماشىنىلار قورشاپ يولغا چىقتى . ماشىنىلار زالنىڭ ئالدىدا توختىدى .

ئــەتــىــسى «شــىــنـجـاڭ گــېــزىتى»دە «شىنجاڭ چېگراسى دەخلىسىز» دېگەن ماۋزۇلۇق باش ماقالە ۋە شىلىڭ دۇبەننىڭ ھەربىي باشلــىـقلارغا سۆزلىگەن سۆزى بېرىلدى . ئۇنىڭ تولىمۇ كاتتا رەســـمـــىــنـــىڭ ئــاســتــىغا : «چېگرا رايوننىڭ ئەڭ تۆھپىكار قوغدىغۇچىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلدى .

بىر كۈن ئۆتۈپ ئۇرۇمچى شەھىرىدە ھەربىي پارات ، ئۇلانبايدا مــانېۋىر بولدى . ھاۋادا ئايروپىلانلار ، كوچىلاردا لىق قوراللىق ئەسكەرلەر بىلەن تولغان ماشىنىلار ، ئارچا شاخلىرى بېكىتىلگەن تانكا ، ئاتلار سۆرىگەن زەمبىرەكلەر ، پىيادە ، ئاتلىق ئەسكەرلەر شوئار توۋلىشىپ جەنۇبىي دەرۋازىدىن نەنلياڭ ، خۇاڭچىڭلارغىچە بېرىپ شىلىڭ دۇبەننىڭ ھەربىي كۈچىنى خەلققە كۆرسەتتى . كەچتە ئۇ پولكتىن يۇقىرى ھەربىي باشلىقلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپ ، تىزىملىككە چۈشكەن تۆت نەپەر دېۋىزىيە كوماندىرلىرىغا بەش مىڭ دوللاردىن مۇكــاپــات بــەردى ۋە ئۇلارنى ئۆزى قەدەھ سۇنۇپ تەبرىكلىدى . ئالتاي ئالدىنقى سېپىگە ئاتلانغان جەڭچىلەرنى ئەتىسى داغدۇغا بىلەن يولغا سېلىپ بولۇپ كەچتە خوتۇنى چيۇيۇفاڭ بىلەن بىللە چاڭچىلە كۆردى . ئۇ ئۆزىنى قەستەن خۇشال ، كۆتۈرەڭگۈ ، روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشتى . لېكىن ، ئۇ نەگىلا بارسۇن ، بىر ۋەھىمە ئــەرۋاھــى ئــۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى . نېمىلا قىلسۇن ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قورقۇنچلۇق سايىلەر بىللە يۈردى . ھاياتىدا راھەت ـ پاراغەت بىلەنلا ھەپىلەشكەن بۇ ئادەم غەم ـ ئەندىشىنىڭ تولىمۇ

قورقۇنچلۇق ، ئازابلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندەك ، ئاخشىمى يېڭى ياسالغان كاتتا ئۆيدە براندى ھارىقىدىن ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ خوتۇنىغا :

— يۇفاڭ ، ياپونىيىدىكى ئۆيىمىز قالتىس ئىدى ، ئاددىي بولسىمۇ ! — دېدى . بۇ تۇيۇقسىز ئەسلىمىدىن خۇشال بولغان خوتۇنى كۈلۈپ :

— ئۇنتۇپ قالدىمكىن دېسەم ئۇنتۇماپسىز ـ ھە ؟ — دېۋىدى ، شېڭ دۇبەن :

— ياشلىقىمنى تولا ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم . قېرىلىقنىڭ بەلگىسىغۇ دەيمەن ـ ھە ؟ — دېدى .

— ياق ، قېرىلىق تېخى يىراقتا . جياڭ جيېشى چېغىدا ئۆزىنى قېرى دېمەيدۇ . چېرچىل ئاتمىش توققۇز ياشقا كىرگەنلىكىنى بۇلتۇرلا تەبرىكلەپ دۇنيادا كاتتا تەسىر قوزغىدى . ستالىنمۇ ھازىر ئاتمىش بەش ياشقا كىردى . روزۋېلتمۇ ئاتمىش بىر ياشقا كىردى . مەشھۇر داھىيلاردىن بىرلا گىتلېر سىز بىلەن دېمەتلىك دېگۈدەك . روزۋېلت ، گىتلېر ، شېڭ دۇبەن بىر يىلى تەختكە چىققانسىلەر . ئۇلار قېرىمايدۇ ، سىز نېمىشقا قېرىلىقنى ئويلاپ قالدىڭىز ؟

— بەلكى غەم تولا بولغاچقا شۇنداق ئويلاپ قالغاندىمەن .

— سىزچە ، جياڭ جيېشى سىزگە يۈزسىزلىك قىلارمۇ ؟

— مەن ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلىمەن ، يۇفاڭ ، شۇنداق قىلمىسام ئۇ مېنى ھەممىدىن قۇرۇق قويىدىغاندەك تۇرىدۇ .

— «چيڭ دۇڭبېي» ئەنزىسىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنى باساي دەمسىز ؟

— شۇنداق قىلماي ئامال يوق . بىر تازىلىمىسام گومىنداڭ مېنى ساق قويمىغۇدەك .

— مەن سىزدىن ئەنسىرەيمەن ، جىنيۇڭ !

— نېمىشقا ؟

— جياڭ جيېشى ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارارمىكىن دەيمەنا ؟

— ئاشلىق مۇلازىمەت باشقارمىسىغا بىر يىللىق ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ قويۇشقا بۇيرۇق بەردىم . سوۋېت كونسۇلخانىسىغا گومىنداڭغا قارشى قوراللىق ھەرىكەت قوللىنىمەن ، قوللاڭلار دەپ يېــلـىــنــاي دەيــمــەن . ئــۇ رەت قــىلمىسىلا گومىنداڭنىڭ ئۈچ دىۋىزىيىسىگە كۆچۈم يېتىدۇ . رەت قىلسا ئىشىم چاتاق . ئۇنىڭ ئــۇسـتــىــگە ، ئەڭ قابىلىيەتلىك قوماندانىم لىۇجىڭشىن يېقىندا تــۈرمــىــگــە كــىرىدۇ . ئۇنى تۈرمىگە تاشلىمىسام ماڭا خەۋپلىك تــۇيــۇلــۇۋاتىدۇ . مەن جىن شۇرېننىڭ ئورنىغا چۈشۈپ ، ئۇ ئۆز ۋاقــتــىدىكى شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ . ئۇ گومىنداڭغا ئېغىۋالدى . ھەربىي ھەرىكەت قوللانسام ئۇنىڭ ئورنىنى باسقۇدەك بىرى يوق .

— مال - دۇنيا ، ئالتۇن - كۈمۈش يېتەرلىك . كەتسەك بولماسمۇ ؟

— نېمە ؟ ئەمەلدىن ئايرىلىپ ياشامدىمەن ؟ ياق ، ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى . ئەمەلسىز ياشاشنىڭ ئۆزى ئىككى قېتىم ئۆلگەن بىلەن ئوخشاش !

سىرتتىن خەۋەرچى ئەسكەر كىردى :

— چيۇ سىلىڭ جانابلىرى كەلدى !

— دادامىۇ ، نېمە بولغاندۇ ؟ — چيۇيۇفاڭ ۋال - ۋۇل ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە زەر باسقان ، يېنىدا ئاچىمىقى بار كۆڭلىكىنى يالتىرىتىپ ئورنىدىن تۇردى . شېڭ دۇبەنمۇ يېپەكتىن تىكىلگەن كېچىلىك كىيىمى بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى . ئاسما چىراغلار ، تام چىراغلىرى بىراقلا يانغان ، چەت ئەل گىلەملىرى ، كىرېسلولىرى بىلەن بېزەلگەن كاتتا ئۆيگە پاكار ، يوغان قورساق ، قىسقا بويۇن ، چاشقان بۇرۇت چيۇسىلىڭ كىرىپ كەلدى .

— ئــولــتــۇرايــلــى ، ئــولــتــۇرايلى ، — دېدى ئۇ كىرېسلوغا ئولتۇرۇۋېتىپ ، — مەن غۇلجىدىكى ۋاقتىمدا غۇلجا ناھىيىسىدە ئابدۇمەر مىڭبېگى دېگەن بىرى بىلەن ياخشى ئۆتكەن . ئۇ نۇرغۇن سوۋغا بىلەن ئۈرۈمچىگە كەپتۇ . ئۇ شېڭ دۇبەنگە دەپ ئون يامبۇ

ئـەكەپتۇ . بىر كۆرۈشسەم دەيدۇ ، شۇ ئىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە كېلىشىم .

شـېـڭ شىسەينىڭ ۋۇجۇدى گۇمانخورلۇق ، مەغرۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىك كىبىرى بىلەن تولغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ۋەھـشـىـيـلىك شەكىللەنگەن . شۇ دەمدە ئۇ قېيناتىسىغىمۇ ئۆز تەكەببۇرلۇقىنى يوشۇرالمىدى .

— نېمە ئىشى باركەن ؟ — سورىدى ئۇ قوپاللىق بىلەن .

— مۇھىم بىر ئىشنى دوكلات قىلماقچى ئىكەن .

— كىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايىتى باركەن ؟

— جاڭ سىلىڭ دېگەن سامان قورساقنىڭ ئۈستىدىن .

— ھـە ، — شېڭ شىسەي قىزىقىپ سورىدى ، — ئۇ پارا ئاپتۇمۇ ؟

— ياق ، ئابدۇمەرنىڭ دېيىشىچە ، ھازىر غۇلجىنىڭ ھەممە مـەسچىتلىرىدە «ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش» ئۈستىدە تەشۋىقات بـولـۇۋاتـقۇدەك ، نىلقا ، قورغاس ، تېكەس ، غۇلجا ناھىيىلىرىدە قـورالـلـىـق باندىتلار پەيدا بوپتەك . غۇلجىنىڭ ھەممىلا ئادىمى شۇنداقمىش . بايلار مىڭلاپ - مىڭلاپ ئات ، قوي ، ئالتۇن تەقدىم قـىلىۋاتقۇدەك ، تېخى ئورۇسلارنىڭ ياردىمىدە ئۇ يەر - بۇيەردە ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقۇدەك . شۇنچە ئەھۋال تۇرسىمۇ ، جـاڭ سـىـلـىـڭ ئۇ يەردىكى بايلار ، دىندارلارغا «بىز سىلەرگە ئىشىنىمىز» دەپ ، ئۇلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرگۇدەك !

— خىخ ! لىۋ بىگدېنىڭ دوكلاتى بۇنىڭ ئەكسىچە . بۇ ئۇيغۇر دېگەنگە ئىشەنمەيمەن . ئۇلار بىرنېمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى ، ھەتتا مىللىتىنىمۇ ساتىدۇ ، ئۇنىڭدىن زادى ساڭا نېمە لازىم ، دەپ ئۇدۇللا سورىمىدىڭىزمۇ ؟

— ئـوچـۇق دېـمـىگىنى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىنى تەمە قىلىدىغان ئوخشايدۇ .

— ھـېـلـىقى تاتار قىزنى ئىنىم شياۋچيۇغا تەقدىم قىلغان مىڭبېگى بولمىسۇن يەنە ؟ — چيۇ يۇفاڭ سورىدى .

— شۇ ، نەق شۇ ، مەن ئىلىدىكى ۋاقتىمدا ئۇنى مىڭبېگىلىككە تۇرداخۇنباي تونۇشتۇرغان . كېيىن مۇئاۋىن ھاكىم بوپتۇ !

شېڭ شىسەي قاپىقىنى تۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە تېلېفوننى ئېلىپ تۇتقۇچىنى بۇرىدى :

— لىيۇ بىىڭدېما ؟ ئىلى توغرىسىدا قىلغان دوكلاتىڭ ئىشەنچلىكما ؟ بىرى باشقا گەپلەرنى قىلىپ بۇ يەرگە كەپتۇغۇ ؟ جاڭ سىلىڭنىڭ ئىشى باشقا گەپ . باندىتلارنىڭ قوتراۋاتقىنى راستما ؟ ئىلقىدىكى ئەكبەر ، غېنىلار ئوغرىلىق قىلىپ يۇرگەن بولسا بۇ باشقا گەپ . گومىنداڭ ھە دېسىلا مۇقىملىق ، ئادىللىق دېگەن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بىخۇدلۇق ئىدىيىسىنى كۈچەيتىۋەتتى . غۇلجىدا مەسىلە چىقسا جاڭ مەسئۇل ، گومىنداڭ مەسئۇل بولىدۇ . شۇلار ئۆزى تازىلايدۇ ، چوقۇم شۇنداق قىلغۇزىمەن . چېگرىدىن ئورۇسلار بېسىپ كىرمىسىلا بولىدى . ئەڭ چوڭ خەۋپ ئورۇسلار . رازۋېدكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇ . قاچقانلار قېچىۋەرسۇن ، ئەمما كىرگەنلەرگە قاتتىق ئاگاھ بول ، ھەتتا چىۋىن كىرسىمۇ قاتتىق تەكشۈر ، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلما !

ئۇ تېلېفوننى جاققىدە قويۇپ قېيناتىسىغا ئېيتتى :

— خاتىرجەم بولسىلا ، غۇلجا تىنچ ، چاتاق چىقسا گومىنداڭ مەسئۇل . جاڭ سىلىڭ دېگەن خۇاڭ رۇجىنىنىڭ ئادىمى ، لىيۇ جىڭشىن بىلەنمۇ يېقىن ، غۇلجىدا خەتەر بار دېيىلسە ، خەتەر نەق شۇ جاڭ سىلىڭ . كۇرەدىكى قىسىملارنىڭ كوماندىرى ، يۇ جىيۇەن ، سۈيدۇڭدىن لو خۇڭسۇن ، غۇلجىدىكى بىرىنەچچىسى سۈيىقەستچى ئۇنسۇرلار ، مانا شۇلار خەتەرلىك !

— سىز مېنى غۇلجىدىن يۆتكىۋەتمىگەن بولسىڭىز ، بۇ چاغقىچە ھەي !...

— چاندۇردىڭىز ، دادا ، ئەپيۇن سودىسى ، ئالتۇن سودىسى ، پارىخورلۇقنى ئەدىتىۋەتتىڭىز . سوۋېت تەرەپ ، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى سىزنى مىسال قىلىپ مېنىڭ ھاكىمىيىتىمگە بېسىم ئىشلەتتى ، ئامال بولمىدى . سىز قىلغاننى باشقا بىرى

قىلغان بولسا ئىككى قېتىم ئۆلۈمگە بۇيرۇلاتتى . مەن ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئاقلاش ئۈچۈن سىزنى ئاشكارا قوغدىدىم . ھېچقانداق بېسىم ، چۇقانلارغا پەرۋا قىلمىدىم . سىز ئۆز ۋاقتىدا مېنى ئەتىۋارلاپ جاڭ زولىن گېنېرالغا تونۇشتۇرمىغان بولسىڭىز ، مەن ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇيالايتتىممۇ؟ يۇفاڭ ئىككىمىزنى ياپونىيىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتتىڭىز . سىزنىڭ يۇفاڭنى ماڭا لايىق بىلىپ بىزنى بىر ئۆيلۈك قىلىپ قويغىنىڭىز مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ بەخت ، ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇش . مېنىڭ بەخت ـ تەلىيىم ئۆيۈمدىن باشلاندى . بەخت ـ ئامەت زورىيىپ ، بىز چيۇ ، شېڭ ئائىلىلىرى شىنجاڭدەك مۇشۇنداق چوڭ زېمىننىڭ خوجىسى — پادىشاھىغا ئايلاندۇق !

— ھا ـ ھا ـ ھا... يۇفاڭ ، قويە ، براندىدىن يەنە بىرنى قوي ، سىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىلى ئۇزۇن بوپتىكەن ، — بىر دەمدىلا ئۇستەل قىممەتلىك يەرلىك زاكوسكىلار — توخۇنىڭ تىلى ، ئېيىق تاپىنى ، بۇغىنىڭ قېنى ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىدىن راك ، بېلىق توخۇمى ، خەيسەڭ ۋە بەدەن قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن تولدى . چيۇ يۈشيۇڭ ، شېڭ شىجى قاتارلىق بۇ ئائىلىنىڭ «شاھزادىلىرى» ، «مەلىكىلىرى» بىر تېلېفون بىلەن يېتىپ كېلىشتى .

قول ، بويۇن ، باش كىيىملىرى يالت ـ يۇلت ئالتۇن ، گەپلىرىمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش ئۇستىدىلا بولىدىغان بۇ «شىنجاڭ خان جەمەتى» خېلىدىن بېرى جەم بولۇشمىغان . مانا بۈگۈن تۇيۇقسىزلا جەم بولۇشۇپ ، شېڭ دۇبەن ، چيۇسىلىڭ ، چيۇيۈەنجاڭلارنىڭ سالامەتلىكى ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن قەدەھلەر كۆتۈرۈشتى :

— مەيلى ئون مىڭ ، مەيلى يۈز مىڭ ، مەيلى توغرا ، مەيلى خاتا ئۆلتۈرەي ، قانچە ئادەم ئۆلتۈرسەممۇ جياڭ جيېشى غىڭ قىلالمايدۇ ، ئۇ چۈشىنىدۇ . مەن قاتىللىق قىلسام شىنجاڭنى تۇتۇپ تۇرۇش ، شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو تۇپرىقىدىن ئايرىۋەتمەسلىك

ئۇچۇن قىلىمەن . مۇشۇ چوڭ ئىشنى قىلالىغىنىم ئۇچۇن جياڭ جيېشى مېنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ، ھەرقانداق گۇناھتىن كەچۈرۈم قىلىپ «مىللىي قەھرىمان» دېيەلەيدۇ !

شېڭ شىسەي مەست بولۇپ قالدى . ئۇ بۇنداق چاغدا مەدھىيىگە تولىمۇ ئامراق بولۇپ كېتەتتى .

— جاڭ چيەن ، بەنچاۋلار قانچىلىك بىر نېمىدى؟ ! شىنجاڭنى جۇڭگوغا ھەقىقىي باغلىغان ئادەم ئاكام شېڭ دۇبەن ، شېڭ دۇبەن ياشىسۇن ! — دېدى شېڭ دۇبەننىڭ قېيىنىنىسى چيۇيۇشيۇڭ .

— مەن شېڭ شىجى ، ئاكام شېڭ دۇبەن ئۇچۇنلا ياشايمەن . مېنىڭ بەختىم ئاكام !

ماختاش ، مەدھىيە ، ساداقەت بايان قىلىشلار ئەۋجىگە چىقتى . قېرى چيۇزۇڭجۇن :

— شىنجاڭ بىزنىڭ ئۆز ئۆيىمىز . شەخسىي بايلىقىمىز ، مەن بىرىنچى بولۇپ قولۇمنى گەنسۇغا سوزدۇم . لەنجۇ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ، خۇاڭخې دەرياسىغا يېقىنىلا يەردىن بىر كاتتا قورۇ ـ جاي سېتىۋالدىم . ھا ـ ھا ـ ھا... گەنسۇدىن شەنشىگە ، ئاندىن تاشپاقىچىلاپ مېڭىپ بېيجىڭ ، شاڭخەي ، پۈتۈن جۇڭگونى ئۆز ئائىلىمىز ، شەخسىي بايلىقىمىز قىلىش ئۇچۇن كۆتۈرىمەن ھا ـ ھا ـ ھا... ھى ـ ھى ـ ھى...

— دادام كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتتى . ياشىسۇن چيۇ سىلىڭ !

بۇ شېڭ شىسەينىڭ ئاخىرقى كېپى بولدى . ئۇ فرانسىيىدە ياسالغان خۇرۇم كرېسلودا ئۇخلاپ قالدى...

ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى . ئۇنىڭ يېنىدا چيۇ يۇفاڭ يالىڭاچ ياتاتتى . ئۇ خوتۇنىنىڭ ھېلىقى ئالتۇن سودىسى قىلىدىغان فېڭ فامىلىلىك بىلەن چاتىقى بارلىقىدىن گۇمان قىلاتتى . لېكىن ، ئۇ ئۆزى ھازىرغىچە نەچچە ئايال بىلەن كۆڭۈل ئاچتى؟ نەنجىڭ ، شاڭخەيلەردىكى ھېلىقى قىزلار ، موسكۋادىن تەقدىم قىلىنغان مالىكوۋا ، ھەر كۈنى ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىسمى نامەلۇم ، چىرايلىرىمۇ يادىدا قالمىغان چىرايلىق قىزلارنىڭ سانى

يوق... لېكىن ئۇ سۆك مېيلىگىنىڭ قولىنىلا سۆيۈپ قويدى. چۈگچىگدا سۆك مېيلىك ئۇنىڭغا تۇزۇككىنە چىراي ئاچمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ يېنىدا ياتقان خوتۇنى شۇنچە سەت كۆرۈنەمدىكىنتاڭ. پاھ، مۇنۇ خوتۇن ئۆرە يۇرگەندە خېلى چىرايلىق ئىدى، ھازىر نېمانچە سەت؟ كۆزلىرى كۆكەرگەن، ئەتراپى قورۇق، بۇرنى شىپك دۇبەنىنگكىدەك پاناق، ئاغزى مايماقراقمۇ نېمە؟... بۇنداق خوتۇننى قانداقمۇ باغرىغا باسقىلى، سۆيگىلى بولسۇن؟! تۇنۇگۇنلا بىر قىز بىلەن تەستە ھەپىلىشۇدىم، ھازىر يەنە ئىشتىھا - ھەۋەس بارغۇ - ھە؟ بۇ براندى، قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەر تېزلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتىغۇ؟ چيۇ يۇفاڭنى خۇش قىلايمۇ، ياق، ھېلىقى «مەرۋايىت ئۆيدىكى مەخپىي رېتسېپ» دېگەن كىتابتا قىرىقتىن ئاشقان خوتۇن بىلەن بىر قېتىم بىللە بولساڭ، ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلىق قىز بىلەن ئون قېتىم بىللە بولغاندەك ئېنېرگىيىدىن ئايرىلىسەن. قېرى خوتۇن بىر خىل زەھەر، دەپ يېزىلغان. ھەرگىز قىرىق يەتتە يېشىمدا زەھەرگە ئۆزۈمنى ئۇرمايمەن...

ئۇ ئىككى كىشىلىك لۆم - لۆم كارىۋاتتىن ئاستا چۈشتى. پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ نېرىقى ئۆيگە چىقتى. چيۇ يۇفاڭنىڭ ئون يەتتە ياشلىق كۈتكۈچىسى كرېسلودا قىڭغىيىپ ئۇخلاپ ياتاتتى. شېڭ شىسەي چىراغنى ئۆچۈردى. قىزنى مۇجۇپ تۇتتى. قىز چۆچۈپ ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى، شېڭ شىسەي:

— ۋارقىرىما، مەن تۇتۇق داداڭ! — دېدى. قىز جىم بولدى. قىز ئۇنىڭ دۇمبىلىرىنى سىلاشقا باشلىۋىدى، شېڭ شىسەي:

— تېز يېشىن! — دېدى ۋە كىچىككىنە نازۇك قىزنىڭ نازۇك پۇتلىرىنى قارىشتۇردى...

ئەتىگەنلىكى چيۇ يۇفاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ شېڭ دۇبەنىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ دېرىزىدىن قارىدى، شېڭ شىسەي ئىگى بىنانىڭ ئورمانلىق، گۇللۈك بېغىدا قىلىچىنى ئويىنىتىپ، چاققان - چاققان

سەكرەپ قورال مەشىقى قىلماقتا ئىدى .

— ... ياق ، ئۇنىڭ كۆڭلى يوق ! ... — دېدى چىۋ يۇفاڭ ئېغىر خورسىنىپ ، — شۇنچە دورا ، هاراقلارمۇ تەسىر قىلمىدىمۇ ، يەتمىش ياشلىق بوۋاي بولسىمۇ تىنچ ياتمىغان بولار ئىدى...

ئەتىگەنلىكى شىپڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسى بىرىنچى بولۇپ ئاڭلىغان يېڭى خەۋەر : سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ئەلچىسى ۋانىيۇشكىنىنىڭ جىياڭ جىېشىنىڭ چىشىغا تېگىپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىياڭ جىېشىنى مەنسىتمەيدىغان پوزىتسىيىسى ئىپادىلەنگەن دۆلەت خېتىنى جىياڭ جىېشىغا تاپشۇرغانلىقى بولدى . ستالىن غالىب ، ئۇ جىياڭ جىېشىنى نېمىشقا كۆزگە ئىلاتتى ؟ ! ستالىن غالىب ، ئۇ هازىر ئالتە يېرىم مىليون ئەسكىرى بىلەن گىتلېرنىڭ بەش مىليون ئەسكىرىنى قوغلاپ ياۋروپانىڭ غەربىگە سىلجىماقتا . ژۇكوف پولشاغا كىردى ، ئاز كۈندە گېرمانىيىگە كىرىدۇ ، ئۇ بېرلىنغا ئورغاق ـ بولقا گېربى بار بايرىقىنى قادايدۇ . دۇنيا «ياشىسۇن ستالىن !» دەپ شوئار توۋلايدۇ . دۇنيا ئۇچۇن خۇشاللىق بولغان بۇ ئىش شىڭ دۇبەن ئۈچۈن بىر دەھشەت . ستالىن قولىنى بىرلا شىلتىسا «ك گ ب »نىڭ ئادەملىرى شىڭ شىسەينى بىر دەمدىلا جايلايدۇ . ستالىنغا ياخشى كۆرۈنۈشىنىڭ يولى نېمە ؟ ئەلۋەتتە ، جىياڭ جىېشىغا زەربە بېرىش . «چىڭ دۇڭبەي ئەنزىسى»نىڭ ئىككىنچى قەدىمىنى تېزلىتىش . خۇاڭ رۇجىن باشلىق بىر مىڭ بەش يۈز ئادەمنى قولغا ئېلىپ ھەم گومىنداڭنى ئالداپ ، «بۇلار بولشېۋىكلار ، سوۋېت بىلەن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ، شىڭنى ئاغدۇرۇپ شىنجاڭنى سوۋېتقا بەرمەكچى» دېيىش . يەنە بىر جەھەتتىن ، ئىنتايىن يوشۇرۇن يول بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆزىنىڭ هازىرمۇ ستالىنغا سادىق ئىكەنلىكىنى ، ستالىنىنىڭ مەقسىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن گومىنداڭغا زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك . بىر ئىش بىلەن ئىككى بۆرۈتلۈقنى رازى قىلىش كېرەك . شىڭ شىسەي مانا مۇشۇ خىل ئىشقا ماهىر . تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن

گومىنداڭ تازا قاتتىق سوقۇشىدى ، گومىنداڭ مەغلۇپ بولىدى ، بۇ ئىش شىڭ شىسەيگە پايدىلىق ئىدى . سوۋېت چوقۇم شىڭ شىسەينى ئۆزىگە تارتتى . گومىنداڭ شىڭ شىسەيگە ئاكتىپ ماسلىششىنى ئىلتىماس قىلدى ، سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن ھېچ سادا يوقمۇ ؟ سوۋېت چوقۇم شىڭ شىسەينى ئۆزىگە تارتىدۇ . چۈنكى ، ئۇ گومىنداڭنىڭ يۇرىكىگە قادالغان تىغ . ئۆز ۋاقتىدا بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلىگەن شىڭ شىسەي ھازىر گومىنداڭ شىنجاڭ پىرقىسىنىڭ باشلىقى بولالىدى . ھاياتىدا ئىككى پارتىيىگە ئەزا بولالىغان شىڭ دۇبەن ئەمدى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يەنە بولشېۋىك بولۇشقا تەييار ، ھەتتا زۆرۈر بولسا ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيىسىگىمۇ ئىلتىماس يېزىۋېرىدۇ .

ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ شۆبە كونسۇلخانا قۇرۇپتەك ، خۇاڭ رۇجىن بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ ، بۇ روزۋېلت زۇڭتۇڭنىڭ گومىنداڭ پارتىيىسىنى ئەمەلىي يۆلەشكە ئۆتكەنلىكىنىڭ بىرىنچى قەدىمى ، دەپتەك . گومىنداڭ شىنجاڭدا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقالمايدۇ ، شىڭ شىسەي ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ ، ئامال بولمىغاندا ، ئارمىيىسىگە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ بولسىمۇ ، پۈتۈن شىنجاڭ باندىتلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ گومىنداڭنى قوغلاپ چىقىرىدۇ . گومىنداڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇن يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك باندىتلارنى خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك بىرمۇ بىر ئېلىپ تاشلىيالايدۇ . «ئۇلار خائىن ، تۈركىيە ، ئەنگلىيىگە باغلانغان ، مەقسىتى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇپ جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتمەكچى» دېسەملا سوۋېتمۇ ، يەنە ئەن كوممۇنىستلىرىمۇ ، ھەتتا جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىمۇ مېنى سىياسىي ، ھەربىي جەھەتلەردە قوللايدۇ . ئۆزلىرىنىڭ پىچىقىدا ئۆزلىرىنى ، بىرىنىڭ پىچىقىدا يەنە بىرىنى سويۇش ، مانا بۇ ماھىر سىياسەتچىنىڭ قولىدىنلا كېلىدىغان ئىش . سىياسەت دېگەن مانا مۇشۇنداق ئاددىي نەرسە ، قولۇڭدىكى قورالىڭنى

ئالماشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشۇڭ كېرەك . خۇددى خوتۇنۇڭغا تۇيدۇرماي ئاشنا ئالماشتۇرغاندەك...

ئۇنىڭ ئىشخانىسى خىيال ، پىلان مەيدانى ۋە ماھارەت يېتىلدۇرىدىغان بۆشۈك . مانا ئەتىگەندىلا ئۇنىڭغا ئون نەچچە خىل يېڭى خەۋەر دوكلات قىلىنىدى ، يىگىرمە نەچچە تېلېگرامما تاپشۇرۇلدى . ئۇنىڭ تۇنۇگۇنكى گاڭگىراپ قالغان كاللىسىدا يېڭى پىكىر ، پىلان ۋە تەدبىرلەر پەيدا بولدى .

ئۇ دەرھال تېلېفون بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى ۋاڭ خۇڭساۋنى يېنىغا چاقىردى .

ۋاڭ خۇڭساۋ ئېگىز ، كۆزلىرى يوغان ، كەم سۆز ئادەم دەرھال ئىشىكتە پەيدا بولدى .

— لاۋۋاڭ ، كېلىڭ ، مۇنۇ خېتىمنى دەرھال رۇسچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇڭ . ئاڭلاپ بېقىڭ ، بوپتۇمۇ ؟

ۋاڭ خۇڭساۋ دۇبەنىنىڭ يېنىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇپ ئىنتائەتمەنلىك يىغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى باشلىقىغا تىكتى . شېڭ شىسەي خەتنى ئوقۇدى :

«ھۆرمەتلىك كونسۇل جانابلىرى ، مەن شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شېڭ شىسەي نۇرغۇن ئويلىنىشلار ۋە ئەمەلىي سىلىشتۇرۇشلاردىن كېيىن ستالىنغا ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان ۋاپاسىزلىقىمدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپ ، سەممىيەتسىزلىكىمنىڭ ئېغىر ئازابلىرى بىلەن قاتتىق قىينىلىپ ، ئاخىر مەردلىك بىلەن خاتالىقلىرىمنى تونۇپ ، ئۇلۇغ ماركسىزم ـ لېنىنىزم ھەقىقىتى ئالدىدا تىز پۈكۈش قارارىغا كەلدىم . ياۋروپا ئاسمىنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئازدۇرغۇچى قارا بۇلۇت بىر مەھەل كۆزۈمنى ئېتىۋېلىپ ، مېنى ئۇلۇغ غايىدىن مەھرۇم قىلدى . ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمنىڭمۇ بىخۇدلۇقى ۋە خاتالىقى بولىدۇ . مەسىلەن ، تەڭدىشى يوق دانا ستالىن جانابلىرىمۇ گىتلېرنىڭ شەرتنامىگە قويغان ئىمزاسىغا ئىشىنىپ قېلىپ ئازراق بىخۇدلۇق سەۋەنلىكى ئۆتكۈزگىنىگە ئوخشاش . مەن ئۇچ مەسلەكنى بۈيۈك

بىلىپ ئۇنى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئورنىغا قويۇۋالدىم. مېنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى بۇ سەۋەنلىكىم ۋە خاتالىقلىرىم سىزلەرگە خېلى چوڭ زىيانلارنى سالدى. بۇ زىيانلارنى بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆھپىلىرىم بىلەن تولدۇرۇشقا قەسەم قىلىمەن. مەن شىنجاڭدىن گومىنداڭنى قوغلاپ چىقارماقچى، يېقىندا كەسكىن تەدبىر قوللىنىمەن. شىنجاڭنىڭ مەڭگۈلۈك تەقدىرىنى ئۇلۇغ ئاتىمىز ستالىنغا، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرماقچىمەن. جۇڭگودا مۇنداق بىر داڭلىق سۆز بار: خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئەيىب ئەمەس، ئارقىغا قارىتىپ نەيزە ئۇرۇش قىممەتلىك. مەن نەيزىنى ئارقىغا قاراتتىم. مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ گومىنداڭدىن پاكىز تازىلىنىپ، ستالىن ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىگە مەڭگۈلۈككە تاپشۇرۇلىدۇ. مەن بۇ گەپنى قەسەم مەنىسىدە دېدىم. بۇ مېنىڭ قەسىمىم. مەن سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە قوللاشقا موھتاجمەن. سىلەرنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىمنى ئويلىنىپ كۆرۈپ تېزرەك جاۋاب بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ستالىنغا مەڭگۈ سادىق، سابىق بولشېۋىك شېڭ شىسەي…»

— قانداقراق؟

— ناھايىتى ياخشى، دىپلوماتىك پۇرىقى تولىمۇ قويۇق، بىر يېرىگە…

— ھە ئېيتىڭ، نەرى؟ سىز دېگەن زامانىمىزدىكى جۇگې لياڭ، ئوتتۇز ئالتە تەدبىر، كۈڭزى ـ مېڭزى تەلىماتى، ياۋروپا دىپلوماتىيىسى، تارىخ ۋە دەۋر بىلىملىرىدە يېتىلگەن ئادەمسىز، تارتىنماي دەۋرىڭ!

— مەسىلەن، ستالىننىڭ خاتالىقىغا تىل تەگكۈزمەستىن لېنىنغا تەگكۈزۈپ، شۇنداق ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئۇستازى لېنىنمۇ تروتسكىغا بىخۇدلۇق قىلىش خاتالىقىدىن خالىي بولالمىغىنىدەك… دەپ ئۆزگەرتسەك…

— جايىدا، جايىدا … — دېدى شېڭ شىسەي ئورۇندۇقىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — ناھايىتى ياخشى. ئەمىسە لاۋۋاڭ، بۇ ئىشنى

سىزگە تاپشۇردۇم. تۇزىتىپ تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۆز قولىڭىز بىلەن سوۋېت كونسۇلىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ.

ۋاڭ خۇڭساۋ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ لى يىڭچىغا تېلېفون بىلەن بۇيرۇق بەردى:

— ئىككىنچى قەدەمنى مۇشۇ يېقىندا باشلايمىز، جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا بەر، بىز ئالتايدىكى باندىتلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىشنى باشلىۋەتتۇق!

ئۇ ئۆز دانالىقىدىن تولىمۇ رازى. لېكىن، ۋەھىمىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. «ناۋادا ستالىن تەلىپىمنى رەت قىلسا، جياڭ جيېشى مېنىڭ خۇاڭ رۇجىن، لىن جىيۇڭلار كوممۇنىست دېگىنىمگە ئىشەنمىسىچۇ؟ ستالىنمۇ، جياڭ جيېشىمۇ ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن قارىسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ھە دەپ شىنجاڭغا ئەسكەر يۆتكەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە تەڭ كېلەلمىسەم، يەرلىك باندىتلارمۇ ماڭا ئەگەشمىسىچۇ؟ ئۇلارنى ھازىر سوۋېت قوراللاندۇرۇۋاتىدۇ، بۇ ئۈچ كۈچ مېنى قىسماققا ئالسىچۇ؟...» ئۇنىڭ بەدىنى كۆيۈشكىلى تۇردى. ئۇ چاۋاك چالدى، قېرى خىزمەتچىسى كىردى. ئۇ يان ئۆيگە كىرىپ كىيىسلوغا قىيسايدى، غاڭزىسىنى ئاغزىغا سېلىشقا ئالدىراپ قوللىرى غالىلداپ تىترىدى، خىزمەتچى تۇرۇپكىنىڭ ئۈچىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويدى. ئۇ كۆكۈچ، يۇمشاق، مەززىلىك ئىسنى پورۇقلىتىپ ئىچىگە تارتتى. ئۇ: «پاھ، ستالىن، گىتلېر، روزۋېلت، چېرچىل ھەتتا ماۋ زېدۇڭ، جياڭ جيېشىلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەم. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىمۇ مۇشۇنچىلىك مۇشكۇلمىدۇ؟ ئۆلۈغلارمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. چىڭگىزخان، ناپولېئوندەك ئۇلۇغ غالىبلارمۇ مەغلۇپ بولغان... غەلىبە ئەپيۇندەك ۋاقىتلىق ئارام، مەغلۇبىيەت مەڭگۈلۈكمىدۇ؟... ياق، خوتۇنۇم توغرا ئېيتىدۇ. مەن قېرى ئەمەسمەن، مەن مەغلۇپ بولمايمەن. نېمىشقا يامان تەرەپنى ئويلايمەن؟ كىم شۇ، غەلىبە قازانغاندا مەغلۇبىيەتنى ئويلا دېگەن سەپسەتىنى چىقارغان؟ مەن يېڭىمەن، گومىنداڭنى قوغلاپ

چىقىرىمەن . ستالىننى ، جياڭ جىيېشىنى چوقۇم ئالدىيالايمەن . مەن دېگەن شىلڭ شىمسەي… »

ئۇ خورەك تارتىپ ئۆخلاپ قالدى . ئەمما ، بىر مىنۇتتىن كېيىن چۆچۈپ ئويغاندى .

— ياق ، ياق ! — دېدى ئۇ تاپانچىسىنى غىلاپتىن چىقىرىپ ، — بۇ مۇمكىن ئەمەس !… ئېمىشقا ستالىن بۇركۇت ، جياڭ جىيېشى قاغا ، مەن پاشا بولغۇدەكمەن . ياق ، مەن پاشا ئەمەس ، مەن بۇركۇت !…

## 33

— ياق ئۇكام ، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ، بۇ ئادەمنىڭ كۆرىدىغان كۈنى ئەمەس ، ياتساڭ شىنادەك مىدىرلىيالمايسەن ، قىمىلىۋاتقىنىڭ ئېشەكنىڭ ئىشى ، يەۋاتقىنىڭ ئىتنىڭ ئېشى ، ھاجەتخانا تالىشىپ مۇشتلىشىۋاتقان ، پىت ـ سىركە ، پاسكىنا يەر ، سېسىق ھاۋا ، تىل ـ ئاھانەت ، تاياق ، باغلاق… پاھ ، بۇنداق ماكاننىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغان ، ئاڭلىمىغانمەن . كەڭ ھويلا ، بۈكـكـىـدە باغ ، ياپيېشىل ئېتىز ، سىلىق يورغا ، كۆكۈلۈك مەشرەپ ، ئوغلاق ، خوتۇن ئويناش… ئۇ كۈنلەر چۈشۈمـمۇ ، مۇنۇ كۈنلەر چۈشۈممۇ ؟ ئېمە قىلغىنىمغا ۋەيلۇندا كۆيىمەن ؟ ئۇكام ئەخمەت ، ئۆلـۈۋېلـىش خىيالىمغا كىرىۋالدى ، سەن مېنىڭ قېرىندىشىم ، ئېيتقىنا ، ئاخىرقى ياخشىلىقىڭ شۇ بولۇپ قالسۇن ، ئۆلۈۋېلىشنىڭ يولى قايسى ؟ سىرتماق ، پىچاق ، دەريا ، قۇدۇق ، زەھەر ، ئېگىز بىنا ، تىك يار… بۇ يەردە بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بولمىسا !… تاشقا ئۇسۇپ ئۆلەي دېسەڭ ، بىر دوقمۇشتا يۈز قارانچۇق ! سەن مېنى بوغۇپ قويغىنا ، مەن سەندىن ئىككى دۇنيا رازى بولاي…

مۇختەرباي ھاسىراپ ـ تەرلەپ ، بىر تاغار ئارزاڭغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ، ئۇزۇن كۆسەي بىلەن كۆلدىكى بوتقىنى ئارىلاشتۇرۇۋاتقان

ئەخمەتكە ئـۇزۇپ ـ ئۇزۇپ ، ئارانـلا نەپـەس ئېلـىـپ شـۇلارنى دېدى ـ دە ، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .

— غەيرەت قىل ، ئاكا ، كۆپ بولسا ئىككى ئاي قالدى . بىزگە هـۆرلـۈك بـولـىدۇ . يېقىندا شېڭ شىسەي غۇلايدۇ . ئۇ هازىر ئىگىسىگە يانغان ئىت ، گومىنداڭنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىمەن دەپ ئـۇلارنى غالجىـرلىق بىلەن تۈرمىـگە سېلىۋاتىدۇ . تېخى يەنە تـۇتـۇۋاتـىدۇ ، تۈرمىلەر هازىرقىدىن نەچچە ھەسسە تارلىشىدۇ . كۆردۈڭمۇ ، ئاۋۇ خىتاينىڭ پۇتى سۇنغان ، ئاۋۇنىڭ بىر كۆزىنى ئويۇۋەتكەن ، ئۇلار شۇنداق تۈرۈپمۇ ئىشلەۋاتىدۇ .

— ئۇ دېگەن خىتاي ، ئەخمەت ، ئۇ بەرىبىر دوزىخى !

— ئۇنداق دېمە . ئۇلار ئاۋۋال ئادەم ، ئاندىن قالسا خىتاي . ئادەملىكى بىزگە ئوخشاش . بىر جاللات بىزنى خىتاي ، ئۇيغۇر ، ئورۇس ، قازاق ، شىبە ، موڭغۇل دېمەي بىر جادۇغا باسماقچى . قېنىمىز بىر ئېرىقتا بىللە ئاقىدۇ . ئۇلارنىڭ كۈنى بىزنىڭكىدىن بەتتەر . هېلىقى قارا ساقال خىتاي يوقاپ كەتتى . بىلەمسەن ، ئۇنى تروتسكىچى دەپ يەتتە كۈن قىيىنغان ، ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ ، كۆزىنى ئويۇپ ، تىلىنى كېسىپ ، تىرناقلىرىغا مىخ قېقىپ ، نوگاي بىـلـەن كـەيـنـىـدىن قايـنـاق سۇ قۇيـۇپ دەھشـەتلىك قىيناپ ئۆلتۈرگەن...

— پاھ ، پاھ... شۈكرى قىلسام بولغۇدەك ، ئەخمەت... ئۇ نېمە گۇناھ قىپتىكەن ؟

— شېڭ شىسەينى مازاق قىلىپ شېئىر يازغانىكەن !

— پـاھ ، يـۈرىكى قاپتەك نېمىكىنا ؟ ... بىزنىڭ نۇرىدەك شائىركەن ـ دە ، ھە ؟

— نـۇرىـنـى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەن ، ئەتىۋارلىق بالاڭ ئوخشىمامدۇ ؟

— ياق ، ئۆزۈمنىڭ ئالتە بالام بار . ئۈچى ئوغۇل ، ئۈچى قىـز . نـۇرى... ئـۇ دېگەن بىر نەۋرە ئىنىم زىيەك باخشىنىڭ تۇنجىسى . مېنىڭ ئالتە بالامنى يۇغۇرسا ئۇنىڭ بىر تال تىرنىقى

تىرىلمەيدۇ. ئاجايىپ ئەقىللىق. چىرايى ئانىسىغا، ئەقلى پەيغەمبىرىمىزگە تارتىۋىدىمىكىنتاڭ...

— ئانىسى چىرايلىقمىدى؟

— پەرى ئىدى، ئىنسان بالىسى ئۇنداق چىرايلىق بولمايدۇ.

— هە، مانا ئاشۇلارنى خىيال قىلىپ ياشىساڭ بۇ يەردىمۇ خۇشاللىق تېپىلىدۇ، مۇختەركا. ئىغىر كۆڭگە قالساڭ ئەڭ ياخشى كۆنلىرىڭنى ئەسلە. ئەڭ ياخشى كۆنلىرىڭدە مۇشۇ كۆنلىرىڭنى ئەسلە. خىيال بىلەنمۇ ياخشى تۇرمۇش ياراتقىلى بولىدۇ. مەن جاپانى جىق تارتقان ئادەممەن. سوۋېت – فىنلاندىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقانمەن. ساڭا دەپ بەردىمغۇ هە، ئوق تەگكەن، ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ئۈچ كۈن نىمجان ياتقانمەن. ئۆلۈكلەرنى كۆمىدىغان چاغدا مېنىڭ تىنىقىم بارلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. كاۋكازدا داۋالاندىم، قىرىمدا بولدۇم، ئاخىر مانا بىر كۆزۈم سەل قىسىق بولۇپ ساقايدىم. بەدىنىمدە جاراھەت ئىزى بار، كۆردۈڭغۇ. جاپا – مۇشەققەت ئۆتۈپ كېتىدۇ، هەرگىز ئۆلۈۋالىمەن دېمە. گۈزەل كۆنلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا.

— هاي قېرى! — يىراقتىن قولىدا كالتىكى بار بىرى مۇختەربايغا ۋارقىرىدى، — ئىشلە قېرى، هېلى بىكار ئاۋۇ چاڭگا ساقاللىرىڭنى يۇڭداپ!...

— شۇنداق قىلغىنا، ساقىلىم بولسىمۇ يوقالغاچ تۇرسۇن!

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟!

— بېلىمگە چىم تۇرۇپ قالدى دەيدۇ!

— مېنىڭ كالتىكىم چىمنىڭ دورىسى جۇمۇ قېرى!

— هەي ئاداش، كالتىكىڭنى ئۆز خەلقىڭگە ئىشلىتىشكە قانداق قولۇڭ بارىدۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟ سەن دائىم ئەگرى گەپ قىلىدىغان نېمىكەنسەن، ئۆز خەلقىڭ دېگىنىڭ نېمىسى؟ سەنلەر دېگەن جىنايەتچى!

— هەقىقىي جىنايەتچىنى بىلەلمىدىڭمۇ تېخى، — دېدى

ئەخمەت كۆلۈپ تۇرۇپ، سىلىق سۆزلەپ، — بۇ يەردىكىلەرنىڭ تولىسى سېنىڭ داداڭغا ئوخشاش ئەمگەكچى!

— نېمە، سەن مېنىڭ دادامنى نەدىن بىلىسەن؟

— بىلىمەن. سەن ئەمگەكچىنىڭ بالىسى. باينىڭ بالىلىرى بۇ سېسىق ئورۇندا ئىشلەمدۇ؟

ئۇ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ جىم بولۇپ قالدى. ئەخمەت ئۇنى يەنە گەپكە سالدى:

— بۇ تۈرمىدىن چىقىپ كېتىمىز، جاھان ئۆزۈن، يەنە كۆرۈشۈپ قالىمىز. ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق، يامانلىقىڭغا يامانلىق ياندۇ جۇمۇ. مۇنۇ بوۋاينى سېخقا يۆتكەپ قويساڭ داداڭمۇ خۇش بولۇپ كېتەتتى.

— ھە دېسىلا دادامنى چىشلەيسەن، سەن دادامنى بىلەتتىڭمۇ يا؟

— بىلىمەن، سەن مارالبېشىلىق، راستمۇ؟

— نەدىن بىلدىڭ؟

— پۇتلىرىڭ، ئاۋازىڭ، نوچىلىقىڭ، مانا مەن مارالبېشىدىن دەپ تۇرسا!

— تازا موللا تاپقاق ئوخشىمامسەن، مارالبېشىنى كۆرمىگىلى مانا يەتتە يىل بولدى. ئانامنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىۋېدىمىكىن، گۇندىپايلىق قىلىۋاتىمەن. قاچاي دېسەڭ ئۆلىسەن، ئىشلىمەي دېسەڭمۇ شۇ. گۇندىپاي، ساقچى دېگەنلەرمۇ ئادەم!

ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ ھال ئېيتىشقا باشلىدى:

— سەن راست ئېيتىسەن، بۇ يەرگە كىرگەنلەرنىڭ تولىسى ياخشى ئادەملەر. قولۇمدىن كەلسە ھەممىسىنى قويۇۋەتكۈم كېلىدۇ، چارە يوق. نى ـ نى ئادەملەر ئۆلۈپ كەتتى. ئاۋۇ تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئىچى ئادەم قىينايدىغان جاي — سوراقخانا، سىلەر ئاۋازىنىلا ئاڭلىيالايسىلەر، بىز كۆرىمىز، ئۆلۈكنى ئاچىقىپ ماشىنىغا باسىمىز، ليۇداۋاننىڭ بېرىسىغا كارىزلارغا تاشلاپ

توپلاپ قويىمىز . ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشىدۇ . ئەر كىشىنىڭ جان يېرىنى ئامبۇر بىلەن سوزۇپ ئۇچەيدەك سوغۇرۇۋالغاننىمۇ كۆردۈم . ئىككى تېشىغا ئۇرۇپ ، ئىششىتىپ ، يوغىنىتىپ ، ئاندىن كېيىن بۇقىنى پىچقاندا داغلىغاندەك داغلاپ ، چاتارنى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەننىمۇ كۆردۈم . ھامىنى ئۆلتۈرگەندىكىن ، بىر پاي ئوق بىلەن ئۆلتۈرسە بولمامدۇ دەيمىنا ! باغرى تاش ، مېھىر - شەپقەت دېگەننى بىلمەيدىغان قىزىلكۆزلەر بۇ يەردە خىزمەت قىلىدۇ . مەنمۇ شۇ . ئەمما ، مەن چىدىمايمەن . قېرىلارنى قىيىنسا دادام كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ . دادام ياماقچى ، كەچ كىرگۈچە موكىدەك مىدىرلاپ مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ دىرەج بىلەن يېڭىنىسىگە گەپ قىلىدۇ . سەن ئەخمەت قورقۇمسىز ، مېھرىبان ، گەپدان ئادەمكەنسەن ، تۇرمىدىن ساق چىقالامسەن زادى ؟

— چوقۇم چىقىمەن . ماڭا قىلچە ئەيىب قويالمىدى !

— سوۋېتنىڭ ئىشپىيونى دەيدىغۇ ؟

— پاكىت قېنى ؟

— پاكىت تۆمۈر ئىشكىنىڭ ئىچىدە . ئىككى كۇنلا قىيىنسا پاكىتقا قول قويىسەن . تەييارلاپ قويغان قەغەزگە مەن سوۋېت ئىشپىيونى ئەخمەت دەپ قول قويىسەن !

— قويمىسامچۇ ؟

— ئۆلىسەن شۇ . بۇ يەردە ئادەم دېگەن پىيازنىڭ شۆپىكى . سويۇپ تاشلاۋېرىدۇ . ئاۋۇن ئون بەش - ئون ئالتە ياشلىق باللارنى كۆردۇڭمۇ ؟ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىكەن . «چىن دۇڭبەي ئەنزىسى»نىڭ ئادەملىرىمىش . سوۋېت بىلەن ، كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىپ شېڭ دۇبەننى يوقىتىشنى پىلانلىغانمىش ! چىن دۇڭبەي دېگەننىڭ پۇتلىرى سۇندى ، مىدىرلىغۇدەك ھالى يوق ياتىدۇ ، ئۆلۈپ قالارمىكىن .

— مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرىمۇ ؟

— ھەئە شۇ . يېقىندا تېخى چوڭلىرىنى ئەكىرەرمىش .

— بىز خەقمۇ ، خىتايمۇ ؟

مۇختەربايىنىڭ قىزىقىدىغىنى شۇ ئىدى .
— خىتايلار .
— پاھ ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ تويغىسۇن ئىلاھىم بۇ كاپىرلار !
— بۇ گېپىڭ بولمايدۇ ، مۇختەركا . دېدىمغۇ ، خەنزۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش زۇلۇم تارتىۋاتىدۇ . ئۇلارمۇ ئەركىنلىككە تەشنا !
— بىراق ، ئۇلار دېگەن ھۆكۈمەت ، بىز خەق دېگەن پۇقرادە !
— بۇ بىر تەڭسىزلىك . شىڭ شىسەيلا ئەمەس ، ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېنلارمۇ بىز خەققە ھوقۇق بەرمىگەن . مانا مۇشۇنداق گۇندىپايلىق ، جاللاتلىق ، ئىشپىيونلۇققا ئوخشاش ئەمەللەرنى بەرگەن . شىڭ شىسەي بىر مەھەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە ئۇيغۇر ، قازاق ، تاتار ، ئۆزبېك ، موڭغۇل ، ئورۇس ، باشقا مىللەتلەرنى مۇئاۋىن نازىر ، مۇئاۋىن ۋالىي ، مۇئاۋىن رەئىس قىلغان !
— سوۋېت دېگەن يەردە ، ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنى ئۆزى سورايدۇ دەيدا ؟
— شۇنداق . بىرلەشمە جۇمھۇرىيەت دېگەن شۇ . قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، قىرغىزىستان دېگەندەك رېسپۇبلىكىلارنىڭ كاتتىلىرى ساپلا ئۆز مىللىتىدىن !
— مۇنداق دە ، ئەخمەت ، شۇنداق ياخشى يەردىن بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭ دەيمىنا ؟
— مەن مەشەلىك ، غۇلجا ناھىيىسىدىن ، يۇرتنى سېغىنىپ كەلگەن . يۇرت سېغىنىشمۇ جىنايەتكەن . بۇنى نەدىن بىلەي .
— يۇرتنى ياخشى كۆرۈشمۇ جىنايەت ! — دېدى مۇختەرباي قاتتىق ئۇھ تارتىپ ، — مېنىڭ گۇناھىممۇ شۇ ئانا يۇرتۇمنى ياخشى كۆرگەنلىكىم . چېقىشىپ قاشقالىق دەپ سىرتتىن كەلگەنلەرنى تىللاپ قويىمەن . ئانا يۇرتۇمغا باشقا يەرلىكلەر ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىزى چۈشمىسە دەيمەن - دە ! ھەممە ئادەم تۇغۇلغان يېرىدە ياشىسا ، دۇنيادا جېدەلمۇ ، قىرغىنمۇ بولمىسا دەيمەن . خىتايلار

كۆلىدىن كەلمىسە شىنجاڭغا ماجىرا نەدىن كېلەتتى . يېرىمىزگە كېلىدۇ ـ دە ، يەرنى دەسسەشنى ياراتماي ، بېشىمىزغا دەسسەيدۇ . مۇنداقمۇ نائىنساپ خەق بولىدىكەن .

— ھەممىسى ئەمەس . ھۆكۈمرانلىرى ، شېڭ دۇبەندەكلەر ، قانداق دېدىم ئاداش ؟ ئېتىڭ نېمىدا ؟

— ئېتىم خۇداۋەردى . ئەمما ، ئېتىمنى ئۆزۈممۇ ئۇنتۇپ قالاي دېدىم . مېنى خۇ داباڭ دەيدۇ . يوغان كالتەك دېگىنى بۇ .

— سەن راست يوغان كالتەكما ؟

— ھەئە ، كالتەكمەن .

— ئۆمۈر بويى باشقىلارنىڭ كالتىكى بولۇشقا رازىمۇ سەن ؟

— نېمە دەيدا ، ئانام مېنى ئادەم دەپ تۇغقان ، بىر كۈن كېلىدۇ . مەن مېنى كالتەك قىلىپ قويغانلارنىڭ بېشىغا تېگىمەن !

— يارايسەن ، خۇداۋەردى ، ئىشنى ھازىردىن باشلا ، مۇنۇ مۇختەركامنى بىر ئامال قىلىپ قېلىپقا ئېلىش سېخى ياكى ئوراش سېخىغا يۆتكەپ قوي . ئارزاڭ توشۇپ بېلى چىم بولۇپ قاپتۇ !

— بايىنىڭ بالىسى ئوخشايدۇ بۇ ساقال . بولمىسا توشۇش دېگەننى ناخشا توۋلاپ يۈرۈپ قىلمامدىغان !

لېكىن ، بۇ يەردىكى ئون ئىككى سېخنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش . سوپۇن ياساپ كېرەكسىز قىغقا ئايلانغان ئارزاڭنى تام تۇۋىگە دۆۋىلەپ ، ئېگىز تامدىن سىرتقا تاشلاش ئەمگىكى تېخىمۇ ئېغىر . ئۇ يەردىكىلەر تومۇزدىمۇ ، قەھرىتاندىمۇ سىرتتا ئىشلەيدۇ . ئۇلارنىڭ بەدىنى بەئەينى لايغا ئېغىناپ قوپقان قاۋاننىڭ بەدىنى ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ھورۇن خوتۇنلارنىڭ دەسمىلى ، ئۇلارغا يۈز ـ قول يۇيۇش يوق ، تاماق تالاش يوق ، زادىلا يۇيۇلمايدىغان قاچىلارغا بىر چۆمۈچ قوناق ئۇمىچى چۈشكۈچە ئۇلار تاماققا قاتار تىزىلىپ ئۆچىرەت تۇرۇشۇپ پۇتلىرى غالىلداپ تىترەپ تەقەززا بولۇشىدۇ . ئۇلار بىكاردىنلا بىر ـ بىرى بىلەن لالما ئىتلاردەك تالىشىپ ، بىر ـ بىرىنىڭ پاسكىنا بەدەنلىرىنى چىشلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ مىللىتى ، ياش ـ قېرىلىقى ھەتتا جىنسىنى سىرتىدىن

پەرق قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇلار گويا يامغۇردا قالغان چۈمۈلە ، چۆل ـ قاقاستا قالغان بىلىجان ، ئوتقا چۈشكەن بۆرگە… لېكىن ، ئۇلارمۇ ئادەم . دۇنياغا ئارزۇ ـ ئۈمىد بىلەن يارالغان ئەڭ ئىسىل جان ئىگىسى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئىلىمگە ، ئۇلۇغ ئىشقا بېغىشلىغانلارمۇ بار . لېكىن ، دەھشەتلىك هايات رېئاللىقى ئۇلارنى روھ ، ئارزۇ ۋە ئىرادىدىن مەھرۇم قىلغان . هازىر ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بىرلا — ياشاش . ياشاش ئۈچۈن بىرنېمە يېيىشى ، جېنىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك . ئۇلارنىڭ روھى ئۆلگەن ، تېنى ساق . تەنىنىڭ تەلپى ئۇلارنىڭ غايىسى . ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ئۆلگەن ، كۈچى ساق . شۇ تەندىكى مىدىرلاش كۈچى ئۇلارنىڭ بارلىق دەسمايىسى . شۇ كۈچ بىلەن قورساق ئۈچۈن ، تەننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ . ئۇلار ئۆلۈۋېلىشنى زادىلا ئويلىمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ۋەھىمە شۇ ئۆلۈم . ئۇلار ھەر كۈنى ئۆلگەنلەرنىڭ مىدىرلىمايدىغانلىقىنى كۆرىدۇ . كۈنىگە ئون ئىككى سائەت مىدىرلاش ماھارىتىدىن مەھرۇم بولۇشنى ئۇلار ھەرگىز خالىمايدۇ . ئۇلار هاياتلىق ئۈچۈن كۆرەشكۈچى جان ئىگىلىرى ، تەبىئەتنىڭ خوجىسى بولۇپ يارالغان ئىنسانلار .

تۈرمە ياخشىلارنى قىينايدىغان ۋەيلۇن ، ئۇنىڭ باقىي دۇنيادىكى ۋەيلۇندىن پەرقى شۇ ، باقىي ئالەمدە گۇناھكارلارنىڭ كاتىتىلىرى كۆيىدىغان ۋەيلۇننى تەتۈرسىچە ساپ كۆڭۈللۈك ئادەملەرنىڭ ماكانى قىلىۋالغان !…

ئۇرۇمچىنىڭ ئوتتۇرسىغا — دۆبەن يامۇلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان تاملىرى ئېگىز ، يېنىدىن ئۆتكەنلەر بۇرنىنى تۇتۇپ ئۆتىدىغان چوڭ قورۇ 2 ـ تۈرمە . ئەخمەتجان ئىسىملىك ياش يىگىت غۇلجا تۈرمىسىدىن يۆتكەپ كېلىنىپ مۇشۇ تۈرمىدە قاتتىق سوراق قىلىندى : تاياق يېدى ، ئاچ قالدى ، ئېسىلدى ۋە ئوتقا قاقلاندى . لېكىن ، ئۇ «مەن بىر ئەمگەكچى . ئەمگىكىم بىلەن جان باقاي دەپ ئۇ ياققا بارغان . بۇ ياققىمۇ شۇ مەقسەت بىلەن قايتىپ كەلدىم» دېگەن سۆزدىن باشقا گەپ قىلمىدى . ئاخىر ئۇنى مانا

سوپۇن ياسايدىغان بۇ ئورۇندا ئەمگەككە سالماقتا . بۇ يەرمۇ ئوخشاشلا تۈرمە ، تۈرمىدىكىلەردىن پەرقى بۇلار سوراق قىلىنمايدۇ ، كۈن بويى ئەمگەك قىلىدۇ . مانا ھازىر بۇ يەردە ئىشلىگۈچىلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە ، تاماق كۈندىن - كۈنگە ناچارلاشماقتا . ئەخمەت تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن ، كىشىلەرگە سىلىق ، مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان يىگىت بولغاچقا تېزلا ھۆرمەت تاپتى . ئۇ خەنزۇلاردىن بىكار بولسىلا خەنزۇچە خەت ، گەپ ئۆگەندى ، باشقىلار ئۇخلاۋاتقاندا ئۇ نەدىندۇر كىتابلارنى تېپىۋېلىپ ئوقۇدى ، ھېچ ئىش تاپالمىسا تۈرمىداشلىرىنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئاڭلىدى . ئۇ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان بۇ ئادەملەرگە بىر خىل تەبىئىي ھۆرمەت ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى . مانا ھازىر كېچە ، پەقەت يېنىچە يېتىشقىلا بولىدىغان بۇ كامېردا خورەك ، ناله - پەرياد ۋە جۆيلۈشلەردىن باشقا ئاۋاز يوق . ئۇ خىيال دۇنياسىدا كىملەر بىلەندۇر سۆزلەشمەكتە : «شۇنداق ، ئاز قالدى . شېڭ شىسەي جان تالاشماقتا . بۇ يىل 1944 - يىلى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىلى ، ئاخىرقى ئايلىرى بولۇپ قالغۇسى . گومىنداڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ دۈشمەنلەشكىنى ياخشى بولدى . بۇ بىر ياخشى پۇرسەت ، غۇلجىدا شەرت - شارائىت ھازىرلاندى ، ئىلقا تاغلىرىدا بەلكىم ئالمۇتىدىن قايتىپ كەلگەن يىگىتلەر ئىش باشلىغان بولۇشى مۇمكىن . تۈرمىدىن بۇرۇنراق چىقىشنىڭ يولى بارمىدۇ؟ قېچىشنىڭ ئامالى بولارمۇ؟ ياق ، قېچىش ئۆلۈمگە ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەنلىك . تۈرمىگە كىرگەن گومىنداڭچىلارنىڭ داد - پەريادىغا ماسلىشىش كېرەك . ئۇلار بىگۇناھ كىرگەنلىكىگە قاتتىق غەزەپلەنمەكتە . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوغلانلىرىمۇ تۈرمىدە قۇربان بولدى . ھازىرمۇ كوممۇنىستلار خېلى بار . ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ يولىنى تاپقىلى بولارمۇ؟ ناله - پەرياد ، ئالدىراڭغۇلۇق چارە ئەمەس . شېڭ شىسەي ئادالەت ، ھەقىقەت

توغرىسىدا ئۇرغۇن يالغان گەپ تارقاتتى . مانا شۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك . تۇرمە شېڭ شىسەينىڭ ئىجادىيىتى ، لېكىن ئۇ بۇ جىنايىتىنى گومىنداڭغا ، كوممۇنىستلارغا ، ھەقىقەت تۇغىنى كۆتۈرگەنلەرگە دۆڭگەپ : «شىنجاڭنى خەۋپتىن ساقلاش ئۈچۈن تۈرمىنى كۆپەيتتىم» دېمەكتە . تۈرمە ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ھىمايە قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى . بۇ ئۇنىڭ مەنتىقىسى . بىز تۈرمىدىكى تارتقۇلۇقنىڭ ھەقىقەتكە دەلىل بولالمايدىغانلىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، شېڭ شىسەيدىن «ھەقىقەت ، ئادالەت بار يەردە زۇلۇم ، ناھەقچىلىك بولماسلىقى كېرەك ، گۇناھسىزلارنى قويۇۋېتىڭ ، شۇ چاغدا خەلق سىزگە ئىشىنىدۇ» دېيىشىمىز كېرەك . بۇ گەپنى كىم دەيدۇ ؟ مەن دەيمەن . مەن دېيىشىم كېرەك . ئەلۋەتتە ، پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك...

ئۇ ئۆمىلەپ قوپتى . ئاق كۆڭلەكنى يىرتتى ـ دە ، خىرە يورۇقتا ئىشلەۋاتقان يېرىدىن ئېلىۋالغان بېغىررەڭ بوياق بىلەن ئۇيغۇرچە قىلىپ : «گۇناھسىزلار شېڭ دۇبەننىڭ ئادالەت بايرىقىنى سېغىنىدۇ !» دەپ يازدى ۋە يېنىدا ياتقان چاچلىرى مۇرىسىگە چۈشكەن خەنزۇ مۇئەللىمنى ئاستا نوقۇپ ئويغىتىپ ئۇنىڭغا مەقسىتىنى تەستە ئۇقتۇردى . مۇئەللىمۇ : «شېڭ دۇبەننىڭ ئادالىتىگە بىز تەشنا» دەپ يازدى . ئۇلار بايراقنى تۈرمە ئىشىكىگە ئېسىپ قويدى .

ئەتىگەنلىكى مەھبۇسلار ھويلىغا تىزىلدى . تۈرمە باشلىقى قارا بۇرۇت ، ئېگىز ، ئورۇق ، ئورا كۆز چىشاڭ ئەسكەر ھېلىقى بايراقنى لەپىلدىتىپ :

— كىم يازدى ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

— مەن يازدىم ! — ئەخمەت ئالدىغا چامدىدى .

— خەنزۇچىسىنىچۇ ؟

— ئۇنىمۇ مەن يازدىم !

— ماڭ ، مەن بىلەن !

تۈرمە باشلىقى ئەخمەتنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى . ئۇ

يەردە كۆزەينەك قاداپ، چاسنىچە كىيىنگەن بىر ئادەم ئولتۇراتتى .
— ئىسيان كۆتۈرمەكچىمۇ سەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
— شۇنداق .
— كىمنىڭ ئۈستىدىن ؟
— ناھەقچىلىك ئۈستىدىن .
— كىمنى دىمەكچىسەن ؟
— شىلىڭ دۆبەننىڭ ئادالەت ، ھەقىقەت ، مېھىر - شەپقەت نۇرى ياغىدىغان بايرىقىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن .
— ئۇ دۈشمەن كىم ؟
— شىلىڭ دۆبەن ئۆزى بىلىدۇ !
— مەن سەندىن سوراۋاتىمەن !
— مەن شىلىڭ دۆبەندىن سوراپ بىلىۋېلىپ سىزگە دەپ بېرەي !
— سەن مۇتىھەم !
— دۆبەننى ماختىغان ئادەمنى تىللىسىڭىز ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ ، جانابلىرى ؟
چاسنىچە كىيىنگەن كىشى تۇرمە باشلىقى بىلەن قارىشىۋالدى :
— مەقسىتىڭ نېمە ؟
— بۇ بايراقنى شىلىڭ دۆبەنگە يەتكۈزۈپ بەرسەڭلاركەن .
— سەن ئەينەكچى ئەمەسسەن ، سەن مەدىكار ئەمەسسەن ، سەن زىيالىي ، سەن بولشېۋىك !
— شىلىڭ دۆبەن پاكىتسىز ئەيىبلەشكە قارشى !
— ساۋاتلىق بولمىساڭ بۇ خەتنى قانداق يازدىڭ ؟
— ساۋاتسىز مەن دىمىدىم . ساۋاتلىق بولۇش جىنايەت ئەمەس ، شىلىڭ دۆبەن ساۋاتسىزلىققا قارشى !
— سەن ھە دېسىلا دۆبەننى چىشلىمە ، سەن مەھبۇسلارنى قۇتراتتىڭ ، بۇ راستتۇ ؟
— ياق ، گۇناھسىزلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم . بۇ قۇتراتقۇلۇق ئەمەس ، ھەققانىيەت ئۈچۈن گەپ قىلىش دۆبەننى قوللىغانلىق . ئۇ كىشى يېقىندىلا ئادالەت ، پاكلىق ، سەمىمىيلىك

توغرىسىدا سۆزلىدىغۇ !

— سەن بۇگۈندىن باشلاپ سىياسىي جىنايەتچىلەر بىلەن بىللە تۇرىسەن . سەن گۇمانلىق سىياسىي جىنايەتچى !

— يىگىرمە بىر قېتىم سوراق قىلىندىم . ماڭا سوراقچىلار پاكىت قويۇپ بېرەلمىدى . مەن بىر ئەمگەكچى ، ئەمگەك قىلىش جىنايەت ئەمەس !

شۇ كۈنى ئەخمەتنىڭ كامېرى يۆتكەلدى . ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە سوراق قىلىندى . بۇ قېتىم سوراق قىلغۇچىلار سىلىق ، خېلى يوللۇق ئىدى :

— سەن ئەمگەكچىمەن دەيسەن ، بۇنى قانداق ئىسپاتلايسەن ؟

— ھەممە گۇندىپايلار گۇۋاھ ، مەن ئىشنىڭ ئېغىرىنى قىلدىم . بىر قېتىممۇ داد دېمىدىم . ئەمگەكچىلەرلا شۇنداق قىلالايدۇ !

— سەن رۇسچە بىلىدىكەنسەن ، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن ؟

— سوۋېتتا ئون نەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ يۈردۈم . تۇرمۇش ماڭا ئۆگەتتى .

— سەن سوۋېتتا ئوقۇغانمۇ ؟

— ياق !

— ئەسكەر بولغانمۇ ؟

— ياق .

— بولشېۋىك بولغانمۇ ؟

— سەرگەردانغى قوبۇل قىلمايدۇ . مەن ئويلاپمۇ قويمىدىم .

— تۈرمىدىن چىقساڭ نېمە ئىش قىلىسەن ؟

— ئېيىنەكچىلىك ، ياماقچىلىق ، تامچىلىق قىلىمەن ، كېسەك قۇيىمەن !

— ساڭا ۋەزىپە تاپشۇرىمىز ، چوقۇم قىلىسەن !

— خوپ ، قىلاي !

— سەن غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز - ھەرىكەتلەردىن خەۋەر تاپساڭ ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە دوكلات قىلىپ تۇرسەن .
— بولىدۇ . خەۋەر تاپمىسامچۇ ؟
— چوقۇم تاپىسەن ، شۇنداقلارغا ئارىلىشىسەن !
— بولىدۇ ، مەن قىلالايمەن !
— سەن پاتىخنى تونۇمسەن ؟
— ياق .
— غېنى ئوغرىنىچۇ ؟
— ئاڭلىغان ، تونۇمايمەن .
— ئۇ تونۇگۈن ئۇرۇمچىدىن — تۇرمىدىن قېچىپ كەتتى ، بىلەمسەن ؟
— ياق ، ئۇنىڭ تۇرمىگە كىرىپ قالغىنىنىمۇ ئاڭلىمىغان !
— هازىر ئىلىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن يېرىدە ، سۇيدۇڭنىڭ سار بۇلاق دېگەن يېرىدە ، سايرام كۆلى بويلىرىدا ، غۇلجا شەھىرىدە قوراللىق باندىتلار پەيدا بولدى . ئۇلارنى غۇلجىدىكى بايلارمۇ قوللىماقتا . سەن مانا مۇشۇنداقلارنىڭ ئارىسىغا كىر ، بىزگە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يەتكۈز !
— بولىدۇ ، قىلالايمەن !
«غېنى ئوغرى ئۇرۇمچى تۇرمىسىدىن قاچتى» دېگەن سۆز ئۇنى هەيران قالدۇردى . مۇختەربايىنىڭ ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدىغان بۇ باتۇر قاچان قولغا ئېلىنغان ، قانداق قاچقاندۇ ؟ ئەخمەتمۇ قېچىشنى ئويلىغان . لېكىن ، كۆزى يەتمىگەن . غېنى مۇشۇ ئېگىز تامغا يامىشىپ چىقىپ قاچقانمىدۇ ياكى سادىر پالۋاننى دوراپ تام تەشكەنمىدۇ ؟...
ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى . تۇرمە ئىچى شۇنچىلىك ئىسسىپ ـ سېسىپ كەتتىكى ، دەم ئېلىشقا ئىمكان قالمىدى . نەچچە قېرىلار ئىسسىققا چىديالماي هاسىراپ ـ بوغۇلۇپ هوشىنى يوقاتتى . ئۇلارنى ئاچىقىپ كەتتى .
تۇيۇقسىز تۇرمىگە يەنە ئادەم توشۇپ كەتتى . 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا شىڭ شىسەي چوڭ تۇتقۇننى باشلاپ ، خۇاڭ رۇجىن باشلىق

بىر مىڭ بەش يۈز گومىنداڭچىنى بىراقلا قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. كېيىنچە، ئەخمەت بۇنى ھېلىقى خەت يېزىپ بەرگەن ئۈزۈن چاچ مۇئەللىمدىن ئاڭلىدى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىڭ شىسەي لى يىڭچىغا ھەربكەتكە ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى.

1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېچىدە لى يىڭچىنىڭ قارا پىكاپى ئۆلكىلىك پىرقە ئەزالىرىنىڭ ياتىقى بار، نۇرباغدىكى چيۇ زۇڭجۈننىڭ قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ «دۇبەن سىلەرنى جىددىي يىغىنغا چاقىرىدۇ» دېگەن تەكلىپ بىلەن خۇاڭ رۇجىن، جاڭ جىچى، تۇڭ شىچۈەنگە ئوخشاش مۇھىم ئادەملەرنى ئېلىپ چىقىپ ئۆتتۈر 2 - تۈرمىگە ئاپاردى. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇھىم ئادەملەردىن لى شاڭيۇ، ۋاڭ زۇخۇي، خۇاڭ يەنفۇ، چىڭ تاۋ، خۇ خەنچى، خۇ خۇەنشەن، چىڭ يۇڭلىڭ... قاتارلىقلارنى، مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكىنىڭ يېتەكچىسىنى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ۋە شىڭ دۇبەن ئارمىيىسى، ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ يۈز نەپەر غول ئۇنسۇرنى، ھەرقايسى تارماقلىرىدىن بولۇپ بىر مىڭ بەش يۈز ئادەمنى بىراقلا قولغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىغانلىقىنى ئەخمەت يەنە شۇ ئۈزۈن چاچ مۇئەللىمدىن ئاڭلىدى.

مانا ئەمدى كامېردا قىرىق - ئەللىكتىن ئادەم ياتىدىغان بولدى. يېتىش نەدە، بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشىدىغان بولدى.

— ئەخمەت، ئەمدى كۈن يوق بولدى. ئاناڭنى، بۇ خىتايلار نېمىشقا خىتايلىرىنى تۈرمىگە سالىدىغاندۇ - ھە؟ بىزدىن تۈرمىنىمۇ تالىشامدۇ نېمە بۇ خەق!

— چىدىغىن، مۇختەر ئاكا، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىز چوقۇم تۈرمىدىن چىقىمىز!

— سەن نەدىن بىلىسەن؟

— ئۈزۈن چاچ ئەپەندى گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئادىمىكەن.

ئـۇلار ئىقرارنامىگە قول قويۇپتۇ ، ئىقرارنامىگە : خۇاڭ رۇجىن بىزنى سوۋېت بىلەن ، جۇ ئېنلەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، شىڭ دۇبەننى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىگەن دەپ يېزىلغانىكەن .

— پاھ ، جۇ ئېنلەي دېگەن كىم ئۇ ؟

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر رەھبىرى .

— ئۇلار ياخشىمۇ ؟

— ئـۇلار بـىـزنـىڭ دوستىمىز . ئۇلارمۇ شىڭ شىسەينىڭ دۈشمىنى ئەمەسمۇ .

— مۇنداق دېگىن ، بۇ خىتاينىڭمۇ تۈزۈكلىرى بار دېگىنە .

— بىزنىڭمۇ ئەسكىلىرىمىز بارغۇ .

— ئابدۇمەردەك قارا يۈزلەر بار راست !

— شـۇنـداق . بـىر مىللەتنىڭ دۈشمىنى يەنە بىر مىللەت ئـەمـەس . شـۇ مـىـلـلـەتنىڭ ئىچىدىكى ئەزگۈچىلەر بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچىدىكى ئەزگۈچىلەر بىر ئائىلە ، ئېزىلگۈچىلەر بىر ئائىلە .

— مەن نېمە ؟ ئەزگۈچىمۇ ، ئېزىلگۈچىمۇ ؟

— سەن بۇرۇن ئەزگۈچى ئىدىڭ . نەچچە مالىيىم بار ئىدى ، دېھقان بولغىنىم بىلەن ئىش قىلمايتتىم ، دېدىڭغۇ .

— شۇ ، شۇنداق ، هازىرچۇ ؟

— هازىر ئېزىلگۈچىسەن . بىز بىللە ئېزىلىۋاتىمىز . قارا ، ئاۋۇ خىتايلارمۇ بىللە ئېزىلىۋاتىدۇ .

— ئـابـدۇمـــەر شىڭ شـىـسەي بـىـلەن بـىـللە بولۇۋېلـىـپ ئېزىۋاتىدۇ ـ دە !

تـۇرمـىـنىڭ ئېگىز تاملىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بۇ مەھبۇسلارغا كۆرسەتمەيدۇ ـ دە . ئۇلار مانا قاراڭغۇ ، زەي كـامېردا ، تىنماي ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتـۈپ ، ئـۇسساپ چاكىلداپ ، قۇرۇغان لەۋلىرىنى تامشىپ ، دۈمبىلـىـرىنى زەي تامغا چاپلاپ ، تەستە گـەپ قىلىپ ، ھەممىنى

تـىـلـلاپ ، چـارچاش ، چاڭقاش ، ئىچىرقاش ۋە بەدەن ـ بەدىنى قىچىشىشقا ئوخشاش ئىنسان ئازابلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەدەنلىرىگە توپلاپ ناله ـ پەرياد بىلەن ئولتۇرۇشقاندا ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ، ئـۆيـلـەردە ، ئـىدارىلەردە ئاجايىپ يېڭىلىقلار توغرىسىدا گەپلەر بولماقتا :

— ئىككى كۈن ئىچىدە شۇنچە ئادەم تۇتۇلدى . گومىنداڭنىڭ بىر مىڭ بەش يۈز ئادىمىنى تۈرمىگە سالدى . شېڭ شىسەينىڭ يۈرىكى قاپكەن !

— جـياڭ جيېشى ئەمدى ھۇجۇم باشلايدۇ . ئۈرۈمچى ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدىغان بولدى !

8 ـ ئايـنـىـڭ 12 ـ كۈنى دۈبەن مەھكىـمـىسـىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋاڭ خۇڭشاۋ شېڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن يازغان خـەتـنى ئېلىپ ، مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لو جيالۇن بىلەن كۆرۈشتى . لو جيالۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، كۆزىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان شالاڭ چاچلىرىمۇ تىترەپ كەتتى :

— مەن ، مەن··· مەن !···

— خـەتـنـىـڭ مـۇنـۇ يـېـرىـنـى ئـوقۇسىلا ، بىر تۈركۈم گـومـىـنـداڭـچىلار ئىچىدىكى كوممۇنىستلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، شـىـنجاڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان ! مانا بۇ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىسىملىكى ! بۇ ئىش مۇپەتتىش تارماقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ، بۇ چوڭ ئەنزىنى ۋە ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنى ئەنگە ئېلىشىڭىز كېرەك . بۇ شېڭ دۈبەننىڭ پىكرى !

— بۇ··· بۇ ، بو··· بولىدۇ . ئەلۋەتتە !

شۇ كۈنى كېچىدە شېڭ شىسەي ئالدىن تەييارلانغان مەزمۇن بويىچە بۇ ئىشنى تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ : «خۇاڭ رۇجىن ، لىن جـىـيۇڭ بۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ باشلىقى . ئۇلار كوممۇنىستلار ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يەرلىك قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، 1944 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىپ ، توپىلاڭ كـۆتـۈرۈپ شـىـنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى .

باشلىقى خۇاڭ رۇجىن بىلەن لىن جىيۇڭمۇ كوممۇنىست. دىپلوماتىيە خادىمى دېڭ ۋېي سوۋېت بىلەن ئالاقىلىشىشكە جاڭ جىنچى تەشكىلىي پىلانغا، تۇڭ شىچۇەن تەشۋىقاتقا، چى خۇا ئىقتىسادقا مەسئۇل بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى، يولىيورۇق بېرىشىڭىزنى كۈتىمەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن جياڭ جىيېشىغا تېلېگراممىا يوللىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ تېلېگراممىا چۇڭچىڭغا — جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ قولىغا تەگدى. جياڭ جىيېشى ئاۋۋال بۇ ئىشنى خوتۇنى سۇڭ مېيلىڭغا مەلۇم قىلدى:

— قارا قورساق، قارا نىيەت شېڭ شىسەي سىزدىن يۈز ئۆرۈپتۇ - دە. خۇاڭ رۇجىن ئۇنداق ئادەم ئەمەس. ئۇ گومىنداڭنىڭ سادىق خادىمى. سىزگە سادىق ئادەم.

— مەنمۇ ئىشەنمەيمەن.

— قاتتىق ۋاستە قوللىنىدىغان چاغ كەلدى. بىر تەرەپتىن ستالىنغا ھەيۋە قىلمىساق بولمايدۇ. ھاۋا ئارمىيىسىنى تۇيۇقسىز ئىشقا سالايلى!

— ياق... يەنىلا يۇمشاق ۋاستە زۆرۈر. جۇ شاۋلياڭ بىلەن شۇي ئېنزىڭنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقايلى، يۇمشىقى كارغا كەلمىسە، ئۇ چاغدا ئامالسىز ھەربىي كۈچكە تايىنىمىز.

— بۇمۇ توغرا. ئۇ سىرت بىلەن بولىدىغان پۈتۈن ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، پەيلى يامان، بەلكىم سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— كونا ئۇسۇلىنى تاللىغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن!

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇ شاۋلياڭ بىلەن شۇي ئېنزىڭ لەنجۇدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي گۈلزارلىقىغا چۈشتى. جياڭ جىيېشى ئىشەنگەن ئەنزىڭە جۇ شاۋلياڭ — 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى، جۇنتۇڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنىڭ سەزگۈر بىر مەسئۇلى شۇي ئېنزىڭلار قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟! لېكىن، ئۇلار

شىڭ شىسەي بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئالدىغا قويۇلغان دېلو پاكىتلىرىدىن زادىلا يوچۇق تاپالمىدى . بىر جاڭ جىچىدىن باشقىلار ئىقرار قىلىپ ئۆز قىلمىشلىرىغا ئىمزا قويغان . پاكىتلاردا زادىلا يوچۇق يوق ئىدى .

جۇ شاۋلياڭ قاتتىق ئازابلاندى ، ئۇ كېچىلەرنى ئۆي ئىچىدە توختىماي مېڭىپ ئۆتكۈزدى . ئۇ ۋېيپۇنجاڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ، شىنجاڭغا قوش كىشىلىك — ھەم شىنجاڭدا ، ھەم بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىدا ئايلىق ئېلىش ، بىر يىلدىن كېيىن يەنە يېرىم يىللىق ئايلىق قوشۇپ بېرىشكە ئوخشاش رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى بىلەن سەپەرۋەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئەڭ سادىق ، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ بۇ خىل جىنايەت بىلەن قارىلىنىشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى ، لېكىن پاكىتلارنى يوققا چىقىرىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى .

ئۇ بۇ پاكىتلارغا قول قويۇشقا مەجبۇر قىلىنغان خۇاڭ رۇجىننىڭ تاياق يەپ پۈتى سۇنغانلىقى ، لىن جىيۇڭنىڭ بارمىقى ئۈزۈلگەنلىكى ، لى بوياغا تۆمۈر قالپاق كىيدۈرۈلگەنلىكى ، ئۇلارنىڭ قاتتىق قىينالغانلىقى ، ھايات قېلىش ئۈچۈنلا ئامالسىزلىقتىن ئالدىن تەييارلانغان ئىقرارنامىگە ئىمزا قويغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن ؟ ! شۇي ئېنزېڭ — شۇ خىل ئىشنىڭ كامىل ئەھلىلا بۇنى ھېس قىلدى .

ئۇلار ئاخىر شىڭ دۇبەننىڭ «شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىگە كېپىللىك قىلىش ئۈچۈنلا ۋەتەن دۈشمەنلىرىگە قاتتىق قول بولدۇم» دېگەن مەزمۇندىكى خېتى بىلەن بىر مىڭ بەش يۈز كىشىنىڭ «جىنايەت پاكىتلىرى»نى ئېلىپ چۇڭچىڭغا قايتتى . لېكىن ، شىڭ شىسەي دەككە - دۈككىدە ، غەم - ئەندىشىدە قالدى . ئۇ ئۆزىنى چەكسىز يېتىم ، بىچارە ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ستالىنغا ھەم غەزىپى كەلدى ، ھەم ھەسەتخورلۇقى كۆچەيدى . «مېنىڭ تەقدىرىم شۇنىڭ قولىدىكەن ، ئۇنىڭ بۇرۇنتىغا قاراپ ياشايدىغان ئادەم ئىكەنمەن . مەن نېمانچە ئەرزىمەس ئادەم» دەپ ئويلىدى ئۇ .

دېكابىر ئاخىرىدىن 1944 ـ يىلى يانۋار بولغان ئاجايىپ چوڭ ئىشلار
ستالىننىڭ دۇنياۋى ئابرۇيىنى تېخىمۇ كۆتۈرگەنىدى .
1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ، ئۇكرائىنا 2 ـ ۋە 3 ـ يۆنىلىش ئارمىيىلىرى زور ئوپېراتسىيىلەرنى ئېلىپ بېرىپ گىتلېرنىڭ يىگىرمە ئىككى دىۋىزىيە ئەسكىرىنى ، رۇمىنىيە قورچاق ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ ، رۇمىنىيە ئانتونېسكۇ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ ، بۇخارىستىنى ئازاد قىلىپ يېڭى ھاكىمىيەت قۇردى .
ستالىن بېلوروسسىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىپ ، يەتتە كۈن ئىچىدىلا بەش يۈز قىرىق مىڭ كىشىلىك گېرمانىيە ئارمىيىسىنى يوقىتىپ ، غەربكە بەش ـ ئالتە يۈز كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ ، پۈتۈن بېلوروسسىيىنى ۋە لىتۋانىڭ بىر قىسمىنى ئازاد قىلدى .
1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى فرانسىيە تۇپرىقىدا — نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ ياۋروپا ئىككىنچى ئۇرۇش مەيدانىنى ئاچتى . بۇ ئىش ستالىننىڭ غەلىبىسىگە زور مەدەت بولدى .
1944 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى تۇنجى «موسكۋانى قوغدىغۇچى» ئوردېنىنى دۆلەت مۇداپىئەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى ، ئالىي قوماندان ، سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېراللىسمۇسى ستالىنغا تەقدىم قىلدى .
1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى «غالىبىيەت» ئوردېنىنى سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېراللىسمۇسى ستالىنغا تەقدىم قىلدى .
پۈتۈن دۇنيادىكى گېزىت ـ رادىئولار ستالىننىڭ موسكۋانى قوغداش ، سوۋېت ئارمىيىسى ۋە خەلقىنى ھۇجۇمغا تەشكىللەش ، گېرمانىيە فاشىستلىرىنى تارمار قىلىش جەڭلىرىگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە تۆھپىلىرىنى سۆزلىمەكتە . ستالىن بىر ئۇلۇغ دۇنياۋى شەخسكە ئايلاندى . ئۇ ھازىر جىياڭ جيېشىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلماقتا . سوۋېت

كونسۇلىمۇ شىڭ شىسەي نېمىتى!... دېگەندەك ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. مۇرەسسەگە قەتئىي كۆنمىدى. شىڭ شىسەي ئالاقزادە بولدى. ئۇ ستالىنغا ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ يۇرگەنلىرىدە، ستالىندىن ئۆزىنى كەم ئەمەس، شارائىتىم ناچار دېگەن خۇلاسىگە كېلەتتى. مانا هازىر 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە ئۇ ستالىننىڭ بۇركۇت، ئۆزىنىڭ پاشا ئىكەنلىكىگە ئىقرار بولدى. لېكىن، ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ ستالىنغان بولغان غەزىپىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. بولۇپمۇ يېقىندا، يەنى ئىككى كۈن بۇرۇن (8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) ۋاشىنگتوننىڭ بىقىنىدىكى دونبادۇن كاۋچۇكزارلىقى يىغىنىدا قۇرۇلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بېكىتكەندە، جۇڭگونىڭ تۆت كۈچلۈك دۆلەتنىڭ بىرى بولۇشىنى ستالىن رەت قىلىۋىدى، روزۋېلت بىلەن چېرچىل ستالىننىڭ رايىغا باقتى. 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا موسكۋادا ئېچىلغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىدا، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىغانىدى، بۇ قېتىم ستالىن يەنە قوشۇلمىدى. بۇ ئىش جياڭ جيېشىغا زەربە بولدى. مانا ستالىن شىڭ شىسەيگىمۇ زەربە بەردى. ئۇنىڭ تىزلىنىپ يالۋۇرۇشىغىمۇ پىسەنت قىلمىدى. شىڭ ئەمدى جياڭ جيېشى بىلەن ئېلىشىشقىمۇ، ستالىن بىلەن ئېلىشىشقىمۇ ئىلاجسىز. جياڭ جيېشى بىلەن قوراللىق ئېلىشاي دېسە، گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى گېنېراللىرىدىن گۇمانلىنىپ ئۇلارنى تۈرمىگە سېلىپ بولغاچقا، هازىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ساقچىلىرى ئادەم تۇتۇشقا، قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا يارىغىنى بىلەن ئۇرۇشقا يارىمايدۇ. ئۇ جياڭ جيېشى بىلەن قوراللىق ئېلىشىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ، مەغلۇبىيەت كۆرۈنۈپلا تۇرماقتا. جۇشاۋلياڭ چۈشكۈنگە كەتتى. جياڭ جيېشى نېمە دەركىن؟...

... شىڭ شىسەي ئەسەبىيلىشىپ ئەپيۇن تارتماقتا. ئۇ

ھېچكىمنى ئىشخانىسىغا كىرگۈزمەي ئەسەبىيلىك بىلەن ھەممىنى تىللىماقتا، ھەتتا خوتۇنى، ئىنىسى، سۆيۈملۈك چوڭ قىزىمۇ ئۇنىڭغا يات، دۈشمەن بولۇپ كۆرۈنمەكتە. دۇنيادا ئۇنى قوللايدىغان، ئۇنى چۈشىنىدىغان ئادەم قالمىغان، ھەممىلا يېقىنلىرى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلماقتا، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان. ئۇنى بۇ كۈنگە قويغان ستالىن، ئاشۇ رەھىمسىز گرۇزىن. ئۇ بىر كىچىككىنە مىللەت، ھېچقانچە ئوقۇمىغان، بىر موزدۇزنىڭ بالىسى، تىبلىستىكى مۇناستىرلار ئوتتۇرا مەكتىپى ئۇنىڭ بارلىق دەسمايىسى. شىڭ دۇبەن ياپونىيىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن. پۈتۈن تۆت يۈز مىليون جۇڭگولۇقتىن ئارانلا ئۈچ يىگىت بۇ ئىشنى قىلالىغان. ستالىن نېمىدى؟! ئۇ ماركسنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ماقالە يېزىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ لېنىنغا ياراپ قالغان. باكۇدا تۈرمىگە كىرگەن، سۈرگۈن قىلىنغان. نىكولاي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي نېمىشقا سۈرگۈن قىلغان ـ ھە، مەن نىكولاينىڭ ئورنىدا بولسام ئۈچ قېتىم ئۆلتۈرگەن بولاتتىم. كەلگۈسىدە كىشىلەرگە، بولۇپمۇ شىڭ شىسەيدەك ئۇلۇغ ئادەم بولۇشقا بەل باغلىغان ئادەمگە زىيان سالىدىغان گرۇزىن بالىسىنى ھەرگىز تىرىك قويمايتتىم... دۇنيادا ھوقۇق، ھاكىمىيەتنى زايە قىلىۋېتىدىغان نىكولايدەك دۆلەتلەر كۆپ بولغاچقا، يالاڭتۆشلەردىن كاتتىلار چىقماقتا. گىتلېرمۇ بىر ھارامدىن بولغان يالاڭتۆش، ستالىنمۇ بىر يېتىمەك. شىڭ شىسەي كاتتا زېمىندارنىڭ بالىسى. كەيىۋەندە شىڭ ئائىلىسىنى كىم بىلمەيدۇ. ھازىر پۈتۈن جۇڭگو بىلىدۇ. پۈتۈن دۇنيا بىلىشى كېرەك ئىدى. ستالىن بولمىغان بولسا چوقۇم شۇنداق بولاتتى... يوقالسۇن ستالىن...!

ئۇ ستالىننىڭ رەسىمىنى ئېلىپ ئۇزاق قارىدى ۋە يەرگە تاشلاپ دەسسىدى... شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى غالىب ھېسابلىدى، ئۆزىنىڭ ھوقۇقدار ئىكەنلىكى يەنە يادىغا كەلدى. ئۇ لى يىڭچىغا تېلېفوندا بۇيرۇق بەردى:

— ساڭا ئاخىرقى بۇيرۇق : ئۆلكە خەزىنىسىدىكى ئالتۇنلارنى يېڭى بىنانىڭ ئىسكىلاتىغا ئېلىپ كېلىپ يېچەتلىۋەت . بارلىق سىر بىلىدىغان تۇرمە خادىملىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەت . مەيلى ، ئەڭ ياخشىسى هاراققا زەھەر سېلىپ... سەن شېڭ شىجى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، 2 - تۇرمىنى قورشاپ بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ ماڭا ئەكەل !

— دۇبەن جانابلىرى ، بۇ ، بۇ...

— سورىما ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىل . بارلىق مەخپىي هۆججەت ، ئارخىپلارنى بۈگۈندىن قالدۇرماي كۆيدۈرۈۋەت !

— بىلدىم ، دۇبەن جانابلىرى !

ئەتىسى 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مەركىزىي ئاگېنتلىق شېڭ شىسەينىڭ مەركەز تەرىپىدىن دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى ، جۇ شاۋلياڭنىڭ ۋاقىتىنچە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى . شېڭ شىسەي «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باشلىقىغا : «مېنىڭ رۇخسىتىمسىز بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنمىسۇن» دەپ بۇيرۇق بەردى .

— دېمەك ، جياڭ جيېشى ماڭا ئىشەنمەپتۇ - دە . مېنى يۇمشاق ۋاستە بىلەن شىنجاڭدىن ئەكەتمەكچى بوپتۇ - دە... قولۇڭدىن كەلسە ستالىننى جايلاپ باقە ، ئۆلگۈر تاز ! — ئاندىن ئۇ ئايالى چيۈيۇفاڭغا تەسەللى بەردى ، — يىغلىماڭ ، مېنىڭ تەختتىن — خان تاجىدىن ۋاز كەچكۈم بارما ؟ ئامال قالمىدى . ستالىن تەلىپىمنى رەت قىلدى . قورallıق تىركىشىشكە كۈچ يوق . بۇ قۇرۇق مەنسەپكە رازى بولماي نە چارە . جياڭ جيېشىغا نىمىلا بولمىسۇن ، مېنىڭ شىنجاڭنى رۇسلارغىمۇ ، يەرلىك ئۇيغۇرلارغىمۇ ، ئەنگلىيە ، ياپونىيىگىمۇ بەرمەستىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ بەرگىنىم چوڭ تۆھپەم . سىزگە ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرلىقى بۇنىڭدىن كېيىن يوق . ئالتۇنلىرىڭىزمۇ ئەمدى كۆپەيمەيدۇ . بوۋاي لەنجۇدىكى هېلىقى كاتتا جايغا كۆچۈپ بارسۇن ،

لى يىڭچى ، شىڭ شىجىلار بىز بىلەن بىللە كېتىدۇ . ئىككىمىز كېتىشتىن بۇرۇن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە خوشلىشىش خېتى يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلايلى . قىزىمىز قەلىمىنى ئىشقا سالسۇن . فۇلىن ، ۋاڭ خۇڭساۋ ، لى يىڭچى ، چيۇ يۇشيۇڭلار مال ـ دۇنياسىنى قويىماي يۆتكىۋالسۇن . ئۇن كۇنگىچە ، سېنتەبىرنىڭ ئونلىرىدىن بۇرۇن بىر تال چوكىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كەتكۇچە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداشقا ساقچى ، ھەربىي قىسىملارغا ئاخىرقى بۇيرۇقۇمنى بېرىمەن !

شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى . بىرىنچى بولۇپ تۈرمىدىكى گومىنداڭچىلار قويۇپ بېرىلدى . ئۇلار بىللە ئەخمەت ، مۇختەربايلارمۇ تۈرمىدىن چىقتى .

كىيىملىرى مايلاشقان ، ئىنتايىن پاسكىنا ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسكەن ، ئارانلا جېنى قالغان ئىككى ئۇيغۇر تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئون قەدەمچە ئىتتىك ماڭدى ، مۇختەرباي كەينىگە بۇرۇلۇپ تۈرمىگە قارىدى . تۆمۈر دەرۋازا ھىم يېپىلغان . دەرۋازا ئالدىدىكى ئالتە شوئارلىق بايراق ئەتراپىدا قوراللىق ئەسكەرلەر يۈرەتتى . تۈرمىنىڭ ئېگىز تاملىرى ئۈستىگە تىكەنلىك سىم تارتىلغان ، دەرۋازا ئۈستىدىكى پوتەي — قاراۋۇلخانىدا بىر ئەسكەر قورالىنى چىڭ تۇتۇپ تىك تۇراتتى .

— پاھ ، غېنى بۇ تاملاردىن قانداق قاچقاندۇر ـ ھە ؟ ئۇ راستتىنلا باتۇر !

— ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئەمدى ئىشلەيدۇ ، مۇختەركا ، — دېدى ئەخمەت تىرەك قويۇلغان زەي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، — ماڭغۇدەك ماغدۇر قالماپتۇ . يەنە بىر ھەپتە ياتقان بولساق ئۆلۈپ كېتەتتۇق !

— پاھ ، قارا مۇنۇ پىتلارنى ، تۈرمىدىن چىققىنىمغا خاپىمۇ نېمە ، ھەدەپ چاققىلى تۇردىغۇ !

— ھېلىقى خۇاڭ رۇجىن دېگەن ئادەمنىڭ پۈتىنى تاڭدىم ئەمەسمۇ ، ئۇ چوقۇم بىزنىڭكىگە كېلىڭلار ، دېگەن . ئۇنىڭ ياتىقى

نۇرباغ دېگەن يەردىكەن ، شۇ يەرگە بېرىپ ئۇرۇمچى ئۆستىڭىدە بىر كۈن يۈيۈنۈپ ، مۇنۇ پىتلار بىلەن خوشلىشىۋالايلى .

— بىلەمسەن ئۇ يەرنى ، ئۇكاموي . مۇنۇ ئادەملەر نېمانچە قارايدۇ . پاھ ، قارا ، ئاۋۇ ناۋاينىڭ نانلىرىغا !

ئۇلار تار ، ئىككى قانىتى ھەم يېپىلغان قىزىل ، قارا دەرۋازىلار ۋە تاش پەلەمپەيلىك ئىشىكلەر بىلەن تولغان كوچىلاردىن ئۆتتى . بۇ يەرلەر جەنۇب ـ شىمال دەرۋازا ئارىلىقى — خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان كوچىلار ئىدى . ئەجدىھا رەسىملىرى سىزىلغان ئىشىكلەردىن يېنى يېرىق ، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن كىچىك پۇت تەتەيلەر چىقىپ ئۇلارغا يىرگىنىپ قاراپ بۇرۇنلىرىنى ئېتىشەتتى . مانا ئۇلار ناۋايلارنىڭ تونۇرى يېنىدىن ئۆتتى . ناۋاي كۈلۈپ قويۇپ :

— تۇرمىدىن چىققان ئوخشىمايمىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى ۋە ئىستىن قارىيىپ كەتكەن چەينەكتىن قېنىق ئىككى ھېجىر چاي قۇيۇپ ئىككىسىگە سۇندى ، ئاندىن ھور چىقىپ تۇرغان نانلارنى ئۇشتۇپ :

— قېنى ، ناشتا قىلىلى ، ھەي بىچارىلەر ، نان كۆرمىگىلى نەچچە ۋاخ بولدى ؟ — دەپ سورىدى .

— توققۇز ئاي بولدى .

— توققۇز ئاي بولدى نەۋائىي يارنى كۆرمەگىلى !...

ناۋاي قاقاقلاپ كۈلدى .

ئۇلار ئىشتىھا بىلەن نان يېدى ، چاي ئىچتى .

— نەدىن ؟

— غۇلجىدىن .

— سوقۇش بولۇۋاتىدۇ دەيدۇ ، قانداق كېتەرسىلەر ؟

— كىم بىلەن كىم سوقۇشۇپتۇ ؟

— يولدا قورال باسقان ماشىنىلارنى بۇلاپتەك...

— بىزنىڭ نېمىمىزنى بۇلايتتى ؟ پىتتىن باشقا ھېچنېمىمىز يوق !

— ها ـ ها ـ ها...

— نۇرباغ دېگەن يەرگە قانداق بارىدۇ؟

— ئۇدۇل ماڭساڭلار سايغا چۈشىسىلەر، سايني ياقىلاپ مېڭىۋېرىڭلار! تازا چىرايلىق بىر باغ بار، نۇرباغ دېگەن شۇ.

ئۇلار رەھمەت ئېيتىپ مېڭىۋىدى، ناۋاي يەنە ئىككى نان بەردى.

ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەر ئىللىق شامالدا بىر خىل ئىرغاڭ. شىپ گويا ئۇلارنى باغرىغا چىللىماقتا. ئۆرۈمچى دەرياسىنىڭ شوخ سۈيى سايدا كەڭ يېيىلىپ، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا، نەدىدۇر قۇشلار چۇرۇقلاشماقتا. تەبىئەت ئەركىنلىكىنىڭ ئىنىكاسى، ھەممە نەرسە ئۆز ھوقۇقىدىن بەھرىمەن. ھەتتا قىرلاردىكى ھاشاراتلار جېنىدا خالىغان تەرەپكە يۈگۈرەلەيدۇ. سۇلارنىڭ كۆيلىرىگە توسقۇن يوق، دەرەخلەرنىڭ ئۆسسۇللىرىغا چەك يوق. چەك، توسالغۇ، تۈرمە دېگەنلەر ئادەملەرگىلا مەنسۇپ. ئادەملەر ئۇ نەرسىلەرنى چېكى يوق ئىشتىھا ـ نەپسى ئۈچۈن، باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش نىيىتى ئۈچۈن ئىجاد قىلغان. بەختمۇ ئىنسان ياراتقان چۈشەنچە. لېكىن، بەخت شەخسىي نەپسانىيەتنىڭ تونىغا كىرىۋالسا يىرگىنىشلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئەركىنلىك ئەڭ چوڭ بەخت. تۇرمىدىكى ھايات ئىنسانغا بۇ ئەركىنلىكنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تولىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. يېيىش، ئۇخلاش، خۇش بولۇش ھەممە جانلىقلارغا ئورتاق ئەركىنلىك. ھايۋانمۇ خۇش بولسا قىيغىتىدۇ، قۇشلار پەرۋاز قىلىدۇ. ئىنسان بۇ ئەڭ تۆۋەن ئەركىنلىك ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولسا ئۇنىڭ ئىنسانلىقى يوقالغان بولىدۇ. ئادەملەرنى ئىنسانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغۇچىلار، ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغۇچىلار قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنى پەيدا قىلغۇچى روھىي ئامىل زادى نېمە؟ ئىنسان يارالغىنىدا قېرىنداش، ئۆم ـ ئىناق ئىدى. كۆپەيگەنسېرى ئۇرۇق، قەبىلە، مىللەت، دۆلەت ۋە ھازىرقى مودا گۇرۇھلار، سىياسىي پارتىيىلەر، ھايات

پەلسەپىسىنىڭ تۈركۈملىرى پەيدا بولدى . ناۋادا ھەممىلا ئادەم «مەن باشقىلارنىڭ زىيانلىرى بەدىلىگە كۆكلەشنى گۇناھ بىلىمەن» دېيەلىگەن بولسىدى ، دۇنيا ماجىراسىز ، قان پۇرىقىدىن خالىي بولاتتى ، ئادەملەر بىر - بىرىگە دۇشمەنلىك بىلەن قارىمىغان ، قەست قىلمىغان ، تىنچ كۆتۈرمىگەن بولاتتى .

ئىنسانىيەت — ھەممىلا ئادەم ياشاشنى ، ياخشى كۈن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ ، لېكىن بۇ ياخشى «كۈن»نى ھەرخىل چۈشىنىدۇ . خوتۇن - بالىلىرى بىلەن تاپقىنىغا شۈكۈر قىلىپ خۇشال - خۇرام ياشاش ئەلۋەتتە ياخشى . مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەر شۇنىلا ئۈمىد قىلىدۇ . لېكىن ، باشقىلارنىڭ بەختىنى تارتىۋېلىپ ، ئۆز پايدىسىنى چوڭايتىش كويىدىكىلەرنىڭ پەيداكارلىقى دۇنيا خاتىرجەمسىزلىكىنىڭ مەنبەسى بولماقتا . دۇنيانى سورىسام ، بىر دۆلەتنى سورىسام ، بىرنەچچە مىللەتكە خوجا بولسام ، باشقىلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىدە يېتىپ راھەتلەنسەم دەيدىغانلارنىڭ تىنىمسىز كۈرەشلىرى ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت كەلتۈرمەكتە... «تىرىلىش» دېگەن روماندا : «پۈتۈن رۇسىيە بىر تۈرمە» دېگەنگە ئوخشاش ، بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزمۇ ھازىر بىر چوڭ تۈرمىگە ئايلاندى . ئات ئۈستىدە ئويناپ ئۆتكەن مۇختەرباي مانا ھازىر قايتىدىن قۇياش نۇرىغا ئېرىشتى . ئۇ ھازىر ئايىغى ئاستىغا دۇچ كەلگەن قوغۇزنى ، نازۇك گىياھنىمۇ دەسسىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلماقتا . ناۋادا دۇنيادىكى ئاشۇ تەلۋىلەرنى يىغىپ 2 - تۈرمىدە بىر كامېردا قىرىقتىن ئادەمنى ياتقۇزۇپ ، ئىككى ۋاخ كۆكىرىپ كەتكەن قوناق جىگدىمومىسى ، بىر ۋاخ قوناق ئۈمىچى بېرىپ ، كۈنىگە ئون ئىككى سائەتتىن ئېغىر ئەمگەككە سالغان بولسىدى ، ئۇلار ياشاش ھوقۇقىنىڭ قەدرىگە يەتكەن بولاتتى...

خەلقىم ئازابتىن قۇتۇلسا ، خەلقىم بىكاردىنلا بوزەك بولمىسا ، خەلقىم ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان بىر كىشىلىك بەختىنى تارتتۇرۇپ قويمىسا ، خەلقىم ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىدىن ئۆزى بەھرىمەن بولالىسا ، بىچارە خەلقىم بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدىن غەم قىلىپ ياش تۆكمىسە ، خەلقىم ھاياتنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك لەززىتىدىن بەھرىمەن

بولۇپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياخشىلىق قىلاي دەيدىغان نىيەتكە كېلەلىسە، مەن بۇ تارتقان جاپالىرىم بىلەن پەخىرلەنگەن بولاتتىم. خەلقىمنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ھەربىر قەدىمىم، ھەربىر جەبىر ـ جاپالىق سەپىرىمدىن، ئۆزۈمدىن رازى بولغان بولاتتىم...

ئاۋادا ئەجىر بىكار كەتسىچۇ!...

ساي بىلەن سۇ ياقىلاپ مېڭىۋېرىپ، ئۇلار ئاخىر ئورباغقا كەلدى. بىر قەۋەتلىك چىرايلىق بىنادىن خۇاڭ رۇجىننى تاپتى. ئۇنىڭ بىر پۈتى گەجگە ئېلىنغانىدى. ئۇ قارىياغاچ سايىسىدە يۆلەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەن.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار، دوستلىرىم، بەك قىينالدىڭلار، بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ماغدۇرغا كېلىۋېلىڭلار، مەن سىلەرگە ياتاق ھەل قىلىپ قويدۇم! — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

— ئاۋۋال بىر تازىلىنىۋالايلى.

— شۇنداق، شۇنداق. مەن سىلەرگە كىيىم ـ كېچەك، ئاز ـ تولا خىراجەتلىك پۇلمۇ تەييارلاپ قويدۇم. ئۆيدە مۇنچا بار.

— ئۈستەڭدە بىر ھەپتە ياتاي دېگەن! — دېدى مۇختەرباي كۈلۈپ، — قاراڭ، پىتلار قۇترىماقتا!

— كىيىملىرىڭلارنى تاشلاپ كۆيدۈرىۋېتەيلى! ... قېنى يۈرۈڭلار.

ئۇ قولتۇق تاياققا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئەخمەت ئۇنى دەرھال يۆلىۋالدى.

— تېخى مىنىستىر بولغۇدەك، بولغىنىنى كۆرەيچۇ! بىزمۇ چۈشكىچىگە بارىمىز، شېڭ دۇبەن دېگەن جاللات بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىمىز تېخى. بىزنىڭ ئىككى مىڭ ئادىمىمىزنى بىكاردىنلا قولغا ئالدى. بىر يۈز ئون ئىككى ئادىمىمىز ئۆلدى. بىز ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماي توختىمايمىز. بىرلىشىپ قىساس ئېلىشىمىز كېرەك بۇ جاللاتتىن. ئۇ ئۇيغۇرغا ئوخشاش مىللەتلەردىنمۇ نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى.

— شۇنداق. ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىدىنلا ئۈچ يۈز ئون

ئىككى مىڭ ئادەمنى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈردى !

ئەخمەت غەزەپ بىلەن مۇشتۇملىرىنى تۈگدى .

كەچتە گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ تۈرمىدىن بوشانغان ئادەملىرى جەم بولۇپ هاراق ئىچىشتى . كوچىلاردا ئادەملەر شىڭ شىسەينىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى تەنتەنە قىلىپ نامايىش قىلىشتى... ئەمدى شىڭ شىسەينىڭ ساقچىلىرىمۇ تارقىتىلغانىدى .

ئەخمەت بىلەن مۇختەرباي پاكىز يۇيۇنۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدى ، كەچتە ئوبدان غىزالىنىپ تۈنجى قېتىم ئادەمگە ئوخشاش كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىشتى .

— خىتايىنىڭمۇ ياخشىلىرى بولىدىكەن ـ هە ، — دېدى مۇختەرباي راهەتلىنىپ ئورۇندا يېتىپ ، — شىڭ غۇلىغان بولسا ، ئەمدى بىز كىم بىلەن سوقۇش قىلىمىز ، هوي ئەخمەت ؟

— شىڭ كەتكەن بىلەن زۇلۇم كەتمىدى . خەلقىمىز يەنە خارلىنىۋېرىدۇ . ستالىن بىلەن جياڭ كەيشى هازىر تىللاشماقتا . بىز گومىنداڭنىمۇ قوغلاپ ، يۇرتىمىزدا كىشىنى كىشى بوزەك قىلمايدىغان ، بىگۇناھ ئادەم تۇتمايدىغان ، ئەمگەكچىلەر قەدىرلىنىدىغان ، خەلق باياشات ياشايدىغان ئادىل خەلق هاكىمىيىتىنى قۇرىمىز . سوۋېت ئىتتىپاقى بىزگە ياردەم قىلىپ شۇنداق جەمئىيەت قۇرۇپ بېرىدۇ !

— مۇنداق دېگىن ! — دېدى مۇختەرباي خورىكىنى باشلاپ . لېكىن ، ئەخمەت ئۇخلىيالمىدى . ئۇنىڭ خىيالى يىراق ـ يىراقلاردا ئەركىن بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلماقتا ئىدى .

## 34

كۆكقامىر تېغىنىڭ كۈنگەي باغرىدىكى ئۇلاستاي يېزىسىغا هېچقاچان بۇنچىلىك كۆپ ئادەم توپلانمىغان ، جالىنغول ، جارتۇغان يېزىلىرىدىمۇ قوراللىق ئادەملەر كۆپەيگىلى تۇردى . يارىتىلغان ئاتلارغا مىنگەن ، بەشئاتار ، ئاپتومات هەتتا ئوۋ مىلتىقلىرىنى

مۇرىلىرىگە ئېسىشقان قازاق، ئۇيغۇر، موڭغۇل، رۇس يىگىتلىرى بىر - بىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشەتتى، ئۆزئارا تونۇشۇپ ئۆزلىرىنى:

— كەڭساي پارتىزانلىرىدىن!

— ئىسبوسىن باتۇرلىرىدىن!

— غېنىنىڭ ئادەملىرىدىن!

— پاتىخ مۇسلىموفنىڭ سولداتلىرىدىن! — دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۆز باشلىقلىرىنىڭ نامى بىلەن مەغرۇرلىنىشاتتى.

ئۇلاستاي غولىدىكى مالچىلارمۇ يايلاقتىن بۇ يىلقىدەك بالدۇر يانمىغان. غول قوي، كاللار بىلەن تولغان. سۇپسۇزۇك غول سۈيى بويلىرىدا، يايپېشىل چۆپلۈكلەر ئارىسىدا مالچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى كۆپەيگەن. قاتتىق ئوتۇن ئىسى چۆپلۈك ئارىسىدىن تىك كۆتۈرۈلۈپ، سوزۇلۇپ - تارىلىپ كۆك ئاسماندا ئاخىر سۈس ئاق داكىدەك يېيىلىپ يوقىلىپ كېتىۋاتاتتى. چاققان كىيىنگەن، باشلىرىغا ھەرخىل مالىخاي، كۆرپە تۇماق كىيىشكەن يىگىتلەر غول ئىچىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىشىپ، ئەكبەر باتۇرنىڭ ھويلىسى ئالدىدىكى خادىلارغا تارتىلغان يوڭ ئارغامچىلارغا ئاتلىرىنى قاڭتۇرۇپ قويۇپ، كەڭ غورۇلۇق ئىشىكتىن ئالدىراپ كىرىپ، كۇنگەيگە قارىغان قومۇش پېشايۋانلىق تام ئۆيلەرگە ئالدىرىشىپ كىرىپ كېتىشتى.

بۇ يەر يېقىندىن قۇرۇلغان ئۇلاستاي پارتىزانلىرىنىڭ باش شتابى «ئازادلىق» تەشكىلاتى رەھبەرلىرىنىڭ باش قوشىدىغان جايى.

بۈگۈن بۇ يەرگە يۇرت كاتتىلىرى كېلىدىغان ئېلىپ تۇرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان سىيىت، ئورۇمچى تۇرمىسىدىن قېچىپ چىققان غېنى، بولتۇر يازدىلا ئۆزلۈكىدىن ئۆيىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن پاتىخ مۇسلىموف ۋە ئۇنىڭ خەمىت، رەيىق بايچۇرىن دېگەن ئىنىلىرى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف قۇرغان كەڭساي پارتىزانلىرىدىن بولتۇر كەچ كۈزدە گومىنداڭنىڭ يەتتە ماشىنىسىنى بۇلاپ نۇرغۇن

ئوق ـ دورا غەنىيمەت ئېلىپ ، قىشنى ۋە يازنى قارىغايساي ، توغراسۇلاردا ئۆتكۈزۈپ ، ئەل كېزىپ ئادەم توپلاپ ، تاغ ئارىلاپ ئۇزاق مېڭىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئوسمان ، نۇرۇملار توپلانغان .

ساھىبخان ئەكبەر باتۇرنىمۇ موڭغۇل مۆتىۋەرى لايدىن ئامبال شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلىپ سىزىلىپ قالغاندىن كېيىن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغاندا گۇمانلىنىپ قولغا ئالغانىدى . ئۇنى «قورال بار ، تاپشۇرسەن» دەپ مۇشۇ يەرگە ھەيدەپ كەلگەن . ئەكبەر باتۇر شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى ئالداپ قېچىپ كېتىپ ، بىر يىل تاغ ، يايلاقلاردا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ ، يازىچە مۇشۇ ئادەملەر بىلەن تونۇشتى . مانا ئۇلار — بەش ـ ئالتە يۈزدەك قىساسخور بىر يەرگە توپلىنىپ ، خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر جەبىر ـ زۇلۇم : تۇتقۇن ، سېلىق ، خارلىنىش ، ئاياغ ئاستى قىلىنىشلاردىن ھېساب ئېلىش ، زۇلۇمى چېكىدىن ئاشقان شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ ، خەلققە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەسەم بېرىپ جەڭگە ئاتلانماقچى !

ئەكبەر ئويناقلاپ تۇرىدىغان كۆك قاشقا دۆنەننى ھويلىغا يېتىلەپ كىردى . ئات قۇلاقلىرىنى تىك قىلىپ ، ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك ئىشقا — قۇربانلىققا تەييارلانغانلىقىنى سەزگەندەك يەر چاپچىپ كىشنىدى ، قارا بۇرۇت يىگىت ئەكبەر سېرىق بۇرۇت پاتىخقا قاراپ :

— قېنى قوماندان ، بۇيرۇڭ ! — دېدى .

— ئەكبەر ، ئاتنى سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن بوغۇزلا ! — دەپ بۇيرۇق بەردى پاتىخ . تۆت يىگىت ئاتنى دەرھال يىقىتتى ۋە پۇتلىرىنى چۈشەپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىققا ئۇنىڭ بوينىنى توغرىلىدى . ئەكبەر يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرىدىغان پىچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ :

— تەييارلىنايلى ، ھەممىمىز ئوڭ قولىمىزنىڭ بارماقلىرىمىزنى ئىسسىق قانغا چىلاپ ، قولىمىزنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرىمىز . غېنىنىڭ نۇرى دېگەن ئوغلى قەسەم سۆزىنى ئوقۇيدۇ ،

ھەممىمىز ئەگىشىپ تەكرارلايمىز ! — دېدى ـ دە ، «بىسمىللا ئاللاھۇ ئەكبەر !» دەپ پىچاقنى كۆرەڭ قاشقىنىڭ ئېڭەكلىرىنى قايرىپ تۇرۇپ كانىيىغا سۇردى . قىپقىزىل قان يېشىل قىرغاقلىق ئېرىققا ئېقىپ چۈشتى . پارتىزانلار بەس ـ بەس بىلەن قوللىرىنى قانغا تەگكۈزۈپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈشتى . كۆتەكنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان نۇرىمۇ قانغا مىلەنگەن ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قەسەم سۆزىنى تەنتەنە بىلەن يادقا ئوقۇدى :

— خەلقىم چەكسىز زۇلۇم چەكمەكتە ، ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولماقتا ، جاللات شېڭ شىسەي خەلقىمىزنىڭ ھالال تەرى بىلەن تاپقان بايلىقىنى بۇلاپ ـ تالاپ ، قانماس نەپسىگە تىقماقتا . خەلقىم ھەقتانى نارازىلىقى ئۈچۈن جازالانماقتا . تۈرمىلەر خەلقنىڭ ياخشى پەرزەنتلىرى بىلەن تولدى . پاكىز ـ گۈزەل يېرىمىزگە قېرىنداشلارنىڭ قىپقىزىل قانلىرى تۆكۈلدى . زۇلۇم ، ئاياغ ئاستى قىلىش ، خورلاش ، كەمسىتىش ، ھاقارەتلەش چېكىگە يەتتى . قىساس ئېلىش ، چىرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش ۋاقتى يېتىپ كەلدى . مەن بۇ كۈرەشكە جېنىمنى ئاتىدىم : ئاخىرقى تىنىقىم قالغۇچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىمەن ، ھەرگىز چېكىنمەيمەن ، يانمايمەن . خەلقىم ئۈچۈن قۇربان بولۇش مەن ئۈچۈن شەرەپ . سەپداشلىرىمغا ئۆز ھاياتىم بىلەن كۆيۈنىمەن ، قوشۇنغا خائىنلىق قىلمايمەن . قوماندانلارنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىمەن ، ئىنتىزامغا بويسۇنىمەن ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىمەن . ئۆز پايدا ـ زىيانلىرىم بىلەن ھەرگىز ھېسابلاشمايمەن . ھاياتىم — ئىسسىق جېنىم ئىنقىلابقا ، خەلققە مەنسۇپ ، دۈشمەننى يوقىتىپ ئىنقىلاب غەلىبىسىگە ئىگە بولمىغۇچە قورالىمنى تاشلىمايمەن !

كۆك قاشقا ئاتنىڭ قېنىغا مىلەنگەن قوللار مۇشتۇم بولۇپ ، سىنتەبىرنىڭ ئوچۇق ھاۋالىق بوشلۇقىدا قەسەم بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى ، قەسەم بەرگۈچىلەر : ئاقساقاللىق مەرگەنلەر ، ياش قەيسەرلەر تەمكىن ، روھلۇق ، قەتئىي ئىدى . ئۇلارنىڭ قاپاقلىرى

تۇرۇلگەن ، چىرايلىرىدىن جىددىيلىك ، ئىشەنچ ۋە باتۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى . ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ۋە غۇلجا ناھىيىسىدىن ، يەنە نە ـ نەلەردىن كەلگەن بۇ ئەزىمەتلەر شۇ يەردىلا ئۈچ چوڭ توپقا ئايرىلدى . قوماندان پاتىخ مۇسلىموف ئۈچ توپنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە توپ باشلىقلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئېلان قىلدى . 1 ـ توپقا ئەكبەر باتۇر ، 2 ـ توپقا غېنى باتۇر ، 3 ـ توپقا ئىۋان مەسئۇل بولدى . ئۈچ توپقا شتاب باشلىقى بولۇپ خەمىت مۇسلىموف تەيىنلەندى .

ئالتە يۈز ئاتلىق پارتىزان ئۈچ توپقا بۆلۈنۈپ ، ھەربىر توپتا ئىككى يۈزدىن جەڭچى بىر يەرگە توپلىنىپ ئۆزئارا تونۇشتى . ھەربىر توپقا قىرىق بەشتىن بەشئاتار مىلتىق ، ئىككىدىن پىلىموت يېتەرلىك ئوقلىرى بىلەن بېرىلدى . مىلتىق يېتىشمەي قالغانلار ئوۋ مىلتىقلىرى بىلەن قوراللاندى . جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىغا مىنىشىپ ، ھەربىي مەشىق ئۆچۈن تەييارلاندى .

ئۇلاستاي پارتىزانلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر شۇ كۈنىلا نىلقا ناھىيىسىگە ، ئىلى ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى . بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشۈپ ، چۆچەككە مېڭىش ئالدىدا سىر بىلىدىغان يۈزدىن كۆپ خادىمنى ئۆلتۈرۈپ ، خەزىنىدىكى پۈتۈن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ساندۇق ـ ساندۇقلاپ چۆچەككە ماڭغۇزۇپ بولغان ، 2 ـ تۈرمىنى پارتلىتىش پىلانى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باشلىقلىرىغا مەلۇم بولۇپ قالغانلىقتىن : «2 ـ تۈرمىنى پارتلاتساڭ سەنمۇ كۆلگە ئايلىنىسەن» دېگەن جاۋاب بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغان ، شېڭ شىسەي بىلەن چيۇ يۈفاڭنىڭ «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە خەت»لىرى گېزىتتە ئېلان قىلىنىپ ، ھەممىلا يەردە شېڭ شىسەي ئۈستىدىن ئاشكارا شىكايەت ئەۋجىگە چىققان ، كوچىلاردا شوئارلار ، نامايىشلار پەيدا بولغان . غالىب گومىنداڭ بولسا ئۆز غەلىبىسى بىلەن مەست بولۇپ زىياپەت ئۈستىگە زىياپەتلەر ، تەنتەنىلىك ئويۇنلارمۇ ئەۋجىگە چىققان مەزگىل ئىدى .

گومىنداڭ ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن تاغ

باغرىدىكى يېزىسىدا پەيدا بولغان ئالتە ـ يەتتە يۈز ئاتلىق «ئوغرىلار»غا ئۈنچىلا ھەيران قىلىپ ھودۇقۇپ كەتمەي :

— شىڭ شىسەيگە قارشى خەلق نارازىلىقى ! — دەپ قارىغانىدى .

دەل مۇشۇ 1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئالتايدىكى ئوسمان ئىسلام ، دەلىلقان سۈگۈربايوفلار باشچىلىقىدىكى ئالتاي پارتىزانلىرى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ يېرىم نوپۇسىدىن باشقا ، قالغان ئالتە يېرىم ناھىيىنىڭ بارلىق خەلقى ، يەنى ۋىلايەت نوپۇسىنىڭ توقسان پىرسەنت خەلقىگە كېڭەيگەن بولۇپ ، ئۇلار گۆچۈڭ ، مورى ، فۇكاڭ ، مىچۈەن ، سانجى ، قۇتۇبى ، ماناس ناھىيىلىرىگىچە ، گۆچۈڭدىن شىخوغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرىكەتلىنىپ تاشيول قاتنىشى توختىغان — ئالتاي پارتىزانلىرى ۋىلايەت چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆرۈمچىنىڭ بوسۇغىسىدىلا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ، «ئالتاي ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ، ئوسمان بۇ «مىللىي ھۆكۈمەت»نىڭ باشلىقلىقىغا ئولتۇرۇش تەييارلىقى ئىشلىنىۋاتقان ۋاقىت ئىدى .

گومىنداڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە بۇ ئىشنىمۇ :

— شىڭ شىسەي قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت ! — دەپ خەلققە چۈشەندۈردى .

تاشقورغاندا بولۇۋاتقان پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئوخشاشلا «شىڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكەت» دەپ قاراشتى .

گومىنداڭ ئۆزىنىڭ «ئادىللىقى»نى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىلقا ناھىيىسىگە پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى «سىلىق دىپلوماتىيە» يولى بىلەن ھەل قىلىشنى قارار قىلىپ يولىيورۇق بەرگەچكە ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئەڭ ئابرۇيلۇق قازاق ئاقساقىلى ئەۋەلقان گۆڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ ، پارتىزانلارنى تارقىتىۋەتمەكچى بولدى .

ئەۋەلقان گۆڭ ھۆكۈمەتكە سادىق ئادەم . ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىدىن بېرى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇپ ، چارۋىچىلار

توپىلاڭلىرىنى باستۇرۇشتا چوڭ تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن بولغاچقا «گوڭ»لۇق نامى بىلەن كەلمەكتە . بولۇپمۇ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە نىلقا ناھىيىسى ئەۋەلقان گوڭنىڭ «ئالىقىنى»دا بولۇپ ، ھۆكۈمەت ئۇنىڭدىن تولىمۇ رازى بولغان . شېڭ شىسەيمۇ ئۇنىڭ بىر تال مويىغا چېقىلماي ئۇنى قوغدىغان . ناھىيە ھاكىمى ئۇنىڭغا :

— گوڭ جانابلىرى ، بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق ، شېڭ كەتتى . ئۇ خەلقنى رەنجىتكەن ، راست ، ئادىل بولمىغان . گومىنداڭ ئۇنداق ئەمەس ، ئادىل ، ئۇچ چوڭ مەسلەك خەلق مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ . گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئىشەنسۇن ، پارتىزان دېگەن نېمە ئۇ ؟ — دېۋىدى ، كەكە ساقال ، كەشتىلىك ، تىك ياقا كۆڭلەك كىيگەن ، مەڭزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان ئەۋەلقان كۈلۈپ تۇرۇپ :

— شۇنداق ، شۇنداق . ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى . ھۆكۈمەت بولمىسا خەلقنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ . مەن ئۇلارغا قورال تاشلىغۇزۇپ ھۆكۈمەتتىن كەچۈرۈم سورىغۇزىمەن . ھۆكۈمەت ئاتا ، خەلق بالا . ئاتىنىڭ گېپىگە كىرمىگەن بالىنى خۇدا ئۇرىدۇ ! — دېدى .

ئەۋەلقان گوڭ ئىككى يۈز كىشىلىك ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرى ، ھۆرمەتلىك ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن تەشۋىق - نەسىھەت ئۆمىكىنى باشلاپ ساقچىلارنىڭ ھىمايىسىدە ياخشى ئاتلارغا مىنىپ ، نىلقىدىن ئۇلاستايغا قاراپ يولغا چىقتى .

ئايغاقچى بۇ ئىشنى شتابقا دوكلات قىلدى .

— ئۇلار ئاۋۋال بىزنىڭكىنى ئاڭلاپ باقسۇن ! — دېدى ئەكبەر باتۇر بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ ، — يۇرۇڭلار ، ئۇلارنى تاغ ئېغىزىدا كۈتۈۋالايلى .

— بۇ ئىشنى سەن بىر تەرەپ قىل ئەمسە ! — دېدى پاتىخ ، — تۇنجى غەلىبە خەۋىرىنى كۈتىمەن .

ئەكبەر بىرنەچچە مەرگەننى باشلاپ تاغ ئېغىزىغا كېلىپ ئىككى بەلگە ئورۇنلىشىپ ، قويۇق چاتقاللار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتتى .

— ئىسبوسىن ئاتا، باللىرىڭىز سىزنىڭ قىساسىڭىزنى ئالىدۇ! — دېدى ئەكبەر بۇلۇتلارغا تاقاشقان تىك چوققىغا قاراپ.
بۇ قارلىق چوققا خەلق باتۇرى ئىسبوسىننىڭ نامىغا قويۇلغان. ئىسبوسىن باتۇر بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن ياڭ - جىن ئىستىبداتلىرىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئېتىشىپ دۈشمەنلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن. ئالۋان - سېلىقى تۈگىمەيدىغان يالماۋۇز ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان خەلقى ئۇچۇن قىساس ئالغان. لېكىن، ئاشۇ ئەۋەلقان گۆكىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ئالداپ، ياڭ - جىن ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بەرگەن. ئۇ دۈشمەن قولىدا ئۆلۈش ئالدىدا:
— قايران ئۇلاستايىم! — دەپ توۋلىغان.
ئەكبەر بۇ ھېكايىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇمۇ نۇرغۇن قېتىم چىرايلىق گەپلەر بىلەن كەلگەن «ئەۋەلقان گۆك» نىڭ ئەلچىلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن قۇتۇلۇۋالغان. مانا بۈگۈن ئۇ يەنە كەپتۇ. ئەگەشكۈچىلەرنىڭ تولىسى ئالدانغان خەلق. مىلتىق ئۇلارغا ئەكبەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاتسۇن.
ئۇلار غولغا كىردى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ياخشى قوراللانغان.
— سەن ئالدىنقى باشلىقلاردىن بىرىنىڭ بېشىنى چەنلەپ ئات! — دېدى ئەكبەر يېنىدىكى مەرگەن دۈسمقانغا، — بىرىلا دومىلىسا قالغانلار قاچىدۇ. بىز چېرىكلەرنى يوقىتىمىز!
«گۇم!» قىلىش بىلەن تەڭ ئەۋەلقان گۆكىنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان چاپارمىنى چالبارنىڭ قالپىقى ئۇچۇپ كەتتى، پوقرالار چۇقان - سۈرەن بىلەن ئاتلىرىنى كەينىگە بۇراپ قاچتى!
ئەسكەرلەرمۇ پوقرالار ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي تىكىۋەتتى.
— مانا جاۋاب!
— گومىنداڭنىڭ باشلىقلىرىغا ئېيت، بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇ! تۇنجى غەلىبە پارتىزانلارنى روھلاندۇردى.

— يەنە نېمىگە ئىنجىقلايمىز ، ھەي پاتىخ ؟ ! — دېدى غېنى پاتىخنىڭ يېنىغا كىرىپ ، — نىلقىغا ھۇجۇم قىلمايمىزمۇ ؟

— ھېلىقى رېن دۇسا قاناتبەك دېگەن ئاقىلاقچىنى ئالدىغا سېلىپ ، نۇرغۇن قازاق ، ئۇيغۇر ، تاتارلارنى قوراللاندۇرۇپ بىزنى باستۇرغىلى كېلىۋېتىپتۇ ، ئۇنىڭ بىر ئەدىپىنى بېرەيلى ، ئاندىن كېيىن نىلقىغا يۈرۈش قىلايلى ، قانداق دەيسەن ؟

— سېنىڭ ئاپاڭ ۋە خوتۇن ـ بالاڭنى غۇلجا تۈرمىسىگە ئاپىرىپ سولاپتۇ ، ئاڭلىغانسەن ؟

— ئاڭلىدىم ، — دېدى پاتىخ ئەلەم بىلەن يەرگە قاراپ ، — ئۇلار نېمە كۈن كۆرۈۋاتقاندۇ ؟

— مەن ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىمەن ، پاتىخ !

— ياق ، ئىشنى بۇزما . سەن مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويسۇن ، بولمىسا زىيان تارتىمىز ، قاتتىق ئىنتىزام بولمىسا بولمايدۇ . سەن ماڭا ، ئەسكەرلىرىڭ ساڭا بويسۇنۇشى كېرەك !

— مەن ھېچكىمگە بويسۇنماي ئۆگىنىپ قالغان ئادەممەن !

— سەن نۇرىنىڭ مەسلىھىتىگە قۇلاق سالماي تۇتۇلۇپ قاپسەن ، تاسلا قالدىڭ جېنىڭدىن ئايرىلغىلى ، ئەمدى باشباشتاقلىق قىلما !

يازدا ئۇ يەنە شۇ نىيىتىدىن يانماي ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ قىزىنى بۇلاپ كېلىمەن دەپ ماڭغاندا نۇرى ئۇنى توسىدى ، لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى . غېنىنىڭ ھېلىقى ياش خوتۇنى ئۇنىڭ نىيىتىنى ئابدۇمەرگە بىر ئادەم ئارقىلىق يەتكۈزگەن . ئابدۇمەرنىڭ كۆزلىكى يوشۇرۇنغان ساقچىلار بىلەن تولغان . كېچىدە غېنى قىز بار ئۆيگە تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقاندا ، ئۇنى ساقچىلار تۇتۇۋېلىپ باغلاپ شەھەرگە ئەكىرگەن . ساقچى ئۇنى سوراق قىلغاندا ، ئۇ بۇلىغان قوراللىرى ، توپلىغان ئادەملىرىنى تولۇق دېگەن . بۇ ئىش ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلىنغاندا ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئەكېلىش بۇيرۇلغان . ئۇ ئۈرۈمچىدە تۈرمىدىن ئېگىز تۈڭلۈككە كىيىملىرىنى ئارقان قىلىپ باغلاپ چىقىپ ، تۆمۈر سالاسۇنلارنى قايرىپ ـ

ئېگىپ چىقىپ غولجىغا قېچىپ كەلگەن. بۇ خىل كىشى ئىشەنمەيدىغان نوچىلىق پەقەت غېنىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. پاتىخ «تاس قالدىڭ جېنىمدىن ئايرىلغىلى» دېگەندە، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ:
— مېنىڭ جېنىم ئۇنداق ئاسان يەردە ئەمەس جۇمۇ! — دەپ قويدى ۋە ئىچىدە پاتىخنىڭ ئۆزىگە ئەقىل ئۆگەتكىنىگە نارازى بولۇپ، — ئاپاڭنىڭ ۋە خوتۇن - بالاڭنىڭ غېمىنى قىل، سەن ئۇلاردىن زېرىككەنمۇ يە؟ — دېدى. پاتىخ غېنىنىڭ قوپال سۆزلىرىگە كۆنۈك، ئۇ دەرھال گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى:
— رېن دوسا بىلەن ئېلىشىشقا سېنىڭ باتۇرلىرىڭ بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتسۇن! — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — ئەكبەر ئوغدىن، سېيىت سولدىن زەربە بەرسۇن، ياخشى تەييارلان، بۇ بىزنىڭ تۇنجى ھۇجۇمىمىز!
بۇ كېچە نۇرى ئۇچۇن تولىمۇ خۇشاللىق كېچىسى بولدى. گويا ئۇنىڭ تويى بولغاندەك...
قەسەمىمۇ روھىي ئوزۇقكەن. روھلانغان، شادلانغان، ھاياجانلانغان پىدائىيلار ئۇلاستاي غولىدا بىر كېچىنى مەرىكە بىلەن ئۆتكۈزدى: سويۇلغان قويلارنىڭ كۆپلۈكى، ئىچىلگەن بوزا، ھاراقنىڭ تولىلىقى، ئېيتىلغان ناخشا - ئۆلەڭ، ئۇسسۇل، بېيىتلارنىڭ قىزغىنلىقى، كۈلكە - چاقچاق، قىيقاس - چۇقانلارنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى ئۇلاردا بىر ئۆمۈر خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قالدۇردى. ئۇلار گويا مەقسەتلىرىگە يەتكەندەك، قولىرىغا قورال چۈشكىنى غەلىبىنىڭ ئەڭ چوڭىدەك، قەسەم بەرگىنى ئۇلارنىڭ ئۇستۇنلۇككە چىققانلىقى ھېسابلانغاندەك... شادلىق دولقۇنى قاش دەرياسىنىڭ بۇژغۇنلۇق دولقۇنلىرىنى بېسىپ چۈشكەن، كۆڭۈللەردىكى ئۆچمەس خاتىرىلەر قاپقال قارىغايلىرىغا ئوخشاش مەڭگۈلۈك ھايات ئابىدىسى ئورناتقاندەك...
ئۆكتەبىر ئاخشاملىرى بۇ تاغ قاپتىلىدا قىشنىڭ ھەيۋىسى، ئاچچىق سوغۇق شاماللىرى چاتقاللارنىڭ ياپراقلىرىدىن سىرىق

چۈشەك پاياندازلارنى پەيدا قىلىدۇ . تاغ سۈيى بويىدىكى سارغايغان چۆپلەر ئۈستىگە توقۇملىرىنى سېلىپ ، ئېگەرلىرىنى ياستۇق قىلىپ ، كۆك ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ئوڭدا يېتىش گوياكى بىر رومانتىك قەسىدە ، لىرىك ھېسسىيات بىلەن تولغان گۈزەل شېئىرغا ئوخشايدۇ . بولۇپمۇ ئۇلۇغ مەقسەت ئىگىلىرى ئۈچۈن شۇنداق .

مانا خەممت بىلەن نۇرى تال ئاستىدا ئاشۇنداق يېتىپ ، شېرىن خىيال ، مەنىلىك سۆھبەتلىرى بىلەن مەست بولماقتا :

— بىزنى ئۆزاتقان ئادەم قازاق بولغىنى بىلەن رۇسچە سۆزلىدى . ئۇ سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى غۇلىتىش . كەلگۈسىدىكى جەمئىيەت ، ھۆكۈمەت توغرىسىدا زادىلا باش قاتۇرماڭلار . بۇ ئىشنى باش قوماندان ستالىن سىلەر ئۈچۈن ئويلايدۇ . ئۇ كىشى سىلەرگە بەختنىن باشقا ھېچنېمە تىلىمەيدۇ . ئۇنىڭ مەقسىتى پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش . بۇنىڭغا ئىشەنمەمسىلەر ؟ دەپ سورىۋىدى ، بىز «ئىشىنىمىز !» دەپ ۋارقىرىدۇق . ھەممىدىن مەن چىڭ ۋارقىراپتىمەن . مەن سوۋېت تەربىيىسىنى جىق قوبۇل قىلغان . ئېتىقادىم ھەممىدىن چىڭ بولغاچقا ، ئاۋازىم ھەممىدىن چىڭ چىقىپتۇ . ئۇ كىشى بىزگە بىردىن ئارغىماق ، بىر تاپانچا ، بىردىن ئاپتومات ، يېتەرلىك ئوق بەردى ، بۇنىڭدىن باشقا قورالالارنى گومىنداڭ بېرىدۇ ، سىلەر ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ سەپداشلىرىڭلارنى قوراللاندۇرىسىلەر ، دېدى دېگىنە . ھەتتىگىنەي ، سىلەرنىڭ ھېلىقى مۇئەللىمىڭلار سادىروف ئالدىنقى كۈنىلا ۋالىبول ئويناپ پاس ئۇرىمەن دەپ سەكرەپ پۇتى قايرىلىپ ئىششىپ ، ماڭالماي قېلىپ قالدى . پاتىخ ئاكام باشلىق قالغان يەتتىمىز كەلدۇق . بىرىمىز يولدا ئېزىپ «ئالتە ئوغرى» بولۇپ قالدۇق . قۇربان بۇرھانىدىنوف ، ئوسمان ئىبراھىموفلار قورغاس پارتىزانلىرى بىلەن ، ھوشۇر شەھەردىكى پارتىزانلار بىلەن . «ئازادلىق» تەشكىلاتى ھازىر شەھەردە جىددىي تەييارلىق

قىلىۋاتىدۇ ، بىز ئىلقىنى ئالىمىز ـ دە ، غۇلجىغا يۇرۇش قىلىمىز . مېنىڭ ئاپام ۋە خوتۇن ـ باللىرىم غۇلجا تۇرمىسىدە ، ھاياتمۇ يوق ، بىلمەيمىز . ئەمما ، ئالدىراپ ئۆلتۈرمەيدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ نەسىھەت ئۈمىكى ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىزنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىشى مۇمكىن . ھايات قالساق كۆرۈشەرمىز . بۇنداق چاغدا شەخسىي ئىشىڭنى ئويلاشقا ۋاقىتمۇ بولمايدىكەن . ئەس ـ خىيالىم ئەتىكى جەڭدە . سەن ئېيتقىنا ، نۇرى ، ئىلقىنى ئېلىشقا ئىشەنچىڭ بارمۇ ؟

— ئىلقىنى دەيسەنغۇ ، پۈتۈن غۇلجىنى ، شىنجاڭنى ئېلىشقا ئىشەنچىم بار . بىز ساي ـ سايدىن ئېقىپ چىققان تاغ سۇلىرى بىلەن ئۇلغىيىۋاتقان قاش دەرياسىغا ئوخشايمىز . نەگە بارساق خەلق بىزنى قوللايدۇ . مېنىڭ نەچچە يىللىق سەرگەردانلىقىم بىكار كەتمەس ئىلاھىم !

— سەن خۇداغا ئىشىنەمسەن ، نۇرى ؟

— مۇشۇنداق چاغدا ئىشەنمەي بولمايدۇ . بىر تال ئەرزىمەس ئوق سېنىڭ تەقدىرىڭنى بەلگىلەيدۇ ئەمەسمۇ .

— توغرا ئېيتتىڭ ، ئېتىقاد نەق مۇشۇنداق چاغدا زۆرۈر . بىز رېئاللىققا كۆز يۇمالمايمىز ! ئوسمان باتۇر توغرىسىدا ئالمۇتىدا جىق ھېكايە ئاڭلىدىم . ئۇ جۇڭگار قۇملۇقلىرىغا كىرىۋېلىپ تومۇزغا ، قەھرىتان سوغۇققا ، ئاچ ـ زېرىنلىق ، سۇ تەشنالىقى ، ئۇيقۇسىزلىقلارغا تاقابىل تۇردى ، بىرنەچچە يىلنى يالغۇز دېگۈدەك قېچىپ يۈرۈپ ئۆتكۈزدى ، خەلقنى ئۆزىگە ئاز ـ ئازدىن جەلپ قىلدى ، ھازىر مانا ئالتاينىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك ئازاد قىلالىدى . قەيسەرلىك بولسىلا قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ !

— گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ ، قورال‌لىرى خىل ، لېكىن ئۆلۈمدىن تولىمۇ قورقىدۇ . بىزگە ئۆلۈم دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس . قەسەملىرىمىزنىڭ ئۆزى بىر كۈچ . بىز شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلمەيمىز !

— توغرا ، ئاڭلىغىنا ، تەبىئەت بىزنى مەدھىيىلەۋاتىدۇ .

يىراقتا قاش دەرياسى ئاستا شارقىرىماقتا . تاغ سۇيى تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ ، بۇژغۇن ياساپ ھاياتنى مەدھىيىلىمەكتە . ئاچچىق سوغۇق شامال دەرەخلەرنى چىۋ - چىۋ قىلغۇزۇپ ، سارغايغان يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرۇپ سۇ بېتىگە چۇشۇرۇپ ئۇسسۇلغا سالماقتا ، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى نازۇك تال شېخى ھېلىدىن - ھېلىغا ئېگىشىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىيپىماقتا . ھايات كۈلمەكتە ، گويا سوزۇپ ئېيتىلغان قازاق ئۆلەڭلىرىدەك ، شوخ - شوخ ، ئۆزگىرىشچان ئىلى ناخشىلىرىدەك ، موڭلۇق مالچىلىرىنىڭ كۈيىدەك ، ئىۋاننىڭ گىتارىدەك...

— پەرىخەنى ئويلامسەن ، نۇرى ؟

— ئارىلاپ ، ئۆلۈم يادىمغا يەتكەندە . ماڭا ھەرقاچان ، ھەر مىنۇتتا ئوق تېگىشى ، مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشمايلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشىم مۇمكىن . مەندىن ئايرىلسا ئۇ بىچارە قانداق بولۇپ كېتەر دەپ ئويلايمەن . نېمىشقا دەمسىنا ؟ ئۇ مۇھەببەت ئۇچۇنلا ياشاۋاتىدۇ . خۇددى بىز ئازادلىق ئۇچۇن ياشاۋاتقاندەك . ئۇمۇ ، بىزمۇ غەلىبىگە تەشنا .

— مەنمۇ قالتىس تەشنا . زادىلا ئۆلگۈم كەلمەيدۇ ، نۇرى . ياق ، بۇ قورقۇنچاقلىقتىن ئەمەس ، ئۈمىدۋارلىقتىن . ئازادلىققا تەشنا خەلقىمنىڭ خۇشلۇقىنى كۆرۈشنى ، سۆيۈملۈك خوتۇنۇم نۇربىيەنىڭ قورسىقىدىكى ئوغلۇمنىڭ «ئىگە» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن !

نۇرى دوستىنى چىڭ قۇچاقلىدى :

— ھامان ئۆلۈپ كېتىمىز ، لېكىن ئارزۇلىرىمىز ئۆلمەيدۇ !

— ياق ، بىز ئۆلمەسلىكىمىز كېرەك . مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن !

— مەنمۇ خالىمايمەن . لېكىن ، ئەجەل دېگەن چاقىرمىغان مېھمان . مېھمان بوسۇغاڭدىن ئاتلاپ كىرسە قوغلىۋېتەلمەيسەن !

— ئۇ چاغدا مېھماننى كۈلۈپ تۇرۇپ كۈتۈۋالىمىز !

ئۇلار چىڭ قۇچاقلىشىپ ئاسمانغا قارىدى . گويا يۇلتۇزلىرىنى

ئىزدەۋاتقاندەك !...

نۇرى غېنى ئاكىسىنىڭ يېنىدا بەتلەنگەن بەشئاتار مىلتىقنى مۇرىسىگە ئېسىپ، ئۇلاستايدىن نىلقا بازىرىغا ھۇجۇمغا ماڭغان يۈز ئاتلىق پىدائىينىڭ ئەڭ ئالدىدىكى يول باشلىغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ قەلبى شادلىققا، ۋۇجۇدى غۇرۇرغا تولغان. ئۈچ يىلدىن بېرىقى تاغ - دالا سەرگەردانلىقى، ھۇجۇم قىلىش تەقەززالىقى ئاخىرلىشىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ، خەلقنى غەلىبە خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلغۇسى. ئۇ مانا مۇشۇنداق كۈن ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت تەييارلاندى. ئەمدى ئۇ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ ئويناقلاپ كېتىۋاتقان جىرەن قاشقا ئېتىنىڭ پېشانىسىنى ئېگىشىپ سىلاپ قويدى:

— قورقۇۋاتامسەن، نۇرى؟

— ياق، ناھايىتى خۇشالمەن!

— بىرىنچى پاي ئوقنى سەن ئات!

— بىرىنچى بۇيرۇقنى سەن بەرگىن!

ئۇلارنىڭ قوشۇنى ئۇلاستايىنىڭ تۆۋەن ئېغىزىغا كەلگەندە رازۋېدكىچىلار پاتىخ مۇسلىموفقا:

— ئالدىمىزدا دۈشمەن كۆرۈندى! — دەپ دوكلات بەردى.

— ھۇجۇمغا تەييارلان!

غېنىنىڭ قىسىملىرى ئوتتۇردا، ئەكبەر، سىيىت قىسىملىرى ئوڭ ۋە سول قاپتالدا تەييارلىنىپ، مىلتىقلىرىنى ئوقلاپ تۇرۇشتى. چاڭ - توپا كۆتۈرۈپ ئەسكەرلەر ۋە ئەگەشكۈچى خەلقلەر توپى كۆرۈندى. غېنىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى. ئۇ پاتىخقا قاراپ:

— بولە، ئات دېمەمسەن؟ — دېۋىدى، پاتىخ كۈلۈپ قويۇپ:

— ئات! — دېدى.

نۇرى مىلتىق تەپكىسىنى باستى. بەخۇدۇك كېلىۋاتقان بىر ئەسكەر ئاتتىن يىقىلدى. ۋاڭ - ۋۇڭ، تا - تا - تات، ھۇررا،

قوغلا !... ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشتى. پارتىزانلار بىردە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تاشلارنىڭ كەينىگە مۆكۈپ، بىردە ئاتلىرىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ دۈشمىنىگە شىددەت بىلەن ئوق ئاتماقتا ئىدى.

— قاچتى!

قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلدى، رىبىن دۇسانىڭ ئەسكەرلىرى تۆۋەنگە — قاش دەرياسى تەرەپكە يېتىراپ قاچماقتا ئىدى. ئۈچ توپ تەڭلا قوغلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— ھۇررا!

ئاتلار چاپماقتا، دۈشمەن قاچماقتا، ئاسماننى چاڭ - توزان، ئىس - تۈتەك قاپلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئوق ئاۋازلىرى توختىدى، دۈشمەنلەر نەلەرگىدۇر قېچىشقانىدى. «ئەل» بولغان خەلق ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئوۋ مىلتىقلىرىنى يەرگە تاشلاپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشاتتى. ئۇيەر - بۇيەردە ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى، جان تالىشىۋاتقان ئاتلار.

— ئەل بولغان يۇقىراغا جازا يوق! — دېدى پاتىخ ۋارقىراپ، — قوراللارنى يىغىشتۇرۇڭلار!

قوراللار يىغىشتۇرۇلدى، بۇ تۈنجى ئولجا ئىدى.

دۈشمەن كەينىدىن كەتكەن رازۋېدكىچىلار دوكلات قىلدى:

— رىبىن دۇسا ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇپارەڭگىنىڭ ئاۋۇلىغا باردى. ئۇپارەڭگى ئۇلارنى كوسۇسايىنىڭ قويۇلۇشىدا دەريادىن ئۆتكۈزۈۋەتتى!

— ئۇلار چونجىغا ئۆتۈپ ئايلىنىپ ئىلقا بازىرىغا كىرمەكچى!

— قېچىپ قۇتۇلغىنىنى كۆرەيلى، ئىلقىغا ھۇررا!

— ھۇررا!

قاراڭغۇ چۈشتى. نەچچە يۈزلىگەن ئاتلىق پارتىزان ئۈچ يول بىلەن ئىلقا ناھىيە مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار يېرىم كېچىدە ئىلقا شەھىرىنى قورشىۋېلىپ ھۇجۇم بۇيرۇقىنى كۈتتى.

ئۈچ توپنىڭ باشلىقى خەمىت مۇسلىموف توپ باشلىقلىرىغا ھەربىر توپنىڭ ئورنى، ھۇجۇم نىشانى ۋە ھۇجۇم ئۇسۇللىرىنى

ئوبدان چۈشەندۈرۈپ، نۇرىغا:
— دوستۇم، سەن مەن بىلەن بىللە بولىسەن، — دېۋىدى، نۇرى:
— بىرىنچى پاي ھۇجۇم ئوقىنى ئاتتىم. شەھەرگىمۇ بىرىنچى ھۇجۇم قىلغۇچى بولايمىكىن دەيمەن! — دېدى.
— ياق، بۇ بۇيرۇق. سەن مەن بىلەن بىللە بولىسەن!
پاتىخ بۇيرۇق بەردى:
— ھۇجۇم نىشانى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى. ئۈچ تەرەپ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى بىلىۋالدى. مانا ھازىر كېچە سائەت ئىككى، مەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بېرىمەن! ئاگون[1]!
تەرەپ - تەرەپتىن مىلتىقلار ئېتىلدى. جىمجىت كېچە قوماچ قورۇغاندەك، چاغاندا ئېتىلغان پوجاڭزىلاردەك ئوق ئاۋازلىرى بىلەن ۋەھىمە ئەتراپنى بىر ئالدى. «ھۇررا» ئاۋازلىرى شەھەرنى تىترەتتى، تاراس - تۇرۇس، گۇم، تات - تات!... خىلمۇخىل قوراللاردىن چىققان ئاۋازلار قوشۇلۇپ ئۆكتەبىر ئاسمىنىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى، جەڭ شىددەتلىك ئىدى، پارتىزانلار ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، كۆلۈبقا ئوت قويۇۋەتتى، سېپىت قىسىملىرى كۆلۈبقا بېسىپ كىردى ۋە ئۇ يەرگە سولاپ قويۇلغان خەلقنى ساق - سالامەت چىقىرىۋالدى. ئەكبەر بىلەن غېنى باتۇرنىڭ ئادەملىرى ساقچى تۈرمىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ مەھبۇسلارنى ئازاد قىلدى. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ساقچى ئىدارىسى ئىشغال قىلىندى.
خەمىت يېنىدىكى توختىماي مىلتىق ئېتىۋاتقان دوستى نۇرىنى چىڭ قۇچاقلاپ:
— يەڭدۇق، يەڭدۇق! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. شۇ چاغدا بىر ئەسكەر تار كوچىغا قاراپ قاچتى، نۇرى ئۇنى قوغلاپ ماڭدى. خەمىت كۆلۈبتىن بۇرۇلۇشغا يەنە بىر ئەسكەر ئۇنىڭغا گرانات ئاتتى. نۇرى قاچقان ئەسكەرنى ئېتىۋېتىپ يانغۇچە خەمىت گرانات پارچىسى تېگىپ يىقىلدى.

---

① ئاگون — ئات، ئوت ئاچ مەنىسىدە (رۇسچە).

— خەمىت ! — نۇرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلىدى ۋە قېچىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرنى ئېتىۋەتتى .

— خەمىت ! — نۇرى ئۇنىڭ بېشىنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭگىرەپ يىغلىدى . ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئەزىمەت ، پارتىزانلارنىڭ تۇنجى قۇربانى چوڭ قايغۇ پەيدا قىلدى . كۆپچىلىك قىساس ئۇچۇن جەڭنى تېخىمۇ كۈچەيتتى .

چۇشكە يېقىن نىلقىدا ئوق ئاۋازى توختىدى . ھۆكۈمەت تەرەپ شەھەرنى تاشلاپ غەربكە — غۇلجا شەھىرىگە چېكىنگەن ، بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولغانىدى . ساقچى ئىدارىسى ۋە كۇلۇبلارغا سولاپ قويۇلغان ئوبۇلخەيرى تۆرە ، باۋۇدۇن خەلپەت ، نۇسۇپقان كۇنباي ، ئوسمان چوبان ، شاكىر ئەۋزى قاتارلىق نىلقا ناھىيىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆلۈمدىن ساق قالغانلىقى ئۈچۈن پارتىزانلارغا قايتا ـ قايتىلاپ رەھمەت ئېيتىپ ، ئىنقىلاب سېپىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلدى . پاتىخ مۇسلىموف قوماندانلىق شتابىغا ۋاكالىتەن ئۇلارنى قارشى ئالدى . ئىنقىلابچىلار تۇنجى ئازاد قىلغان شەھەر — نىلقىدا شادلىق ، تەنتەنە پەلەككە يەتتى .

شۇ مەيداندىلا قولغا چۈشكەن قاناتبەك ئاقىلاقچى بىلەن رىن دۇساغا ، خەلققە ئەلىمى ئۆتۈلگەن بىرنەچچە ئەمەلدارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ شۇ يەردىلا ئىجرا قىلىندى .

شەھەر خەلقى پارتىزانلارنى مال سويۇپ ، تاماق ئېتىپ قارشى ئېلىشتى . ئۆي ـ ئۆيدىن كورا ـ چېلەكلەردە خىلمۇخىل تاماقلارنى كۆتۈرۈشكەن ئاياللار چىقىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە مېڭىشتى . ياشلار پارتىزانلىققا تىزىمغا ئالدۇرىدىغان جايدا تىقمۇتىقماق سەپ بولۇشتى . نۇرى ، بۆرىۋايلار ئۇلارنى تىزىملاپ باش كۆتۈرەلمەي قالدى . تۇيۇقسىزلا نۇرىغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى :

— پەرىخە ، ئىسمىم پەرىخە !

نۇرىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى . ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى غەملىك كۆزلەر ، چىرايلىق

لەۋلەر ، گۈزەل چىراي كۈلۈپ تۇراتتى .

— پەرىخە ! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ .

— قىزلار ئەسكەرلىككە تىزىملانمىدى ، پەرىخە !

— مەن پەررۇخ !

— ھا - ھا - ھا... ئاسىيە ھەدەم تىنچمۇ ؟

— تىنچلىق ، خەمىتمۇ تىنچلىق ، سىزگە سالام ئېيتتى .

— خەمىت ، ئۇ قايسى خەمىت ؟

— سىزنىڭ ئوغلىڭىز... بىزنىڭ ... — قىز يەرگە قارىدى .

— ئۇ... ئۇ ئۆزى نەدە ؟...

— ئۇ تۈنۈگۈنلا شەھەرگە قاچقانلار بىلەن بىللە كەتكەن !...

— كەچتە بارىمەن... سىز پەرىخە... ھە ، بوپتۇ ، پەررۇخ ، ئاسىيە ئابىستەيگە سالام دەڭ . خەمىتنى مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قويۇڭ . بۇ ئىسىمنى قاچان قويدۇڭلار !

— بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزگەرتتۇق . ئەسلى سەبىخە يادىكار قويغانىدى . ئاپام خەمىت ئاكامنىڭ قۇربان بولغىنىنى ئاڭلاپ ئىسمىنى خەمىتكە ئۆزگەرتتى .

نۇرى بۇ جىددىي پەيتتە باشقا ھېسلارنى قايرىپ قويۇپ ، ئۆز خۇشاللىقىنى يالىڭاچ سۆز بىلەن ئىپادىلىدى :

— خەمىت ئۆلمىدى ، بىز ئۆلمەيمىز !

شۇ ئاخشىمىلا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى . خەلقنىڭ قول كۆتۈرۈپ قوللىشى بىلەن ئوسمان چوبان ، ئورازقانلار ناھىيە ھاكىملىقىغا ، جاقاباي ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى . ھاكىملار پارتىزانلارنىڭ تەمىناتىغا ، ساقچى باشلىقى شەھەر ئامانلىقىغا مەسئۇل قىلىندى . پىدائىيلار كۆپىيىپ ، پارتىزانلارنىڭ سانى ئاشتى . ھەربىر چوڭ توپ مىڭغا يەتتى . ئادەم كۆپ ، قورال - ياراغ ئاز ، نىلقا جېڭىدە يۈز نەچچە مىلتىق ، بەش دانە پىلىموت غەنىيمەت ئېلىندى . قورالغا ئېرىشىش قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى . ئۇلاستايدىن يۆتكەلمىگەن قوماندانلىق شتاب بىلەن نىلقا بازىرى ئارىلىقىدا

چاپارمەنلەر توختىماي ئات چاپتۇرۇپ خەۋەر ئالماشتۇراتتى . پاتىخ ئىنىسىنىڭ ۋاپاتى ، ئاپىسى ، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى بىلەن قاتتىق غەزەپلەنگەن . ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى تىك ـ تىك ، قاپىقى سىلىقلىق ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى . ئۇ ئۇلاستايدىكى قوماندانلىق شتابىنى بۇيرۇق بەردى :

— دۈشمەن قوراللىق كۈچلىرى سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى بىلەن ئىلقا ئارىلىقىدىكى دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا ۋە ساقچى ئورۇنلىرىغا مۆكۈنۈۋالغان . ئۇ يەرلەر پاچاقلىنىپ ، دۈشمەن قوراللىرى بىلەن قورالسىز پارتىزانلار قوراللاندۇرۇلسۇن ، قىزىلكۆتەن ئاغزىنى غېنى باتۇر ئىگىلەپ ، دۈشمەننى يول بىلەن ماڭالماس قىلىپ ، تاغ يولى بىلەن ئەسكەر يۆتكەشكە مەجبۇر قىلىنسۇن !

بۇ چاغدا ئۈچ توپقا ئەكبەر باتۇر مەسئۇل بولدى . چوڭ توپلار ئۈچتىن كىچىك توپقا ئايرىلغان . ھەربىر توپنىڭ باشلىقلىرىنى قوماندانلىق شتاب بېكىتكەن ، پارتىزانلار ھەرىكەتچان ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسى بىلەن دۈشمەننى پاراكەندە قىلماقتا ئىدى ؛ ئۇلار سەپ تۈزۈپ ئۇرۇش قىلمايتتى ، تۇيۇقسىز ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەن كۈچلىرىنى پارچىلىۋېتىش ، ئاز دۈشمەننى زور كۈچ بىلەن يوقىتىش ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ ، دۈشمەننى ئېزىقتۇرۇش ، خاتىرجەم قىلماسلىق ، ۋەھىمە تارقىتىش يوللىرى بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئالاقزادىلىككە سالاتتى ، دۈشمەنىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بىر مىنۇتمۇ خاتىرجەم بولالماي قېچىشنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى .

غېنى باتۇر كېچىدە سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىغا تۇيۇقسىزلا نۇرغۇن مىلتىق بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئوق چىقىرىپ ، قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ كېلىۋىدى ، ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر قارشىلىشىشنى زادىلا ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى . ساقچى ئىدارىسى تېزلا تارمار قىلىنىپ ، پۈتۈن قوراللار غېنى باتۇرنىڭ قولىغا چۈشتى . ئۇنىڭ ئادەملىرى تېخىمۇ كۆپەيدى ،

قوراللىرى تولۇقلاندى . ئۇ نەگىلا بارسۇن ، ئۇنىڭ يېنىدا نۇرى بىللە ماڭاتتى ، ئۇلار ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئاتتىن چۈشمىدى . مازار ، قاراسۇ ، سۇپتايلاردا دۈشمەنلەرگە ئوڭۇشلۇق زەربە بەردى . مانا قىزىلكۆتەندىن دۈشمەننىڭ ماشىنىلىرى ئۆتمەكچى بولۇۋاتىدۇ ، دېگەن خەۋەر كەلدى . شۇ كېچىسىلا سۇلتان ئۇۋەيس مازار ساقچىسىغا ھۇجۇم قىلىپ ، قاماقتىكى جىڭ چىڭ ، مەتكېرەم قاتارلىق ئوتتۇزغا يېقىن كىشىنى قۇتقۇلدۇرۇپ ، خېلى جىق قورال ـ ياراغ غەنىيمەت ئالغان ئەزىمەتلەر داۋاننىڭ ئىككى يېقىدىكى دۆڭلۈكلەرگە يوشۇرۇندى .

ماشىنىلار لىق ئەسكەر بىلەن تولغان ، ماشىنىنىڭ كابىنكا ئۈستىگە پىلىموتلار ئورنىتىلغان . ئەسكەرلەر قوراللىرىنى چىڭ تۇتۇشقان ، باشلىرىغا چويۈن قالپاق كىيىشكەن ، تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى . غېنى ئۈچ ماشىنا داۋانغا ئۆرلەش بىلەن بۇيرۇق بەردى . دۆڭلەر ئارىسىدىن تاراسلاپ ئوق ياغدى ، ماشىنىلارنىڭ چاقلىرى ئاستىدا گراناتلار پارتلىدى . يولنىڭ يېقىنلا چېتىدىكى ئېرىقلارغا مۆكۈنگەن پارتىزانلار گرانات تاشلىسا ، دۆڭلەرنىڭ ئۈستىدە قورام تاشلارنى دالدا قىلىشقانلىرى مىلتىق ، پىلىموت بىلەن ئوق چىقاردى . دۈشمەننىڭ ئۈچ ئاپتوموبىلى كۆيۈپ كۇل بولدى ، ئەتراپنى ئۆلۈكلەر قاپلىدى ، ئارقىدىكى ماشىنىلار كەينىگە يېنىپ ، دۆڭمازار تەرەپكە قاراپ قاچتى… غېنى قىسىملىرى نۇرغۇن ئولجا ، جەڭ خۇشاللىقى بىلەن مازارغا قايتتى . دۈشمەن بۇ بىردىنبىر ماشىنا ماڭالايدىغان نىلقا يولىدا ماڭالماس بولدى .

— يارايسەن ، نۇرى !

— قالتىس بولدى ، غېنىكا !

جەڭ غەلىبىسى دۇنيادىكى خۇشاللىقنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولسا كېرەك . يوللارغا پۇختا قاراۋۇللار قويۇلغاندىن كېيىن سۇلتان ئۇۋەيس مازار مەھەللىسىنىڭ ھەممىلا ئۆيىدە ياخشى غىزا ، ئەتكەنچاي ، بىنەم ئۇنىدىن يېقىلغان ئاپئاق نانلار بىلەن پارتىزانلارنى كۈتۈۋېلىش زىياپەتلىرى ئەۋجىگە چىقتى . غېنى يېزا

مويسىپتىنىڭ ئۆيىدە پاقلاننىڭ ئالدى پۇتىنى ئىشتىها بىلەن يەۋېتىپ شەيخكە :

— مولىلام ، هارىقىڭ يوقمۇ ؟ — دېۋىدى ، كۆپچىلىك قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى . شەيخمۇ كۈلۈپ :

— ئۈچ كۈن بولغان مەن قۇرئان ئوقۇغىلى تورغىلى . ئالتە مىڭ ئالتە يۈز ، ئاتمىش ئالتە ئايەتنىڭ ھەممىسىنى...

— پاھوي ، هاراق دېسەم قۇرئان دەيسەنغۇ هوي موللا ، بوپتۇ ، سەن قۇرئان ئوقۇ ، مەن هاراق ئىچەي ، گۇناھمۇيە موللام ؟

— ياق ، بالام غېنى ، ساڭا گۇناھ ئەمەس ، سەن غازى ، سەندىن خۇدا رازى . ئىچ مەيلى ، ئەمما مەست بولۇپ... ئادىشىپ قالما !

— ها - ها - ها... مەن ئىچسەم كۆزۈم روشەنلىشىپ كېتىدۇ !...

— غېنىكا ، ئىچمە ! — دېدى نۇرى نەدىندۇر پەيدا بولغان بىر چەينەك «جۇن»نى نېرى ئىتتىرىپ .

— نېمە ؟ مازاردا ئىچسە گۇناھ بولىدۇ دېمەكچىمۇ ؟

— هەربىي ئىنتىزام مازاردىنمۇ يۇقىرى ، — دېدى نۇرى كۈلمەي تۇرۇپ ، — سەن باشلامچى بولۇپ ئىنتىزامنى ئىجرا قىل . بولمىسا جەڭچىلىرىڭ بۇيرۇققا بويسۇنماس بولۇۋالىدۇ .

— ئاتىمەن ، كىم بويسۇنمايدىكەن !

— مانا ئۆزۈڭ ، قېنى يامان بولساڭ ئۆزۈڭنى ئاتە !

— نېمە ئىنتىزام ئۇ ، ئاشۇ پاتىخنىڭ گېپىما ؟

— ياق ، پاتىخنىڭ گېپى ئەمەس . قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى !

— خەپ ، ماقۇل ، جالاپنىڭ بالىسى . يە خوتۇن خەققە قاراتمىساڭ ، يە هاراق ئىچكۈزمىسەڭ !...

— چوڭ خۇشاللىق ئالدىمىزدا . بىز مەنزىلگە يەتمىدۇق ، سەپەرگە ئەمدىلا ئاتلاندۇق !

— مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن بىر ئىچىدىغان يېرىدى ، ئاپلا ،

ئىنتىزام دېدىڭما !
— بالىلىرىم ، ئاق يوللۇق بولۇڭلار ، غازاتلىرىڭلار نۇسرەت تاپقاي ، مەن بىر قۇرئان ئوقۇپ قوياي !
ساي سۈيى شارقىرىماقتا ، نەچچە ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان سىدىلەرنىڭ شاخلىرى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك لەرزان مىدىرلىماقتا ، جىمجىت يېزىدا شەيخنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى يىراقلارغا ئاڭلانماقتا :
— ئامىن !
— ئامىن !
ئۆيلەردىن ، سۇ بويلىرىدىن ، باغلاردىن دۇئا ئاۋازى ، ئادەملەرنىڭ خەيرلىك تىلەشلىرى ئاڭلانماقتا .
غېنى باتۇر پارتىزانلىرى ئاتلىق شەرققە ، ئۆزلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا قاراپ يولغا چىقتى . قىزىلكۆتەننى ساقلىغۇچى ئالاھىدە ئەترەت ئۇلارنى ئۇزىتىپ قالدى . بۇ ئەترەتكە كەڭساي پارتىزانلىرىدىن كەلگەن نۇرۇم مەسئۇل بولدى .
ئىلقا ناھىيىسىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ، بىر دەمدىلا نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قوراللانغانلىقى ، ئۇلارنىڭ ھەربىي تېخنىكىسى ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ قالتىسلىقى دەرھال ئۇرۇمچىگە خەۋەر قىلىندى . يېڭىلا رەئىسلىك ئورنىغا ئولتۇرغان ۋۇ جۇڭشىن ئۆزىنىڭ سىلىق ۋاستە — گومىنداڭنى تەشۋىق قىلىش ، نەسىھەت قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۇنۇم بەرمىگەنلىكىگە خاپا بولۇپ ، ئىلىدىكى ۋالىي ، ھەربىي باشلىقلارنى : «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نان قېپىلار» دەپ تىللاپ ، 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭنى خانىسىغا تەكلىپ قىلدى . بىر - بىرىگە سادىق بۇ دوستلار كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىشى بىلەنلا :
— ئاۋارىچىلىك ، ئاۋارىچىلىك ! — دېگەن سۆز بىلەن گەپ باشلاشتى .
— لىيۇ بىڭدې تولۇق ھوقۇقلۇق باش قوماندان بولسۇن . ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن ،

ئەھۋال بىلەن ياخشى تونۇش . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خۇيزۇ - دىندارلاردىن ياخشى پايدىلىنالايدۇ . ھەم قاتتىق ، ھەم يۇمشاق ئىككى ۋاستىنى تەڭلا ئىشقا سالايلى ، ئاۋارىچىلىك خېلى بار . ئوسمان ، دەلىلقان سۇگۇربايوفلار ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ توقسان پىرسەنتىدىن جىق يېرىنى ئىگىلەپ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرۇۋالدى . بۇ ئەلۋەتتە شىڭ شىسەينىڭ سەۋەنلىكى . ئەمدى مۇنۇ ئىلىقىدىمۇ قوماندانلىق شتاب ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دېگەنلەر قۇرۇلغىلى تۇرۇپتۇ . ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ . بۇلاردىن سوۋېت دەرھال پايدىلىنىدۇ . بەلكىم ، سوۋېت قول تىقىپ بولدى . ئۇلارنى ناھىيىدىن ۋىلايەتكە كىرگۈزۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ !

— مەن 8 - ئۇرۇش رايونى قوماندانىنىڭ پىكرىگە ، ياق ، بۇيرۇقىغا قەتئىي بويسۇنىمەن .

— سىز رەئىس . شىنجاڭ سىزنىڭ ، مېنىڭ ۋەزىپەم سىزنىڭ ھاكىمىيىتىڭىزنى قوغداش !

— ياق ، ياق ، بىز دېگەن بۇيرۇق ئىجرا قىلغۇچى ، قېنى پىلانىڭىزنى ئاڭلاي .

— ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىڭدې تولۇق ھوقۇقلۇق باش قوماندان . ئۇنىڭغا تانكا ، ئايروپىلان ، زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان بىر دىۋىزىيە ئەسكەر بېرىلسە ، باندىتلار بىر ھەپتىگە قالماي تازىلىنىدۇ . 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن ئىلقا باندىتلىرى ، ئالتە ئوغرى تولۇق يوقىتىلىدۇ . ليۇ بىڭدېغا دۇ شىجاڭ غۇلجىدىكى بىر دىۋىزىيە ئەسكەر بىلەن ماسلىشىدۇ . قىسىم ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ قامىر تاغ دېگەن قارا ئۇۋىنى تولۇق قورشايدۇ . زەمبىرەك ، مىناميوتلار تاغ ئېغىزلىرى ، ئىلقا شەھىرىنى توپقا تۇتىدۇ . دەسلەپ خىل قوراللار بىلەن ئۈچ مىڭ ئەسكەر ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ، ئارقىدىن يەنە ئۈچ مىڭ !

— قالتىس ، قالتىس پىلان . ئۇلارغا نەسىھەت ئۆمىكىنى ماسلاشتۇرساق .

— ليۇ بىڭدېغا بۇ ئىش ئالاھىدە تاپشۇرۇلدى . خەلقنى

باندىتلار قايمۇقتۇرماقتا . بىز ئۇلارنى تارتىۋېلىشىمىز كېرەك !
— بۇيرۇق قاچان بېرىلىدۇ ؟
— بۈگۈن 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى . پۈتۈن تەييارلىق ئىككى كۈندە پۈتىدۇ . 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇرۇمچىدىن ، غۇلجا شەھىرىدىن بىراقلا نىلقىغا ھۇجۇمغا ئۆتىمىز . رەئىس ئەپەندىم !
— سوۋېت ئەسكەرلىرى كىرمىگەندۇ ـ ھە ؟
— قـورالــلــىرى كـىرگەن . ئالمۇتا يېنىدا ئالتە ئادەمنى تەربىيىلەپ ، قوراللاندۇرۇپ كىرگۈزدى . ھەممە ئىش شۇلارنىڭ قـۇترىتىشى بىلەن بولۇۋاتىدۇ . شىڭ شىسەي ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۇستا ، لېكىن ۋەتەننى قوغداشتا بىر دۆت . ئالتە ئوغرىنى دۆلەت چېگراسىدىن كىرگۈزمىگەن بولسا مۇشۇ پالاكەت يوق ئىدى !
— ئۇ پالاكەتنى تېرىپ قويۇپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى . ئۇنىڭ پوقىنى بىز تازىلايمىز ئەمدى . ئالتايدا ، تاشقورغاندا ، مانا ئەمدى غـۇلـجـىدا تـوپــىـلاڭ كـۆتـۈرۈلدى . بۇ باندىتلارنى بۆشۈكىدىلا يوقاتمىساق ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمىز !
— مۇھىمى ۋەتەن زېمىنى ، شىنجاڭ قولدىن كەتسە مەن جاڭ پېيىۋەننىڭ يولىنى تاللايمەن . بىر پاي ئوق بىلەن ئاۋارىچىلىك ، ئار ـ نومۇستىن قۇتۇلىمەن !
— ياق ، ياق . غەلىبىگە ئىشەنچىم كامىل !
— يۈز پىرسەنت كامىل !
گــومىنداڭنىڭ باستۇرۇش پىلانى قورغاس پارتىزانلىرىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئارقىلىق پاتىخلارغا يېتىپ كـەلـدى . ھـەتتا گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش پىلانىمۇ تولۇق ئاشكارا بولدى . پاتىخ توپ باشلىقلىرىنى ئۆلاستايدىكى قوماندانلىق شتابقا يىغىپ ، قارشى ئۇرۇش پىلانىنى بېكىتىشكە باشلىدى .
— تەخمىنەن بىر دىۋىزىيىدىن كۆپ ئەسكەر ئۈچ يول بىلەن بىزنى قورشاپ يوقاتماقچى ! — دېدى پاتىخ مۇسلىموف ئالدىرىماي ئۇيغۇرچە ، تاتارچە ، قازاقچە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ ، — چىغىستان (شەرقتىن ) داغىتى ، توققۇزتارادىكى قىسىملىرىنى كۈنەس تۆتە

داۋىنىدىن ئاشۇرۇپ، ئۇنى تۇستۇكتە (جەنۇبتا) توققۇزتارا ـ قارىباغ ئارقىلىق باسلىغەن داۋىنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن باتىستا (غەربتە) سۇلتان ئۇۋەيس مازار، سۇپتايلارنى بېسىپ قاراسۇنى ئۆرلەپ مېڭىپ ئىلىقىنى قورشىماقچى. تۆتە داۋنى، باسلىغەن داۋنى، سۇپتاي، قاراسۇ… دۇشمەننىڭ ئۈچ يولى مۇشۇ.

كۆپچىلىك بىر ـ بىرىگە قاراشتى. غېنى باتۇر ئاغزىنى بۇزدى:

— جالاپ خو…

نۇرى ئۇنى توقۇپ قويدى. پاتىخ كۇلۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن غېنى، تۆتە داۋنىدىن كېلىۋاتقان جالاپ خوتۇننىڭ بالىلىرىنى توراپ زەربە بېرىسەن!

— خوپ، باشلىق!

— سەن ئەكبەر باسلىغەندىن كېلىدىغانلارنى توسۇپ زەربە بېرىسەن!

— بولادى، ئۆتە جاقسى، باستىق!

— سەن ئىۋان مازار ـ سۇپتاي تاشيولى بىلەن كېلىۋاتقانلارغا زەربە بېرىسەن!

— لادنو، ئوچىن خارۇشۇ، مالادىس كوماندىر[1]!

ئۈچ توپ ئۆزىنىڭ ھۇجۇم نۇقتىلىرىغا يۈرۈپ كەتتى. ئەكبەر ئۆزىگە سېپىتنى ياردەمچى قىلىپ ئىككى يۈز نەپەر خىللانغان جەڭچىگە قىرىق دانە جەڭگىۋار مىلتىق، ئىككى پىلىموت ۋە ئىككى دانىدىن گرانات تارقىتىپ بەردى. باشقا توپلارمۇ شۇنداق قوراللاندى. ئەكبەر قىسىملىرى ئاتلىنىپ تېز يۈرۈش قىلىپ باسلىغەن داۋنىنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ بېرىپ تاغ ئۈستىگە، قاپتاللارغا مۆكۈندى ۋە كىچىك ئەترەت باشلىقلىرىغا: «دۈشمەن باسلىغەن داۋنىدىن تۆۋەنلەپ ساي ـ سايلارغا چۈشۈپ بولمىغۇچە ئوق چىقارماڭلار، ئوق ـ دورىنى تېجەپ تاش غولتىپ، گرانات

[1] بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى، يارايسىز، كوماندىر (رۇسچە).

تاشلاپ ، دۈشمەن قىسىملىرىنى بۆلۈۋېتىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق بەردى . راست دېگەندەك ، دۈشمەن تولۇق قوراللانغان ، زەمبىرەكلىرىنى ئاتلارغا سۆرەتكەن هالدا داۋاندىن تۆۋەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى . ئۇلار يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ ، گۈمبۈرلىتىپ زەمبىرەك ئېتىپ هەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى . شۇ چاغدا ئەكبەرنىڭ ئادەملىرى سايىنىڭ تۆۋەن ئېغىزىدىن بىر توپ ئات ـ كالىنى دۈكۈرلىتىپ هەيدەپ ، پارتىزانلار تۆۋەندىن چىقىۋاتقان هالەت پەيدا قىلدى . دۈشمەن ئالدىنىپ هۇجۇمنى ساي تاپىنىغا قاراتتى . تاغنىڭ ئىككى قاپتىلىدىكى تاش ، كامارلارنى دالدا قىلىپ مۆكۈنگەن پارتىزانلار هۇجۇم سىگنالىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ، گرانات تاشلاپ ، تاش غۇلىتىپ تاغ ئىچىنى زىلزىلىگە سالدى . دەهشەتلىك سادا ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئەسكەرلەر جان ساقلاش كويىدا ، مىلتىقلىرىنى نەگە ئېتىشنى بىلمەي ئۆلگىنى ئۆلۈپ ، تىرىك قالغىنى ئۆمىلەپ چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ، سايدىن قېچىپ چىقىپ كېتىش كويىدا جان تالاشتى . جەڭچىلەر خۇماردىن چىققۇدەك ئاتتى . ئىككى يۈز جەڭچىدىن بىرىمۇ چىقىم بولمىدى . دۈشمەننىڭ ئۆلۈكى سايىنىڭ تېشىدەك ياتماقتا ، چاڭ ـ توزان ، ئىس ـ تۈتەك ، كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە قالغان دۈشمەن پارتىزانلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ قىياس قىلالمىدى .

بۇ جەڭدە ئەكبەر باتۇرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ، پارتىزانلارنىڭ باتۇرلۇقى ، مەرگەنلىكى سىناقتىن ئۆتتى . بۆرىۋاي بۇ قېتىم بىر ئۆزىلا بەش دۈشمەننى ئۆلتۈردى ، جالباس دېگەن يىگىت ئوننى ، ئەڭ ئاز ئۆلتۈرگەنلىرى بىر ـ ئىككىدىن دۈشمەننى ئۆلتۈردى .

دۈشمەن قاچتى ، ئەكبەر پارتىزانلىرىغا دۈشمەننىڭ كەينىگە ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى . ئەكبەر بىلەن سېيىت خىل يىگىتلەرنى باشلاپ ، دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ ، دۈشمەن پىلىموتچىلىرىنى قورشاپ تۆت دانە پىلىموتنى تارتىۋالدى ۋە پىلىموتنى دەرهال دۈشمەنگە بۇرىدى . قورشاۋدا قالغان دۈشمەن زەمبىرەكلىرىنى تاغ

ئۈستىگە تاشلاپ ساي تاپىنى بىلەن كەينىگە يېنىپ قاچتى. قاچالىغانلىرى ئاز، كۆپ قىسمى بىتچىت بولدى، ساي جەسەت دۆۋىسىگە ئايلاندى. ئەكبەر، سېيىت بۇ جەڭدە ئىككى يۈز ئەللىك دانە مىلتىق ئولجا ئالدى. پىلىموت، زەمبىرەك، نۇرغۇن ئوق - دورا ۋە ئات، ئوزۇق - تۈلۈكلەر بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى.

دۈشمەن ئايروپىلانلىرى كەلدى. ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىنى تاپالمىدى. تاغ، سايلارنى قالايمىقان بومباردىمان قىلىپ قايتىپ كەتتى.

ئەكبەر ئۇلاستاي قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، سېيىتنى ئوتتۇز - قىرىق پارتىزان بىلەن باسلىگەن داۋىنىدا كەلگۈسى دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە قالدۇرۇپ، قالغان پارتىزانلىرىنى ئېلىپ ئۇلاستايغا قايتتى. ئۇنى جەڭچىلەر ۋە خەلقلەر: «ئىسبوسىننىڭ باتۇر ئوغلى!» دەپ ۋارقىرىشىپ، قوللىرىدا كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى.

غېنى باتۇر كۈنەس تۆتە داۋىنىدىن هارغىن، روهى چۈشكۈن، ناهايىتى خاپا هالدا پارتىزانلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەلدى:

— جالاپ خوتۇنىنىڭ باللىرى، هىيلىگەرلىك قىلىپ كۆچۈۋاتقان مالچىلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. غېمىمدە يوق تۇرۇپتىمەن، بىر كەمدە ئاتقىلى تۇردى. ئېتىشتۇق، كەينى - كەينىدىن كېلىۋەردى بۇ ئىتلار. بىز ئاز، ئۇلار جىق. ئۇلارنىڭ قورالليرىمۇ خىل. مەن بىرىمىز قالغۇچە ئېلىشىمەن دېسەم، مۇنۇ نۇرى، ياق، بىز جانلىق، هەربىكەتچان ئۇسۇل قوللىنىمىز، ئادەملىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش مۇهىم. دۈشمەن بىزدىن نەچچە هەسسە كۆچلۈك، ئېتىشقاننىڭ پايدىسى يوق، دېدى. مانا ئەمىسە دەپ چېكىندۇق، قايتىپ كەلدۇق، يامان بولسا ئۇلاستايغا كەلسۇن قېنى!

— توغرا قىپسىلەر! — دېدى پاتىخ، — بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز شۇ. دۈشمەن كۈچلۈك كەلسىلا چېكىنىش، ئۇنى پارچىلاپ يوقىتىش ئەمەسمۇ. مەيلى، غېنى، جەڭ تېخى ئالدىمىزدا،

پۈخادىن چىقىسەن تېخى !

ئىۋان توپى سۇپتاي ـ مازار يولىدا توسۇپ جەڭ قىلىۋاتقاندا ، ئاچال تەرەپتىن ناھايىتى جىق ئەسكەر كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كەلدى . بۇ ئەسكەرلەر ئۇرۇمچىدىن ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭچىلار ئىدى . ئۇلار جىڭ ـ ئاچاللاردىن پىيادە مېڭىپ كەلگەن ، قورالى خىل ، سانى جىق ئەسكەر ئىدى . ئىۋان قورشاۋدا قېلىشتىن ئەنسىرەپ ، سۇپتايدىكى دۈشمەنلەرگە شىددەتلىك ئوت ئېچىپ ، شتابىنىمۇ يۆتكەپ ئۇلاستايغا چېكىنگەنىدى .

— توغرا قىلدىڭ ، ئىۋان ، بۇمۇ بىر چوڭ غەلىبە ! — دېدى پاتىخ ئىۋاننىڭ مۈرىسىگە قېقىپ ، — دېدىمغۇ ، بىزگە يەر ئەمەس ، قوشۇن مۇھىم . دۈشمەن سۇپتايىنى ئىگىلەپ سۇلتان ئۈۋەيس مازار يولىنى قامال قىلغىنىغا خۇشال ، ھەتتا ئۇنىڭ نىلقىنى ئىشغال قىلىشقىمۇ يول قويمىز . ئۇ ئۆزىنىڭ گۆرىنى كولايدۇ ، بىزگە قورال ـ ياراغنى يېقىن ئەكېلىپ تاپشۇرىدۇ !

— لېكىن ، گومىنداڭ خەلقتىن ئۆچ ئالىدۇ ، خەلقنى قىرىدۇ ! — دېدى ئەكبەر ئازابلىنىپ .

راست دېگەندەك ، سۇلتان ئۈۋەيىستىنلا قىرىق ـ ئەللىكتەك ئادەمنى تۇتتى . ماھمۇت ئەپەندى مۆكۈۋالدى . ئۇنىڭ ئانىسىنى ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى قارىياغاچقا ئېسىپ قىيناپ :

— ماھمۇت ، چىق ! ئاناڭ لازىممۇ ، جېنىڭمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى . ئانىسىنىڭ نالىسىغا چىدىمىغان ماھمۇت ئەپەندى ئۆگزىدىكى مەڭگەن ئارىسىدىن چاچراپ تۇرۇپ :

— ۋۇي نائەھلىلەر ، ئانامنى قويۇۋەت ، پارتىزانلارغا تاماق بەرگەن ، ئۇلارنى قوللىغان مانا مەن ! — دېدى . نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ليۇبىڭدې بىلەن دۇ سىجاڭ ماھمۇت ئەپەندى باشلىق ئەللىككە يېقىن بىگۇناھ ئادەمنى چاناپ ئۆلتۈرۈپ ئاچچىقىنى چىقاردى .

دۈشمەن ئارقىمۇئارقا ئەسكەر يۆتكەپ سۇلتان ئۈۋەيس مازىرى ، سۇپتاي ، چوڭ قاراسۇ ۋە تۆۋەنكى ئۇلاستايلارنى ئىگىلەپ

ئەسكەر دېگەنگە تولدۇرۇۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نىلقا بازىرىنىمۇ ئىگىلەپ، يۇقىرى ئۆرلەپ جالىنقۇلىنىڭ باش تەرىپىدىكى زاراتگاھلىققىچە يېتىپ باردى. ئۇلار لىيەن، يىڭ، تۇەنلەرنى ئىستىھكاملارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاكوپ قېزىپ، پوتەي ياساپ، چوڭ قورشاپ يوقىتىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش، قىساس ئېلىش ئۈچۈن بىگۇناھ خەلقلەرنى قىينىدى، دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇلاستاي پارتىزانلىرى چىشىنى چىڭ چىشلەپ قانغا قان، جانغا جان ئېلىپ دۈشمەندىن غالىب كېلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشماقتا ئىدى.

## 35

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى نىلقا بازىرىغا تولىمۇ ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى. ئالدىغا پىلىموت ئورنىتىلغان ماشىنىلاردا قوراللىرىنى ھازىرلا ئاتىدىغاندەك قىلىپ تۇتۇۋالغان ئەسكەرلەر ئەتراپقا رەھىمسىزلىك، ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قارىشىپ تىك تۇرۇشاتتى. پىيادە ئەسكەرلەر: «باندىتلارنى تازىلايلى!»، «يوقالسۇن ئالتە ئوغرى!»، «دۈشمەننى رەھىمسىز قىرايلى!» دېگەندەك شوئارلارنى ۋارقىراپ، سەپ بولۇپ ماڭاتتى. زەمبىرەكلەرنى سۆرىگەن ئاتلارغا گومىنداڭنىڭ كۆك ئاسمان، ئاق كۈن سۈرەتلىك بايرىقى قادالغان، ئوفىتسېرلار، قوماندانلار چۈشكەن ئۈستى ئوچۇق كىچىك ماشىنىلاردا باشلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىلار بار ئىدى، ھاۋادىكى ئايروپىلانلار بولسا ئېگىز - پەس ئۇچۇپ ھەيۋە كۆرسىتەتتى.

نىلقا بازىرىغا ئەسكەر توشتى. كۇلۇب، ساقچى ئىدارىسى، تاشقى سودا، ھۆكۈمەت بىناسى، ھەتتا پاتىخ مۇسلىموفنىڭ ئۆيلىرىمۇ ھەربىيلەر بىلەن تولدى. نىلقا شەھىرىدە ھېچقاچان بۇنچىلىك ئەسكەر بولۇپ باقمىغان. ئارانلا ئون نەچچە مىڭ

ئاھالىسى بار شەھەرگە شۇنچە كۆپ ئەسكەرنىڭ كېلىپ تىقىلىۋېلىشى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى!

بازار خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قېچىپ كەتكەن. ئۆلگۈرەلمىگەن، خالىمىغان ۋە پەرۋاسىز ئادەملەرلا ئۆيلىرىدە بازاردىكى دەھشەتتىن ئەنسىرەپ قورقۇپ ئولتۇرۇشاتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قايتىدىن جانلانغان، كۈچ تاپقان ئادەملەرمۇ پەيدا بولدى. ئۇلار پارتىزانلارغا ماسلاشقان، ئۇلارنى قوللىغان، ھەتتا تاماق سۇنغان ئاھالىلەرنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ خائىنلىق قىلىش ھېسابىغا كۆڭۈل خۇشلۇقى تاپماقتا ئىدى.

— ئابىستەي، نېمىشقا قاچالمىدۇق ـ ھە؟ — دېدى قېرى قىز ئالاقزادە بولۇپ، — ئەسكەرلەر ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ نان، گۆش، توخۇ، ھەتتا سۈت ـ قايماق، قېتىق ـ تۇخۇملارنى قويماي يىغىپ يۈرىدۇ!

— ۋاي ئاچ بۆرىلەرەي، خەمىتكە بەرگۈدەك سۈتمۇ قالماسمۇ ئەمدى، — دېدى ئاسيە قولىدىكى سۈت ئىمىۋاتقان نەۋرىسىنىڭ يىرىك چاچلىق بېشىنى سىلاپ، — قورقما، قوزام، داداڭ نۇرى كېلىدۇ، بۇ بۆرىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ!

— سەبىخە نەدىدۇ، ئاپپاي؟

— ئۇ گومىنداڭنىڭ قاچقان ئەسكەرلىرى بىلەن كەتكەن پېتى يوقالدىغۇ، لىيۇبىگدې دېسە، لىيۇبىگدې دەپ يۈرەتتى، تاپقاندۇ ئاكىسىنى!

— پەرىخەمۇ ئاكىسىنى تاپقاندۇ ـ ھە؟

— ھېچ بىلەلمىدىم، شورىمىز قۇرۇۋسۇن. مۇشۇ بەختسىز بالىنى دەپ مەن قاچالمىدىم. مېنى پاناھ تارتىپ سەن قاچمىدىڭ، خۇدايىم ساقلىسۇن، يائاللا... دەرۋازىنى ئۇرغىلى تۇردىغۇ!

ھويلا دەرۋازىسى قاتتىق ئۇرۇلماقتا، ئۆيلەر تىترىمەكتە.

— ئاچايمۇ؟ — دېدى قېرى قىز غالىلداپ تىترەپ، — بۇزۇپ كىرىدۇ بۇ توڭگۇزلار بەرىبىر!

— مەن ئاچاي، بالىنى سەن ئال، مۆكۈۋال، زەينەپ. ئاسىيە ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسىيە دېگەن ئۇسۇ! — دېدى باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن يىگىت ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىگە بىگىز قولىنى تىقىۋالىدىغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ، — نۇرى دېگەن باندىتنى باقىدۇ!

— ماڭ! — دېدى ئىككى ئەسكەر ئىككى ياقتىن سىلكىپ.

— نەگە؟ — ئاسىيە چىرقىراپ كەتتى.

— ماڭ! — كەينىدىكى ئەسكەر دولىسىدىن ئىتتەردى. ئاسىيە مودۇرۇپ قوپۇپ:

— زەينەپ، بالا ساڭا ئامانەت! — دەپ ۋارقىرىۋىدى، ئىشىكتە قېرى قىز پەيدا بولدى.

— نەگە ئاپىرىدىغاندۇ! — دەپ ۋارقىرىدى قېرى قىز ئىككى قولىنى كەينىگە قايرىپ، چاچلىرىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالغان ئاسىيەنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەرلەرگە ئېسىلىپ، — بېشىڭنى يەيدىغان قاراقچىلار!

— يوقال! — بىر ئەسكەر ئۇنىڭ مەيدىسىگە بىر مۇشت ئۇردى. قېرى قىز سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەسكەر ئۇنىڭغا مىلتىق تەڭلىدى، — مىدىرلىما!

— تۇفى! — قىز ئەسكەرنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى.

«گۇم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن قىز سىلكىنىپ نېرىغا بېرىپ ئۇڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ كۆكسىدىن قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بىر ـ ئىككى تېپىرلىدى ـ دە، قانغا مىلىنىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىردىنبىر چىرايلىق ئەزاسى بولغان بىر جۈپ قارا كۆزى كۆك ئاسمانغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى.

— زەينەپ! — ئاسىيە سىلكىنىپ، — ئات، ئاتە، مېنىمۇ ئات! — دېدى ـ دە، قانغا مىلىنىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ياتقان قىزنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى، — سەنلەرمۇ قانغا مىلىنىسەن

ياۋۇزلار !
ئەسكەرلەر ئۇنى قولىدىن ، گەجگىسىدىن ، ئاپئاق چاچلىرىدىن قاماللاپ تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى .
— زەينەپ ! — ئۇ جىنىنىڭ بارىچە چىرقىرىدى . ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۆي ئىچىدىن بوۋاقنىڭ قىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .
بىر ئەسكەر كەينىگە يېنىپ بوۋاقنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە ماڭدى . تۇيۇقسىز ئىشىكتە قولىغا ئايپالتا تۇتقان رۇس بوۋاي بىلەن موماي پەيدا بولدى . ئەسكەر توختاپ قالدى . ئۆگزىدە ئادەمنىڭ باشلىرى كۆرۈندى ، نەدىندۇر بىر تاش ئۇچۇپ كېلىپ بىر ئەسكەرنىڭ بېشىغا تەگدى . ئەسكەرلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ ئاسىيەنى سۆرەشكەن پېتى قاچتى .
ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا شەھەردىن چىققان نەسھەت ئۆمىكىنىڭ بىر توپ ئادىمى تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇمەر هاكىممۇ بار ئىدى . مەخسۇس غېنى ، ئەكبەرلەرگە نەسھەت قىلدۇرۇش ئۇچۇن ئاچىققان غۇلجا مۆتىۋەرلىرى ئىچىدە هېكىمبەگ غوجامنىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى ئەكرەمخان ، چاڭ باقشى ، هۇسەيىن تارانوف ، ساۋۇت كۆكبېشى ، مەنسۇ شاڭيو قاتارلىقلارنى ئاسىيە تونۇدى . ئابدۇمەر مىڭبېگى دائىم ئۇلارنى ئۆيىدە مېهمان قىلاتتى . ئاسىيە ئۇلارنى تاتارچە ، ئۇيغۇرچە تاماقلار بىلەن كۈتكەن ، ئۇلارنىڭ بارىكاللىسىغا ئېرىشكەنىدى . ئۇ ئۈمىد بىلەن :
— گۇناهىم يوق ، ئەزبىرايى خۇدا گۇناهسىزمەن ! — دەپ نالە قىلدى . تۆت ئەسكەر ئۇنىڭغا خۇددى ئۆلۈك كالىغا چاپلاشقان گەكىسلەردەك چىڭ يېپىشقان . ئۇلارنىڭ ياۋۇز قوللىرى بىچارە ئايالنىڭ بىلەك ، گەجگە ، چاچلىرىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالغان ، ئايالنىڭ قانغا مىلەنگەن پۇتلىرى يامغۇردىن كېيىنكى پاتقاقلىق يەرگە ئىز قالدۇرۇپ سۆرىلىپ كەلمەكتە ئىدى . ئاسىيە نالە قىلىپ نەسھەت ئۆمىكىدىكىلەرگە ئۈمىد بىلەن قارىدى . ئۆمەك ئەزالىرى قورقۇنچلۇق مەنزىرىگە بىرلا قاراشتى ـ دە ، يۈزىنى نۆرۈپ يەرگە قارىۋېلىشتى . ئەكرەمخان :

— ئاسىيە خېنىمغۇ ، ھە ئابدۇمەر ھاكىم ؟ — دېۋىدى .
— ئا... ئا... ئاسىيە !... — دېدى ئابدۇمەر ھازىرلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك جاقىلداپ تىترەپ .
— شۇنچە كۆڭلۈڭ بولغاندىكىن قۇتقۇزغىن ـ دە ! — دېدى ھۆسەيىن تارانوف چىدىيالماي ، — ھەي ئەسكەرلەر ، قىينىماڭلار ، ئاتساڭلارمۇ قىينىماڭلار !
— راست ، راست ! — دېدى يەنە بىرى .
— قويۇۋېتىڭلار ! — دېدى ساقچىغا ئوخشايدىغان بىرى ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىپ .
— ئاسىيە دېگەن سەنمۇ ؟
— ھەئە ... — ئارانلا ئۆرە بولالىغان ئايال ھالسىز ئىڭرىدى .
— ئوغرىلارنى باققىنىڭ راستمۇ ؟
— ئىنقىلابچىلارنى باقتىم ، ئاش سۇندۇم !
— ئۇلار باندىت ، ھۆكۈمەتكە قارشى !
— سەنمۇ شۇ !
— سەنمۇ ھۆكۈمەتكە قارشىمۇ ؟
— ھەئە ، قارشى !
— خىخ ، قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ ؟ قارشى بولساڭ ئۆلىسەن !
— سەنمۇ ئۆلىسەن ! قىساس ئالىدىغانلار ھازىرلا چىقىدۇ !
— ئاسىيە ، ئۇنداق دېمە ، توۋا قىل ، توۋا قىلساڭ ئېتىلمايسەن !... — ئابدۇمەر ساقاللىرىنى تىترىتىپ يالۋۇردى ، — ھەرقانچە بولسىمۇ ئىگەكىم...
— ساڭا ئوخشاش غالچىلىق ، چېقىمچىلىق قىلىپ ياشامدىمەن ؟ ياق ، ئۇنداق ھاياتتىن ئۆلۈم ئەلا . ئېتىشە ، ئېتىشامسەن ؟
ئەسكەر باشلىقى ئەسكەرلەرگە شەرەت قىلدى . ئەسكەرلەر ئاسىيەنى نېرىغا—ئېرىققا سۆرەپ ئاپاردى . «گۈم ، گۈم ، گۈم !»

قولىدا قاندىن باشقا ھېچنېمە يوق بىر بىچارە ئايالغا ئۈچ پاي ئوق ئېتىلدى .

— ئاسىيە ! ... — ئابدۇمەر قولىرى بىلەن يەرگە تايانغىنىچە ھۆڭرەپ يىغلىدى . تارانوف ئۇنى سىلكىپ :

— نەرىڭ ئەر سېنىڭ ، ھايۋان ! — دېدى .

ئەسكەرلەر ئاسىيەنى ئېتىپ بولۇپ قايرىلىشىغىلا «تاڭ ، تاڭ ، تاڭ !» قىلغان تاپانچا ئاۋازى چىقتى . ئۈچ ئەسكەر يىقىلدى . ساقچى ئىدارىسىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان سەبىخە تاپانچىسىنى چۆرۈۋېتىپ ئاپىسىنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ :

— ئاپا ! — دەپ قاتتىق چىرقىرىدى ـ دە ، ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى ئەسكەرلەرنى ئوققا تۇتقىلى تۇردى . ئەسكەرلەر ، نەسىھەتچىلەر ئۆمىلىشىپ دەرەخلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈشتى . سەبىخەگە ئۈچ قېتىم ئوق تەگدى . ئۇ بىر مىلتىقنىڭ ئوقى تۈگىسە ، يەنە بىرىنى ئېلىپ قولىدىن مىلتىقى چۈشۈپ كەتكۈچە ئاتتى . ئاخىر ئۇ ئانىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە جىمىپ قالدى .

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر كوماندىرى ئۇنىڭ جەسىتى يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى . تاپانچىسىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلاپ :

— ئون ئىككى ئەسكەر ، بىر يىگىجاڭنىڭ بېشىغا چىقتىڭ ، شىياڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونى ، مانا ئەمىسە ! — دەپ كەينى ـ كەينىدىن ئون ئۈچ پاي ئوق ئاتتى . سەبىخە ئەتەي كۆكسىنى تۇتۇپ بىرىۋاتقاندەك مىت قىلماي ئاسمانغا قاراپ ، سارغۇچ ، چىرايلىق كۆزلىرىنى مىدىرلاتماستىن ياتاتتى . بۇ ئۇنىڭ ئۈمىد ئوتلىرى ئۆچكەن كۆزلىرى بىلەن رەھىمسىز دۇنياغا ئاخىرقى قېتىم قارىشى ئىدى .

— ئاسىيە ! ... — دەپ تىزلىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ئابدۇمەر پاتقاققا مىلەنگەن قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ، — سەبىخە... مەن گۇناھكار... قان قەرزىگە بوغۇلدۇم... ھۇ ـ

ھۇ ـ ھۇ…

— پاھ ، مۇشۇنچمۇ كۆڭلى باركەن ـ ھە ، قاراڭلار ، ئوق تەگكەن ئېيىقتەك ھۆركىرىشىنى ، ھەي مۇھەببەت !…

— ئاســيە ئابىستەي ئۇنىڭ نىكاھىدا ئىدى… ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئۇمۇ ئادەم ـ دە !…

— نەسىھەت ئۆمىكى تەييارلانسۇن !

— مەن… مەن بارالمايمەن ، تەقسىر ! … — ئابدۇمەر ھەربىي باشلىـقـقا ھال ئېيتتى ، — بۇلارنى دەپنە قىلىمەن… ئېلىپ كېتىمەن… ئۇلار ئەمدى ئۆلۈك… ھۆكۈمەتنى تىللىيالمايدۇ…

— سىز ؟…

— مەن… ئۇ مېنىڭ توقىلىـم ئىدى… باندىتلار ئازدۇرۇپ… ئۆگەي قىزىم… ئانىسىغا چىدىمىدى .

— سىزمۇ چىدىمايۋاتامسىز ؟

— نېمىلا بولسۇن ، بۇلار مېنىڭ خوتۇنۇم… قىزىم…

— شـۇنـداق ، جانابلىرى ، — دېدى چاڭ باقشى ، ساۋۇت كۆكبېشى ، مەنسۇر شاڭيولار ، — بۇ ئۇنىڭ نىكاھىدىكى خوتۇنى ئىدى !…

لېكىن ، جەسەتلەر ئۇنىڭغا تەگمىدى . قاتار تىزىلغان نەچچە يۈزلىگەن بالا مۇئەللىملەرنىڭ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مىغىلداپ تۇرغان گومىنداڭ قوراللىق چېرىكلىرىگە پىسەنت قىلماي :

ئەزىزا ، ئەزىزا ئاسىيە ئاپپاي ،
ئەزىزا ، ئەزىزا زەينەپ ئاپپاي !…

دەپ مـاتـەم نـاخـشـىـسـى ئـېيتىشىپ ، باللار ئۇچۇن ھاياتىنى بېغىشلىغان ، خەلقى ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلغان مۇئەللىملەرنى يـەرلـىـكـكە قويدى . ئىلقا خەلقى ئىككى ئېسىل مۇئەللىمىدىن ئايرىلدى . ماتەم ناخشىسىدا :

سىلەر ئۆلمەس نەمۇنە دىللىرىمىزدا ،
سىلەر مەڭگۈ مەدھىيە تىللىرىمىزدا...

دەپ ئېيتىلغىنىدەك ، ئۇلار خەلق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالدى .

بۇ خەۋەر شۇ كۈنىلا ئۇلاستاي پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىغا يېتىپ باردى . پەرىخە ھۆكۈرەپ يىغلىدى ، قۇرۇق قول ئىلقا بازىرىغا قاراپ يۈگۈردى ، لېكىن نۇرىنىڭ قاۋۇل بىلەكلىرى ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ماڭغۇزمىدى...

نەسىھەت قىلىش ، ھال سوراش ئۈمىكى گومىنداڭنىڭ قارا سۇدىكى بازىسىغا قايتىپ كەلدى . پولك كوماندىرى ۋاڭ تۇەنجاڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ دەپتىرىگە قاراپ :

— ئەكرەمخان غوجام دېگەن كىم بولىدۇ ؟ — دېدى . ئەكرەمخان ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ :

— مەن ! — دېدى .

— غېنى بىلەن ياخشى تونۇشىدىكەنسىز ـ ھە ؟

— ھەئە ، تونۇشىمەن .

— بۇ خەتنى ئېلىپ بېرىپ غېنىغا بېرىسىز ، ئاپىرىدىغان ئادەملەر بار . ئېيتىڭ ، نېمە تەلەپى بولسا ئورۇندايمىز . بىز ئۇنىڭغا چوڭ مەنسەپ بېرىمىز . ئۇ بىز تەرەپكە ئۆتسۇن !

— ھۆرمەتلىك كوماندىر ، بارالمايمەن !...

— نېمىشقا ؟

— مەن بىر توخۇ يۈرەك . جېنىم تاتلىق ، قورقىمەن ، كوماندىر ! — ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترىدى .

— سىزنى مۇھاپىزەت قىلىمىز !

— ياق ، رەھىم قىلسىلا ، ئۇق دېگەننىڭ كۆزى يوق !

— مەن سىزگە بۇيرۇق بەرسەمچۇ ؟

— مەن ئەسكەر ئەمەسمەن ، كوماندىر جانابلىرى .
— سىز ئاتا ـ بوۋىڭىزنى دورىماپسىز ، غوجام . ئىمىن ۋاڭدىن تارتىپ ئورانزىپ گوڭ ، خالزات ھېكىملار... پادىشاھقا خىزمەت كۆرسەتكەن . ھۆكۈمەت ئۈچۈن چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلغان . سىز ئۇلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىشىڭىز كېرەك ، غوجام جانابلىرى .
— دېدىمغۇ ، مەن تولىمۇ قورقۇنچاق يارىلىپ قاپتىمەن . رەھىم قىلىسىڭىزكەن...
— ياخشى ئويلىنىڭ ، ئەتىگىچە !...
چوڭ قاراسۇدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابى چىمبۇ دېگەن شىبەنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ . قورۇنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈك ياغاچلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ھەرىدەپ قويۇلۇپتۇ . ھۈسەيىن تارانوف بىلەن مەنسۇر شاڭيو قورقۇپ تۇرغان بىر ئەسكەردىن :
— بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ — دەپ سورىۋىدى ، ئەسكەر دۇدۇقلاپ :
— غېنى دېگەن ئوغرى كېچىلىرى كېلىپ بۇلاپ ـ تالاپ كېتىدىكەن . كەلسە كۆۋرۈك ئۆرۈلۈپ ، يارغا غۇلاپ ئۆلسۇن دەپ !... — دەپ جاۋاب بېرىۋىدى ، ھۈسەيىن تارانوف :
— ئۇنىڭ ئۆلمىكى تەس ئوخشايدۇ . ئۆلۈم دېگەن قورقۇنچاققا ئامراق كېلىدۇ ، — دېدى كۈلۈپ .
— بۇلارنىڭ ئەسكىرى كۆپ بولغىنى بىلەن ھەممىسىلا دەككە ـ دۈككىدە . بايىقى پولك كوماندىرىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ، باندىتنىڭ نەدىلىكى ، نەدىن كېلىپ نەگە ھۇجۇم قىلىدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ ، قورال خىل بولغىنى بىلەن ھازىرغىچە بىرمۇ باندىت ئۆلمىدى . ئاتقان ئوقلار تاغقا تېگىۋاتىدۇ ، تاغ ئۆلمەيدۇ ، يەر ئۆلمەيدۇ ، تاغنىڭ پىتلىرىمۇ ئۆلمەيدۇ ، ئۆلىدىغىنى بىز بولۇۋاتىمىز ، دەيدۇ تېخى .
ئۇلار كەچتە نېرىن چۆپ يېدى . تاغ ئارىسىدىكى بۇ يېزىغا

بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشتى. نەسىھەت ئۆمىكى خۇپتەن بىلەن نامازشامنى بىرلا ئوقۇدى ـ دە، گازارمىنىڭ ئۆيىدە — كىگىز سېلىنغان سۇپىدا يېتىشتى. ئۇلارنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، كېچىلەپ كەينى ـ كەينىدىن ئەسكەر كەلمەكتە، ئادەملەر قاپتاللارغا پوتەي ياسىماقتا، ئاكوپ قازماقتا. نەلەردىندۇر بىر تالاي دېھقان، مالچىلار يىغىۋېلىنغان، ئۇلارنى ئەسكەرلەر ئۇرۇپ ـ تېپىپ ئىشلەتمەكتە. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قوي ـ كالىلىرى، ئاشلىقى گازارما ئەتراپىغا توپلانماقتا ئىدى.

— غوجام، ماقۇل دېمىسىلە بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ جۇمۇ، — دېدى مەنسۇر شاڭيو.

— ماقۇل دېسەم ئۇلار ئۆلتۈرسە، ماقۇل دېمىسەم بۇلار ئۆلتۈرسە، ماڭا نېمە كۈن بۇ؟

— گومىنداڭ كېچىسى كېلىپ بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟

— بىز باندىت بولمىساق...

— ليۇبىڭدې ۋەدىسىدە تۇرار!...

— خۇدايىم ساقلا... ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ... نەسىھەت قىلىش ئۆمىكى بولدۇق. بىرمۇ ئادەمگە نەسىھەت قىلمىدۇق تېخى!

— قىلدۇققۇ.

— كىمگە؟

— ئابدۇمەر مىڭبېگىگە قىلدۇق. كۆپ خوتۇنلۇق بولساڭ، دەردىڭ كۆپ بولىدۇ، دېدۇق...

— ھا ـ ھا ـ ھا...

— بىز غۇلجىلىقزە، ئۆلۈۋېتىپمۇ چاقچاق قىلىمىز ھە، يائاللا، مىلتىق ئېتىلدى!

— پاھ، مانا زەمبىرەك!

— سوقۇش باشلاندىمۇ نېمە؟...

يېرىم كېچىدە مۇختەرھاجى باشلىق يەنە بىر ئۆمەك كەلدى. ئۇلار چىمبۇنىڭ قورۇسىغا كېلىپ چۈشتى.

يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىزلا «تاڭ - تۇڭ» ، «گۇمبۇر - تاراق» ، «ۋايجان ، ئاللا - توۋا !»... دېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋازلار چوڭ قاراسۇ غولىنى بىر ئالدى . هال سوراپ - نەسىھەت قىلغۇچىلار ياتاقلىرىدىن چىقىپ ئېغىللارغا ، ئېرىقلارغا ، سامانلىقلارغا ، قويلارنىڭ ئاياغلىرىغا مۆكۈشتى .

ئۆگزىدە غېنىنىڭ ئاۋازى تاغدىن تاش غۇلىغاندەك ئاڭلاندى :

— مۇختەرهاجى دېگەن هېجىقىز ، چىق بۇياققا ، جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى !...

پارتىزانلار قاراسۇدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قورشىۋالدى . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز زەربىدىن هودۇقۇپ ، جان هەلەكچىلىكىدە نەلەرگىدۇر قېچىشتى . هال سورىغۇچى - نەسىھەت قىلغۇچىلار سۇنىڭ ئېقىنىشىغا ئۆمىلەپ ، تاڭ ئاتقاندا چىلىق - چىلىق بولۇپ هارغان ، قورقۇپ هالىدىن كەتكەن هالدا يىراقلاپ كەتتى . غېنى گومىنداڭ گارنىزونىغا ئوت قويۇۋەتتى . كالىلار مۆرەپ ، ئاتلار كىشنەپ ، قويلار مەرەپ ، ئادەملەر چىرقىراپ بەئەينى قىيامەت بولدى . ئەكرەمخان غوجام ، هۆسەيىن تارانلار سۇ ئىچىدە تىترىشىپ يېتىشتى ، تاڭغا يېقىن سۇدىن چىقىپ بىر دېهقاننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدى . غېنىلار كۈندۈزىمۇ قورشاۋنى بوشاتمىدى . ئوق توختىماي ئېتىلىپ تۇردى . ئەتىسى كېچىدە بىرنەچچە ئاپتوموبىل ئەسكەر قورشاۋدا قالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدى . نۇرنىڭ پىكرى بويىچە غېنىنىڭ پارتىزانلىرى كەلگەنلەرگە هۇجۇم قىلدى . كەلگەنلەر قورشاۋدىكىلەرگە شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى . گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆزئارا ئېتىشىپ كەتتى . غېنىلار ئېدىر ئۈستىدە تاماشا كۆردى . سەھەرلىكى دۈشمەنلەر هالىدىن كەتكەندە ، غېنى باتۇر هۇجۇمغا ئۆتتى ۋە ئىككىلا تەرەپنى قىرىپ تۈگەتتى . غېنى باتۇر نۇرغۇن قورال - ياراغ غەنىيمەت ئېلىپ ، جالىنقۇل مەكتەپ ، زاراتگاهلىق ۋە بەلدىكى جاڭزىلارغا مۇستەهكەم ئىستىهكام

قوزغۇلغان گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان ئەكبەرنىڭ توپىغا كېلىپ قوشۇلدى .

11 - ئاينىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى قۇتلۇق كۈنلەر بولدى . ئەكبەر بىلەن غېنى باتۇر بۇ ئىككى كۈندە قاتتىق جەڭ قىلىپ دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى بىتچىت قىلدى . جالىنقول زاراتگاھلىقىغا ئورۇنلاشقان ئىككى پىلىموتچىك پارتىزانلارغا ئارام بەرمىدى . غېنى ئۆمىلەپ ئارقىدىن كېلىپ ، ئىككى پىلىموتچىكنى ئىككى قولىدا گەجگىسىدىن تۇتۇپ تۆۋەنگە ئاتتى . پىلىموتنى غەنىيمەت ئېلىپ پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇم يولىنى راۋانلاشتۇردى . ئىستىھكاملىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان دۈشمەنلەر ئاق چىغلىق ، تاقىر دالادا قالدى ۋە كۆپ قىسمى يەر چىشلەپ ، ئاز قىسمى قېچىپ قۇتۇلدى . جەڭ تولىمۇ قاتتىق بولدى . سانى جىق ، قورالى خىل دۈشمەن تارمار قىلىنغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چېكىنىپ يۈرۈپ ئېتىشماقتا ئىدى . ھۇجۇم قىلىپ كېتىپ بارغان ئەكبەر باتۇر تۇساتتىن كۆكرىكىنى تۇتۇپ توختاپ قالدى . غېنى باتۇر ئۆمىلەپ كېلىپ ئۇنى يۆلىدى .

— ماڭا ئوق تەگدى ! — دېدى ئەكبەر ئارانلا ، — قوشۇن ساڭا قالدى... غېنى دوستۇم ، ماڭا قارىما ، ئالغا !...

— ئەكبەر ، قېرىندىشىم ! ئەكبەرىم ، جانجىگەرىم !

— سىلەردىن ... غۇلجىنى ئازاد قىلدۇق دېگەن خەۋەرنى كۈتىمەن !... بۇ ئەكبەر باتۇرنىڭ ئاخىرقى گېپى بولدى . غېنى ئۇنى باغرىغا بېسىپ ، ئېتىنىڭ ئالدىغا ئۆڭگۈرۈۋالدى .

— قىرىۋېتىمەن ! — ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ ئېتىنى قىر ياقىلىتىپ بولۇشىغا قويۇۋەتتى .

بۇ ئۇرۇشتا ئابدۇراخمان ، ئەكبەرنىڭ دوستى مەدەلقان ، ئارسلانلار قۇربان بولدى .

بىرنەچچە پارتىزان ئىغىر ياردار ئەكبەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى . ئۇنىڭ توپىغا سېپىت باشلىق بولدى . جەڭ تېخىمۇ قاتتىق

بولدى . غەزەپكە كەلگەن پارتىزانلار دۈشمەننىڭ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بەردى .
تۇيۇقسىز دۈشمەننىڭ ئىككى ئايروپىلانى پەيدا بولدى . ئايروپىلان تۆپىلىكلەرنى بومباردىمان قىلدى . سىپىت ، غىنى باتۇر ، ئىۋان قىسىملىرىنىڭ مەرگەنلىرى چاتقاللار ئارىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ ئايروپىلانغا زىنىت پىلىموتتىن ئوق ئۈزدى . بىر ئايروپىلانغا ئوق تەگدى . ئايروپىلان غوڭۇلداپ ، قوڭىدىن ئىس چىقىرىپ غۇلجا شەھىرىگە قاچتى ۋە شەھەرنىڭ شەرقىدىكى قارادۆڭ دېگەن يەرگە چۈشۈپ پارتلىدى…
بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بىللە مۆكىداشقان ، قىيىن كۈنلەردە ئۆزىگە باشپاناھ بولغان خەمىت ، ئەكبەر ، ئاسىيە ۋە تۈنجى مۇھەببىتىنى ئۆزىگە بېغىشلىغان سەبىخە ، ئۆزىگە تولىمۇ مېھرىبانلىق قىلىدىغان زەينەپلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى نۇرىغا قاتتىق تەسىر قىلدى . ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا ئۆلگەنلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋالاتتى . بولۇپمۇ سەبىخە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى . ئۇنىڭ : «مۇھەببەت ئۈچۈن ياشايمەن ، قىساس ئېلىش ئۈچۈن هايات يۈرۈۋاتىمەن ، سىز ئۈچۈن تىرىك يۈرۈۋاتىمەن» دېگەن سۆزلىرى ، ئۇنىڭ راستىنىلا ئون ئۈچ گومىنداڭچىنى ئۆلتۈرۈپ ۋەدىسىنى ئاقلىغىنىنى ئويلىسىلا ، نۇرىنىڭ قەلبىنى تىل بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل روھىي ئازاب مۇجۇيتتى . سەبىخە راستتىنلا ئۇلار ئۈچۈن ياشىدى . ئانىسىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئاتىدى . نۇرى ئاشۇ پەيتتە نىلقا ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا بولالمىغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى . ئۇ سەبىخە دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ، ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . رېئاللىقنى رەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشقانلىقىغا ئۆكۈندى . ئۇ قويىنىغا كىرگەندە نۇرى «پەرىخە» دەپ ئويلىدى ، لېكىن ئۇ پەرىخە بولغان بولسا نېمىشقا ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقىدەك ئىش قىلدى؟ ئۇ بىر قىز تۇرسا ،

ئۇنداق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىمۇ؟ ياق، ئۇ ئەمدى ئىقرار، ئۇ پاكىتنى بۇرمىلىغان. ئۇ سەبىخە ئىككەنلىكىنى بىلگەن، بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتقان. ئۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي ئۇچرىشىش مۇھەببەتنىڭ داۋامى دەيدىغان مەنتىقىسىگە خىلاپلىق قىلمىغان، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ نەپرەتنى شېرىن مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا قويالمىغان. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ۋە سەبىخەنى ئالدىدى ـ ھە؟ «جىسمىم بۇلغاندى، لېكىن روھىم پاك. جىسمىم ھەركىمنىڭ، لېكىن روھىم سىزنىڭ... جىسمىم ئۆلدى، لېكىن روھىم تىرىك...»

مانا بۇلار سەبىخەنىڭ دائىم دەيدىغان سۆزلىرى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆزى خالىمىغان، قارا كۈچلەرنىڭ زورى بىلەن پەيدا بولغان پاجىئەلەردىن كېيىنكى يەكۈنى...

نۇرى نېمىشقا ھاياتقا شۇ قىزچىلىك توغرا قارىيالمىدى؟... ئۇ ئازابلىنىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇلاستايدىكى بۇ چوڭ قورۇنىڭ ئۆگزىسىدە ئاسمانغا قاراپ خىيال ۋە خىيالىي مۇلاھىزە بىلەن تۈن يېرىمىغىچە كۆز يۇممىدى. كۆز يۇمسىلا سەبىخە، خەمىت، ئاسىيە... ئۇ ئوماق ئوغلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەركىلەتتى. بالا قاقاقلاپ كۈلدى ۋە بىردىنلا بىر ئوق بالىنىڭ ئوماق بەدىنىگە تەگدى...

— خەمىت! — ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا چۈش كۆرگەنىدى.

— خەمىت چۈشۈڭگە كىردىمۇ، نۇرى؟ مەنمۇ چۈشۈمدە ئەكبەرنى كۆردۈم، — دېدى يېنىدا ياتقان غېنى چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ.

— جەڭ دېگەن ئۆلۈش دېگەن سۆزكەن. ئۆلۈمنى بۇرۇن كىتابتىلا كۆرگەن، خىيال قىلغان. مانا ھازىر كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن.

— نەچچە دۈشمەن ئۆلتۈردۈڭ، نۇرى؟

— ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىم يەتتىگە يەتتى.

— مېنىڭ ئون يەتتە بولدى . يوزنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلسەم مەيلىدى . ھەر بىرىمىز يۈزدىن ئۆلتۈرسەك ، تۆت مىڭ ئادەم قانچىنى ئۆلتۈرىمىز ، ھېسابلىغىنا ؟
— تۆت يۈز مىڭ بولىدۇ . شىنجاڭدا بىرمۇ گومىنداڭ قالمايدۇ . ئەللىكتىن ئۆلتۈرسەكمۇ توگەيدۇ !
— بىراق تۈگىمەيدۇ ـ دە . چىقىۋەرسىچۇ ؟
— ھازىرمۇ كېلىپلىۋاتىدۇ . غول ـ غوللار ئەسكەرگە تولدى . توققۇزتارا ، قاراباغلاردا لىق ئەسكەر . ئىلقا ئاھىيىسىگە ھەر كۈنى ئەسكەر كېلىۋاتىدۇ .
— ئۇنداقتا بۇ خەق غۇلجا شەھىرىدە ئاز قالدىغۇ دەيمەن . شەھەرنى بېسىۋالىدىغان پەيت كەپتۇ جۇمۇ !
— ناھايىتى توغرا ئويلاپسەن ، غېنىكا ، بۇ پىكرىمىزنى پاتىخكامغا دەيلى .
— دەپ نېمە قىلىمىز ئۇ توغايغا ، ئۆزىمىز كېتىۋەرمەيمىزمۇ ، سېپىت بىلەن ئىۋانمۇ ھايت دېسەملا ماڭىدۇ .
— ياق ئاكا ، ئىنتىزام ، ھەربىي ئىنتىزام بولمىسا بولمايدۇ ! غېنى جىمىپ قالدى .
— ئېيتقىنا نۇرى ، ستالىن ھازىر نەدە ؟
— ھازىر كرېملدا تۇرۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ !
— ئۇرۇش قەيەردە ؟
— سوۋېت تۇپرىقى ئاساسەن گېرمانلاردىن ئازاد بولدى . گېرمانلارنىڭ بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ ئەسكىرى يوقىتىلدى .
— پاھوي ، ئوغۇل !
— ئۇرۇش لىنىيىسى تۆت مىڭ تۆت يۈز ئەللىك كىلومېتىردىن قىسقىراپ ، ئىككى مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك كىلومېتىرغا چۈشۈپ قاپتۇ .
— مەشەدىن ئۇرۇمچىچىلىكمۇ ؟
— نېمە دەيدىغانسەن ، قىسقارغىنى ئۈچ ئۇرۇمچىدىن ئۇزۇن !

— ۋاي - ۋۇي !… سوۋېت تازا كۈچەيدى دېگىنە؟
— ھازىر سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئالتە مىليون يەتتە يۈز مىڭ جەڭچىسى بار، زەمبىرەكلىرى يۈز مىڭدىن كۆپ. تانكىسى ئون بىر مىڭ سەككىز يۈز، ئايروپىلانلىرى تېخىمۇ كۆپ.
— نەدىن بىلىۋالىسەن ھوي، بۇ سانلارنى؟
— خەمىت بىر گېزىت بەرگەنىدى.
— ھەي رەھمىتى! … ھېلىقى ئورۇس مارشالنىڭ ئىسمى نېمىدا، نەگىلا بارسا يېڭىدىغان؟
— ژۇكوف!
— ھە، ئۇنىڭ ئەسكىرىنىڭ ئېتى نېمىدا؟
— بىلوروسىيە 1 - يۈنىلىش ئارمىيىسى. ئۇ ھازىر ياۋروپادا نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئازاد قىلىپ، ئۇكرائىنا 1 - يۈنىلىش ئارمىيىسى بىلەن بىللە گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىنغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ!
— پاھ، پاھ… ئۇلار بېرلىنغا بۇرۇن كىرەمدۇ ياكى غېنى بىلەن سېيىت، ئىۋانلار قوماندانلىقىدىكى پارتىزانلار غۇلجىغا بالدۇر كىرەمدۇ؟ بىزدە نەنىڭ زەمبىرەك، تانكا، ئايروپىلانلىرى. تانكىمۇ، زەمبىرەكمۇ بىز ئۆزىمىز!
— بىز ستالىن بىلەن بەسلىشىمىز. ئۇ گىتلېرنى بۇرۇن يېڭەمدۇ ياكى بىز گومىنداڭنى بۇرۇن يېڭىمىزمۇ؟!
نەدىندۇر يىراق يەردىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەتىگەنلىكى قوماندانلىق شتاب جىددىي يىغىن ئاچتى.
— كېچە بىزنىڭ ئالاقىچىمىز ئابدۇللا كەلدى! — دېدى پاتىخ ئاقساپ ماڭىدىغان قازاق كىشىنى تونۇشتۇرۇپ، — مانا مۇشۇ كىشى شەھەردىن مۇھىم خەۋەر ئاچىقتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار بىزنىڭ غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىمىزنى تەكلىپ قىلىپ ئالاقە ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار شەھەردە تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىز كىرىپ تۇنجى پاي ئوقنى ئېتىشىمىز بىلەن ئۇلارمۇ تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.

بىز 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېچىدە غۇلجا شەھىرىگە ئۈچ تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشتۇق.

— ئوغۇل بالا! — دېدى غېنى باتۇر خۇشال بولۇپ، — ھە، قېنى سۆزلە!

— بۇ قېتىم غېنىنغا ئەڭ مۇشكۇل ۋەزىپە تاپشۇرماقچىمىز!

— يارايسەن، نوغاي!

— قارا، غېنى، سەن سۇلتان ئۈۋەيس مازىرىدىكى گومىنداڭ ئالدىنقى سەپ شتابىنى تارمار قىلىسەن. بۇ يەر غۇلجىغا يۈرۈش قىلىشىمىزدىكى ئەڭ چوڭ، خەتەرلىك توسالغۇ. بىزنىڭ خاتىرجەم ئۆتۈشىمىز ساڭا باغلىق. سەن كاپالەتلىك قىلىشىڭ كېرەك!

— چوقۇم ۋەتۈەرىكىنى چىقىرىمەن گومىنداڭ دېگەننىڭ!

— سەن ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ ئۈۋىسىدىن چىقارمايسەن! بىز تامامەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن سەن غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلىسەن!

— يەنە سىنىڭدىن بۇرۇن بارىمەن جۇمۇ!

كۆپچىلىك كۈلۈشتى. پاتىخ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قەسەن باتۇر، سەن مەرھۇم ئاكاڭ ئەكبەر باتۇرنىڭ ئانا ماكانى ئۇلاستاينى قوغداپ مۇشۇ يەردە قالىسەن. ساڭا ئوتتۇز ئەزىمەت يېتىدۇ. ئىسبوسىن روھى، ئىسبوسىن چوققىسى سېنى قوغدايدۇ. مەقسەت، غۇلجىغا ماڭغىنىمىزنى ئىلقىدىكى، توقۇزتارا، قاراباغدىكى گومىنداڭچىلارغا سەزدۈرمەسلىك، گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچى، پۈتۈن دىققىتى ھازىر ئىلقىدا. ئىلقىغا ئۆرۈمچىدىن تاغ يولى بىلەن ھەر كۈنى ئەسكەر كەلمەكتە. گومىنداڭ بىزنى قورشىماقتا. قورشاپ تۇرۇۋەرسۇن. بىز غۇلجا شەھىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز!

نەزىر قىلىندى، قۇرئان ئوقۇلدى. غېنى باتۇر ئۆز توپىنى ئېلىپ يېرىم كېچىدە گومىنداڭنىڭ چوڭ قىسمىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا نۇرى

بىلىلە كېتىپ باراتتى . غېنى ئېگەر ـ جابدۇقلىرى شاراقلاپ تۇرىدىغان، ئويناقلاپ ماڭىدىغان يوغان ئالا ئات ئۈستىدە سەپەر قىلغاندا قىزىق گەپلەرنى قىلىشقا ئامراق .

— شەھەرنى ئالغاندا بىرىنچى بولۇپ داۋۇر تۆڭگان بىلەن هاشىم توكۇرنى دارغا ئاسىمەن ! — دېدى ئۇ باش ـ ئاخىرى يوق گەپنى قىلىپ .

— ئۇلار كىم ؟

— داڭلىق ئوغرىلار . ئۇلار تېشەلمەيدىغان تام ، ئۆتەلمەيدىغان سېپىل يوق . ئۇلار مېنى تۇتۇپ بېرىشكە ساقچىغا تىلخەت بېرىپتۇ . تىرىك ئەكېلەلمىسەك كاللىسىنى ئەكېلىمىز دەپتۇ تېخى !

— نېمىشقا هوي ؟

— نېمىشقا بولاتتى . شىخونىڭ هاكىمى لى شيەنجاڭ هۆكۈمەت دېهقانلاردىن بۇغداي سېتىۋالىدىغان پۇلنى بېسىۋېلىپ ، دېهقاندىن بۇغدايىنى بىكارغا ئېلىپ تازا بېيىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ، هارامدىن تاپقان پۇلنى بىر قويايلى دېدۇق ـ تە ، كېچىلەپ شىخوغا باردۇق . قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈپ شيەنجاڭغا قورال تەڭلەپ ساندۇقتىن ئەللىك مونەك پۇلنى ئالدۇق . ئۇلار ئۇرۇمچىگە بارىمىز دەيدۇ ، مەن غۇلجىغا كېتىمىز دەيمەن ، تالىشىپ بىر تۆڭگاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدۇق . يېرىم كېچىدە ئەسكەرلەر قورشاپ بىزنى تۇتۇۋالدى . داۋۇر پۇلنى شۇ ئۆي ئىگىسىگە بېرىپ ئەتەي ئەسكەرلەرنى باشلاپ كەلگۇزگەن گەپ . قورسىقىدا پۇلنىڭ هەممىسىنى ئېلىش نىيىتى بار ـ دە ! تۇتۇلدۇق ، ئۇرۇمچىگە ئاپاردى ، مەن تۇرمىنىڭ تۆڭلۈكىگە يامىشىپ چىقىپ قېچىپ كەتتىم . مەن تولا قاچقان تۇرمىلەرغۇ ئۇ . ئۇ ئىككىسى قالدى . هېلىقى ئۆي ئىگىسى تۆڭگاندىن پۇلنى ئېلىۋالاي دەپ كەلسەم ، يوق ، كۆچۈپ كېتىپتۇ . داۋۇر بىلەن هاشىم توكۇر مېنى تۇتۇپ بېرىشكە تىلخەت بېرىپ ، تۇرمىدىن چىقىپ مېنى ئىزدەپ يۈرگۈدەك !

— غېنىكا ، مازار جىمجىت . لىۋرىنىڭ دىگىدا تۆت پوست بار ئىكەن ، — دېدى رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئورۇم ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ .

— كىچىك توپ باشلىقلىرى يىغىلسۇن !

ئېدىر بويلاپ توپ - توپ بولۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىق پارتىزانلار ئىككى يۈزدىن بەش كىچىك توپقا بۆلۈنگەنىدى . باشلىقلار دەرھال يىغىلدى . غېنى بۇيرۇق بەردى :

— 1 - توپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ بىنەملىكتىن چۈشىدۇ ، 2 - ، 3 - توپ سۇدىن تۆيدۇرماي ئۆتۈپ سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىن ، 4 - ، 5 - توپ مۇشۇ ئۇدۇلدىن ، لىۋرىنىڭ دېگى بىلەن باخچانىغا ھۇجۇم قىلىمىز . يېقىن بېرىپ ھە دېگەندە قول بومبىلىرىنى تاشلاڭلار .

ئاتلىقلار ئاتلىرىنى مازارغا — ھەرقايسى بەلگىلەنگەن جايلارغا قارىتىپ يۈرۈپ كەتتى .

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىزلا گۈمبۈرلىگەن ، تاراسلىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئاكوپ - پوتەيلىرىگە يۈگۈرۈشتى . تەرەپ - تەرەپتىن قىيا - چىيا ، ئەييا ، تامادى زېي !··· دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى .

تۇيۇقسىز ھۇجۇم ناھايىتى شىددەتلىك بولدى . بومبىلار پارتلاپ ، ئوقلار ۋىژىلداپ گومىنداڭ چېرىكلىرىنى باش كۆتۈرتمىدى . ئۇلار بىر چەتتىن ئېتىشىپ ، بىر چەتتىن غەربكە چېكىندى . غېنى باتۇر قىسمى تېزلا لىۋرىنىڭ دېگىنى ئىشغال قىلدى . دۈشمەن ئويلاپمۇ باقمىغان تەرەپلەردىن تاملارنى ئۆرۈپ - چېقىپ ، ستولىيا ، ئېرىقلارنى دالدا قىلىپ ، دۈشمەنگە ماۋزۇر بىلەن ئوق ئۈزگۈدەك دەرىجىدە يېقىنلاپ كەلدى . دۈشمەن شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىكى ، پارتىزانلار ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قوللىرىدىكى مىلتىقلىرىنى تارتىپ كەتسىمۇ ئوق چىقىرالمىدى . غېنى باتۇر ئۇلار ئۈچۈن بىر تىلسىم ، رىۋايەتلەردىكى كۆرۈنمەس

قەھرىمان بولۇپ قالدى.
غېنى باتۇر گومىنداڭنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنى غەربكە چېكىندۈرگەندىن كېيىن غول سۇيىنىڭ شەرقىدىكى بىر چوڭ قورۇغا قوماندانلىق شتاب قۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ قەيسەر يىگىتلىرى بەل ئېشىپ، سايلاردا شۇڭغۇپ يۈرۈپ دۈشمەنگە زادىلا ئارام بەرمىدى. گومىنداڭ قىسىملىرى ئادەم سانى جىق، قورالى خىل بولۇشىغا قارىماي مۇداپىئەگە چۈشۈپ قالدى. پارتىزانلارنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. دۈشمەن ھۇجۇم شەرقتىن كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، پۈتۈن دىققىتىنى شەرقتىن مۇداپىئە قىلىشقىلا قاراتتى. پاتىخ زور قوشۇننى باشلاپ سۇلتان ئۇۋەيس مازىرىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن تار مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ، ئېدىرلارنى ئارىلاپ غۇلجا شەھىرىگە بىمالال يۈرۈش قىلالىدى.
قوماندانلىق شتاب ئۇلاستايدىن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن غېنى باتۇر پۈتۈن قوشۇننى غول ئېغىزدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈۋېتىپ، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كېچىسى تارنىڭ ئوتتۇرا يولى بىلەن مازاردىن چىقىپ كەتتى. تۈن يېرىمىدا تەرلىگەن جەڭ ئاتلىرىنى مىنگەن، مىلتىقلىرىنى مۈرىلىرىگە ئاسقان ۋە تېقىملىرىغا قىستۇرغان نەچچە يۈز پارتىزان ۋە تاياق ـ توقماق بىلەن قوراللىنىپ ياۋىداق ئاتلىرىنى مىنىشكەن نەچچە يۈز دېھقان ـ چارۋىچىلار ھەيۋەتلىك چوڭ قوشۇن بولۇپ بوراندەك گۈركىرەپ، سەلدەك ئېقىپ، بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇن قوزغىلىپ يەتمىش نەچچە يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بوۋىسى سادىر پالۋاننىڭ يۈرتى مولتوختىيۈزى، خۇدىيارىيۈزلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ شەھەرنىڭ شەرقىگە كېلىپ توختىدى. غېنى باتۇر تاڭ ئالدىدا ئەترەتنى كېپەكيۈزى، پەنجىم يېزىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يىگىرمە نەپەر قەيسەر يىگىتنى باشلاپ غۇلجا شەھىرىنىڭ توپادەك تۈرمىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىشىكلەرنى چېقىپ مەھبۇسلارنى ئازاد

قىلدى . ئۇ تەييارلاپ كەلگەن ئېگەرلەنگەن ئاتلارغا پاتىخنىڭ ئانىسى ، ئايالى ۋە بالىلىرىنى ، خەمىتنىڭ ئېغىر ئاياغ ئايالىنى مىندۇرۇپ ، كۆن چىقىشتىن بۇرۇن پارتىزانلار باش شتابى ئەمدىلا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئاقئۆستەڭ بويىدىكى هاموت هاجىنىڭ كۆزلىكىگە كەلدى . پاتىخ ئانىسى بىلەن خوتۇنىنى كۆرۈپ ئاۋۋال غېنى باتۇرنى قۇچاقلىدى :

— باتۇرۇم ، قەيسىرىم ، بۇركۇتۇم !

— دېمىدىممۇ ، شەھەرگە سەندىن بۇرۇن كىرىمەن دەپ ، مانا دېگىنىمنى قىلدىم .

پاتىخ ئانىسى ، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

شۇ چاغدا ئاسماندا ئايروپىلانلار پەيدا بولدى . ئايروپىلانلار كېپەكيۇزى ، دادامتۇ يېزىلىرىنى ئارىلاپ پەسلەشكە باشلىدى .

— غېنى ، سەن بۇيرۇق كۈتمەيلا هۇجۇم قىلدىڭ ، مانا گومىنداڭ بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى بىلىپ قاپتۇ !

— بىلىپ قالسا تېخى ياخشى ، نوچىلىقىمىزنىمۇ بىلىپ قالسۇن ، هۇجۇمنى باشلايلى پاتىخ !

— ياق ، شەهەردىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىمىز !

— نېمە ، سەندىنمۇ چوڭ شتاب بارمۇ تېخى ؟

— سوۋېت كونسۇلى ، 2 - دوم[①] !— دېدى پاتىخ ئاستا شىۋىرلاپ .

— بىزگە سوۋېت قوماندانلىق قىلىۋاتامدا ؟

— ئاستا ، قورغاس پارتىزانلىرى تېخى يېتىپ كەلمەپتۇ ، — پاتىخ دەرهال گەپنى يۆتكىدى ، — ئاباسوفلاردىن خەۋەرچى كەلمەكچىدى ، تېخى كەلمىدى !

① 2 - دوم — 2 - ئۆي .

ئايروپىلان ئاقئۆستەڭ بويىغا بومبا تاشلىدى، پەسلەپ ئورمانلىقنى پىلىموت ئوقىغا تۇتتى.

— بۇيرۇق، پارتىزانلار دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە تارقالسۇن! — دېدى پاتىخ.

غېنى باتۇر دەرھال ئېتىغا مىندى. ئۇ ئۆز توپىغا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ تۇرىدىن:

— بىزگە ئورۇسلار باشپاناھ بولۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، تۇرى ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېڭىشىپ، ئات كوكۇلىسىنى قولى بىلەن تاراپ قويۇپ:

— ئۇنداق بولسا ياخشى، غەلىبە قىلساق سوتسيالىزم قۇرىمىز! — دېدى.

— شەرقىي تۈركىستان قۇرىمىز ئەمەسمۇ؟ خىتاينى قوغلىساق ئورۇس كىرسە؟

— ئۇنداق دېمە. گەپ كىمنى قوغلاپ چىقىرىپ، كىمنىڭ كىرگەنلىكىدە ئەمەس، قانداق تۈزۈمنى غۇلىتىپ قانداق تۈزۈم ئورناتقانلىقىمىزدا.

— سەنچە قانداق تۈزۈم ياخشى؟

— مېنىڭ خىيالىم دۈشمەننى يوقىتىشتا، غېنىكا، تۈزۈم توغرىسىدا دۈشمەننى يوقاتقاندىن كېيىن گەپلىشىمىز.

— ئەسكى ئۆينى چېقىپ بولۇپ، يېڭى ئۆينىڭ تۇسىنى ئويلايمىز دېگىنە؟

— شۇنداق، ئاكا، ستالىنغا ئىشىنىسەن، چوقۇنىسەن، ئۇ سېنى ھەرگىز يامان يولغا باشلىمايدۇ.

— ستالىن شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— خەۋەرسىز قالدىم. خەمىت ۋاپات بولمىغان بولسا نەق جاۋاب بېرەتتىم. ستالىن ھازىر دۇنيا ئەمگەكچىلىرىنى ئويلاپ تاماكا تۇرۇپكىسىنى شوراۋاتسا كېرەك!

— شۇ ئەمگەكچىلىرىڭ ئىچىدە بىزمۇ بار دېگىنە!

ئۇلار قوماندانلىق شتابتىن چىقىپ ئۆز توپىغا كەلگۈچە شۇلارنى دېيىشىپ ماڭدى .

— ئايروپىلان ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە تارقىلىڭلار ! — دەپ توۋلىدى غېنى كىيلە ـ كەلمەيلا .

ئۈچ قوشۇننىڭ بىللە ھۇجۇم قىلىش پىلانى كۈندۈزى ئەمەلگە ئاشمىدى . پارتىزانلار بۇيرۇققا بىنائەن پەنجىم ، جىلىيۇزى غوللىرى بىلەن تاغقا چېكىندى . ئايروپىلانلار توختىماي ئۈچتى ، بومباردىمان قىلدى ، لېكىن چىقىم كۆرۈلمىدى . گومىنداڭ ھەربىي ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مىڭلىغان قوراللىق پارتىزانلارنىڭ شەھەر بوسۇغىسىغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى . ليۇبىڭدې ، دۇسىجاڭلار نىلقا بىزنىڭ قولىمىزدا ، ئۇلاستاي تۆت تەرەپتىن نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن قورشالغان ، پات ئارىدا باندىتلار يوقىلىدۇ دەپ ئويلاپ ، ئاخشاملا ۋالىي مەھكىمە ، باش ساقچى ، باش شتاب بىرلىشىپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ، رەئىس ۋۇجۇڭشىننىڭ يېڭى ئەلچىسىنى كۈتۈۋالغان ۋە «يەنىلا نەسىھەت ـ تەشۋىقاتنى ئاساس ، قورال كۈچىنى قوشۇمچە قىلىش» دەيدىغان يوليورۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ، شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ھېكىمبەگ غوجام ، مۇتائالى خەلپىتىم ، سالىجانباي ، ئەنۋەر مۇسابايوف قاتارلىقلاردىن بىر چوڭ نەسىھەت تەشۋىقات ئۆمىكى قۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلىشقانىدى . تۇيۇقسىز تۈرمىدىن ئادەم بۇلاش ۋەقەس بولغاندىن كېيىن ئۇلار : «بۇ پاتىخنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكىتى . ئۈچ ئەسكەر ئۆلۈپتۇ . بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلماي ، نىلقىدىكى ئارمىيىمىزنىڭ ، نەسىھەت ئۆمىكىنىڭ غەلىبىسىنى كۈتەيلى» دېيىشكەنىدى . دېمىسىمۇ كۈندۈز جىم ئۆتۈپ كەتتى .

لېكىن ، كېچىدە شەھەرنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالغان ۋە شەھەر ئىچىدە قوللىرىغا قورال ئېلىپ تەييارلىنىپ تۇرغان نەچچە يۈزلىگەن پارتىزاندىن ئۇلار بىخەۋەر ئىدى .

سەھەر . ليۇ بىڭدې نوۋنگورتتىكى ئۆيىدىن چىقىپ ھەربىيچە شەپكىسىنى كۆزىگە كىيىپ ، قىبلىدىن سوقۇۋاتقان ئاچچىق شامالدىن پاناھلانغىنىچە ، ھەربىيچە پەلتوسىنى يېپىنچاقلاپ ، قوماندانلىق شتاب تەرەپكە ماشىنا بىلەن يۈرۈپ كەتتى . قوماندانلىق شتاب ئۆنىڭغا :

— شەھەر سىرتىدا گۇمانلىق ئادەملەر پەيدا بولدى ، — دەپ دوكلات قىلدى . ئۇ دۇ شىجاڭنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ :

— چۆچۈپ كەتمەڭ ، ئالتە ئوغرى قورشاۋدا . بىزنىڭ ئۈچ مىڭدىن جىق ئەسكىرىمىز ئۇلارنى قورشاپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئەتە ھۇجۇمغا بۇيرۇق بېرەيلى ! — دېدى ۋە شتابتىن چىقىپ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كەلدى . ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن ماشىنىدىن چۈشۈپ ئالدىغا چىققان ساقچى باشلىقى بىلەن ئەمدىلا قول ئېلىشىشىغا ، نەدىندۇر «ۋاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە ، ليۇ بىڭدې ئوڭدىسىغا چۈشتى . ئوق ئۇنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئارىلىقىغا تەگكەنىدى . ساقچىلار ۋارقىرىشىپ ، ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ ئوق ئاتتى . لېكىن ، ساقچى ئىدارىسى مۆلدۈردەك ئوق ، قول بومبىسىنىڭ ھۇجۇمى ئىچىدە قالدى . ليۇ بىڭدېنىڭ جەسىتىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ساقچىلار ساقچى بىناسىغا چېكىندى . باش شتاب ، باش ساقچى ، ئىسكىلات ، ۋالىي مەھكىمىگە سىرتتىن كەلگەن ، شەھەردە بۇيرۇق كۈتۈپ ياتقان پارتىزانلار بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم باشلىدى . شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم تۇرماق ئىتلارمۇ قالمىدى . ۋاڭ ـ ۋۇڭ ، گۇمباڭ ، قاراس ـ قۇرۇس ، ھۇررا ، ئالغا… خىلمۇخىل ئاۋازلار غۇلجا ئاسمىنىدا ئەۋج ئالدى ، ئەرلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ ، قوللىرىغا چىققان ئەسۋابلار بىلەن قوراللىنىپ پارتىزانلارغا ماسلىشىپ ، غۇلجا شەھىرىدىكى ئارمىيە ، ساقچى ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان پارتىزانلارغا مەدەت بەردى . 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ ، 8 ـ كۈنلىرى غۇلجىدا قاتتىق جەڭ بولدى . چۈشكە قالماي

پارچە - پۇرات ئـورۇنلاردىكـى سـاقچى - ئەسكەر يوقىتىلدى. ئەكسىنىر زاۋۇتىنى ئىگىلەپ قارشىلىق قىلىۋاتقان پىلىموتچىلارنى غېنى باتۇر بىناغا يامىشىپ چىقىپ، دېرىزىلەردىن يەرگە تاشلاپ بـىر تەرەپ قىلدى. سايبويى — سېپىل ياقىسىدىكى ئىسكىلاتقا ھۇجۇم قىلىپ مەھبۇسلارنى، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قاتناشقان ۋە ئىشەنچسىز بولغاچقا ئىسكىلاتقا قامالغان ئۇيغۇر، قازاق يىگىتلەرنى ئـازاد قـىلـدى. گـومـىـنداڭ ئەسكەرلىرى شۇنچىلىك قورقۇپ كـەتـتـىـكى، غېنى باتۇر تۆتىلۇكتىن سەكرەپ چۈشسە، شۇنچە ئەسكەردىن بىرىمۇ ئوق چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. گومىنداڭچىلار ساقچى ئىدارىسى، قوماندانلىق شتاب ۋە ۋالىي مەھكىمىسىدە خېلى قـارشـىـلىق قىلىپ باقتى. لېكىن، ئىككىنچى كۈنگە ئۆتمەيلا ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ئاز قىسمى ھەرەمباغ، لياڭشاڭ، ئايرودروملارغا قامىلىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى.

مـەسچىت - مەسچىتلەردە شەھەر خەلقى قۇرئان ئاستىدىن ئۆتۈپ، «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دېيىشىپ پارتىزانلارغا كېلىپ قوشۇلدى، پارتىزانلار سائەتمۇ سائەت ئۆلغايدى، نەچچە مىڭ، ھەتتا ئون مىڭلىغان پىدائىيلار دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى قورشىۋېلىپ كېچەيۇ كۈندۈز ھۇررا توۋلاشتى. ئىككىنچى كۈنى غـۇلـجـا شـەھـىـرى ئاساسەن ئېلىنىپ بولدى. لېكىن، ساقچى ئىدارىسى ئېلىش قىيىن بولغان جاي بولۇپ قالدى. بۇ جايىنىڭ تۆت تەرىپى ئېگىز قېلىن تام بىلەن قورشالغان، تاملاردىن تېشىلگەن تـۆشـۈكلەردىن توختىماي پىلىموت ئېتىلىپ تۇراتتى. قاراملىق قىلىپ كىگىزنى سۇغا چىلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلەر بولدى. لېكىن، ئۆلۈش، يارىدار بولۇش كۆپەيدى. بۇ يەرنى ئېلىشتىمۇ غېنى باتۇر باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئۇ مۆلدۈردەك يېغىپ تۇرغان ئوققا قارىماي، يـولـىـنىڭ ئۇ چېتىدىن يۈگۈرگەن پېتى ساقچى تېمىنىڭ تۈۋىگە ئۆتۈۋالـدى - دە، تامنىـڭ تۈۋىنى لـوم بىلەن ئويۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قاراملىقى باشقىلارغا مەدەت بولدى. ئادەملەر ئۆمىلىشىپ،

دومــىلىشىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتتى ـ دە ، تامنىڭ تۈۋىنى كولاپ بىر دەمدىلا ئۆرەك پەيدا قىلدى . شۇ دومىلىغۇچىلارنىڭ بىرىنچىسى نۇرى ئىدى .

ئۇلار تامنىڭ تۈۋىنى كولاپ بولۇپ ھۆللەنگەن كىگىزلەرگە ئورىلىپ ، يېغىۋاتقان پىلىموت ئوقى ئاستىدا يەنە دومىلاپ بۇياققا ئۆتتى . نۇرى پىلتىغا ئوت ياقتى ۋە :

— يـات ! — دەپ بـۇيـرۇق بـەردى . دورا پارتلىدى ، تام گۇلدۇرلەپ ئۆرۈلدى .

— ھۇررا ! — پارتىزانلار كەلكۈن بولۇپ ساقچى بىناسىغا ئاقتى . يىقىلغانلار ، ئۆلگەنلەر ، ئىگرىغانلار بىلەن كىشىلەر ئاۋارە بولۇشماي ، پىلىموت ، مىلتىقلارنىڭ ئۈنىنى ئۆچۈرۈشكە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى . ئاخىر باش ساقچىدا گومىنداڭنىڭ ئوقى توختىدى .

دۈشمەن ھەرەمباغ ، لياڭشاڭ ، ئايرودرومغىلا توپلىنىۋالدى . پارتىزانلار ئىدارە ، ماگىزىن ، بانكا ، ئىسكىلاتلارنى بۆلىدى ، خەنزۇ پـۇقـرالىرىنى كوچىلارغا ئاچىقىپ ئۇرۇپ ـ كالتەكلەپ ، ھەتتا مۇشتلاپ ئۆلتۈردى . ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىدە ھاجەتخانا ، قۇدۇقلاردىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ، قازاق ، تاتار ۋە رۇسلارنىڭ جەسەتلىرى تېپىلدى . خەلق بۇ كۆزى ئويۇلغان تىلى كېسىلگەن ، پۇت ـ قوللىرى چېقىلغان قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈپ قــىساس ئـۇچـۇن خـەنـزۇ پـۇقـرالىرىنى ئۆيلىرىدىن ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى . نۇرى قۇدۇقتىن روسۇلوفنىڭ جەسىتىنى تارتىۋالدى . سۆيۈملۈك مۇئەللىمىنىڭ ئاغزىغا كېسىۋېلىنغان جان يـېـرىــنـى چـىشلىتىپ قويغانىكەن . نۇرى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھۆڭگرەپ يىغلىدى .

پارتىزانلار غۇلجىنى ئىشغال قىلدى . ئۈچ ئورۇندا سوقۇش داۋاملاشماقتا . قوماندانلىق شتاب كەچتە يىغىن ئاچتى . بۇ يىغىنغا پاتىخ قاتناشتى . يىغىندىن چىقىپ پاتىخ ئۆزىنىڭ توپ ۋە كىچىك توپ باشلىقلىرىنى يىغدى .

— بىزگە ئەمدى ھەربىي كومىتېت رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى ! — دېدى ئۇ خاپا ھالدا ۋارقىراپ ، — ئىنقىلابنى بىز قىلىمىز ، ھوقۇق باشقىلارنىڭ بولغۇدەك . ئېلىخان تۆرە ، ھېكىمبەگ غوجا ، رەخىمجان سابىرھاجى ، ھەبىب يۇنىچ ، ئابدۇكېرىم ئابباس ، مۇتائالى خەلپەت ، ئابدۇرۇپ مەخسۇم ، سالىجانباي… يەنە ، يەنە شۇلاردەك دۇرۇت ئوقۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلار بىزگە باشلىق بولدى . بىز شۇلار ئۈچۈن جەڭ قىپتىمىز ، ئىنىم خەمىت ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈپتەك ، ئەكبەر باتۇر ، سېيىت باتۇرلارمۇ شۇلار ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلۈپتەك !…

— توختا ، ھاي نوغىيىم ! — دېدى غېنى باتۇر ۋارقىراپ ، — جەڭ تېخى تۈگىمىدى ، ئىلقا ، كۈنەس ، تېكەس ، چاپچال ، قورغاس ، سۈيدۈڭ ، ئۈچكەي دۈشمەننىڭ قولىدا ، ئۇلارنى يوقىتىپ بولايلى ، مۇنۇ ھەرەمباغ ، لياڭشاڭ ، ئايرودرومدىكى توڭگۇزلارنى يوقىتىپ بولايلى ، ئاندىن كېيىن ھوقۇق تەگمىسە ، جاجىسىنى بەرمەك ئاسان . ھازىر مىلتىققا ئەگىشىدىغانلاردىن قورئانغا ئەگىشىدىغانلار كۆپ . ھە ، دېمەمسەن ، شەھەرنى ئالايلى . ئەڭگىزە شەھەر ئالىشايلى !

— دۇرۇس ! — دېدى نۇرى ، — ھازىر ھوقۇق دەۋاسى قىلىدىغان چاغ ئەمەس !

— قازاقتا نېمىشقا بۇ كومىتېتتا ئورۇن يوق ؟ — دېدى ئىلقىلىق بىر مەرگەن ۋارقىراپ ، — ئوقنى كۆپ ئاتقانمۇ قازاق ، جاپانى كۆپ تارتقانمۇ قازاق ، كۆپ ئۆلگەنمۇ قازاق . ھۆكۈمەت بېشىغا ئۇيغۇر بىلەن ئەنجانلىق چىقامدىكەن ؟

— قوي چىراغىم ! — دېدى ئىلقىلىق نۇسۇپقان گەۋدىسىنى ناماىان قىلغاندەك ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ۋە يوغان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ، — مىللەت ـ پىللەت دېگەننى تىلغا ئالمايلى . بىز ھەممىمىز بىر خەلق ، ئىتتىپاقلىق بولمىسا كۈچ بولمايدۇ . گومىنداڭنى يوقىتايلى ، ھوقۇق ، ھۆكۈمەت دېگەنلەر كېيىنكى

گەپ .

— ئىنقىلابنى كىم قىلسا ھوقۇق شۇنىڭ بولۇشى كېرەك . ئالتايدا ئوسمان باتۇر ئون يىلدەك جەڭ قىلدى . ھازىر ئۇ سارسۇمبىدە ھۆكۈمەت باشلىقى !

— مۇسۇلمانلار بىر ئائىلە !

— ئورۇسلار ، قالماقلار ، شىبەلەرمۇ بىزگە قوشۇلۇپ قان تۆكۈۋاتىدىغۇ !

— بىزنىڭ دۈشمىنىمىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ، ھېچقانداق بىر مىللەت ئەمەس ! — دېدى نۇرى ۋارقىراپ .

— خىتايلارچۇ ؟

— ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ گومىنداڭغا قارشى تۇرىدىغانلار بار . بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ ئابدۇمەردەك گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ياقلايدىغانلار بار .

— دۇرۇس گەپ . دۈشمەن ھەرەمباغدا ، لياڭشاڭدا ، ئايرودرومدا ، چوڭ ئورۇمچىدە . بىز يوق ئىشنى تالاشماي ، ئاشۇ دۈشمەننى يوقىتايلى . ھەرەمباغقا ھۇررا !

— بوپتۇ ئەمىسە ! — دېدى پاتىخ ئاخىر ، — ھەرەمباغقا ھۇررا !

— ھۇررا !...

لياڭشاڭ سوقۇشى تولىمۇ قاتتىق بولدى . نۇرى بۆرىۋاي ، تۇرسۇن ، سۇلتان ، ئالىم ئىسىملىك گىمنازىيىدە قەسەم ئىچىشكەن دوستلىرى بىلەن قومۇشلۇقتا قارا پاتقاقتا مىلىنىپ لەگزىبىشى تەرەپتىن ئۆمىلەپ ، بەللىرىگە گرانات تېڭىپ ئىلگىرىلىمەكتە . لياڭشاڭ بىر چوڭ ھەربىي گازارما ، ئۇ يەردە تۇرمە بار ، ئوق - دورا ، قورال ئىسكىلاتى ۋە ئاشلىق ئامبىرى بار . تاملىرى ئېگىز ، دۆڭگە جايلاشقان بۇ ئورۇننىڭ تاملىرىغا پىلىموتلار ئورنىتىلغان ، ئالدىدىكى پوتەيلەردىنمۇ توختىماي پىلىموت ، ئارىلاپ مىناميوت ئېتىلىپ تۇرماقتا . نۇرىلار ئۈچ ئوت توچكىسىنى گرانات بىلەن

پاچاقلاپ ئىلگىرىلەش، بىنانىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ تاملىرىنىڭ تۈۋىدىن خەندەك كولاپ، مىنا كۆمۈپ پارتلىتىش ئۇچۇن يول ئاچماقچى. ئۇلار يەرگە چاپلىشىپ، ئېگەكلىرى بىلەن يەر تىرەپ ئىلگىرىلىمەكتە. مانا ئۇلاردىن نۇرى، بۆرىۋاي، سۇلتانلار يېكەنلىك ئارىسىغا كىرىۋالدى ـ دە، پوتەيگە ئوتتۇز مېتىردەك يېقىنلىدى. نۇرى گراناتنىڭ يىپىنى ئۈزۈپ ئوق چىقىۋاتقان پوتەي ئېغىزىغا ئاتتى. گرانات كىرىپ كەتتى، لېكىن دەرھال ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇلۇپ قارا پاتقاقتا چۈشۈپ «گۇم!» قىلىپ پارتلىدى. نۇرىنىڭ يانپىشى كۆيۈشكەندەك بولدى. ئۇ ئىككىنچى گراناتنى ئاتتى. پوتەي گۇلدۇرلەپ پارتلاپ ئۇنىڭ باشلىرىغا توپىلىرى ئۇچۇپ كېلىپ چۈشتى. ئۇ خۇشال بولۇپ، توختىماي ئوق چىقىۋاتقان پوتەيگە يېقىنلاي دەپ ئۆمىلىۋىدى، سول پۇتى ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى. ئۇ يانپىشىنى تۇتتۇۋىدى، قولىغا ئىسسىق قان ئۇرۇلدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئوڭدا يېتىۋېلىپ، قىسقا، يېنىك پاختىلىق چاپىنىنى سالدى ۋە كۆڭلىكىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ يىرتىپ يارىسىنى تېڭىپ، يېكەندىن ئەشكەن ئارقان بىلەن يۆگىۋەتتى. ئاڭغىچە بۆرىۋاينىڭ ئاتقان گراناتى بىلەن ئىككىنچى پوتەي پارتلىدى. ئۇلار ئۆمىلەپ لياڭشاڭ بىناسىنىڭ ئارقا تېمىغا يېتىپ باردى ـ دە، بەللىرىدىكى لوم، پالتىلار بىلەن تام تۈۋىنى كولاشقا باشلىدى. نۇرى پارتلىتىشنىڭ يولىنى تازا بىلىۋالغان. ئۇ دورىنى خەندەككە قويۇپ پىلتىغا ئوت ياقتى، تۆت يىگىت — گىمنازىيىنىڭ بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرىكى قەسەم ئىچىشكەن يىگىتلىرى تۆۋەنگە قاراپ دومىلىدى. «گۇمباك!» قىلغان قاتتىق پارتلاش بىلەن بىنانىڭ شىمال تېمى گۇلدۇرلەپ ئۆرۈلدى. ھەممە يەرنى چاڭ ـ توزان قاپلىدى. نۇرى دومىلاپ بېرىپ بىر ئاكوپقا چۈشتى. ئۇنى بىرى چىڭ قۇچاقلاپ يۆلەپ تۇرغۇزدى:

— نۇرى!

— زۇنۇن ئاكا!

ئـۇلار قـۇچاقلاشتى . مۇسابايوفلار زاۋۇتىنىڭ بۇ ماستىرى هازىر ئالدىنقى سەپ فرونت جەڭچىلىرىنىڭ كوماندىرى ئىدى .
— يـارايـسەن ، نۇرى ، ئەنۋەر مۇسابايوف سىنى سورىدى . پۈتۈڭ يارىلىنىپتۇ . مەن سىنى باغ قورۇغا ئەۋەتەي ، ئۇ يەر هازىر دوختۇرخانا !
ئۇنى ئىككى شەپقەت هەمشىرىسى قولتۇقلاپ ئېلىپ كەتتى .
— هۇررا ! — دېگەن ئاۋاز شەهەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى .
تۆت يىلنىڭ ئالدىدا هەربىر قەدىمىنى داردا ماڭغاندەك ئاۋايلاپ باسىدىغان ، كېيىنچە بۇ شەهەردە باش تىققۇدەك كامار تاپالمىغان گـىـمـنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نۇرى مانا كالاسكىدا ، شەهەرنىڭ غازاڭ باسقان كوچىلىرىدا كېتىپ بارىدۇ .
— گـىمنازىيىمۇ ۋاقىتلىق دوختۇرخانا ، باغ قورۇمۇ شۇ ، قەيەرگە ئاپىرايلى؟
— گىمنازىيىگە !
ئۇ ئۆزىگە ئەقىل ، غايە ۋە بىلىم بەرگەن ئانا مەكتىپىدە پۈتى تېڭىلغان هالدا بىر كېچە ياتتى .
بۇ ئۇنىڭ هاياتىدىكى ئۇنتۇلماس كېچە ، قەلبى خۇشاللىق ، هاياجانغا تولغان بىر كېچە بولدى .

## 36

قار لەپىلدەپ ياغماقتا ، ئۆگزىلەر ، دەرەخلەر كۆمۈلمەكتە . يېزا جىمجىت ، خۇددى ناماز ئوقۇۋاتقاندەك ، مۈگدەۋاتقان ، هارغىن ئـاتتەك ، نامازشامدىن كېيىنكى دەرەخ شېخىدا قەهرىتانغا جەڭ ئېلان قىلىپ دۈگدىيىپ ياتقان ئاق مېكىياندەك...
ئـادەمـلـەر كـوچـىـغـا چىقىپ ، شەهەردىن كېلىپ شەرققە كېتىدىغان يول بىلەن مەهەللە كوچىسى كېسىشىدىغان تۆت كوچا ئېغىـزىغا توپلىنىـشقانـدى . ئـۇلار ئـۈن ـ تىنسىـز ، كـۈرەك

جۇۋىلىرىنىڭ ياقىلىرىنى كۆتۈرۈپ شەھەر تەرەپتىن — قىبلىدىن كېلىۋاتقان «گۇمباڭ !» ، «تات ـ تات ـ تات» قىلىۋاتقان ئاۋازلارغا قۇلاق سالاتتى .
بۇ ئاۋازلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇلارغا ئايان : شەھەردىكى زومىگەر ئەسكەرلەر ، خىتاي بازىرىدىكى ئادەمنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان تۆرتەك جاڭگۇيدىلەر تۈگىگەن . ئىتنىڭ شالدىرمىسىنى شاراقلىتىپ ، تۆلكە تۇماق ، بۆرە جۇۋىسى بىلەن ھەيۋە قىلىپ ، قامچىسىنى ساڭگىلىتىپ مەھەللىدىن ئۆتىدىغان ئابدۇمەر مىڭبېگى چىغىدا قىچىپ ھەرەمباغقا كىرىۋاپتەك ، ھەرەمباغقا ئىتىلىۋاتقان بۇ زەمبىرەك ، مىناميوت دېگەن نېمىلەر يەنە كىملەرنى نەلەرگە ھەيدىۋېتەركىن !
— قازارەن شەھەردە خىتاي قالمىغان بولسا بىز خەق شەھەر سورىيالارمۇ ؟
— تەس ، تەس . بىز خەقتىن پاشا چىقمايدۇ جۇمۇسىلا مىرا قازى .
— ئىمام بىلەن قازى ، شاڭيو ، ئېشىپ كەتسە مىڭبېگى چىقىدۇ دېسىلە .
— كۆللۇھۇم شۇ ئۆزى .
— قازارەن غېنى باتۇر پاشا بولۇپ قالسا ، سەھرالىقنىڭ ساقىسى ئالچۇ چۈشىدۇ . توخۇغا مۇڭگۈز چىققاندەك ، ئېشەككە قانات چىققاندەك بولىدۇ ـ دە .
— زەمبىرەك ئورۇسنىڭ بولغاندىكىن ، شەھەرنىمۇ شۇلار سورار ھەرقاچان .
— ئېلىخان تۆرەم دېگەن كىشى مەسچىتتە ـ مەسچىتتە ۋەز ئېيتىپ دىنىي ئىسلام قۇرىمىز ، شەرقىي تۈركىستان قۇرىمىز دېگۈدەككۇ ؟
— ئۇ نېمە دېگىنى ، مىراكا ھوي ؟
— بىز خەق يۇرت سورايدۇ دېگىنى ـ دە . دوتەيمۇ ، سىلىڭ ـ پىلىڭ دېگەنلەرمۇ بىز خەقتىن بولىدۇ ـ دە .

— بىزنىڭ ئورى شەڭگەن بولسا قاملاشتۇرىدۇ جۇمۇ!
— قوماندان بوپتەك ئۇ!
شەھەر تەرەپتىن تاراقلاپ هارۋا چىقتى. بۇ مۇختەرباي ئىدى. ئۇ توت كوچا ئېغىزىدا هارۋىدىن چۈشۈپ هارۋا هەيدىگەن ئوغلىغا:
— ئاتلارنى تاڭاشۇرۇپ قوي، ئەته يەنە! — دېدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — جامائەت ئالدىراپ ئۇنىڭغا سالام بەردى.
ئۇ ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كېلىپ، يېزىسىغا چىقماي زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە ياتقانىدى. مانا زەمبىرەك ئۇنى يەنە تىرىلدۇرۇپتۇ. ئۇ مەرىيەدىن توپە، سەنسەن جۇۋا، پۇتىغا مەسكاپ ئۆتۈك كىيىۋاپتۇ.
— ئاڭلىغانسىلەر، بىز شەھەر ئالدۇق! — دېدى ئۇ مەغرۇر سۆزلەپ، — شىنجاڭنىڭ هەممە يېرىنى ئالىمىز. خۇدايىم نۇسرەت بەرسە شىڭشىڭشيا دېگەن يەرگىچە، سىپىلغىچە هەممىسى بىزنىڭ بولىدۇ. ئۆز ئالدىمىزغا دۆلەت بولىمىز، پاشا بولىمىز مۇنۇ سوۋېتتەك، جۇڭگودەك، موڭغۇلدەك...
— سورىيالايمىزمۇ، مۇختەرباي؟
— سورايمىز. ئابدۇمەر قاشقالىق جېنىدا مىڭبېگى، هاكىم بولالىدى. مەن نېمىشقا بولالمايدىكەنمەن؟ بولالايمەن.
— شۇنداق، بولالايسەن مۇختەركا، سەنمۇ ئابدۇمەرنىڭ هەممە نېمىسىنى مۇسادىرە قىل!
— مۇسادىرە قىلسام ئابدۇمەر بولۇپ قالامدىمەن. ياق، سەن دېگەن يەرلەرنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىمەن. هەرقانداق باتراقلا قاشقالىق، تارانچى، چېلەكلىك دېمەستىن بىر ئات، بىر ئۆكۈز، ئون خودىن يەر بېرىپ، جېنىڭنى باق، بىراۋغا ياللانما، بىراۋنى ياللىما دەيمەن. ئۇرۇسنىڭ سوقا، ساما بورسكىلىرى بىلەن دېهقانچىلىق قىلىمىز. ئالچاڭلاپ ئۇرۇق چاچىدىغان، موكچىيىپ يەر غېرىچلايدىغان، سۇ تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئېچىققا باسىدىغان ئىشلارنى توگىتىمەن.

— قاشقالىق دەپ يەكلىمەملا بىزنى ؟
— يەكلىسەك باي بولاتتىڭمۇ قاشقالىق . هازىر مەھەللىنىڭ بېيىسەن . ئالا خۇرجۇن بىلەن چىقىپ قىرىق خو يەر ، شۇنچە مالنىڭ ئىگىسى بولدۇڭ . توقال ئىزدەپ يۈرۈپسەن تېخى ، راستمۇ ؟
«گۇمباڭ !... »
— پاھ ، پاھ !...
— شەھەر تۈگىدى .
— ھەرەمباغنىڭ توپىسى تۇرپانغا كەتتى .
— گومىنداڭ توزانغا ئايلاندى دېگىنە !
— ۋاي خالايىق ، چوڭ يولدا لىق ئەسكەر ، لىق خىتاي !
مەھەللىنىڭ جەنۇبىدىن ياۋىداق ئات مىنگەن بىرى پۈرۈم چورۇق كىيگەن پۇتلىرى بىلەن ئېتىنى دېۋىتىپ ، ئوغلاقىقا كىرىدىغاندەك شىمايلاپ كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىغا ئاتلىق كەلدى ۋە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ :
— مىلتىق ئاسقان ، ئاتلىرى ھارغان نەچچە مىڭ ، نەچچە مىڭ چېرىك شەھەرگە كېتىۋاتىدۇ ! — دېدى .
— نېمە دەيسەنوي ، راستما ؟
— ئەللا - بىللا ، ئەزبىرايى !...
— ئۇنداق بولسا شەھەرگە خەۋەر قىلايلى ، ماڭ ، بىزنىڭ جىرەن ئاتنى مىنىپ يان يول بىلەن شەھەرگە چاپ ، بۇرۇنقى توغرا كۆۋرۈكتىكى باش شتابتا ھازىر تۆرەم تۇرۇۋاتىدۇ ، تېز خەۋەر قىل . بۇ ناكەسلەرنى بىزنىڭكىلەر قىرىۋەتسۇن !
— جان ئونمۇ ، ئېتىۋېتىدۇ ئاكا ، بۇ خىتايلار !
— كىم بارىدۇ ؟ ئۇندىمەيسىلەرغۇ ، شۇنداقلىقىڭدىن سەن خەق بېشىغا خىتاي چىچىسمۇ مەيلى دېيىشكەن . ئىست ، نۇرنىڭ ، ھېلىقى زىيەكنىڭ يوقلۇقى ، ھەي قاغا ، راست كۆردۇڭما ؟
— ئەللا - بىللا ، سىرگەينىڭ تۈگمىنىگە ئۇن تارتقىلى بارغان ، سىرگەي بىلەن چىقىۋاتسام خىتايلار ئۇچرىدى . كەينىدىن

مىغ ـ مىغ . بىزنى توتۇۋېلىپ ، شەھەردە نېمە بولۇۋاتىدۇ ، دەپ سورىدى ، بىز ، بىلمەيمىز ، دېدۇق . راستىڭنى دە ، بولمىسا ئاتىمەن ، دېدى بىر تۇڭگاندەك خىتاي . بىز ، بىلمىگەندىكىن بىلمەيمىز ، دېدۇق . سىرگەينىڭ بوز ئېتىنى تارتىۋالدى ، ئىللا ـ بىللا راست !

ئاۋازى ئايالLارنىڭكىدەك چىقىدىغان ، سېرىق ساقال ، پاناق دېھقان ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىدى .

— ھازىر نەگە بارغاندۇ ئۇ چېرىكلەر ؟

— مېڭىشى ئاستا . ئەمما ، جىق . شۇرمەلدەك ئېقىپ...

— كىم خەۋەر ئاپىرىدۇ دەيمەن ؟ گەپ قىلىشمايسەنغۇ ، ۋۇي ئاناڭنى مىڭ ، سەندەك نان يېمەسلەرنىڭ ، بولدى ، ئۆزۈم ماڭدىم . ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە ، ناسىر كېسىكچىنىڭ ئۆيىگە دېسەملا ، ئەخمەت قالغىنىنى جۆندەيدۇ . ماڭ ، مۇخپۇل ، جىرەننى توقۇپ چىق ، تېز بول ، ئەزمە !

بىردەمدىلا ئۇيناقلاپ تۇرىدىغان جىرەن ئاتنى ئەكەلدى .

— مەنمۇ بىللە باراي ! — دېدى ھاشىم پاختىچى دېگەن گەپدان ئوتتۇرىغا چىقىپ ، — مۇختەرباي يالغۇزلۇق تارتمىسۇن ، ئىمامئاخۇنۇم ، قارىگىرنى بەرسىلە ئەمىسە !

— يوقسۇ ، باشقا ئات مىنسىلە ، غوجام ، كۇللۇھۇم !...

— تىلىڭنى چاينىما ، قاشقالىق ، ماڭ قوباق ، ئېتىنى توقۇپ كەل . يامىنىغا كەلسە بۇلايمىز . ئەخمەت مۆرىتى كەلسە تەقۋادارمۇ بۇلاڭچىلىق قىلسا ساۋاب بولىدۇ دېگەن . ھازىر دېگەن گومىنداڭنىڭ نەچچە مىڭ ئەسكىرى غېنى باتۇرلارغا ھۇجۇم قىلغىلى كېتىۋاتىدۇ . خەۋەر يەتكۈزمىسەك ، ئاپەتنى بىلىپ تۇرۇپ كۆزىمىزنى يۇمۇۋالغان بولىمىز ، ماڭ !

— خۇدا ھەققى... كۇللۇھۇم !

— ئاناڭنىڭ ھەققى يوق ئاتتا . ئەمگەكچىنىڭ قان ـ تەرىگە كەلگەن ئات ئۇ !

— سىلى ئەجەب چىرايلىق گەپ قىلىدىغان بوپقاپلىغۇ ؟

— تۇرمىگە كىرسەڭ، ئەخمەتتەك ئادەملەر بىلەن بىللە شاخار كۆيدۈرۈپ سوپۇن ياسىساڭ مۇشۇنداق سۆزلەيدىغان بولىسەن، قاشقالىق، ھە، راست ئىمامئاخۇنۇم!

ئاتلار تەييار بولدى.

— ئامىن! — دېدى ئىمام تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، كۆپچىلىك دۇئا قىلىشتى.

مۇختەرباي ئاتقا مىنىۋېلىپ ئېيتتى:

— ماڭا تىلىدىڭمۇ، ئېيتىڭمۇ، سەن قاشقالىق قورقما، ئېتىڭ ئوق تېگىپ ئۆلسە، ئۆزۈڭ شېھىت بولغان بولىسەن.

ئاتلىقلار يۈرۈپ كەتتى. كىچىككىنە مەھەللىدە يەنە جىمجىتلىق باشلاندى، يىراقتىن يۇگۇرگەن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى، شەھەردىن گۇمبۇرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى، تات ـ تات ـ تات قىلغان پىلىموت ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مىرا «قازى» يەنە زۇۋانغا كىردى:

— چېرىكلەر تۇزگە بارغانمىدۇ؟

— ھىنزۋەكتامغا بارغاندۇر.

— ياق، پىيادىلەرمۇ بار، قەدىمى ئاستا.

— قورقۇپ ئالدىغا ئىككى قەدەم ماڭسا، كەينىگە بىر قەدەم مېڭىپ كېتىۋاتىدۇ دېگىنە!

— قايتىپ كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلمىسا بولاتتىغۇ؟

— ئۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ!

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!» ئەزان ئاۋازى بىلەن جامائەت قوزغىلىپ مەسچىت تەرەپكە ماڭدى.

يېرىم كېچىدە راست دېگەندەك مىلتىق ئاۋازى بىلەن پۈتۈن خەلق ئويغىنىپ كەتتى. ئۆي بېسىپ ۋارقىرىغان، تىللىغان، يىغا ـ زار، نالە ـ پەرياد ئاۋازلار مەھەللىنى بىر ئالدى. شەھەرگە كىرەلمەي كەينىگە يانغان ئاچ، ھارغىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئات، گۆش، نان ـ مايلارنى بۇلىماقتا، قارشىلىق قىلغانلارنى ئاتماقتا ئىدى. مانا ئۇلارنىڭ قەدىمى بۇ مەھەللىگىمۇ يەتتى.

ئىمامنىڭ ئۆيىگە ئاۋۋال كىرىپ تۆت ئات ، ئالتە كالا ۋە بىر قورۇ قـويـنى ھەيدەپ مىڭىۋىدى ، ئىمام شا بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى . قالغان ئۆيلەردىن يالغۇز ئات ، بىرلا موزايلىق سىيىرلارنىمۇ بۇلاپ كـەتـتـى . مـەھـەلـلىنىڭ چېتىدىكى ئۇلۇغئاخۇننىڭ مىڭ جاپادا ئـېـرىـشـكەن ئـالـتە تۇياق بورداق قويىنى ھەيدەپ مىڭىۋىدى ، ئۇلۇغئاخۇن چېرىكنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇردى ، چېرىك ئۇنىڭ مـەيـدىـسـىگە تېپىپ ئۆرۈۋەتتى . ئۇ بىر قوينىڭ كەينى پۇتىغا چـاپـلـىـشـىۋالـدى . چېرىك مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن بېشىغا ئۇرۇۋىدى ، ئۇ جان ئاچچىقىدا چېرىككە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنىڭ كـانىيىدىن بوغۇپ يەرگە باستى . يەنە بىر چېرىك ئۇنى تارتىپ يىقىتىپ تاپانچىسى بىلەن پېشانىسىگە ئاتتى .

مـەھەللىدە بىرلا كېچىدە نە ئات ـ كالا ، نە نان ـ گۆش قـالـمـىـدى . مـەھـەلـلـە پـوسـتـى سـويۇۋېلىنغان باشپىيازدەك يالىڭاچلىنىپ قالدى . جامائەت بامداتقا يەنىلا بۇرۇنقىدەك تولۇق چـىـقـتى . لېكىن ، ئىمام چىقالمىدى . مىرا «قازى» ئىماملىق قىلدى .

شـەھـەر تـەرەپـتـىـن زەمبىرەك ، پىلىموت ئاۋازى كېلىپ تـۇراتـتـى . ئـەتىگەنلىك قۇياش ئاۋزالنىڭ كەينىدىن ئاستا باش كۆتۈرۈپ ، بۇ دەردمەن يېزىغا سوغۇق نۇرىنى چاچتى . مەھەللىنىڭ چـېـتـىدىن مۇڭلۇق يىغا ئاڭلانماقتا . بۇ يىغا بىر ئۆمۈر يەرگە ئىشلەپ ھالال تەر تۆككەنلىكى ئۈچۈن دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەن دېھقاننىڭ پۈتۈن ھاياتىنى قوشاق بىلەن بايان قىلماقتا ، ئۇ يىغا ئـەمـەس ، داسـتـان ، مـۇسىبەت ئەمەس ، ھايات ئادالەتسىزلىكى ئۈستىدىن قىلىنىۋاتقان شىكايەت ئىدى .

ئۇلۇغئاخۇن رەھمەتنىڭ كەم سۆز ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمايدىغان ، يالاڭ ئاياغ گۇسۇلدەپ مىڭىپ ، پۈتۈن ياز ، كۈزنى ئېتىز ۋە ئۆي ئىشى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ، تۆت ئوغۇل ، ئىككى قىزنى جېنىدىن ئەلا بىلىپ قاتارغا قوشقان خوتۇنى ھېپىزخاننىڭ بۇنچىلىك داستانچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىگەنىدى :

— ... بالام دەپ يەر غېرىچلاپ قوللىرىڭ تۆمۈرگە ئايلانغان دوستۇم، تولا ئېگىلىپ بەللىرىڭ ئورغاق بولغان دوستۇم، ئاياغلىرىڭ تاشنى قۇم قىلىۋېتىدىغان دوستۇم. قاتتىق نانغا ئامراق، ماتاغا ئاشىق، قوللىرى ئارا، پۇتلىرى تولۇقتاش، پاشا قورۇشقا چولىسى يوق، كەنجى بالىسىغا تېنىنى سەگەنچۈك قىلىپ بېرىدىغان دوستۇم. راھەت كۆرمىگەن، قېنىپ كۈلمىگەن، گۆش - ماي يېمىگەن، ھاردىم دېمىگەن، بالام دەپ زارلاپ، ئۇيقۇسى قانمىغان، يىرتىلسا كۆڭلەكنى ئۆزى يامىغان، ئۆزىگە زادى كىيىم ئالمىغان، يانچۇقىقا سۇنۇق تەڭگە سالمىغان، ئۆشرە - زاكاتىنى زادى قالمىغان، ئىتىنىمۇ چاغ دەپ قوغلاپ باقمىغان، كىشىنىڭ ھەققى دەپ قىلمۇ ئالمىغان، پۇتلىرى كەس - كەس يېرىلسا داغلاپ، قانىسا قولى پىلەكتە باغلاپ، دادلاپ باقمىغان، مىننەت قىلمىغان كۆڭلى بىر دەريا، مەردانە دوستۇم!...

ئۇلۇغئاخۇن قانغا مىلىنىپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان، كەڭ يۈزىدە قانلار ئۇيىغان، ئەسلىي رەڭگىنى كىشىلەر تونۇماق، ھېيىزخانمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن، ياماق بىلەن قېلىنلاشقان كۆڭلىكى قاندا قېتىپ بەدىنىگە چىڭ چاپلاشقانىدى.

مىرا «قازى» باش يۇغۇچى بولۇپ ئۆزى كىردى. ئىمام ھوشىغا كېلىپ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. تۆت ئوغلى جىنازىنىڭ ئالدىدا چۇرقىرىشىپ يىغلاپ ماڭدى. مەھەللە خەلقى خوتۇن - بالىسىنىڭ يىغىسى ئارقىلىق ئۇلۇغئاخۇننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەندى. ئۇ ئوق بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندىمۇ ئوڭدا ياتاتتى.

— شېھىت! — دېدى مىرا «قازى» ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋاز كەچكۈسى كەلمىگەن كۆزلىرىنى ئاستا سىلاپ يۇمدۇرۇپ، — خائىنلار قاچىدۇ، ئوق تەگسە دۈم ياتىدۇ. باتۇرلار ئالدىغا ماڭىدۇ، ئوق تەگسە ئوڭدا ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى خۇدانىڭ نۇرى يورۇتىدۇ، ئۇلۇغ قۇياش سۆيۈپ قويىدۇ. ھەرەمباغدا، لياڭشاڭدا شۇ تاپتا قانچىلىغان يىگىتلەر ئوڭدا ياتىدىغاندۇر؟ بىز خەقتىن نى - نى ئوغلانلار جەڭگە كىردى. نۇرىدەك، زىياۋۇدۇندەك... شېھىت

كۆپ ، باتۇر كۆپ . شۇڭا ، نۇسرەت بىزگە قارايدۇ . ئىمامئاخۇنۇم ، ئۇلۇغئاخۇننىڭ ئىمامى ، روھى جەننەتتى بولغاي ، قېنى دۇئا قىلسىلا !

... ئۇلۇغئاخۇن قېرىنداشلىرىنىڭ تۇپرىقى ئارىسىغا — ئاتىسىنىڭ ئايغىغا يەرلىككە قويۇلدى . ئىمامئاخۇنۇم بۈگۈن شۇنداق مۇڭلۇق قىرائەت قىلدى . ئۇ ھېچقاچان بۇنداق قىرائەت قىلغان ئەمەس .

شەھەر تەرەپتىن توختىماي زەمبىرەك ، پىلىموت ئاۋازى كەلمەكتە . ئەمدى ئادەملەر ئادەتلىنىپمۇ قالدى . ئۇلارمۇ خۇددى ئاشۇ جەڭ مەيدانىدا تۇرۇۋاتقاندەك ، ئۆزلىرىمۇ دۈشمەنلىرىگە ئوق ئېتىۋاتقاندەك جىددىي ، ئەستايىدىل بولۇپ قېلىشقانىدى . ئۇرۇش ھاياتنى ئۆزگەرتمەكتە . خۇددى زالىم ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇمى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندەك . مۇنۇ زالىم ھۆكۈمەتكە قارشى ئېتىلىۋاتقان ئوقلارمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ، پىكرىنى ، مىجەزىنى ئۆزگەرتمەكتە . مەھەللىدە ناخشا يوقالدى ، ئاتلار كىشنىمەس ، كالىلار مۆرىمەس ، قويلار مەرىمەس بولۇپ قالدى . ھەممىلا ئادەم غەمكىن ، پەقەت مەھەللە ئىتلىرىلا توختىماي كېچە-كۈندۈز ھاۋشىماقتا . ھاۋشىغاندىمۇ قىبلىگە قاراپ ھاۋشىماقتا . بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ، شۇملۇقنىڭ بېشارىتىمۇ ؟ خۇددى ئەتىيازلىققا قانداق تېرىقچىلىق قىلارنى بىلمىگەندەك ، دېھقانلار بۇنىمۇ بىلمەيتتى .

قار توختىدى ، بىرمۇ ئادەم توشقان قوغلىغىلى چىقمىدى . جۈۋىلىرىغا ئورىلىپ كۈنگەي تاملارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىش بىلەن تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى سۈرۈشكە ئادەتلەنگەن دېھقانلار تۇنۇگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېزلا كۆڭلىدىن نېرى قىلىشتى .

— نېمەڭ قالدى ، ئىدرىس ؟

— ئىسسىق جان !

— سېنىڭچۇ ھېتەك ؟

— بىر چىشقاق موزاي .
— ھېلىمۇ ياخشى ئورىلارنى ئاچقۇزۇپ بوغدايلارنى ئالمىدى .
— كاۋا قوردىقىغا قالدۇق . ئەمدىلا سۇر يەۋاتقان يېرىم ئاتنىڭ گۆشى بار ئىدى ، سىيرىپلا ئەكەتتى .
— توشقاندىن ئونى بار ئىدى ، ئۇنىمۇ ئەكەتتى .
— ھېلىمۇ ياخشى ، ئالساڭ ئال دەپ تۇرۇپ بېرىپتىمىز . زىيانغا چىدىمىغان بولساق ئۆلۈغىئاخۇندەك ئوق يەيتتۇقكەن .
— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار ، خۇدايىم بېرەر يەنە !
شەھەر تەرەپتىن مىلتىق ئاسقان تۆت ئاتلىق يېزىغا كىرىپ كەلدى .
— مۇتىۋەللى كىم ؟ — دېدى مىلتىق ئاسقان ، بىلىكىگە : «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا » دېگەن خەت يېزىقلىق ئاق لاتا باغلىۋالغان ، قولاقچىسىغا لاتىدىن قىيىلغان ھىلال ئاي بىلەن يۇلتۇز تىكىۋالغان قاپىقى يامان ، قارا بۇرۇت ئادەم .
— مۇتىۋەللى ؟ — دېدى مىرا «قازى » ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ، توپىسىنى يۇقىرى ئىتتىرىپ قويۇپ ، — تاۋى يوق ياتىدۇ ، ئىش بولسا ماڭا دېسەڭلار بولىدۇ .
— بىز ھەربىي كومىتېتتىن ، — دېدى يەنە بىرى ئاتتا سىگار يان ئولتۇرۇپ ، — پارتىزانلارغا ئوزۇق - تۈلۈك سەپەرۋەرلىكى بىلەن چىقتۇق . مال ، ئاشلىق ، ياق ، مال ، پۇل بەرسەڭلار بولىدۇ . ھەربىر ئادەم بولمىغاندا بىر قوي بېرىدۇ ، پۇل دېدىمما ، ياق ، ياق... قەغەز پۇل ئۆلدى . ئالتۇن - كۈمۈش بولسىمۇ بولىدۇ .
— تۈنۈگۈن ئاخشام بىزنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بۇلاپ ، مال ، ئۇن ، گۆش ، مايلىرىمىزنى ئەكەتتى . ھېچنېمە قالمىدى .
— گومىنداڭغا بېرىسەنۇ ، ئىستىقلالچىلاردىن ئايايسەن ، سەن كىم تەرەپ ؟

— بىز ئىنقىلاب تەرەپ !
— بېيىڭلار كىم ؟
— مۇختەرباي بار ئىدى . ئۇ ئادەمنى شېڭ شىسەي تۈرمىگە سېلىپ بايلىقىنى مۇسادىرە قىلدى . يېرىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىدى . ئىمامئاخۇنۇم كىچىككىنە ئىلىك تولدۇرۇۋىدى ، گومىنداڭ بولاپ ئۇنىمۇ گاڭسا - جىسا قىلىپ قويدى .
— بەرمەيمىز دېمەكچىمۇ ؟
— يوق ، ھېچ نەرسە قالمىدى ، دېمەكچى .
— دەتالاشقا ۋاقتىمىز يوق . بىر ئاش پىشىمغىچە ئوتتۇز قوي يىغىسەن . تۇر ، ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭ !
— مال يوق !
— ئىسسىق جانلا قالدى .
— كەمبەغەللەر ھۆكۈمىتى دەۋاتاتتىڭلارغۇ ھوي !
— مەن مۇتىۋەللى ئەمەسمەن ، — دېدى مىرا «قازى» ئادىتى بويىچە قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ قويۇپ ، — بۇ مەھەللىدە مۇتىۋەللى يوق .
— كىمنىڭكى ئەخمەق قىلىسەن ؟ ! بۇرۇن يوق بولسا ھازىردىن باشلاپ سەن مۇتىۋەللى ، ماڭ تېز !
— مەن ئەمەس ، قىلالمايمەن !
— گومىنداڭنىڭ ئادىمىمۇ سەن ؟ ئالدىنقى سەپتە قان تۆكۈۋاتقان ، جان بېرىۋاتقانمۇ بىز خەق ! خەق جان بېرىدۇيۇ ، سەن ئۇلارغا نان بېرىشتىن باش تارتىسەن ، ماڭ !
قولىدا بەلگىسى بار ئادەم دۈمبىسىدىن مىلتىقىنى ئالدى ۋە مىرا «قازى» نىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ «ۋاڭ !» قىلىپ بىر پاي ئاتتى . مىرا «قازى» ئۆمىلەپ كەتتى ، ئادەملەر تەرەپ - تەرەپكە قاچتى . تېرەك بېشىدىكى قاغىلار قاقىلدىشىپ ئۈركۈپ ئۇچۇشتى . پۈتۈن مەھەللە ئىتلىرى ھاۋشىپ كوچىغا چىقىشتى .
— جان بار ، مال يوق ! — دېدى ئات تۇمشۇقى ئاستىدا تىزلىنىپ قالغان مىرا «قازى» .

— نوچى بولساڭ گومىنداڭنىڭ قولىدىن تارتىۋال ! — دېدى ھاشىم پوچى تونۇر بېشىدا تۇرۇپ قولىغا كۆسەي ئېلىۋېلىپ ، — بۇ خەق ئىنقىلابچىغا ئوخشىمايدۇ ، بۇلاڭچىغا ئوخشايدۇ !

«ۋاڭ !» قىلىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر مىلتىق ئېتىلدى . ئۇ تامنىڭ كەينىگە موللاق ئېتىپ چۈشكەندەك قىلدى .

ھېلىقىلار مېرا «قازى» نى دۈشكەلەپ - ئۇرۇپ ئالدىغا سېلىۋېلىپ ، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئېغىل ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ، ئوندەك قوي ، تۆت توپاق ، ئىككى ئات تېپىپ چىقتى ۋە ماللىرىنى قوشاغداپ ھەيدەپ جەنۇب تەرەپكە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى .

مەھەللىدە ئادەم ، ئىت ۋە قاغىلاردىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى . ئىنقىلاب ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كەمبەغەللىك ئۇرۇقىنى ئەكېلىپ چاچتى . ئىنقىلاب ئۇلارغا ياقمىدى ، خۇددى نامراتقا ماي ياقمىغاندەك ، يېتىمغا مەنسەپ ياراشمىغاندەك…

مەھەللە شادلىقى قارلىغاچلاردەك يوقالدى ، ناخشىلار ئۆچەككە كىردى ، كۆلكىلەر قايىنىمىغا سوغۇق سۇ قۇيۇلدى ، ھەممە ئادەمنىڭ قاپقى زەھەر چايىنىۋالغاندەك تۇرۇلدى . مەھەللىنىڭ پەركايى ئۆچتى .

— قىشچە داغ سۇ ئىچمىزمۇ ئەمدى ، — دېيىشتى خوتۇنلار چاي خۇمارى تۇتۇپ باشلىرىنى چېكىلەپ ، — شاما يوق ، تېزەكنى چايىنغۇدەك بولدۇقا !…

شۇنداق خاپىچىلىق ئۈستىگە مۇختەرباي شەھەردىن قايتىپ چىقتى . مەھەللە خەلقى ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈشتى . سىل بولۇپ ياتقان گۈلنىسا بۇۋى ئايىم كېلىنلىرىگە كاۋا چاقتۇرۇپ ، ئوغۇللىرىغا ئانىسىز قالغان چىشى موزايىنى سويدۇرۇپ ، چوڭ قازاننى ئاستۇرۇپ مەھەللىگە يەتكۈدەك قىلىپ قورداق ئەتكۈزدى . مۇختەر باي ئاچىققان پۈتۈن بىر چاينىڭ يېرىمىنى ئۇۋۇتۇپ سېلىپ ، ئاتنىڭ قېنىدەك قىپقىزىل چاي دەملەپ ھېجىرلاردا ، ئاپقۇرلاردا چاي تارتتى .

مۇختەرباي شەھەردىن شادلىق ، كۆڭۈل خۇشى ئېلىپ

كەلدى .
— يەنە يىللىق ئىشلىگۈدەك باتراق بولدۇم ، كۈللۈھۇم ! — دېدى مەھەللە ئىمامى دۇمچىيىپ چاي ئىچىپ .
— قازارەن ئۇششۇك چۇجىسىگە ئايلاندۇق… ھەممىمىز باتراق .
— مەھەللىدە باي قالمىغىنى بىلەن تۆت باتۇر چىقتى ، — دېدى ھاشىم پوچى كىچىككىنە ، ۋىجىك گەۋدىسىنى ئۇسسۇل ئويىنىغاندەك مىدىرلىتىپ ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ ، — نۇرى ، مۇختەرباي ، زىيەك ، ھاشىم !…
— ھا - ھا - ھا ! … — كۆپچىلىك كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشتى .
— ئاتە قېنى !
— ئوق نەرىگىدىن ئۆتۈپ كەتتا ؟
— قارىسام مىلتىق تەڭلاۋاتىدۇ . مىلتىقنىڭ تۆشۈكى پېشانەمگە ئۇدۇل . ئۆلۈغئاخۇندەك شېھىت بولماي قازى بولاي دېدىم - دە ، ئوق پېشانەمگە كەلگەندە بېشىمنى بىرلا بۇرىۋىدىم ، ئوق قۇلىقىمنىڭ ھالقىسىنى يالاپ ئۆتۈپ كەتتى !
— ھا - ھا - ھا !… تۇتۇۋالماپسەن - دە !
— پاشا قورۇغاندەك - ھە !
— قۇلىقىڭغا ھالقا سال ، تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ .
— ھا - ھا - ھا !…
— ھى - ھى - ھى !…
— گۇمباڭ ، گۇمباڭ زەمبىرەك ئېتىلىۋېتىپتۇ . مەن گومىنداڭچىلاردىن بۇرۇن شەھەرگە كىردىم . ئەخمەتنى بۇرۇنقى سىلىگىبۇدىن تاپتىم ، داش قازاندا قورداق ئېتىۋاتقانىكەن . پاھ ، سويۇلغان مالنىڭ كۆپلۈكى ، تېرەكلەرنىڭ ھەممىسى كانار بوپتۇ . گىردە ، ئاق نان ، توقاچ دېگىنىڭ تاغ . ئۇياقتا ، ھەرەمباغدا گۇمباڭ ، گۇم ، تات - تات - تات ! ئۇنىڭ يېنىدىلا كۈلكە - چاقچاق ، مىڭ ، ئون مىڭ ، قانچىلىككى تاڭ ، مەن بۇنچىلىك جىق

ئادەمنى كۆرمىگەن . ئۇرۇمچى تۇرمىسىدىكى ئادەم سەي بولامدۇ . بۇ يەردىكىلەر بىر تاغ ، تۇرمىدىكىلەر بىر تال چالما . ھەممىلا يەردە ياشلار ئەسكەرلىككە خەتلىنىۋاتقان . ئىلىخان تۆرەم ، داموللا رازىيوف ، ئابلا داموللاملار قۇرئان ئوقۇپ ياشلارنى ئارغامچا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ : «ئۆلسەڭ شېھىت ، قالساق غازى !» دەپ قەسەم ئىچۈرۈپ ھەرەمباغدا ھۇررەي ۋارقىراشقا ئەۋەتمەكتە . بىزنىڭ ئەخمەتتىن قانداق دەپ سورىسام ، ئۇ : سەن خەۋەر قىلغان گومىنداڭچىلار جىرغىلاڭنىڭ نېرىسىدىلا يوقىتىلدى ، دەيدۇ . كىم يوقاتتى دېسەم ، شەھەر پارتىزانلىرى دەيدۇ ، كىم باشلاپ باردى دېسەم ، مەن دەيدۇ . ئۇ يۈزدەك پارتىزان بىلەن يامانيارنىڭ بېشىدا ساقلاپ تۇرۇپ جىرغىلاڭغا كەلتۈرمەستىن جايلاپتۇ . نەچچە يۈز ئات ، كالا ، قوي ، ئىككى يۈز نەچچە تال مىلتىق ئولجا ئاپتۇ . يۈز نەچچە چېرىك ئەل بوپتىكەن . ئۇلارنى ئاتقۇزماستىن ئاكوپ كولاشقا سېپتۇ...

— كىم ھوي ، ئەخمەت دېگىنىڭ ؟

— كىم بولاتتى ، مەن بىلەن تۇرمىدە بىللە سوپۇن ياسىغان يىگىت . ئۇنىڭ بىلمەيدىغان تىلى يوق . ئىشەكنىڭ ھاڭگىرىشىنىمۇ ئۆرۈپ بېرەلەيدۇ . قىلمايدىغان ئىشى يوق . ئات تاقىلاشتىن ئايروپىلان ھەيدەشكىچە ھەممىنى قىلىدۇ . ئۇ بولمىسا مەن تۇرمىدە ئۆلەتتىم . ئۇ توسمىغان بولسا ئۆلۈۋالاتتىم . ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گومىنداڭنىڭ خاڭ روجىڭ دېگەن خىتاي باشلىقىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن قونۇپ ، پۇل ئېلىپ ، تەييار ماشىنىغا چۈشۈپ ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا كېلىۋالدىم . پاشا سايلايدىغان بولسا بىز ئۇنى سايلايمىز . ئۇ گەپكە ، ئىشقا ئۇستا ، مىنۇت تىنمايدۇ ، ھەممىنى بىلىدۇ . لېنىن ، ستالىنلاردىن دەرس ئالغان ، مۇسا جارۇللانىڭ تەلىمىنى ئاڭلىغان ، ھەقىقەت ئۈچۈن جېنىنى تىككەن ، شۇنداق بىر تېپىلغۇسىز يىگىت ، ئۇنداق يىگىت بىرلا ، بىرلا شۇ ئەخمەت ، ئىككى ئەخمەت يوق !

— بىزنىڭ قوي ـ كالىلىرىمىز ئاشۇ سەن دېگەن داش

قازانلارغا چۈشۈپ بولدى دېگىنە ؟
— ياق . ئەخمەت دېدى : يېڭى ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى ، خەلققە قاسراقچىلىك زىيان سالمايدۇ .
— بىزنى بۇلىغان كىم ئەمىسە ؟
— بىرى ، گومىنداڭ ، يەنە بىرى ، قاراقچى . ئۇ چوقۇم ئابدۇمەرنىڭ ئادەملىرى .
— ئۇنداق بولسا بىز ئابدۇمەرنىڭ كۇزلىكىگە بېرىپ مال - ئاشلىرىنى بۇلاپ كېلەيلى .
— شۇنداق قىلىمىز ، قورساقنى تويغۇزۇۋېلىپ . پاھ ، شىۋېرغان چىققىلى تۇردىغۇ !
— پىيادە بارىمىزمۇ ، ئات ئۇرۇقى قالمىغان تۇرسا !
— پارتىزانلار نىلقىنىڭ نېرىسىدىن ، كەڭساينىڭ ئېغىزىدىن پىيادە كېلىدۇيۇ ، سەن بۇرنۇڭنىڭ ئاستىغا ئېرىنىسەن !
قىساس ئۇلارنى ئاتلاندۇردى ، ئۆچمەنلىك ئۇلارنى كۆچلەندۇردى . ئىككى ياخشى ئاتقا ئۇچتىن ئالتە ئادەم مىندى ، ئايىغى يېنىك تۆتى ئاتلارنىڭ ئىزىدىن قاتىرىدى . يۇرت چوڭلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ، تارتقان زىيانلىرىنى تىرىلدۇرۇۋېلىش ئۇچۇن ئۇن قەھرىمان يولغا چىقتى .
شىۋېرغان ھۇۋلىماقتا ، دەرەخلەر قاراسلىماقتا ، قىبلىدىن گۇمبۇرلىگەن ئاۋازلار كەلمەكتە . بۇنداق سۇرلۇك كېچە ، بۇنداق شاۋقۇن - سۇرەن يېزىلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان . يوللار تىنغان ، شىۋېرغاندا كۆز ئاچقىلى بولمايدۇ . ئۇلار مۇدۇرۇپ ، يىقىلىپ ئالدىراپ مېڭىپ ئاخىر تونۇش جاي — ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ كۇزلىكىگە كەلدى . ئىگىسىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ، قارا نىيەتلىكىنىڭ دەردىدىن كۆپ زىيان تارتقان بۇ كۇزلەك تاملىرى ئۆرۈلگەن ، قەدىمىي يوغان تېرەكلىرى كۆيگەن ، خۇددى ئۆرۈش خارابىسىدەك ۋەيران بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . دەرۋازا ھەم ئېتىلگەن ، چوڭ قورۇنىڭ ئۆگزىسىدە نە چۆپ - بېدە ، نە بۇرۇنقىدەك ئاسمان - پەلەك مەڭگەن يوق . پەقەت مال قورۇنىڭ

لاپىسى ئۈستىدىلا بىردە ـ چۆپ ، ئوچۇق ئېغىلدا لىقمۇلىق مەڭگەن ـ سامان تۇراتتى . ئاتلارنىڭ ئوت يېگەن ئاۋازى ، كالىلارنىڭ پۇشۇلداشلىرى ئاڭلىناتتى .

— مەن تۆگلۈكتىن ئۆيگە كىرىپ باقاي ! — دېدى شەيتىنى تۇتقان مۇختەرباي .

ئۇلار مۇختەربايىنى ئەستە يۆلەپ ئۆگزىگە چىقاردى . باي تونۇش تۆگلۈككە كەلدى ـ دە ، قىل ئارغامچىنى بالداققا باغلاپ سىيرىلىپ دالانغا چۈشتى . سول ياقتىكىسى ساراي ، توقال چوقۇم شۇ ئۆيدە . ئۇ سارايىنىڭ ئىشىك مۇجۇقىنى مۇردەپ ئاچتى ۋە ئىچكىرىگە كىردى . مورا ئوچاقتا كۆمۈر چوغى لاۋۇلداپ تۇراتتى . ئاپئاق ياستۇق ئۈستىدە قاپقارا چاچلىرىنى يېيىپ ، قوللىرىنى كېرىپ ، تولۇق كۆكسىنى ئېچىپ قويۇپ ، ئابدۇمەرنىڭ ئۈچىنچى توقىلى ، بۇ يىل شەھەردىن ئاچىققان ياش خوتۇن يالغۇز ئۇخلاۋاتاتتى . مۇختەرباي ئالدىراپ كىيىملىرىنى سالدى ۋە ئايالغا ئۆزىنى ئاتتى . ئايال چۆچۈپ ، تېپىرلاپ ۋارقىرىدى ، مۇختەرباي ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئاستىغا چىڭ بېسىۋېلىپ :

— مەن مۇختەرباي ، تېپىرلىما ! — دەپ پىچىرلىدى .

— بۇلاڭچى ، ئوغرى ! — دېدى ئايال خىرقىراپ ، ئۇنى ئۇرۇپ ـ تېپىپ . مۇختەرباي ئايالىنى قورۇپ تۇتتى . لېكىن ، «قورالى» بۇرۇنقىدەك دەرھال بەتلەنمىدى . ئۇ ھاسىراپ ، ئېتىشىپ كۆتتى ، ياق ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى چاغلىرى تۈگەپتۇ . ئۆزىنىڭ ھېچ ئىش قىلالماسلىقىغا كۆزى يەتتى .

— ئالتۇن زىرە ، ئۈزۈك ، بىلەزۈكلىرىڭنى چىقار ، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ! — دېدى ئۇ بەدىنىدىكى چۈشكۈنلۈك بىلەن پەيدا بولغان خاپىچىلىقىنى ئايالدىن ئالماق بولۇپ ، — ھەممىنى چىقار ، بولمىسا !

— قويۇۋەت ، قاراقچى ! —دېدى ئايال ئاخىر سىلكىنىپ ، — كىچىك ساندۇق بىلەن چوڭ ساندۇقتا . جېنىم قالسا بولدى ،

ئالساڭ ئالمامسەن !
ئايال بىر كىچىك ساندۇقنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. مۇختەرباي چەكسىز خورلاندى، چەكسىز ئازابلاندى، چەكسىز روھسىزلاندى.
هايات ئۇنى قاتتىق جازالىغان. ئۇنىڭ شوخلۇقى چەكلەنگەن، ئەرلىك غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلغانىدى.
ئۇلار تۆت ئۆكۈزنى چانىلارغا قېتىپ، لىقمۇلىق ئۇن بېسىپ، قىرىق بىر كالا، توققۇز ئات، ئاتمىش ئىككى تۇياق قوي هەيدەپ، ئابدۇمەرنىڭ مالايلىرىنى باغلاپ، خوتۇننى باغلىغاننىڭ ئۇستىگە ئاغزىغا لاتا تىقىپ قويۇپ، مەهەللىسىگە قايتىپ كەلدى.
مۇختەرباي يالغۇز ئۆيگە كىرىپ پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ، قىبلىگە قاراپ دۇم يېتىپ:
— خۇدا، بۇنداق جازالىغۇچە ئال بۇ جاننى! دەپ هۆڭرەپ يىغلىدى.
يىللار بۇ مەهەللىنىڭ ياۋاش، هۇرۇن، ئاق كۆڭۈل دېهقانلىرىغا بۇلاڭچىلىق، رەهىمسىزلىك ۋە قارا كۆڭۈللۈكنى هەدىيە قىلدى. خۇددى مۇختەربايغا ئادالەت، تەڭلىك، ئىشچانلىقنى هەدىيە قىلىپ، ئۆزى ئەڭ مەغرۇرلىنىدىغان ئەرلىك هوقۇقىنى نابۇت قىلىپ، خوتۇنلار ئالدىدا تىلىنى قىسقا قىلىپ قويغىنىدەك!...
ئۇ ئەتىگەنلىكى سەهەر ئاتلاندى، نەگە، نېمىگە باردىغانلىقىنى هېچكىمگە دېمىدى.
ئۇ زىياۋۇدۇننىڭ ئايدۆڭ مەهەللىسىدىكى ئۆيىدە پەيدا بولدى. ئۇ نېمىشقا بۇ يەرگە كەلگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.
زىياۋۇدۇننىڭ چىرايلىق، ئىشچان خوتۇنى قار كۈرەۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ ئېگىزدىن چىگىۋالغان ياغلىقى ئاستىدىن يومىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ مەگزى سوزۇلۇپ پىشقان ئالمىدەك پارقىرىغان، يوغان، خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى ئېگىلىپ سالام قىلىپ بولۇپ مۇختەربايغا تىكىلگەندە،

گويا ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىندى :
— ئەجەب ياخشى ، ئەتىگەندە كېلىپ قاپسىز ، چوشۇڭ ئاكا !
ياش خوتۇن تولىمۇ قىزغىن ، تولىمۇ يېقىملىق ، خوشخۇي ئىدى :
— زىياۋۇدۇننىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى . بەرا بىلەن دەرامۇ پەيدائىي بولۇپ كىرىپ كەتكەن .
— پاھ ، بىر ئۆيدىن تۆت پەيدائىي ھە ، زىيەك ، ياق ، زىياۋۇدۇنمۇ ياخشىمۇ ؟ — مۇختەرباي دەرۋازا ئالدىدىن ئىتتىدىن چوشۇپ ئۇلۇغ ئىچىلغان دەرۋازىدىن ئىتتىنى يېتىلەپ ھويلىغا كىردى ، — پاھ ، ئات باغلىغۇدەك خادىمۇ تېپىلمامدۇ نېمە ؟
كېلىن ئاتنى ئالدى ۋە نېرىدىكى لاپاس ئاستىغا يېتىلەپ كەتتى . چۆلۋۈرنى ئالغاندا ئۇنىڭ ئىسسىق قوللىرى مۇختەرباينىڭ قولىغا تېگىپ كەتتى . باينىڭ بەدىنى جۇغ قىلدى . ئۇنىڭ يادىغا دەرھال رەيھانگۈل كەلدى . پاھ ، ئەجەب چاغلىرى ئىدى ـ دە ، رەيھانغا قىلمىغىنىنى قالمىدى ، لېكىن ئۇنىڭ مەيلىنى قوزغىيالمىدى . بەخت ئۇنىڭغا سوغۇق قارىدى ، كۆڭلىدە ئاچچىق ـ كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر قالدى . لېكىن ، ئۇ ھەرگىز ئۆكۈنمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۆكۈنىدىغىنى زورلۇقتىن قالغان ئىلاجسىزلىق ، قېرىلىق ، ئاجىزلىقنىڭ نىشانى بولغان ھېلىقى كارغا كەلمەسلىك !...
ئۇ ئەلەم بىلەن زىياۋۇدۇننىڭ مۇنۇ خوتۇنىنىڭ كەينىدىن تېقىمىغا چوشۇپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرىغا ، چاچلىرىنى ئويىنىتىپ مېڭىشلىرىغا قاراپ قالدى ۋە : «زىيەك ئامەتلىك ، مەن يۈز خوتۇن بىلەن بولغانىمەن ، لېكىن يىغىپ كەلسە زىيەكنىڭ ھالاۋىتىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلمەيدۇ . نېمىشقا ئۇ ئامەتلىك ، مەن تەلەيسىز ـ ھە ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ خوتۇنلىرىلا ماڭا پەرىشتە ؟ » ئۇ ئۆيگە كىردى . ئىككى ئېغىز ئۆي ھۇپپىدە ئىسسىق . دالاندىكى سۇپىدا ئۇچ قىز ئۇخلاۋاتاتتى . ئۇ مەشنىڭ يېنىدا يېشىنىپ ئولتۇرۇپ خوتۇننىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ، ھەربىر قىلىقى ۋە چىرايىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى .

— ئەجەب قاراپ كەتتىلىغۇ ، مۇختەرئاكا ؟
— ھــە ، قارىدىممۇ ، قاراپتىمەن ـ دە . قارىغۇچىلىكىڭىز بار كەن ، زىيەك تەلەيلىك !
— مەن زىياۋۇدۇندىنمۇ تەلەيلىك .
— ئۇ ياخشى يىگىت . ئىشچان ، كۈچلۈك ، كۆيۈمچان .
— يەنە چىرايلىق ، كېلىشكەن .
— سىــزگــە شــۇنداق كۆرۈنەمدۇ ، ئاڭلىسام ساقاللىرىنى چۈشۈرتكۈزۈۋېتىپسىزا ؟
— ھــەئــە ، چــۈشــۈرتــكــۈزۈۋەتــمــەيزە . ئۇ تېخى ئەللىككە كىرمىسە ، نەۋرە كۆرمىسە ، ساقال دېگەن مانا سىزدەك ئاتىمىشقا يېقىنلاشقان ، ئۇن نەچچە نەۋرىلىك بوۋايلارغا يارىشىدۇ .
— مەن بوۋايمۇ ، سىڭلىم ؟ — ئۇ بىرىنچى قېتىم «سىڭلىم» دېدى .
— شۇنداق . سىز مويسىپىت بوۋاي . مېنىڭ دادامدەك !
بۇ گەپ مۇختەربايغا : «ماڭا يامان كۆز بىلەن قارىما !» دېگەن بېــشارەت ئىدى . يامان كۆز دېگىنى نېمىسى ؟ ھەۋەس ، تەمەنى چــەكلــەش مۇختەرنىڭ ئىشىمۇ ؟ ئۇ ئۇن تۆت يېشىدىن تارتىپ ھــەرقــانــداق چــىرايلىققا ھەۋەس ـ تەمە بىلەن قاراپ كەلگەن . مــۇشۇنداق قــاراش ئۇنىــڭ لەززىتى ، ھــۇزۇر ـ ھالاۋىتىنىــڭ مەنبەسى تۇرسا ؟...
— راســت دېدىڭىز ، سىڭلىم ! — ئۇ ۋۇجۇدى خالىمىغان ھــەقــىــقــەتــنــى ئــېتىراپ قىلدى ۋە بېشىنى سىلىپ ، ساقىلىنى سىيپىدى . ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيگە نېمىگە كەلگىنىنى چۈشەندى .
زىياۋۇدۇن قايتىپ كەلدى . ئۇ ھارغان ، ئۇيقۇسىز ، لېكىن خۇشال ۋە روھلۇق ئىدى . ئۇ مۇختەر ئاكىسى بىلەن سالاملىشىپ بولــۇپ ، قــوڭــۇر تــاشلىق ، كۆل رەڭ ياقىلىق قىشلىق قىسقا جۇۋىسىنى سالدى ، بېشىدىكى كۆل رەڭ پاپاقنى ئېلىپ :
— نــۇرىــنىڭ ! — دېدى پەخىرلىنىپ ، — بالام يانپىشىغا

گـرانـات تـېـگـىپ يارىلانغان ، تۆنۈگۈن دوختۇردىن چىقىپ يەنە ئـالدىنقى سەپكە كەتتى . قارا ، ئاكا ، كېچىسى جەڭ ، كۈندۈزى جىمجىتلىق . گومىنداڭچىلارنى ھەرەمباغقا سولاپ قورشىۋالدۇق ، كـېـچـىـچـە ئـېتىشىمىز ، كۈندۈزى سىرتتىن كەلگەن ياردەمچى ئەسكەرلىرىنى توراپ قىرىمىز !

— بـالىلارمۇ قېتىلىپتۇ ، — دېدى مۇختەرباي ئىنىسىدىن رازى بولۇپ ، — بىلەمسەن ، مەن بىلەن تۇرمىدىن بىللە چىققان ئەخمەت دېگەن بىر تارانچى يىگىت بار ئىدى ، تونۇمسەن ؟

— ياق ئاكا ، ئادەم دېگەن مىغ ـ مىغ . قايسىبىرىنى تونۇپ بولغىلى بولسۇن دەيسەن !

زىياۋۇدۇن بۇرۇنقى زىيەك ئەمەس ، ئۇ ھازىر قىران يىگىتكە ئايلانغان ، سارغۇچ بۇرۇتىنى كۆتمەك قىلىۋاپتۇ ، ئىچىدىكى يىلىڭ چـاپـىـنـىـنـىـڭ سـىـرتىدىن تاسما پوتا باغلىۋاپتۇ . مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئوقدان ئېسىۋاپتۇ . ئۇ ئوۋ مىلتىقى ، نان خالتىسى ، قىسقا جۇۋىسىنى قوزۇققا ئېسىپ قويدى ـ دە :

— ئائىلە بويىچە ئەسكەر بولدۇق ، — دەپ چاقچاق قىلدى ، — مۇشۇ كۈننى قانچە يىل ئارزۇ قىلدۇق ، خۇدايىم ئارزۇيىمىزغا يەتكۈزدى . ئاكا ، مۇشۇ جەڭدە ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن . ئۇچ ئوغلۇمنى ئاتىدىم . ئۆلسە شېھىت ، قالسا غازى .

— مۇتائالى خەلپىتىم نەدە ؟

— قوماندانلىق شتابىدا ، ئېلىخان تۆرەمنىڭ يېنىدا . قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ، ئۇرۇشقا خۇدايىمدىن نۇسرەت تىلەۋاتىدۇ . پۈتۈن خەلق ، پۈتۈن خەلقنىڭ بايلىقى ئۇرۇشقا تەقدىم قىلىنىۋاتىدۇ !

«خەلق نېمە كويدا ، سەن مۇختەر نېمە كويدا ؟» دېگەن سوئال مۇختەربايىنىڭ مېڭىسىدە دەرھال پەيدا بولدى . ئۇ :

— مـەنـمۇ ئۇرۇشاي دەپ كىردىمغۇ ئۇكام ، — دېۋىدى ، زىياۋۇدۇن :

— قېرىپ قالدىڭ ، ئوغۇللىرىڭدىن ئىككىسى كىرگەن بولسا ، سەن بەش ۋاخ نامىزىڭنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان بولساڭ

ياخشى بوپتىكەن ، — دېدى .
— مېـــنىڭ بالىلىرىم توشقانغا چوماق ئېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ . مىلتىق ئاتالمىسا ، بىرەر ئىدارىدە ئىشلىسۇن دېسەم خەت تونۇمىسا ، بالا تاپتىم دەپ بىر توپ بۇقىنى چوڭ قىپتىمەن !
ئىنىسىمۇ ئۇنى قېرى دەۋاتسا ، ئاياللار كۈلۈۋاتسا... ھاياتنىڭ نېمە مەنىسى قالدى ئەمدى ؟ ئۇ تېخىمۇ روھسىزلاندى .
زىـــياۋۇدۇن چـېـــنى ئىچىپ ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى . مۇختەربايمۇ ئېتىغا مىندى . ئۇ شەھەر ئارىلىماقچى بولدى . زىيەك شـــتابقا ئۇنى باشلاپ كەلدى . ئادەم ئادەمگە قارار ئەمەس . ھارۋا ـ ھارۋىدا گۆش ، كۆكتات ، مېۋە ـ چېۋە ، ئۇن ـ ماي توشۇلۇۋاتقان ، ئادەمــلەر دەريادەك ئېقىــپ كىرىپ ، ئېقىــپ چىقىــۋاتقان ، ئاتلىق ، مىلتىق ئاسقان ، ھەرخىل جۇۋا ، چاپان ، تۆپە ، قۇلاقچا كىيىشكەن ئادەملەر ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ :
— توققۇزتاراغا !
— ئىسھاقبېككە ئەسكەر بولدۇم !
— كۈرەنى ئېلىشقا !
— سۈيــدۇڭدىكى گومىنداڭچىلارنى توپا چىشلىتىشكە ! — دېيـــشـــىپ ناھىيىلەرنى ئازاد قىلىشقا خۇددى تويغا ماڭغاندەك مــېـڭــىـشــاقتا . يىغا ـ زار ، قۇرئان ـ تىلاۋەت ، دۇئايۇ تەكبىر... كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ، ئەقلى ، گەپلىرى ، كۆز يېشى... ھەممىلا نـېـمـىــسـى جـەڭـگــە — غەلىبىگە ، بولغۇسى ياخشى كۈنلەرگە بېغىشلانغان ، ئۆز غېمىدە ، راھەت ـ پاراغەت كويىدا يۈرگەن ، بۇرۇنقىدەك مەست بولۇۋېلىپ ئۆتكەن ـ كەچكەننى مۇرىسى بىلەن ئـۈرۈپ جــېدەل تېپىشقا ئامراق ئادەملەر كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭ خەلپىتىم بىلەن كۆرۈشۈشكە كۆزى يەتمىدى ، زىياۋۇدۇننىڭ نەگە غايىب بولغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى . ئۇ قار توزۇتۇپ ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈشكەن ئەزىمەتلەرگە ھەۋەسلىنىپ ئېتىنى مەقسەتسىزلا دېۋىتتى ۋە بــىــردەمــدىــلا تــەشــلەپكە — خىتاي بازىرىغا كېلىپ قالدى .

بىلەكلىرىنى تۇرۇۋالغان، يالاڭۋاش بىر ئادەم قىلىچىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ:

— قان ئىچمەن! — دەپ ۋارقىرىماقتا. نەدىندۇر ئىككى قاۋۇل ئادەم ئىككى خەنزۇ خوتۇننى دارقىرىتىپ سۆرەپ چىقىپ ھېلىقى قىلىچىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ دومىلىتىپ:

— چاپ! — دېيىشتى، ھېلىقى تەلۋە چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خوتۇننىڭ مۇرىسىگە قىلىچ ئۇردى. خوتۇن «ئەييا، ئەييا!» دەپ تىپىرلىدى. تەلۋە قىلىچتىكى قان يۇقىنى تىلى بىلەن يالىدى، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك چىرايىنى تۈرۈپ قىلىچىنى يەنە كۆتۈرۈۋىدى، مۇختەرباي ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ تېقىمىدىكى چومىقى بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى ئۇرۇۋەتتى:

— باتۇر بولساڭ چېرىكنى چاپ، قېرى خوتۇندا نېمە گۇناھ؟

— ۋاي ئاناڭنى! — ئىككى ياردەمچىسى مۇختەربايغا ئېتىلدى. مۇختەرباي چوماق بىلەن بىرىنىڭ بېشىغا ئۇردى، ئۇ دومىلىدى، يەنە بىرىنى ئېتىنىڭ كۆكسى بىلەن ئۇرۇۋېتىپ ئۆمىلەپ يۈرگەن خەنزۇ خوتۇننى ئالدىغا ئۆڭكۈردى ـ دە، جىرەن ئېتىنى تويپىدەك تەرەپكە چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئاشۇ بىگۇناھ خەنزۇ خوتۇنلار چېپىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ يادىغا تۇيۇقسىز لا تۈرمىدە ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ساقاللىق، ئۇنىڭغا ياندىشىپ يېتىپ ئۇنى پات ـ پات يەلپۈپ قويىدىغان ئۇزۇن چاچ خەنزۇ ئەپەندى، ئەخمەتنىڭ: «بۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئېزىلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى كەلگەنىدى.

— نەگە مۆكسەن، ئايلاڭزا؟

— مەن شۇ... ساڭا خوتۇڭ بولىدۇ...

— قېرىكەنسەن ئەمەسمۇ؟...

— سەنمۇ قېرىغۇ...

— قېرى بولسام سېنى يەردىن قوزىدەك يۇلۇۋالالايتتىممۇ؟

— سەن باتۇر، سەن بولمىساڭ مەن ئۆلەتتى شۇ!...

خوتۇن يىغلاپ ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشتى .
ئۇلار لەڭزىبېشىغا بۇرۇلغاندا بىر قىزنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . مۇختەرباي ئېتىنى ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرىدى . تۆت تەلۋە بىر بىچارە خەنزۇ قىزنىڭ قوللىرىنى قايرىپ ، يالىڭاچلىۋېتىپ زورلۇق قىلماقچى بولۇۋاتاتتى .
— هايۋانلار ! — دېدى مۇختەرباي چوماق بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ ، — خەلق نېمە كويدا ، سەن خەق نېمە كويدا !
ئۇ قىز بىلەن مومايىنى ئېتىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە مىندۇرۇپ قارادۆڭدىكى بىر يېقىنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى .
ئۇ كەچتە مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى . خەلپىتىم ئۇنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى .
— خەلپىتىم ، — دېدى ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئەستايىدىللىق بىلەن ، — مېنىڭ دىنىي ساۋاتىم يوقنىڭ ئورنىدا ، بىگۇناھ كاپىرنى ئۆلتۈرۈش ساۋابمۇ ، قۇتقۇزۇش ساۋابمۇ ؟
— ئەلۋەتتە كېيىنكىسى ، — دەپ دەرھال جاۋاب بەردى خەلپىتىم ، — خوش ، بولغان ئىشنى سۆزلەڭ .
مۇختەرباي بولغان ئىشنى ، كوچىلاردا ياتقان ئەسكەر ئەمەس ، پۇقرالارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ خۇددى هايۋانىنىڭ جەسەتلىرىدەك خورلىنىۋاتقىنىنى سۆزلەپ بەردى . ئاخىرىدا ئەخمەتنىڭ : «ئاۋۋال ئادەم ، ئاندىن مىللەت ، ئادەم بولىدىكەن ، ئۇنىڭ ياشاش هوقۇقى بار» دېگەن سۆزىنى قوشۇپ قويدى .
— خىتايمۇ بەندە ، — دېدى مۇتائالى خەلپىتىم ئاخىرىدا ، — قولىغا قورال ئېلىپ ساڭا قارشى چىقمىسىلا ، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىقىڭ كېرەك .
مۇختەرباي تۈرمىدە تۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى ، خەلپىتىم ئاخىر :
— ئورۇس ، قالماق ، شىبەلەرمۇ كاپىرغۇ . كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز ، ئۇلار بىز بىلەن بىر سەپتە گومىنداڭغا قارشى سوقۇش قىلىۋاتىدۇ . ۋەهالەنكى ئابدۇمەردەك مۇسۇلمانلىرىمىز

گومىنداڭ بىلەن بىر سەپتە.

كەچتە ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولدى. مۇختەرباي ھەرەمباغقا بېرىپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر بىلەن بىللە باشلىرىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان ئوقلار ئاستىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ «ھۇررەي!» ۋارقىرىدى.

ئۇ ھاياتىدا بۇنداق داغدۇغىلىق، كىشىلەر جېنىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇشقان مەيداننى كۆرمىگەنىدى. قورال تۇتقانلار ۋاڭىلداپ ئوق چىقىۋاتقان تۆشۈكلەرنى چەنلەپ ئوق ئاتاتتى. بايكۆل مەھەللىسى قۇرۇقدالغان. ئۆيلەردە بىر - بىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان كامارلار ياسالغان. بىر مىلتىققا يۈزلەپ ئادەم خىزمەت قىلاتتى، ۋارقىرايتتى، يارىدارلارنى، قۇربان بولغانلارنى يەر بېغىرلاپ توشۇيتتى. تامالارنىڭ تۈۋىدە قىستىلىشىپ، ئۆمىلىشىپ «ھۇررەي!» ۋارقىراشقانلاردىنمۇ پەخەس بولمىغانلار مىلتىق ياكى پىلىمۇت ئوقىدا قۇربان بولاتتى. ھەرەمباغقا سولانغان ئىككى مىڭدىن كۆپ گومىنداڭ ئەسكىرى خىل قوراللار بىلەن توختىماي ئاتاتتى. ئۇ يەرگە قامىلىۋالغان نەچچە يۈز ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، پۇقرالارمۇ ھايات قېلىشنىڭ كويىدا ئۆز ئەسكەرلىرىدىن پاناھ تىلەيتتى، ئۆلارنىڭ ئۆلۈشىنى ھەرگىز خالىمايتتى، بەلكى نۇرغۇنلىرى مۇنۇ «ھۇررەي» ۋارقىراشقانلارنىڭ بېشىغا قايتىدىن دەسسەشنىڭ، ئۆلارنى قىرىپ تاشلاشنىڭ، بىر تال تۇخۇمىنىمۇ قويماسلىقنىڭ كويىدا ئىدى. ئوق مانا شۇنداقلارغا تەگسە بولاتتى، نىيىتى يامانلار بالدۇر ئۆلسە، ئەخمەت دېگەن ھېلىقىدەك ئادەمنى ئادەم خورلىمايدىغان، ھەممە ئادەم باراۋەر كۈن كۆرىدىغان جەمئىيەت پەيدا بولسا بولاتتى... مۇختەرباي شۇنداق جەمئىيەتنى خالايتتى، ھەرگىزمۇ قان تۆكۈش، بىر - بىرىنى قىرىشنى ئەمەس!...

ئادەملەر بىلەن قېرىشقاندەك، سوغۇق كۈچىيىشكە باشلىدى. قارنى دەسسىسە غاچىر - غۇچۇر قىلغان ئاۋاز چىقاتتى.

تام ياقىلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ ھۇررا توۋلىغانلاردىن يالاڭ

كيىم ، ئاچ قورساق نامراتلار ، ئاشخانىلار ئالدىدا دوم يېتىپ ، دوم قوپۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان يېتىمچىلارمۇ بار ئىدى . ئۇلار جالاقلاپ تىترىشەتتى . بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ سوغۇقنىمۇ ، گـومـىـنداڭنىمۇ ئاغزىغا كەلگەن يامان تىللار بىلەن تىللايتتى ، ئۇنداقلار ياشاشقا تېخىمۇ قاتتىق تەشنا ئىدى . هۆررا توۋلىغانلار ، مـىلتىق تۇتقانلار ئىچىدە مۇختەرباي بىلىدىغان بايلاردىن بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى . بۇ بايلارنىڭ ئېلىخان تۆرەم ، هېكىمبەگ غوجامنىڭ چۆرىسىدە كەلگۈسىدىكى مەنسەپ ـ پايدىنى كۆزلەپ پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىنى مۇختەرباي بىلمەيتتى .

مـانـا مـۇخـتەربايىنىڭ ئالدىدىن ئوندەك قوراللىق ئالدىراپ ئۆتتى . مۇختەرباي بىرىنى تونۇپ :

— ئەخمەت ! — دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن قوپۇشىغا ، ئەخمەت كەينىگە قايرىلىپ :

— مۇختەركا ، يات ! — دېدى ۋە چاققانلىق بىلەن سەكرەپ كېلىپ مۇختەربايىنى باستى . «ۋىژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ، قار ئۈستىدە بىر تال چوغ پىرقىرىدى — بۇ ئوق ئىدى .

ئەخمەت دەرهال قىسقا پاختىلىق چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر خـاتـىـرە دەپـتـەرنـى ئالدى ـ دە ، قاقاقلاپ كۈلۈپ دەپتەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆيۈپ تېشىلگەن تۆشۈككە قولىنى تىقىپ :

— دەپتىرىم شېهىت ! — دەپ قويۇپ ، دەپتەرنىڭ بېتىگە قـېـرىـنداش بىلەن بىرنېمىلەرنى يازدى ۋە ئوقۇپ : «هەرەمباغ سـوقـۇشىنىڭ خاتىرىسى» دېدى . ئۇ ئاندىن كېيىن مۇختەربايغا قايرىلىپ :

— سەنمۇ كەلدىڭمۇ ، مۇختەركا ، يارايسەن ، قەيسەر ! — دەپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى .

— ئـالـدىـنـقـى كـۈنى هېلىقى خەۋەرنى ساڭا يەتكۈزگىلى كـىـرگـەنـدىـن كېيىن سېنى يەنە ئىزدىدىم ، ئەخمەت ، نەلەردە يـۈرىـسـەنوي ، مەن سېنى باش شتابتا هەرقاچان دەپ مىڭ بىر تـەسـلـىـكتە كىرسەم ، ئۇ يەردە : «مۇنەقە ، شۇنەقە »دىن بىرى

ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ كەكە ساقالىنىڭ بىزدەكلەرگە قارارغا كۆزى يوق .

— ئۇ ئىلىخان تۆرەمغۇ ، تونۇمامسەن ، مۇختەركا ؟

— ماڭا بىر مىلتىق تېپىپ بەرسەڭ بولاتتى .

— مەن ئامالىنى قىلاي ، لېكىن سەن ياشىنىپ قالدىڭ ، هۇررا توۋلاپ بەرسەڭمۇ بولار .

— نېمە دەيسەنوي ، گومىنداڭدىن يۇزنى ئۆلتۇرمىسەم قانداق يۇخادىن چىقىمەن ؟ !

بىر رۇس يىگىت ئەخمەتكە بىرنېمىلەرنى دېدى . ئەخمەت :

— مەن باش شتابقا بارىدىغان بولدۇم ! — دەپ مېڭىۋىدى ، مۇختەرباي ئۇنىڭغا ئەگەشتى :

— مەنمۇ بىللە باراي ، يۈر ، ئازگالدا ئېتىم بار !

ئۇلار ئۆمىلىشىپ ئويمانغا چۈشتى . مۇختەرباي بىر هويلىدىن جىرەن قاشقا ئېتىنى تېپىپ چىقتى . ئۇلار سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاتقا مىنىشتى . ئەخمەت ئاتنىڭ بېشىنى ساي بويلاپ توۋگوردقا بۇرىۋىدى ، مۇختەرباي :

— شتاب ئاۋۇ ياقتا هوي ... — دېدى .

— يەنە بىر شتاب بار ، ئاكا ! — دېدى ئەخمەت . ئۇلار ئاتنى يورغىلىتىپ توۋگوردقا يۈرۈپ كەتتى .

ئەخمەت بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ :

— سەن مەشەدە ساقلاپ تۇرغىن . مەن كىرىپلا چىقىمەن ! — دېدى ۋە يان ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى . دەرۋازىدا پوست بار ئىدى .

مۇختەرباي مۇزلاپ نېرى - بېرى ماڭدى . بىر ئۆينىڭ قاپقىلىرى هەم ئېتىلگەن دېرىزىسىدىن كۈلكە ۋە ساز - ناخشا ئاڭلانماقتا ئىدى . مۇختەرباي دېرىزىنىڭ تۈۋىگە باردى . دېرىزىدىن چاقچاق ، كۈلكە ئاڭلاندى :

— خەق ئۇ يەردە جاننىڭ غېمىدە ، بىز بۇ يەردە شەهەرنىڭ خۇمارى !

— ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا !

— ها ـ ها ـ ها !…

— قېنى چالساڭلار !

… مانا غۇلجا بايلىرى ، ھېچنېمىدىن غېمى يوق ئۆزىنىڭ مەشرىپىنى ئوينىماقتا . بىر يەردە يىغا ، بىر يەردە قۇرئان ، بىر يەردە ناخشا ، يەنە بىر يەردە چىرايلىق سۆزلەر… مانا غۇلجا شەھىرىنىڭ كارامىتى !…

ئەخمەت ئۇزاقتا چىقتى .

— سەن بىلەن بىللە بولالمايدىغان بولدۇم . كېچىچە قىلىدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى ، — دېدى ئۇ ئالدىراپ .

— سەندىن بىر نېمىنى سوراي : بۇ ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى زادى نېمە ؟

— گومىنداڭنى يوقىتىش .

— ئاندىن كېيىنچۇ ؟

— ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ، پەن ـ تېخنىكا ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۇرۇپ خەلققە بەخت يارىتىش .

— ھۆكۈمەت بېشىدا كىم ئولتۇرىدۇ ؟

— خەلق ئۆزى سايلىغان ئادەملەر .

— ياق ، بايلار ئولتۇرىدىغان ئوخشايدۇ . ئۆلۈۋاتقانلار ، جەڭ قىلىۋاتقانلار نامراتلار ، ھۆكۈمەت بېشىدا بايلار . بىرمۇ باي ھۆررەي ۋارقىرىغىلى چىققىنى يوق . ئاۋۇ ئۆيدە مەشرەپ تېخى . ئىنقىلابنى كەمبەغەللەر قىلىپ ، ھالاۋىتىنى بايلار كۆرىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ۋاقتىنچە شۇنداق .

— بىزنىڭ مەھەللىنى گومىنداڭمۇ بۇلىدى . بىلىكىگە بەلگە تاقىغان ئىنقىلابچىلارمۇ بۇلىدى !

— پۇرسەتپەرەسلەر توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقتا . بۇلار تۈزۈلىدۇ .

— كىم تۈزەلەيدۇ ؟

— بىز .

— بىز دېگىننىڭ كىم؟
— خەلق بولمامدۇ!
— خەلق دېگىننىڭ قوي. ئۇنىڭ سەركىسى بولمىسا يول تېپىپ ماڭالمايدۇ. بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ.
— سەركە بولىدۇ. ياخشى يول بىلىدىغان سەركە بولىدۇ. يېقىندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. مەن شۇ قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ تۈزۈلمىسىنى يېزىپ چىقىشقا قاتنىشىمەن.
مۇختەرباي چۈشەنمىدى:
— نېمە دېدىڭ، ھۆكۈمەتنى يېزىپ چىقىدىغان گەپمۇ تېخى؟
— قانداق ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەك؟ بۇ بىر چوڭ مەسىلە. ھەرەمباغ بەلكىم يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن ئېلىنىپمۇ قالار. پارتىزانلىرىمىز ناھىيىلەردىمۇ سوقۇش قىلىۋاتىدۇ. گومىنداڭ ئورۇمچىدىن توختىماي ئەسكەر يۆتكەۋاتىدۇ. سوقۇش قاتتىق بولىدۇ. جىق قۇربان بېرىمىز تېخى. ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشمەك ئوڭاي ئەمەس. ھازىر ھۆكۈمەت توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىدىغان چاغ ئەمەس، ھەممە خەلق بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، سوۋېت خەلقى گېرمانلارنى قوغلىغاندەك گومىنداڭنى پاك - پاكىز قوغلاپ چىقىرىش كېرەك!
— گېرمانلار قېچىپ نەگە باردى شۇ تاپتا؟
ئەخمەت ئالدىراپ جاۋاب بەردى:
— بېرلىنغا يېقىنلاشتى. ھە، گېرمانىيىنىڭ پايتەختى. سوۋېت ئەسكەرلىرىدىن بېلوروسىيە 1 - يۆنىلىش ئارمىيىسى، ئۇكرائىنا 1 - يۆنىلىش ئارمىيىسى، بېلوروسىيە 2 - يۆنىلىش ئارمىيىسى، جەمئىي ئىككى مىليون بەش يۈز مىڭ ئەسكەر، قىرىق بىر مىڭ ئالتە يۈز زەمبىرەك ۋە مىناميوت، ئالتە مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تانكا ۋە ئوت قويغۇچى زەمبىرەك، يەتتە مىڭ بەش يۈز ئايروپىلان بىلەن بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىپ گېرمانىيىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ.
— پاھھوي!... ئۇلارنىڭ تانكىسىلا بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدىن

جىققەنا… سوقۇش دېگەن مۇنداق بولسا، گومىنداڭ، ھەرەمباغ دېگەنلەرنىڭ پىيازنىڭ پوستىدەك بولۇپ قالاتتى ـ دە!…

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

گۈمبۈرلەپ، پۈتۈن شەھەرنى تىترىتىپ مىناميوت ئېتىلىشقا باشلىدى. ھۇررا ئاۋازى غۇلجا ئاسمىنىنى تەۋرىتىپ يىراق ـ يىراقلارغا كەتتى. بۇ ئاۋازدىن مۇختەرباي چەكسىز ھۇزۇرلاندى، ئۇ ئەخمەتتىن ئايرىلىپ ئېتىنىڭ بېشىنى ھەرەمباغ تەرەپكە بۇرىدى.

## 37

8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ سەپرالىشىپ، جۇڭچىڭغا كەينى ـ كەينىدىن تېلېفون ـ تېلېگراممىلارنى بەردى. ئۇ ھەر قېتىملىق تېلېفون ـ تېلېگراممىسىغا: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، دېگەن سۆزنى قوشۇپ قوياتتى. لېكىن، جۇڭچىڭ خۇددى بۇ ئىشقا سەل قاراۋاتقاندەك، بىر ئېنىق جاۋاب بەرمەيۋاتاتتى.

— يەنىلا ئىككى خىل ۋاستىنى تەڭ قوللانغىنىمىز تۈزۈك، — دېدى ئۆلكە رەئىسى ۋۇجۇڭشىن، — شىڭ شىسەيگە خەلقنىڭ نەپرىتى كۈچلۈك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەم شۇنداق. بىز گومىنداڭ پىرقىسىمۇ خۇددى شۇنداق. نېمىلا بولسۇن، بىر كىشىگە ئۈچ تەرەپنىڭ نەپرىتى ئورتاق. بۇ ئورتاقلىقتىن دىپلوماتىيە، نەسىھەت ـ چۈشىنىش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ پايدىلانغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

— لېكىن، مېنىڭچە، كەسكىن تەدبىر قوللانمىساق زىيان چوڭىيىپ كېتىدۇ. ئىلى، ئالتاي، تاشقورغان باندىتلىرى بىرىكىۋالسا، بۇ توپىلاڭ ئۆلكىگە تولىمۇ چوڭ خەۋپ پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا بىزنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالماي قېلىشىمىزغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بىزگە ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى بىلەن يىگىرمە ـ

ئوتتۇز بومباردىمانچى ئايروپىلان، قىرىق ـ ئەللىك تانكا، بىرونېۋىك ئەۋەتمىسە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىشتا يۈز پىرسەنت ئېنىقكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولى بار.

— بۇ تەرىپى ئېنىق. سوۋېت تەرەپ شىڭ شىسەينىڭ ھەددىدىن زىيادە قوپال دىپلوماتىيىسىگە جاۋابەن جازا يۈرۈشى قىلماقچىدى، شىڭ شىسەي يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ قالغان. سوۋېت يەتتە ـ سەككىز مىليون ئەسكىرى بار، زامانىۋى قورالى بار ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت. ئۇ ھازىرچە ياپونىيە بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن، ياۋروپادىن قولىنى بوشاتقان ھامان ئاسىياغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بىرىنچى قول سالىدىغىنى شىنجاڭ. جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ روزۋېلتنىڭ يارەمىسىز سوۋېت بىلەن كېلىشەلمەيدىغىنىنى بىلىپ، قايتا ـ قايتا ۋاشىنگتونغا تېلېفون بەرمەكتە. ھەل قىلىدىغىنى ئاخىرىدا يەنىلا سۆلھى بولۇشى مۇمكىن!

— جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ دۆلەت غۇرۇرىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپادا فاشىزم يوقىتىلىپ، 1945 ـ يىلى ياپونىيە جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىلىشى مۇمكىن دېگەن مۆلچەر رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقاندا، ماۋۇ توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار مۇكەممەل تەشكىل، ياخشى قوراللار بىلەن پەيدا بولۇپ ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىلى شىنجاڭنىڭ باي، ئاۋات، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم رايونى. توپىلاڭچىلار ئىلىنىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلىماقچى. بۇ ئىش جياڭ ۋېيىۋەنجاڭغا تولىمۇ ئار كېلىدۇ.

— بىزمۇ، ھەربىر جۇڭگولۇقمۇ بۇ بىر پارچە گۆھەرنىڭ قولدىن كېتىشىگە چىدىمايمىز. مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى چېغىدا 1871 ـ يىلىدىن 1881 ـ يىلىغىچە ئۇ يەرنى چاررۇسىيە بېسىۋالغاندا قاتتىق بىئارام بولغان. بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى چوڭ بىر پارچە يەرنى پۈتۈنلەي رۇسىيىگە بېرىۋېتىش ھېسابىغا غۇلجىنى

قايتۇرۇۋالغانىدى . بىز ھەرگىز ئۇ يەرنى بەرمەيمىز . بولۇپمۇ ئىككىمىز شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغدا بۇ زېمىن قولدىن كەتسە ، ھازىرقىلارلا ئەمەس ، ئەۋلادلارمۇ نامىمىزنى تىللاپ قارغايدۇ .

بىرى ھەربىي ، بىرى مەمۇري ئەمەلدار بولۇپ ، ئۇزۇن يىل جياڭ جيېشىنىڭ ئەتراپىدا سادىقلىق كۆرسىتىپ ئىناۋەت ، يۇقىرى ئورۇن ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولغان بۇ ئىككى دوست شېڭ شىسەيدىن قالغان يېڭى بىنانىڭ ئازادە ، قىلىن گىلەملەر ، فرانسىيە كرېسلولىرى بىلەن بېزەلگەن ئۆيىدە پۇراقلىق چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، دۇنيا ، جۇڭگو ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ، بولۇپمۇ غۇلجا توپىلىڭى توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى . بىرى ، قورالنى تەكىتلىسە ، يەنە بىرى ، سۆھبەت ۋە دىپلوماتىيىنى تەكىتلەيتتى . گەرچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ئىختىلاپ پەيدا بولغان بولسىمۇ ، شىنجاڭنىڭ بۇ ئىككى كاتتىۋېشى بىر مەسىلىدە ، يەنى غۇلجىنى تاشلاپ بەرمەسلىك توغرىسىدا بىر پىكىردە ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر ئۇلۇغ دۆلەت ، بىر ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ۋەكىلى ھېسابلايتتى . ۋەكىللىك غۇرۇر ئۇلاردا مىللىي غۇرۇر ، دۆلەت غۇرۇرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى . ئۇلار غۇلجىدىكى «توپىلاڭچى»لارنىڭ تولىمۇ چوڭ گۇناھقا پاتقانلىقى ، كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەتكە بوغۇلغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەشتى .

— مەن ، — دېدى جۇ شاۋلياڭ گېنېرال غەزەپ بىلەن ، — ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر ، قازاق مىللەتلىرىنى مىللەت سۈپىتىدە تامامەن قىرىپ تاشلاشنى ، ئايروپىلانلار بىلەن بومباردىمان قىلىپ ، شەھەر - يېزىلىرىنى تۈزلەپ ، خەلقىنى قىرىپ تۈگىتىۋېتىپ ، ئىچكىرىدىن ئادەم يۆتكەپ قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن !

— قاتتىق ۋاستىنى سوۋېتمۇ ، ئامېرىكىمۇ قوللىمايدۇ . روزۋېلتمۇ ئەنگلىيىدىن ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىدىن ، فرانسىيىدىنمۇ ۋيېتنام قاتارلىق دۆلەتلەردىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ

قىلىۋاتىدۇ . ئۇ مەڭگۈلۈك تىنچلىق پەيدا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى باشقا دۆلــەت ، باشقـا مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلماسلىق ، باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋالماسلىق دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىمەكتە .

— بىراق ، شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى ، جاڭ چيەن ، بـەنچـاۋلار قەدەم باسقاندىن تارتىپ بىزنىڭ يېرىمىز ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتتە .

— بـۇ بــىــزنىڭ كۆز قارىشىمىز . چەت ئەللىكلەر ئۇنداق قــارىمايدۇ . مىسالى ، سەددىچىن سېپىلىنى نېمىشقا شىنجاڭ ـ گەنسۇ چېگراسىغا سوققان ، نېمىشقا جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگراسىغا ئەمەس دېسە ، يەنە نېمىشقا بۇ زېمىنغا شىنجاڭ (يېڭى چېگرا ) دەپ نـام قـويغان ، بۇ نام 1884 ـ يىلى قويۇلدىغۇ ، دېسە تىلىمىز تۇتۇلۇپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ زېمىندىكى مىللەتلەرنى ئادەم ئورنىدا كۆرمىگىنىمىزمۇ راست . ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېنلار دەۋرىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئۇلارنىڭ بىرمۇ ئەمەلدارى بولمىغان . شېڭ شىسەيمۇ ئۇلارنى يالىڭاچ ھالدىلا پايدىسى تېگىدۇ دەپ ئىشلىتىپ ، مەقسىتىگە يېتىۋېلىپلا ئۆلتۈرۈۋەرگەن . تۈرمىلەر شـۇلار بـىلەن تولۇپ كەتكەن . ئۇلارغا بەزىدە ئىنسانىي ياشاش ھــوقۇقىمۇ بەرمىگەن . بىزدىكى ھەددىدىن زىيادە مىللەتچىلىك ، مىللىي زۇلۇم ، مىللىي كەمسىتىش ، خورلاشلارمۇ بىر پاكىت . ئـۆز ۋاقتــىدا ئاق تەنلىكلەر نېگىرلارنى ، ئامېرىكا قۇلدارلىرى قـۇللارنى ، ئىندىئانلارنى قانداق خورلىغان بولسا بىزمۇ ئۇلارنى شۇنداق خورلىدۇق !

— سىز بۇنى ئېتىراپ قىلامسىز ؟

— بۇ بىر پاكىت تۇرسا !

— بــەللى ، بەللى ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەڭ ، رەئىس ئەپەندىم .

— ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭ بۇ . دېمەكچىمەن : بىز قاتتىق سىياسەت قوللانساق ، ئىككى چوڭ دۆلەت — سوۋېت بىلەن ئـامېرىكا بىزنىڭ قولىمىزدىن تۇتۇۋالىدۇ . بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتىنى قۇرۇشتا جىياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ كېرىشىگە ستالىن قارشى تۇردى، روزۋېلتمۇ ستالىننىڭ رايىغا باقتى. بۇ ئىشلاردا مەن دېگەن ئامىللارمۇ يوق ئەمەس!

تېلېفون جىرىڭلىدى. گېنېرال جۇ شاۋلياڭ تېلېفوننى ئېلىپ، كرېسلودا پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ:

— ۋەي! — دېدى ۋە قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ كەتتى، — سالامەتمۇسىز، باش شتاب باشلىقى، ھالىمىز خاراب، ما بۇفاڭنىڭ قوشۇنى ياردەمگە باردۇ دەمسىز؟ ناھايىتى ياخشى. ئايروپىلان، تانكا ئەۋەتەلمەيمىز دېدىڭىزما؟ شۇنداق، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز، چۈشىنىمىز. زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ شتاب باشلىقى ساۋ رۇلىڭ غۇلجىدا قورشاۋدا قالغاندا، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىمەن دەپ ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن، قوماندانلىق شتابىنى ئاۋئىئاتسىيە تەلىم - تەربىيە ئەترىتىنىڭ ھەرەمباغ دېگەن بېغىغا كۆچۈرۈۋالغانىكەن. بۇ باغ ھازىر قورشاۋدا. غۇلجا شەھىرىدىكى پۈتۈن خەنزۇ پۇقرالار بىلەن ئىككى مىڭدەك ئەسكەر ئاشۇ كىچىككىنە باغقا قامىلىپ قالدى. ئۇلار سۇ، ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىينالماقتا، ھاۋادىن تاشلىغان تەمىنات باندىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ يەردە قار قېلىن، سوغۇق قاتتىق. شۇنداق بولسىمۇ بىز كەڭسايدىن ۋە تاغ ئارىلاپ كۆكۈرچىن دېگەن غولدىن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتمەكچى. ئۇلار بىخەستەلىك قىلغان. ئاساسىي قوشۇننى باندىت تازىلاشقا نىلقا دېگەن تاغلىق ناھىيىگە يۆتكىۋېتىپ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ئازلا ئەسكەر قالغان. باندىتلار بۇنى بىلىپ قېلىپ، كۈچىنى توپلاپ ئۈچ تەرەپتىن غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئىگىلەپ بولدى. نېمە، سىرتتىكى ئەسكەرلەر شەھەرنى قورشىسا بولمامدۇ، دەمسىز؟ قوماندان لىيۇ بىڭدې ئۆلگەندىن كېيىن دۇ شىجاڭ تەمتىرەپ

قالغان. ئەسكەرلەر چېچىلىپ كەتكەن. باندىتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىمىزنى يوقاتقان. ھازىر ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل. بىزدىنمۇ نۇرغۇن قورال غەنىيمەت ئالدى. ئاساسىي قورال، ئوق - دورا مەنبەسى سوۋېت! شۇنداق، ۋۇ جۇشىمۇ مۇشۇ يەردە، سالىمىڭىزنى يەتكۈزىمەن، سەنمۇجاڭ!

ئۇ تېلېفوننى قويۇپ تېخىمۇ بوشاپ كەتتى:

— ما بۇفاڭمۇ بىر باندىت! ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلگۈچە بۇ توپىلاڭچىلار پۈتۈن شىنجاڭنى، ھېچبولمىغاندا شىمالىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ بولىدىغان بولدى.

— مەن بەختسىز، قارىمامدىغان تازا نەس باسقاندا بۇ يەرگە رەئىس بولۇپ كەلگىنىمنى!

— بىردىنبىر ئامال قۇمۇلنى ئاخىرقى بازا قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش. غۇلجا ئەتراپىدىكى ناھىيىلەرنىڭ تولىسى قولدىن كەتتى. باندىتلار مۇنتىزىم قوشۇن تەشكىللەپ جىڭ، شىخو ناھىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى. ياق، غۇلجىدا ئۈمىد چوڭ ئەمەس. ساۋ رۇلىڭ جان قايغۇسىدا، بىز ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلمىساق بولمايدۇ!

— ئالتاي قولدىن كەتتى. ئوسمان باندىت ھازىر سارسۇمبىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى، دەلىلقان سۇگۇربايوف مۇئاۋىن بولۇپ ئالتاي ۋىلايىتىنى سورىماقتا. غۇلجىدىمۇ «شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئېلىخان تۆرە رەئىس، ھېكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىس بولدى، ئۇلارنىڭ پارتىزانلىرىنى قوماندانلىق شتاب تەشكىللەپ پالىنوف دېگەن ئورۇس بىلەن ئىسھاقبېك دېگەن قىرغىز سوۋېت ئادەملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باشقۇرماقتا. پالىنوف، ئىسھاقبېك، يەنە ئاللىقانداق «يوف»لارنىڭ ھەممىسى ھەربىي تەلىم كۆرگەن، شىڭ شىسەيگە، گومىنداڭغا ئۆلگۈدەك ئۆچ بىرنېمىلەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، بىرەر ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاشنىڭ يوللىرى يوقمىدۇ...

رەئىس ۋۇجۇڭشىن كۆپرەك مۇشۇ ئىشلارغا باش قاتۇرسا، گېنېرال جۇشاۋلياڭ هازىر قولىدا بار بولغان يەتمىش ـ سەكسەن مىڭدەك ئەسكەر بىلەن ئەڭ ئاۋۋال غۇلجا توپىلىڭىنى باستۇرۇشنىڭ ئەڭ ئوڭاي، ئەڭ تېز ئۇنۇم بېرىدىغان يوللىرىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. تەبىئەت باندىتلارغا ياردەم قىلماقتا، تاغلار، قارلىق دالىلار ئۇلارنىڭ ئەسكەر يۆتكىشىگە توسقۇن. جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئەسكەر يۆتكىسە تاشقورغان ئېغىزىدىن كىرىدىغان باندىتلار قاغىلىق بىلەن يەكەننى ئوڭايلا ئېلىۋېلىپ قەشقەرنى بېسىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا خوتەننىڭ هالى خاراب، ئاقسۇنى ساقلىماق تەس. پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىش خەۋپى بار، يۆتكىمىسە كۈچ ئېلىشماق تەس. باندىتلار كۈنسېرى، سائەتسېرى كۆپەيمەكتە، قوراللىرى خىللانماقتا، تەجرىبىسى، قىزغىنلىقى ئاشماقتا. يامان يېرى، بۇ باندىتلار ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدۇ، بىرى يىقىلسا ئىككىنچىسى ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىپ ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى بولسا ۋەتەن، زېمىن كۆز قارىشى ئاجىز، ئۆزىنىڭ جېنىنىلا ئويلايدىغان بىر توپ ئاتقىپىلار. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان گېنېرالى مازاق قىلىپ: «مەن بۇنداق قورساقتا ئامراق، ئۇيقۇغا ئامراق ئەسكەرلەرنى كۆرمىگەن» دەپتۇ تېخى. جياڭ ۋېيپوەنجاڭ ئامېرىكىنىڭ «ئامېرىكا ئوفىتسېرى جۇڭگو گومىنداڭى بىلەن كومپارتىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولسۇن» دېگەن تەكلىپىنى رەت قىلمىسا بوپتىكەن. جەڭگىۋار ئەسكەر بولمىسا باندىتلارنى يەڭگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز شىنجاڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشنى خالىمايدۇ. شىنجاڭنى تاشلاپ بەرسىمۇ جېنى ئامان قالسىلا بولدى ئۇلارغا... جۇشاۋلياڭدەك بىر گېنېرال مانا مۇشۇنداق جېنىغا ئامراق ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ هاقارەتكە ئۇچرايدىغان بولدى. باندىتلارنى شىڭ شىسەي چېغىدا تازىلىيالىغان، مەيلى هىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتسۇن، ئىشقىلىپ تازىلىغان ـ دە! جۇشاۋلياڭدەك

جـيـاڭ جـيېشى ئارمىيىسىگە ئالىي قوماندان بولۇشنى كۆزلەپ يـۈرگەن بىر گېنېرال تۆت توكتوك باندىتنى تازىلىيالمىسا ، بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك ، ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ خۇ زۇڭنەن ، بەي چۇڭشى ۋە بـاشقا گېنېراللار بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەن جۇ گـېـنـېـرال كـىـچـىـككىنە باندىتلاردىن مەغلۇپ بولسا ، ئۇنىڭ رەقىبلىرى قانچىلىك كۈلەر ؟...

جۇشاۋلياڭ ۋۇجۇڭشىن بىلەن دوست ، پىكىرداش . لېكىن ، ئـىختىلاپىمۇ يوق ئەمەس . بەلكى شۇ تۇرقىدا ۋۇ جۇڭشىن مۇنۇ ئۇزۇن ئەمەلدارلىق چاپىنىنى ئەتەي كىيىۋېلىپ ، جۇشاۋلياڭنىڭ ھەربىي قوماندانلىق قابىلىيىتىدىن ئىچىدە كۈلۈۋاتقاندۇ ، بەلكىم ئـۇ : «چاغلىقكەنسەن» دەۋاتقاندۇر . بۇ قېرى ھەربىي ئىشلارنى جۇشـاۋلـيـاڭـغا ئـىـتتىرىپ قويۇپ ، چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تـۇرۇۋېـلـىـپ ، ئـەتـەي جـۇشـيـاۋلياڭنى مەسخىرىگە قويماقچى بولۇۋاتقاندۇ...

ئـىـكـكـى بـاشـلـىـق مـەززىـلىك چاي ئىچكەچ ، جىمجىت ئولتۇرۇشۇۋېلىپ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا ، ھەرەمباغدا قـورشاۋدا قالغان ساۋرۇلىڭ ئۇلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىماقتا ئىدى .

— يەتمىش پۇشتۇڭنى !... — دېدى ئۇ ھاۋادىن تاشلانغان ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ ھەرەمباغقا چۈشـمەي ، يەنە بۇلاق دادامتۇ يېزىسىغا چۈشكەنلىكىنى دوكلات قىلىپ كىرگەن كىيىملىرى توپا ، ساقىلى ئۆسۈپ ، كۆزلىرى جىرتىيىپ قالغان لى تۇەنجاڭنى تىللاپ بولۇپ ، — بۇ يەردە ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ گۆشىنى يەۋاتىدۇ ، قار يالاپ ، مۇز شوراپ ، لاي يەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ . تېخىچە بىر كەسكىن تەدبىرى يوق ، بۇ پوق قورساقلارنىڭ !

دېـمـىـسـىمۇ بۇ كىچىككىنە باغدىكى ئون مىڭغا يېقىن ئادەم ئاچتىن ئۆلمەكتە ئىدى . ئازغىنە ئاشلىق ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر سـەردىـن بـىـر ۋاخ تـامـاق يېيىشكىمۇ يەتمەيدۇ ـ دە ! دەرەخ قوۋزاقلىرىمۇ تۈگىدى . يەر ئاستىدىن ئاكوپ كولاپ كېپەكيۇزى ،

دادامتۇ يېزىلىرىغا ئۇزۇق ـ تۈلۈك بۇلاشقا چىققان ئادەملىرى قايتىپ كەلمىدى. ئاتلار تۇگىدى، مانا ئازغىنە قالغان ئۇنمۇ تۇگىدى. ھەممىلا ئادەم قورساق غېمىدە.

ئابدۇمەر مىڭبېگى ئاچ، ئۇيقۇسىز، چارچىغان ھالدا ئاتنىڭ قۇيرۇق ـ ياياللىرىنى يېپىنچا، كۆرپە قىلىپ، كېسەكنى بېشىغا قويۇپ، ئۆزلىرى كولىۋالغان گەمىنىڭ بۇلۇڭىدا دۇگدىيىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن قاشلىرى، يىرىك ساقال ـ بۇرۇتى ئاپئاق ئاقارغان، مايلىشىپ، كىردىن رەڭگىنى يوقاتقان يىپەك كۆڭلىكى لۆم ـ لۆم پىت، پىتلار ھەتتا ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئارىلاپ، ئەنسىز، خۇپسەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قويۇق يۇڭلۇق مەيدە ـ بىلەكلىرىنىمۇ تىنماي ئارىلاپ «زىيارەت» قىلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ دائىم پاكىز چۈشۈرۈلۈپ تۇرىدىغان يوغان بېشىنىمۇ ھازىر قويۇق، ئاپئاق چاچ باسقان... ئۇ ئىڭرىدى:

— سۆيۈپ تۇرغۇم، بۇۋىزۆرەم، گۈلئايشەم!... ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ!... سىلەرنىڭ ۋابالىڭلارغا قالدىم... قىزا باسقان پولۇغا، قىرغىز نېرىنىغا، خام قايماق، مايلىق توقاچ، ھورنان، تۇخۇم پوشكىلى،... ھى ـ ھى ـ ھى، ئاسىيە... كاتلېتلىرىڭ، پىتىر مانتا، سامبۇسا، چۆچۈرىلىرىڭ... تۇتىيا بولۇپ كەتتى، پېشىڭلارنى كۆزۈمگە سۈرتەي، ئىزىڭلارغا باش قويۇپ سەجدە قىلاي!...

بىر يۈز يىگىرمە خو يەر، بىر مىڭ تۆت يۈز تۇياق قوي، بىر يۈز توقسان كالا، سەكسەن يىلقا، ئوتتۇز تۆگە، ئالتە يەردىكى باغ، تۆت خوتۇن، ئون بىر بالا!... كىملەرگە قالدۇ؟ ھالاۋىتى كىمنىڭ؟... ساڭ ـ ساڭدا ئاشلىق، تۇڭ ـ تۇڭدا ماي، پاقلان، تۇغمىغان بىيە، تاي گۆشلىرى... ئۇنى ئاز دەپ ئىلىك، بۇغا، ئارقار ـ تېكە، كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە، غاز ـ ئۆردەك، ئۇلار گۆشلىرى... ئاپئاق توقاچلار، سېرىقماي، ھەسەل، مېۋە ـ رىشاللەر... نەلەردە قالدى؟ كىملەرگە قالدى؟! مەندە بارى پىت، نەنى سىلسام پىت، يېيىشىم غازاڭ، ئېشەكتىن خارمەن، يېتىشىم

زەي يەر توڭگۈزغا ئوخشاش... ھەي ئادىل خۇدا ، دوزاخقا سالغىن ، لېكىن پانىيدا ئەمەس ... — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ، ئۆزىنى جىملەپ ، ئۆتكەن ياخشى كۈنلىرىنى ئەسلەپ ، مىڭ بىر پۇشايمان ، ھەسرەت چېكىپ نالە - پەرياد قىلماقتا . ئۇنىڭ داستىخىنىدا كۈن ئاتلاپ مېھمان بولۇپ ، ئۇنىڭغا دۇنيادەك مەنسەپ ۋەدە قىلىپ ، ساندۇق - ساندۇق سوۋغىلار بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىدىغان جاڭ ، لى ، گاۋ دەيدىغان ھۆكۈمەت ، ئارمىيە ، ساقچى ئەمەلدارلىرى ھازىر ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە . لېكىن ، ئۇلارنىڭ قارارىغا كۆزى يوق ، بىر چىشلەم نان بەرگۈدەك رايى يوق ، يىقىلىپ قالسا يۆلەرگە ھالى يوق . تېخى ئۇ كۈنى ئاكوپ كولاشقا سالدى . مىجەزىم ئوسال دېسەم ، لى دېگەن باشلىق : «گەپ قىل دېسە ساق ، ئىشلە دېسە ئاغرىقمۇ سەن ، ھىيلىگەر چەنتۇ» دېمەمدا . ئابدۇمەر شۇلارنى دەپ بۇ يەرگە كىرگەن ئەمەسمىدى . ئۇ :

— لى تۇەنجاڭ ، راستىلا زادى ماڭغۇدەك ھالىم يوق ! — دېدى . لى نىڭ تەرى شۇنداق تۇرۇلدىكى ، ئابدۇمەر خۇددى يېنىغا بومبا چۈشكەندەك ئالاقزادە بولدى ۋە ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ماقۇل ... مەن ئىشلەي !... — دېدى .

— بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويغان سەن خەق ! — دېدى لى غەزەپ بىلەن ، — سەن خەق تۇغما باندىت ، سەن خەق بىزنىڭ تۇغما دۈشمىنىمىز !

بۇ گەپ ئابدۇمەرنىڭ ئەڭ ئىشىنىدىغان ئادىمىنىڭ ئاغزىدىن چىقتى . بۇ ئۇنىڭ شاپاشلاپ يۈرۈپ قىلغان غالچىلىقلىرى ، ئۆز مىللىتىدىن چىققان بىگۇناھ ئادەملەرنى چېقىپ - يامانلاپ «خائىن» قىلىپ بېرىشى ، ھۆكۈمەتنىڭ سالغان سېلىقىنى بىرنى بەش قىلىپ كۆپەيتىپ تاپقان پايدىسى بىلەن مۇشۇ ئادەملەرگە سوۋغا - سالام بەرگىنىنىڭ جاۋابى ئىدى... ئۇ مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بوسۇغىدىن ھەيدەلگەن ئىت بولدى . ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىدى .

— چەنتۇ ! — دېدى تەلەتىدىن مۇز ياغدىدىغان لى ئۇنى

يەيدىغاندەك ئالىيىپ ، — تۇر !

ئۇ دەس تۇردى . لى قاراڭغۇ يەر ئاستى يولىنى كۆرسىتىپ :

— ئەسكەرلەرنى باشلاپ ماڭ ! — دېدى .

— ماقۇل ! — ئۇ بوينى باغلانغان ئىتتەك نائىلاج ئاكوپ ئېغىزىغا كەلدى . ئۇنىڭغا بەش ئەسكەر ئەگەشكەندى .

— ماڭ ! — دېدى لى بۇيرۇق بېرىپ ، — مۇشۇ يول كېپەكيۈزىگە بارىدۇ شۇ . سەن باشلا ، نان ـ گۆش تېپىپ كەل !

ئابدۇمەر ئۆمىلەپ دېگۈدەك ماڭدى ، قانچىلىك ماڭغىنىنى بىلمەيدۇ ، ئاخىر ئاچچىق سوغۇق يۈزىگە ئۇرۇلدى . ئۇ دالاغا چىققانلىقىنى چۈشەندى . ئۇلار ئېرىق بىلەن ئۆمىلەپ سولغا — بىر كۆزلەككە قاراپ ماڭدى . كۆزلەكتە غۇۋا يورۇق كۆرۈنمەكتە ئىدى . ئابدۇمەر ئۆزىنىڭ كۆزلىكىنى ، ئۇ يەردىكى چىرايلىق توقىلىنى ، ئۆزىنىڭ ھەربىر گېپىنى ھەدىس بىلىدىغان مالايلىرىنى ، دادىسىنىڭ ئىللىق چىرايىغا ئىنتىزار باللىرىنى ئەسلەشكە ئۈلگۈردى . مانا ئۇلار قورۇق تېمىغا كەلدى . قار بىلەن چۈمكەلگەن باغ ئابدۇمەرنىڭ باغلىرىغا ئوخشاپ كەتتى ، قېرى قارىياغاچلار نەق ئۆزى...

— ماڭ ، چەنتۇ ! — بىرى ئۇنى مىلتىق پاينىكى بىلەن نوقۇدى . ئۇ لالما ئىتتەك قاتىردى . ئۇ كىشىلەرنى بويسۇندۇرىمەن دەپ لالما ئىتقا ئايلاندى ، باشقىلارنى ئاچ ـ يالىڭاچ قويۇپ ئۆزۈم يايرايمەن دەپ ئاچ ، قوتۇر ئىتقا ئايلاندى ، ئۇ ياۋاشلارنى تالايمەن دەپ غالجىر ئىتقا ئايلاندى . ئۇنىڭدا ئىتلارنىڭ ھەممە سۈپەتلىرى يېتىلدى ، ئۇنىڭدا ئادەمگە خاس ھېچبىر بەلگە قالمىدى . ئۆگزىدە تۇرۇپ ، سامانغا چۈمكىلىپ ھۆرۈنلۈق بىلەن ھاۋشۇۋاتقان دېھقان ئىتى ئۇنى تونۇدى ، يۇندى ، ئۇستىخان تەمەسىدە قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ ، ئالدى پۇتلىرىغا ئېڭەكلىرىنى قويۇپ ، تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ بۇرنىنى يالاۋاتقان ئاچ ئىت ئۇنى ئەسلىدى ، ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن ، ئىگىسىگە خىرقىراۋاتقان غالجىر ئىت ئۇنى دورىدى . ئۇ ئىت ، ئىتنىڭ ھەممە يامانلىقى ئۇنىڭ بەدىنىگە

توپلانغان !
— ماڭ !
— نەگە ؟
— پەنجىرىدىن مارا !
— ماقۇل .
ئۇ ئۆمىلەپ ، قار تاتىلاپ يۈرۈپ پەنجىرىگە باردى . پەنجىرە قەغىزىنى تىلى بىلەن ئاستا يالاپ تۆشۈك ئاچتى . كاڭدا ساقاللىق ئەر ئۇخلىماقتا ، مورا ئوچاق ئالدىدا پاخمىۋاش ئايال پىت باقماقتا . يالىڭاچ تۆت بالا مورا ئوچاقتا قوناق ئېتىلدۇرماقتا . بىر چاغلاردا ، بەلكى بۇنىڭدىن ئەللىك يىل بۇرۇن ئابدۇمەرمۇ ئاشۇ بالىلاردەك قوناق ئېتىلدۇرۇپ يەپ هايات لەززىتىنى سۈرگەن ، ئانىسى ئۇنى يالىڭاچلاپ بەدەنلىرىنى سىلاپ قويۇپ ئېگىنلىرىنى باققان . ئادەملەر شۇنداق ياشايدۇ ، بىر ـ بىرىنى ئەتىۋارلايدۇ ، بىر ـ بىرىگە شەپقەت ياغدۇرىدۇ . خۇددى توخۇلار بالىلىرىنى قانىتى بىلەن ياپقاندەك ، قانجۇق كۈچۈكلىرىگە ئېمۈپ يېتىپ سۈت بەرگەندەك ، كالا موزىيىنى مېهرى بىلەن يالاپ قۇرۇتقاندەك...
ئۇنىڭ مۈرىسىگە مىلتىق ئۇچى قويۇلدى . ئۇ دۈم يېتىۋالدى . دەهشەتلىك ئوق ئاۋازى چىقتى . ئۆيدىن نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى . ئەسكەر ئۆيدىكىلەرنى ئوققا تۇتتى . ئابدۇمەرنىڭ مانا شۇ چاغدا ئادەملىككە قايتقۇسى كەلدى ، هامىنى ئۆلۈم ، ئىتتەك ئۆلگەندىن ئادەمدەك ئۆلگەن ياخشى . ئۇ ئەسكەرنىڭ مىلتىقىغا ئۆرۈلۈپلا ئېسىلدى ۋە ئوڭدا يېتىپ ئەسكەرنىڭ چاترىسىغا ئاخىرقى كۈچلىرىنى يىغىپ تەپتى . ئەسكەر يىقىلدى ، ئۇ مىلتىقىنى ئالدى ۋە نېرىدا ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان تۆت ئەسكەرگە قاراپ :
— ئاسىيە !... — دەپ ۋارقىراپ ئوق ئاتتى .
ئۇنىڭ كۆكسى دەهشەتلىك ئاغرىدى... كۆكسىگە تەگكەن نېمە ئۇ ، مۇختەربايىنىڭ مۇشتۇمىمۇ ؟...
بىر دەمدىن كېيىن پارتىزان رازۋېدكىچىلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى . ئۆيدە بىر خوتۇن ئىككى بالىسىنى قۇچاقلاپ قانغا مىلىنىپ

ياتاتتى . ئىككى بالا ئوچاقمانتىدا يالىڭاچ هالدا مەڭگەنگە مۆكۈكلۈك . ئەر ، ساقاللىق ئادەم هويلىدا قولىغا ئايپالتا ئېلىپ كىرىدىغان دۈشمەننى ساقلاپ تۇرۇپتۇ... دېرىزە تۈۋىدە بىر چېرىك بىلەن بىر ئاقساقال ئادەمنىڭ جەستى ، نېرىدا يەنە ئىككى چېرىكنىڭ جەستى قانغا مىلىنىپ توڭلاپ قېتىپ يېتىپتۇ .

سەنسەن جۇۋلىق جەسەتنىڭ زور تەمە بىلەن ياشاپ ، ئاخىرىدا پىتلىرىنىمۇ رازى قىلالمايدىغان توڭ گۆشكە ئايلىنىپ قالغان مۇشۇ ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن هاكىمى — نامىغا مەنسىپى ياماقچىدەك ياراشقان ئابدۇمەر مىڭبېگى ئىكەنلىكىنى هېچكىم بىلمىدى...

يانۋار ئېيىنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدا هەرەمباغ ئەتراپىدىكى ئاكوپ ، هويلا ۋە ئېرىقلاردا بىر - بىرىگە مۇرە تىرەپ هۇررا توۋلاۋاتقانلار ئىككىلا تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ كۆندىكىدىن قويۇق ، ئاۋازلىق ئىكەنلىكىنى سەزمەكتە . بۇ يەردە ئاخىرقى جەڭ ، ئاخىرقى ئېلىشىش داۋاملاشماقتا . هەرەمباغ ئىچىدىكى جان تالىشىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتتى . پىلىموت ، بومبىلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەر هەرەمباغ دەرۋازىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ جەنۇبقا — شەهەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى . ئۇلار شەهەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا قەسەم قىلىشىپ هۇجۇم بىلەن ئالدىغا چىققان پىدائىيلار ئىدى . ئۇلار ئىككى يۈز مېتىردەك پەسكە ئىلگىرىلىدى . ئالدىدا بۈك دەرەخلىك سوۋېت كونسۇلخانىسى بار ، شۇ يەردىن ئۆتۈۋالسىلا شەهەر . ئىككى مىڭ ئەسكەر نېمىشقا قىرغىن قىلالمايدىكەن ؟ نېمىشقا شەهەرنى قايتۇرۇۋالالمايدىكەن ؟

ئالدىنقى سەپتىكى پىدائىيلار ۋاقىتلىقتىن ئوق ياغدۇرۇپ ، ئاتلىق ، پىيادە پارتىزانلارغا زەربە بېرىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى . دۈشمەنىنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىدىن شەهەر تەرەپتىن هۇجۇم قىلىۋاتقان پارتىزانلارنىڭ بىر بۆلىكى تەمتىرەپ چېكىنىپ ، ئىككى ياقتىكى ئىسهاقبېك ، ئابباسوف پارتىزانلىرى ئورۇن يۆتكەپ يېتىپ كەلگۈچە دۈشمەن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كونسۇلخانا تاملىرىغا

يېقىنلاشتى . ئۇلار قىزىلكۆۋرۈك دېگەن يەردىن ئۆتۈشكىلا ، كونسۇلخانىنىڭ تاملىرىدىن مۆلدۈردەك پىلىموت ئوقلىرى ئۇچۇپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمچىلىرىنى پۈتۈنلەي يەر چىشلەتتى . گومىنداڭ ھۇجۇمچىلىرىنىڭ ئالدىدىكى سېپى تارمار بولۇشى بىلەن تەڭلا كونسۇل باغدىن ، ئوڭدىن ـ سولدىن پارتىزانلار ھۇجۇمغا ئۆتتى . گومىنداڭ ئۈچ يۈزدەك ئەسكىرىنىڭ جەسىتىنى سىرتتا قويۇپ ھەرەمباغ ئىچىگە ئارانلا چېكىنىۋالدى . قورسىقىغا ئوق تېگىپ يارىلانغان لى تۇەنجاڭ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن يىغلاپ تۇرۇپ :

— بىز باندىت تازىلاۋاتماپتۇق . سوۋېت بىلەن سوقۇشۇۋېتىپتۇق . ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ سوقۇشكەن بۇ . پالاكەت باستى ، بىز تۈگەشتۇق ، بېرلىندىن بۇرۇن بىز تۈگەيدىغان بولدۇق ! — دېۋىدى ، جاڭ تۇەنجاڭ تەرىنى تۇرۇپ :

— ئاق بايراق چىقىرايلى . بىز كىم ئۈچۈن جېنىمىزنى سېلىپ بېرىۋاتىمىز ـ ھە ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— ۋۇي ئاناڭنى ! — دېدى ساۋ تاپانچىسىنى تەڭلەپ ، — ئېتىۋېتىمەن سەن توخۇ يۈرەكنى ! ئۇلار كىم ، بىز كىم ؟ ئۇلار دېگەن بىر دۆۋە ئەخلەت ، بىز دېگەن ئېگىز تاغ ! كىم ئاق بايراقنىڭ گېپىنى قىلسا جاجىسى مۇشۇنداق بولىدۇ !

ئۇ جاڭ تۇەنجاڭنى تاڭلا قىلىپ ئېتىۋەتتى .

— بىرىمىز قالغۇچە ئېلىشىمىز ، دېدىمغۇ ، ياردەمگە ئەسكەر كېلىدۇ ، ئەتىلا كېلىدۇ ، بىز شەھەرنى قايتۇرۇۋالىمىز ، باندىتلارنى پاك ـ پاكىز يوقىتالايمىز . بىز كىم ؟ ئۇلۇغ جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى . ۋەتەننىڭ بىر تال تېشى ، بىر سىقىم توپىسىنىمۇ دۈشمەنگە بەرمەيمىز . باندىتلار نېمىتى ؟

— بىراق··· ئۇلار كۈچلۈك ، بىز ئاجىز . ئۇلار ھۇجۇمدا ، بىز مۇداپىئەدە ، ساۋ سەنمۇجاڭ ! بىكاردىنلا ئۆلۈپ تۈگەيمىزمۇ ؟

— ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ گۆشىنى يېگۈدەك بولدى . قېرىلار ، باللار ئاچلىقتىن ئۆلمەكتە ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭ

قىلغۇدەك ھالى قالمىدى !

— بۇنداق قىلىن قار ، قاتتىق سوغۇقتا بۇ يەرگە ياردەمچى ئەسكەرلەر كېلەلەمدۇ ؟ كەلسىمۇ يوللاردا توسۇلىدۇ ، بىز ئۆلۈپ تۈگەيدىغان بولدۇق !

بىرىنى ئاتقان بىلەن يۈزى ئەكس سادا پەيدا قىلماقتا . ھەممىنى ئېتىۋەرسە ساۋ سەنمۇجاڭ ئۆزى يالغۇز جەڭ قىلامدۇ ، دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى ھەقىقىي ئەمەلىيەت . لېكىن ، ساۋ سەنمۇجاڭ مەغلۇبىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ . ئۇ قەسىمگە ئەمەل قىلىدۇ .

— ياق ، ياق ، ياق ! بىز يېڭىمىز ، ئۇلارنى يوقىتىمىز ، يوقىتالايمىز . بۇ دېگەن چۇمۇلىلەرنىڭ يولۋاسقا ھۇجۇم قىلغىنى ، ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ئەجدىھانى تورغا چۈشۈرمەك بولغىنىدەك بىر ئىش . بىز دېگەن يولۋاس ، ئەجدىھا ، ئۇلار دېگەن چۇمۇلە ، ئۆمۈچۈك ، بەدىنىمىزدىكى پىت ! بىز كۈچلۈك ، ئۇلار ئاجىز ، بىز يېڭىمىز ، ئۇلار چوقۇم يوقىلىدۇ !

لېكىن ، ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقۇچىلار بولمىدى . ھەممىنىڭ بېشى چۈشكەن ، ھەممە ئادەم جان قايغۇسىدا . ياردارلار ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشماقتا ، سۇ ، سۇ دەپ نالە قىلىشماقتا ، بالىلار چۇرقىرىشىپ ئاپىلىرىنىڭ يۈزلىرىنى مورلاپ ، ئاچارچىلىق ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرمەكتە . ئەسكەرلەر گويا ھازىرلا پاتقاقتىن ئېغىناپ چىققان بىر توپ توڭگۇز ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان ، دۇنيادىكى ئەڭ سەت ، ئەڭ پاسكىنا تىللار ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقماقتا . سىرتتىن توختىماي چۈشۈۋاتقان مىناميوت ئوقلىرى ئۆيلەرنى تۈزلەپ تۈگەتكەن ، يەر ئاستى گەملەر ، ئاكوپلار ، ئۆيلەر تىنقمۇتىقماق ، ئاچ - زېرىن ، ھارغىن ، ۋەھىمە زەربىسىدىن ئەقلىدىن ئازغان ئادەملەر بىلەن تولغان . بىرمۇ چىرايدا تەبەسسۇم يوق ، بىرمۇ كۆز ياشسىز ئەمەس . بىرلا ساۋ سەنمۇجاڭ ئېلىشىپ قالغاندەك ۋارقىرىماقتا . بۇ ئەسەبىي ۋەتەنپەرۋەر ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنمەكتە . ئاق بايراق چىقارسا ، قورال تاپشۇرسا ،

ئۇلارنى قىرمايدۇ، نان بېرىدۇ، سۇ بېرىدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ، ئاتمايدۇ ئەمەسمۇ... مىللەت، ۋەتەن دەپ ئالجىپ قالغان ساۋ دېگەن بۇ ئادەم قانداقسىگە بۇيرۇق بەرگۈچى بولۇپ قېلىنۇدىكى، ئۇ بۇيرۇق بەرمىسە ئاق بايراق چىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا تەگكىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ قىرىق ـ ئەللىكتەك ئەڭ سادىق، تاللانغان مۇھاپىزەتچىلىرى بار. ئۇلار: «بىز جاڭ چيەن، بىز بەنچاۋ، ساۋسەنمۇجاڭ بىزنىڭ زوزۇڭتاڭ!» دېيىشمەكتە. ئۇلار ئۇمىدۋار، ئۇلارنىڭ ھەربىرى كەلگۈسىدە ھېچبولمىغاندا بىردىن دىۋزىيىگە باشلىق بولۇش تەمەسىدە.

— گېرمان يوقىلىشقا ئاز قالدى، ياپونمۇ پات ئارىدا يوقىلىدۇ. جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئۈچ مەسلەك بايرىقىنى دۇنيا سەھنىسىدە لەپىلدىتىپ جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ دۇنياسى غەلىبىسىنى نامايان قىلىدۇ!

— جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ستالىندىن ئۇلۇغ!

— روزۋېلتتىنمۇ ئۇلۇغ!

— جۇڭخۇا مىنگو ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت!

— جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىلىقلاردىنمۇ، رۇسلاردىنمۇ، ئىنگلىزلاردىنمۇ ئەقىللىق، باتۇر!

— جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئۈچۈن ياشايمىز. بىز جياڭ زۇڭتۇڭ ئۈچۈن ئۆلۈشكە ھەر زامان تەييار!

بۇنداق چوڭ گەپلەردىن كىممۇ قورقمىسۇن، كىممۇ ئۇنى ئاق بايراق چىقىرىشقا مەجبۇرلىيالىسۇن، بۇ يەردىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بىرلا يولى — ئۆلۈم يولىلا قالغان ئوخشايدۇ. بۇ يولغا مېڭىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق، تولىمۇ دەھشەت!

لېكىن، باشقا يولى قالمىغان بۇ بىر توپ ئادەمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى مۇشۇ ھەرەمباغدا تاماملىنارمۇ؟

— مەن قەتئىي ئىشىنىمەن، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلەيدۇ! — دەپ كەسكىن ئېيتتى گېنېرال جۇشاۋلياڭ يېڭىلا ئورۇمچىگە كەلگەن جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ ۋەكىلىنى كاتتا زىياپەت بېرىپ

كۆتۈۋېلىپ ، — ھەممىسى ۋاقىتلىق ئەھۋال ، بۇ شېڭ شىسەينىڭ كاساپىتى .

— ئاڭلىغانسىلەر ، شېڭ شىسەي دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى . ئۇنىڭغا ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي مەسلىھەتچى دېگەن قۇرۇق نام بېرىلدى .

— ئۇمۇ ئارتۇق . ئۇنىڭ تۆھپىسى شىنجاڭنى رۇسلارغا بەرمەي بىزگە ساق تاپشۇرۇپ بەرگىنىمۇ؟ ياق ، ساق دېگىلى بولامدۇ . تامامەن دەز كەتكەن ، ھالى قالمىغان بىر ئۆلكىنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى !

— شىنجاڭ خەزىنىسىنى قۇپقۇرۇق قىلىپ كەتتى ئۇلار ! مانا ھازىر پۇل تولىمۇ زۆرۈر ، خەزىنە قۇرۇق . پۇقراغا سېلىق سالماي ئامال قانچە؟ ئات سېلىقى سېلىنىۋىدۇق ، نىلقىدا خەلق توپىلاڭ كۆتۈردى . سېلىق سالمىساق كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئەسكەر ، مەمۇرىي خادىملارنىڭ مالىيە چىقىمىنى نېمە بىلەن قامدايمىز؟ نامى ئۇلۇغ ، سۈپىرىسى قۇرۇق تەنزىگە ئىگە بوپتىمىز . شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ ، بايلىقى مول دېسە دەريالىرىدا ئالتۇن ئاقىدۇ ، تاشلىرىمۇ كۈمۈش ، قۇملىرى مەرۋايىت دەپ ئويلىسا كېرەك خەقلەر . بايلىق نەدە؟ قول يەتمەيدىغان يەرنىڭ تېگىدە . ئۇنى پۇل قىلىشقا بىزنىڭ چامىمىز يەتمەيدۇ . بىرلا ئالتاينىڭ ئالتۇنىدىن ئاز - تولا پايدىلىنىۋاتىمىز . چەكسىز ئورمان ، سانسىز مال - چارۋا ، كۆمۈر ، نېفىت كانى بولغان شىمالىي شىنجاڭ قولدىن كەتتى . بىز جەنۇب - شىخولاردا قانچىلىك تىركىشەلەيمىز ، بۇنىسى قاراڭغۇ . شېڭ شىسەيدىن قالغان بۇ ئەبجىقى چىققان تەنزە بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ .

— شېڭ شىسەينىڭ خەلققە تولىمۇ ئېغىر زۇلۇم سالغانلىقى راست . زۇلۇم بولىدىكەن ، ئۆچمەنلىك بولىدۇ . بۇ ئۆچمەنلىك ھازىر بىز خەنزۇلارغا مەركەزلىشىۋاتىدۇ . غۇلجىدىكى باندىتلار «تۇققۇز ماددىلىق خىتابنامە» دېگەن بىرنېمىنى ئېلان قىلدى . ئۇنىڭدا دۈشمىنىمىز خىتاي ، خىتاي باسمىچىلىرىنى يوقىتىپ ،

شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق ئازاد قىلمىغۇچە كۈرەشنى توختاتمايمىز ! دېيىلگەن .

— بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ . ياك ، جىن ، شېڭلار بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ نادانلىقىنى ، دىنىي خۇراپاتقا بېرىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ ھامان ئويغىنىدىغانلىقىغا سەل قارىغان . بولۇپمۇ شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېقىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلاردا بۇ يەردىكى نادان مىللەتلەرنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا ئىمكان بەردى . قۇرئان ، مەسچىت بىلەنلا بولۇپ كەتكەن خەلق ئۆزىگە ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولالايدىغانلىقىنى كۆردى . ئۇلاردىمۇ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ، دۆلەت بولۇش ، باشقا مىللەتنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئىستىكى پەيدا بولدى . ئەڭ خەتەرلىكى مانا مۇشۇ !

چۈشكىچىگىدىن كەلگەن پاكار ، سېمىز ، پېشانىسى تار ، ھەربىي كىيىم كىيگەن ئادەم جۇشاۋلياڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى :

— خوش ، سىلەرنىڭ پىلانىڭلار قانداق ؟

— بىز بەش يولغا بۆلۈنۈپ غۇلجىغا يۈرۈش قىلىپ ، باندىتلارنى ئۇزۇل - كېسىل تازىلاش پىلانىنى تۈزگەن . قوزغىلاڭچى باندىتلار 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ ئىككى - ئۈچ كۈندىلا شەھەرنى ئىگىلىۋالدى . بىز 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا جىددىي ھەربىي يىغىن ئاچتۇق . غۇلجا توپىلىڭىنى باستۇرۇشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى بېكىتتۇق . بەش يولغا بۆلۈنۈپ غۇلجىغا ئەسكەر ئەۋەتىشنى قارار قىلدۇق . غۇلجىدىكى ئۈچ جايغا مۆكۈنۈۋالغان ئىككى مىڭغا يېقىن خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان قىسىم بىلەن ماسلىشىپ ، باندىتلارنى بىردەمدىلا يوقىتىۋېتىشكە بولاتتى . ئۈشتۈمتۇت قېلىن قار ياغدى . بەش يولنىڭ ئۈچى توسۇلدى . پەقەت شىخو - جىڭ تاشيولى بىلەن ، تاشيولنىڭ جەنۇبىدىكى مانا مۇنۇ ئاچال ئېغىزىلا قالدى . تۇنۇگۈن ياخشى قوراللانغان تۆت پولك ئەسكەر ماشىنا ۋە ئاتلىق يولغا چىقىپ مانا مۇشۇ تۇرقىدا شىخو ئەتراپىغا يېتىپ باردى . يەنە بەش كۈندىن

كېيىن بىز غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلايمىز !
— 1945 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى ئېيىنى غەلىبە بىلەن كۈتۈۋالىمىز !
— جياڭ ۋېييۈەنجاڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزسەكمۇ بولىدۇ !
— ئالدىرىمايلى ! — دەپ قولىنى كۆتۈردى ئۆلكە رەئىسى ۋۇجۇڭشىن ، ئۇ بۈگۈن ياۋروپاچە كىيىنىپ ، كاستۇم ـ بۇرۇلكا ، گالستۇكلىرى بىلەن خېلىلا سىن تېپىپ قالغانىدى ، — ستالىن تولىمۇ هوشيار . ئۇ هازىر بېرلىنغا تىكىلگەن بىلەن ئۇنىڭ بىر كۆزى شەرقتە . ئۇ ياپونلار بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى… تۈزگەن بىلەن ، سىبىرىيىدە يېتەرلىك ئەسكەر ساقلاۋاتىدۇ . بۇ ئەسكەرلىرى 1941 ـ يىلى 12 ـ ئاي ۋە 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايلاردا موسكۋانى قوغداش جېڭىگە ئوغرىلىقچە يېرىپ قاتنىشىپ ، گېرمانلار چېكىنگەندىن كېيىن يەنە سىبىرىيىگە قايتىپ كەلدى .
ۋۇجۇڭشىن هەممە ئادەم بىلىدىغان گەپلەرنىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ ، ئۆز بىلىمىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئادەتلەنگەن كونا «تالىپ»لاردىن بولغاچقا ، گەپنى ئۇزاقتىن ئايلاندۇرۇپ كېلىپ ، ئاساسىي مەسىلىگە ئالدىرىماي قايتتى :
— دېمەكچىمەن ، ستالىن سىبىرىيىدىكى بىرنەچچە يۈز مىڭ ئەسكىرىنى مىدىرلاتمىدى . بۇ ئەسكەرلەر ياپونلارنىڭ تەۋەككۇلچىلىكى بىلەن جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت غۇرۇرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ساقلىنىۋاتىدۇ .
— ئۇلار هەرقاچان ئەسكەر كىرگۈزىدۇ ، دېمەكچىمۇ سىز ؟
— چۇشىنىشلىك ، — دېدى ۋەكىل بېشىنى لىڭشىتىپ ، — لېكىن ، ئامېرىكا بۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ !
— پارتىزان قىلىپ كىرگۈزۈۋېرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە روزۋېلت بىزنىڭ جياڭ ۋېييۈەنجاڭغىمۇ هازىر ئۇنچىلىك قىزغىن ئەمەس . جياڭ ۋېييۈەنجاڭ روزۋېلتقا… شىنجاڭدىكى توپىلاڭ پەقەت دېڭىز ئاستىدىكى بۈيۈك تاغنىڭ سۇ ئۈستىدىكى قىسمىدىنلا ئىبارەت ، دېۋىدى ، روزۋېلت ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالدى . ستالىن

غۇلجا ، ئالتاي ، چۆچەكلەرنىمۇ بىر رېسپۇبلىكا ياكى بىر دۆلەت قىلىپ ئېلان قىلىشقا ۋەتەن بىز ۋالاقشىپ قىلىشۋېرىمىز . ھەي...
1944 ـ يىلىنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى ئايلىرى سوۋېتنىڭ بىزگە بولغان بېسىمى راسا كۈچەيگەن چاغلار . غۇلجا توپىلىڭىنى رۇسلار چوقۇم قوللايدۇ . بىزنىڭ ياردەمچى قىسىملىرىمىز تاغلاردىن ئۆتەلمەيدۇ . روزۋېلىت بۇ يەرگە ھېچقاچان ئەسكەر كىرگۈزەلمەيدۇ ، ناۋادا تەلىيىمىز كېلىپ بىزنى قوللىغان تەقدىردىمۇ !

— رەئىس ئەپەندىمنىڭ تەھلىلى كەڭ ، چوڭقۇر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ! — دېدى ۋەكىل قايىل بولۇپ ، — قايىلمەن ، قايىلمەن !

— مەن ھامان ئىشنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى تەشەببۇس قىلىمەن ! — دېدى جۇشاۋلياڭ نارازى بولۇپ ، — ئىشەنچىم كامىل ، بىز باندىتلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلىيالايمىز !

— شۇنداق بولغاي ، شۇنداق بولغاي !

ۋەكىل كەلگۈسىگە ئۈنچىلىك قىزىقمىدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، كۆكۈلمەيداندىن قۇملۇقى كۆپ ، تۆت چوڭ تاغ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرغان بۇ زېمىن ئۇچۇن بۇنچە كۆپ بەدەل تۆلەش ئەرزىمەيدىغان بىر ئىش . ئۇ شۇڭا كەلگۈسىگە قىزىقمايدۇ . مۇنۇ زىياپەتتە قويۇلغان كەكلىك ، ئۇلار گۆشلىرى ، قورۇتۇلغان مېۋىلەر ، بادام ، ياڭاق مېغىزلىرى تولىمۇ لەززەتلىك . ئۇ بۇ يەردىن ياخشىراق سوۋغا ـ سالام ، يوللۇقلار بىلەن قايتسىلا ، قايتىپ بېرىپ ئۆز باشلىقىغا ئوبدان گەپ ياساپ دوكلات قىلسىلا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تۈگىگەن بولىدۇ . ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى بولىدۇ ـ دە ! مۇنۇ جۇسىلىڭ ، ۋۇ رەئىسلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىسيانىنى باستۇرۇش ، شىنجاڭنى تارتتۇرۇپ قويماسلىق ، لېكىن ۋەكىلنىڭ مەقسىتى ۋەزىپىسى بىلەن تازا بىرلەشكەن ، ئۇ شىنجاڭ قولدىن كەتمەيدىكەن ، دېگەن خەۋەرنى پاكىتلىرى بىلەن ئېلىپ بارالىسىلا بولدى . باشقا ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ ئىشى يوق !

— قورالمۇ مۇھىم ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭمۇ شىنجاڭغا كۆڭۈل

بولىدۇ . لېكىن ، يەنىلا دىپلوماتىيىنىڭ رولى چوڭ . مەن نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم . ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلدىم . بۇ مىللەت ئاساسەن دېھقان بولغاچقا رەھىمدىل خەلق . چىڭگىزخان دەۋرىدىكى موڭغۇللار ئۇۋچى قەبىلە ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئۆلتۈرۈشتىن لەززەت تاپىدىغان خەلق بولۇپ چىقتى . دېھقان دېگەن ئاسراشنى كەسىپ قىلغان . زىرائەت ، ئورمان ، چارۋا ، ئۆي بىسات ھەممىسىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ قوغداش ئۇنىڭ بۇرچى . شۇڭا ، ئۇلار رەھىمدىل ، مېھىر - شەپقەتتىن لەززەتلىنىدىغان خەلق . مانا بۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەم ئاجىزلىقى . ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە مېھىر - شەپقەت پۇرىقىنى تېخىمۇ قاتتىق سىڭدۈرگەن . ئۇلار : ئۆزۈم ئاچ قالساممۇ قوشنام توق يېسۇن ، قانچە زىيان تارتساممۇ بىراۋغا زىيان سالماي ، دېگەندەك ئەقىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ . سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىلاشمىسىلا ئۇلارنى ياخشى گەپ بىلەن ئىندەككە كەلتۈرمەك ئاسان . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى غۇلجىدىكى ، مەيلى ئالتايدىكى باندىتلارنىڭ بولسۇن كاتتىۋاشلىرىنىڭ چوڭلىرى دىندارلار ، ئۇلار سوۋېتقا ئۆچ ، كومپارتىيىگىمۇ ئۆچ . خەتەرلىكى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كومپارتىيىگە مايىللىرى . سوۋېت كومپارتىيىسى بولسۇن ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بولسۇن ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ياش ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئۇچۇن گويا نىجات يۇلتۇزى . خەتەرلىكى مانا شۇلار .

— رەئىسنىڭ تەھلىلى تولىمۇ توغرا !

— ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان باندىتلار ھەربىي ئىلىمدىن بىخەۋەر . ئۇلار قاراملىق قىلىدۇ ، ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ . ئەمما ، ھەربىي تاكتىكا ، ئىستراتېگىيىدە قارىغۇ . ئۇلارنى قىلتاققا چۈشۈرمەك بىلىقنى قارماققا ئىلىندۇرمەكتىنمۇ ئاسان . يەمچۈكنى كۆرسىلا ئۆزىنى ئاتىدۇ . بۇ ئاجىزلىقنى بىلەن بايا رەئىس ئېيتقان مەنىۋى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ . گەپ بىزنىڭ يەمچۈكلىرىمىزنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىدە !

ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ، گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسەتچىلىرى ، شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسىلىسىدە نامى بار تەتقىقاتچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ بۇ زىياپەت زالىغا توپلىنىپ ، بىر چەتتىن يەپ - ئىچىپ ، بىر چەتتىن گەپ سېتىپ ئولتۇرۇشۇۋاتقان مۇشۇ قاراڭغۇ قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان كېچىسىدە ، غۇلجا ھەرەمباغ بازىسىدا نە يىگۇدەك ، نە قالىغۇدەك ھېچنېمە بولمىغانلىقتىن ، ئاچلىق ، توڭلاش ۋە ۋەھىمە ئازابىدىن ۋىلايەتلىك پىرقىنىڭ مەسئۇل كاتىپى ئۆز ئايالى ، ئىككى بالىسى بىلەن بىر - بىرىنى ئېتىپ كوللېكتىپ ئۆلۈۋالدى . ساۋ رۇلىڭ كاتىپنىڭ جەسىتىگە ئىككى پاي ئوق ئېتىپ ، ئۇنى «خائىن !» دەپ تىللىدى ۋە ۋارقىراپ :

— 1867 - يىلى توپىلاڭچىلار بايانداينى مۇشۇنداق قورشىۋالغاندا ، بىرمۇ مانجۇ ئەسكىرى تەسلىم بولمىغان . كۆرە قولدىن كەتكەندە ، مانجۇلار باندىتلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەيمىز دەپ بىرلىشىپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان . ئاڭلىدىڭلارمۇ ، كۆرەنى باندىتلار ئىگىلىگەندە ئۆلۈۋالغان . بۇ يەرنى باندىتلار ھەرگىزمۇ ئالالمايدۇ . ئايرودروم تېخى بىزنىڭ قولىمىزدا ، بىزنىڭ ياردەمچى قىسىملىرىمىز ئەتىلا يېتىپ كېلىدۇ . كۆپچىلىك ئۆلۈۋېلىشقا ئالدىرىماي ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراڭلار . لېكىن ، بىزگە قوشۇلۇپ باندىتلارغا ئوق ياغدۇرۇۋاتقان چەنتۇلارغا قول سالماڭلار ! — دېدى . ئاكوپلاردا ئۆمىلەپ يۈرۈپ پىلموت ئېتىۋاتقان ئۇيغۇر يىگىتلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ روھلىنىپ ، پىلموتلىرىدىن قورغان سىرتىدىكى ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، تاتار ، ئۆزبېك ، رۇس ، شىبە ، موڭغۇللارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى . سىرتتىن : «ھۇررا !» دېگەن سادا ئاڭلانسا ، ئۇلار : «ئورۇسچە گەپقۇ بۇ !» دېيىشىپ ، ھەتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرگە ئۇيغۇر تىلىدا ۋارقىراپ :

— سەنلەر ئورۇسنىڭ ئىتى ! — دېگەن چاغلىرىمۇ بولدى .

گومىنداڭ ئارمىيىسىدە يۈرۈپ گومىنداڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا راستتىنلا ئىشەنگەن بۇ بىرنەچچە ئۇيغۇر ئەسكەر ساۋ رۇلىڭغا ئۆز يېقىنلىرىدىنمۇ يېقىن تۇيۇلاتتى.

... كېچە، سوغۇق ئەۋجىگە چىققان، يوتقان - كۆرپە، كىگىز - پالازلارغا ئورىلىۋالغان ئادەملەر بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلىشىپ، پۇتلىرىنى ئاستىلىرىغا تىقىشىپ سوغۇققا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. يىغا - زار، ھېلىدىن - ھېلىغا ئۆلۈۋاتقان قېرىلار بىلەن نارەسىدىلەر بۆيرۈك بىلەن ئاكوپنىڭ سىرتىغا — قەھرىتان دالاغا تاشلىناتتى، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى دەرھال ساق قالغانلار سالدۇرۇۋېلىشاتتى. ئادەملەردە بىر - بىرىگە كۆيۈنىدىغان مېھرىبانلىقتىن قىلچە ئەسەر قالمىغانىدى. مانا لى تۇەنجاڭنىڭ خوتۇنى ساراڭ بولۇپ قېلىۋىدى، ئۇنىڭ غەلۋىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ساۋ سەنمۇجاڭ ئۇنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇنى تۇرپاندىن كەلگەن ئۇيغۇر ئەسكەر ئېتىۋەتتى. لى تۇەنجاڭ دەرھال تاپانچىسىنى چىقىرىۋىدى، ساۋ سەنمۇجاڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئەڭ يېقىن دوستىنىڭ قولىنى قايرىپ تاپانچىسىنى تارتىۋالدى.

— بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغان ئەسكەر ئەڭ ياخشى ئەسكەر، — دېدى ساۋ يېقىن دوستىنى جونۇپ، — چەنتۇ مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئىجرا قىلدى.

— مەن ئاق بايراق چىقىرىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى لى تۇەنجاڭ، — ماڭا ھايات كېرەك، ماڭا تاماق، ئىسسىقلىق، سۇ كېرەك!

ئۇ كۆڭلىكىنى يىرتىپ بايراق قىلىپ تالاغا ئۆمىلىشىگە ساۋ ئۇنى «گۇم!» قىلىپ ئېتىۋەتتى:

— ساڭا ھايات كېرەك بولسا ماڭا مۇشۇ زېمىن كېرەك!

گومىنداڭ «ئۈچ بۈيۈك مەسلىكى»نىڭ كۈچى، 40 - يىللارنىڭ بېشىدىكى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى تەشۋىقاتى» نىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن «ئەڭ چەت چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش»قا قەسەم بېرىپ بۇ يەرگە كەلگەن

بىر جۈپ دوست ، ئالىي مەكتەپتىمۇ بىر - بىرىگە مەڭگۈلۈك دوست بولۇشقا قەسەم بېرىشكەن «غايىلىك» ئايرىلماس دوستلار مانا شۇنداق ۋىدالاشتى . لى تۇەنجاڭ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى . ئۇنىڭ قولىدىكى ئاق بايراق كۆكرىكىگە تېڭىلغان پېتى قانغا مىلەندى . ساۋ ئۇنى يۆگۈرۈپ بېرىپ يۆلىدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە قويۇپ :

— بۇ يەردە ئۆلۈمدىن باشقا ھېچنېمە يوق ! — دەپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى…

قارا ماشىنا قار - مۇز بىلەن تولغان غۇلجا - ئۈرۈمچى تاشيولىدا ئىرغاڭلاپ - سىلكىنىپ ئاستا كېلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستى برېزېنت بىلەن چۈمكەلگەن . كوزۇپتا تۆت قاتار بولۇپ قىشلىق ھەربىيچە كىيىنگەن ياش ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى تىزلىرىغا قىسىپ لىق ئولتۇرۇشقان . قىبلىدىن ۋىژىلداپ ئاچچىق شامال ئۇرماقتا . كابىنكىدىكى ئاپتومات تۇتقان ئىككى يىگىت ئەسنەپ ئولتۇرۇپ ، چەكسىز كەتكەن قارلىق دالاغا قاراپ بىرى يەنە بىرىگە :

— بىزنىڭ گۈيجۇدا بۇنداق مەنزىرە كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ ، چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ ! — دېسە ، يەنە بىرى :

— بىزنىڭ جېجياڭدا دېڭىز مانا مۇشۇنداق چەكسىز كۆرۈنىدۇ ، — دېدى .

— شائىر دوستۇم ، لى بەي[1] ئاتىمىز بالىلىق چېغىدا باسقان يوللارغۇ ، ھە ؟

— سوقۇش يوق ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى يوق سەپەر كۆڭۈللۈك . تۆگە مىنىپ جاھاننى كۆرۈپ ماڭسەن . بىزگە خىيالدىن باشقا نەرسە ھەمراھ ئەمەس ، تولىمۇ زېرىكىشلىك !

— تولىمۇ قورقۇنچلۇق ، ئۆيۈمدىن بەش مىڭ كىلومېتىر

---

① لى بەي — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر . مىلادىيە 701 - يىلى ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ يېنىدا تۇغۇلغان . 705 - يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە سىچۈەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان .

يىراقتا ئۆلۈكۈم قالسا !...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە قار ـ مۇز ئاستىدا دېگىنە . بىزنى كىم گۇۋەنسەيگە سالىدۇ دەيسەن... ۋەتەن دېگەن ئۇقۇمنى كىم ئىجاد قىلغان بولغىيدى ـ ھە ؟ ۋەتەننى قوغدىماق تولىمۇ تەسكەن !

— بەي جويى «ۋىدالىق» دېگەن شېئىرىدا ، شىزاڭ ـ چىڭخەي ئېگىزلىكىگە جەڭ قىلىپ بارغان بىزدەك ياشلارغا ئىچ ئاغرىتىپ تاڭ ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلىگەن . بىز ھازىر ئۇ ئېگىزلىكتىن ئىككى مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا جەڭ قىلغىلى كېتىۋاتىمىز !

— ۋەتەن چېگراسى بىزگە موھتاج !

— ۋەتەن دېگەن باللىرىنى ئاسرايدىغان . ۋەتەن دەپ بىزنىڭ قانچىلىك ياشلىرىمىز جان بەردى . كۆنىگە قانچە يىگىت جان بېرىۋاتىدۇ ـ ھە ؟

— بۇ بىزگە شان ـ شەرەپ !

— لېكىن ، بۇ شەرەپ بىزگە تولىمۇ قىممەتكە توختايدىغان بولدى . ئاتا ـ ئانىدىن ، دوستلاردىن ، غايىدىن ، ئاخىرىدا جاندىن ئايرىلىدىغان ئوخشايمىز .

— ئۇلۇغ ۋەتەننى قوغداش مەسئۇلىيىتى ماڭا ئوخشاش ئىشچىنىڭ بالىسى بىلەن ساڭا ئوخشاش يېزا مۇئەللىمىنىڭ بالىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپتۇ . شان ـ شەرەپ قاچىلانغان بۇ ماشىنىلار نېمانچە ئاستا ماڭىدۇ . قورساق ئېچىپ بېشىم قايغىلى تۇردى !

— يول ئىنتايىن يامان ! — دېدى شوپۇر ، بىز يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتىمىز . مانا سايرام كۆلىگە كەلدۇق . پاھ ، نېمانچە خەتەرلىك يول بۇ !

سىگنال چېلىندى . پۈتۈن ئەسكەرلەر — قىرىق ماشىنا ئەسكەر ئالدىرىشىپ يەرگە چۈشتى . ماشىنىلار چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈشتى .

— ئالدىمىزدا باندىتلار باركەن ! — دېدى بايىقى ئەسكەرلەرنىڭ لېيەنجاڭى دۈڭگە چىقىپ ۋارقىراپ ، — ماشىنىلار

قوروق ماڭىدۇ. بىز پىيادە ماڭىمىز!

سايرام كۆلىنىڭ ئەتراپى بەلگە كەلگۇدەك قار بىلەن تىنغان. يول باشلىغۇچى قىسىم بىردە قار كۇرەپ، بىردە تاشلارنى يۆتكەپ قارىغايلىق تاغقا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. پىيادىلەر مىلتىقلىرىنى مۇرىلىرىگە سىلىپ، تۆتتىن تىزىلىپ قاتارلىشىپ ئۇن ـ تىنسىز ماڭماقتا. بۇنداق قىلىن قارنى كۆرمىگەن جەنۇبىي جۇڭگولۇق يىگىتلەر يىقىلىپ، بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ تەستە ئىلگىرىلىمەكتە. مانا كۆز ئاچقۇسىز شىۋىرغان باشلاندى. قولاقچىلىرىنىڭ سالپىلىرىنى ئېڭەكلىرى ئاستىدىن باغلاشقان، كۆزىلا ئوچۇق قالغان ياشلارنىڭ ئاياغلىرىدىكى پاختىلىق خەيلىرى قارغا تولدى، پاختىلىق ئىشتانلىرىنىڭ پۇشقاقلىرى ھېچنېمىگە دال بولالمىدى، مانا پۇتلار چىمىلداپ، كۆيگەندەك مۇزلىماقتا. داۋانغا پىيادە ياماشماق تولىمۇ تەسكەن، بىردە ئۆمىلەشكە، بىردە يىقىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. بايىقى ئاپتوماتلىق بىر جۇپ يىگىت بىللە كېتىۋېتىپ بىردە يولنى، بىردە قارنى تىللاپ، مانا ئەمدى ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭغان كالۋا باشلىقلىرىنى تىللاشقا باشلىدى:

— قىشتا ھۇجۇم قىلغۇچە يازدا، ھېچبولمىسا باھاردا ھۇجۇم قىلسا بولمامدۇ. قامالدا قالغانلارنى بىز قانداق قۇتقۇزغۇدەكمىز بۇ ھالىمىز بىلەن!

— ناۋادا مۇنۇ ساينىڭ ئىككى قاپتىلىغا باندىتلار ئورۇنلىشىۋالغان بولسا بىز تۈگىدۇق!

— باشلىقلارنىڭ دېيىشىچە، جۇدۇندا تاغ ئۈستىدە باندىتلار تۇرالمىغۇدەك!

— ئىسيان كۆتۈرگەن باندىتلار يەر تاللامدۇ؟

كېچە، قاتتىق سوغۇق، تىك داۋان، قارلىق يول ئەسكەرلەرنى ھالىدىن كەتكۈزدى. ماشىنىلارنى دالدا قىلىپ ئاستا كېتىۋاتقان ئۈزۈن كارۋان نالە ـ پەرياد، ۋار ـ جۇر تىللاشلار بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئاخىر داۋاندىن تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. تىك يولدىن چۈشكۈچە بەش ماشىنا ئۆرۈلدى. ئەسكەرلەر بىردە يۈگۈرۈپ،

بىردە سىيرىلىپ دومىلاپ ساي تاپىنىغا قاراپ تېز ئىلگىرىلىدى. ئاخىر ئۇلارغا توختاشقا — سايدىكى تاغ سۇيىدىن ئىچىپ مۇرىلىرىدىكى قاتتىق جىگمۇما، پىششىق گۇرۇچلىرىدىن يەپ ماغدۇر يىغىۋېلىپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بېرىلدى.

— نېمىشقا ماشىنا بىلەن ماڭمايمىز؟

— ماشىنىلار مىنادا پارتلىسا ئەللىك ئەسكەر تۆگىگۇدەك، پىيادىلەر بىر - بىردىن ئۆلسە زىيان چوڭ بولمىغۇدەك!

سايىنىڭ تاپىنى ئەسكەرلەر بىلەن تولدى. ئاخىرقى ئەسكەرلەر چۈشۈپ بولدى.

تۇيۇقسىزلا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىناميوت ئوقى چۈشتى. ئارقىدىنلا پىلىموتلار تاتاتلاپ، گراناتلار گۇمبۇرلەپ، ۋاز - جۇر، داد - پەرياد ئەرشكە يەتتى. نەدىنىدۇر «ھۇررا!» ئاۋازى گۈرۈلدەپ كېلەتتى. پىلىموت، گرانات، مىلتىق ئوقلىرى ساي تاپىنىغا قىيامەت ئېلىپ كەلدى. تاشلارنىڭ دالدىسى، ماشىنىلارنىڭ ئاستى ئەسكەرلەر بىلەن، يوللار جەسەتلەر بىلەن تولدى، سىگنال چېلىنىپ چېكىنىشكە كوماندا بېرىلدى. داۋانغا نە ماشىنىلار، نە پىيادىلەر يامىشىپ چىقالمىدى. بارى - يوقى بىرلا يول، ئاشۇ بىرلا داۋان بار ئىدى. ھېلىقى ئىككى دوست سايغا بىللە يوگۈرۈۋىدى، سايدىكى سۇنىڭ مۇزى تېشىلىپ ئىككىسى تەڭلا سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى سۇ ئاز، مۇز ئاستى ياخشى پاناھ جاي ئىكەن. ئۇلار چۈشەندى: شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قەلبىدە ۋەتەن قالمىغان، بىرلا جان قالغان. جان ساقلاش ۋەتەننى قوغداشتىنمۇ مۇھىم، جان بولسىلا سۆيۈملۈك ۋەتىنىڭ بولىدۇ، جېنى يوقنىڭ ۋەتىنىمۇ، ۋەزىپىسىمۇ بولمايدۇ - دە! ئۇلار مۇز ئاستى بىلەن سۇ كېچىپ ئۆمىلەپ سۇنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈۋالدى:

— بۇ يەرگە بومبا چۈشەرمۇ؟

— بومبا دېگەننىڭ كۆزى يوق!

— ۋەتەننى قوغدىماق تولىمۇ تەسكەن!

— جاننى قوغدىماق ئۈنىڭدىنمۇ تەسكەن . نېمىگە يىغلايسەن ؟
— مەن شاۋگاۋغا تېخى خەت يازمىغان !
— توي قىلىدىغان قىزنىڭمىدى ؟
— ھە ، توي قىلىشقا كېلىشىپ قويغانىدۇق ، ئىسىت ، ئىسىت !
— ئىككى ياقتىن مائاش بېرىدۇ ، بىر يىلدىن كېيىن يەنە يېرىم يىللىق مائاشنى قوشۇپ بېرىدۇ دېسە ، دادام ماڭ دېسە ماڭ دەپ مېنى ھەيدەپ !...
— مەنمۇ نامراتلىققا چىدىماي بۇ يەرگە كەلگەن !
— ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق !
— بۇ يەردە بىرمۇ باينىڭ بالىسى يوق !
— باندىتلارغا ، بىزمۇ كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى ، بىز سوۋېت ئىستىتىپاقىدەك كەمبەغەللەر دۆلىتىنى خالايمىز ، دېسەك بىزنى ئاتماسمىدىكىن !...
— بىر ئامال قىلىپ شۇلارغا ئۆتۈپ كېتەيلى !
— سۇ بىلەن ئېقىپمۇ ، توڭلاپ قالمايمىزمۇ ؟
— مىدىرلاۋەرسەك ئۆلمەيمىز . مۇز ئاستىدىن چىقساقلا ئۆلىمىز . ئاڭلا ، پاھ ، نېمانچە ئېتىلغان پىلىموت ، مىلتىق ، زەمبىرەك بۇ !
— باندىتلارمۇ كەمبەغەللەر ، كەمبەغەل بولمىسا زۇلۇم تارتاتتىمۇ ؟
— كەمبەغەللەر كەمبەغەللەرنى ئۆلتۈرۈپ - قىرىپ بايلارنىڭ پايدىسىغا جېنىنى سېلىپ بېرىۋېتىپتۇ - دە ؟
— يەنئەنگە قاچاي دېگەن ، قاچالمىدىم . مانا ئەمدى مۇشۇ باندىتلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ بارىمەن . مەن جەزمەن ئالدىمغا ماڭىمەن . غەربكە مېڭىۋېرىمەن ، شەرققە قايرىلمايمەن !
— مەن سەندىن ئايرىلمايمەن !
ئۇلار ئۈمىلەپ ، سۇغا مىلىنىپ ساي سۈيى بىلەن تۆۋەنگە مېڭىۋەردى . ماڭغانسېرى ئوق ئاۋازى يىراقلاشتى . ئاخىر ئۇلار

مۆز تېگىدىن بېشىنى چىقاردى .
— كۆتۈر قولۇڭنى !
ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈردى . ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىككى ياش يىگىت ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى . ئۇلار چىلىق - چىلىق سۇ ئىچىدە ئىدى ، مانا ئەمدى تاراق - تۇرۇق ، غاچۇر - غۇچۇر مۇز ئىچىدە غال - غال تىترەشمەكتە .
— توڭلاپ ئۆلمىسۇن بۇ بىچارىلەر ! — دېدى بىر چىرايلىق يىگىت كۈلۈپ ، — شتابقا ئەكىرىپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قۇرۇق كىيىم كىيدۈرەيلى !
ئىككى نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرى ئامان قالدى . بىرى يەنە بىرىگە :
— باندىت دېگەن مېھرىبان بولىدىكەنغۇ ، — دېۋىدى ، يەنە بىرى :
— بىز ھەقىقىي باندىتنىڭ قولىدىن قۇتۇلغان ئوخشايمىز !— دېدى .
ئۇلار قۇتۇلدى . قالغان ئەسكەرلەر نېمە بولدىكىن ؟...

## 38

نۇرى ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ باغ قورۇسىدىن خاپا بولۇپ قايتىپ چىقتى . «جەڭ قىلىۋاتقانمۇ ، ئۆلۈۋاتقانمۇ كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى ، ھوقۇق تۇتقانلار ساپلا بايلار ، ئاخۇنلار . ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغىلى مانا 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن ھېسابلىساق ، مانا 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە ئوتتۇز بەش كۈن بولدى . مەن ھەر كۈنى جەڭگە قاتنىشىۋاتىمەن . سەپداشلىرىمدىن ئون ئىككىسى قۇربان بولدى ، ھەممىسى گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ، نىلقىلىق چارۋىچى ، دېھقان باللىرى . مەن ئۇلار بىلەن قانچە قېتىم مۇڭداشقان ، بىللە ناخشا ئېيتىشقان ، گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدا پىكىرلىشىپ بىللە خۇشال

بولۇشقانىدۇق . ئۇلارغا كەلگۈسىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى . ماڭىمۇ نېسىپ بولماسلىقى مۇمكىن . بىز جەڭ قىلىمىز ، كەلگۈسى بايلارنىڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ . ئەنۋەر مۇسابايوف بولسۇن ، رەخىمجان سابىر ھاجىيوف بولسۇن ، بىر پاي ئوق ئاتمىدى ، پۇل - مال بەردى ، تەشۋىق قىلدى ، بۈگۈن ھۆكۈمەت ئەزاسى ، غېنىكام جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ، ئەڭ خەتەرلىك چاغلاردا خۇددى ژۇكوفتەك ئالدىنقى سەپتە بولدى . لېكىن ، كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگمىدى . پاتىخ ئاكىنىڭ رەنجىشكە ھەققى بار... »

تۈنۈگۈن ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا پاتىخ ئىسھاقبېككە ھال ئېيتقان . ئىسھاقبېك 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر باتالىيون خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ، ھەربىي تەربىيە كۆرگەن ئەسكىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلمىغان بولسا ، پارتىزانلار بۇنچە كۈچىيىپ كەتمىگەن بولاتتى . پاتىخ تۆت يىل پارتىزانلىق قىلىپ بىر مىڭ ئالتە يۈزدىن كۆپ پىدائىينى توپلاپ غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىمىغان بولسا ، گومىنداڭ بۈگۈنكىدەك ئۈچ ئورۇنغا قامىلىپ قالمىغان بولاتتى... لېكىن ، بىزگە تۈزۈك ئورۇن تەگمىدى... پاتىخنىڭ گېپىنىڭ ئورامى شۇ . بۇ گەپ ئىسھاقبېككە ياقتىمۇ يوق ، لېكىن نۇرىغا ياققان . نۇرى ئۇ يىغىنىغا غېنى باتۇرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قاتناشقانىدى . ئىسھاقبېك يىغىنىدا ئىككى ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ ئىككى ئېھتىماللىقنىڭ بىرى ، قامالدىكى دۈشمەن تەۋەككۇل قىلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى ، يەنە بىرى ، ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇش ئۈچۈن قورشاۋنى بۆسۈشكە ھەرىكەت قىلىش ئېھتىمالى . بۇ ئىككى ئېھتىمالغا قارشى بىرىنچىدىن ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشنى كۈچەيتىش ، ئىككىنچىدىن قورشاۋنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە كۈچلۈك مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى تەييارلاش زۆرۈر . بىز ھازىر ھۇجۇم بىلەن بولۇپ مۇداپىئە تەييارلىقىغا سەل قاراۋاتىمىز . ھەرقانداق بىر ھۇجۇم كۈچلۈك

مۇداپىئە تەييارلىقى بولغاندا غەلىبىلىك بولىدۇ… دېدى. ئىسھاقبېكنىڭ بۇ ھەربىي ئىلىمگە ئۇيغۇن، ماھىر قوماندانلىق ماھارىتىنىڭ ئىپادىسى بولغان پىكىرلىرىگە ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن زۇنۇن تېيىپ ناھايىتى قايىل بولۇپ ماختاپ سۆزلەشتى. ھۆكۈمەت رەئىسى ئېلىخان تۆرە بولسا:

— بىز قۇرئان كەرىمنى قولدا چىڭ تۇتۇپ، ئىسلام بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرسەكلا، ھەرقانداق ھىيلىگەر دۈشمەننىڭ ھىيلىسىمۇ بىزنى ئازدۇرالمايدۇ. بىزنىڭ ھازىرغىچە ئېرىشكەن نۇسرەت، شانۇ شەرەپلىرىمىز ئاللاتائالا ھېكمىتىنىڭ قۇدرىتىگە مەنسۇپ. دۈشمەن چىقالمايدۇ، قاچالمايدۇ، ئۇلارنىڭ گۆرى مۇشۇ ھەرەمباغ، لياڭشاڭ، ئايرودروم! — دېدى ـ دە، ئىسھاقبېكنىڭ پىكرىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلمىدى.

نۇرى ئاخشام ئەنۋەر مۇسابايوفلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، شۇ يەردە قونۇپ قېلىپ، ئۇ يەردە ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئەنۋەر مۇسابايوف بىلەن مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا گەپ تالىشىپ قالدى.

— مۇداپىئە تەدبىرلىرىمىز ئەمەلىيلەشمىسە، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچلىك بولمايدۇ، بۇ بىر ھەربىي ئىلىم، — دېدى نۇرى.

— سوۋېت يېرىنى شۇنداقلا دەسسەپ كەلگەنلەر ھە دېسىلا ئۇ ئىش قاملاشمىدى، بۇ ئىش ئەپلەشمىدى دەپ بىلەرمەنلىك قىلىدىكەن. بىزنىڭ نىشانىمىز خىتاي باسمىچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ياكى قىرىپ يوقىتىش. ئاباسوف بىلەن ئىسھاقبېك بىزنىڭ مەقسىتىمىز گومىنداڭنى يوقىتىش ـ ئاغدۇرۇش، خەنزۇ پۇقرالاردا گۇناھ يوق، دېيىشمەكتە. ۋەھالەنكى خىتايلار ئۇنداق دېمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىز خەقنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئىدى. بىزمۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىشىمىز كېرەك!

— ھاكىمىيەت باشقا، مىللەت باشقا ئۇقۇم! — دېدى نۇرى ئاخىر.

— غېنى ئاكىڭىز مۇشۇنداق قارامدۇ؟

— مەن ئۆزۈمگە ۋەكىللىك قىلالايمەن . ئىسھاقبېك ، ئابباسوفلارنىڭ پىكىرلىرى ماڭا ياقىدۇ .

— تۆرەمنىڭ پىكرىچۇ ؟

ئەنۋەر مۇسابايوف نۇرىغا سىنچىلاپ قارىدى . نۇرى جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن :

— شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچتى . ئۇ بىر بوۋاق . ھەممە ئادەمنىڭ بۇ بوۋاقنىڭ كۈلكىسىنى كۆرگۈسى كېلىدۇ . ئايرىم ئادەملەر ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ يىغلاتماقچى ! — دېۋىدى ، نۇرى :

— ياق ، ياق . ئۇلارنىڭمۇ ، مېنىڭمۇ نىيىتىمىز ياخشى . قىش چىققۇچە پۈتۈن شىنجاڭدىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قوغلاپ چىقىرىش ، — دېدى .

— توغرا ، خىتايلارنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىپ ، شىنجاڭنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش . شىنجاڭ دېگەن نامنى ئىسىم قويغۇچىلار بىلەن بىللە گۆرىگە تىقىۋېتىش كېرەك !

نۇرى گەپ قىلمىدى ، ئەمما خاپا چىقتى . ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەردە پىكىر ئىختىلاپلىرى پەيدا بولماقتا . ئۇ ئەمدىلا تاشقىرىقى قورۇدىن ئېتىنى يېتىلەپ چىقىپ مىنەي دەپ تۇرۇشىغا :

— نۇرمەھەممەت ! — دەپ بىر تونۇش ئاۋاز ئۇنى چاقىردى . ئۇ ئىتتىك قايرىلدى . بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى . زەيتۈنە ئىسىملىك بۇ قىز گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ، باينىڭ قىزى ، مەكتەپ ئەركىسى ، يىگىتلەر تۆمۈر پارچىسى بولسا ئۇ بىر ماگنىت ئىدى . گىمنازىيىنىڭ ياش مۇئەللىملىرى ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەرخىللىرى ئۆز قىممىتىنى بىلمەكچى بولسا زەيتۈنەگە يېقىنلىشىپ ، سۈركىلىپ كۆرەتتى . ئاز كۈندىلا ئاشۇنداق يىگىتلەردىن نى - نىلىرى سۇلتىيىپ قالاتتى ، مەست بولۇۋالاتتى ياكى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ مۆرىمەسكە ئايلىناتتى . زەيتۈنە — كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ، ئىلىپتەك بۇرنى

ئاستىدىكى كىشىنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدىغان ئۇماق لەۋلىرىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، سۈتتەك ئاق يۈزىگە قاپقارا قاشلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ھۆسن قوشۇپ، ھەرقاندىقىنى ئۆزىگە قارىتالايدىغان، ئۇزۇن چاچ، زىلۋا بوي، يازدا يىپەك كۆڭلەكلىرى بىلەن، قىشتا ھازىرقىدەك قاما ياقىلىق سوكنا پەلتو، مۇسابايوف زاۋۇتىدىن چىققان قىزغۇچ ئۇزۇن قونچ تۇپلەي ۋە بېشىغا چىرايلىق فرانسۇز شلەپىسى كىيىپ يۈرىدىغان بۇ قىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھېچكىمگە ئازار بەرمىگەندەك، كۆندە ئىككى قېتىم ئىككى ئارغىماق قوشۇلغان كالاسكىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ يۈرۈۋېرەتتى. ئۇ چاغلاردا نۇرىدەك سەھرالىقلار بۇ قىزغا قاراشقا پېتىنالمايتتى. ئەمما، نامرات ياتاق بالىلىرى ئاخشاملىرى يىگىتلىك ھېسسىياتلىرى قوزغىلىپ بىر - بىرىنى بېسىپ ئويىنىغاندا، ئاستىدىكى يىگىتكە «زەيتۇنە» دېگەن ئىسمىنى قويۇۋېلىپ ھوزۇرلىنىشاتتى. زەيتۇنە قاراپ كۈلۈپ قويغىنى ياكى زەيتۇنە بىرەر كونسپىكتىنى يېزىپ بەرگىن دەپ بەرگىنى ۋە ياكى زەيتۇنە ئۇنىڭ خىزمىتىگە رەھمەت ئېيتىپ ئىككى تال كەمپۈت بېرىپ قويغىنى ئۇچۇن بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى.

مانا شۇ قىز نۇرىنى «نۇرمۇھەممەت» دەپ چاقىرماقتا.

— زەيتۇنە! — دېدى نۇرى قىزنىڭ ئىسمىنى ئەيمىنىپ تىلغا ئېلىپ.

— ياخشىمۇسىز؟ — قىز قولىنى تۇۋېت پەلەيدىن چىقىرىپ نۇرىغا سۇندى. نۇرى ئەيمىنىپ، يوغان، قاتمال، كۈچلۈك قولىنى قىزغا سۇندى.

— پاھ، باتۇرنىڭ قولىنى تۇتۇش نېسىپ بولدى، — دېدى قىز جاراڭلىق، بىرئاز تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن نۇرىنىڭ يوغان، قاپقارا، ئوتلۇق كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ، — مەن ئويلىغاندىنمۇ كاتتا، بىز پەرەز قىلىشقاندىنمۇ كۆركەم يىگىت بوپسىز، نۇرمەھەممەت!

— رەھمەت، مېنى نۇرى دەۋېرىڭ. سىزنى كۆرمىگىلى تۆت

يىلدىن ئاشتى . سىزمۇ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە...
— ياق ، ياق ، مېنى ماختىماڭ ، مەن ماختاشلاردىن بىزار . مېنى رەنجىتمەي دېسىڭىز ماختىماڭ ! — قىز سوغۇقتىنمۇ ياكى قىزلىق ئېپپەت ، ئىچكى ھېسسىيات سەۋەبىدىنمۇ ئىشقىلىپ ھۆپپىدە قىزاردى .
— سىز ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز ، زەيتۇنەم ؟
— ئوغۇللار ئىنقىلابقا قاتناشتى ، قىزلاردىن بىر قىسمى شەپقەت ھەمشىرىسى بولدى . مېنى دادام تاشكەنتكە ئەكەتكەن ، قايتىپ كەلگىلى بىرئاي بولدى . غۇلجىدا ئىنقىلاب بوپتۇ دەپ ئاڭلاپ ، دادام ، مەنمۇ تۇرالماي قالدۇق . «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدىن سىزنىڭ قەھرىمانلىقلىرىڭىزنى ئوقۇپ خۇشال بولدۇم . ساۋاقداشلىرىم يىغىلىپ تونۇگۇن بىزنىڭكىدە تەنتەنە قىلىشتۇق . پۈتۈن كېچە سىزنىڭلا گېپىڭىز بولدى . سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى يادلىۋالغانلار باركەن . سىزنىڭ «سەن مېنى بالام دېسەڭ !» دېگەن شېئىرىڭىز ئالامەت ياخشىكەن ، نۇرى !
— سىزگە ياقتىمۇ ؟
— يالغۇز شېئىرلىرىڭىزلا ئەمەس !...
— نېمە ؟ بىزدەك داڭگاللارنىمۇ ماختايدىكەنسىز ـ ھە ؟
ئۇ قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە لاپ قىلىپ قاراپ قويدى ، شۇ چاغ قىزنىڭمۇ قارىغان چېغى ، كۆزلەر ئۇنسىز سۆزلەشتى . قىز قىزاردى ، يىگىت «ئۇھ» تارتتى . قىز مۇلايىملىق بىلەن يەرگە قارىدى :
— ئوقۇغۇچى ۋاقتىڭىزدىلا سىز ئاجايىپ بالا ئىدىڭىز...
— مەسىلەن ، قانداق بالىدىم ؟
— ئۆتكۈر ، كەم سۆز ، مەغرۇر !
— سىز راستىلا ئۇ چاغلاردا ماڭا دىققەت قىلغانمىدىڭىز ؟
— ئىشەنمەمسىز ؟
— سىزگە قاراشقا پېتىنالمايتتۇق . سىزنىڭ بىزدەك سەھرالىق چاللىلارنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشلىرىمىزغا دىققەت

قىلىدىغىنىڭىز كىمنىڭ يادىغا كەلسۇن دەيسىز ؟

نۇرى ئېتىنى يېتىلەپ كوچىغا چىقتى . ئۇلار ياندىشىپ ئۇچەدەرۋازا تەرەپكە ماڭدى . نۇرى راسا تولغان ، ئېگىز ، چىرايلىق ، ئېغىر - بېسىق يىگىت شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزى بىلەن كوچىدا بىللە ماڭماقتا . ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي كومىتېتىغا كىرىپ - چىقىۋاتقان پارتىزانلار ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قاراشتى . كۈندۈزى ئۇچۇق ھاۋا ، ئۇرۇش گۈمبۈرلەشلىرىدىن خالىي ، پوروخ پۇرىقى سۈسايغان ھاۋادىن ھۇزۇرلىنىپ كوچىغا چىققان خۇشال - خۇرام خەلقلەر ئۇلارغا زوقلىنىشتى . چانىدا ئولتۇرۇپ ئاتلىرىنى ئوينىتىپ ، قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ ، چۇرقىرىشىپ ئۆتۈشكەن رۇس قىزلىرى شوخلۇق قىلىپ ئۇلارغا قار چېچىشتى . قىز ھېلىدىن - ھېلىغا نۇرىغا زوقلىنىپ قاراپ قوياتتى ، نۇرى بولسا قاپقارا ئەگمە قاشلىرى ئاستىدىكى خىيالچان ، خۇمار كۆزلىرىنى ئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن دەرەخلەرگە تىكىپ ، چىرايلىق ، قاپقارا بۇرۇتى ياراشقان ئاپئاق ، كەڭ يۈزىدە ، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان سوغۇق يادنامىسى —قىروۋلارنى ئالىقىنى بىلەن ئارىلاپ - ئارىلاپ سۈرتۈپ قويۇپ ئالدىرىماي ماڭماقتا . ئۇنىڭ مۇرىسىدە بەشئاتار مىلتىق ، ئۇچىسىغا يېشىل سوكنا پەلتو كىيگەن ، پۇتىدىكى قىلىن چەملىك ئۆتۈكىنى توڭغىلاقلارغا ئۇرۇپ قويىدۇ . ئۇ بەلكىم يېنىدىكى گۈزەل قىزنى ئۇنتۇغان ، ئۇنىڭ خىيالى نىلقا كوچىسىدا جەسىتى قالغان سەبىخەگە قايتقان بولۇشى مۇمكىن . ھايات بولسا ئۇ مۇنۇ ئازاد بولغان شەھەردىكى ئاشۇ شادىمان قىزلاردەك دوستلىرى بىلەن قولتۇقلىشىپ ماڭغان بولماسمىدى . پەرىخەچۇ ؟ ئۇ ھازىر نەدە ؟ نە ئانىسى ، نە قېرىندىشى قالمىغان بىچارە قىزنىڭ نەدە بولمىسۇن خىيالى نۇرىدا ، بەلكىم مۇشۇ تۇرقىدا ئۇ نۇرىنى ئويلاۋاتقاندۇ . بەلكىم ئۇ نۇرىنىڭ جانجان دوستى خەمىتنىڭ ئىسمىنى ساقلاپ قالغان كىچىككىنە خەمىتكە دادىسى نۇرىنىڭ لياڭشاڭدىكى سوقۇشتا تام پارتلاتقانلىقى ، چوڭ

قاراسۇ ، سۇلتان ئۆۋەيس مازار سوقۇشلىرىدا غېنى باتۇرنى دوراپ ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىن ئېتىۋاتقان مىلتىقلىرىنى تارتىۋالغانلىقى توغرىسىدا گېزىتكە يېزىلغان ماقالىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتاندۇ . نۇرى پەرىخە بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۇلتان ئۆۋەيس مازىرىدا كۆرۈشكەن . قىز ئوغۇلچە كىيىنىپ ئىۋاننىڭ پارتىزانلىرى بىلەن شەھەرگە ماڭغانىدى . ئۇ ئالدىراپ : «نۇرى ئاكا ، خەمىت ئامان . ئۇنى ئىلىقىدا بىر رۇس موماي بېقىۋاتىدۇ !» دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلىگەن . نۇرى دوختۇرخانىدا ياتقاندا مولداجان بىلەن ناۋان ئۇنى يوقلاپ كېلىپ «بىز ئىلىقىنى ئازاد قىلدۇق !» دېگەن . بەلكىم پەرىخە ھازىر مۇشۇ شەھەردىدۇ ، بەلكىم ئۇ ئانىسىغا تېگىل بولغان كۆكچىلىك تەرەپتىكى ئابدۇمەر مىڭبېگىنىڭ ئۆيىنى ئىگىلىگەندۇ ، بالا بىلەن رۇس ئايالمۇ بەلكىم شۇ يەردىدۇر... ئۇنىڭ دادىسى ، ئۇكىلىرى ، بالىسى ۋە پەرىخە توغرىسىدا ئويلىغىنى مانا مۇشۇ... ئۇلارنى ئەسلەشكە سەۋەب بولغان باينىڭ قىزى زەيتۇنە ئۇنىڭ يېنىدىن ئاستا تارتىپ :

— نۇرى ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە تەكلىپ قىلسام بارالامسىز ؟ — دېدى ئەيمىنىپ ، ھودۇقۇپ ، قىزىرىپ ، — دادامنىڭ سىزنى بەكمۇ كۆرگۈسى بار . سىزگە دەيدىغان گېپى ، تەييارلىغان سوۋغىسى بار ئوخشايدۇ . مەن سىزنىڭ مۇسابايوفلارنىڭكىدە ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ ئىزدەپ كېلىشىم !

— بۈگۈن بولمايدۇ . چۈشتىن كېيىنلا بىز كۆكۈرچىن داۋىنىغا ماڭىمىز .

— نە ئۇ ؟

— جىڭ تەرەپتىن بۇياققا ئۆتىدىغان ئاچالنىڭ بىر قانىتىدىكى تاغ . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شۇ يەردىن كېلىۋاتقۇدەك !

— بارمىسىڭىز بولمامدۇ ؟

— بىز پارتىزانلار سوقۇشتىن باشقىنى ئويلىمايمىز ، زەيتۇنەم . سىلەرنىڭكىگە غۇلجا ئازاد بولغاندا باراي .

— هازىرمۇ ئازادقۇ ؟
— ئۈچ ئورۇندا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قاماقلىق ! ئۇلار هۇجۇم قىلىپ چىقىشى مۇمكىن . شەھەر تامامەن تازىلانسۇن !
— سىز قارامكەنسىز ، بىرەر خەتەر بولۇپ قالسىچۇ ؟
— بىز قەسەم ئىچكەن ، ئۆلسەك شېهىت ، قالساق غازى .
— مەن سىزنىڭ غازى بولۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن ، نۇرى ! مەن ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم بىر يىگىتكە يېلىنىۋاتىمەن . خۇددى سىزنىڭ هايات - ماماتىڭىز مېنىڭ بەختىم بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك !...
قىز نۇرىنىڭ تۇگمىسىنى ئويناپ ، يەرگە قاراپ تۇرۇپ شۇلارنى دېدى .
— پاھ نۇرى ، قالتىس ئوۋچى جۇمۇ سەن ! قارا ، بۇركۇتۇڭ ئاجايىپ قىرغاۋۇلنى ئاپتۇ . پاھ ، نېمانچە چىرايلىق قىز بۇ ، قوي ، هېلىقى نوغايلىرىڭنى !
غېنى باتۇر بىر توپ ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ نۇرىغا قاراپ ۋارقىراپ سۆزلىگىنىچە ئاتلىق كەلمەكتە ئىدى .
— خەير خوش ، زەيتۇنەم ! — دېدى نۇرى ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ .
— غېنىكا ، بۇ قىز مېنىڭ ساۋاقدىشىم !
— ئاۋۋال ساۋاقداش ، كېيىن تاۋاقداش ، ياستۇقداش ! ها - ها - ها !
قىز يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ كالاسكىغا ئولتۇردى . غېنى قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى :
— باينىڭ قىزى ئوخشىمامدۇ ، پاھ ، تىلىڭنى چاينىما ، هېلى باكا مەن بۇركۇتۇمنى قويۇپ بېرىمەن بۇ مېكىيان قىرغاۋۇلغا !... ها - ها...
— ها - ها - ها !...
ئۇنىڭ ئادەملىرى كوچىنى بىر ئېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى . كۆكۈرچىنىگە بېرىش ئۈچۈن جىلىلىيۇزىدىن ياكى پەنجىمدىن

توغراسۇغا باردىغان يول بىلەن شىمالدىكى توغراسۇ غولىغا كىرىپ شەرققە مېڭىش كېرەك . نۇرغۇن بەل ، غوللاردىن ئۆتۈپ سول تەرەپتىكى قاپتالدا ئاچال بىلەن جىگدىن كېلىدىغان دۈشمەن ئەسكىرىنى كۈتۈپ ، قار ـ مۇز ئىچىدە يېتىش كېرەك . قاچان يېتىپ بېرىپ ، قانچە ۋاقىت ياتىدۇ ، بۇنىسى قاراڭغۇ . مانا ئاتلىق قوشۇن پەنجىم غولىغا كىردى . رازۋېدكىچىلار يۇقىرىقى پەنجىم ئەتراپىدىلا دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى بايقىدۇق دەپ دوكلات قىلدى . بۇ قېتىمقى مۇداپىئەگە مەسئۇل بولغان ئىسھاقبېك پارتىزانلارغا ئىككى قاپتالنى ئىگىلەپ ، دۈشمەننى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ ، قىستاڭ ئېغىزىنى بوغۇۋېلىپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق بەردى . نۇرى قىرىق ئۈچ يىگىتنى باشلاپ قېلىن قاردا ئۆمىلەپ قاپتاللارغا كىردى . غۇلجا ناھىيىسىدىن سەپەرۋەر قىلىنغان بۇ پارتىزان يىگىتلەرنىڭ قورال ئىشلىتىش ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ماھارىتى تۆۋەن ئىدى . ئۇلار ئاران ئۈچ كۈنلا مەشىق قىلدۇرۇلغان . قىممەتلىكى ، ئۇلار ئۆلۈمدىن زادى قورقمايدىغانلار . ئۇلار قېلىن قارغا كۆمۈلۈپ ، ۋىژىلداپ تۇرغان شىۋىرغاندا تۆۋەنگە سەگەكلىك بىلەن قارىماقتا . مانا قېلىن كىيىملىرىنىڭ ئۈستىدىن ئاق خالات كىيىپ ، قاردا يوشۇرۇنۇشقا تەييارلىنىشقان دۈشمەن تۆۋەنلەپ غول ئىچىگە كىردى . ئۇلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلەر ئەمەس . ئۇلار شەھەردىكىلەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ، ئىككى ياقتىن ھۇجۇم قوزغىسا تولىمۇ خەۋپلىك !

يىراقتىن سىگنال بېرىلدى ، نۇرىلار تۆۋەندىكى دۈشمەنلەرگە ئوق ياغدۇردى ، گرانات ئاتتى... قارلار ئۇچۇپ ، ئوقلار ۋىژىلداپ غول ئىچىدە تۇمان ، قىيقاس ، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈلۈپ ، جىمجىت تەبىئەت ، شاۋقۇنسىز غول ئىچىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن مالىمانچىلىق پەيدا بولدى . دۈشمەنلەر تاشلارنى ، دۆڭلەرنى دالدا قىلىپ قاتتىق قارشىلىق قىلىشتى . لېكىن ، ئىلگىرىلىيەلمىدى . ئۆلگەنلىرى سۇنايلىنىپ يېتىشتى ، ئامان قالغانلىرى كەينىگە چېكىنىپ بارغانسېرى نۇرىلاردىن يىراقلاشتى ،

بىر هازادىن كېيىن ئىككى بەلگە ئوق ياغدۇرۇپ يەنە ھۇجۇم بىلەن كېلىشتى. ئۇلار ئېغىزدىن چىقىپ كەتمەكچى، چىقىشۋالسىلا كەڭچىلىك، ئاباروق تۇتۇشقا ئەپلىك، لېكىن ئۇلار يەنە چېكىندى. ئۇلار چېكىنگەنسېرى ئىسھاقبېك ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بېرىپ تۇردى... قايتا ـ قايتا ھۇجۇم، كۈچلۈك مۇداپىئە بىلەن يېرىم كېچىدىن ئەتىسى كۈن چىققۇچە قاتتىق جەڭ بولدى. نۇرنىڭ يىگىتلىرىدىن ئالتىسى قۇربان بولدى. ھايات قالغانلىرى ئەتراپتىكى قار ئۈستىدە «چىۋ ـ چىۋ» قىلىپ تۇرىدىغان جان ئالغۇچ ئوقلار ئارىسىدا ئۆمىلەپ ئاستا ـ ئاستا شىمالغا سىلجىماقتا. ئەتىگەنلىكى ھۇجۇم پەسەيدى. پارتىزانلار خالتىلىرىدىكى سۇخار نان ۋە ئالدىدىكى قار بىلەن ناشتا قىلىشۋېلىشتى. پېيما، قېلىن جۇۋىلارمۇ يانۋارنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا ھارارەت بېرەلمەيتتى. ئۇنى ئاز دەپ شىۋىرغان ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىگە قار ئۇچقۇنلىرىنى چاچاتتى. ھەربىر قەدەم، ھەربىر نەپەس پارتىزانلار ئۈچۈن قىممەتلىك ئىدى. ئۆزىدىن بىرنەچچە ھەسسە كۆپ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيەدە پىشقان مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن ئېلىشىۋاتقان بۇ يىگىتلەر كەتمەن، ئورغاق، ئارا ـ گۈرجەك بىلەنلا ھەپىلىشىپ، ئېتىزلىرىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ، ناخشا ئېيتىپ قايتىپ، ھاياتىدا مىلتىق ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان غۇلجا دېھقانلىرىنىڭ ساددا باللىرى ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئەمگەك تەربىيىسى كۆرگەن. ئېغىر ئەمگەك، تەبىئەت بىلەن ئېلىشىش جەبىرلىرى ئۇلاردا ئىرادە، غەيرەت ۋە جەسۇرلۇقنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلار قېلىن قاردا سۇنايلىنىپ يېتىۋېلىپ، تىرناقلىرى بىلەن يەر تاتىلاپ، ئوق ئېتىشقا ئەپلىك جاي ئىزدەشكە خېلىلا ماھىر بولۇپ قېلىشقانىدى. قار بىلەن ئوخشاش رەڭدىكى مىدىرلاۋاتقان نىشانىنى چەنلەپ ئېتىپ تەگكۈزۈشتە ئون پاي ئوقنىڭ يەتتىسى ياكى سەككىزى زايە بولسىمۇ ئىككى ـ ئۈچى ئۇلارنى رازى ۋە خۇشال قىلماقتا، ئۇلار دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ خۇددى توشقان تۇتۇۋالغاندەك، ئوغلاق ئەپقاچقاندەك كۆڭۈللۈك ۋە خۇشاللىق

ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەكتە . ئۇلار بۇ خىل جاپالىق ھايات ئىچىدىمۇ كۆڭۈل خۇشلۇقى مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەكتە ئىدى...

... لېكىن ، باينىڭ قىزى زەيتۇنە خۇشاللىقىدىن ئايرىلدى . ئۇ كوچىدىن ھەم ھاياجانلانغان ، ھەم گاڭگىرىغان ، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا كىرىپ كەلدى ـ دە ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كالاسكىدىن چۈشتى ۋە تاختايلىرى قىپقىزىل سۇرتۇلگەن پەلەمپەي بىلەن پېشايۋانغا چىقىپ قوش قاناتلىق يوغان كۆك ئىشىكنى ئاچتى :

— دادا !

— ھوي قىزىم ! — دېدى پۇتۇن خۇشاللىقى قىزىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن چوڭ باي ئوڭ تەرەپتىكى قىپىلىن گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئۆيدە — ئۇزۇن كرېسلوغا تاشلانغان ماموق ياستۇقلاردىن ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ، — كەلدىڭىزمۇ ، قىزىم ؟

— ئۇ كەتتى ! — دېدى قىز ئۆزىمۇ ئويلىمايلا دادىسىنىڭ يېنىدىكى كرېسلوغا تاشلىنىپ ، — دادا ئۇنىڭغا ئوق تېگەرمۇ ؟

— كىمگە ، قىزىم ؟

— دېدىمغۇ ، ساۋاقدىشىم نۇرمەھەممەت !...

— ھە ، ھېلىقى گېزىتكە يېزىلغان سەھرالىق بالىنى دەمسىز ؟

— ئۇ ھەقىقىي قەھرىمان ، ئۇ ھەقىقىي يىگىت !

— سىز ئۇنى تاپالىدىڭىزمۇ ، تېپىپسىز ـ دە ! ھە ، سالام بەرگىلى كېلىدىغان بولدىمۇ ؟

— ئەجەب ئىسسىپ كەتتىما ، تام مەشلەرگە كۆمۈرنى جىق سالغان ئوخشايدۇ ، ئۆي ئىچى خۇددى يازدەك .

— راست قىزىق ، قاراڭا ، چىۋىنلەر تىرىلگىلى تۇرۇپتۇ . ھە ، كېلەمەن دېدىمۇ ، قىزىم ؟

— كېيىن ، شەھەردە ئوق ئاۋازى ئاڭلانماس بولغاندا ، ھەممە ئادەم غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن كۈلگەندە كەلگۈدەك .

— ئۇ نەگە كەتتى ، قىزىم ؟

— كۆكۈرچىن دەمدۇ ، بىر تاغقا ، كېلىۋاتقان گومىنداڭ

ئەسكەرلىرىنى توسۇغىلى !
— كۆكۈرچىن ، ھە ، بىزنىڭ يايلاق ئەمەسمۇ ، ھېلىقى چاغدا سىز ئات مىنىپ خۇشال بولغان تۈپتۈز قاپتال !
— ئۇ بىزنىڭ يېرىمىزگە بېرىپتۇ ـ دە ئاخىر ! — قىز خۇشال بولۇپ دادىسىنىڭ تىزىغا نازۇك قوللىرىنى قويدى ، — دادا ، ساۋاقداشلىرىمنى ئۆيگە چاقىرىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرايمۇ ؟
— بۈگۈن ئەنۋەر مۇساباييوفلارنىڭكىگە مېھمانغا بارىمىز ئەمەسمۇ ، ئېلىخان تۆرەم ، ھېكىمبەگ غوجام ، مۇتائالى خەلپىتىملەرمۇ كېلىدۇ . يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە بولىمىز !
— غېنى باتۇر دېگەن ئادەم ئەسكىكەن ، دادا !
— ئۇنداق دېمەڭ ، قىزىم . ئۇ دېگەن خەلق باتۇرى . ئوق تەگمەيدىغان ، دۈشمەنلىرىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدىغان ئادەم .
— ماڭا ئالۋاستىدەك كۆرۈندى ، ئەسكىكەن ، دادا !
— بىرى ئاڭلاپ قالمىسۇن ، قىزىم ، ئۇ تولىمۇ قارام . قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم !
— مەن بارمايمەن ، دادا ، دوستلىرىم بىلەن ئۆيدە پاراڭلىشىمەن . ئىمىنجان !
ئۆيگە باش بوغالتىر ، قوشۇمچە باينىڭ كاتىپى دەرھال كىردى :
— خوپ ، زەيتۇنە خېنىم !
— خېنىم دېمەڭا ، زەيتۇنە دېسىڭىز بولدى .
— خوپ زەيتۇنەم .
— سىز مېنىڭ دوستلىرىمغا خەۋەر قىلىڭ . قايسى كۈنكى ئالتە قىز ، تۆت ئوغۇلغا ! ھازىرلا مېڭىڭ ، كەچ سائەت يەتتىگە بىزنىڭكىگە چايغا !
— بولىدۇ زەيتۇنەم خ ...
باي قىزىنىڭ ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر ، ئالتۇن سائەت ۋە بىلەزۈكلەر بىلەن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ تۇرىدىغان قوللىرىنى تۇتتى :

— ئوغلۇم يوق ، لېكىن يۈز ئوغۇلغا بەرگۈسىز قىزىم باردە مېنىڭ !
— دادا ، سىز نۇرمەھەممەتكە نېمە سوۋغا بەرمەكچىدىڭىز ؟
— سىزچە نېمە بېرەي قىزىم ، ئۇ باتۇرغا ؟
— ئۇ بىر نامرات دېھقاننىڭ بالىسىكەن . ئۇنىڭغا بىر قورۇ ـ جاي تەقدىم قىلىسىڭىز دەيمەن !
— ماقۇل ، قىزىم . شۇنداق قىلاي ، ناغرىچىدىكى جاينى بېرەي . يەنە يۈز قوي ، ئەللىك سەر ئالتۇن !
— دادا ! — قىز دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى .

پەرىخە ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىر زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىنى تاپتى . ئۇ ئۆيگە كىردى ـ دە ، بايىلا ھەرەمباغ ئورۇش مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ كاڭدا ئۇخلاۋاتقان زىياۋۇدۇننى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالىغا بۇيرۇق قىلدى .
— بولۇڭ ھەدە ، مۇھىم ئىش ! — ئايال چىرايلىق ، ئوغۇلچە ياسانغان سېرىق چاچ قىزغا ھەيران بولۇپ :
— سىز كىم ، سىڭلىم ؟ — دېۋىدى ، قىز :
— زىياۋۇدۇنكام كىملىكىمنى بىلىدۇ ! — دېدى .
ئاڭغىچە زىياۋۇدۇنمۇ كۆزىنى ئاچتى :
— ۋۇي ، ۋۇي... سەبىخە... سىز...
— مەن پەرىخە ، سەبىخە ئۆلۈپ كەتكەن . ئاڭلىمىغانمۇسىز ؟
— ھە ، راست ئاڭلىغان . نۇرى ئېيتقانىدى . ئاسىيە خېنىممۇ ، ۋاي ، ۋاي... بۇ كاپىر دۈشمەن ! — ئۇ يەرگە قارىدى .
— ئولتۇرۇڭ ، نېمىشقا ئۆرە تۇرىسىز ؟
— ۋاقتىم قىس . بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم . باشقا گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيمىز . مەن تىككەندەك يالغۇز قالدىم . يە ئاتا ـ ئانام ، يە قېرىنداشىم ، تۇغقىنىممۇ يوق ، بىچارىمەن . تەلىيىمگە ھەدەمدىن بىر ئوغۇل قالدى . ئۇ مېنىڭ جېنىم . ئۇنى بىر رۇس خوتۇن بېقىۋاتىدۇ . ئۇمۇ يالغۇز . ماڭا ئاپامدىن قالغان

بىر قورۇ بار . سىز بىلىسىز ، ئابدۇمەرنىڭ كۆكچىلىكتىكى ھېلىقى جايى . ئالتە ئېغىز ئۆي ، چوڭ باغ . سىلەر بۇ ئىككى ئېغىز ئۆيدە قىسىلىپ قاپسىلەر . مەن سىلەرنى شۇ ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ قويماقچى .

— بۇ ، بۇ ، بۇ…

— ئويلىنىشقا ۋاقىت يوق ، ھازىرلا كۆچۈڭ !

— مەن… مەن !…

— مېنى خۇش قىلاي دېسىڭىز ، مەندەك بىر يېتىمنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماڭ ، ھازىرلا كۆچۈڭ .

— بولىدۇ ، ماقۇل ، كۆچەي ! — دېدى زىياۋۇدۇن گەدىنىنى سىلاپ .

تاغ ئىچىدە مانا تۆت كۈن بولدى قاتتىق جەڭ بولماقتا . ئاكىسىنى تارتىشىپ دەرامۇ بۇ يەرگە كەلگەن . مانا شۇ ئەتىگەنلىك ئاچچىق سوغۇقتا ئاكىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇخلىماقتا . بۇرۇتى خەت تارتقان ، سۆڭىكى دادىسىغا ، چىرايى ئانىسىغا تارتقان ئون يەتتە ياشلىق چىرايلىق يىگىت نۇرىنىڭ ئىنىسى ، دادىسىنىڭ قانىتى . ئۇ دادىسىنىڭ دەردىگە شېرىك بولۇپ كىشىلەرگە مالاي ئىشلىدى . دادىسى تۈرمىگە كىرگەندە جۇدۇن - چاپقۇنلۇق ھاياتتا قېرىنداشلىرىغا ئانا مېكىيانىدەك قانات ياپتى . ئەمدى ئاكىسىغا ئەگىشىپ مىلتىق تۇتۇپ ، خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىشماقتا . ئۇ ئاكىسىنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم نېرى بولماي قار - مۇزدا يېتىپ - قوپۇپ ، ئاكىسى نېمە قىلسا شۇنى قىلىپ بەش كۈندىن بېرى جەڭ قىلماقتا . نۇرى ئىنىسىنىڭ قويۇق ، يىرىك چاچلىرىنى تارىدى ، يېرىلغان يىرىك يۈزىنى سىلىدى : «كۆرگەن راھەتنىڭ تارتقان جاپايىڭنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ ئەمەس ، ئۆلمەي قالسام ، قەدرىلىك ئىنىم ، ساڭا ھاياتنىڭ لەززىتىنى كۆرسىتىمەن ، سېنى بەختكە ئېرىشتۈرىمەن ، ئۆزۈم ئېرىشمىسەممۇ مەيلى» دېدى ئۇ ئىچىدە .

«تات ـ تات ـ تات !» دۈشمەنلەر يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى ، نۇرى دەرانى نوقۇدى ، دەرا مىلتىقنى قۇچاقلىغان پېتى ئورنىدىن تۇردى . نۇرى ئۇنى دەرھال باستى . ئەتراپتا چىۋ ـ چىۋ قىلىپ قار ئۇستىدە پىرقىراپ كۆزدىن غايىب بولىدىغان جان ئالغۇچلار كۆپەيدى . نۇرى ئىنىسىنى يەنە نوقۇدى ، ئىنىسى جىم ياتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى ـ دە ، ئىنىسىنى يۆلىدى . دەرانىڭ دۇمبىسى تەگكەن يەر قىپقىزىل قان ئىدى . ئۇ ئىنىسىنىڭ كۆكرىكىگە قارىدى . نەق سول كۆكرىكىدە ئويۇپ قالغان قان ، ئىنىسى جان ئۈزگەنىدى .

— دەرا ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئەسەبىيلىشىپ ۋە ئالدىدىكى قورام تاشنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىپ :

— قىرىۋېتىمەن ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى . چوڭ قورام تاش يۇزلىگەن ئۇششاق تاشلارنى بىللە ھەيدەپ ، غول ئىچىدە ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قاتتىق سادا پەيدا قىلىپ تۆۋەنگە غۇلىدى . تاشلارنىڭ كەينىدىن قولىدىكى ئاپتوماتنىڭ پاينىكىنى مۇرىسىگە تىرەپ تاتاتلىتىپ ئاتقىنىچە نۇرىمۇ پەسكە قاراپ يۈگۈردى . خۇددى ھۇجۇمغا كوماندا بېرىلگەندەك ، ئىككى قاپتالدىكى دېھقان يىگىتلىرى مىلتىقلىرىنى ئاتقىنىچە سايىنىڭ تاپىنىغا قاراپ يۈگۈردى ، ئۇلار ئوقتەك ئېتىلىپ چۇشۇشىگە ھودۇقۇپ كەتكەن دۈشمەن شىمالغا قاراپ قاچتى . قاچقان دۈشمەنلەرنى ئىسھاقبېكنىڭ ئاتلىق يىگىتلىرى بىلەن نۇرى باشلىق پىيادىلەر شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن تاكى كۈن پېشىن بولغۇچە قوغلىدى ، سايدىكى جەسەتلەر سايىنىڭ تېشىدەك بولۇپ كەتتى . ئۇلار ئاخىر ئاچال ئېغىزىدىن ياندى . پۈتۈن غولدا ئوق ئاۋازى توختىدى . بىرلا نۇرىنىڭ ئاۋازى تېخى توختىمىغانىدى . ئۇ ئىنىسىغا — ئۆمۈر بويى جاپا تارتىپ ئارانلا ئون يەتتە يىل ياشىغان ، تۇغۇلۇش ئازاب ، ياشاشمۇ ئازاب دېگەن نەزەرىيىنى ھاياتى بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن جاپاكەش دېھقان ئوغلىغا ئۈن سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى . بۇ كۈن ئۇنىڭ ئەڭ ئازابلىق كۈنى ، بۇ كۈن ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئەڭ ئېغىر جاراھەت چۈشكەن

كۈن ، بۇ كۈن ئۇنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنىڭ يېرىمىنى بەربات قىلغان ، ئۇنىڭ گۈزەللىك تۇغىرىسىدىكى تۇيغۇلىرىغا قارا سايە تاشلىغان كۈن بولدى .
ئۇنىڭ يېنىغا ئىسھاقبېك كەلدى .
— يىغلىما ، بالام ! — دېدى گەۋدىلىك ، ئېغىر ـ بېسىق ، سالماق ھەربىي رەھبەر ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ، — مېنىڭمۇ ياش ئوغلۇم مۇشۇلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن . پۈتۈن ئائىلەم ۋەيران بولغان . بىز تەقدىرداش ، يىغلىساق بىللە يىغلايلى . ئەمما ، ھازىر يىغلايدىغان چاغ ئەمەس . دۈشمەن ئاچالنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرۇۋاتىدۇ . كۆز يېشى بىلەن ئۇلارنى يوقاتقىلى بولمايدۇ ، بالام !
نۇرى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ شىمالغا — قاپتالنىڭ نېرىسىغا قارىدى .

كۆكچىلىك مەھەللىسىدىكى كەڭ ـ كۈشادە ئۆيلەرگە زىياۋۇدۇن شۇ كۈنىلا كۆچۈپ كەلدى . ئۇنىڭغا ياققىنى ئازادە ئېغىللار بىلەن كەڭرى باغ ئىدى . زىياۋۇدۇن كۆچۈپ كېلىپلا ئۆگزە ، ھويلا ، كوچىنىڭ قارلىرىنى تازىلىدى ، ھەممە يەرنى سۈپۈرۈپ پاك ـ پاكىز قىلىۋېتىپ ، ئۈچ ئاتنى ئوقۇرغا باغلاپ تەييار بېدىدىن سېلىپ بېرىپ ، خوتۇنى بىلەن كەڭرى ، يورۇق ، تاختايلىق ئاشخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا :
— قىزلار قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇش بولۇپ كەتتى . بەرا بىلەن دەرا كەلسە تېخىمۇ خۇشال بولىدىغان بولدى . قارا ، قويدىن ئون ـ يىگىرمىنى ، سېغىن سىيىردىن ئىككىنى ئەكىرىۋالساقمۇ ئېغىللىرى كەڭ ـ كۈشادىكەن ! — دېۋىدى ، خوتۇنى :
— نۇرىنىڭ تويىنى قىلىۋالساق ، ئەجەبمۇ ياخشى قىزكەنا بۇ قىز ، ئورۇس خوتۇنمۇ بىزچە بىلىدىكەن تېخى . پاھ ، بوۋاق نېمانچە ئوماق ، كۆزلىرى نۇرىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىكەن . خەمىت دېسەم ئىتتىك كۆلۈپ قارايدۇ تېخى . قىزلار قولىدىن

چۈشۈرمەيدىغان بولدى.
— ئۇ نۇرنىڭ ئوغلىكەن... نۇرى بالام چوڭ دادىسى مۇختەركامنى دوراپ... ھەي، بۇ بالىنىڭ ئانىسى ھازىرقى قىزنىڭ ھەدىسى سەبىخە... ئۇ نۇرىغا ئاشىق ئىدى... بۇ بالا ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ يادنامىسى. سەبىخەنى، ئانىسى ئاسىيە ئاغچىنى گومىنداڭ ئېتىۋەتتى. ھەي ئىست... بۇ نارەسىدىمۇ بىزنىڭ بالىلاردەك يېتىم. سىرىق قىزنىڭ ئېتى پەرىخە. بۇ بالا سەبىخەنىڭ سىڭلىسى... بوۋاقنىڭ كىچىك ئاپىسى بولىدۇ. ھەدىسى ئۆلۈپ كەتكەندىكىن سىڭلىسى راۋا بولار ـ ھە؟ مۇتائالى خەلپىتىمگە دەپ بىر كۈنى نىكاھ ئوقۇتۇپ قويساقلا بولدى...
— سىزنىڭ ھېلىقى قاشقالىق ئاغىنىڭىز بۇ ئۆينى بىلمەيدۇ ـ دە؟
— خەلپىتىمگە دېدىم. خەلپىتىم دەپ بېرىدۇ. سەپەر ئاخۇننىڭ بۇ يەرگە كەلگۈدەك چولىسى يوق. ئۇ كېچەيۇ كۈندۈز مىلتىقىنى لياڭشاڭغا تەڭلەپ ئاكوپتىن چىقماي ئولتۇرىدۇ، خوتۇن! ئۇ قالتىس مەرگەن، چىۋىننىڭ كۆزىنى چەنلىيەلەيدۇ جۇمۇ!
ئۆيگە بوۋاقنى كۆتۈرۈپ رۇس خوتۇن كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى:
— بۇ بالا نۇرىنىڭ. ئول كۈنى ھەممە كەتتى. بالا ئۆيدە يەر تېپىپ يىغلادى، يىلادى. شۇندا مىن كىردى. ئۆيگە ئاپاردى. ئىۋان مىن ئىنى بولادى. پاتىخ، ئەكبەر، غېنى ھەممىسى باتىر. ئۇلار سوغىس قىلادى. بىز بالا باكادى، بول ھەم سوغىس!
— توغرا، مامۇچكا، بالا باقماقمۇ بىر جەڭ. مەن ئاتلارغا بېدە سېلىپ بېرىپ جەڭگە بارادى!
ئۇ ھويلىدىن چىقىشىغا دەرۋازا ئالدىدا مۇختەرباي پەيدا بولدى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى.
— دۇرۇس، ياخشى بوپتۇ، — دېدى مۇختەرباي. بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىش جەريانىنى زىياۋۇدۇن تەپسىلىي سۆزلەپ

بېرىڭدى ، ئاڭلاپ بولۇپ ، — ئاسىيە ئاغىچىغا تېگىل ئۆي بۇ . ئابدۇمەرنىڭ ئانىسىنىڭ ھەققى يوق . ئۇ ھەرەمباغدا ئادەم گۆشىگە تازا تويغاندۇر . ھەيتاڭ ، خىتايلار ئۇنىڭغا گۆشنى ئۆزلىرى يەپ ، ئادەم پوقىنى بەردىمىكىن تېخى . خوي بولدى . ھەممە خەق پاتقان جاھانغا ئۇ پاتمىدى ، نېمە ئۇچۇن ؟ نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك بولىدۇ . ھە ، يۇر قېنى ، مۇختەر ئاكاڭنى مېھمان قىل . قىزا ئەكەلدىم . خوتۇنۇڭغا دە ، نېرىن قىلسۇن . بىر كۈن «ھۆررەي» ۋارقىرىمىساڭمۇ بولىدۇ . ھۆررەي ۋارقىرىغىلى قىرىق نەچچە كۈن بولدى . كۈندىلا ھۇجۇم ، كۈندىلا ھۆررەي ، مىت قىلمايدۇغۇ بۇ گومىنداڭ دېگەن . ئۇيۇپ كەتتىمۇ نېمە ؟ ئەخمەتتىن سورىسام ، ئاز قالدى ، ئاز قالدىلا ، دەيدۇ . زادى بۇ ھۆكۈمەتكە ئەخمەتنى باشلىق قىلمىسا ھەرەمباغنى ئالغىلى بولمايدۇ .

— ئۇنى دېمىسىمۇ بۇ ئېلىخان تۆرەم خەلقنى ئالدىنقى سەپكە ھەيدەشنىلا بىلىدىكەن . جەڭنىڭ يولىنى تازا بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ .

— بۇ ئەنجانلىق سوقۇشنىڭ يولىنى نەدىن بىلىدۇ ، ئورنىنى ئەخمەتكە بەرسە بولىدۇ .

— ئۇ ئەخمەتنىڭ ھازىر نېمە قىلىۋاتىدۇ ؟

— ئۇ ھازىر گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتىدۇ . زايە كەتتى دېگىنە . مەن مۇتائالى خەلپىتىمگە ، ھېكىمبەگ غوجامغا دېدىم . ئۇلارمۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ئوخشايدۇ .

— ئىسھاقبېك دېگەن قىرغىز يامان نېمىكەن ، ئاڭلىساق ، پەنجىم سايغا كېلىپ قالغان دۈشمەننى ھەيدەپ ئاچالنىڭ نېرىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ !

— ھە ، نۇرىدىن خەۋەر بارمۇ ؟

— ئۇنى قىرىق پارتىزانغا باش قىلىپ ، ئىسھاقبېك بىلەن بىللە ئاچالغا سوقۇشقا ئەۋەتىپتىكەن . بىزنىڭ دەرامۇ بىللە كەتتى . بەرا غېنى باتۇرغا ئەگىشىپ كۈنەس تەرەپكە ماڭدى .

— باتۇرلار ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىۋېرىپ ، مۇنۇ ھەرەمباغدىكى

دۇشمەن يوپۇرۇلۇپ چىقسا كۈچ ئىلىشالماي قالماسمىز ـ ھە؟
— بۇ يەردىمۇ نى ـ نى باتۇرلار بار. ئورۇسلار كۆپىيىپ قالـدى. پـۈتـۈن غۇلجا خەلقى مۇشۇ يەردە دۇشمەننى قورشاپ تۇرۇۋاتسا، چىچاڭشىيدىغان بىشى ئۇنمۇ بۇ گومىنداڭنىڭ!
كۈن ئولتۇرۇشقا غىرىچ قالدى. ھويلا قىزىل شەپەق بىلەن نۇرلاندى. كەپتەرلەر، قاغىلار، پاختەك، قۇشقاچلار پىشايۋان، شاخلاردا شاۋقۇن كۆتۈردى. زىياۋۇدۇن قۇشلارغا دان چاچتى. ئۇ ھـەم يـېـزا، ھەم شەھەر تۇرمۇشى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان بۇ ھويلىدىكى تۇرمۇشتىن ئىنتايىن رازى ئىدى. ئۇ بۈگۈن خۇشال. مانا ئارغىماق مىنىپ، دۇمبىسىگە مىلتىق ئېسىپ دەرۋازا ئالدىدا پـەرىخە پەيدا بولدى. ئۇ بىر قازاق قىزنى باشلاپ كەلگەنىدى. زىـيـاۋۇدۇن ئـۇلارنـىڭ ئـېتىنى ئالدى، ئۇلار ھويلىغا ئەمدىلا كـىرىشىگە، دەرۋازا ئالدىدا بىر كالاسكا توختىدى. كالاسكىدىن ئـاجايىپ كاتتا كىيىنگەن، تولىمۇ چىرايلىق بىر قىز چۈشتى. ھـارۋىكەش كالاسكىنىڭ كەينىدىن بىر ساندۇق بىلەن بىر تاغار مالنى چۈشۈردى.
— زىياۋۇدۇن ئاكا سىز بولامسىز؟
— شۇنداق! — دىدى زىياۋۇدۇن ئەيمىنىپ.
— مـەن نـۇرىـنـىـڭ سـاۋاقـدىشى. ئىسمىم زەينۇنە. بىز ساۋاقداشلار ئاخشام جەم بولۇپ، ئارىمىزدىن چىققان قەھرىمانىمىز نـۇرمەھەممەت زىياۋۇدۇننىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇق. ئۇنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى گېزىتتىن ئوقۇپ تەسىرلەندۇق. سىزگە رەھمەت، قالتىس ئوغۇل تەربىيىلەپسىز!
ھويلىدىن مۇختەرباي، پەرىخەلەرمۇ چىقتى. قىز جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:
— بۇ ساندۇق بىلەن تاغار ساۋاقداشلارنىڭ كۆڭلى. مۇنۇ ئازغىنە ئالتۇنمۇ بار، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلسىڭىز.
— بۇ، بۇ، بۇ!...
— نىمە بۇ ـ بۇ ـ بۇ؟ — دىدى مۇختەر باي كۈلۈپ، —

رەھمەت دېمەمسەن . بۇ ئاشۇنداق نومۇسچان ، مەن چوڭ دادىسى بولغاندىكىن رەھمەت ئېيتاي . بىكارلا كايىپ ـ جوۋۇپسىلەر ، سىز كىمنىڭ قىزى بولىسىز ؟ مەن بىلمەيدىغان باي يوق بۇ شەھەردە ؟
— ئۇ مۇھىم ئەمەس . مەن نۇرىنىڭ ساۋاقدىشى !
قىز قىزاردى . مۇختەرباي زىياۋۇدۇنغا ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا ، ئاخىرىدا پەرىخەگە قارىدى . ئەر ـ خوتۇن قول قوۋۇشتۇرۇپ خۇشال تۇراتتى . پەرىخە تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى .
— قېنى ئۆيگە !
— ياق ، ياق . مەن مەشەدىنىلا قايتاي . بىر كۈن سوراشتۇرۇپ بۇ ئۆينى ئاران تاپتۇق . سىلەرگە رەھمەت !
قىز كالاسكىغا يېنىك سەكرەپ چىقتى . بىر جۈپ بوز ئارغىماق ئويناقلاپ يۈرۈپ كەتتى .
— پاھ ، مۇشۇنداق كېلىنىڭ بولسىزە زىيەك !... ھا ـ ھا ـ ھا !...
پەرىخە بىلەن قازاق قىزمۇ ئاتلاندى .
— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار ، كېلەر ـ كەلمەيلا ئەمدى ؟
— خەمىتنى كۆردۈق . ئۇخلاۋېتىپتۇ .
خۇشال كەلگەن پەرىخە خاپا قايتتى .
— كۈنچىلىكى تۇتۇپ قالدى ـ دە ، — دېدى مۇختەرباي كۈلۈپ ، — بۇمۇ بىر خىل جەڭ . ھەرەمباغدىكى جەڭدىن قېلىشمايدۇ !
— ئۇنداق دېمىسەڭا ئاكا...
ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى . بۇ زىياۋۇدۇننىڭ ئۆزۈندىن بېرىقى ھەقىقىي شادلىق كۈلكىسى ئىدى .
كەچتە يەنە قاتتىق ئېتىشىش باشلاندى . شەھەر خەلقى ھازىر ئوق ۋە ھۇررا ئاۋازىغا كۆنۈپمۇ قالدى . شەھەر ئويۇنچىلىرى يەنە مەشرىپىنى ئويناۋەردى ، سازەندىلەرنىڭ مۇڭلۇق سازلىرى بىلەن ناخشىلىرىغىمۇ ، كۈلكە ـ چاقچاق ، مەست بولۇشلىرىغىمۇ ئوق ئاۋازلىرى دەخلى قىلالمىدى . غۇلجىدا ھايات يەنە بىر خىل

داۋاملاشماقتا . بىرلا ئۆزگىرىش دوختۇرخانا ، گوسپىتاللار كۆپەيدى . ھەر كۈنى نەچچە ئونلاپ ياربدارلار دوختۇرخانىلارغا كېلەتتى . پەرىخە مانا شۇنداق بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى . ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ياربدارلارنى كۈتۈش ئىدى . ئۇ قايتىپ كېلىپ زادىلا ئىشقا كىرىشەلمىدى . ئۇنىڭ ئېسۇ خىيالى بايىقى چىرايلىق قىزدا قالغانىدى . قىزنىڭ خىيالچان كۆزلىرىدىن ئۇ ئادەتتىكى ساۋاقداشلىققا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات ۋە سېغىنىش بىلەن تولغان مۇڭنى بايقىدى . ناۋادا ئۇ قىز نۇرىنىڭ باتۇرلۇقىغا رەھمەت ئېيتىشنىلا كۆزلىگەن بولسا بۇنداق يالغۇز كەلمىگەن بولاردى . نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن باشقا ساۋاقداشلىرى بىللە كەلمىدى؟ نېمىشقا ئۇ قىز نۇرىنىڭ بۇ يېڭى تۇرالغۇسىنى بىلىۋېلىشقا شۇنچە ئالدىرىدى؟

پەرىخە پەرىشان ، غەمكىن يۈرىكىگە يېڭى ئازاب يۈكى يۈكلىگەن ھېلىقى چىرايلىق قىزغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ بۇ باي قىزنى كەينىدىن بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقۇسى كەلدى . تەقدىر ئۇنىڭ رەقىبىنى يولغا سېلىپ ، پەرىخەنى كۈنداشلىقنىڭ تىك قىيارىدىن ئەمدىلا ياندۇرۇپ كەلگەندە ، توساتتىن يېڭى بىر تېخىمۇ خەتەرلىك قىيانىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۇ خالىمايتتى ھەم كۈتمىگەنىدى . ئۇ ئەمدى : «نۇرى مەڭگۈ مېنىڭ» دېگەن ئىشەنچ بىلەن ھاياتىنىڭ يېپيېڭى بەخت سارىيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا ، بوسۇغىدا بۇ بەخت قاراقچىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن . ھايات ھامان ئۆزگىرىدۇ ، لېكىن بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ تاسادىپىيلىقى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئار كەلدى . ئۇ تۇرۇپلا «راستىنلا كۆڭلى ياخشى ساۋاقدىشى بولسىچۇ؟ بۇ باي قىزنىڭ نۇرىدىنمۇ گۈزەل ، قامەتلىك ، ئەقىللىق بىر يىگىتى بولۇشى مۇمكىنغۇ؟» دەپمۇ ئويلىدى . لېكىن ، تېزلا «ياق ، نۇرىدىن ئۈستۈن يىگىت زادى يوق» ئۇ ھەرقانداق قىزنى ئۆزىگە تارتىۋالالايدۇ . ھەرقانداق قىز ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ . مۇنۇ

باي قىزى شۈنداقلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ئاۋۇ قاپقارا ، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرى ماڭا ھەممىنى دەپ بەردى . ئۇ مېنىڭ رەقىبىم دېگەن ھۆكۈم ئۇنىڭغا تەسەللى بولىدىغان بارلىق گەپلەرنى يوققا چىقىراتتى...

ئىككى يىگىت بىر ياردارنى كۆتۈرۈپ كىردى ، يىگىتلەر ھارغىن ، قارغا مىلەنگەنىدى .

— نەدىن ؟

— كۆكۈرچىنىدىن .

— نېمە ، نۇرنى تونۇمىسلەر ؟

— تونۇمايچۇ . ئۇ بىزنىڭ توپ باشلىقىمىز .

— ئەھۋالى قانداق ؟

— ئۆزىغۇ ياخشى ، قالتىس جەڭ قىلىشىۋاتىدۇ ، بىراق...

— ھە ، نېمە بولدى ؟

— ئىنىسى ئوق تېگىپ قۇربان بولدى .

— نېمە ، نېمە ؟ دەراما ؟

— ھەئە . سىز ئۇنى بىلىدىكەنسىز - دە ؟

پەرىخە سىرتقا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى .

بۇ چاغدا مۇختەرباي بىلەن زىياۋۇدۇن نېرىنغا تويۇپ ، ساندۇق ۋە خالتىدىكى رەختلەر ، كىيىملەر ، گۆش ، ماي ، ئۇن - گۈرۈچ ۋە چاي - تۇز ، قەنت - گېزەكلەردىن خۇشال بولۇپ نۇرنى ماختىشىپ ، ئاتلىرىنىڭ ئۇلاغلىرىنى چىشىتىپ ھەرەمباغقا ماڭماقچى بولۇۋاتاتتى .

پەرىخە ئىتنىنى چاپتۇرۇپ كەلدى ۋە دەرۋازىدىن كىرىپلا ، يىغلاپ تۇرۇپ :

— دەرا ، دەرا ! — دېدى .

— دەرا نېمە بولدى ؟ — زىياۋۇدۇننىڭ قولىدىن قامچىسى چۈشۈپ كەتتى .

— ئۇنىڭغا ئوق !... ئوق...

قىز بۇقۇلداپ يىغلاپ زىياۋۇدۇنغا ئۆزىنى ئاتتى . زىياۋۇدۇن

پەرىخەنى يېرىم قوچاقلاپ ئاۋۋال ئاسمانغا قارىدى . ئاسماندا ئوت بولۇپ ئوقلار ئۇچۇپ يۈرەتتى . ئاندىن كېيىن ئېگىزكىنى قىزىنىڭ بېشىغا قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى . بايىلا خۇشاللىق ئەركىلەتكەن بەدىنىدە بىردىنلا ئازاب ، قايغۇ ۋولقانى پارتلىدى . ئۇنىڭ بەدىنى شۇنداق قاتتىق سىلكىنىدىكى ، خۇددى بىرى تىغ ئۇرغاندەك ، ئوق تەگكەندەك ، توك تەپكەندەك !...

ئـۇنـىڭ يـۈرىـكـى شـۇنـداق تـىـلـىـنـدى : يۇزلىگەن پىچاق ئـۇرۇلـغاندەك ، مىڭلىغان قول مورلىغاندەك ، جاۋۇر ـ جاۋۇر قوقاس چېچىلغاندەك...

ئازاب ئۇنى مۇكچەيتتى :

— جېنىم بالام ، دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن ئوغلۇم ، پۇتلىرىدىن چوقايدىن ، ئۇچىسى ماتادىن قۇتۇلمىغان بىچارە بالام ، كۆزۈمنىڭ نۇرى ، يۈرىكىمنىڭ بىر قانىتى ، ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ !...

— ئارمان بىلەن كەتتىڭغۇ بىچارە بالام ، رەيھان ، مېنى ئەپۇ قىل ، باللىرىڭنى ئاسرىيالمىدىم !...

ئۇنى قوچاقلاپ مۇختەربايمۇ بۇقۇلداپ يىغلىدى .

بايرام بولغان كوچىلاردا تاۋۇت كۆتۈرگەن ھازىدارلار ئۆتتىدۇ . بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى .

زىـيـاۋۇدۇن مـۇسـىـبـەت بىلەن جەڭگىمۇ قاتنىشالمىدى . ئوغلىنىڭ جەسىتىنى جەڭچىلەر نوسۇلكا بىلەن ئەكەلدى . مۇتائالى خەلپىتىم دەرا بىلەن تۇنۇگۇن ھەرەمباغ سوقۇشىدا قۇربان بولغان مـۇسـاپـىـر سـەپـەرئـاخۇننىڭ نامىزىنى ئۆزى چۈشۈردى . ناماز چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىش غۇلجا شەھىرىدە ھەر كۈنى بولۇپ تۇراتتى . كـۈندۈزى تاۋۇت ئۆتكەن كوچىلاردىن ئوخشاشلا ئاخشاملىرى توپ ـ توپ ئادەملەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ، ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈشەتتى ، ھايات شۇنداق بىر ئىزغا چۈشۈۋالغانىدى .

كـۆكـۈرچىندىكى جەڭمۇ شۇنداق بولدى . دۈشمەن نۇرغۇن قـېـتىم جەنۇبقا ، ھەتتا غەربكە سۈرۈلۈپ ئىلگىرىلىدى . ئىككى كـۈنـنـىـڭ ئـالدىدا ھەرەمباغدىكى دۈشمەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ

جىپلىلىيۈزى يېزىسىغا يېقىنلاپ باردى. ئىسھاقبېك ئالدىن پارتىزانلارنى ئورۇنلاشتۇرغاچقا، دۈشمەننى ئالداپ ئۆۋىسىدىن چىقىرىپ بازىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش، قاتتىق زەربە بېرىپ جانلىق كۈچىنى ئاجىزلىتىش، سەپنى ئۈزارتىش، ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىش، مۆكۈنۈپ زەربە بېرىپ، ئارقىسىدىن پاراكەندىچىلىك سېلىشتەك پارتىزانلىق تاكتىكىلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئىمكان بەرمىدى. دۈشمەن بىردە خۇش بولۇپ، بىردە يىغلاپ ئاخىر نۇرغۇن چىقىم تارتىپ ھالىدىن كەتتى.

نۇرىلار ئون توققۇز كۈن قار - مۇزدا يەر بېغىرلاپ يېتىپ، قاتتىق سۇخار يەپ جەڭ قىلدى. ئۇ ھەتتا ئىنىسىنىڭ ۋاپاتىنىمۇ يادىدىن چىقاردى. ئۇنىڭ ئېسۇ خىيالى قارشى تەرەپتىكى جان پىدا قىلىپ زېمىن ۋە دۆلەت غۇرۇرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان دۈشمەن ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈشتە بولدى. ئۇ سوتكىسىغا ئۈچ - تۆت سائەت ئۇخلاشقا ئادەتلەندى، قارنىڭ تېگىدە ئۇخلاش، مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئۇخلاش، ئات ئۈستىدە ئۇخلاشلارغا ئادەتلەندى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى ۋە جىسمانىي كۈچىنى دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىلالايدىغان بولدى. ئۇ بۇرۇن كېتىپ بېرىپمۇ، سوقۇش ئۈستىدىمۇ ئۇنى - بۇنى ئويلاپ قوياتتى. ھازىر بولسا دۈشمەننى يوقىتىشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى.

ئون توققۇزىنچى كۈنى سەھەردە ئۇلار ئاخىر ئاچال ئېغىزىنى قايتۇرۇۋالدى. گومىنداڭنىڭ ئازغىنە ئەسكىرى مىڭمارالدىن ئۆتۈپ، گۆرساي ئارقىلىق تاغنىڭ شىمالىدا كۆزدىن غايىب بولدى. رازۋېدكىچىلار، دۈشمەننىڭ جەڭ ناھىيىسىگە كىرىپ كەتكىنىنى دوكلات قىلدى. ئۇلار يانغۇچە ساي - سايدا يېتىشقان دۈشمەن جەسەتلىرىنىڭ يېنىدىن مىلتىق، ئاپتومات، گراناتلارنى يىغىۋالدى. ئولجا خېلى جىق ئىدى. ئەمما، پارتىزانلاردىنمۇ ئوتتۇز نەچچە يىگىت قۇربان بولدى.

غۇلجا شەھىرىگە قايتقۇچە نۇرى ئىسھاقبېكنىڭ يېنىدا بىللە ماڭدى. ئۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىنى ئىسھاقبېككە ئېيتتى:

— بىز سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرساق بولاتتى. سەۋەبى، بۇ ئىنقىلابتا جان تىكىپ ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقانلار يۈز پىرسەنت نامراتلارنىڭ بالىلىرى. مەن كەمبەغەللەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەسىلەن، تاشقى موڭغۇلىيىدەك!

— تاشقى موڭغۇلىيىنى جياڭ جيېشى تولىمۇ تەستە ئېتىراپ قىلدى. تاشقى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە مەسىلىسىدە ئۇ ستالىن بىلەن جىق ئېلىشتى. ئامېرىكا - روزۋېلتقا نۇرغۇن يالۋۇردى. ھەتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىپ، ئامېرىكىدىن ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ، 1943 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان بۇ كونسۇلخانا ئاساسەن ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىشىغا سالاچىلىق قىلىدۇ. ناۋادا سوۋېت بىلەن گومىنداڭ تىنچلىق - دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاپ قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزنى توسۇپ قويىدۇ. ھەتتا بىزنى گومىنداڭ بىلەن يارىشىشقا قىستايدۇ. ھازىر سوۋېت - گومىنداڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. جياڭ جيېشى ستالىنغا لۈشۈن پورتى، داليەن پورتى ۋە مانجۇرىيە تۆمۈر يولىدا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىمەن دەپ خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىش بىز ئۈچۈن پايدىسىز.

— ئامېرىكا نېمىشقا سالاچىلىق قىلىدۇ زادى؟ روزۋېلت بوزەك مىللەتلەرنى قوللايدىغان ئىنسانپەرۋەر ئادەم دەپ ئاڭلىغان. تېھران يىغىنىدا، دونبادون كاۋچۇكزارلىقى يىغىنىدا ستالىننى قوللاپ جياڭ جيېشىنى چەتكە قاققانىدىغۇ؟

— ئۇنىڭ مەقسىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونغا جەڭ ئېلان

قىلغۇزۇش . سوۋېت ئىتتىپاقى جەڭ ئېلان قىلمىسا ، گېرمانىيە يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ دۇنيادا ئوق ئاۋازى دەرھال تىنچىمايدۇ . ياپونىيە ئۇزاق تىركىشىدۇ !

— ھە ، چۈشەندىم . سوۋېت ـ گومىنداڭ دوستلۇق كېلىشىمى تـۈزۈشتـىن بۇرۇن شىنجاڭدىن گومىنداڭنى سۈرۈپ چىقارساق بـولـغـۇدەك . ئـىـسـھـاقبېك ئاكا ، ئىشىمىز قىيىن ئوخشايدۇ . مېنىـڭچە ، بىز يەنئەن بىلەن ئالاقـە ئورناتسـاق بولغۇدەك . جياڭ جيېشى ئاخىرىدا يەنئەن بىلەن سوقۇشىدۇ . ئۇ كوممۇنىستلارنى يوقاتماي توختىمايدۇ ئەمەسمۇ !

— تەھلىلىڭ توغرا . جياڭ جيېشى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىنمۇ سوقۇشىدۇ . مۇشۇ كۈندىمۇ يەنئەنگە ئوق ئېتىۋاتىدۇ . ئۇ سـوۋېـت ئـىـتتىپاقىنىڭ كوممۇنىستلارنى قوللىشىدىن ناھايىتى قـورقـىـدۇ . بىزنى كوممۇنىستلار دەپ قارايدۇ . بىز ھېچقانداق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەزاسى بولمىساقمۇ !

— سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىز ماڭا ئوخشاشكەن ، ئىسھاقبېك ئاكا !

— بـىـزگـە ئـوخـشـاش كـۆزقـاراشتىكىلەر ھازىرچە ئاز . ھـۆكـۈمـەتتىكى چوڭ ھوقۇق بىزدە ئەمەس . ئەمما ، ئارمىيىدە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز خېلى بار . پارتىزانلار ئاز كۈندە مۇنتىزىم ئارمىيە بولىدۇ . ئارمىيە دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ ، بالام...

ئاتلارمۇ ھارغان ، ئادەملەر ئات ئۈستىدە ئۇخلاپ كەلمەكتە . ئىسھاقبېك سىگنالچىغا بۇيرۇق بەردى :

— ھۇجۇمغا سىگنال بەر !

نۇرى ھەيران بولۇپ قارىۋىدى ، ئۇ :

— غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن شەھەرگە كىرىشىمىز كېرەك . بـىـز يىگىرمە بەش كۈن توختىماي جەڭ قىلدۇق ، چارچىدۇق ، لـېـكـىـن بىز غالىبلار . غالىبلار روھلۇق بولۇشى ، ھەرگىزمۇ دۈگدەيمەسلىكى كېرەك !

سىگنال چېلىندى ، نۇرى بىرىنچى بولۇپ ئېتىنى دېۋىتتى ،

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پارتىزانلار ئاتلىرىنى دېۋىتتى، قامچىلىدى، غول بىلەن شەھەرگە قاراپ ئاتلىرىنى يورغىتىپ جۇشقۇن روھ بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

— غېنىكام قايتىپ كەلدىمىكىن؟

— ئۇ قايتىپ كەلگىلى بەش كۈن بولدى. كۈنەس تەرەپتىن دۈشمەن ئۆتەلمىگەن.

— غېنىكام هازىر نەدىكىن. ئۇ يېنىمدا بولسا چوقۇم: «ستالىن شۇ تۇرقىدا نېمە قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورايتتى.

— سەن نېمە دەپ جاۋاب بېرەتتىڭ؟

— ستالىن بېرلىنغا قاراپ كېتىۋاتقان ژۇكوف، كونيېفلارغا: ئات، ئايىماي ئات دەپ بۇيرۇق بېرىۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

— يەنە يالتا يىغىنىغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، دېگەن سۆزنىمۇ قوشۇپ قويساڭ بولىدۇ. يالتا يىغىنى ئاز كۈندە ئېچىلىدۇ. ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

## 39

1945 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيى ئاچچىق سوغۇق بىلەن باشلىنىپ قاتتىق سوغۇق بىلەن ئاخىرلاشتى. سوغۇق قاتتىق، دەرەخلەر ئېغىر قاردىن مۈكچەيگەن، يوللار كۆلتۈك قار بىلەن تولۇپ تارايغان، ئادەملەرنىڭ قۇلاقلىرى كۆكەرگەن، بۇرۇنلىرى قىزارغان، كۆزلىرىدىن توختىماي ياش ئاقاتتى، قوللىرى يەڭلىرىدىن چىقمايتتى، پۇتلىرى تىنىمسىز يەرگە ياكى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلاتتى.

مانا مۇشۇنداق سەھەر 1945 ـ يىلى 28 ـ يانۋار ئەتىگەنلىكى ئىلى پارتىزانلىرى لياڭشاڭ بىلەن هەرەمباغقا ئاخىرقى قېتىم هۇجۇم باشلىدى. زەمبىرەك ـ مىناميوتلار گۈمبۈرلەپ، هۇررا

سادىلىرى ئەرشكە يەتتى . قالدۇق دۈشمەننىڭ بۇ ئىككى بازىدىكى ئىستىھكاملىرى يىمىرىلىپ ، تاملار گۇپۇلدەپ ئۆرۈلدى . قار ، چاڭ قوشۇلۇپ ھەرەمباغ ، بىلەن لياڭشاڭ ئاسمىنىدا قويۇق تۇتەك پەيدا بولدى . پارتىزانلار ئۆيدىن ئۆيگە يۈگۈرۈپ تام تېشىپ يول ئېچىپ ، جاننى ئالىقىنىغا ئېلىپ ، ئۆمىلەپ ـ دومىلاپ دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى . دۈشمەن ئىستىھكاملىرىدىن — پوتەي ، ئاكوپ ۋە تاملارنىڭ تۆشۈكلىرىدىن توختىماي پىلىموتلار ئېتىلىپ تۇراتتى . دۈشمەن پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى . لياڭشاڭ بۇتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى تۇپتۇزلا يەرگە دۈشمەن پىلىموتى ئورنىتىلغان . گىمنازىيە پېدائىيلىرىدىن بىرنەچچىسى باش كۆتۈرۈشىگىلا ئوق پېشانىسىگە تېگىپ كەينى ـ كەينىدىن قۇربان بولدى : شېرىپ ، مۇخپۇللار نۇرى بىلەن بىللە قەسەم بېرىشكەن يىگىتلەر ئىدى . ئۇلار ھازىر قۇربان...

مانا بىرنەچچە ئادەم سۇغا چىلانغان كىگىزلەرنى بېشىغا يۆگەپ دۈشمەن سېپىگە قاراپ يۈگۈردى . ئۇلارنىڭ بىرى يىقىلدى ، قالغانلىرى ئۆتۈۋالدى . بىر پارتىزان پىلىموت ئوقى چىقىۋاتقان تۆشۈككە گرانات تاشلىدى . پوتەي پارتلىدى . پارتىزانلار «ھۇررا» ۋارقىراپ لياڭشاڭنىڭ ئىچىگە يۈگۈردى . بىرنەچچىسى يىقىلدى ، يەنە پىلىموت ئېتىلدى . بىر پارتىزان پارتلاتقۇچ دورىنى كۆتۈرگەن پېتى تۆشۈككە ئۇدۇل يۈگۈردى . ئۇ يىقىلدى . ئارقىدىن يەنە بىرى ئۆمىلەپ بېرىپ پارتلاتقۇچنى ئېلىپ مېڭىۋىدى ، ئۇنىڭغىمۇ ئوق تەگدى . بىر قىز ئوق تەگكەنلەرنى دۈمبىسىگە تېڭىپ يەر بېغىرلاپ مېڭىپ دالدىغا ئاپاردى . ئوق قىزنىڭ ئەتراپىدا ، بېشى ئۈستىدە چىۋ ـ چىۋ قىلىپ ئەجەل بەلگىسى بەرمەكتە . لېكىن ، قىز ھەممىدىن پەرۋاسىز ، ئۇ قۇتقۇزۇشنىلا ئويلىسا كېرەك ، ئوقنىڭ ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشىنى ئويلاپمۇ قويمىدى . مانا ئاخىر ئۇ يارىدارنى قۇچاقلىغان پېتى قىيسايدى...

بىر يىگىت ئوققىمۇ قارىماي ۋارقىراپ قىزغا ئۆزىنى ئاتتى :

— پەرىخە ! — بۇ نۇرى ئىدى . ئۇ قىزنى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن كۆتۈرگەن پېتى دالدىغا ئېلىپ باردى . قىز يارىلانغان ، ئوق ئۇنىڭ سول مۇرىسىگە تەگكەنىدى .

ئۇرۇش رەھىمسىز ، ئوقنىڭ كۆزى يوق ، دۈشمەن ساغا ئۆلۈمدىن باشقا ھېچنېمە تىلىمەيدۇ !

نۇرى قىزنى شەپقەت ھەمشىرىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ھەمراھلىرى بىلەن لياڭشاڭغا قاراپ يۈگۈردى . جەڭ تېخىمۇ كۈچەيدى ، لياڭشاڭ ئۆگزىسىدە پارتىزانلار پەيدا بولدى . بىردەمدىن كېيىن ئېتىشىش توختىدى . توپىغا مىلەنگەن ، ئىنسان چىرايى قالمىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ لياڭشاڭ ھويلىسىغا چىقتى…

بۇ ئىش نەق چۈشتە بولدى . بۇ غەلىبىدىن شادلانغان ئادەملەر «ھۇررا !» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراشتى .

لياڭشاڭ ئېلىندى ، سەكسەن كۈن قامال قىلىنغان جاھىل قورغان ئاخىر يىمىرىلدى . ئادەملەر تەسلىم بولۇپ قوللىرىنى كۆتۈرۈۋالغان دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرمەك بولۇپ يۈگۈرۈشتى . لېكىن ، بىر ياش پارتىزان بۇ تەلۋىلەرگە قورال تەڭلەپ :

— كىم ئاتسا مەن ئۇنى ئاتىمەن ! — دېيىشى ، ھېچكىم پېتىنالمىدى .

ھەرەمباغدا كۈندۈزى قاتتىق جەڭ بولدى . ئۇ كۈنى پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۆيىدىن چىقماي پارتىزانلارغا نۇسرەت تىلىدى . كېچە سائەت ئون بولغاندا ئوق ئاۋازى پەسلىدى ، پۈتۈن خەلق كوچىغا چىقىپ تەنتەنە قىلدى . قاتتىق سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ، ئادەملەر كوچىلاردا : «گومىنداڭ يوقالدى !» دەپ ۋارقىراشتى .

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بۇرۇنقىدىن نۇرلۇق كۆرۈندى . دەرەخ شاخلىرىدىكى قار ئەمەس ، گوياكى چېچەك ، گوياكى گۈل ئىدى .

تۇرمىلەر ، قورقۇنچلۇق ساقچى ئىدارىلىرى ، كوچىلاردا ماڭسا غادىيىپ ، شەھەر پۇقرالىرىنى ئەخلەت بىلىدىغان ياۋۇز ئەسكەرلەر ئەمدى يوق ، قايسىلا ئىدارىگە كىرسە غىژىلدىشىپ يۈرىدىغان ، تەكەببۇرلۇقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كىبىرى چوڭ ئەمەلدارلار ھېچنەدە يوق . ئۇچقۇچىلار ئەمدى چىرايلىق قىزلارنى خالىغىنىچە ئېلىپ مېڭىپ ، باشقا مىللەتلەرنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلالمايدۇ . تۇرمىلەردىكى بىگۇناھلار ئەمدى ۋەھشىيانە قىيىنىلىپ ، كۆزلىرى ئويۇلۇپ ، تىللىرى كېسىلىپ ، ئۆلتۇرۇلۇپ قۇدۇقلارغا تاشلانمايدۇ . دېھقانلار ئون نەچچە خىل سېلىق دەردىدىن خار - زار بولىدىغان كۈنلەر ئەمدى ئۆتمۇش .

— گۈزەل شەھىرىمىز ئاجايىپ ئازادە - ھە !

— مۇھىمى ، ھېلىقى كاللا كېسەر ئەسكەرلەر يوق !

— ئاڭلىغانسەن ، ئايرودرومدىكى گومىنداڭچىلار قېچىپ يىلنچى جىلغىسىغا بارغانىكەن ، بىزنىڭكىلەر ئالدىدىن توراپ ، كەينىدىن قوغلاپ ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپتۇ !

— بىرەر مىڭ پۇقرامۇ قېچىپتىكەن ، ئىسھاقبېك ، ئابدۇكېرىم ئاباسوفلار ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈزمەپتۇ .

— گومىنداڭ تەسلىم بوپتۇ ئەمەسمۇ ، تەسلىم بولغاندىكىن ئۆلتۈرمەيدۇ - دە !

زىياۋۇدۇن خوتۇن - بالىلىرىنى باشلاپ كېچىدە كوچىغا چىقىپ خەنزۇ بازىرىغا كەلدى . ئۇ يەردە ئادەملەر مىغ - مىغ ئىدى .

— ئەمدى بۇ يەرنى نېمە بازار دەيمىز ؟

— ئۇيغۇر بازىرى دەيمىز - دە !

زىياۋۇدۇن مۇشۇنداق كۈن ئۈچۈن قۇربان بولغان دەرانى ، ئاكىسى ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنى ئارمان قىلغان ، لېكىن كۆرەلمىگەن كىچىك ئوغلىنى ، قەشقەردە نەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ ، بىگۇناھ قىرىلغان ئاتا - ئانىسى ،

قېرىنداشلىرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىغان يېتىمچى سەپەرئاخۇننى ۋە يەنە زىياۋۇدۇن بىلەن بىللە پاراڭلاشقان، ھال ـ مۇڭ ئېيتىشقان، لېكىن ئارمىنىغا يېتەلمىگەن نەچچىلىگەن پارتىزانلارنى بىرمۇبىر ئەسلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرى تاراملاپ چۈشۈپ، يىرىك بۇرۇتىدا مەرۋايىتقا ئايلاندى.

ئاددىي پۇقرالار خۇشال بولغان چاغلىرىدا، ھامان ئارمانغا يېتەلمىگەن يېقىنلىرىنى يادلاشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن كاتتىلار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئارمانغا يەتكەن چېغىدا چوڭ ئارمان ئۈستىدە ئويلايدۇ. كۈمۈش تەختكە ئولتۇرغانلار ئالتۇن تەختنى، مىڭ ئەسكەرگە باش بولغانلار يۈز مىڭ ئەسكەرگە باش بولۇشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارمانلىرى چەكسىز بولىدۇ.

ھۆكۈمەت رەئىسى ئېلىخان تۆرەم، مۇئاۋىن رەئىسى ھېكىمبەگ غوجا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توققۇز نەپەر ئەزاسى ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلىپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن پارتىزان باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشتى. گومىنداڭ ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ھازىر «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ھۆكۈمەت ئىشخانىسى. بۇ يەردە قوراللىق پارتىزانلار بىلەن بىللە شىبەلەردىن تەشكىللەنگەن دوخوۋوي ئوركېستىر پەيدا بولدى. ئۇلار تۆرەم تۇرغاندا، تالاغا چىققاندا پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىتىپ مۇزىكا چالىدۇ. مانا مۇزىكا چېلىنىدى، تولىمۇ تەنتەنىلىك كۆرۈنۈش ـ ھە! بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا قاما ياقىلىق، ئەنگلىيە سۆكنىسىدىن تاشلانغان جۇۋا كىيگەن، كەكە ساقال، ئورا كۆز، ئورۇق ئادەم — ئېلىخان تۆرەم، ئۇنىڭ يېنىدا سۆسەر ياقىلىق، ئەت رەڭ سوكنىدا تاشلانغان جۇۋا، بېشىغا مەرىيە تېرىدىن تىكىلگەن، تۆپە كىيگەن، ئېگىز، قاڭشارلىق، يېرىم ئاي شەكىللىك ساقىلى ئۆزىگە ياراشقان ئادەم — ھېكىمبەگ غوجام. ئۇلارنىڭ كەينىدە مۇتائالى خەلپىتىم، ئەنۋەر مۇسابايوف، رەخىمجان سابىر ھاجى… ئابدۇكېرىم

ئابباسوفلار قاڭالتىر ئۆگزىلىك بىر قەۋەت ئۆينىڭ ئىككى يېنىدىكى سالاسۇنلۇق ئىشىكتىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىغا توپلانغان پارتىزان باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشتى. نەچچە يىللىق تاغ ـ دالادا، ئاق قار، كۆك مۇزدا، قەھرىتان ۋە تومۇزدا دۇم يېتىپ ـ دۇم قوپۇپ، يەرنى چۈشەك، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ ئۆتكۈزۈشكەن، پاتىخ، غېنى، ئىۋان، مولداجان، ناۋانلار بىر چەتتە مەغرۇر، ئازادە تۇرۇشاتتى. يەنە بىر چەتتە غۇلجىنى ئازاد قىلىش جېڭىدە كۈچ چىقارغان ئىسھاقبېك، زۇنۇن تېيىپ، ناسىروف، يۇسۇپوف، پالىنوف، ماژاروف، شونويوف، مارتوفلار، يەنە بىر چەتتە، ماناسبايوف، ئەبىشوف، قېيۇمبەگ، قارپىيوفلار… تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە — غۇلجىنى ئازاد قىلىش جېڭىدە ئالدىنقى سەپتە نەچچە كۈنلەپ قار ـ مۇزدا يېتىپ ـ قوپۇپ، ئۇرغۇنلىغان سۆيۈملۈك سەپداشلىرىنىڭ قۇربان بولغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆزلىرىمۇ بىر قېتىم ياكى بىرنەچچە قېتىم ياربدار بولۇشقان پارتىزانلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. تۆرەم ئالدىغا چىقتى. ئۇ شەرەت قىلىۋىدى، بىر قارىي تولىمۇ چىرايلىق، تەسىرلىك قىلىپ قۇرئان ئوقۇدى. قۇرئان ئوقۇلغاندا ھەممە ئادەم يەرگە قاراپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى. قۇرئان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مۇتائالى خەلپىتىم «ئامىن» دەپ قولىنى كۆتۈردى. ھەممە ئادەم دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن تۆرەم سۆزلىدى:

— قېرىنداشلار، ئاللانىڭ شىرلىرى، سىلەردىن ئاللاتائالا تابارەك رازى، خەلق رازى، زالىم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئىسلام جۇمھۇرىيىتى — شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى قۇردۇق، پۈتۈن ئىلى زېمىنىدا ھازىر گومىنداڭ يوق، خىتاي يوق. بۇ زېمىن خىتاينىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدى!

ئەنۋەر مۇسابايوف چاۋاك چېلىۋىدى، كۆپچىلىك ئەگىشىپ چاۋاك چالدى. تۆرەم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— لېكىن ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان — خوتەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، تۇرپان ، قۇمۇل ، ئۈرۈمچى ، ئالتاي ، چۆچەك بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا . بىزنىڭ ئۇ يەرلەرنى ئازاد قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار . بۇ مەسئۇلىيەت ئاللانىڭ ئەمرى . بىز نۇرغۇن قۇربان بەردۇق . شېھىتلىرىمىز هازىر جەننەتتە . بىز يەنە نۇرغۇن قۇربان بېرىمىز . بۇ قۇربانلىرىمىز بەدىلىگە خەلقىمىز ، ئەۋلادلىرىمىز يات ، ياۋۇز مىللەتنىڭ زۇلمىنى كۆرمەيدۇ . بىز ئۆز زېمىنىمىزغا ئۆزىمىز مەڭگۈ خوجا بولىمىز !

چاۋاكلار يەنە گۈلدۈرلىدى ، مىزگان چېلىندى . ئادەملەر شوئار توۋلاشتى .

تۆرەم ئاخىرىدا :

— پارتىزانلىرىم ، ئەمدى بىز پارتىزانلىق قىلمايمىز . بىز شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى بولىمىز ، بىز هەربىي كومىتېت قۇرىمىز ، پۈتۈن خەلق ، يىگىرمە ياشتىن قىرىق بەش ياشقىچە بولغان پۇقرالارنىڭ هەممىسى ئەسكەر بولىدۇ ، فرونتقا ، تېخىمۇ مۇشكۇل ئىشقا ئاتلىنىدۇ . ياشىسۇن خەلق ، ياشىسۇن خۇدانىڭ شىرلىرى !

يىغىن تارقالدى . هەممە ئادەم يېقىنلىرى بىلەن جەم بولۇپ خۇشاللىقلىرىنى ، هاياجانلىرىنى ئورتاقلاشتى .

ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ باغ قورۇسىدا ئېلىخان تۆرە باشلىق هۆكۈمەت رەھبەرلىرى جەم بولۇپ ، كەلگۈسى ۋە ئەتىدىن باشلاپ قىلىنىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئويلىغانلىرىنى دېيىشتى . زىياپەت مۇلاهىزە ۋە تالاش – تارتىش بىلەن يېرىم كېچىدە ئاخىرلاشتى .

غېنى باتۇر بۇ كۈنلەردە ئېگىز ، كۆكسى كەڭ ئالا ئاتقا مىنىپ ، شەھەر كوچىلىرىدا ئات ئوينىتىپ كۆڭۈل ئاچتى . ئاخىر ئۇنى شەرق مەھەللىدىكى بىر باي ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى . ئۇنىڭ هازىر مۇهاپىزەتچىسى ، سازەندىسى ، بىرنەچچە مۇرىتلىرى بار . ئۇ بۇلار بىلەن بېرىپ باينىڭ ئۆيىدە پاقلان سويغۇزۇپ يەپ – ئىچىپ ،

ئاخىرىدا مەست بولۇشتى . باي ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئون ئالتە ياشلىق چىرايلىق قىزىنى نىكاھ قىلدۇرۇپ ئۇنى «كۈيئوغۇل» قىلىۋالدى . ئۇ ياش قىزنىڭ قوينىدا ئۆز باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىپ ، ئەتىگەنلىكى سۆسەر تۆپىسىنى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ :

— ئېرىڭ مانا مۇشۇ تۆپە . بىز ئەتىلا جەڭگە ماڭىمىز . كۆرۈشكىچە ئامان بول !— دەپ قويۇپ ، ئېتىنى ئويناقلىتىپ چىقىپ كەتتى .

پاتىخ ئىسھاقبېك بىلەن بىللە نوۋگورودتىكى تاتار بايلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى . ئۇلار تۇزۇلىدىغان ھەربىي قىسىملار ، قىلىنىدىغان ئۇرۇشلار توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى . ئۇلار بىلەن ئىۋانمۇ بىللە بولدى .

ھەركىم ئۆز قۇربى بىلەن بىللە ئىدى . ئاباسوف «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى ھەبىب يۇنىچىنىڭ ئۆيىدە ئىنقىلاب غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلدى . ئۇلار بىلەن سەيپىدىن ، ئەسئەت ، زاكىروف ، سادىروف قاتارلىق تاشكەنت كۆرگەن ، ئۇرۇمچىدە چېن تەنچيۇ ، لىن جىلۇلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ كوممۇنىزم چۈشەنچىسىگە ئىگە بولۇشقانلار بىللە بولۇشتى . ئۇلار قانداق قىلىپ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىدەك سوتسىيالىزم قۇرۇش ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت قۇرۇشتا قانداق پىكرى بارلىقىنى بىلىش دېگەندەك شىنجاڭنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتى . ئۇلار مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشكەندە گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتقان ، ئە . ئىلىلىق دېگەن تەخەللۇس بىلەن گېزىتكە توختىماي ماقالە يېزىۋاتقان ئەخمەت ئىسىملىك ئادەممۇ سۆز قاتاتتى . ئۇنىڭ پىكىرلىرى چوڭقۇر ، مۇلاھىزىسى كىشىنى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى . ئاباسوف :

— يەنە بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ يولىنى قىلساق بولاتتى ، قانداق ئالاقىلىشىشكە بولىدىكىن . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ

ئەزالىرىنى شىلڭ شىسەي ئۆلتۈرۈپ بولدى ، — دېۋىدى ، باشقىلار جىم بولۇپ قالدى .

— ئۇنىڭ يولى موسكۋادا ، — دېدى ئەخمەت ، — جياڭ جېيشى بىزنى ئۇلارغا ئالدىغاچان چېتىپ بولدى . بىز تېخى باغلىنالمايۋاتىمىز !

كۆپچىلىك قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

— ماركسىزم - لېنىنىزمنى شىلڭ شىسەي دەۋرىدە ئاشكارا سۆزلىشەتتۇق . ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ئەجەب سۆزلەشكە قىسىنىدىغان بولۇپ قالدۇق - ھە ؟ — دېدى سەيپىدىن .

— ئاشكارا دەيدىغان كۈنلەر يىراق ئەمەس . ھازىرچە بىز قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى شۇنىڭغا توغرىلىساق بولمىدىمۇ ، — دېدى ئەخمەت .

كۆپچىلىك قايىل بولۇشتى...

ھېكىمبەگ غوجام بولسا ئۆز مەشرىپىدە ئىلى ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ، ھاياتنىڭ نەق ئۆزىدىن لەززەت ئالماقتا ئىدى . جېلىلىيۇزىدىكى تۇرسۇن پالۋان دېگەن ئادەم كېچىلەپ كىرىپ غوجامنى ئۆز ئۆلپەتلىرى ، سازچىلىرى بىلەن بىللە ئۆيىگە ئاچىقىپ كەتتى . ئۇ يەردە مەشرەپ قىزىماقتا ئىدى . ئۇلار نە سىياسەت ، نە دۆلەت ئىشى ، نە كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىمەك تۇگۇل ئويلاپمۇ قويمايتتى... ناخشا - ساز ، مانا بۇ ھاياتنىڭ لەززىتى... بۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئىدى .

گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى زەيتۇنەنىڭ ئۆيىگە توپلاندى ، تاللانغان ئوتتۇز نەپەر قىز - يىگىت ياشلارغا خاس ھايات ، ھېسسىيات ۋە گۈزەللىكتىن پەيدا بولىدىغان ، ھامان كىشى قەلبىدە يوشۇرۇنۇشقا تىرىشىدىغان مۇھەببەت لەززىتىنى سۈرمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ، بولۇپمۇ كۆزلىرىدە ، كۈلكىلىرى ، چاقچاقلىرى ، ھەتتا مىگىش - تۇرۇشلىرىدا بۇ سېھىرلىك مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ شولىسى لاۋۇلدايتتى . باي قىزىنىڭ

ئۆيدە— تولىمۇ چوڭ، ئېگىگە قىلىن گىلەم سېلىنغان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇن ئۇستەل، يۆلەنچۈكى ئادەمنىڭ بېشىدىن ئېگىز، چىرايلىق ئورۇندۇقلار چۆرىدەپ قويۇلغان. ئۇستەل ئۇستىگە خىلمۇخىل بولكا، پىرەنىكلەر، ھەرخىل ۋارىنا - كۇۋاسلار، كاتلېت، توخۇ گۆشى، كاۋاپ، بېلىق ۋە ئىكرا، ياۋروپانىڭ سەرخىل پىۋا، ۋىنولىرى... تىزىلغان. مېۋە - چېۋىلەر ئۇستەلگە چىقىش سالاھىيىتى بولمىغانلىقتىن كىچىك - كىچىك مەخسۇس توقۇلغان سېۋەتلەردە بىر چەتكە قويۇلغان. بۇ ئۆينىڭ رومكا - ئىستاكانلىرىمۇ زىلۋا، ئېگىز، باشقا يەرلەردە كۆرۈلمىگەن پاسوندا ئىدى.

ساھىبخان قىز زەيتۇنەم رومكىسىنى ئېگىز كۆتۈردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ جاراڭلىق، تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن:

— ئىنقىلاب غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى!— دېدى قىزىرىپ.

— ھۇررا! — شوخ يىگىتلەر شۇنداق دېيىشىپ رومكىلىرىنى ئۇرۇشتۇرۇشتى ۋە كۆتۈرۈۋېتىشتى. قىزلار بولسا پىۋا تولدۇرۇلغان رومكىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتىيۇ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قاقاقلىشىپ كۇلۇشتى.

بىرلا نۇرى ئىچمەي قويۇپ قويدى.

— ئىچەۋۈي، بۇگۇن ئىچمەي قاچان ئىچەتتىڭ، تازا ساراڭ داڭگالكەنسەن جۇمۇ!

— مۇسىبەت؟ بۇگۇن مۇسىبەت يوق. ئۆلگەنلەر شېھىت، شېھىت بولغانلار ھازىرمۇ ئارىمىزدا بار. كۆزگە كۆرۈنمىگەن بىلەن، شېھىتلەر غازىلار بىلەن دائىم بىللە!

— ئىچە نۇرى، ئارىمىزدا ئەڭ جىق جاپا تارتقىنىمۇ سەن. گىمنازىيىنىڭ قەيسەرلىرىدىن ساناپ باقسام ئون ئىككى يىگىت، ئىككى قىز قۇربان بوپتۇ. ئۇلار شېھىت، ھازىر ئارىمىزدا!

— ئالە نۇرى، بۇنداق قىلساڭ قاملاشمايدۇ!

— ئېلىڭلا نۇرى ، كۆڭلىمىز ئەمدى !

— نۇرىنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن . باتۇر دېگەن ئىچىشتىمۇ باتۇر بولۇشى كېرەك !

— مېنىڭچە ، زەيتۇنەم ئۆزى تۇتسا نۇرى چوقۇم ئىچىدۇ .

— ئۇنداق بېرى بولسا تۇتە زەيتۇنە ، ۋىيىەي ، ئىچكىنە تازا ، رۇس قىزلىرىدەك !

زەيتۇنە براندى قۇيۇلغان رومكىنى قولىغا ئالدى ۋە يەنە بىر قولىغا يىۋا قۇيۇلغان بىر رومكىنى تۇتۇپ نۇرىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ، يۈرىكى ئېمىلەرنى دېگىنىنى بىرلا نۇرى چۈشەندى . ئىسسىق ئۆيدە سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ گىمناستوركىسىنى كىيىپ ، چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىپ قولاقچا كىيىپ ئولتۇرغان نۇرى قولاقچىسىنى ئېلىۋېتىپ قىزغا قاراپ ئورنىدىن تۇردى ، قىز جىق گەپ قىلمىدى ، مەنىلىك قىلىپ :

— بەخت ئۈچۈن ئىچەيلى ! — دېدى . نۇرى ئىچمەي توختاپ قېلىۋېدى ، بىر يىگىت يېنىغا كېلىپ :

— رومكىسىنى تولدۇرايلى ، قىزلار بىلەن تەڭ ئىچەتتىمۇ بۇ داڭگال ! — دېدى ۋە زورلۇق بىلەن ئۇنىڭ رومكىسىنى لىق تولدۇردى . يىگىت :

— ساڭا ئىچۈرۈش ئۈچۈن غېنى باتۇر ئاكاڭنى باشلاپ كېلىمىزمۇ يە ؟ ! — دېدى ۋە ، — ئىچە ، بولمىسا بېشىڭغا قۇيىمەن ! — دەپ ئۇنى قىستىدى .

ئاخىر ئۇ رومكىنى قولىغا ئالدى ۋە زەيتۇنە بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇشتۇرۇپ قويۇپ كۆپچىلىككە قاراپ :

— مېنىڭ تۇرمۇش يولۇمغا بىر كاتاڭ كولىدىڭلار ـ ھە ، بوپتۇ ، — دېدى ۋە ، — خەلقىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ! — دەپ ئىچىۋەتتى .

براندى ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىدى ، ئۇنىڭغا ئولتۇرغانلار ، بولۇپمۇ قىزلار بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ

يادىغا سەبىخە كەلدى. ئاياللاردىن كېلىدىغان لەززەت ئۇنى غىدىقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۈلگۈسى، تۇتقۇسى، سۆيگۈسى، قۇچاقلىغۇسى كەلدى. ئۇ يېنىدىكى شەمشىدىننى يېرىم قۇچاقلىدى:

— ئەمدى قۇلاقچە بولىدىغان بولدۇم. قۇيە!

ئۇ يەنە بىر رومكا ئىچىۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئىككى رومكىغا تولدۇرۇپ قويۇپ زەيتۇنەنىڭ ئالدىغا باردى:

— ساۋاقداشلىرىڭىزنى قەدىرلىگىنىڭىزگە رەھمەت! — دېدى - دە، ئۆزى يەنە ئىچىۋەتتى. زەيتۇنە لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويدى. نۇرى قىزىرىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ بۆلەكچىلا خۇشخۇي بولۇپ كەتكەنىدى. قىز خۇشال بولۇپ، پاتېفوننى ھېسسىيات قوزغايدىغان رۇس، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر ناخشىلىرىغا قويۇۋەتتى.

بىرنەچچە جۈپ يىگىت - قىز ۋالىسقا چۈشتى. نۇرى ئولتۇرالماي قالدى، ئۇ زەيتۇنەنىڭ يېنىغا دەلدۈگۈنۈپ ماڭدى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى يېنىك قولتۇقلىۋالدى:

— تانسا ئويناي دەمسىز؟

— ئۆگىنەي دەيمەن، زادى بىلمەيمەن.

— مەن سىزگە ئۆگىتەي، — قىز ئۇنىڭ مۇرىسىگە بىر قولىنى، ئالىقىنىغا يەنە بىر قولىنى قويدى. نۇرىنىڭ بەدىنىنى ئەقىل تورمۇزلىرىنى ئىشلىمەس قىلىدىغان جىنسىي ئەسەبىيلىك خاھىش ئوتى ئۆرتەپ تومۇرلىرىدا يۈگۈردى. ئۇ قىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتتى. قىز ئۇنى بىر - ئىككى ئايلاندۇرۇپ قويۇپ:

— يۈرۈڭ، بىردەم كوچا ئايلىنايلى! — دېدى.

ئۆيدىكى قىز - يىگىتلەر جۈپتىن - جۈپتىن بولۇپ، ئورۇندۇقلاردىن تامغا يۆلەكلىك فرانسىيە كرېسلولىرىغا يۆتكەلدى. بىرلىرى كۇسۇرلاشماقتا، بىرلىرى كۈلۈشمەكتە، بىرلىرى ھاياجان بىلەن سىياسەت، ۋەزىيەت توغرىسىدا لېكسىيە قىلماقتا،

يەنە بىرلىرى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى . ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى يوق .
قىز بېشىغا يۇڭ بۆك كىيىپ ، ئىچى ـ تېشى ئوخشاش قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيىۋالغان ھالدا كىچىك بىر ئۆيدىن چىقتى ـ دە ، دالاندا ساقلاپ تۇرغان نۇرىغا ياقىسىمۇ ، ئىچىمۇ بىر ئېسىل تېرىدىن (نۇرى كۆرۈپمۇ باقمىغان ) تىكىلگەن قېلىن سوكنا تاشلىق جۇۋىنى ، بېشىغا قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن قاپقارا پاپاق كىيدۈردى ، ئاندىن ئۇنى قولتۇقلاپ تالاغا ئېلىپ ماڭدى . ئۇلار قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىدىن چىقتى ـ دە ، جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . قىز يىگىتنى قولتۇقلىغان ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن بىر قولىنى ئۆتكۈزۈپ يەنە بىر قولىنى ئۇ قولى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ تۇتۇۋالغان . نۇرى يەنە بىر بوش قولىنى ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغانىدى .
سۇس ئايدىڭ ، دەرەخلەر ئاپئاق قىرو بىلەن ئېگىلگەن ، يولمۇ ئاپئاق قار ، قار ئۈستىدە قاتتىق سوغۇقتا غاچ ـ غاچ ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك . نۇرى ھاياتىنىڭ بۇ خىل لەززىتىنى زادىلا كۆرمىگەن ، ھازىر ھېچنەدە نە ئوق ئاۋازى ، نە ھۆررا ئاۋازى يوق . شەھەر ساقچىلىقىنى قىلىدىغان پارتىزانلار نۆۋەت بىلەن ئاتلىنىپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىناتتى ، سىرتتىن كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەنلەرنى كۈتۈۋالىدىغان قورallıq پارتىزانلار ھازىرمۇ بايانداي ، ياماتۇ ۋە پەنجىم غولى يوللىرىدا كۆزەتچىلىك قىلاتتى . نۇرى بىردىنلا شۇلارنى ئەسلەپ :
— مەن بۇ يەردە تاماشا قىلىۋاتىمەن ، بۆرىۋاي ، تۇرسۇنلار ھازىرمۇ ئالدىنقى سەپتە ، سوغۇق يەپ پوستتا تۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدى . قىز ئۇنى ئاستا سىلكىپ ناز بىلەن :
— بۈگۈن باشقا خىياللاردا بولماڭ ، پەقەت بىرلا كۈن ! — دېدى .
— ماقۇل مەلىكە ! — دېدى نۇرى كۈلۈپ ، — سىز بىلەن

بىللە كوچا سەيلىسى قىلىش چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى . سىز دەرەخ بېشىدىكى كاككۇك ، مەن پاتقاق ئىچىدىكى پاقا ئىدىم . ئىنقىلاب قالتىس نېمىكەن ، دۈشمەننى يوقىتىپلا قالماي ، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى قېلىن ـ قېلىن سېپىللارنىمۇ يوقاتتى ! ئىنقىلاب بولمىغان بولسا سىز بىزدەكلەرگە قىيا بېقىپ قويماس ئىدىڭىز ـ ھە ؟

— سىز نېمە دېسىڭىز ھەق . يېڭى ھۆكۈمەتتە سىزگە ياخشى ئورۇن تېگىدۇ ، مېنىڭمۇ ئورنۇم ياخشى بولىدۇ ، دەپ سىزگە مېنى مەقسەتلىك يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپسىز ـ ھە ؟

— راست گەپنى قىلسام شۇنداق .

— ياق ، خاتا ئويلاپسىز . مەن سىزنىڭ نۇرغۇن تەرەپلەردە زامانداشلىرىڭىزدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىڭىزنى مەكتەپتىكى چاغدىلا سەزگەن ، كېيىن دوستلىرىمدىن يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىدىم .

— مەسىلەن ، قايسى تەرەپلىرىمنى ؟

— ئەقىللىقلىقىڭىز ، ئەخلاقلىق ، تىرىشچان ، يەنە... يەنە ھېسسىياتقا باي ، كۆيۈمچان... يەنە !...

— ھە ، يەنەدىن كېيىنكىسىنى ئاڭلاي...

— يەنە مۇھەببەتكە ئەسەرلەردە قەھرىمان بولالىغۇدەك سادىق...

— يەنىچۇ ؟

— يەنە... سالماق ، ئادەمنى زېرىكتۈرگۈدەك سالماق ھا ـ ھا ـ ھا !...

قىز يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى ، نۇرى قىزنى ھازىرلا قۇچاقلىسا ، سۆيسە بولاتتى ، لېكىن ئۇنداق قىلالمايتتى . ئۇنىڭ خىيالى شۇ تاپتا يارىلىنىپ ياتقان پەرىخەدە ئىدى .

— مەن راست ئېغىر ، ئەزىمە... مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىر يىگىت بولغان بولسا...

— مەن ئۇنداق شاللاق يىگىتلەر بىلەن بىللە سەيلە

قىلمايمەن .

— ئەمىسە نېمىشقا مېنىڭ ئېغىرلىقىمدىن بىزار بولىسىز ؟

— بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان يىگىت بىلەن بىللە سەيلە قىلىشىم… نەرىمگە بولمىسۇن ، شۇ يىگىتنىڭ يادنامىسى بېسىلىسكەن دېگەن تەمەدىمەن .

نۇرى ئۇنى سىلىق قۇچاقلىدى . قىز ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە تەلپۈندى . ئۇنىڭ لەۋلىرى تەمەدە ، قەلبى تەمەدە . ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۆز بايلىقىنىڭ تەتۈرچە مۇھەببەت نامراتلىقىدا ئىدى .

نۇرى ئېگىشىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى :

— بىز قايتايلى ، زەيتۇنە !

— نېمىشقا ؟

— پارتىزانلار كۆرۈپ قالمىسۇن . بىز راھەتكە ، بايلىققا ، مەنسەپكە بېرىلمەيمىز دەپ قەسەم ئىچىشكەن . مېنى كۆرۈپ قالسا گۇناھكار بولۇپ قالىمەن .

قىز ئۇنى قولتۇقلاپ كەينىگە ياندى .

— سىز يەنە ئالدىنقى سەپكە ماڭامسىز ؟

— ھەئە ، قىساس ئېلىپ بولمۇدۇم تېخى ، مەن شىڭشىڭشياغىچە جەڭ قىلىپ بارماقچىمەن .

— سىزگە مۇشۇ ھۆكۈمەتتىن ياخشى خىزمەت بەرسچۇ ؟

— دېمەكچىمۇ ، بىزنىڭ ئۈچىنچى قەسىمىمىز شۇ مەنسەپكە ئىنتىلمەسلىك !

— دادام تۆرەم بىلەن يېقىن . سىزنى ھەتتا تۆرەمنىڭ يېنىدا مۇھىم ئىشقا قويۇشقىمۇ يول تاپالايدۇ . بىلەمسىز ، بۇگۈن يىغىلغان ساۋاقداشلارنىڭ تولىسى ئالدىنقى سەپتە ئەمەس ، مۇشۇ شەھەردە ھەر خىل خىزمەتلەرنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ . ھۆكۈمەتمۇ بىزگە ئېھتىياجلىق . ساۋاتلىق ، زامانىۋى بىلىمگە ئىگە ياشلار ھۆكۈمەتكە لازىم . مەن مۇئەللىم بولىمەن ، ئۆزۈم بۇ ئىشنى ياخشى كۆرىمەن . خەلقىمىزگە ھازىر ئۇلارمۇ زۆرۈرغۇ ؟

— زۆرۈر . لېكىن ، ھازىر ئەڭ زۆرۈرى ، قورال تۇتالايدىغان جەڭچىلەر !

— مەن سىزگە يالۋۇرسامچۇ ؟ ئالدىنقى سەپكە ماڭسىڭىز مەن بەختسىز بولىمەن دەپ يالۋۇرسامچۇ ؟

— خەلقىمىزنىڭ بەختى بىزنىڭ بەختىمىز . خەلق بىزنى ئالدىنقى سەپكە چاقىرماقتا . بىز خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدىنى زادى يەردە قويالمايمىز !

— ئۇنداقتا سىز بىلەن قانداق ئالاقىلىشىمەن ؟

— مەن سىزگە خەت يازىمەن . نەگە بارسام شۇ يەردىن .

— بۈگۈن كەتمەڭ . سىزگە ئايرىم ئۆي تەييارلاپ قويدۇم . سەل تۇرۇپ تاماق تارتىلىدۇ ، تاماققا كىرەيلى !

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە باللار چاۋاك چېلىشتى ، ۋارقىراشتى ، ھەتتا مەستلەر رۇسچىلاپ :

— گوركى ، گوركى ، — دېيىشتى .

— ئىچىسەن ! — دېدى سېرىق چاچ ، ئۇزۇن بويۇن ، ئورۇق يىگىت ، نۇرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ لىق ھاراق تولدۇرۇلغان ئىستاكاننى تەڭلەپ ، — بىلەمسەن ، پۈتۈن شەھەردىكى يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئۇ قىزدا . ئۇ ھېچكىمنى ياراتماي سەن داڭگال بىلەن بۈگۈن سەيلىگە چىقتى . بۇ بىر چوڭ ئىش ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغاندىنمۇ كاتتا . غەلىبەڭ ئۈچۈن داۋاي !

— مەن ھازىر كېتىمەن !

— ئىچمەي كېتەلمەيسەن ، ئىچ ، ئىچمىسەڭ جېدەل چىقىرىمەن !

نۇرىغا ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى . بىرنەچچە يىگىت — غۇلجا بايلىرىنىڭ باللىرى — زەيتۇنەنىڭ كەينىدىن نەچچە يىل چېپىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن ، بايىقى قىزنىڭ ھەرىكىتىدىن قاتتىق ئازابلانغان يىگىتلەر ئاچچىقىنى ھاراقتىن چىقىرىشقانىدى .

— ئىچ ! — دېدى يەنە دوغىلاق ، پېشانىسى تار ، قاۋۇل

يىگىت ، — غەلىبەڭ ئۇچۇن ئىچ . كاتتا باينىڭ يالغۇز قىزى سېنى مـىـراسخـورلـۇقـقـا تـالـلىدى . سەن ھەممىمىزدىن چىرايلىق ، ئـەقىـلـلـىق ، ئەخلاقلىق ئىكەنسەن ، ھاراق ئىچىشتىمۇ بىزدىن ئۇستۇن بولمامسەن ، ئىچە داڭگال !

نۇرى تۇرۇپ غەزەپلەندى ، تۇرۇپ بۇ ئىشلارنىمۇ دوستلۇقنىڭ بەلگىسى دەپ ئويلىدى . ئۇ :

— ئىچسەممۇ ئىچەي ، لېكىن بۇ سۆزلىرىڭلار ئوشۇقچە ! — دېدى . دوغىلاق گۆلەيدى :

— ئوشۇقچە ؟ ئوشۇقچە دەيدىكەنسەن ، سەن ئوشۇقچە . سەن نەدىن كەلدىڭ ؟

— مەن پارتىزان ، فرونتتىن كەلدىم...

— ۋۇي سەندەك پارتىزاننىڭ ئانىسىنى...

ئـۇ قـولـىـنى كـۆتۈرگۈچە نۇرى ئۇنىڭ تەستىكىگە بىرنى قويۇۋىدى ، ئۇ دىۋانغا ئوڭدا چۈشتى . ئولتۇرغان ئىككىسى چاچراپ تۇرۇپ نۇرىغا ئېتىلدى . نۇرى كەلگىنىنى بىردىن مۇشت بىلەن دومىلىتىۋەردى ، ئۆينىڭ ئىچىدە ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلدى . قىزلار يىقىلغان يىگىتلىرىنى يۆلىشىپ نۇرىنى :

— سەھرالىق ، داڭگال . مەدەنىيەتسىز ! — دەپ تىللىغىلى تۇردى .

نۇرى قۇلاقچىسى بىلەن پاختىلىق چاپىنىنى ئالدى ـ دە :

— خەير خوش ، باي باللىرى ، راست مەن ئوشۇقچە ، مەن سـەھرالىققا بۇنداق يەردە نېمە بار ! — دېدى ۋە سىرتقا ئىلدام مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئۇ دەرۋازىغا چىققاندا ، دەرۋازا ئالدىدا قارا بـۇرۇت ، چىرايلىق بىر ئادەم ئېسىل جۇۋا يېپىنچاقلاپ كۈلۈپ تۇراتتى :

— ئۇلاردىن رەنجىمەڭ ، نۇرمەھەممەت ، ئاۋۇ بىرى بىزنىڭ يۇنـۇس ھـاجىنىڭ نەۋرىسى ، نەگىلا بارسا جېدەل چىقىرىدىغان يىگىت .

— سىلىگە رەھمەت ، رەنجىسەمۇ ئۇلار ئۆز ساۋاقداشلىرىم . سائەت بىرگە ئۇلگۇرۇپ شتابقا بارمىسام بولمايدۇ ! — دېدى نۇرى بۇ ئادەمنىڭ زەيتۇنەنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ .

— راخمان !

بىر يىگىت پەيدا بولدى .

— كالاسكىنى ئاچىق ، — دېدى باي خىزمەتچىسىگە .

— ياق ، ئاۋارە بولمىسىلا .

— ئەزىز مېھمانلىرىمىزنى كېچىدە قوندۇرۇپ قالاتتۇق . لېكىن ، سىز ئىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز . مەن ئىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن ، بالام . بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئىشقا ئاتىغان ئادەملىرى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى ، سىز توغرۇلۇق نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى ئاڭلىدىم . كەلگۈسىڭىز خەيرلىك بولغاي ئىلاھىم !

كالاسكا كەلدى . شۇ چاغدا زەيتۇنە پەيدا بولدى :

— دادا ، مەن نۇرىنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي ! — دېدى قىز ئۇياتچانلىق بىلەن كۆزلىرىنى دادىسىدىن قاچۇرۇپ .

ئاتلار ئويناقلاپ ، كالاسكىنى يېنىك تەۋرىتىپ ماڭماقتا . چاقلار ئاستىدىكى قارلىق يول يېنىك ، رىتىملىق غاچىلدايدۇ . ھەر قېتىم هارۋا سىلكىنگەندە ، قىزنىڭ چېكە چاچلىرى نۇرىنىڭ يۈزىنى يېنىك غىدىقلايدۇ . قىز ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇۋالغان ، ئۇنىڭ بىر قولى نۇرىنىڭ يانچۇقىدا ، يانچۇقتا بىر جۈپ قول — بىرى قوپال ، يوغان ، يەنە بىرى نازۇك ، يۇمشاق قوللار سۆزلەشمەكتە ، سىرداشماقتا . قىز قولى يىگىت قولىنى چىڭ سىقىپ : «مەن مۇشۇنداق قوللارغا تەقەززا ، مۇشۇنداق قوللار مېنىڭ نازۇك بەللىرىمنى تۇتسا ، ئەۋرىشىم دۈمبىلىرىمنى سىيپىسا» دەيدۇ . يىگىت قولى : «چىڭ - چىڭ تۇت ، مىلتىق تۇتۇپ ، قار تاتىلاپ نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم . مەنمۇ راھەتكە ، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە خۇشتار» دېمەكتە... قوللار ھېسسىياتنىڭ

ۋەكىلى، قوللار ئۇن - تىنسىز سۆزلىشەلەيدۇ، ئىگىلىرىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇرالايدۇ. قىز ھاياجان بىلەن يىگىتنىڭ بارماقلىرىنى چىڭ قىستى ۋە:
— قولۇمنى چىڭ تۇتۇڭ، ئىسسىتىپ قويۇڭ! — دېدى پىچىرلاپ.
— قوللىرىڭىز ئوتقۇ، ئوتنى سوۋۇتۇشقىلا بولىدۇ، ئىسسىتىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ!
— ياق دېمەڭ، ئىسسىتىپ قويۇڭ!
يىگىت ئۇنىڭ تولىمۇ نازۇك، يۇمشاق ۋە ئەۋرىشىم بارماقلىرىنى ئوينىدى:
— ئۆمرىڭىزدە سىز تۇتۇپ باققان ئەڭ قاتتىق نەرسە نېمە؟
— قەلەم. سىزچۇ؟
— مەن تۇتۇپ باققان ئەڭ يۇمشاق نەرسە قەلەم!
— قاتتىقچۇ؟
— ئەڭ يېقىن دوستۇمنىڭ جەسىتى...
— شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرىكىڭىز قېتىپ كەتكەنىكەن - دە؟
— شۇنداق. سىز ھاياتىڭىزدا نابۇت قىلغان نەرسە گۈل - گىياھ ياكى يىپەك رەخت بولسا كېرەك - ھە؟
— تاپتىڭىز. مەن بىرەر تىرىك نەرسىنى، ھەتتا - پاشا، چىۋىنلارنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قورقىمەن.
— مەن تەتۈرىچە، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. ھەتتا خۇن خۇمارى تۇتىدۇ.
— قىساس ئۈچۈنلىما؟
— يالغۇز قىساسلا ئەمەس. بۇ بىر كەسپىي كېسەلگە ئايلاندى.
— ئاز قالدى. كەسىپ ئالماشتۇرالايسىز. مېنىڭ دادام قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەممىگە تەييار، ھەتتا بىرىنىڭ ئايىغىنى يېقىلىشقىمۇ تەييار. نۆرى، مېنىڭ بەختىمنى ئويلاپ قويۇشىڭىزنى

ئۇمىد قىلىمەن. ھەممىنى گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈش ھاجەتمۇ؟ مەن سىزنى مەندەك بىر ھېسسىياتچان قىزنى چۈشىنىپ بولدى دەپ ئويلايمەن!

— ھېسسىياتىڭىزنى چۈشەندىم. لېكىن، ھېسسىيات بىر ئادەمگە ھەممىشە ۋەكىللىك قىلىشۋەرمەيدۇ. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق تولىمۇ چوڭ. سىز نازۇك ھېسسىيات بىلەن ھەممىنى ئاسرايمەن دەيسىز. لېكىن، مەن قاتىللىق قورالىنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىمەن. مەن سىزنى قانداقمۇ بەختلىك قىلالايمەن؟

— ياق. مەن ھەممىگە ماسلىشالايمەن، ھەممىگە چىدىيالايمەن. كەينىڭىزدىن سېستىرا بولۇپ مېڭىشقىمۇ تەييارمەن. شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ سىلەر بىلەن بىللە مېڭىشقا تەييارلىنىپ قويدۇم!

— ئۇنداق قىلماڭ، دادىڭىز سىزگە تولىمۇ ئامراقكەن، ئۇ ئادەم ئازابلانمىسۇن!

— ياق، ياق، مەن ھەممىدىن كېچەلەيمەن، سىز ئۈچۈن پۈتۈن راھەت ـ پاراغەت، ئاتا ـ ئانام، ھەتتا گۈزەل ئىستىقبالىمدىن كېچىشكىمۇ تەييارمەن!

قىز ئۈھ تارتتى، يىغلىدى، ئاپئاق پەلەي كىيگەن سول قولى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

كالاسكا ھەرەمباغ مەھەللىسىدىكى پارتىزانلار چۈشكىنگە يېقىنلاشقانىدى. نۇرى باي قىزنىي يېنىك قۇچاقلاپ باغرىغا باستى ۋە كالاسكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— رەھمەت، زەيتۇنە، يەنە كۆرۈشىمىز! — دېدى.

— ئەتە كۆرۈشەيلى، بىزنىڭكىدە!

— ياق، ھازىرچە ۋەدە بېرەلمەيمەن! — نۇرى ئالدىراپ ئۇچۇق دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى، — خەير ـ خوش!

غۇلجا شادلىقتىن كىرپىك قاقمىدى. ھەممىلا ئادەمنىڭ

كوچىغا چىققۇسى ، «شەھەر بىزنىڭ ، بۇ بىزنىڭ شەھىرىمىز» دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى . زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش چەكسىز خۇشاللىق . ئەمدى بۇ شەھەردىن سۇرلۇك ساقچىلار ، قاپىقى يامان ئەسكەرلەر ، قاراپلا قويسا ئادەمگە تۇكۇرىدىغان تەكەببۇر ، سەپرا ئەمەلدارلار ، يانپاشلىرى ئاچا ، ياقىلىرى تىك كۆڭلەكلەرنى كىيىپ ، سامسىپەز ۋە ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىن بۇرنىنى تۇتۇپ ئۆتىدىغان ھاكاۋۇر تەتەيلەر يوقالغان . كىشىلەر ئۆتۈشكىمۇ ئەيمىنىدىغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ يوغان دەرۋازىسى ھاڭغىرقاي ئوچۇق . ئۇ يەرگە پارتىزانلار ئورۇنلاشقان . قېلىن جۇۋا ـ پېيمىلارنى ، ھەر خىل قولاقچىلارنى كىيىشكەن پارتىزانلار بۇ دەرۋازىدىن بەخىرامان كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ . «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرەم كىشىلەرگە تونۇش ، قاڭالتىر ئۆگزىلىك ، خىش بىلەن ياسالغان بىر قەۋەتلىك ئۆينىڭ يورۇق ، گىلەملەر ، كرېسلولار بىلەن بېزەلگەن خانىسىدا ئۇزۇلمەي كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان ھەر ساھە ئادەملىرى بىلەن توختىماي سۆزلەشمەكتە . ئۇ ھەربىر سۆزىدە :

— بىلىپ قويۇڭ ، بىر تال ئوقنى ئۈچ ئالتۇن تىيىنغا سېتىۋالدۇق . بىر تال مىلتىق بىر ئاتقا توختىدى . بۇنىڭدىن كېيىن ھەم سېتىۋالىمىز ! — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قوياتتى .

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچىلار بۇ ئەسكەرتىشتىن : بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور قۇربان بېرىمىز ، گومىنداڭنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جان ، مال ـ دۇنيا ۋە شەخسىيگە تەئەللۇق بولغان گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك دېگەن مەنىنى چۈشىنەتتى .

خۇشخۇي ، ئۇمىدۋار غۇلجا خەلقى «ۋاز كېچىش» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا يەرگە قارايدىغان ، ئاھ ـ ۋاھ دەيدىغان نامەردلەرگە تولىمۇ ئۆچ . ئۇرۇش مەزگىلىدە ۋىژىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلارغا قارشى ئۆمىلەپ مېڭىپ ، كىچىككىنە چانا ـ ھارۋىلارنى سۆرىشىپ ،

پىدائىيلارغا قازان ـ قازانلاردا پولۇ ، نېرىن ، گۆش ۋە قورداقلارنى توشۇغانمۇ ، ياش جىننى ئالىقىنىغا ئېلىپ ، ئالدىنقى سەپتە يىقىلغان پىدائىينى مۇرىسىگە ئارتىپ ، قار ـ مۇز ئاتلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ ، كۆكرىكىگە ئوق تەگكەندە ياردارنى چىڭ قۇچاقلاپ كۇلۇپ يېتىپ جان بەرگەنمۇ ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئېتىنى ، يالغۇز ئوغلىنى ، ئەڭ چوڭ بايلىقى بولغان بىر تال ئالتۇن زىرىسىنى ، ئۆيىدىكى نان ، سۇر گۆش ۋە سېرىقماي ، ھەتتا سۆك ـ تېرىقلىرىنى ئالدىنقى سەپكە توشۇغانمۇ ، قورۇ ـ قوروي ، ئۇيۇر ـ ئۇيۇر ئات ـ يىلقا ، پادا ـ پادا كالا ۋە كومزەك ـ كومزەك ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى قورال سېتىۋېلىشقا تەقدىم قىلغانمۇ مۇشۇ غۇلجا خەلقى . ھەرەمباغ ، لياڭشاڭ ، ئايرودروم سوقۇشلىرىدا ھەر كۈنى ھەربىر مەھەللىدە ئون ـ يىگىرمىلەپ قۇربانلارنىڭ نامازلىرى چۈشۈرۈلۈپ تۇردى . ئاق پوتا باغلىمىغان ئاتا ، ئاق ياغلىق تاڭمىغان ئانىلار قالمىدى . لېكىن ، ئۇلار ئوغۇللىرى بىلەن پەخىرلەندى ، شېھىت بولغان بالىلىرىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىپ ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازادلىقى ئۇچۇن يەنە قولىدا بارىنىڭ ھەممىسىنى تەقدىم قىلىشتى ، قولىدىن كەلگەنلىكى ئىشنى قىلىشتى… مانا شۇ قۇربانلار بەدىلىگە بۈگۈنكى خۇشاللىق پەيدا بولدى .

قەھرىتان سوغۇق ھۇۋلىماقتا ، لېكىن ئادەملەرنىڭ قەلبىدە باھار ھاۋاسى پۇراق چاچماقتا : گويا بۇ زېمىن قايتىدىن يارالغان ، بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىمۇ ، غۇۋا ئاي ـ يۇلتۇزلىرىمۇ يېپيېڭى ، گويا بۇ شەھەردە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىر ئۇلۇغ ئادەم يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ، گويا بۇ شەھەردە ئەمدى قارا بۇلۇت ، بوران ـ جۇدۇن مەڭگۈلۈككە يوقالغان ، گويا بۇ يەردە بۈگۈندىن باشلاپ دەرد ـ ئەلەم ، زۇلۇم ۋە خورلۇق ، قانلىق كۆز ياشلار مەڭگۇ كۆرۈلمەيدۇ…

لېكىن ، ئەخمەت ئۇنداق ئويلىمايدۇ . ئۇ ھەممىنى كۆردى ،

ئاڭلىدى، ئۇ «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ بىر خادىمى سۈپىتىدە ئە .ئىلىلىق دېگەن تەخەللۇسى بىلەن مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدا ماقالىلەرنى يازدى . ئۇ بايىلا ئېلىخان تۆرەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى .

— مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى بىر دۆلىتى پەيدا بولدى ! — دېدى تۆرەم غالىبلارغا خاس غۇرۇر بىلەن ھۆكۈم قىلىپ ، — شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى !

لېكىن ، باشقىلار يەنە باشقىچە گەپلەرنى قىلىشتى :

— بۇ يەردە ئەمدى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇلىدۇ ، تاشقى موڭغۇلىيىدەك !

— ياق ، بۇ يەردە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇلىدۇ ، ياۋروپا دۆلەتلىرىدەك ياكى تۈركىيىدەك !

— بۇ يەر سوتسىيالىستىك ئۆلكە بولىدۇ ، جۇڭگونىڭ ئۆلكىسى . بىز يەنئەن بىلەن ئوخشاش يول تۇتىمىز !

— قانداق ھۆكۈمەت بولسا بولمامدۇ ، گومىنداڭ بولمىسىلا ، خەلق ئېزىلمىسىلا بولغىنى !

— بىز دېگەن پارتىزان . پارتىزانلارنىڭ ئىشى پۈتۈن شىنجاڭدىن گومىنداڭنى ھەيدەپ چىقىرىش . قانداق ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەك دېگەن ئىشنى ئويلىغىنىمىز يوق !

— دۆلەتنى كەمبەغەللەر سورىشى كېرەك . نېمىشقا دېگەندە ، جەڭنى شۇلار قىلدى ، شۇلار ئۆلدى ، شۇلار شېھىت بولدى . ئۇلار بولمىسا غەلىبە نەدىن كېلەتتى ؟

— كەمبەغەل دېگىنىڭ ئۆيىنى باشقۇرالمايدۇ ، ھۆكۈمەتنى نەدىن باشقۇرسۇن !...

ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ ، ھەممىلا ئادەم ئەمدى نېمە بولىدۇ ، قانداق ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ دېگەن بىرلا ئىشنى ئويلىماقتا : ئىنقىلاب قوزغاشقا ئاتلانغانلار ئۆزلىرىگە تېگىدىغان ھوقۇق ـ مەنسەپ كويىدا ؛ بايلار خەجلىگەن پۇلىغا تۇشلۇق پايدا تېپىشنى ،

دىـنـدارلار دىـنـنـىـڭ كـۈچىدىن كۆپرەك بەھرىمەن بولۇشنى، سىياسەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە قورۇلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى ۋە ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، پۇقرالار بولسا سېـلـىـقـى ئـاز (ھـەتـتا يوق)، جەبىر - زۇلۇم سالمايدىغان ھـۆكـۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى، ياشلار بولسا ئۆز ئىستىقباللىرىغا كۆيۈنىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ...

ئـەخـمەت گېزىتخانا ھويلىسىنىڭ قارلىرىنى تازىلاۋېتىپمۇ، كـېـچـىـلـىـرى كىتاب ئوقۇپ، ماقالە يېزىۋېتىپمۇ، ھەتتا ساي بويىدىكى كىچىك دادىسىنىڭ ئۆيىگە يېرىم كېچىدە كېتىۋېتىپمۇ، خـەلـقـتـىـن ئاڭلىغان ئىنكاسلارنى ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەت توغرىسىدا باش قاتۇرماقتا. ئۇ ھەممىنى ئاڭلىدى، ئويلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىر تۈگۈنچىكە تۈگۈپمۇ بولدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قانداق بىلدۈرۈشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە ئۇنىڭ تونۇيدىغىنى گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ھەبىب يۇنىچ ئىسىملىك ئـاشـۇ كىشى. كېسەللىك ئازابلاپ تۇرسىمۇ ئۇ يەنىلا تىرىشىپ ئىشلىمەكتە. شىـڭ شىسەي دەۋرىدىن باشـلاپ گېـزىتخانا باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن بۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ۋە تىرىشچان ئـادەم ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا ئېلىخان تۆرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئەخمەت يېرىم كېچىدە ئاق سېرىق، كۆك كـۆز، كەم سۆز باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ ژۇكوف بـىـلـەن كـونىيېف مارشاللارنىڭ بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى توغرىسىدىكى بىر مۇھىم خەۋەرنى تەرجىمە قىلىپ ئەكىرگەنىدى. ھەبىب يۇنىچ ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپ ئەخمەتنى:

— كېلىڭ، كېلىڭ، قاسىموف! — دېۋىدى، ئەخمەت كۈلۈپ تۇرۇپ خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— مـەن قـاسـىـمى دېگىنىم ياخشىمىكىن دەپ ئويلايمەن، — دېدى.

ھەبىب يۈنچ بۇ سەزگۈر يىگىتكە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قاراپ :

— ياخشى ئويلاپسىز ، ئەخمەتجان قاسىمى ! — دېدى ۋە ھالسىز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقتى ، — مەن سىزنى ئىلىخان تۆرەمگە تونۇشتۇردۇم . تۆرەم سىزنى ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرۇپ مەخسۇمنىڭ يېنىدا كاتىپلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلدى . ئەتىگەنلىكى ئۆزۈم باشلاپ باراي !

— مېنىڭ گېزىتخانىدىن كەتكۈم يوق . بۇ يەر خەلق بىلەن سۆزلىشىشكە ئەپلىك ! — دېدى ئەخمەت .

— ئۇ يەر تېخىمۇ ئەپلىك ، قاسىمى . ھۆكۈمەتنىمىز بىلىملىك ، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارغا تولىمۇ موھتاج . بىر چوڭ ، مۇھىم ئەقىدە بىلەن خەلقنى يېتەكلەيدىغان چاغ كەلدى . جەڭچىلەر ، پارتىزان ، ھۆكۈمەتمۇ پارتىزان ، ئەمدى مۇنتىزىملاشقان ئەسكەر ، ھۆكۈمەت بولمىسا بولمايدۇ .

— خەلقنىڭ ئارزۇسى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بەكمۇ يىراقلىشىپ كېتىپ باردۇ ، ھەبىب ئەۋزى . ئەمگەكچى خەلقنىڭ توپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھۆكۈمەت ، ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش . خىلمۇخىل پىكىرلەر بار ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ، كۆپچىلىك ئاساسەن قوبۇل قىلالايدىغان بىر پروگرامما تۈزۈپ چىقىش كېرەك !

— ئاساسەن قوبۇل قىلالايدىغان دېدىڭىزما ؟ بۇ گېپىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپقۇ ، قاسىمى .

ئۇلار ھۆكۈمەت ، خەلق ، ئارمىيە مەسىلىلىرىدە ئۇزاق پاراڭلىشىپ شۇ ئىشخانىدا قونۇپ قېلىشتى .

فېۋرال ئېيى تېخىمۇ قاتتىق سوغۇق بىلەن باشلاندى . قولنى يەڭدىن چىقارغىلى بولمايدۇ ، تەبىئەت جانلىقلارنى قاتتىق سىناقتىن ئۆتكۈزمەكتە . نامراتلارنىڭ ئۆيلىرىدە يەنىلا بوران ئۇچۇپ تۇرماقتا ، كوچىلاردا يەنىلا لالما ئىتلار سەكىلدىشىپ ـ غىڭشىپ

يۇرۇشمەكتە، ئاشخانىلارنىڭ ئالدىلىرىدا جۇل - جۇل كىيىملىك، پاسكىنا - قاسماق ئادەملەر مەيدىلىرىنى ئوتقا قاقلاپ، قوتۇر كۈچۈكلەر بىلەن ئورۇن - سۆڭەك تالىشىپ يۇرۇشمەكتە. ئۇلار غەلىبە خۇشاللىقى، هاكىمىيەت - دۆلەت دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئېسىۇ خىيالى نادان، هارارەت ۋە جان ئارامىدا. دېهقانلارمۇ چانىلىرىغا بىر - ئىككى تاغار ئاشلىق قاچىلاپ، نەچچە ئون كىلومېتىرلىق كاتاڭ، قار - مۇزلۇق يولنى بېسىپ، ئاشلىقىدىنمۇ ئېغىر غەم بىلەن شەهەرگە كىرىشكەن. ئۇلارغا لازىمى ئاشلىقنىڭ، چاي - تۇزنىڭ باهاسى. ئالىدىغىنى ماتا - شاتىۋار، «پىت بازىرى»دىكى كونا - يالغان كىيىملەر. يەيدىغىنى قاتتىق نان بىلەن قايناق سۇ. ئۇلارنىڭ هاياتىدىمۇ زادىلا ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇلارغىمۇ نە هاكىمىيەت، نە ئەسكەر، نە سىياسەتنىڭ لازىمى يوق. ئۇلارنىڭ ئاشلىقى ئوبدان پۇلغا يارىسا، لازىملىقلىرىنىڭ باهاسى چۈشسە، ئۆيىگە ئوبدان بازارلىق بىلەن قايتىپ، بالىلىرىنى خۇشال قىلىۋالسا بەخت دېگەن مانا شۇ، سېلىقلار بولمىسىلا، تەرگەن ئاشلىقىغا ئۆزى ئىگە بولالىسىلا، ساپان تۇتۇپ، خامان ئېلىپ، ئۆستەڭ - ئېرىق چېپىپ ناخشىسىنى ئېيتىۋېرىدۇ، خۇشاللىق - بايرام دېگەنمۇ مانا شۇ...

مۇختەرباي ئەخمەتنى هەممىلا يەردىن ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى. ئاخىر ئۇ زىياۋۇدۇننىڭ كۆكچىلىك مەهەللىسىدىكى ئابدۇمەردىن قالغان ئۆيىگە كەلدى. بۇ مەهەللىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن تۇڭگانلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان، ئۇلار ئۆزلىرىنى «بەيىەنخۇنىڭ ئەسكەرلىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەهەللىسىدىمۇ غەلىبە شادلىقى بولغاچقا، يېرىم كېچىدىمۇ چىراغلار ئۆچمىگەنىدى.

— پاھ، مۇنۇ تۇڭگانلارمۇ تونىگەن ئوخشىمامدۇ، — دېدى مۇختەرباي ئۆز - ئۆزىگە، — مۇزاتتىن ئاقسۇغا قېچىپ ئۆتكۈچە

ھەممە تۈگگان بىز خەقنى تىللاشقان . مەن ئات باقار بولمىغان بولسام ئېتىۋېتەتتى ئاشۇ ما دېگەنلەر . جەگىنى بىز قىلساق بولارنىڭ خـۇش بولـۇپ كـەتكىنىنى ، ھە راست ، ئەخمەت مېنى مىللەت ئـايـرىـما ، يۇرت ئايرىما دېمىگەنىدى . ئاۋۋال ئىنسان ، ئاندىن مىللەت . بۇ نېمە دېگىنىكىنتاڭ ئۇنىڭ . شۇنى پاشا قىلىپ سايلىسا ھەممە ئىش تۈزىلىپ كېتەتتى . مۇتائالى خەلپىتىمگە ، ھېكىمبەگ غوجامغا ئېيتمىسام بولمىدى…

لېكىن ، زىياۋۇدۇننىڭ ئۆيىدە شادلىق ئورنىغا يىغا ـ زار بـولـمـاقتا ئىدى . كىچىككىنە خەمىت نېمە بولدىكىن توختىماي يىغلىماقتا . ئالتە ئايلىق بوۋاقنىڭ يىغىسىغا ئەگىشىپ ، پەرىخە ئـانـىـسى بىلەن ھەدىسىنى يادلاپ ، زىياۋۇدۇن كۆيۈمچان ، ئاق كـۆگـۈل ئوغلى دەرانى سېغىنىپ ، بەرا بىلەن كىچىككىنە قىز قېرىندىشىنى سېغىنىپ يىغلاشماقتا ، ئۇلارغا زىياۋۇدۇننىڭ خوتۇنى بـىـلـەن ئـىـكـكى ئۆگەي قىزىمۇ قوشۇلۇپ يىغلاشماقتا ئىدى . مۇختەرباي دەرۋازىنى قاقتى ، لېكىن ھېچكىم ئاچمىدى ، ئۇ قاتتىق ۋارقىرىدى ، ھېچكىم ئاڭلىمىدى . ئۇ ئاخىر ئېتىنى قورۇق تامنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ ئېگەرنى دەسسەپ ئۆگزىگە ياماشتى . ئات مېڭىپ كەتتى ـ دە ، ئـۇ پۇتلـىرىنى سـاڭگىلىتـىـپ ، ئۆگـزىنىڭ لىم ياغاچلىرىنىڭ ئۇچىغا ئېسىلىپ پۇلاڭلاپ قالدى . ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى . يەرگە چۈشسە پۇتى سۇنىدۇ ، ئۆگزىگە چىقىشقا ئۇنىڭ چـامى يـەتـمەيدۇ ، سوغۇق جاندىن ئۆتىدۇ ، قوللىرىنىڭ ئېغىر بەدەننى كۆتۈرگۈدەك كۈچى يوق :

— ۋاي زىيەك ، ئۆلدۇڭمۇ ؟

— تـېـخـىـچـە ئـۆگـزىـگـە يامىشىپ يۈرەمسىنا ، نېمانداق ئوڭشالمايدىغان خۇي بۇ ؟

زىياۋۇدۇن دەرۋازىنى ئېچىپلا ساڭگىلاپ تۇرغان مۇختەربايىنى جىملىدى .

ئـۇلار ئـۆيـگـە كـىـرگـەنـدە خەمىت بىلەن پەرىخە تېخىچە

يىغلىشىۋاتاتتى .

— بۇ ئاي ، بۇ كۆنلەردىمۇ يىغلامدىغان ! — دېدى مۇختەرباي پەرىخەگە سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ ، — پاھ ، بۇ قىز ئاسىيەدىن ئــۇرغۇن چىرايلىقكەنا ! ھە ، نۇرى يوق ، ھەممىڭلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرامدۇ نېمە ؟

— شۇ ! — دېدى زىياۋۇدۇن ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ ، — ھەممە ئۆيدە كۆلكە ، بىزنىڭ ئۆيدىلا يىغا - زار .

— پەرىخە قىزىم ئانىسىنىڭ تۇتقان قاچا - قۇچىلىرى ، ئۆز قولى بىلەن ئۆستۈرگەن گۈللىرىنى پۇراپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كــەتــتــى . دېــمــىــســـــمۇ ياخشى كۈنلەردە يېقىنلىرىڭ بۇرنۇڭغا پۇرايدىكەن ، كۆڭلۈڭ كىنەيدىكەن ، چىدىمايدىكەنسەن !

— مەنمۇ ئەخمەتنى ئىزدەپ تاپالمىدىم . تۇرمىدە سىردىشىپ ئــۇنىڭغا ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن . يېقىن ئادىمىم شۇ . يەنە بىرى سەن . مانا سېنى كىنەپ كەلدىم . قېنى بىردەم سىردىشايلى ، نۇرى ھازىر نەدە - ھە ؟

نۇرى بۇ چاغدا قوماندانلىق شتابتا — پارتىزانلار بىلەن بىللە ئىدى . ئۇلار توقۇم ، پارچە كىگىزلەرنى سېلىنچا قىلىپ تاختايلىق ئۆيلەردە ئېغىناپ يېتىشاتتى . ئۆي ئىس بىلەن تولغان ، ھارغىن گەۋدىلەر نەچچە كۈنلەپ ئۇيقۇ كۆرمىگەن ، قار - مۇزنى قۇچاقلاپ ، قولىدىكى بەتلەكلىك مىلتىقىنى باغرىغا بېسىپ ، پۈتۈن دىققىتى بــىــلــەن دۈشــمــەنلىرىنىڭ ئوت توچكىلىرىنى كۆزلەپ يېتىشقان چارچىماس يىگىتلەر بەس - بەس بىلەن خورەك تارتىشماقتا ئىدى . نۇرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېگەرنى بېشىغا قويۇپ ، توقۇمنى ئاستىغا سېلىپ ، كەلگۈسىدە بولىدىغان جاپالىق جەڭلەر توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ ئاستا - ئاستا مۈگدىمەكتە ، بۇ ئۇنىڭ شادلىقى ، غەلىبە خۇشاللىقى ئىدى .

غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغانــدا ، نورىغا ئوخشاش كەلگۈسى جەڭلەرگە ئۆزىنى ئاتىغان پارتىزانلارنىڭ سانى يىگىرمە توققۇز مىڭ

ئـالــته يۇز ئەللىكتىن ئاشتى . ئۇلارنىڭ قىنى قىزىغان ، ئۇلار شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەشنى ، جىڭ ـ شىخولاردا غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ ئۇرۇمچىگە ، جەنۇبتا ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوتەنلەرگىچە جەڭ قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى .

ئـۇلار ئـاشـۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن ئۇخلىماقتا ، كەلگۈسىدە بولىدىغان قانلىق جەڭلەر ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بەدىنى ، روھى ۋە ئەزىز جېنىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئۇخلىماقتا...

## 40

غۇلجا كوچىلىرىدا ئەگىز سۇلار ئېقىپ تۇگىدى . قىرلاردا باھارنىڭ تۇنجى مايسىلىرى كۆز ئاچتى ، شەرقتىن سەلكىن شامال كېلىپ ، قىشتىن بېرى غەرق ئۇيقۇدا ياتقان دەل ـ دەرەخلەرنى غىدىقلاپ ئويغىتىپ يېڭى ھايات لەززىتىگە ئۈندىدى . ئاخىرقى قارمۇ يـامغۇر ئارىلاش يېغىپ باھار ھارارىتىنىڭ تەپتىنى كۆرسەتتى ، يــوپۇرماقسىز دەرەخلەرنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرىدا باھار ئەلچىسى قارغۇجىلار چـۇرۇقلاشـتى ، كەپتەرلەر بۇقـۇلداشتى ، پاختەكلەرمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى... غۇلجا كوچىلىرىغا باھار ھىدى ئاقتى .

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورنىغا جـايـلاشـقـانــدى . 1871 ـ يىلى چاررۇسىيە غۇلجا شەھىرىنى بېسىۋېلىپ ، گېنېرال كالپاكوۋسكىينى غۇلجىنىڭ گوبېرناتورى قىلىپ بەلگىلىگەندە پەيدا بولغان بۇ بوك دەرەخلىك باغ ، شەرق تەرەپتە سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ياندىش ، غەربتە بولسا ئايرودرومغا كېتىدىغان ، ساي سۈيىنى بويلاپ ماڭىدىغان چوڭ يولغا چېگرا . باغنىڭ شىمالىدا مۇسا گۆڭدىن باشلانغان ئىلى ۋاڭ ـ گۇڭ ـ تەيجىلەرنىڭ قەبرىستانلىقى «ئالتۇنلۇق» دېيىلىدىغان دۆڭلۈك ، بۇ دۆڭلۈك ھەرەمباغ بىلەن تۇتىشىدۇ .

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھويلىسى پارتىزانلار بىلەن تولغان . بۇ پارتىزانلار ئۆز باشلىقلىرىنىڭ نامى بىلەن — پاتىخ توپى ، غېنى

تـوپى ، ئىسھاقبېك ئەسكەرلىرى ، غۇلجا پىدائىيلىرى ، قورغاس پـارتىـزانـلىرى... دېگەندەك ناملاردا ئاتىلاتتى . ئۇلارغا ھەربىي مەشىق ، قورال مەشقى بولۇپ تۇراتتى . لېكىن ، ئۇلار مۇنتىزىم ئـەسـكـەر بـولـمـىغاچقا ، غۇلجا شەھىرىدە دائىم دېگۈدەك ئۇلار قاتناشقان ۋەقەلەر يۈز بېرەتتى . ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئۇلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرغىنى بىلەن ، كونكرېت تۈزۈم ، بەلگىلىمىلەر تېخى تۈزۈلمىگەنىدى .

ھـۆكـۈمـەتـنـىـڭ بـىرىـنـچـى ئـىـشى مۇشۇ ئەسكەرلەرنى مـۇنـتـىـزىـمـلاشـتـۇرۇش ئـىـدى . بۇ ئىشقا تەجرىبىلىك رۇس ئوفىتسېرلىرىدىن پالىنوف ، ماژاروف ، لېسكىنلار ، تەجرىبىلىك ھـەربـىـي باشلىقلاردىن ئىسھاقبېك ، مارتوف ، ياروفقا ئوخشاش كـىشىلەر مەسئۇل قىلىندى . ئۇلار تەربىيە كۆرمىگەن دېھقان ، چـارۋىـچى ، شـەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ياشلىرىنى ئىنژۋۇت ، روتا ، باتاليون قىلىپ تەشكىللەپ ، ئۇلارغا سوۋېت ئوفىتسېرلىرى ۋە ئـانـچە - مۇنچە تەربىيـلەنگەن يەرلىـكلەرنى مەسئۇل قىلىپ ، ئاساسىي ھەربىي بىلىملەر بويىچە مەشىق ئېلىپ بارماقتا ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چوڭ باغ ، ھەرەمباغ ، ئايرودروم ۋە باھار بىلەن يـالـڭـاچـلانـغـان ئـېـتـىـز ، باغلاردا كوماندىرلارنىڭ ئاۋازى ، جەڭچىـلەرنىڭ گۈپ - گۈپ قىلغان ئاياغ تـىـۋىشلىرى توختىماي ئـاڭلىنىپ تۇراتتى . ئىسھاقبېك ئەسكەرلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى . ئۇ گىمناستوركا سىرتىدىن تاسما پوتا بىلەن بېلىنى چىڭ باغلىۋېلىپ ، ئۆتۈك كىيگەن پۇتلىرىنى چەبدەس بـېـسـىـپ ، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ كىيىنىش ، مېڭىش ، ئۆمىلەش ، مـىـلـتـىق تۇتۇشقا ئوخشاش ئەڭ تۆۋەن ئەسكىرىي قائىدىلىرىنى ئـەسـتايىدىل كۆزدىن كەچۈرەتتى . ئېلىخان تۆرەم — ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رەئىسىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇشىنى ، ئەسكەر ئىمام - مەزىنلىـرىنـىـڭ دىنىـي ساۋاتلىـرىنى دائىـم تەكشۈرۈپ تۇراتتى :

— قولۇڭدا ئىككى قورال بار ، بىرى ئىمان ، بىرى مىلتىق ،

مىلتىق بىلەن دۈشمەننى ئۆلتۈرسەن ، ئىمان جىنىڭنى ساقلايدۇ !

ئىنسھاقبېك ئاپرېلنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە كۆك سىرلانغان رېشاتكىلار قورشاپ تۇرغان تاختايلىق پەلەمپەي بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ئېلىخان تۆرەمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى . ئۇ زالدا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئۇچراشتى .

— تۆرەم خاپا ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى بېلىدىكى پوتىسىغا بىر قولى بىلەن تايىنىپ تۇرۇپ ، — بۈگۈن چېچىلىپلا قاپتۇ .

— نېمىگە ؟

— رەئىسمەنۇ ، يولىيورۇق ئورۇس كونسۇلىدىن . ئۇلارسىز ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ ، يىگىنگە يىپ ئۆتكۈزۈشكىمۇ يولىيورۇق ئالىمىز ، بىز ھۆكۈمەتمۇ ، قورچاق ؟ — دەيدۇ تۆرەم خاپا بولۇپ .

— خېلى يوللۇق ، چوڭ - چوڭ ئىشلاردا مەسلىھەت ئالساق ، كۈندىلىك ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلساق مۇۋاپىق بولىدۇ .

— شۇنداق . يىگىرمە ياشتىن قىرىق بەش ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەر دېگەن بۇيرۇققا رۇس ئوفىتسېرلىرى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ، ئون سەككىز ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغان ياشلار ئەسكەر بولۇشى كېرەك دېيىشىدى ، تۆرەم چېچىلىپ قايناپ قالدى .

— كېيىنكى لايىھە ئورۇنلۇق ، چۈشەندۈرسەك تۆرەم كۆنىدۇ .

— يەنە مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر . تۆرەم دېھقانلارغا سېلىق سالمىمىز دەيدۇ . ھېكىمبەگ غوجام : خۇرجانى سېلىقتىن قۇتۇلدۇرىمىز دەپ بۇ غازاتقا ئاتلاندۇق . يەنە خۇرجاغا سېلىق سالساق غازاتنىڭ پايدىسى نېمە ؟ مالغا ، قولىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ، پۇلىغا قاراپ بايلاردىن ئالايلى ، دەيدۇ .

— بايلارمۇ كۆپ ياردەم قىلدى ، گومىنداڭ خەزىنىسىدە ھېچقانچە بايلىق يوق ئوخشىمامدۇ ؟

— كۆپ ئەمەسكەن . مالىيە مىنىستىرى ئەنۋەر مۇسابايوف

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەرز ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . لېكىن ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ هالى چاغلىق !

— ئېلىخان تۆرەم تۈركىيە بىلەن ئالاقىلىشايلى ، دەمدۇ قانداق ؟

— هەئە . ئافغانىستان ، تۈركىيە ، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتساق دەيدۇ .

— هازىرقى ۋەزىيىمىز جەڭ قىلىش . شەرققە ، جەنۇبقا ، شىمالغا تېزدىن يۈرۈش قىلىش . ئەسكەرلەر تولىمۇ تەقەززا . گومىنداڭغا كۈچ توپلاپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئىمكان بەرمەسلىك كېرەك ئىدى . جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىدىن تېزدىن ئەسكەر يۆتكەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . مالىيە قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىمۇ سوقۇش قىلىش . مەن مۇشۇ ئىش بىلەن تۆرەمنىڭ ئالدىغا ماڭغانىدىم . ئوتتۇز مىڭدەك ئادەم يەپ يېتىۋەرسە تاغمۇ توشمايدۇغۇ !

— پىكرىڭىز ناهايىتى توغرا . ئالتايمۇ ئاساسەن ئېلىنىپ بولدى . جىڭ ، شىخودا دۈشمەن كۈچلۈك مۇداپىئە تەييارلىقى كۆرمەكتە . شىنجاڭنىڭ هەممىلا يېرىدە پارتىزانلار پەيدا بولدى . ئۇلار بىزنىڭ يېتىپ بېرىشىمىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە . ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا ۋەزىيىتى هازىر بىزگە پايدىلىق . ستالىن بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ زىددىيىتى هازىرمۇ كەسكىن . سوۋېت ئەسكەرلىرى بېرلىن بوسۇغىسىغا يېتىپ باردى . گىتلېر پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرلىن ئەتراپىغا ئودېر دەرياسىنى بويلاپ ئۈچ چەمبىرەك مۇداپىئە لىنىيىسى ياسىماقتا . ئۇنىڭ هالاكىتى يېقىن . دۇنيادا ئوق ئاۋازى يىتكەندە بىز ئۇرۇمچىگە هۇجۇم قىلساق پۈتۈن دۇنيانىڭ بىزگە كۆزى چۈشىدۇ . ۋاقىت غەنىيمەت ، باشقا ئىشلارنى كېيىنگە قالدۇرۇپ ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىگە تۇتۇش قىلغان ياخشى .

ئۇلار ئىختىيارسىز هالدا چوڭ ئىشلار : رېئاللىق ، ئىستىقبال ۋە سىياسىي كۆرەشلەر توغرىسىدا سۆزلەشكەچ ، كاتىبات

ئىشخانىسى — ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى . ئەخمەتجان ئىسھاقبېككە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ، پات ئارىدا ئېلان قىلىنىدىغان ئارمىيە قۇرۇلمىسى ، ئارمىيە بەلگىسى ، يەنى بايراق ، كاكار ، ھەربىي ئۇنىۋان ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدىكى پىكىرلىرىنى ئېيتتى . ئىسھاقبېك ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى قوللىدى ، ئۇلار پىكىر - مەسلەكداش بولۇپ چىقتى . ئاخىرىدا :

— ئاڭلىسام ، توي قىلىۋاپسىز ، — دېدى ئىسھاقبېك ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قوللىرىنى قىسىپ ، — مۇبارەك بولسۇن .

— تۇرمۇشنىڭ تەلىپى بىلەن مۇشۇنداق يېڭىلىقلار بولۇپ تۇرىدىكەن . ئانا يۇرتۇمغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشنىڭ كويىدىمەن . ئۆزۈن يىل سەرگەردان بولدۇم ، سىزمۇ ھەم شۇنداق .

— مەنمۇ مۇشۇ يەرگە يىلتىز تارتىشنىڭ كويىدا . ئۇكام ، مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمدىن خەۋەردار ئىكەنسىز - دە ؟

— ئانچە - مۇنچە خەۋەردارمەن . تۇرمىدە ھەممىنى ئاڭلىدىم . بىز يالغۇز مەسلەكداشلا ئەمەس ، مۇھىمى ، بىز تەقدىرداش !...

ئەخمەتجان بىلەن سۆزلەشكەنسېرى ، ئىسھاقبېكتە بۇ ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش كىچىك ، سوۋېت ئەسكەرلىرىدەك گىمناستوركا ، ئۆتۈك كىيىپ يۈرىدىغان يىگىتكە ھۆرمەت ئۇلغىيىشقا باشلىدى . ئەخمەتجان خۇشخۇي ، قىزغىن ، بىلىمى كەڭ ، يىراقنى كۆرەر يىگىت بولۇپ تۇيۇلدى . بۇ خىل ئادەملەر ئۆز سۆھبەتداشلىرىنى ئوڭايلا يېنىدىن كېتەلمەس قىلىپ قويىدۇ . ئىسھاقبېكنىڭ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن كەتكۈسى كەلمەي قالدى . ئىشخانىدا بىردە رۇس ، بىردە قازاق ، بىردە تاتارلار ئىش بىلەن كىرەتتى . ئەخمەتجان قايسى مىللەت كىرسە ، شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا راۋان سۆزلەيتتى . ئېلىخان تۆرەم نەچچە قېتىم چاقىرتىپ ئاچچىقىپ كەتتى . ئەخمەتجان تېزلا قايتىپ كېلىپ ئىسھاقبېككە قىرغىز تىلىدا چاقچاق قىلىپ :

— ئېرى ئېل تابادى ، ئېلدى ئېر باغادى دېگەن قىرغىز خەلق ماقالى بار ، — دېدى .

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ئابباسوف خاپا ھالدا ئۆلارنىڭ يېنىغا كىردى. يىگىرمە تۆت ياشلىق چىرايلىق، ئوتتۇرا بوي يىگىت غۇلجا پارتىزانلىرىنى تەشكىللەپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش كۈرەشلىرىدە تۆھپە يارىتىپ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بۇ يىگىت يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئىككى گېپىنىڭ بىرىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى مىڭ يىمىڭ، ئىلمىي مۇدىرى لىن جىلۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بۇ ئادەملەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. كوممۇنىزم ئىدىيىسى، كەلگۈسىدە ئانا يۇرتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىدەك ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش نىشانى ئەخمەتجان بىلەن ئىسھاقبېككە ئوخشاش ئىدى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ 1937 — 1938 - يىللىرى تاملىرىغا يوغان خەت بىلەن يېزىلغان «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي - ساددا بولۇش، جانلىق - تېتىك بولۇش» دېگەن شوئارلار بۇ يىگىتنىڭ شەخسىي خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغاچقا، بۇ يىگىت ھازىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە ھوقۇق تۇتۇۋاتقان بىر قىسىم ئادەملەر بىلەن، ھەرقايسى پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ بىر قىسىم باشلىقلىرى بىلەن چىقىشالمايۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ھالىنى ئېيتىش ئۈچۈن مۇشۇ ئىككى كىشى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. مانا بۈگۈن بۇ پۇرسەت يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ خاپا، روھى چۈشكۈن ھالدا:

— مەن ھال ئېيتىدىغان ئادەم ئىزدەپ سىلەر بىلەن بىر سائەت پاراڭلىشاي دەپ يۈرەتتىم. ئىزدىگەن ئاكىلىرىم بۈگۈن ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمغا كەلدى، — دېدى زورىغا كۈلۈمسىرەپ.

ئىككىيلەن تەڭلا ئۇنىڭ سارغايغان، مىسكىن چىرايىغا قاراشتى. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن، يوغان كۆزلىرىدىن ئازاب ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئازابلىرى ئېيتمىسىمۇ ئىككى ئاكىسىغا چۈشىنىشلىك ئىدى. يېقىندا ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى ياڭ فېڭيى

ئـۆزىـنـى ئـىـتـىپ ئۆلۈۋالدى . قىزنىڭ دادىسى — ياڭ چۈنلىن ئىسىملىك ئىلى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بۇ تۇيۇقسىز ئـۆلۈمدىن سەۋدايى بولۇپ قالدى . غۇلجىدا بولغان «خىتايلارنى قىرىش» ھەرىكىتىدە ئابدۇكېرىم ئاباسوف ياڭ ئائىلىسىنى ئۆز ئۆيىدە مۆكۈندۈرۈپ ، ئۇلارنى قىرغىندىن ساقلاپ قالغانىدى . قىز تۇيۇقسىز ئۆلۈۋالدى . ئۇنىڭدىن بىر پارچىلا خەت قالدى . خەتكە : «مـەن بۇ ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن سىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ ، ئاسىيا زېـمـىـنـىـدا يەنە بىر قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چـىـقـىـشـىـڭلارنى تىخىمۇ ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يېزىلغانىدى . ئاباسوف ئۆزىگە يېزىلغان بۇ خەتنى قىممەتلىك خاتىرە قاتارىدا يېنىدا ساقلاپ يۈرمەكتە . ئۇلار ئۇرۇمچىدە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا پىكىرداش ، دوست بولۇشقان . 1943 - يىلى غۇلجىدا «ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» قۇرغاندا ، ئاباسوف «يېرەن» دېـگـەن تـەخەللۇس بىلەن ، ياڭ فېڭيى بولسا «ئەيرەن» دېگەن تـەخەللۇس بىلەن بىر - بىرىگە مۇھەببەت خەتلىرى يېزىشقان . 1945 - يىلى يانـۋاردا غـۇلجا ئازاد بولغاندا ، ئۇزۇن ۋاقىت قار - مۇزدا يېتىپ - قوپۇپ سوقۇش قىلىپ ئاباسوف كېزىك كېسىلىگە يولۇقتى . ياڭ فىڭيى ئۇنى ئۆز ئۆيىدە ساقايغىچە باقتى . بۇ چاغدا ئـۇلار كـەلـگۈسىدىكى گۈزەل ھايات توغرىسىدا قانچە قېتىملاپ سىرداشقان ، بىر - بىرىگە سادىق بولۇپ ، بىللە قېرىپ ، بىللە ئالەمدىن ئۆتۈشكە ۋەدە قىلىشقانىدىغۇ ، مۇھەببەت ئۇلارنى تېخىمۇ بـىـرلـەشتۈرگەن بىر چاغدا قىز نېمىشقا ئۆلۈۋالدى؟ ئاباسوف قىزنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تولىمۇ ئازابلاندى ، ھەتتا ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ قىز بىلەن بىللە كەتمەكچىمۇ بولدى . لېكىن ، ئۇ ئۆزىنى خەلق ئىشىغا بېغىشلىغان ، ئۆزى ئۈچۈن ياشاش ئۇنىڭ ئۈچۈن يات تۇيۇلغاچقا ئۇ ئۇنداق قىلالمىدى .

— سـىـزگە بېرىلگەن جازاغا چىدىمىدى بەلكى ، — دېدى ئىسھاقبېك بۇ ئەسلىمىلـەردىن كېيـىـن بىرىنـچى بولـۇپ سـۆز

قىلىپ، — بىز قاتتىق تۇرمىغان بولساق سىزنى ھەممىدىن ئىلىپ تاشلىماقچىدى.

1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىككى پارتىزان باشلىقى ئون ئالتە ياشلىق بىر خەنزۇ قىزغا باسقۇنچىلىق قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ھەم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان ئابباسوف بۇ ئىشنى ئاڭلاپ نەق مەيدانغا بىرىپ ھىلىقى ئىككى باسقۇنچىغا ئۆلۈم جازاسى ئىلان قىلدى. شۇ يەردىلا ئابباسوفقا قارشى ئادەملەر چۇقان كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىشتى. بۇ ئىش ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى غەزەپلىنىپ ئابباسوفنىڭ يەنە ئەمىلىنى ئىلىپ تاشلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسھاقبېك باشلىق ئادەملەر قارشى چىقتى. ئاخىر تالاش - تارتىش قىلىشىپ، ئابباسوفنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى دىگەن ئەمىلىنى ئىلىپ تاشلاپ، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىقىنىلا ساقلاپ قېلىشتى. ئابباسوفقا بۇ ئىش قاتتىق زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يىغىنىدا: «مىللىي مەسىلىنى ئېنىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم» دىگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسھاقبېكمۇ ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىغا قوشۇلدى، ئەخمەتجانمۇ «ئاۋۋال ئىنسان، ئاندىن مىللەت» دەيدىغان نەزەرىيىسىگە ئاساسەن خەنزۇلارنى قارا - قويۇق قىرغىن قىلىشقا قارشى تۇردى. ھۆكۈمەت يىغىنىدا ئابباسوف «... مەن شۇنداق باياناتا ئېلان قىلىمەنكى، ئەگەر كىم بىزنىڭ كۈرىشىمىزنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىلا ئازاد قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ دەيدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، بەلكى ئىشلەتكىلى بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ قارشى تۇرىمەن!» دېۋىدى، ئىلىخان تۆرەم ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ:

— ئۇيغۇرلاردىن يەنە بىر نىياز ھېكىم پەيدا بولدى! — دىدى.

— خاتالاشتىلا، تۆرەم، — دىدى ھېكىمبەگ غوجا دەرھال

ئـابـبـاسـوفـنى قوللاپ ، — يوللۇق گەپ ، لەۋەي ، كاپىرلارنى يوقىتىش بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەمەسقۇ ، ئورۇس ، شىبە ، قالماق ، سولۇنلار سىلىگە ئىمان ئېيتمىغاندۇر ـ ھە ؟

ئـاخــىر ھۆكۈمەت خەنزۇلارنى كەلسە ـ كەلمەس قىرغىن قىلماسلىق توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى .

ئاباسوف تېخى ئېيتمىغان بۇ ئىشلاردىن ئىسھاقبېك بىلەن ئـەخـمەتجان قاسىمى تولۇق خەۋەردار ئىدى . ئۇنىڭ يەنە قانداق دەردى بارىكىن ؟

— بىز دىندارلار ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلمىدۇق ، — دېدى ئاباسوف خاپا بولۇپ ، — دۆلەت بايرىقى ، ئارمىيە بايرىقىغا «لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا »نى يازدۇق . ئەسكەرلەر ناماز ئوقۇۋاتىدۇ ، بۇلارمۇ مەيلى ، خەلقنى قوزغاش ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى . لـېـكــن ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى تەشۋىقات كېتىۋاتىدۇ . بۇ بىر خەتەرلىك خاھىش ، بۇنى چەكلىمەي بولمايدۇ . بۇنىڭ باشچىسى مۇشۇ تۆرەم !

— ھـاي ، ھـاي ، —دېـدى ئـەخـمـەتجان قاسىمى كۈلۈپ ، — سەۋرچان بولۇڭ ، ئۇكام . ھېلىقى تۆت جۈملە سۆزنىڭ بىرىنچىسى «ئىتتىپاق بولۇش» ئىدىغۇ ، بۇ سۆزنىڭ تازا ئىشلىنىدىغان يېرى كېلىپ قالدى . سانائىتى بولمىغان ، قالاق يېزا ئىگىلىكى بىلەن شـۇغـۇللىنىدىغان مىللەتلەردە دىنىي ئۇقۇم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇنى بىلىسىز . روھىي ھالەتنى ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى قارار ، بۇيرۇق بىلەن ھەل قىلماق تەس . مۇستاپا كامالمۇ قاتتىق ۋاسـىتـىـلەر بىلەن بۇ ئىشـنى ھـەل قىـلالمىدىغۇ ؟ سـەۋرچان ، ئىغىر ـ بېسىق بولايلى !

— نـاھـايىتى دۇرۇس ، — دېدى ئىسھاقبېك كۈلۈپ ، — ئەخمەتجان ئۇكامنىڭ ھۆكۈمەت ، ئارمىيە قۇرۇلمىسى توغرىسىدا يېزىپ چىققان پروگراممىسىنى نېمىشقا ھەممىلا ئادەم ماختايدۇ ؟

نىمىشقا سىياسىي ئىختىلاپتىكى تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسى بۇ پروگراممىنى قوللىدى؟ سەۋەبى، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش قىنى بۇ پروگراممىنىڭ چوڭ تومۇرلىرىدىن تارتىپ ئەڭ نازۇك قىل تومۇرلىرىغىچە يېتىپ بارغان.

گەۋدىلىك، سالماق، گەپنى ئاستا، ئېنىق قىلىپ سۆزلەيدىغان ئىسھاقبېك گېپىنى تۈگىتىپ ئاباسوفقا قارىدى.

— ناھايىتى قايىلمەن ئەخمەتجان ئاكىغا، — دېدى ئاباسوفمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەخمەتجان قاسىمى ئاكىنىڭ پەيدا بولۇشى بىر مۆجىزە، بىزنىڭ ئامىتىمىز. مەن ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا ئەخمەتجان قاسىمى ئاكىنى مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇنغا قويۇشنى تەۋسىيە قىلماقچى.

— ياخشى ئويلاپسىز، ئۇكام. مەنمۇ شۇنداق پىكىردە. تۆرەممۇ، غوجاممۇ، رەخىمجان، ئەنۋەر مۇسابويوفلارمۇ ئەخمەتجانغا قايىل. مەن مانا تۆرەم بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋىدىم، ئەپەندىم بىلەن ئۇچرىشىپ ھەممىدىن يالتايدىم.

ئۇلار ئىشكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. گويا قەدىناس دوستلاردەك، گويا بىر ئۆينىڭ باللىرىدەك، گويا ئۇزۇن يوللۇق سەپەر جاپاسىنى بىللە تارتقان سەپەرداشلاردەك، يەنە گويا تۈرمىدە بىللە يېتىشىپ دېيىشمىگەن گېپى قالمىغان تەقدىرداشلاردەك...

ئۇلارنىڭ بىرى موسكۋا، ستالىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدا سۆزلىسە، يەنە بىرى تاشقورغان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ توغرىسىدا سۆزلەيتتى، يەنە بىرى بولسا ئۈرۈمچى، يەنئەن ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ئۇلار نەدىن، نېمە توغرىسىدا سۆزلەشسۇن، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرى، مەقسەت - غايىلىرى ئوخشاش بولۇپ چىقاتتى.

دوستلۇق پىكىر - غايىنىڭ بىردەكلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلار بىردەمدىلا بىر - بىرىگە ئىچ سىر ئېيتالايدىغان دوستلاردىن

بولۇپ قېلىشتى . ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى . ئاخىر ئەخمەتجان ئۇلارغا ئىلتىماس قىلدى :

— بۇگۈن كەچ مېنىڭ ھۇجرامغا سىلەرنى تەكلىپ قىلسام رەت قىلماسسىلەر . يېڭى كېلىن ماھىنۇرنىڭ قول تەمىنى تېتىپ كۆرسەڭلاركەن .

— مۇھىم ئىشلىرىم بار ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ بېرىشقا ۋەدە بېرىمەن .

— مەنمۇ شۇ !

ئۇلار ۋەدىلىشىپ تارقىلىشتى . سىرتتا دوخوۋوي ئوركېستىر چېلىنىدى ، بۇ تۆرەمنىڭ چۇشلۇك تاماققا ماڭغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى .

ئۇلار كەچتە غۇلجا شەھىرىنىڭ ساي بويى كوچىسىدىكى بىر ئاددىي قورۇدا — دەرۋازا تۈۋىدىكى بىر ئېغىزلىق ھۇجرىدا يەنە جەم بولۇشتى . ئۇلار ھازىر بەش كىشى ئىدى . بىر پارچە كىگىز لا سېلىنغان ، سۇپىلىق پاكىز تۇتۇلغان ھۇجرىدا بىر ساندۇق ۋە ساندۇق ئۈستىگە تىزىلغان ئورۇن ـ كۆرپىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى . مېھمانلار ئاياغلىرىنى يېشىپ كۆرپىلەرگە چىقىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ساھىبخان ئەخمەتجان قاسىمى پەگاھتا تۇرۇپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى :

— ئۆيىمىز كىچىك ، كۆڭلىمىز كەڭ . ناسىراخۇن كىچىك دادام سارايىنى بىزگە بېرىۋىدى ، مەن ئۇنىمىدىم . ئۆز ھۇجرامدا دوستلىرىمنى كۈتەي دېدىم . مانا ماھىنۇرمۇ كىردى . ۋۇي ، تۇزۇك سالام قىلىڭ ، ھە ، ئەمدى بولدى !

زىلۋا ، ئاقچىنە كەلگەن ، ئوماق قىز يەرگە قاراپ قىزىرىپ تۇراتتى . گىمنازىيىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە ئۇلگۇرەلمىگەن ئون يەتتە ياشلىق قىز ئوقۇغۇچىسى بىرىنچى قېتىم ئۆز ھۇجرىسىدا مېھمان كۈتۈشكە تۇتۇش قىلغاچقىمىكىن ، ئۇ ھودۇققانىدى .

كىچىككىنە ، ئاددىي ئۆيدە ، پۈتلىرىنى يىغىشىپ ئولتۇرۇشقان

بۇ مېھمانلار بىرىنچى پىيالە چايدىن كېيىنلا چوڭ ئىشلار: 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى، گېرمانىيىنىڭ جان تالىشىشى، ياپونىيىنىڭ ئەسەبىيلىكى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ غەربىي فرونتتىكى ئىلگىرىلەشلىرى، جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئامېرىكىنى ئىشقا سېلىش مەقسىتى بىلەن ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ـ ئەنگلىيىنىڭ يالتا كېلىشىمىدىكى جۇڭگوغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى گودىچۈەن ۋە باش ئەلچى فۇبىڭچاڭلارنى ئۇياق ـ بۇياققا قاتراتقانلىقى، مۇشۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى روزۋېلت باش ئەلچى ۋېي داۋمىڭغا كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغانلىقى، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەسمىي جاكارلانغاندا، جياڭ جيېشىنىڭ ستالىننى «پىت ئۈچەي» دەپ تىللىغانلىقى، شىنجاڭدىكى بۇ «قورچاق» جۇمھۇرىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئالامىتى، بۇنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايمەن دەپ داۋراڭ سالغانلىقى ۋە 11 ـ ئايدىكى پىلانغا تەستىق سېلىپ، تاللانغان 2 ـ ئارمىيىدىن قىرىق مىڭ ئەسكەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ «ئىسياننى باستۇرماقچى» بولغىنى ۋە نەق پاكىتنى قولغا چۈشۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى جۇڭگو ئىشلىرىغا ياردەمگە ئەكىرمەكچى بولغانلىقى... يالتا يىغىنى، شىنجاڭنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلەشكىلى تۇردى. مېھماندارچىلىق ئۇلار ئۈچۈن پىكىرلىشىش، مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى بولۇپ قالدى. ماھىنۇر كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان، زادىلا چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلىدى.

— بۇ قانداق مېھماندارچىلىق؟ — دېدى ئۇ ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ سۇغا ماڭغان ئەخمەتجانغا، — مەجلىسقۇ بۇ؟

قېنى ساز ، قېنى ناخشا ؟

— بىزگە بۇ گەپلەر سازدىنمۇ ، ناخشىدىنمۇ يېقىملىق ، — دېدى ئەخمەتجان قاقاقلاپ كۈلۈپ .

پاتىخ غېنى باتۇرنى شەرق مەھەللىدىكى كاتتا قورۇدىن تاپتى . ئۇ مەست ئىدى . ئۇ پاتىخنىڭ يېنىدىكى نۇرىنى كۆرۈپ :

— سەن ماڭا نەسىھەت قىلغۇدەك بولدۇڭما ، جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى ! — دەپ تىللىدى . لېكىن ، نۇرى غېنىنىڭ ماتوق ياستۇقلارنى قولتۇقىغا قىسىۋېلىپ سوناپلىنىپ ياتقان ئۆيىگە سالام ـ سەھەتسىزلا كىرىۋەردى .

— نەگىلا بارسا سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭنىڭ ئەسكىلىكى . گومىنداڭنىڭ ئۇچقۇچىلىرىغا قىز تېپىپ بېرىدىغان سولامچى خوتۇنلار هازىر سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭگە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ ! — دېدى نۇرى ئۆتۈك كىيگەن ئىككى پۇتىنى جۇپلەپ تىك تۇرۇپ ، — خەلق ، ئۇچقۇچىلارنى غېنى باتۇر ئاتقانىدى ، غېنىنىڭ ئەسكەرلىرىنى كىم ئاتاركىن ، دەۋاتىدۇ !

— سەن ئات ، نۇرى ، جالاپ… سەن ئات ! كىم ئەسكىلىك قىلسا ئايىماي ئات . مەن ئەسكىلىك قىلسام مېنىمۇ ئات !

— تۇر ، غېنى ! — دېدى پاتىخ خاپا بولۇپ ، — هازىرلا ماڭىمىز ، ماشىنا تەييار !

— نەگە هوي نوغاي ؟

— تاۋغا ، ئۇلاستايغا !

— نېمە ؟ قايتىدىن باشلايمىزما ئىنقىلابنى ؟

— ئەكبەر ، سىيىت ، خەمىتلەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كېلىمىز . بىلەمسەن ، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئارمىيە قۇرۇش يىغىنى بولىدىكەن . سەن بىلەن ماڭا هېچنېمە تەگمىدى . ماڭا نىلقىنىڭ هاكىملىقى ، ساڭا خەلق باتۇرى دېگەن قۇرۇق نام تەگدى شۇ . ئىنقىلابنى بىز باشلىساق ، قوماندان پالىنوف ، مازاروف دەيدىغان ئورۇسلار بولدى . ئىسهاقبېككىمۇ تەگمىدى . شېهىتلار

نېمە دەيدىكىن ئاڭلاپ كېلەيلى.
— ئەكبەر، سېيىت، خەمىت! — دېدى غېنى ۋارقىراپ، — جېنىم قېرىنداشلىرىم. ئەكبەر بىلەن غۇلجىغا ئاتلىق كىرىپ پوستتا تۇرغان خىتايلارنىڭ مىلتىقلىرىنى قولىدىن تارتىۋالاتتۇقا! ئىسىت، يۇر، هازىرلا ماڭىمىز، ئاڭلىدىڭمۇ، نۇرى، هازىرلا! سەنمۇ ماڭ جالاپ...
ئۇ سەنتۈرۈلۈپ تۇرۇپ كىيىنىشكە باشلىدى. پاتىخنىڭ يېنىدىكى ناۋان باتۇر چاقچاق قىلدى:
— چىرايلىق خوتۇنۇڭنى ئېلىۋالىمىزما؟ ئاكامنىڭ ئىككى خوتۇنىغا هەمراھ بولامدۇ؟
— ياق، ياق. ئەكبەرنىڭ چوڭ خوتۇنى زەينەپ، توقىلى شەمشەرقانىلار تۇل قالدى. ئەكبەرنىڭ چالغان دومبىرىسى، مىدەت ئاقىن بىلەن بەسلىشىپ ئۆلەڭ ئېيتىشلىرى قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدەك ئۇستا مەرگەن تۇغۇلمايدۇ، ئۇنىڭ ئىككى مىلتىقى، كۆك ئېتى... هەي ئىسىت!
غېنى بېشىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ هۆكرەپ يىغلاپ ناۋان باتۇرنى قۇچاقلىدى.
ئۇلار چۈشتىن كېيىن ماشىنا بىلەن غۇلجىدىن ئىلقا ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتى.
قامىر تېغىنىڭ كۆكەي قاپتاللىرى ياشىرىشقا باشلىغان، ئىلقا بازىرىدىن يىگىرمە كىلومېتىر بېرىدا — غەربتە تاغ سۈيىنى پاناھ تارتىپ پەيدا بولغان ئۇلاستاي يېزىسى جاغالاستاي (ياقا ئۇلاستاي)، تاۋلاستاي (تاغ ئۇلاستاي) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مانا ماشىنا غۇلجا شەھىرىدىن چىقىپ ئۈچ سائەتتەك مېڭىپ، ئاخىر جاغالاستايغا كېلىپ شىمالغا بۇرۇلدى. گىلەم، كۆرپىلەر سېلىنغان، ئۇستى برېزېنت بىلەن يېپىلغان سوۋېت ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىدا خۇددى ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك ئازادە ئولتۇرۇپ، يول بويى چاقچاق بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقان ئەزىمەتلەر ئۇلاستايغا كېلىپلا جىمىپ قېلىشتى. ئۇلار بۇ يەردە قانلىق جەڭلەرنى

قىلىشقان، بايىلا ئۇلار بىسىپ ئۆتكەن قارا سۇ يېزىسىدا ئەكبەر باتۇرغا ئوق تەگكەن. ئۇ ئوق تەگكەن كۆكرىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ پاتىخقا: «غۇلجىنى ئازاد قىلغان خەۋەرنى كۈتىمەن» دېگەنىدى. غۇلجىنى ئازاد قىلىش جېڭىنىڭ ئىككىنچى كۈنى، يەنى 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، يەنى ئىسبوسىن باتۇرنىڭ ئىنىسى كۆرپە باينىڭ ئوغلى سېيىت باتۇرغا ئــوق تەگدى. جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان ئەكبەر باتۇر بۇ خــەۋەرنــى ئــاڭــلاپ تۇرۇشىغا، قېرىنداشلىرىنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان يىقىن ئادىمى ئەلەسمۇ جەڭگاھنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. ئېغىر ياردار ئەكبەر باتۇر بۇ مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرەلمىدى، خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىشتەك ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى سەپداشلىرىغا قالدۇرۇپ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى. يەنە ئوخشاشلا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ھەل قىلغۇچ جەڭلەردە ئۆزىنىڭ يەتمىش - سەكسەن ئادىمى بىلەن ئــالــدىــنقى سەپتە جەڭ قىلىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ شانلىق مېۋىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىنىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ ئاندىن جان ئۈزدى. دۈشمەن ئوقىمۇ، ئەجەل ئوقىمۇ ئۇ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن تەلپۈنگەندە ئۇنىڭغا تەگدى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇنى پاتىخمۇ، غېنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، ھازىر بۇ ئىككى قەيسەر ئاتامانىنىڭ كۆزلىرى ياش، يۈرىكى قان، مانا ماشىنا ئىنقىلابنىڭ بۆشۈكى تاۋلاستاي يېزىسىغا كېلىپ سۈدىن ئۆتۈپ، ئۆز ۋاقتىدىكى قوماندانلىق شتاب ئەكبەر باتۇرنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختىدى. دەرۋازىسى كۈنچىقىشقا قارىغان كەڭ ھويلا ھــاڭــغىرقاي تۇرۇپتۇ. ھويلىدا بىرنەچچە ئورۇق كالىدىن باشقا ھېچنېمە يوق. قومۇش بىلەن يېپىلغان پېشايۋان ئاستىدا ئالدى پۇتلىرىغا بېشىنى قويۇپ ئىككى ئىت ماتەم تۇتۇپ يېتىپتۇ. ئۇلار غېنى بىلەن پاتىخنى كۆرۈپ كېرىلىپ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ كــېــلىپ سۈركەلدى، پۇرىدى، ئۇلار گويا ئۆزىنى نەگىلا بارسا ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان ئىگىسىنىڭ ھىدىنى سېغىنغان، مانا ئالا ئىت ناۋائىنىڭ مۇرىلىرىگە پۇتلىرىنى ئالدى، كۆك ئىت نۇرىنىڭ

كۆكرىكىگە ئېسىلىپ تىللىرى بىلەن چاپانلىرىنى يالىدى .
بىردىنلا ئىغىلدىكى كۆك ئات قاتتىق كىشنىدى ، ئۇنىڭ كەينىدىن : «پالۋانىم ، باۋىرىم...» دەپ چۇرقىرىشىپ تۆت ئىغىز ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىدىن ئەكبەر باتۇرنىڭ چوڭ خوتۇنى زەينەپ ، كىچىك خوتۇنى شەمشەرقان ، سەككىز ياشلىق ئوغلى دۆلەت كەلدى ، ئارقىدىنلا بىرنەچچە ئايال چىقىپ كېلىشتى .
مېھمانلار بىلەن ساھىبخانىلار قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى . ئۇلار قوماندانلىق شتاب ئىشخانىسى — ئەكبەر باتۇرنىڭ چوڭ ئۆيىگە كىرىشتى . كىگىز - شىرداقلار شۇ پېتى تۇرۇپتۇ . تاملاردىكى ئىلىك ، قوي سۈرەتلىرى ، گۈللەر كەشتىلەنگەن زەدىۋاللارمۇ بۇرۇنقىدەك . ئەكبەر بىلەن سىپىت ئاۋۇ يەردە ساندۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ زور جەڭلەر توغرىسىدا ئاجايىپ ياخشى گەپلەرنى قىلىشاتتى . ئەنە ئەكبەرنىڭ دومبىرىسى . ئۇ چاقچاقتا ، كۆلكىگە ، دومبىرا چېلىپ ئۆلەڭ ئېيتىشقا ئامراق ئىدى . باشقىلار پاقلان گۆشى ، قېزىلار بىلەن ئېتىلگەن نېرىنغا تۇتۇش قىلغاندا ، ئۇ تېرىقنى سېرىقماي ياكى خام قايماققا مىلەپ يەيتتى . ئۇنىڭ چاققان ، زىلۋا قامەتتى ، قارا بۇرۇتى ، ئويناق كۆزلىرى ، يارىشىملىق ، پاكىز كىيىملىرى ، دائىم چېكىسىگە چۇشۇرۇپ كىيىپ يۈرىدىغان ئاق كىگىز قالپىقى ، مۈرىسىدىن چۇشۇرمەيدىغان مىلتىقلىرى ، تاغ كېزىپ كۆنلەپ ئوۋ ئوۋلاپ چارچىمايدىغان ھارماس پۇتلىرىغا راھەت بېرىدىغان خۇرۇم ئۆتۈكى... ئۇنىڭغا چېتىشلىقى بولغانلىكى ھەممە نەرسە بۇ ئۆيگە ھەقدار ، بىرلا ئۇ يوق ، ئۇنىڭ جاراڭلىق كۆلكىسى ، يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ .
پاتىخ ئازاب بىلەن كۆكۈچ كۆزلىرىنى سۈرتتى ، غېنى بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، سەل پاناقراق بۇرنىنى تارتىپ قويدى ، ناۋائىنىڭ گۆشلۈك يۈزى ياش بىلەن يۇيۇلغان ، نۇرىنىڭ تولىمۇ چىرايلىق يۈزىگە ئازاب ياشلىرى ئىز قالدۇرغان...
ئاخىر خوتۇنلارنىڭ قوشاقلىرى ئاخىرلاشتى ، يىغلىرى

توختىدى . ساماۋاردىن چاي قۇيۇلۇپ ، خام قايماق پىيالىلەرگە ئاز - ئازدىن سېلىنىپ مەززىلىك قازاق چېيى تارتىلدى ، داستىخاندا توغرالغان كۆمبە ، بوغۇرساق ، قۇرۇت ۋە توغرالغان قېزا ، قايماق ، سېرىقماي ، ھەسەل ، جىنىتلار پەيدا بولدى .
قايغۇ - ماتەمۇ كۆلكىگە ئورۇن بېرىدىكەن . ئاخىر غېنى باتۇرنىڭ قوپال چاقچىقى باشلاندى :
— قايسىڭلار قايتا ياتلىق بولساڭلار ئېتىۋېتىمەن ! — دېدى ئۇ ئاخىر پۈتۈن - پۈتۈن قوي گۆشلىرىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋېتىپ ، — مەنمۇ ئۆلۈشۈم مۇمكىن . مەن ئۆلسەممۇ خوتۇنلىرىم ئەرگە تەگمىسۇن ، قايسىسى ئەرگە تەگسە سەن نۇرى ئېتىۋەت !
— يادىكار قىلىپ ھېلىقى ئۇن ئالتە ياشلىق خوتۇنۇڭنى مەن ئېلىپ قويايمىكىن ! — دېدى پاتىخ كۈلۈپ .
— نوغاي دېگەن جاننىڭ راھىتىنى ئۇقمايدۇ . بىرلا خوتۇن بىلەن ئۆتكىنى ئۆتكەن . رەسۇلىللا تۆت خوتۇن راۋا دېگەن . سەنلەردە ئارانلا بىر . مەن تۇرمىدىن ئاچىقىپ بەرمىسەم بىر خوتۇنۇڭمۇ يوق بولاتتى ، سەن نوغاينىڭ !
ئۇلار كەچنى ئىلقا بازىرىدا چىغلىق مەھەللە بىلەن دۆربىلجىن مەھەللىسىدە ئۆتكۈزدى . دۆربىلجىن مەھەللىسى تاتار ، رۇسلار پەيدا قىلغان مەھەللە . جەنۇبىي سازلىق — نېرىسى قاش دەرياسى ، دەريانىڭ ئۇ چېتى ئاۋرال تېغى . سازلىق غازغا تولغان ، دەريا تولىمۇ شوخ ، تاغ بولسا غەمكىن — گويا سۇنايلىنىپ ياتقان گىگانت شىرغا ئوخشايدۇ . پاتىخ بۇ يەردە ئاكىسىنىڭ ئوغلى ، سۆيۈملۈك قېرىنىدىشى خەمىتنى ئەسلەپ يەنە ياش تۆكتى . ئۇ غازلار بىلەن ئويناشقا ، ئاساۋ دەريادا چۆمۈلۈشكە ئامراق ئىدى . خەمىت ئۇچۇن قاتتىق قايغۇرۇپ ياش تۆككەن نۇرى بولدى . ئۇ نۇرىغا ئامراق ئىدى . بىر كۈنى خەمىت ، نۇرى ئىككىسى تۇرك مەھەللىسىدە بىر ئۆيدە بىر كېچە بىللە پاراڭ بىلەن تاڭنى

كۆتۈۋالغان. نۇرى ھاياجانلىنىپ شېئىر يازغان، ئۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى:

دەريا بىلەن بەسلىشىپ،
مۆگدەك بىلەن قەستلىشىپ

دەپ يازغاندا، خەمىت قاقاقلاپ كۈلۈپ:
— يارايسەن، يارايسەن! — دەپ ئۇنى بېسىپ ئاغزىغا ھاراق قۇيغانىدى.

مانا خەمىت يوق، سېيىت يوق، ئەكبەرمۇ يوق. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئەكبەر ئوتتۇز ئۈچ ياشتا، قالغانلىرى تېخىمۇ ياش ئىدى. ئىسىت باتۇرلىرىم، غۇلجىنىڭ كۈلكىسىنى كۆرەلمىدىڭلار!

ئەتىسى ئۇلار ئۈچ قەھرىمانىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ موللامغا قۇرئان ئوقۇتقۇزۇپ، ئۇزاق دۇئا قىلىپ قايتىشتى:

— سوقۇشنى بىز قىلدۇق، كۈرەشنى بىز باشلىدۇق. ئەمما، بىز ھېچنېمىگە ئېرىشمىدۇق. يەنە سوقۇش قىلىمىزما؟ ياق، غېنى، سەن سوقۇشساڭ سوقۇشۇۋەرگىن. نۇرى سەنمۇ ئۆلۈمنى ياخشى كۆرۈسەنغۇ، مەيلى سوقۇشقىن، ئەمما مەن قېرىدىم... ئىۋان باشلىق بولماي نېمشقا پالىنوف قوماندان بولىدىكەن؟ ئىسهاقبېك تۇرغان يەردە زۇنۇن تېيىپقا نېمە كەپتۇ؟! مەنچۇ؟ تاۋلاستايدا قوماندان بولالايمەنۇ، غۇلجىدا نېمشقا بولالمىغۇدەكمەن!

— سوقۇشساق بولمىدىمۇ هوي نوغاي، بىز گومىنداڭنى يوقىتىشقا قەسەم ئىچىشكەن، مەنسەپ ئالىمىز دەپ ئەمەس! ھەيدە، ھەي ساراڭ شوپۇر، دوقاسلاتماي تۇز ھەيدە. ئېيتقىنا نۇرى، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ستالىن نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ستالىنما؟ ئۇ بېرلىننى قورشاپ ھۇجۇم باشلىغىلىۋاتىدۇ.

— دېگىنە، قانداق ھۇجۇم؟

نۇرى ئۇنىڭ بىلمەكچى بولغىنىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ

گېرمانىيىنىڭ ئاگەنتلىرى ئىچىدە قوشۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

بۇ يىل (1945 - يىلى) 2 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ گىتلېر بارلىق پۇقرالار، مەھبۇسلار ۋە مەجبۇرىي ئىشلىتىۋاتقان چەت ئەل ئىشچىلىرىغا ئودېر دەرياسىنى چېگرا قىلىپ، بېرلىن ئەتراپىدا ئۈچ قەۋەت مۇداپىئە لىنىيىسى ياساشقا بۇيرۇق بەرگەن. ھەربىي لىنىيە چەمبىرىكىنىڭ دىئامېتىرى يىگىرمە تۆتتىن قىرىق كىلومېتىرغىچە كېلىدىكەن. بېرلىن شەھىرىنى توققۇز مۇداپىئە رايونىغا بۆلگەن. بىر مىلىيون ئىككى يۈز مىڭ ئەسكەر، ئون مىڭدىن جىق زەمبىرەك، بىر مىڭ بەش يۈز تانكا، ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز ئايروپىلان تەييارلىغان. گىتلېر سوۋېت ئەسكەرلىرىنى ئودېر دەرياسى بويىدا تارمار قىلىمەن دەپ جار سالماقتا. ئۇ مۇداپىئەدە مەغلۇپ بولساق، ھەربىر بېرلىنلىق ئاخىرقى بىر ئادەم قالغۇچە جەڭ قىلىپ بېرلىننى قوغداشقا تەييار تۇرسۇن، دەپ بۇيرۇق بەرگەن.

— نېمانچە ھوي؟

— ئۇنىڭ مەقسىتى بېرلىننى ئامېرىكا - ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىگە تاپشۇرۇش ياكى بېرلىننى تالىشىش جېڭى پەيدا قىلىپ سوۋېت بىلەن ئامېرىكىنى سوقۇشقا سالدۇرۇپ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش!

— ھە، ستالىنچۇ؟

— مارشال ژۇكوف گىتلېرنىڭ مۇداپىئە لىنىيىلىرىنى ئاسماندىن سۈرەتكە ئالغۇزۇپ، ئۇنى ھەربىر كوماندىرغا تارقىتىپ بەرگەن. يەنە تېخى سوۋېت قۇرۇلۇش قىسىملىرى بېرلىن ئەتراپىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى مودېللاشتۇرۇپ چىققان. سوۋېت ئىتتىپاقى قالتىس تەييارلىق قىلغان. يەتمىش يەتتە دىۋىزىيە، ئۈچ مىڭ بىر يۈزدىن كۆپ تانكا، ئون بەش مىڭ زەمبىرەك ۋە مىناميوت، كاتيۇشا، ھەربىر كىلومېتىر يەرگە ئىككى يۈز يەتمىشتىن كۆپ زەمبىرەك توغرا كېلىدىكەن. يۈز مىليارد ۋاتلىق

ئېلېكتر نۇرلىرى جەڭ مەيدانىنى يورۇتىدىكەن . بىر قېتىمدا بىر مىليون ئىككى يۈز ئوتتۇز ئالتە مىڭ پاي زەمبىرەك ئېتىلىدىكەن . بۇ دېگەنلىك ، بىر قېتىمدا توقسان سەككىز مىڭ تونىنا پولات ـ تۆمۈر دۈشمەننىڭ بېشىغا چۈشىدۇ دېگەن سۆز !

— پاھۇي ، ئوغۇل بالا ، ياشا ستالىن !

— كۆرۈپ قالىسەن ، دۈشمەن بۇ يورۇقلۇق ، بۇ ئوقلار ئالدىدا بىر پاي ئوقمۇ ئاتالمايدۇ ، پۈتۈن ئۈچ قەۋەت لىنىيىسى بىرنەچچە مىنۇتتىلا كۆمپەيكۆم بولىدۇ .

— سەن بۇ سانلارنى نەدىن بىلىۋالدىڭ ھوي ؟

— بۇ مەخپىيەتلىك ئەمەسكەن !

— ھۇجۇم قاچان بولغۇدەك ؟

— تەخمىنەن ئون نەچچە كۈندىن كېيىن .

— ئاۋازى بىزگىمۇ ئاڭلىنارمىكىن دەيمەن .

— چىراغلىرى كۆندىنمۇ يورۇق بولىدىكەن ـ دە !

— جەڭ دېگەن مانا مۇنداق بولسا . پاتىخ ئاڭلىغانسەن ، مانا بۇ سوقۇش . بىزچۇ ؟ ئات چېپىپ يۈرگەن ، قاردا نەچچە كۈنلەپ ياتقان ، تۆت تال مىناميوت بىلەن كۆرەڭلەيمىز . ئاسماندا ئىككى ئايروپىلان پەيدا بولسا ، پۈتۈن شەھەر خەلقى ئاسمانغا قارايمىز . ئاڭلىدىڭمۇ ، ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز ئايروپىلان بىراقلا ھاۋاغا چىقىپ يەرگە بومبا تاشلايدىكەن !... پاھۇي !...

ئۇلارنىڭ ماشىنىسى قاراڭغۇ چۈشمەستە غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى .

غېنى ئۇشتۇمتۇت كابىنكىنى ئۇردى :

— توختا ! — ئۇ ئالدىراپ ماشىنىدىن سەكرىدى ، كەينىدىن نۇرىمۇ بىللە سەكرىدى . غېنى يولنىڭ چېتىدە غادىيىپ كېتىپ بارغان ، بېشىغا يوغان شىلەپە كىيگەن ، گەۋدىلىك ، مەيدىسى ئوچۇق بىر ئادەمگە قاراپ ئېتىلدى :

— توختا داۋۇر !

ئۇ توختىدى ، غېنى تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى :

— ماڭ ، غىڭ قىلماي ماڭ !

«مەھبۇس» ماڭمىدى :

— ئات ، ئاتىمامسەن ، ئاتە ! — ئۇ كۆكرىكىنى غىپىنغا تەڭلىدى .

— ئوق زايە كېتىدۇ سەن تۇڭگانغا ! مىنى تۇتۇپ بېرىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ ، تۇرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا كەلگىنىڭ راستمۇ ؟

— ھە ، راست !

— تۇتامسەن قېنى ؟

— ئاتە ، ئات دەيمەن ، غىپنى توشقان يۈرەك !

«پاڭ !» تاپانچا ئوقى ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىغا تەگدى . داۋۇر سەنتۈرۈلۈپ ۋارقىرىدى :

— يۈرەككە ئات ، مانا مەيەرگە !

«پاڭ !» ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى .

— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ! — داۋۇر ئىڭراپ غىپنىغا ئېتىلدى ، نۆرى ئۇنى سىلكىپ تۇتۇۋالدى . پاتخ بىلەن ناۋان ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلىدى ۋە ئۇنى ئىتتىرىپ ـ تارتىپ ماشىنىغا چىقارماق بولۇۋىدى ، غىپنى :

— قويۇۋەت ! ماڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى . ئۇ قانغا بويالغان ، ئاقساپ ئارانلا ماڭىدىغان «مەھبۇس»نى ئالدىغا سېلىپ پىيادە ماڭدى .

ئۇ خېلى مېڭىپ ئۇنى قوماندانلىق شتابقا ئەكەلدى . ئۇنىڭ قېشىغا پارتىزانلىرى — قىلىچ ، مىلتىق تۇتۇشقان ئەزىمەتلەر يېتىپ كېلىشتى .

— تەگمەڭلار ! — دېدى غىپنى باتۇر بىرىنىڭ قولىدىن قىلىچىنى ئېلىۋېلىپ ، — ئاۋۇ ئازگالغا باغلاڭلار !

پارتىزانلار دەرھال بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتى . غىپنى باتۇر قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ داۋۇرنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە ئۇردى . داۋۇر قاتتىق ۋارقىراپ ئارقىغا قىرى قارىياغاچقا تاشلاندى . ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسى بۆسۈلۈپ ـ ساڭگىلاپ چۈشتى .

— گۆشۇڭنى يەپ ، قىنىڭنى ئىچىپ ياشاۋەرگىن ، داۋۇر ! كىم ئۇنى بوشىتىمەن دېسە جاجىسى مانا !

«ۋاڭ» قىلىپ ئاسمانغا بىر پاي ئوق ئاتتى ئۇ . ئادەملەر كەينىگە داجىشتى . توپ ئارىسىدىن ئەپكەش بىلەن مۈرىسىگە ئىككى چېلەك سىلىنۋالغان ، قارا بۇرۇت ، چىرايلىق ، لېكىن بىر كۆزى سەل قىسىقراق بىر يىگىت چىقىپ :

— خەلق باتۇرى دېگەن خەلقنىڭ رايىغا بېقىشى كېرەك . غېنىكا ، بۇ دۈشمىنىڭىزنى قىينىماي ئۆلتۈرۈۋېتىڭ ! — دېدى .

— ئەخمەتمۇسەن ، سەن ھېلىقى ھۆكۈمەتنى ياسىغان يىگىتقۇ ؟ نېمىشقا ئۆلتۈرىمەن ئۇنى ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرسۇن ، سەن يەنە سۇ توشۇپ يۈرەمسىنا ئەپەندى تۆرۈپ ؟

— بىز ھەممىمىز جەڭچى ، غېنىكا ، جەڭچى دېگەن خەلقنىڭ چاكىرى .

— ھە ، مۇنداق دە . سەن مېنى خوجايىن بولۇۋالما ، پاشا بولۇۋالما ، چاكار بول دېمەكچىغۇ ، ئەپەندى ؟

— ياق ، باتۇرۇم ، ئۆزۈمنى دەۋاتىمەن !

ئادەملەر قانغا بويالغان داۋۇرنى تاشلاپ ئەخمەتجان قاسىمىنى قورشىۋالدى . ھەممە ئادەم بىلىدۇ ، بۇ يىگىت ئاۋۇ چوڭ پارتىزانلار ئاشخانىسىغا سۇ توشۇپ يۈرگەندە ، خەمىت سەئىدى ئىسىملىك ئۆزبېك ئۇنى تونۇپ قالغان . ئۇلار تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تونۇشقان دوستلار ئىدى . سەئىدى :

— ياق ، سىزنىڭ رولىڭىز باشقا يەردە جارى قىلىنىشى كېرەك ! — دەپ ئۇنى گېزىتخانىغا — گېزىتخانا باشلىقى ھەبىب يۈنىچقا تونۇشتۇرغان . سەئىدى ، يۈنىچ ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئىدى . كېيىن ، ئېلىخان تۆرەم ھۆكۈمەتنىڭ تۈزۈلمىسى ، چاقىرىق ، باياناتلىرىنى تەييارلاشنى سەئىدىگە تاپشۇرغاندا ، سەئىدى بۇ ئىشنى مۇشۇ «سۇچى» قىلالايدۇ دەپ تۆرەمگە تونۇشتۇرغان . تۆرەم «سۇچى» دىن :

— ئون بەش كۈندە يېزىپ چىقالامسىز ؟ — دەپ سورىغاندا ،

ئۇ :
— بىر ھەپتە كۇپايە ! — دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە دېگەن ۋاقتىدا ئاجايىپ — ھەممە ئادەم ماختاپ ـ ئالقىشلىغان «پروگراما»نى ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا ئوقۇپ بېرىپ ھەممىنى قايىل قىلغان .
— ئەخمەتجان ئاكا ! — دېدى نۇرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — ئەكېلىڭ ئەپكەشنى ، سىز ئۇچۇن مەن توشۇي !
— ھە ، نۇرمەھەممەت ، دادىڭىز زىياۋۇدۇن ، چوڭ دادىڭىز مۇختەركاملار ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ ؟
— ئەپكەشنى ماڭا بېرىڭ !
— ئاخىرقى قېتىم بىر توشۇۋېتەي ، ئۇكام ، ماقۇل دەڭ !
— ئەخمەت ھوي ، سەنغۇ بولىدىغان يىگىت ، ئەمما دۈشمەنگە ئىچ ئاغرىتقىنىڭ بولمىدى . ئۇ مېنى گومىنداڭغا ساتقان ، ئاخىر ئۆز بېشىنى يېدى . خالايىق كۆرسۇن ، ساتقىنىنىڭ جاجىسى شۇ !
نۇرى غېنى باتۇرنىڭ بۇگۇنلا ۋاپات بولغان سەپداشلىرىنى ئەسلەپ ھۆڭرەپ يىغلىغىنىنى كۆرگەن . ئۇ چاغدا نۇرى : «پاھ ، ئەجەب كۆڭلى يۇمشاقكىنە !» دېگەنىدى . بۇگۇنكى رەھىمسىزلىكى ۋەھشىيلىك بولۇپ تۇيۇلدى . ئۇ : «پاھ ، باغرى تاشكىنە !» دېدى . «بىر ئادەمنىڭ كۆكسىدە ئىككى يۈرەك بار ئىكەن ، بىرى پاختا ، بىرى تاش . بۇ ئادەم ياخشىلىقىنىمۇ ، يامانلىقىنىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىكەن !» دەپ ئويلىدى نۇرى يېنىدا تۇرغان ، قالپىقى قىڭغىر كىيىلگەن ، گەۋدىسى تولىمۇ زور ، چىرايى سۇرلۇك ئاق سېرىق ، تاقىرۋاش ، كۆزلىرى ھازىرلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بورتۇپ چىققان ئاق يۈز ئادەمگە قاراپ قويۇپ . ئۇنىڭ يېنىدا گىمناستوركا ، ئۆتۈك كىيگەن ، چاققان ئادەم ئەخمەتجان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مېھرىبانلىق ، كەمتەرلىك ۋە ئەستايىدىللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى . بۇلار غۇلجا تارانچىلىرىدىن تۇغۇلغان بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئوغۇل ، ئىككى باتۇر ، ئىككى باشلامچى ئىدى .
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ھەربىي كومىتېت بىرنەچچە

كۆن تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئاخىر ئۆز ئارمىيىسىنىڭ ئۇستاپ، ئىنتىزام ـ نىزاملىرى، قۇرۇلما مەزمۇنلىرى، ئارمىيە بايرىقى، ئارمىيە كاكارلىرى، ئوردېن ـ مېداللار، ئارمىيە پاگونلىرى، ھەربىي ئۇنۋانلىرىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە تەقلىد قىلغان ئاساستا بەلگىلەپ چىقتى. مايسىرەڭ تىرىكە ۋە سوكنا ـ سارجىدا ئەنۋەر مۇسابايوف نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ھەربىي كىيىملەرنى تىكتۈردى، قوڭغۇررەڭ مەسكاپتىن قىسقا قونچلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆتۈكلىرىنى تىكتۈردى. ئالتۇندىن ۋە كۈمۈشتىن ئوردېن ـ مېداللارنى ياساتتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئېگەر ـ جابدۇق، ئوقدان ۋە تاسما رېمۇنلارنى تەييارلىدى. ھەممە نەرسە ھۆكۈمەت قورۇسى — ھېلىقى قاشالتىرلىق ئۆيلىرى بار چوڭ ھويلىغا توپلاندى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى، ھەربىي كومىتېت ئەزالىرى بىرلىشىپ مەخسۇس يىغىن ئېچىپ بۇ نەرسىلەرنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ھەربىي ئۇنۋان، مۇرىگە تاقىلىدىغان بەلگىلەر تامامەن سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان، مېدال ـ ئوردېنلار بىلەن ھەربىي بايراقلا «ئىسلام» تۇسى ئالغاندىن باشقا، نامالارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئەسكەرلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئېلىخان تۆرەم نارازى بولدى. لېكىن، ئۇ ھەربىي كومىتېتتا ئاز سانلىق ئىدى. ئۇ نامالارنى تۈركىيىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئېلىش كېرەك دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. لېكىن، ئاخىرقى قارار ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمىدى:

ئارمىيە بايرىقىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئوقدىن سولغا قۇرئان يېزىقىدا «لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دېگەن يېزىق يېزىلغان، ئوڭ تەرەپ قىسمىغا يۇلتۇزنى ئوراپ تۇرغان ھىلال ئاي چۈشۈرۈلگەن ئاي ـ يۇلتۇزلۇق يېشىل بايراقتىن ئىبارەت ئىدى.

باش كىيىمنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان كاكار: ئىككى تەرەپتىن ئايلاندۇرۇلۇپ چەمبەر ھاسىل قىلغان بۇغداي باشىقى، ئوتتۇرىسىدا

ھىلال ئاي ئارىسىغا ئېلىنغان يۇلتۇز، بەلگە دۇگىلەك شەكىلدە بولدى.
پاگونلارنىڭ رەڭگى ئەسكىرىي تۈرلەر بويىچە پەرقلىق، ھەممە پاگوننىڭ باش تەرىپىدە ئاي - يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن مېتال تۈگمە بار.
ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ دەرىجىلىرى ئاشۇ پاگونغا تاقالغان توغرا بالداق ۋە يۇلتۇز سانىغا قاراپ ئايرىلدى. بېكىتىلگەن ئون بەش ھەربىي دەرىجە نامىنىڭ يۇقىرىقى توققۇزىغا پىراپورشىكتىن باشلاپ مۇرە بەلگىسى بېرىلدى. ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكىلەر ستارشىنا، ستارشى سىرژانت، سىرژانت، ، مىلادىشى سىرژانت، يېفىرېيتور. پاگون ئۈستىدىكى بەلگىلەر ئۇ كىشىنىڭ ئۇنۋانىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولدى. ئاددىي ئەسكەرلەرگە پاگون بېرىلمىدى. ئۇنۋان دەرىجىلىرى توغرا بالداق ۋە يۇلتۇز سانى بىلەن بەلگىلەندى.
پىراپورشىك پاگوندىكى بەلگە: بىر توغرا بالداق، بىر يۇلتۇز.
پودپوروچىك 〃 〃 : بىر بالداق، ئىككى يۇلتۇز.
پوروچىك 〃 〃 : بىر بالداق، ئۈچ يۇلتۇز.
كاپىتان 〃 〃 : بىر بالداق، تۆت يۇلتۇز.
مايور 〃 〃 : قوش بالداق، بىر يۇلتۇز.
پودپولكوۋنىك 〃 〃 : قوش بالداق ئىككى يۇلتۇز.
پولكوۋنىك 〃 〃 : قوش بالداق، ئۈچ يۇلتۇز.
گېنېرال مايور: 〃 〃 : پاگوننىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە يىلان باغرى بالداق، بىر يۇلتۇز.
گېنېرال لېيتېنانت: يۇقىرىغا ئوخشاش يىلان باغرى بالداق، ئىككى يۇلتۇزدىن تەركىب تاپتى.
ئوردېن - مېداللار: «ئازادلىق» — ئوتتۇرىسىغا ئاي - يۇلتۇز ئېلىنغان ئالتۇن مېدال. «ئازادلىق 2 -» — يۇقىرىقىغا ئوخشاش كۈمۈش مېدال. «ئىستىقلالىيەت» — چوڭ يۇلتۇز، چۆرىسى ھىلال ئاي ئالتۇن مېدال… «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» — شەكلى ئوخشاش، كۈمۈش مېدال بولۇپ بېكىتىلدى.

3 ـ ئايدا قۇرۇلغان ھەربىي ئىشلار ئىدارىسى قوماندانلىق شتابى سوۋېت ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەممە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەپ، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قارار قوبۇل قىلىپ، پالىنوفنى باش قوماندان، زۇنۇن تېيىپوفنى مۇئاۋىن باش قوماندان، ماژاروفنى شتاب باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى سىياسىي بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ھۆكۈمەتنىڭ يىگىرمە ياشتىن قىرىق بەش ياشقىچە بولغان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئەسكەر بولۇش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە دېگەن قارارىغا ئاساسەن، پۇقرالار باش شتابقا كېلىپ ئەسكەرلىككە تىزىملىنىش دولقۇنى پەيدا قىلدى. ئاخىر مۇزاكىرە، تالاش ـ تارتىش ئارقىلىق، ئالتە پولك، ئۈچ باتاليون (مۇستەقىل) تەشكىل قىلىندى. بىرنەچچە كۈن ئۇدا كېڭىشىپ ئولتۇرۇپ، مىداللار تارقىتىلدى. غۇلجا كوچىلىرىدا ئىسپانكا، گىمناستوركا، گەلەپى شىم، ئۆتۈك كىيىپ بېلىگە رىمەن باغلىغان، تېتىك، تىمەن ھەر مىللەت يىگىتلىرى ھۆكۈمەت مۇنتىزىم ئەسكىرىي نامى بىلەن كاكار، پاگون تاقاپ مەغرۇر يۈرۈشتى.

نۇرىغا ھەربىي كىيىم تولىمۇ ياراشقانىدى. ئۇ مايسىرەنىڭ كىيىم بىلەن پاگونىغا كاپىتان ئۇنۋانىدىن دېرەك بېرىدىغان بىر بالداق تۆت يۇلتۇز قادالغان، كاكارىدا ئاي ـ يۇلتۇز چاقناپ تۇرغان، كۆكرىكىدە «ئىستىقلالىيەت» ئالتۇن مېدالى كۆزنى چېقىپ تۇرغان ھالدا جىرەن ئاتنى ئويناقلىتىپ كۆكچىلىكتىكى ئۆيىگە باردى. چاچلىرى ئاقارغان دادىسى ئوغلىغا ھەۋەسلىنىپ قولىدىكى ئوتۇن يېرىۋاتقان پالتىسىنى تۇتقىنىچە:

— پاھ، پاھ... بىز خەققىمۇ يارىشىدىكەنا مۇنۇ ئەسكەر كىيىمى، مېداللىرىڭ، پاگونلىرىڭچۇ بالام، ياشاپ كەت، ئەمدى جان ئۈزسەممۇ خۇدادىن رازىمەن! — دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىما ، دادا . ئەتە ۋاڭ قادىرنىڭ بىغىدا بايراق تاپشۇرۇش — ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش يىغىنى بولىدۇ . ئۆزىمىزنىڭ ئارمىيىسىنى ، خۇشاللىقنىڭ چوڭىنى ئەتە كۆرىسەن !

پەرىخە پېشايۋاندا پەيدا بولدى . ئۇ بىر ئاز ئاقساپ ساقايغان ، ئۇ تولۇپ ئاقىرىپ كىشىنىڭ زوقى كەلگۇدەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەندى . ئۇ خەمىتنى كۆتۈرۈۋالغان ، خەمىت نۇرىنىڭ يۈزىنى سىيپىدى . نۇرى چەكسىز ھاياجانلاندى . ئوغۇل شوخ ، خۇشخۇي ، تولىمۇ چىرايلىق ئىدى . ئۇ نۇرىنىڭ كاكارىنى ، مېداللىرىنى ، پاگونلىرىنى تارتتى .

— ئەسكەر باشلىقى بولىمەن دەيدۇ ! — دېدى زىياۋۇدۇن بىردىنلا خۇشال بولۇپ ، — ئىككى ئوغلۇمغا تېگىشىۋالغان ئەتىۋارلىقىم ، كەل بوۋاڭنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قوي .

دەرۋازا ئالدىدا قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ كالاسكا پەيدا بولدى .

— يەنە شۇ قىز ! — دېدى پەرىخە ئىختىيارسىز ئۆڭۈپ ، — نېمانچە ھە ، كەينىمىزگە كىرىپلىۋاپتىغۇ !

— ئۇ ھوقۇقلۇق ، ئۇنى چەكلەش ھوقۇقىمىز يوق ! — دېدى نۇرى كۈلۈپ .

— بىرىنىڭ بەختىگە قول سوزۇشمۇ ھوقۇق بولامدىكەن ، بۇ بىر جىنايەت !

زىياۋۇدۇن نەۋرىسىنى كۆتۈرۈپ باغقا ماڭدى . پەرىخە غەزەپ بىلەن پېشايۋان پەلەمپىيىدىن چۈشتى :

— مەن ئۇنىڭغا ھوقۇق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن !

— نادانلىق قىلماڭ ! — دېدى نۇرى ئۇنى توسۇپ ، — سىز ئەنسىرىگۇدەك ، خاپا بولغۇدەك ھېچ ئىش يوق . ئۇ بىر ياخشى نىيەتلىك قىز !

— نېمە ، ياخشى نىيەتلىك ؟ سىزگە كۆيۈپ قالغىنى ئۇچۇنما ؟

— پۈتۈن خەلق خۇشال بولۇۋاتقان كۈنلەردە خاپا بولۇپ نېمە قىلىسىز ، پەرىخە؟ كۈلۈڭ ، كۈلۈڭە !

نۇرى ئۇنىڭ ئېڭىكىنى سىيپاپ قويدى . يىگىتنىڭ قولى قىز قەلبىنى ئوڭايلا يۇمشاتتى . ئۇ كۈلدى ، كۈلۈۋىدى ، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ گۈزەللەشتى :

— ئۇنىڭ كالاسكىسى بىلەن كەتمەڭ !

— ياق ، مەن هازىر ئاتلىق پولكنىڭ روتا كوماندىرى ، هەربىي ئات تۇرغان يەردە كالاسكىدا نېمە قىلاتتىم؟

زەيتۇنە هويلىغا كىردى . ئۇ ياۋروپاچە ياسانغان ، بويۇن ، قوللىرى يالت - يۇلت ئالتۇن ، ئەترەڭ ، پەي پۆپۈكلۈك چىرايلىق فرانسىيە شلەپىسىنى سىڭايان كىيگەن ، ئەنگلىيە سارجىلىرىدىن تىكىلگەن تار يوپكا بىلەن بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان مودا چاپىنى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى هەسسىلەپ ئاشۇرغان ، ئاپئاق مەڭزىلىرىدە ئوينايتۇرىدىغان قارا كۆزلىرىنىڭ كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ ، كۈلۈمسىرىگەندە چىرايلىق لەۋلىرى ياقۇتقا ، سەدەپتەك چىشلىرى ئاق مەرۋايىتقا ئايلىنىپ ، هەرقانداق بىر جان ئىگىسىنى زوقلاندۇراتتى . پەرىخە كۈلۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى :

— زەيتۇنە ، سىز باهاردا بەكمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىكەنسىز ! — دېۋىدى ، زەيتۇنە قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— مەن نۇرمەھەممەتكە باتۇرلۇق مېدالى تېگىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ تەبرىكلىگىلى كەلدىم . بىزنىڭ ئۆيدە ساۋاقداشلار يىغىلىپ تەنتەنىلىك تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزىمىز . دادامنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىمۇ بار . سىزمۇ بارىسىز ، پەرىخە !

— ئەلۋەتتە . مەن نۇرىنى يالغۇز ئەۋەتمەيمەن - دە !

ئۇلار يەنە قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى . قىزلارنىڭ كۈلكىسىگە هويلىدىكى هەممە ئادەم قوشۇلدى .

ئۆز ئوغلى بىلەن مەغرۇرلىنىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟ غۇلجا ئوغلانلىرى بىلەن مەغرۇر ، غۇلجا كەلگۈسى ئۈچۈن

جانبازلىقلا تەييارلانغان ئەزىمەتلىرى بىلەن بەختلىك !
لېكىن، نۇرى ئۈنچىلىك خۇشال ئەمەس. ئاخشام ئۇ ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ باغ قورۇسىدا تەبرىكلەش زىياپىتىگە قاتناشتى.
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەن سادىروف:
— «پراۋدا» گېزىتىدە ياڭ جيېشىنىڭ گېنېراللىسىمۇس ستالىنغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىنى ئەلچى قويۇپ نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى خەۋەر قىلىندى. يالتا يىغىنىنىڭ قارارلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ياڭ جيېشى بىردىنلا ستالىننى ماختىغىلى تۇردى! — دېگەن گەپنى قىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى:
— ياۋروپادا ئۇرۇش ئاخىرلىشىشقا ئاز قالدى. 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل — بۇ دۇنيا تەقدىرىنى ھەل قىلغۇچى ئۈچ كاتتىۋاش قىرىمدا سەككىز كۈن يىغىن ئاچتى. مانا بۇ يالتا يىغىنى. يالتا يىغىنىدا روزۋېلت بارلىق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەردىن چېكىنىپ چىقىش، دۆلەتلەر مۇستەقىل بولۇشى كېرەك، سانى ئاز، كىچىك مىللەتلەر بوزەك قىلىنماسلىقى كېرەك دەپ تەكىتلىگەن. يالتا يىغىنى بىزگە پايدىلىق قارارلارنى چىقارغانىدى. ناۋادا ستالىن ياڭ جيېشى بىلەن ئەپلىشىپ قالسا، بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىز تەس بولىدۇ! — دېدى.
زىياپەتتە ھەممىلا ئادەم ئەندىشىگە چۈشۈپ ئىستىقبال ئۈستىدە سۆزلەشتى. نۇرىنىڭ خىيالى مۇشۇ ئىشقا مەركەزلىشۋالغان، شۇڭا ئۇ ئۈنچىلىك خۇشال ئەمەس ئىدى.
8 - ئاپرېل غۇلجا ئاسمىنى سۈزۈك، كۆپكۆك كەپتەرلەر ئاسماندا پەرۋاز قىلماقتا.
شەھەر خەلقى كوچا - كوچىلارغا پاتماي شەھەرنىڭ غەربىگە — مۇراسىم بولىدىغان باغقا قاراپ ئاقماقتا. چىرايلىق، رەتلىك كىيىنگەن ئەسكەرلەر رەت - رەت تىزىلىپ، ئوخشاش ئاتلارغا مىنىپ مارش ئېيتىپ، گۈپ - گۈپ دەسسەپ شۇ ياققا ماڭماقتا. غۇلجا تارىخىدا بۇنداق تەنتەنە بولۇپ باقمىغان. 1933 - يىلدىن

باشلاپ شىڭ شىسەي «12 - ئاپرېل» بايرىمى ئۆتكۈزۈپ كەلدى. لېكىن، ئۇ بايراملاردا خەلق هازىرقىدەك خۇشال بولمىغانىدى. مانا قاراڭ، ئەسكەرلەر زېمىنى بىلەن — ئانا يۇرتىنىڭ باغرى بىلەن مەغرۇر. ئۇلار ئۆز يېرىدە ئۆز روھىنى نامايان قىلماقتا. ئانا تۇپراق ئۇلارنى ئەركىلەتمەكتە، سۆيمەكتە، ئۇلار بىلەن سۆيۈنمەكتە. خەلق ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن پەخىرلەنمەكتە. مۇشۇ زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان، لېكىن ئۆز ئانا تۇپرىقىدا زادىلا كۈلەلمىگەن، كۆن ئالالمىغان خەلقىنىڭ ئوغۇللىرى ئەنە هازىر كۆكرەك كېرىپ مەغرۇر ماڭماقتا. ئۆز يېرىگە خوجا بولۇش باشقا چوڭ - چوڭ مىللەتلەر ئۈچۈن هېچقانچە خۇشاللىق ئەمەس، لېكىن مۇنۇ ئانا يۇرت خورلۇقى بىلەن يۇرەكلىرى پۇچۇلغان خەلقلەر - مىللەتلەر ئۈچۈن بۇگۇنكى كۈن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەن كۈنى، جۇدالىق ئازابىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئانا - باللار دىدارلىشىپ مۇراد تاپقان كۈن ياكى ئۇزۇن مەنزىلگە ئاتلانغان يالاڭ ئاياغ سەيياھنىڭ قارارگاھىغا يەتكەن كۈنى.

سەھنىدە ئېلىخان تۆرەممۇ ھەربىي كىيىم بىلەن تۇرۇپتۇ. ئۇنى باشقىلار مارشال دېيىشىدۇ، گەرچە هۆكۈمەت ھەربىي ئۇنۋانلىرى ئىچىدە بۇ دەرىجە بولمىسىمۇ. ئەنە هاياتىنى قاچقۇنلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىسھاقبېك گېنېرال مايور ئۇنۋانى بىلەن مەزمۇت گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر تۇرماقتا. قاتار تۇرۇشقان پاگون، مېدال تاقىغانلارنىڭ ھەممىسى چەكسىز خۇشال، ئۇلار بىر بۇيۇك تاغ، جەڭچىلەرچۇ؟ ئۇلار جانلىق، روھلۇق، تېتىك چىرايلىق، كىشىنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدۇ.

بۇنداق بايرام غۇلجا تارىخىدا زادىلا كۆرۈلمىگەن. ھەربىر دىلدا خۇشاللىق، غۇرۇر ۋە قەسەم يادلانماقتا: ئۇلار ئۇلۇغ كەلگۈسىنىڭ يارانقۇچىلىرى، ئانا تۇپراقنىڭ خوجىسى بولغان ئۆز خەلقىنى مۇراد - مەقسەتكە يەتكۈزگۈچى ئۇلۇغ كۈچ، بۇ كۈچ ئۇلغىيىدۇ، مەۋج ئۇرىدۇ — خۇددى چېچەك سۈيى بىلەن تولىدىغان ئىلى دەرياسىدەك!...

# 41

— ئەڭ بەختلىك ئەۋلاد مانا بىز !

— ئەڭ چوڭ قۇربان بەرگەنمۇ بىز ، ساناپ باقسام غۇلجا سوقۇشىدىلا گىمىنازىيىنىڭ يىگىتلىرىدىن ئون ئىككىسى ، قىزلىرىدىن ئىككىسى قۇربان بوپتۇ !

— جىڭ ، شىخو سوقۇشلىرىدا قانچىمىز قۇربان بولىمىز تېخى ، مەن ئۈرۈمچىنىڭ كوچا سوقۇشىدا ئۆلسەمكەن دەيمەن !

— مەن ئۇرۇش ئاخىرلاشقۇچە هايات بولسام دەيمەن ، هەممە يېرىمىزگە ئازادلىق بايرىقىمىز قادالغىنىنى كۆرسەم دەيمەن !

گىمىنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەسكەر بولغانلار كۆپ ئىدى . ئاپرېل ئېيىدا مىللىي هۆكۈمەتنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى قۇرۇلغاندا ، مەيلى ئىلقا پارتىزانلىرىغا قېتىلغان نۇرى باتۇر ، بۆرىۋايلار بولسۇن ، مەيلى 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا قەسەم بېرىشىپ هۆكۈمەتكە قارشى چىقىشقا ئۆزىنى ئاتىغانلار بولسۇن ، ياكى 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئەسكەرلىرى شىنجاڭدىن مەجبۇرىي چېكىندۈرۈلگەندە شۇلارغا قېتىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ ، 1944 - يىلى نويابىردا قايتىپ كېلىپ ، غۇلجىنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە قوللىرىغا تاياق - توقماق ئالغان ياكى تام تۈۋلىرىدە دوم يېتىپ - دوم قوپۇپ «هۇررا» توۋلىغانلار ، مىناميوت ئوقى توشۇغان ، ياردارلارنى قۇتقۇزۇشقا قاتناشقانلار ياكى جەڭگە قاتناشماي ئۆيلىرىدە گۇمبۇرلىگەن ، قاراسلىغان ، گۈركىرىگەن ، چاڭىلدىغان ، پاراسلىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى هىم ئېتىپ يېتىشقانلار بولسۇن ، مانا هازىر ئۇلارنىڭ هەممىسى ئەسكەر بولۇشقانىدى . هازىر ئۇلارنىڭ هەممىسىلا قەهرىمان . ئۇلار زالىم هۆكۈمەتنى يوقىتىپ ، ئۆز يۇرتىدا ئادىل هۆكۈمەت قۇرۇپ باشقا يەرلەردىمۇ هۆرلۈك پەيدا قىلىش ئۈچۈن ، هەربىيچە ماش رەڭ گىمناستوركا - ئىشتان ،

ئۆتۈك ۋە بېشىغا ئىسپانكا كىيىشكەن ھالدا پىيادە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانماقتا. غۇلجا ئارقا سەپ 4 ـ پىيادىلەر پولكىنىڭ يازنىڭ بۇ تىنچىق تومۇز ئايلىرىدا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىدىن يولغا چىققىنىغا مانا بۈگۈن تۆت كۈن بولدى. ئۇلار غۇلجىدا ھەربىي مەشىق قىلغاندىمۇ رۇس ئوفىتسېرلىرىنىڭ «راز ـ دۋا ـ ترى!» لىرىنى ئاڭلاپ كۆكرەك كېرىپ گۈپۈلدىتىپ يەر دەسسەپ، يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ، سىيرىلىپ مېڭىپ، مىلتىق ـ گرانات ئېتىشلارنى مەشىق قىلغاندىمۇ بۇنچىلىك چارچىمىغان، مانا نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلار چۆللەردىن ئۆتتى، تاغلاردىن ئاشتى، سايرام بويىدا راھەتلىنىپ يېتىشقانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سوغار نان بىلەن سوغۇق سۇ ئىچىپ پىيادە يول ماڭدى. ئەمدىلىكتە ئۇستىدىكى يىگىرمە كىلودەك يۈك كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىر بىلىنمەكتە. ھەتتا كىيىملىرىمۇ ئارتۇق كېلىپ ئىچى پۇشماقتا. لېكىن، زارلىنىش نومۇس، داد ئېيتىش جىنايەت. مانا باتاليون كوماندىرى نۇرى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ناخشا باشلىۋەتتى. جەڭچىلەر ئەگەشتى:

كۆچلۈك قوللاردا مەدەنىي قورال،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملىرىمىز.
بىزدە چېكىنىش يوق، چوقۇم بولمايدۇ،
چۈنكى ئۆسمەكتە قوشۇنلىرىمىز.

مارش ـ ناخشا — قەسەم! بۇ قەسەمگە تەلكە تاغلىرىنىڭ بۈك قارىغايلىرى قوشۇلماقتا. كېيىكلەر تىك چوققىلاردا شىڭتىيىپ قاراپ زوقلانماقتا، سايرام كۆلى داۋالغۇپ ئاپئاق بۇژغۇنلىرىنى قىرغاقلارغا چاچرىتىپ جور بولماقتا. تەشنا دىللارنىڭ قەسىمى تەبىئەتنى ئويغاتماقتا. گۈل ـ گىياھ، چەكسىز چىمەنلىك ۋە قوم ـ يۇلغۇن باسقان چۆللەر ئۇلارنىڭ قەدەملىرىگە پاينداز!
— نۇرى! — دېدى بايىقى پاراڭلاشقانلار ناخشا تۈگەش

بىلەنلا ، سەپىنىڭ بىر دە يېنىدا ، بىر دە ئالدىدا پىيادە مېڭىپ يۈرۈپ جەڭچىلەرنى روھلاندۇرۇۋاتقان ئېگىز ، گەۋدىلىك ، كۆزلىرى ئويناق بۇ يىگىتنىڭ ھەربىي كىيىمى ، بولۇپمۇ پاگونىدىكى بىر بالداق تۆت يۇلتۇزلۇق بەلگە (كاپىتان بەلگىسى ) ، كۆكرىكىدىكى ئوتتۇرىسىغا يۇلتۇز ئېلىنغان ھىلال ئاي شەكىللىك «ئازادلىق» ئالتۇن ئوردېن ۋە چوڭ يۇلتۇزنىڭ مەركىزىگە يۇلتۇزنى يېرىم ئوراپ تۇرغان ھىلال ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن «ئىستىقلالىيەت» ئالتۇن ئوردېنى ، ئىسپانكىسىغا قادالغان بۇغداي باشىقى ئىككى تەرەپتىن ئايلاندۇرۇلۇپ چەمبەر ھاسىل قىلغان ، ئوتتۇرىسىدا يۇلتۇزنى يېرىم ئوراپ تۇرغان ھىلال ئاي چۈشۈرۈلگەن كاكار ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۈمبات قوشقان ؛ ئۇ قاملاشقان ، جانلىق ، قەيسەر قىياپەتلىك كۆرۈنەتتى .

— مەن ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن !

— ئۇ ھەقىقىي يىگىت !

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ ئەقىللىق ، ئەڭ باي قىزى ئاشىق ـ دە !

— بىرى ئەمەس ، ئىككىسى !

— نوغاي قىزىمۇ مەيلى ، ئاۋۇ باي قىزىنىڭ ئەسكەرگە تىزىملانغىنىنى دېمەمسەن !

— دادىسى موسكۋادا ، پارىژدا ئوقۇغان قىزىم دەپ يالۋۇرسىمۇ سانىتارلىقنى تاللىۋالغىنىنى قارا !

— بىراق ئۇ گېنېرال شتابىدا — باش دوختۇرخانىدا قالدى ـ دە ! نۇرى ياردار بولمىسا ئۇنى كۆرەلمەيدۇ ـ دە !

— نوغاي قىزىنىمۇ موڭغۇلكۈرەدىكى 12 ـ ئىسكادرونغا ئەۋەتىپتۇ . ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا نۇرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيدىكەن ـ دە !

— بىراق ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە قىز يوق !

— نوغاي چوكاندىن تۇغۇلغان بالىسىمۇ يوق دېگىنە !

— ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلما ئاق نانچى !

— بالىسىنى ئۇمۇ ئېتىراپ قىلىدۇغۇ !
— كاپشىما دەيمەن !

ئەسكەرلەر جىممىشتى ، ئۇلارنىڭ قەدەملىرى گۇپ ـ گۇپ ـ گۇپ قىلىپ بىر يۇرەكنىڭ رىتىمىدەك ئاڭلىناتتى .

جاھان ئىنسانلارنىڭ يۇگۇرۇشلىرىگە ، رىتىملىق قەدەملىرىگە كۆنۈككەن . ھازىر ساق بەش يىل ئەسكەرلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن ياۋروپا جىمىدى ، ئادەملەر خارابە شەھەرلەرنى تۇزەشكە ئۆتۇشتى . لېكىن ، شەرقىي ئاسىيادا بۇ قەدەملەر ئەۋجىگە چىقتى . پۇتۇن جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلىرى ، پۇتۇن شەرقىي شىمال ، ياپونىيىنىڭ بىرىسىدىكى خىروسىما دېگەندەك ئاراللار 1945 ـ يىلىنىڭ بۇ ماي ، ئىيۇن ئايلىرىدا كۈچ سىنىشىشنىڭ ئېغىر ، دەھشەتلىك كۈنلىرىنى باشتىن كەچۈردى . غۇلجىدىن قوزغالغان يىگىرمە توققۇز مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك قوراللىق ئەزىمەت شۇلارغا ماس قەدەم تاشلىماقتا . يېقىندا ، جىڭ ، شىخو ناھىيىلىرىدە ، چۆچەك ، ئالتاي ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە ئاجايىپ جەڭلەر بولماقچى . بۇ ياش ، ئانچە كۆپ ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن قوشۇنغا قارشى شەرق ، شىمال ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ھەسسە كۆپ ، يەنى يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى بىلەن زەمبىرەك ، تانكا ، ئايروپىلانلار ، مۇستەھكەم ئاكوپ ـ پوتەيلەر پۇتۇن قەھرى ـ غەزىپى بىلەن تەييارلىنىپ خىرىس قىلىپ تۇرماقتا .

8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى ، شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق مەمۇرىي ، ھەربىي باشلىقى گېنېرال جۇ شاۋلياڭ پىشقان گېنېرال گو چىنى جىڭ مۇداپىئەسىگە ، گېنېرال شيې يىفېڭنى شىخو مۇداپىئەسىگە تەيىنلەپ ، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە «ئۈچ ئايغىچە باندىتلارنى قەتئىي يوقىتىمەن !» دېدى . 5 ـ ئاتلىق كورپۇس قوماندانى ما چېڭشياڭ لەنجۇدىكى قوماندانى ما بۇفاڭغا : «خاتىرجەم بولۇڭ ، كېچىكسەك ئۈچ ئايدا يېتىپ بارىمەن . يەنئەننى ئاتلىرىمغا چەيلىتىپ ، پېڭ دېخۇەينى ئۆز قولۇم بىلەن تىرىك

تۆتىمەن !» دەپ ۋەدە بەردى .
1945 - يىلى قۇتلۇق يىل بولدى . ياۋروپانى تېزلا بويسۇندۇرۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا نەچچە مىليون ئەسكەر بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، موسكۋا بوسۇغىسىغىچە تېز سۈرئەت بىلەن كېلىپ ، «ئۈچ ئايدا رۇسىيە مېنىڭ بولىدۇ !» دەپ جار سالغان گىتلېر مەقسىتىگە يېتەلمىدى . 8 - ماي كۈنى رېخستاگ ئۈستىگە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بايرىقى قادالدى . ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ئەسكەرلىرىمۇ غالىبلار مارشىنى ياڭرىتىپ بېرلىنغا كىردى . لېكىن ، ھازىرمۇ ياپونىيىنىڭ قۇرۇقلۇق قىسىملىرى جۇڭگو تۇپرىقىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلماقتا ، ھەممىلا يەردە ياپونغا قارشى سوقۇش ، كۈندە مىڭلاپ ئادەملەر جان بەرمەكتە . چۇڭچىڭ بىلەن يەنئەن بىر - بىرىگە تىغ تەڭلىشىپ تۇرۇشقان ئىككى ئۇلۇغ كۈچ بولسىمۇ ، ياۋۇز دۈشمىنىگە بىرلىشىپ ئوق ئاتماقتا . ياپونلار ئۆز زېمىنىدىن يىراقلاپ ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا ئىگىدارلىق قىلىۋالغان مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىپ ، ئاسيا قىتئەسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا ، ئامېرىكىدىن قاتتىق دۇمبا يەپ چېكىنىشكە باشلىدى . نەچچە ئون مىليون ئەسكەر قاتناشقان دۇنيا ئۇرۇشى ياۋروپا جەڭ مەيدانىدا ئەللىك مىليوندىن كۆپ ئادەمنى ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتى . ئاسىيا قانچىلىك قۇربان بېرەركىن؟ ئۈچ دۆلەت كاتتىۋاشلىرى يالتادا مانا مۇشۇ 1945 - يىلى 4 - فېۋرالدىن 11 - فېۋرالغىچە سۆھبەتلىشىپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى . كېلىشىمدە ، دۇنيانىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنى ستالىن ، روزۋېلت ، چېرچىل دېگەن ئۈچ ئادەم ھەل قىلىپ بېكىتتى . يالتا يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ، سوۋېت ئىتتىپاقى 1945 - يىلى 5 - ئاپرېلدا 1941 - يىلى 13 - ئاپرېلدا تۈزۈلگەن سوۋېت - ياپونىيە بىتەرەپلىك شەرتنامىسىنى بىكار قىلدى . بۇ ئىش ياپونىيىگە قاتتىق تەھدىت بولدى . 1945 - يىلى 28 - ئاپرېلدا مۇسسولىنىنى ئىتالىيە خەلقى دارغا ئاستى ، ئىككى كۈندىن

كېيىن يەنى 1945 - يىلى 30 - ئاپرېل كۈنى گىتلېر خوتۇنى ئېۋا برائىن بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى دۆلەت باشلىقى باغچىسىدا كۆيدۈرۈلدى. گېرمانىيىنىڭ 2 - نومۇرلۇق كاتتىۋېشى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى گىمملېر گېرمانىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن قېچىپ كېتىۋېتىپ ئەنگلىيە قوشۇنى تەرىپىدىن قولغا چۈشتى، ئۇزۇن ئۆتمەي زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى.

ئۇلار بەش يىل ۋارقىراشتى، ئۆلتۈرىمىز، يېڭىمىز دېيىشتى. لېكىن، تەقدىر ئۇلارنىڭ دېگىنىچە بولمىدى...

داۋراڭ سالغانلار، قەسەم بەرگەنلەر غالىبلاردىن بولۇپ چىقمىدى. نۇرىلار بۈنىگىدىن ئۈچ يىل بۇرۇن قەسەم بېرىشكەنىدىغۇ، ئۇلاردىن باتۇر بىلەن نۇرىلا قالدى. قالغانلىرى قۇربان بولدى. مانا ھازىر نۇرىمۇ سەنتەيدىكى دۆڭ باغرىدا چىمەندە ئوڭدا يېتىپ دۇنيادا، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئويلاپ، تىنىق ئاسماندا جىمىرلاپ، نۇرىغا زاڭلىق كۆزى بىلەن تىكىلگەن يۇلتۇزلارغا قاراپ قاتتىق ئۇھ تارتتى.

شىمالدىكى بۆك قارىغايلىق قاپتاللاردا يالت - يۇلت ئوتلار كۆرۈنمەكتە، يېنىدىكى سايرام كۆلى داۋالغۇپ، قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ بىر خىل رىتىمدا شاۋقۇنلىماقتا، ئەتراپ جىمجىت، ھارغان ئەسكەرلەر نېپىز يوتقان - كۆرپىسىنى چىمەنلىككە سېلىپ يېشىنمەيلا ئۇخلاشماقتا. ئاي ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى يورۇتقان، بىر - بىرىدىن چىرايلىق ياش يىگىتلەر مىلتىقلىرى بىلەن ئوقدانلىرىنى يانلىرىغا قويۇشۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشكەن. ئۇلار يول مېڭىپ، ئاكوپ كولاپ چارچىغان، ئۇلارنىڭ غىزالىرىمۇ قۇرۇق نان بىلەن سوغۇق سۇ، بۈگۈن كەچ بورتالالىق موڭغۇللار كالا - قوي سويۇپ ئەسكەرلەرنى مېھمان قىلدى. گۆش بىلەن شورپىدىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا رەڭ يۈگۈردى. نۇرىنىڭ ئەسكەرلىرى تولىمۇ گۈزەل، ئوماق بولۇپ كەتتى. تۆكۈلۈپ تۇرغان قاش - كىرپىكلەر نۇرىنىڭ خىيال ئېكرانىغا زەيتۇنەنى

ئـېلىپ چىقتى... قىز نۇرىنىڭ كۆكرىكىدىكى مېداللىرى بىلەن مـۇرىسـىـدىـكـى پـاگـونلىرىنى نازۇك ، ئاپئاق قوللىرى بىلەن سىيپىدى . ئۇ نۇرىنىڭ كۆزلىرىگە شۇنچىلىك تىكىلدىكى ، نۇرىنىڭ بـەدىـنـىـگـە گويا ئوت تۇتاشتى ، يۇرىكىنى بىر يوشۇرۇن قول مۇجۇدى . ئۇ ئىختىيارسىز قىزنىڭ نازۇك بىلىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى ، قىز جانسىز هالدا ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تاشلاندى... ئۇلار ئۇزاق سۆيۇشتى . ئۇ ئاخىر جىمجىت باغدىكى ئورۇندۇقتا قىزنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ باغرىغا چىڭ تېڭىپ :

— زەيتۇنە ، ئۇيغۇر قىزى... باغۋەن قىزى... ياق ، باينىڭ قـىـزى ! — دەپ بـىـر شـېئىرنىڭ يادىدا قالغان مىسرالىرىنى پىچىرلىدى .

— سىز شائىر ، هەم باتۇر ، هەم... ناخشىچى ، سازەندە...

— يەنچۇ ؟...

— يەنىما ... سىز رەهىمسىز ، تاش يۈرەك !...

— يالغان ، مەن يەنە ئاشىق ! ... — ئۇ قىزنى يەنە سۆيدى .

بۇ ئۇلارنىڭ خوشلىشىشى... نۇرى راستىنلا ئاشىقما ؟ ئۇنداق بـولـسـا شـۇ ئـاخـشـىمى ئۇ زەيتۇنەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ، كۆكچىلىكتىكى دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان پەرىخەنى سانىتارلار كۇرسىغا ئاپىرىپ قويغۇچە تېرەك دالدىسىدا ئۇنىمۇ شۇنداق هاياجـان بـىـلـەن سـۆيدىغۇ ؟ هـەتتا ئۇنىڭغـىمۇ : «ئـاشىق ـ مەشۇق بىز !» دېدىغۇ ؟ مۇهەببەتنىڭ ئۇ بىلىدىغان قانۇنىيىتى بۇنداق ئەمەس ، بىر يۈرەكتە بىرلا مەشۇق بولۇشى لازىم ئىدىغۇ ، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئۇنىڭ قەلب تۆرىدە ؟ نۇرى بۇنى بىلمەيدۇ . ئۇ ئۇچرىغانلا يەردە خوتۇن ئېلىپ كەيپ ـ ساپا قىلىپ يۈرگەن غېنى باتۇر ئاكىسىدىن نەپرەتلىنىپ يۈرگەن ئەمەسمىدى . ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن نېمە پەرقى قالدى ؟

سـەبـىـخـەدىـن تـۇغۇلغان ئوغلى خەمىتچۇ تېخى ؟ ئۇ چىن مۇهەببەتنى قەدىرلىگۈچىمۇ ، خارلىغۇچىمۇ ؟ ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ بـىـر يـەرگـە كەلگەندە ، ياق ، مېنىڭ قەلبىم ساپ ، تۇرمۇش ،

شارائىت مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا زورلىدى دەپ تەسەللى تاپىدۇ تېخى... مانا بۇگۈن ئەسكەرلىرىنىڭ قاش ـ كىرپىكى ئۇنىڭغا پەرىخەنى ئەمەس ، زەيتۇنەنى ئەسلەتتى . ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تۆرىدە زەيتۇنە بارمىكىنە ؟ باي قىزى نېمىسى بىلەن ئۇنىڭ قەلب تۆرىگە چىقىۋالدى ؟ چىرايى ، ئەخلاقى ، بىلىمى ياكى مۇھەببىتى بىلەنمۇ ؟...

— پاڭ ، پاڭ ! — بىردىنلا مىلتىق ئېتىلدى .

نۇرى مىلتىقنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— بۇيرۇق ، ئاتاكا !...

ئەسكەرلەر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئاكوپلىرىغا يۈگۈرۈشتى . نېرىقى دۆڭدە سىگنال چېلىنماقتا ، دۆڭنىڭ نېرىسىدا قاراس ـ قۇرۇس مىلتىق ئېتىلماقتا ئىدى .

جىمجىت سەئەتەي بىردەمدىلا پاڭ ـ پۇڭ ، گۇمبۇر ـ غاراس ، تات ـ تات ـ تات ! ئوق ئاۋازلىرى بىلەن جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى . نۇرى ئاكوپلار ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ، ھەرقايسى روتىلارنىڭ جەڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە .

ھەسەنجان ئىسمىلىك باي بالىسى ئاكوپنىڭ ئاستىدا دۈم يېتىۋالغان ، ئەركىن ئىسمىلىك يەنە بىر گەپدان يىگىت چاتقال ئارىسىدا سۇنايلىنىپ يېتىۋالغان ، قالغان ئۈچ يۈزدىن جىق يىگىت ئاكوپتا ئۆگەتكەن بويىچە ئوق ئاتماقتا ئىدى .

— دۈشمەن چېكىندى !

ئەسكەرلەر ئاكوپلاردىن قايتىپ چىقىشتى . مەسخىرە ، كۈلكە ـ چاقچاق باشلاندى :

— ئەركىن ئاداش ، سېنى پاقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ دېيىشىۋىدى ، باركەنسىنا ؟

— ھەسەنجانمۇ توپىدا پاقىچىلاپ ئۈزەلەيدىكەن !

— ھا ـ ھا ـ ھا !...

— ھى ـ ھى ـ ھى !...

— ئۇلارنى جازالاش كېرەك !
— سىلەرنىڭ جېنىڭلار ھەسەل ، بىزنىڭ جېنىمىز لايكەن ـ دە ؟
— بۇ بىر مانېۋىر ! — دېدى نۇرى كۈلۈپ ، — ھەقىقىي جەڭ ئالدىمىزدا . بىز جەڭ ناھىيىسىنىڭ باجياخۇ ، يۈگجىخۇ دېگەن يېزىلىرىدىكى دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلىمىز . بىردەمدىن كېيىن يولغا چىقىمىز . ئېغىر يۈكلەرگە ئىسمىڭلارنى يېزىپ ئارقا سەپكە تاپشۇرۇڭلار ، ھاۋا ئىسسىق ، يول ئۇزاق ، يېتەرلىك سۇ ئېلىۋېلىڭلار ، بۇنىڭدىن كېيىنكى يول سۇسىز قۇملۇق !

ئەسكەرلەر ناخشا ئېيتىپ ، ۋارقىرىشىپ شەرققە — ئۇتەيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . نۇرى ئېتىغا مىنمىدى ، ئۇ يەنە پىيادىلەر بىلەن بىللە ماڭدى . ئۇ ئۆزىنى جازالاۋاتقاندەك ، يۈرىكىنىڭ قاتلاملىرىدىكى ئۆزىگە يات بىلىنىدىغان نەرسىلەرنى مۇشەققەت بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئىدى . ئىسسىق ، كۆيۈك ئاپتاپ ، چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ، تاشلىق يول ، قۇم دۆڭلىرى ، ئەتراپىدىكى چاتقال ، يۇلغۇن ، توغراقلار گويا ئۇنىڭدىن مەدەت ـ غەمخورلۇق تىلەۋاتقاندەك ، گويا بۇ يەرلەر ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ ئاياغلىرىغا پاياندار بولغىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى . ئۇلار چارچاپ ، چاڭقاپ ، كۆيۈپ قارىداپ ، تەرلەپ ـ پىشىپ ئىلگىرىلىمەكتە . شەرققە ماڭغان قەدەملەر مانا قۇياشنى باش ئۈستىلىرىدىن ئۆزىتىپ كەينىگە ئۆتكۈزدى . قۇياش ئەسكەرلەرنىڭ دۈمبىلىرىنى كۆيدۈرمەكتە . نۇرى باكالاشكىسىدىكى سۇينى باشقىلارغا بېرىپ تۈگەتتى . ئۇنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ ، تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى ، لېكىن ئۇ ھەربىر جەڭچىگە كۈلۈپ ، خۇشال ، روھلۇق گەپ قىلاتتى .
— كوماندىر جانابلىرى ، ئۇتەيگە ئاز قالدىمۇ ؟
— ئاز قالدۇق ، جەڭگە ھۇجۇم قىلىشقىمۇ ئاز قالدۇق !
— ئۇرۇمچىنى قاچان ئالىمىز ؟
— يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن ! بىز جەڭ ، شىخو ، بورتالا ،

ئاقسۇلارنى ، چۆچەك ، ئالتايلارنى بىراقلا ئالىمىز . ئۇرۇمچىدە دۈشمەننىڭ ھېچقانچە كۈچى يوق ! ئاقسۇنى ئالساق قەشقەردىن كېلىدىغان ياردىمىنىڭ يولى توسۇلىدۇ ، دۇنيادا فاشىزم يوقالغۇچە بىزمۇ يۈرتىمىزدىن گومىنداڭنى قوغلاپ چىقىرىپ بولىمىز ، 1945 ـ يىلى دۇنيا ئۈچۈن خاسىيەتلىك ، بىز ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ، بىزنىڭ ئاسمىنىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ قۇياشى مۇشۇ يىل پەيدا بولغۇسى !

نۇرىنىڭ ھېسسىياتلىق ، مەنىلىك گەپلىرى جەڭچىلەرنى روھلاندۇردى . ئۇلار يەنە ناخشا باشلىۋەتتى :

بىز مانا فرونتقا ماڭدۇق ،
دۈشمەن باشىنى كەستۇق !...

سۈزۈك ئاسماندا يېشىل رەڭلىك ، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دېگەن ئەرەبچە يېزىق يېزىلغان ، ئوڭ تەرىپىگە يۇلتۇزنى يېرىم ئوراپ تۇرغان ھىلال ئاي چۈشۈرۈلگەن ئارمىيە بايرىقى لەپىلدىمەكتە . بايراق كۆتۈرگەن يىگىت كۆكرەكلىرىنى كېرىپ ئىسپانكىسىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ ، مەغرۇر ، تەمكىن ، چەبدەس قەدەم بىلەن ماڭماقتا . ئاۋۋال يارىش يازىغى (بەيگە تۇزلەڭلىكى ) ، كېيىنچە جۇڭغار تۇزلەڭلىكى دەپ ئاتالغان چەكسىز تۇزلەڭلىك باشلاندى . بۇ يەرلەردىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ھونلار ، تۇركلەر ، كىدانلار ، موڭغۇللار ، مانجۇلار ۋە خەنزۇلار ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈشتى ، ئۇلار ياكى غەربكە قېچىشتى ، ياكى قوغلاشتى ، 1864 ـ يىلى باشلانغان مانجۇلارغا قارشى ئىلى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ چەۋەندازلىرىمۇ سۇلتان ئەلاخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇشۇ يەرلەردىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ جىڭ ناھىيىسىگىچە بارغان . ئۇلار گويا يەر شارىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندەك زوقمەنلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ «دۇنيا بىزنىڭ» دېيىشكەن . ئۇلار قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن تارىخ ياراتقان ، لېكىن بۇ تارىخ قېرىنىدا يېشى

قۇرۇمايدىغان مۇساپىردەك بىر ئوبراز يارىتىش بىلەن خۇلاسىلەندى. مۇنۇ ئۆتكەنكى قوغلىغان، قاچقانلارنىڭ تەتۈرىچە سەپەر باشلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ يېشىل بايرىقى تارىخ بېتىگە نېمىلەرنى يازاركىن؟ تۆكۈلگەن تەر بىلەن قان، چۆللەردە قالىدىغان يىگىت سۆڭەكلىرى يېشى قۇرۇماسلارنىڭ ئەسلىمىسى بولارمۇ ياكى پەخىرلەنگۈچىلەرنىڭ ئابىدىلىرى بولۇپ قالارمۇ؟ «ئۇرۇمچىنىڭ كوچىسىدا ئۆلسەم ئارمىنىم يوق!»، «ياق، مەن بۇ بايراقنى شىڭشىڭشىيا دېگەن يەرگە ئۆز قولۇم بىلەن قادايمەن!»، «مېنىڭ جېنىم ئالىقىنىمدا، ھەممە يەر مېنىڭ قەبرەم!»، «بىر جېنىمنى ئونغا تېگىشسەم گومىنداڭ يوقىلار!»...

جەڭچىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى نۇرى دائىم ئاڭلاپ كەلدى. ئۇنىڭ يالغۇز ئىنىسى بەرامۇ دادىسىنىڭ نالىسىگە پىسەنت قىلماي: «دەرا ئۇچۇن، ئىنىم ئۇچۇن قىساس ئالمىسام قانداق ئادەم بولىمەن!» دەپ تەرسالىق قىلىپ ئاتلىق ئەسكەر بولۇۋالدى. ئۇ ھازىر تېكەس 1 - ئاتلىق پولكتا، ئۇلار ھازىر ئاچال داۋىنىنىڭ شىمال قاپتىلىدىكى تاغلىق رايوندا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرماقتا. چوڭ دادىسى مۇختەرباي چېغىدا 1 - ئاتلىق پولكقا «يول باشلىغۇچى» بولۇۋېلىپ، ھازىر مۇزاتتا تۇرماقتا. مەۋلانوف پولكى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلماقچى.

— بۇ يوللار ماڭا بەش قولدەك تونۇش، مەن تۇڭگانلارنىڭ ئات باققۇچىسى بولۇپ ماڭغان يوللاردا ئۆزىمىزنىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ بىر ماڭمىسام ئارمىنىمغا يېتەلمەيمەن! — دېگەنىدى ئۇ ھەربىي بۆلۈمنىڭ باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇرىسىگە قولىنى سىلىپ، — ئەخمەتجان ئۇكا، ماقۇل دېسەڭا!

نۇرىنىڭ دادىسى ئايالى ۋە بالىلىرى بىلەن شەھەردىن يېزىغا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ:

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يىل يىگىرمە خو يەرگە بۇغداي

تېرىيمەن . خو بېشىغا ئۇن خودىن بۇغداي ئېلىپ ، يۈز خو بۇغداينى ئەسكەرلىرىمىزگە ياردەم قىلىمەن ! — دېگەنىدى .

ھەممە خەلق قوزغالغان ، ھەممە خەلق ئۈمىدىنى مۇشۇ ئەسكەرلەرگە باغلىغان ، تەشنا قەلبلەرنىڭ كۆزلىرى مۇشۇلاردا ، خىيالى مۇشۇلار بىلەن بىللە !

نۇرى بىردىنلا تەرلەپ قىزاردى . ئۇ بايىلا قىزلار ، سۆيگۈ تۇغرىسىدا ئويلىغىنىغا ئۇيالدىمۇ ياكى كىشى بىلمەيدىغان بىر نومۇسلۇق ئىشى بارمىكىن ؟...

ئىنسان قەلبى سىرلىق ساندۇق ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەر يوق دەيسىلەر ؟

«ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدە مەشھۇر باينىڭ مەردلىكى ئېلان قىلىنىدى . باي ئۆز دۇنياسىنىڭ يېرىمىنى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە تەقدىم قىلغان . ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مىنىستىرى ئەنۋەر مۇسابايوفنىڭ دۆۋە ـ دۆۋە چوكا ئالتۇنلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتقان سۈرىتىمۇ گېزىتكە بېرىلگەن . زەيتۇنە نۇرىغا يۈلىنىپ پىچىرلىغاندەك سۆزلەپ : «دادام مېنىڭ تەلىپىمنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى ، بىلەمسىز ؟» دەپ ئەركىلىگەنىدى . زەيتۇنە نۇرىنىڭ قەلب تۆرىدىن پۈلنىڭ كۈچى بىلەن ئورۇن ئالغان بولسىچۇ ؟...

نۇرى بىكار قىزارمىدى ، بەلكى يەنە باشقا سىرلىق ئىشلىرى بولسا كېرەك...

ئۇتەي — چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە يېشىللىق . بۇ يەر ھارغىن تەنلەر ئۈچۈن ئارام ماكانى بولدى . لېكىن ، بۇ يەرنى باشقا بىر باتالىيونغا قالدۇرۇپ ، نۇرىنىڭ باتالىيونى ئۇڭ تەرەپتىكى تاغ باغرىدىن ئورۇن تۇتۇپ ، شۇ يەردە ئاكوپ كولاپ كۈتۈپ تۇرۇش بۇيرۇقىنى ئالدى . ئەسكەرلەر چېلەكلەردە چاي قايناتتىپ ئىچىشتى . ئىسسىقتىن پاناھلانغۇدەك نە دەرەخ ، نە تام يوق ، ئۇلار ھۆپۈلدەپ تۇرغان ئاپتاپتا دەرھال ئاكوپ كولاشقا كىرىشتى . گۈرجەكلەر كۈن نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلاتتى . مانا كۈن

ئـولتۇردى . تاغ باغرى قاقاس بولغىنى بىلەن شاماللىق ئىدى . ئاخشىمى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش كۆڭۈللۈك ، كۈندۈزى تومۇزدا ئەمگەك قىلىش جەڭچىلەر ئۈچۈن راھەت ئىدى . چۈنكى ، ئۇلار قەھرىتاندا مۇزدا توڭەش ، بەلگىچە پاتقاقتا مىلىنىپ نەچچە كۈنلەپ سۇدا يېتىش ، بىر پۇت ، بىر قولى بولمىسىمۇ يەر بېغىرلاپ نەچچە كـىـلومېتىر يول بېسىش ، نەچچە كۈنلەپ ئاچ يۈرۈش ، قىرىق گرادۇسلۇق ئىسسىقتا چاكىلداپ ئۇسساپ كەتسىمۇ دادلىماسلىق... مۇشەققەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە ئۆزىنى تەييارلاش تەربىيىسىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشقان ، ئۇلار ھەرقاچان قۇربان بولۇشقا تەييار ، تـۈيـۇقسـىـز زەربىگە ھازىر ئىدى . جەڭچى — ئۆلتۈرگۈچى ، ئـۆلـگـۈچى . ئۇنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ، دۈشمەننى ئۆزىدىن ئۈستۈن كەلگەندە ، ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئېلىشىپ جان بېرىش ، ھەرگىز قاچماسلىق ، باش ئەگمەسلىك ، يېلىنماسلىق ، پۇشايمان قىلماسلىق...

شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرەم :

— غازات قىلماق ئۇلۇغ ئىشقا ئۆزىنى ئاتىماق دېگەنلىك . ئىستىقلال ئۈچۈن ئۆلسەك شېھىت ، قالساق غازى ، ھەر ئىككىسى جەننەتىدۇر . شۇڭا ، بۇ ئىش بەخت ، مۇراد ، خەيرلىك ـ ساۋاب ، ساۋابـلارنـىـڭ ساۋابى ، ئاللاتائالانىڭ ھىممىتىدۇر . بالىلىرىم ، نۇسرەت ـ مۇۋەپپەقىيەت سىلەرگە خاس ، پېشانەڭلەرگە تەگكەن ئوق ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى ، دۈمبەڭلەردىن تەگكىنى دوزاخنىڭ بېشارىتى ! — دەپ سۆزلىگەنىدى جەڭچىلەرگە .

پۈتۈن ئىلى خەلقى يول ـ يوللاردا سەپ بولۇپ جەڭچىلەرگە ئـۈتۈق ، غەلىبە تىلەشتى . خەلقنىڭ ئۈمىدىگە ھەربىر قەدىمىدە جاۋاب ئىزدەۋاتقان جەڭچىلەر تومۇزدىن قورقاتتىمۇ ؟

كـەچـقـۇرۇنـقـى دىـمىق بەدەنلەردىن چىلىق ـ چىلىق تەر ئـاقـقـۇزغاندا ، سايرام كۆلى تەرەپتىن ئاتلىق قىسىملار چىقىپ كېلىشتى . ئاتلىقلارنىڭ كوماندىرى ئالا ئات مىنگەن ، گەۋدىلىك ، بېلىگە كەمەر باغلاپ تاپانچا ئاسقان يىگىت نۇرىغا غېنى ئاكىسىنى

ئەسلەتتى. پولكوۋنىڭ نامى بىرىلگەندە غېنى باتۇر غۇلجىدا يوق ئىدى. مۇشۇ يىلنىڭ بىشىدا غۇلجا ئازاد بولغاندا، گومىنداڭ قىسىملىرى غۇلجىغا بەش تەرەپتىن يۇرۇش قىلدى.

بۇ بەش تەرەپنىڭ بىرى بورتالادىن كېلىۋاتقان گومىنداڭنىڭ جاڭ يىڭجاڭ باشچىلىقىدىكى ئىككى روتا ئەسكىرى ئىدى. ئۇلار ئاقسۇ داۋىنىدىن ئېشىپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. ئاقسۇ داۋىنىدىن ئېشىپ كەلمەكچى بولغان بۇ دۈشمەننى توسۇپ يوقىتىشنى غېنى پارتىزانلىرى ئۈستىگە ئالدى. غېنى پارتىزانلىرى جۇۋا، پىيما كىيگەن، بىردىن يۈك ئېتىنى يېتەكلەشكەن ھالدا غۇلجىدىن يولغا چىقىپ قارلىق دالادا ئۇزاق ماڭدى. نۇرى غېنى ئاكىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىدى. باتۇرنىڭ قاۋۇل، يوغۇرۇك جىرەن ئېتىغا نۇرىنىڭ چىلان تورۇق ئېتى ياندىشىپ مېڭىشقا ئادەتلەنگەن، ئاتلارنى ئاپئاق قىرو قاپلىغان، ئادەملەرنىڭ قۇلاقچىلىرىدىن چوكا مۇزلار ساڭگىلاشقان، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى.

ئاقسۇ داۋىنىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇلارغا بورتالا پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقى ئىردەننىڭ رازۋېدكىچىسى ئۇچرىدى:

— جاڭ يىڭجاڭ ئىككى روتا ئەسكەر بىلەن يېڭىلا ئارىشاڭنىڭ بىرىسىدىكى بۆكە ئامبال جاڭزىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

— ئىردەنى نەدە؟

— داۋان ئېغىزىدا، سىلەرنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ!

— چۇ! — دېدى غېنى ئېتىنى دېۋىتىپ. بۇ ئۇنىڭ كوماندا بەرگىنى. پارتىزانلارنىڭ ئاتلىرى ئاسماندا قار ئۇچقۇنلىرىدىن بۇلۇت پەيدا قىلىپ ئۆرىگە — داۋانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— دەرھال قورشاپ يوقىتايلى!

غېنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېڭىلا قوشۇلغان ئىككى پارتىزان ئەترىتى بۆكە ئامبال جاڭزىسىنى قورشىۋالدى. ئەسكەرلەر جاڭزىغا قارىتىپ بۇيرۇقسىزلا ئوق ئاتتى. دۈشمەنمۇ ھودۇقۇپ ئوق چىقاردى. قورشاۋ بارا - بارا تارىيىپ جاڭزىغا قامالغان دۈشمەنلەر

يا تەسلىم بولۇش ، يا يوقىتىلىش ھالىتىدە تۇرغاندا ، تۇيۇقسىزلا پارتىزانلارنىڭ كەينىدىن ئوق يېغىشقا باشلاندى . قىلىن قاردا دەرەخلەرنى پاناھ قىلىپ ئوق ئېتىۋاتقان يىگىتلەردىن ئالتىسى قۇربان بولدى . غېنى باتۇر بورتالا تەرەپتىن دۈشمەننىڭ ياردەمچى قىسىملىرىنىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى . بۇ ئىشنى نۇرى ئۇنىڭغا دېگەندە ، غېنى :

— ئېتىشنى بىل ، سەن كوماندىرمۇ ، مەنمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىغانىدى .

— ياردەمگە كېلىپ قالسىچۇ ، غېنىكا ؟

— ياردەمچىلىرى كەلگۈچە مۇنۇ جاڭزىدىكىلەرنى تۈگىتىمىز .

لېكىن ، ئىش ئۇنداق بولمىدى . غېنى ئوقنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى . ئۇ :

— نۇرى ، ئېيت ، داۋانغا چېكىنەيلى ! — دېدى ـ دە ، تىك بولۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ تۇلكە قۇلاقچىسىنىڭ كەينى تەرىپى قانغا بويىلىپ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ دولىسىغا ئوق تەگكەنىدى .

ئۇ بايىلا نۇرىغا چاقچاق قىلىپ :

— ستالىن شۇ تۇرقىدا نېمە قىلىۋاتىدۇ ؟ — دېۋىدى ، نۇرى :

— بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ ! — دەپ جاۋاب بەردى .

— بېرلىن دېگىنىڭ مۇشۇ بۆكە ئامبال جاڭزىسىدىن چوڭ ئەمەستۇر ـ ھە ؟

— ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى نەچچە مىليون ، زەمبىرەكلىرى ، تانكا ، ئايروپىلانلىرى نەچچە مىڭ ، نەچچە مىڭ . ئۇلار دېگەن دېڭىز ، بىز دېگەن ئېرىق ، ئاكا !

— دېڭىز دېگىنىڭ سايرام كۆلىدىن چوڭ ئەمەستۇر ـ ھە ، ھا ـ ھا ـ ھا !... قانچىنى ئۆلتۈردۈڭ ، نۇرى ؟

— يىگىرمە ئالتە ! — دېدى نۇرى .

غېنى قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۈمىلەپ كېتىۋېتىپ :

— يۈزگە يەتكۈز ، دۈشمەن جىق تېخى ! — دېدى ـ دە ، جىم

بولۇپ قالدى . دەل مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئوق تەگدى ، نۇرى ئۇنىڭغا قارىدى . ئۇ كۆكىرىپ كەتكەن ، بويىندىن قان چىقىپ كىيىملىرىنى بۇلغىغان ، ئۇ گەپ قىلمايتتى . غېنى تاپانچىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ، قولى بىلەن ئالدى تەرەپنى شەرەت قىلماقتا . بۇ ئىش 1945 - يىلى 10 - يانۋار كېچىدە يۈز بەردى .

«غېنى باتۇر جەڭگە كىرسە پەرىشتىلەر بۇلۇت بولۇپ ئۇنى قوغداپ ماڭارمىش» ، «ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىدە بىر ، سول مۈرىسىدە بىر پەرىشتە ھىمايە قىلىپ ماڭارمىش ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئوق تەگمەيدۇ !»

بۇ خەلقنىڭ توقۇلما گەپلىرى ، غېنى باتۇر ساقچىخانىنى ئېلىشتا يېغىۋالغان ئوققا قارشى سۇغا چىلانغان كىگىزنى بېشىغا ئارتىپ يۇگۇرگەن ۋە قېلىن ، ئېگىز تامنى تېگىنى كولاپ ، پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈپ پارتلاتقان ، ئەكسىنىر زاۋۇتىنىڭ بەشىنچى قەۋىتىگە — نەچچە پىلىموتتىن ئوق يېغىۋاتقان بىناغا يالغۇز ئۆزى چىقىپ پىلىموتچىلارنى دېرىزىلەردىن يەرگە خۇددى سېسىغان كاۋىنى ئاتقاندەك ئاتقان ، ئىلى سوقۇشىنىڭ دەسلىپىدە ئۇ يەنە ئىسكىلاتقا قامىۋالغان شۇنچە كۆپ دۈشمەن قوراللىق ئەسكەرلىرى ئارىسىغا تۇگۈلۈكتىن يالغۇز سەكرەپ چۈشكەن ، شۇنچە كۆپ مىلتىق تۇتقان ئەسكەرنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوق ئاتالمىغان ، ئۇ قىلىچ بىلەن دۈشمەننى چاناۋەرگەن ، تاكى ھېرىپ ھالىدىن كەتكۈچە... ئەڭ خەتەرلىك جايدا غېنى بار ، شۇ يەرنىڭ بۇزغۇچىسى ، غالىب سەردارى غېنى باتۇر ، ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەسلىكىگە ھەممە خەق ئىشەنگەن ، غېنى باتۇر ئاخشىمى كىيىملىرىنى سالسا ، ئوقلار ھەممە يېرىدىن توكۇرلاپ ئۇرۇقچىدەك چۈشىدىكەن... ئۇ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقنى قامچىسى بىلەن قايرىۋېتەلەيدىكەن ، ئۇ دۈشمەننىڭ كۆزىگە كۆيۈۋاتقان ئوت بولۇپ كۆرۈنگۈدەك... بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىگە خەلق ئىشەنگەن ، لېكىن نۇرى ئىشەنمىگەن . ئۇ غېنى باتۇرنىڭ «قورقۇش»نى بىلمەيدىغىنىغا ، قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدىغىنىغا ئىشەنگەن . ئۇ

ھەرقانداق خەتەرگە قارامىلىق بىلەن تەۋەككۇل قىلالايتتى ، مازاردىكى جەڭ ، غۇلجا شەھىرىدىكى جەڭلەردە ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن ھەممىنى كۆرگەن... بۇگۈنكى ئوق قانداق تەگدى ، نەدىن كەلدى ؟ بۇ بىر سىرلىق ئىش . ئوق كەينىدىن تەگكەن ، ئۇنىڭ دولىسىدىن كىرگەن ئوق مۇرىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن :

— دۈشمەننىڭ ئوقى ئەمەس ، ئۆزىمىزنىڭ ئوقى ! — دېدى تۇرسۇن باتۇر دېگەن مەرگەن جاراھەتنى تېڭىۋېتىپ .

قورقۇشنى بىلمەيدىغان ، دۈشمەنگە رەھىمسىز باتۇرغا ئوق تەگدى . غېنى باتۇر ئىككى ئات كۆتۈرگەن نوسىلكىدا بىر دەمدىلا قورغاسقا ، ئاندىن ماشىنىدا شۇ كۈنىلا ئالمۇتىغا يۈرۈپ كەتتى ، ئۇ ھازىر موسكۋادا داۋالىنىۋاتىدۇ .

ئارمىيە قۇرۇلغان ئاپرېل ئېيىدا ئۇ داۋالىنىشتا ئىدى . ئۇنىڭغا خەلق قەھرىمانى دېگەن نام بېرىلدى . نۇرى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئاكىسىغا ھەتتا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى . نارازىلىقى غېنىنىڭ خوتۇنپەرەسلىكى ، بولۇپمۇ مۇھەببەت دېگەننى ئاياغ ئاستى قىلىپ ، ئۆزىگە مۇھەببەت ھېسسىياتى ئويغانمىغان ئون نەچچە ياشلىق قىزلارنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ كۆڭۈل ئېچىشلىرىغا قارىتىلغان ، نەپرىتى بولسا ئۇنىڭ چىرايلىق قىزلارنى قىدىرىپ ئىزدەپ ، ئاخىر زەيتۇنەگە كۆزى چۈشكەنلىكىدىن پەيدا بولغانىدى . ئارىغا چوڭلار — ھەتتا غوجام ، رەخىمجانلار كىرىپ يۈرۈپ غېنىنى نىيىتىدىن ياندۇردى . بولمىسا نۇرى تاپانچىسىنى غېنى باتۇرغا قاراتقانمۇ بولاتتى...

ئىنقىلاب غەلىبىسى غېنى باتۇرنىڭ شۆھرىتىنى تېزلا كۆتۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭ باتۇرلۇقى توغرىسىدا رىۋايەتلەر پەيدا بولدى : ئوق ئۆتمىگۈدەك ، كەچتە چاپىنىنى سالسا ئوقلار توكۇرلاپ چۈشكۈدەك ، ئالا ئېتىنى چاپتۇرۇپ ماڭسا دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنگۈدەك...

ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى بىلەن ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ ھەل قىلغۇچى ئادىمى ھېسابلاپ ، ئۇنى ئەڭ ئالىي

شەخس دەپ بىلىشتى . ئۇنىڭغا بىرلىرى مال - دۇنيا ، بىرلىرى ئۆي - جاي ، يەنە بىرلىرى قىز - چوكانلارنى تەقدىم قىلىشتى . غېنى باتۇرنىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلىرى ، سازچىلىرى ۋە قىزىقچى - چاقچاقچىلىرى پەيدا بولدى . ئۇلار غەلىبىدىن كېيىنكى بۇ كۈنلەرنى ئويۇن - كۈلكە ، ئەيش - ئىشرەت ۋە مەدھىيە - ماختاشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشمەكتە .

ئىنسان نېمىنى تەمە قىلمايدۇ ، تەمەخورلار قۇربان بېرىشكە دائىم تەييار . مانا مۇنۇ ئايدۆڭ مەھەللىسىنىڭ بېيى ئۈچ كۈن قاتراپ يۈرۈپ ، ئاخىر غېنى باتۇرنى ئۆيىگە مېھمانغا كېلىشكە ماقۇل دېگۈزەلىدى . ئۇنىڭ كەڭ هويلىسى ئاتلار بىلەن تولدى ، ياسىداق ، پاكىز ئۆيىدىكى گىلەم ، پاياندازلار ئۈستىدە قار يۇقى ئۆتۈك ، پىيمىلارنىڭ ئىزلىرى پەيدا بولدى . مېھمانلار مەشرەپ پەدىسىگە يەكتىنىز ئولتۇرماستىن ، پۇتلىرىنى سۇنۇپ يانپاشلاپ يېتىشىپ ، ئاچچىق موخۇركىلىرىنىڭ كۆللىرىنى گىلەمگە ، ئىسلىرىنى پاكىز ئۆينىڭ تورۇس - تاملىرىغا خالىغىنىچە قېقىپ - پۈۋلەپ ، بۇ ئائىلىنىڭ تارىخىدا كۆرۈلمىگەن يېڭىلىقلارنى پەيدا قىلدى . ئۇلار يېدى ، ئىچتى ، ساز چالدى ، ناخشا ئېيتتى ، ئاخىرىدا غېنى باتۇر بىرلا ئەسنىۋىدى ، باي بىلەن باتۇر ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرگەن گەۋدىلىك ، كۆزلىرى بۆرتۈپ چىققان بايۋەچچە ساھىبخانىغا قاراپ :

— خوش ، ۋاقىت بىر يەرگە باردى . دۇئا قىلىمىزما ؟ — دېدى .

— ئەمىسە ! — دېدى ساھىبخانىنىڭ ئەلچىسى ، مەھەللە ئىمامى دۇدۇقلاپ ، — ئەرلەرنىڭ ئەرى ، خۇدانىڭ شىرى ، خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇرىمىزنى باي جانابلىرى كۆيئوغۇل قىلىپ خىزمىتىدە بولسام دەيدىكەن ، باتۇرنىڭ بالىسىنى تەۋەررۇك نەۋرە قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلسام دېگەن ئارزۇ بىلەن ، قىزى رۇخسارىگۈلنى باتۇرنىڭ نىكاھىغا تەقدىم قىلماقچىكەن . نىكاھ ئوقۇپ قويۇشۇمغا رۇخسەت بولارمىكىن دېۋىدىم ؟

— ئوقۇ ! — دېدى ماموق ياستۇقتا تايىنىپ سۇنايلىنىپ ياتقان غېنى باتۇر تاقىر بېشىنى يوغان قوللىرى بىلەن سىيپاپ قويۇپ ، — قىز نەچچە ياش ؟

— ئون ئالتىدىن ئون يەتتىگە ماڭدى .

— چىرايلىقمۇ ؟ — غېنىنىڭ يېنىدىكى بايۋەچچە چاقچاق قىلغان بولۇپ سورىدى .

— قوتۇر قوزىنى ئەزىز مېھمانغا سويغىلى بولمايدۇ ، سەت قىزنى باتۇرىمىزغا سۇنغىلى بولمايدۇ . قىز خۇدايىم بۇيرۇسا جەننەتنىڭ ھۆر - پەرىلىرىدىن...

— يەكتىز ھەي ، نىكاھ ئوقۇلىدۇ .

ئىمام ئەزىمىلىك بىلەن نىكاھ ئوقۇپ ئاخىرىدا قىز ئەلچىسىدىن :

— قىزنىڭىز رۇخسارىگۇلنى خەلق قەھرىمانى غېنى باتۇرغا خاتۇنلۇققا بەردىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى . قىزنىڭ ۋاقىتلىق «ئاتىسى» بولغان ئەلچى خۇشامەت بىلەن :

— بەرمەمدىغان ، بەردىم ! — دېدى . ئىمام غېنى باتۇردىن :

— رۇخسارىگۇلنى ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىۋىدى ، غېنى باتۇر دەرھاللا :

— ئالدىم ! — دېدى .

بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى تۆتىنچى قېتىم «ئالدىم» دېيىشى ئىدى .

كۈيئوغۇل مەخسۇس ھۇجرىغا كۆچۈرۈلدى . مېھمانلار مۇبارەكلىشىپ تارقالدى . قىزنىڭ يەڭگىسى نازۇك ، سۇتتەك ئاق ، قاش - كۆزى قاپقارا ، تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان گۈزەل قىزنى ھۇجرىغا ئەكىردى ۋە قىزغا :

— باتۇرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىل بالام ! — دەپ پىشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

غېنى پۇتلىرىنى سۇندى . قىز تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن غېنىنىڭ يوغان پۇتلىرىدىن ئۆتۈكىنى تارتتى . باتۇر پۇتىنى

قاتۇرۇۋېلىشۇدى، قىزنىڭ كۆچى يەتمىدى، قىز قورقۇپ ئىختىيارسىز بوقۇلداپ يىغلىدى.

— ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا يىغلايسەنغۇ، — دېدى باتۇر ئالىقىنى بىلەن قىزنىڭ نازۇك ئېڭىكىنى تۇتۇپ، — كېلە، كۆڭلىكىمنى سالدۇر!

— مانا بۇ ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ شاراپىتى، تارتقان جاپالىرىمنىڭ مېۋىسى ... — دېدى غېنى يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاپئاق كۆرپىدە بىھوش ياتقان يالىڭاچ قىزنىڭ قاپقارا، ئۇزۇن چاچلىرىنى تۇتۇپ، — ئىنقىلاب بۇ بىچارىگە ئازاب ئەكەلدى ـ دە!

مانا ھازىر ئاۋۇ ئاتلىق كوماندىرلارنى كۆرۈپ نۇرىنىڭ يادىغا غېنى باتۇر بىلەن بىللە ئۆتكەن چاغلار كەلدى. ئۇ ھازىر بىلدى: ئۇ غېنى باتۇرنى سۆيەتتىكەن. سۆيگۈ، ھۆرمەت ئىنسان بەدىنىدە يوشۇرۇن ياشايدىكەن، سەن كىمنى ياخشى كۆرۈپ، كىمنى يامان كۆرۈشۈڭنى ئۆزۈڭ بەلگىلىۋالالمايدىكەنسەن، ئۇنى ھايات ساڭا تاڭىدىكەن!

دۈشمەن بىلەن جەڭ باشلىنىش ئالدىدا نۇرى نېمىشقا يېقىنلىرىنى بىرمۇبىر ئەسلەپ قالدى ـ ھە؟ بۇ جۇدالىقنىڭ بېشارىتىمۇ، كەلگۈسىدە بولىدىغان مەڭگۈلۈك ئايرىلىشنىڭ ئالدىن مەلۇماتىمۇ؟

ئۇ ئەلۋەتتە نېمە ئۈچۈن ياش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا بەل باغلىغىنىنى چۈشىنىدۇ. ئىنساني غۇرۇرى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىستىكى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن چىڭ باغلانغان ئادەملا مۇشۇنداق قىلالايدۇ. ھايات ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دېگەنلىك. ھەممىلا ئىشتا — ماددا، مەدەنىيەت ۋە سىياسەت دەپ ئاتىلىدىغان ئىنساني ئەركىنلىكتە باشقىلارغا يېلىنىپ ياشاش ئېغىلدىكى قوي ـ كالا، كاتەكتىكى توخۇ، قەپەستىكى قۇش بىلەن ئوخشاش ياشىغانلىق ئەمەسمۇ؟ 1759 ـ يىلى چىيەنلۇڭ ۋاقتىدىن باشلاپ بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن زالىملار بۇ يەرنىڭ خەلقىنى ھايۋان

ئـورنىدا خارلاپ كەلدى . خالىسا ئۆلتۈردى ، خالىسا قىيىندى ، خـالىسا دەسسەپ ـ چەيلىدى . رايون ، ناھىيىدىن تارتىپ ئۆلكە ھەربىي ـ مەمۇرلىـرىغىچە ھەممىـسىلا شـۇلاردىن ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئىنسانىي ھوقۇق ، ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئۆز ئەمگىكى يـاراتـقـان بـايـلـىقلىرىغا ئىگە بولۇش ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ، ئـۇلارنـىڭ بۇرچى زالىم ھۆكۈمدارلار ۋە ئۇلارنىڭ شۇنچە چوڭ ھـاكــىمىيەت قوغدىغۇچىلىرىنى بېقىش بولدى . بۇ يەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلىـرى ، ئەڭ شېـرىن نېـمەتلىـرى ، ئەڭ گـۈزەل قىز ـ چوكانلىرى زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ بولۇپ كەلدى . بۇ خىل مەجبۇرلاش مەنىسىـدىكى تەڭسىـزلىكنى خالىمىـغانلارنىڭ كاللىسى ئـېـلـىـندى ، بۇ خىل ئەزىمەتلەرنىڭ سۆڭەكلىرى مۇشۇ يەرنىڭ توپىسىغا ئايلىنىپ ، قۇملار ئارىسىدىكى دۆڭلەرنى پەيدا قىلدى . ئاۋۇ قىزغۇچ غوللۇق يۇلغۇنلار ئاشۇ قانلاردا كۆكەرگەن . زېمىن ئىگىلىرى ئۆز سۆڭەك ، قانلىرى بىلەن ئۆز يېرىنى كۆكەرتسۇنۇ ، زالىم ھۆكۈمرانلار بۇ يەردە قىيغىتىپ ، ئېغىناپ يايرىسۇن ! بۇ تەڭسىزلىككە قارشى تىغ كۆتۈرگەن ئوغلانلاردا پۇشايمان ـ ئەندىشە نېمە قىلسۇن !...

ئۇ ئاتلىقلارغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ، لېكىن نەق شۇ چاغدا سۇزۇك ئاسماندا دۈشمەن ئايروپىلانى پەيدا بولدى . جەڭچىلەر بىرلا كوماندا بىلەن يۇلغۇنلار ئارىسىغا ، ئورەكلەرگە ئۆمىلىشىپ بىردەمدىلا غايىب بولۇشتى .

ئـايـروپـىـلانـلار بـىـردەمـدىـلا كـۆپەيدى . بەش ئايروپىلان قاپقارىسىغىلا يارىش يازىقىنىڭ قۇم دۆڭلىرى ۋە يۇلغۇنلىرىغا بومبا تاشلاپ ، پەسلەپ پىلىـموت ئېتىـپ ، ئەتراپنى چـاڭ ـ تـوزان ۋە داد ـ پەريادقا تولدۇرۇۋەتتى !

ئون يەتتە ئات ، سەككىز جەڭچى قۇم بارخانلىرى ۋە يۇلغۇنلار ئارىسىدا جان بەردى .

— بـىـكـاردىـنـلا ئۆلۈپ تۈگەيمىزمۇ ، باجياخۇ ، يۈگجىخۇ دېـگـەنـلـىـرىگە ھۇجۇم باشلايلى ! — دەپ ۋارقىرىدى نۇرنىنىڭ

يۇرتلۇقى زىخرۇللام ئىسىملىك ئېگىز، ئاق سېرىق چوقۇر يىگىت دوستىنى قۇمغا دەپنە قىلىۋېتىپ.
— ئېمىشقا ھۇجۇمغا بۇيرۇق يوق؟
— قاچانغىچە ئاكوپ كولايمىز؟ دۈشمەننىڭ گۆرىنى كولىساق بولمامدۇ؟
— بۇنداق مىسىلداپ ئۇرۇمچىگە قاچان بارىمىز؟
— خەپ، غېنى باتۇرنىڭ يوقلۇقى، پالىنوف، ماژاروف دېگەن ئورۇسلارغا قالغاندىكىن كۈنىمىز شۇ!
— ئورۇس دېگەن ئۆلۈم ئالدىدا بىر توشقان!
— توشقان بولسا گېرمانلارنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتەلەيتتىمۇ؟
— نەچچە مىليون نېمىسنى گۆرگە تىقتىغۇ؟
— سوۋېت دېگەن ئۆزىنىڭ يېرى، ھەر كىم ئۆز يېرىنى قوغداشتا باتۇر!
— ئىنۋاننىڭ: سىن ئۆلسە شەخىت، قالسا غازى بولادى. ماغان ئۆردەكتە يوق! دەپ ۋارقىرىغىنى بىكار ئەمەس ـ دە!
— بىز قانچە جىق ئۆلسەك ئۇلارغا ياخشىمۇ تېخى!
— تەتۈر گەپ قىلما، ھەسەنجان، ئېلىخان تۆرەمنىڭ گېپىغۇ بۇ!
— ئۆلۈۋاتقان ئۇيغۇر بىلەن قازاق!
— قالماق، شىبە، تۇڭگانلارمۇ بارغۇ؟
— ئەمما لېكىن پايدا ئورۇسلارغا، ھەممە ئەسكەر باشلىقلىرى ئورۇس!
— پالىنوفنىڭ ئورنىغا غېنى باتۇرنى قويۇش كېرەك ئىدى.
— باتۇرغا ئەگەشسەڭ باتۇر بولىسەن. شىرغا ئەگەشسەڭ ھېچبولمىسا بۆرە بولالايسەن، قويغا ئەگەشسەڭ ئەڭ قالتىس بولساڭ ئارانلا قوچقار!
— ياق، غېنىكام قالتىس قارام، ھەربىي ئىلىمنى بىلمەيدۇ. ئىسھاقبېكنى قوماندان قىلىش كېرەك!

— جەنە دەلىلقاننى !

— ئۇيغۇردىنچۇ ؟ ئابباسوفچۇ ؟

— ئۇ ئادەم سىياسەتكە بولىدۇ ، قوماندان بولالمايدۇ .

— مۇشۇ بىزنىڭ كوماندىر زىياۋۇدىنوفنى باش قوماندان قىلسا ئۇيغۇردىن ژۇكوف چىقاتتى ـ دە !

— توغرا ، زىياۋۇدىنوف هەم باتۇر ، هەم ئەقىللىق ، هەم بىلىملىك ! قالتىس قوماندان بولىدۇ بىزنىڭ نۇرى !

نۇرى بۇ گەپلەرنى ئېغىر قايغۇ ، قاتتىق غەزەپ ئىچىدە جەڭچىلەرگە ئوخشاشلا تىت ـ تىت بولۇپ ئاڭلىدى . لېكىن ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى . ئۇ قوم دۆڭى ئۈستىگە چىقىپ شەرققە — ئۈتەيىنىڭ ئېرىسىغا دۇربۇن بىلەن قارىدى . ئۇ دۇربۇندا ئۈرۈمچى ـ غۇلجا يولىنىڭ سول تەرىپىدە ، ئۈتەيىنىڭ ئېرىسىدا چەكسىز قومۇشلۇق ، سازلىق ، قويۇق تەبىئىي ئورمانلىقلارنى كۆردى . باجىياخۇ ، يۇڭجىخۇ دېگەن يەرلەر شۇ ئورمان ئىچىدە ، گومىنداڭ جىڭ ناھىيىسىنى قوغداش ئۈچۈن شۇ يېزىلارغا سانسىز پوتەيلەرنى قۇرۇپ ، ئامېرىكا پىلىموتلىرى بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن . پۇقرالارغا ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن ، قاتمۇقات ئاكوپ ـ خەندەكلەرنى كولىتىپ تەييارلاتقان ، زەمبىرەكلەر ، ئايروپىلان ، تانكىلىرىمۇ شۇ يەرنى مۇداپىئە قىلىشقان هازىرلانغان . تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولك ئاچال داۋىنىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدا ، خۇيزۇ دىۋىزىيون ، شىبە ئىسكادىرون ، بايا ئۆتكەن غۇلجا 2 ـ پولكىنىڭ بىر ئىسكادىرونى ئاشۇ باجىياخۇ ، يۇڭجىخۇ ئىستىھكاملىرىغا هۇجۇم بۇيرۇقى كۈتۈپ ئابارۇن تۇتۇپ ياتماقتا ، غۇلجا 4 ـ پىيادىلەر پولكىنىڭ 1 ـ ئىسكادىرونى هەم شۇنداق بۇيرۇق كۈتۈپ ياتارمۇ ؟ قاچانغىچە ؟ بۇيرۇقنى كىم بېرىدۇ ؟ نېمىشقا ئېلىخان تۆرەم ياكى ئاباسوف ، ئەخمەتجانلار بېرەلمەيدۇ ؟ «بۇيرۇق 2 ـ دومدىن بېرىلىدۇ ، — دېگەنىدى زۇنۇن تېيىپوف ، — هازىر هەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ مۇئاۋىن باش قوماندان ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن ، ئۆز ۋاقتىدىكى

مۇسابايوف تېرە زاۋۇتىنىڭ باش ماستىرى سەپەر ئالدىدا نۇرىغا ھەسرەت بىلەن پىچىرلاپ، — قۇربان بېرىش بىزدىن، بۇيرۇق باشقىلاردىن!»

— ھەر كۈنى بومباردىمان قىلىنىۋەرسە، بىزنىڭ ئايروپىلان ئاتىدىغان قورال‌لىرىمىزنىڭ تايىنى بولمىسا، كۈتۈش چىقىم تارتىش دېگەن سۆز، سوۋېت ئارمىيىسى شەرقىي شىمالدىكى ياپونىيە كانتون ئارمىيىسىگە ھۇجۇم باشلىغاندا، بىزگە جىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەرمىسە يەنە تۆت - بەش ئاي ياتىمىزمۇ؟

نۇرى ئەلەم بىلەن ئېغىر ئۇھ تارتتى:

— ئەكبەر، خەمىت، سىيىت، مانا غېنىكام ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئاتقانلار قۇربان بولدى، يارىلاندى. لېكىن، ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسى كىمنىڭ؟ بىر كۈنمۇ ئاق قار، كۆك مۇزغا باغرىنى يېقىپ ياتمىغان، زۇلۇم دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان قېيۇمبەگ غوجاملار بۇگۇن بىزگە پولك كوماندىرى. ناۋادا ئۇ غوجامنىڭ بالىسى بولمىغان بولسا، غوجامنىڭ ئەدەپلىك، سىلىق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشمىگەن بولسا، بۇ چىرايلىق يىگىت بۇنچە چوڭ مۇھىم ئورۇنغا مۇناسىپمىدى؟ شتاب باشلىقى مارتوف بولمىسا ئۇ كوماندىرلىق قىلالامدۇ؟

ئۇ قۇمدا ئوڭدا يېتىۋېلىپ، قۇربان بولغان دوستلىرىنى ساناپ چىقتى. ئۆزىنىڭ كىچىك ئىنىسىنى، قامىنىڭ كىچىك قىزىنى، دەرانى، نەزەرخان غوجام، ئەكبەر، خەمىت، سىيىتلارنى قوشۇپ ھېسابلاپ قىرىق ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمىنى سانىدى. ئاسىيە، سەبىخە، زەينەپ قاتارلىقلارنىڭ ئۆلۈمى يادىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. قازان شەھىرىدىن ھاياتلىق ئىزدەپ ئالمۇتىغا، غۇلجىغا كەلگەن بۇ تاتار ئايالغا كىچىككىنە نىلقا بازىرىنىڭ قاش دەريا بويىدىكى تۇرك مەھەللىسىدىمۇ ئاراملىق بولمىدى. قىزلىرىنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشى ئۈچۈن ئابدۇمەر مىڭبېگىگە ئۆز كۆڭلىنى مۇجۇپ تۇرۇپ خوتۇن بولدى. قىزىنىڭ

چىرايى ئۇنىڭ دۈشمىنى بولدى . قىزنى شېڭ شىسەينىڭ قېينىنىسى زورلۇق بىلەن ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ نابۇت قىلدى ، قىز بىچارە مۇھەببەتنى دەپ جاسۇس بولۇشقا ، مۇشۇ يول بىلەن ساپ مۇھەببەت قاتىللىرىدىن قىساس ئېلىشقا بەل باغلىدى . ئۇ دېگىنىنى قىلدى...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كىچىككىنە خەمىت كەلدى . نۇرى دادىسى بىلەن خوشلاشقاندا ، خەمىت كىچىككىنە بارماقلىرى بىلەن نۇرىنىڭ كاكار ، پاگون ، مېداللىرىنى تارتىپ چىرايلىق كۈلگەنىدى . رۇس موماي :

— باتۇر بولامسىن ، مىندە مېدال ئالام دېدى ! — دېگەنىدى . بۇۋاقتا خەمىت باتۇرنىڭ ئىسمى يادىكار قىلىپ بىكار قويۇلمىدى . ناۋادا ئۆزى قايسىبىر قوم دۆۋىسى ياكى يۇلغۇن ئاستىدا قۇربان بولۇپ كەتسە !... خەمىت دادىسى ۋە ئاپىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىشى كېرەك . نىكاھسىز تۇغۇلغانلىقى ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس ، بەلكى زامان ۋەھشىيلىرىنىڭ يەنە بىر قىلمىشى . خەمىت چوڭ بولغاندا بۇنى چۈشىنىدۇ !

خەۋەرچى ئالدىراپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى :

— پولكوۋنىك كەلسۇن دەيدۇ !

نۇرى يېنىدىلا تۇرغان ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە ، شەرق تەرەپكە ، ئۆتەينىڭ نېرىسىدىكى داخىيەنزە يېزىسىدىكى پولك شتابىغا ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى .

پولك شتابى ئىگىسى قېچىپ كەتكەن بىر چوڭ قورۇدا ئىدى . چوڭ ئۆيدە پولك كوماندىرى قېيۇمبەگ قىزىل پاگون تاقىغان ئىككى ئادەم بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ بىرى گەۋدىلىك ، بورۇتلۇق ئادەم ئىسھاقبېك ئىدى .

— سالام پولكوۋنىك ! — نۇرى تىك تۇرۇپ سالام بەردى . باشلىقلار كۈلۈپ باش لىڭشىتىشتى . سۆتەك ئايدىڭ كېچىدە نېرىدىكى تاغ ، قارلىق چوققىلار ، ئورمانلار ، چەكسىز قۇملۇق ئاجايىپ گۈزەل ، سىرلىق كۆرۈندى .

— گېنېرال ئىسھاقبېك ! — دېدى قېيۇمبەگ سىلىق ، خۇشخۇي ئاۋازدا كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئاتلىق 1 - برىگادىنى ئېلىپ جىنىڭ ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە كەلمەكچى .

— قىسىم ئىككى كۈندىلا كېلىدۇ ! — دېدى ئىسھاقبېك ، — بىللە ھۇجۇم قىلىمىز . جىنىڭ ھازىر مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ بولدى . داخىيەنزىدە — مانا بىز تۇرۇۋاتقان بۇ يەردە غۇلجا 2 - پولكى بىلەن تۇتۇشقان ئاتلىق دىۋىزىيون ، شىبە ئىسكادرون دۈشمەننىڭ ئېگىزلىكى ئاستىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرماقتا !...

— گېنېرال ئىسھاقبېك ، — دېدى قېيۇمبەگ گېنېرالنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — جىنغا ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىملارنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى ، ئەھۋال ئىگىلىگىلى كەلگەن ، ھازىر غۇلجىغا قايتىدۇ .

— خادىكىڭىز بولغان بولسا سايرام بويى ، كەڭساي بىلەن راھەتلىنىپ قايتاي دېۋىدىم ، ئامال يوق ، يەنە ئاتلىق ئاچالدىن ئېشىپ قايتىدىغان بولدۇق !

— ئەپۇ قىلىڭ ، گېنېرال ، — دېدى قاش - كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاق يۇزلۇك ، سۆڭكىي ، چىرايى تولىمۇ قاملاشقان قېيۇمبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز !

— جاپا دېگەن گەپ ئەسكەرلەرگە يات ، — دېدى ئىسھاقبېك ، — ئەسكەرنىڭ خۇشاللىقى جاپا ئىچىدە ، مەن ئاتتا يۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەممەن . ئون تۆت يېشىمدىن تارتىپ ئەسكەرمەن . پامىر ، تەكلىماكان ، جۇڭغار ، تەڭرىتاغ ، قىرغىزىستان دالىلىرىدا ئايغىم تەگمىگەن يەر قالمىدى . ئوتتۇز يىل بولدى مەن ئاتتىن چۈشمەي چېپىپ يۈرگىلى ، ھا - ھا - ھا... جەڭچىلەرگە ئېيت ، ئۇكام نۇرى زىياۋۇدۇنوف ، خۇشاللىقنى جاپا ئىچىدىن تېپىشقا ئادەتلەنسۇن . ئاڭلىسام سەن ھەر كۈنى ئەسكەرلىرىڭنى مەشىق قىلدۇرۇۋېتىپسەن . ياخشى قىپسەن . ئۆزۈڭمۇ يىلان باغرى بولۇپ ، تۆت - بەش كىلومېتىر يەرگە يۈگۈرىدىكەنسەن ، سوۋۇروفنى دوراپ قىشتىمۇ بېشىڭغا ھەر كۈنى

بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيىدىكەنسەن ، يارايسەن يىگىت . جاپانىڭ چوڭى ئالدىمىزدا . شىخودا ئالتە مىڭ ، جىڭدا ئالتە مىڭ دۈشمەن ئەسكىرى پۇختا تەييارلىنىپ ، خىل قورالالار بىلەن قوراللىنىپ بىزگە قوراللىرىنى توغرىلاپ تۇرماقتا . جىڭ ناھىيىسىنىڭ تۆت تەرىپى قاتمۇقات خەندەك ، ھەممىلا يەر پوتەي ، ئاخىرقى خەندەكلىرى سۇ بىلەن تولدۇرۇلغان . باجياخۇ ، يۇڭجىخۇلاردا پىلىموت بەتلەكلىك سانسىز پوتەيلەر بار . پوتەيلەر بىلەن قوم دۆۋىلىرىنى ئايرىماق تەس . بىز ئوچۇق يەردە ، دۈشمەن قالتىس مۆكۈنگەن !

— دۈشمەن بىزنى جىڭ ناھىيىسىدىن قەتئىي ئۆتەلمەيدۇ دېمەكتە !

— 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ، مۇئاۋىن قوماندانى گوجىچياۋ ، 29 - كورپۇسنىڭ باش قوماندانى لى تىيجۇنلەر نۇرغۇن جايلاردا نۇتۇق سۆزلەپ ، ئىلى باندىتلىرىنى جىڭ بازىرىغا دەسسەتمەي كۆلگە ئايلاندۇرىمىز دېمەكتە ! لېكىن ، بىزنىڭ پىلانىمىز جىڭغا يالغان ھۇجۇم قىلىپ شىخونى ئاۋۋال ئېلىش ، جىڭغا ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان ياردەم يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ، ئاخىردا جىڭنى ئېلىش !

— ئاڭلىغانسەن ، نۇرى ، — دېدى قېيۇمبەگ غوجام كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئەسكەرلەرگە تەربىيە بەرگىن ، نېمىشقا ھۇجۇم بۇيرۇقى بېرىلمەيدۇ دەپ جىددىيلىشىپ كەتمىسۇن !

جىددىيلەشكەنلەرنىڭ بىرى مۇشۇ نۇرى ئىدى .

— «يالغان» دېگەن سۆز ئاغزىڭدىن چىقمىسۇن ! — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا ، — تاكتىكا ، ئىستراتېگىيە جەڭچىلەردىن مەخپىي بولىدۇ ، ئۇنتۇما يىگىت !

نۇرى مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ «جەڭچى» ئەمەسلىكى ، ئۈچ يۈزدىن جىق ئەسكەرنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى . ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل خەلققە ، ئۇرۇشقا ، قول ئاستىدىكى جەڭچىلىرىگە مەسئۇل بولۇش ھېسسىياتى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ،

ئۆزىنىڭ ئۆزۈن ۋاقىتلىق قاچقۇنلۇق، پارتىزانلىق تۇرمۇشتىن پەيدا بولغان، غىنى ئاكىسىدىن يۇققان قاراملىق ئىدىيىسى بىلەن تـوقـۇنـۇشـۇپ قـالدى. ئـۇ مـۇنتىزىم ھەربىي بىلەن پارتىزان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى خېلى بۇرۇنلا چۈشەنگەن، لېكىن ھەرىكەتتە ئـۇ يـەنىلا «بـۇيـرۇق» دېـگەن سۆز بىلەن ئۆزىنى چەكلەشكە ئادەتلىنەلمەيۋاتاتتى.

— خەير، بىز ماڭايلى! — دېدى ئىسھاقبېك ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ خەيرلىشىپ، — ئېشەكچىلەر تۈز توشۇيدىغان يول بىلەن ئاتلىق ماڭىدىغان بولدۇق!

— داخــىيەنزىدىن غۇلجىغا تاغ بىلەن ماڭساق يۈز ئەللىك كـىـلـومـېـتــىـردەك كېلـىـدۇ. ئون سائەت ئەتــراپــىدا ئاتلىق مـاڭىمىز! — دېدى ئىسھاقبېكنىڭ يېنىدىكى يۇنۇس ئىسمىلىك قــىـرغىز يىگىت، — بۇ يوللار ئاقچى، ئۇلۇغچات، تاشقورغان يوللىرىغا قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەس!

ئاتلار ئويناقلاپ يۈرۈپ كەتتى، قېيۇمبەگ غوجام بىلەن نۇرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن چاس بېرىپ، زوقلىنىپ قاراپ قالدى.

— خوش، نۇرى ئۇكام! — دېدى قېيۇمبەگ غوجام نۇرىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — سەندىن بىرنەچچە ياش چوڭمەن. ئۇكام دېسەم خاپا بولماسسەن؟ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن سەن ماڭا قارىغاندا جىق ئوقۇغان، جىق سوقۇش كۆرگەن. مەن بولسام بىر بەگزادە! ئىككىمىز ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، سەن پولك كوماندىرى بولساڭ بولاتتى. لېكىن، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئىشى ئەمەس. ئويلاپ باقسام، بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز ئىچىدە ئىسھاقبېكتەك، پالىنوف، مـازاروفـتـەك، ھـېـچـبـولـمـىـسـا ئـالتايدىن چىققان دەلىلقان سـۇگـۇربايوفتەك ھەربىي بىلىمى بار ئادەملەر يوقكەن! زۇنۇن تـېيىپوف، ھەسەنوف، سادىروف دەيمىز، ھەممىمىز خىلمۇخىل كەسىپلەردە ئوقۇغان ياكى ماڭا ئوخشاش ئازراقلا ئوقۇپ باشلىق بولۇپ قالغان ئادەملەركەنمىز.

— راست ئېيتىسىز، پولكوۋنىك!

— قېيۇمبەگ دەۋەر مېنى ئۇكام !

— مەن ھازىردىن باشلاپ ھەممە ئىشىمدا ھەربىيچە ئىش قىلىشقا ئادەتلەنمەكچى ، جانابىي پولكوۋنىك !

— ھا ـ ھا ـ ھا ... يارايسەن ، زىياۋۇدۇنوف ! ئۇنداق بولسا بۇيرۇقنى ئاڭلا ، ئەتە كېچە سائەت ئىككىدە بىر روتا ئەسكىرنىڭ باجىياخىۇغا ھۇجۇم قىلىدۇ . يەر ئىگىلەش مەقسەت ئەمەس . دۈشمەننى تۇتۇپ تۇرۇش كېرەك . پۇرسەت بولسىلا جانلىق كۆچىنى يوقىتىش ، تىرىك تۇتۇپ ئەھۋال ئىگىلەش كېرەك . ئۇ يەردە خەنزۇ بايلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ كۇزلەكلىرى كۆپكەن . دۈشمەنلەر شۇ كۇزلەكلەردە تۇرىدىكەن . مىنا ، پوتەي ، ئاكوپلىرى تولىمۇ كۆپكەن . ئورۇنسىز چىقىم بولمىسۇن . تولىراق مەشىق قىلىڭلار . ئەسكەرلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى ياخشى ، ماھارەتنى ئۆستۈرۈش مۇھىم . ئۆزىمىزدە بار بولغان قوراللارنى ئىشلىتىشنى ياخشى ئۆگەنسۇن ، دۈشمەنىنىڭ قولىدىكى قوراللارنىڭمۇ تىلىنى بىلىۋالسۇن . دۈشمەندىن تارتىۋېلىپلا دۈشمەننىڭ ئۆزىنى ئېتىش كېرەك . جەڭچىلەرگە سالام ئېيتقىن .

— بولىدۇ ، پولكوۋنىك جانابلىرى !

نۇرى يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا ھەربىي مەشىقنى باشلىۋەتتى . ھەربىر جەڭچىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ماھارىتى ۋە تاكتىكا ماھارىتىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش ، ھەتتا ئاشۇرۇۋېتىش بولغۇسى جەڭلەرنىڭ غەلىبە كاپالىتى . ئۇ نىلقىدا پارتىزانلىق قىلىپ يۈرگىنىدە ، تۈگمەنچى ئورۇس ئىۋان ئىۋانوۋىچتىن ئاق پادىشاھ سولداتلىرىنىڭ ماھارىتىنى ئۆگەنگەن ، 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن باياندايدىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىمۇ بىر مەزگىل ئوقۇدى . ئۆزىدە بار قوراللاردىن يېنىك پىلىموت ، ئېغىر پىلىموتلار ، مىناميوت ، مىلتىقلارنى چۇۋۇپ ـ ياساش جەھەتتە ئۇ ھازىر كۆزىنى تېڭىپ قويسىمۇ خاتا كەتكۈزمەيدۇ . ئېتىش ماھارىتىدە تانكىئاتارنى ئالتە يۈز مېتىرغا تەگكۈزەلەيدۇ ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سەكسەن

پىرسەنتى بۇ ئۆلچەمگە يەتمەيدۇ . ئاپتوماتچىلارمۇ ئۇنىڭدەك ئىككى يۈز مېتىر يەردىكى نىشاننى قىرالمايدۇ ، ئارانلا يۈز ـ يۈز ئەللىك مېتىرغا يېتەلەيدۇ . نىشاننى قارىغا ئالغاندا ، نۇرى ئۆرە تۇرۇپ ياكى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، ئىككى مىنۇت قولى تىترىمەي مىلتىق تۇتۇپ تۇرۇش ماھارىتىنى ھازىر ئون مىنۇتقا ئاشۇردى . ئەسكەرلەرنىڭ تولىسىنىڭ قارىغا ئالغاندا قوللىرى غالىلداپ تىترەيدۇ . قول كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرى كۈنىگە سەككىز ـ توققۇز سائەتتىن مەشىق قىلغان . ئەسكەرلىرىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك . مىلتىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەنلەش ئارىلىقى ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز مېتىر . نۇرى بىرنەچچە قېتىم ئۈچ مىڭ مېتىرغا تەگكۈزدى . لېكىن ، ھازىر ئەسكەرلەرنىڭ ماھارىتى ئاران مىڭ مېتىر . گرانات ئېتىشتا يىراققا ئېتىش ، توچكىغا تەگكۈزۈش ماھارىتى مۇھىم . نۇرى ئەسكەرلىرىگە دىئامېتىرى ئىككى مېتىر كېلىدىغان چەمبىرەككە ئەللىك مېتىر نېرىدىن ئېتىشنى مەشىق قىلدۇرغىلى نەۋاخ . ھازىر ئۇلار ئوتتۇز مېتىر نېرىدىن ئۇ چەمبىرەككە يەتكۈزەلەيدۇ . نۇرى بولسا ئەللىك مېتىر نېرىدىن سۆزسىز تەگكۈزەلەيدۇ . توچكىغا تەگكۈزۈشتە ، ئاشۇ دىئامېتىرى ئىككى مېتىرلىق چەمبىرەك ئىچىدىكى دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىر كېلىدىغان توچكىغا ئوتتۇز مېتىر ، قىرىق مېتىر نېرىدىن دەل تەگكۈزەلەيدىغانلار يەتمىش ـ سەكسەن پىرسەنتكە يېتىدۇ . نېمىشقا يۈز پىرسەنت ئەمەس . تېخى يىلان باغرى ئۆمىلەپ مېڭىش ، يەرگە ياتقاندا يانپاش بىلەن يىقىلىش ، يېتىپلا دەرھال ئورۇن يۆتكەش ، يەرگە چاپلىشىش ماھارىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتلەردىمۇ تېخى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس . ئۆمىلەش ماھارىتى ، سۈرئىتىنى ئاشۇرۇش ، ستانكىۋاي ، تېبلى ، ماكسىمكىغا ئوخشاش ئۈچ پۇتلۇق ، چاقلىق ئېغىر پىلىموتلارنى كېچىدىمۇ قۇراشتۇرالايدىغان بولۇش كېرەك . سەكسەن ئۈچ مىللىمېتىرلىق ، ئەللىك مىللىمېتىرلىق مىناميوتلار ئۇلارنىڭ ئېغىر قورالLIرى . بۇ قوراللارنى ئىككى يۈز مېتىرلىق نىشانغا ھەرقانداق جەڭچى

تەگكۈزەلەيدىغان بولۇشى كېرەك . دۈشمەنلەرنىڭ پوتەيلىرى ، ئاكوپ ، يوشۇرۇن دوت ، دزوتلىرى سانسىز ، قاراملىق بىلەن يوقاتقىلى بولمايدۇ ، ماھارەت لازىم .

جەڭچىلەر ھۆپۆلدەپ تۇرغان ئىسسىقتا تاغ باغرىغا ھاسىراپ كېلىپ دەم ئېلىشقا ئولتۇرۇۋېدى ، نۇرى دەرھال مەشىق قىلىشقا بۇيرۇق بەردى ۋە نارازى بولغان روتا ، ئىمزۋوت كوماندىرلىرىنى يىغىپ يۇقىرىقىلارنى دېدى . ئۇ ئۆز قولى بىلەن قۇملۇققا كۆۋرۈك سىزىپ ، دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىر كېلىدىغان چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قاقتى .

— قىرىق مېتىر ئارىلىقتىن دۈشمەن پىلىموتىنىڭ ئوقى چىقىۋاتقان ئاشۇ دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىر كېلىدىغان تۆشۈككە گراناتنى ئېتىپ كىرگۈزۈش كېرەك ، — دېدى ئۇ ، — بىر تال گرانات زايە بولمىسۇن ، مەشىق باشلانسۇن ، يادىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار : مەشىقتە تەر قانچە جىق ئاقسا ئۇرۇشتا قان شۇنچە ئاز ئاقىدۇ ! بۇ گېنېرالىسسىمۇس سوۋۇروفنىڭ گېپى !

ئۇ ئۆزى بىرىنچى بولۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەللىك مېتىر نېرىدىن مەشىق گراناتىنى ئاتتى . گرانات دەل تەگدى . ئەسكەرلەر روھلاندى . تاغ باغرى تىنچىق ئىسسىقتا مەشىق باشلىنىپ كەتتى...

قاراڭغۇ چۈشكەندىلا دەم ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى . جەڭچىلەر ياتقانلا يېرىدە مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قېلىشتى . نۇرى مۇھاپىزەتچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ قاراۋۇللارنى تەكشۈردى . ئاندىن بىر قۇم دۆڭگىگە قىيسايدى ـ دە ، قول چىراغ ياندۇردى . سومكىسىدىن كىتاب چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى . ئۇ كىتاب ئوقۇمىسا ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغىلى بەش ـ ئالتە يىل بولۇپ قالغاندى . ئۇ سېغىنىش ، غەزەپ ، زېرىكىش ، ھاياجانلىنىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيتتى . ئۇ كىتابقا بېرىلگەندە ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيادىن باشقا بىر ئۆزگىچە تونۇش بولمىغان دۇنياغا كىرىپ كېتەتتى . ئۇ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن دوست بولاتتى ،

بەزىدە سوقۇشاتتى ، بەزىدە گەپ تالىشاتتى . مانا ئۇ مۇسابايوف زاۋۇتىدا ئىشلەپ يۈرگىنىدە قازاندىن كەلگەن بىر تاتار ماستىر تەقدىم قىلغان تاتار تىلىدا بېسىلغان «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ناملىق كىتابىنى بېرىلىپ ئوقۇماقتا . ئۇ كىتابنىڭ تۆتىنچى تومىنى ئوقۇۋېتىپ ، كىنەز ئوغلى پىيېرنىڭ ناپولېئون ئەسكەرلىرىگە ئەسىر بولغان چاغدىكى ھېسسىياتىغا تولىمۇ قىزىقتى . ئۆمرىدە بىر تال قوشۇقنى بىر يەردىن ئىككىنچى يەرگە يۆتكەپ باقمىغان ، ئەس ـ خىيالى پارىژ ھاياتىنىڭ ، فرانسۇز تۇرمۇشىنىڭ لەززەتلىرىگە بېرىلىپ ، ھاياتتا ھەممىگە شۇ تۇرمۇشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆلچەم قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئاق كۆڭۈل باي بالىسى ھازىر خارابىلىكتە . ئاياغلىرى يېرىلغان ، ئاچ قورساق ، پىتلاپ كەتكەن ، لېكىن ئۇ بۇ خورلۇقتىن نۇرغۇن قانۇنىيەتلەرنى بىلىۋالغان . نۇرى قول چىراغنىڭ نۇرىدا كىرلىشىپ كەتكەن ئات دورېسىدەك سومكىسىدىن قېلىن دەپتەرنى ئالدى ۋە خىمىچىسكى قېرىنداش بىلەن كىتابتىن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يازدى : «... ئەسىرلىكتە ، لاپاستا تۇرغان چاغدا ، پىيېر ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن يارىتىلمىغانلىقىنى ، بەخت ـ سائادەت شۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدە ، ئىنساننىڭ تەبىئىي ئېھتىياجلىرىنىڭ قانائەتلەندۈرۈلۈشىدە ئىكەنلىكىنى ، ھەممە بەختسىزلىكنىڭ يېتىشمەسلىكتىن ئەمەس ، بەك ئارتۇقچىلىقتىن يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئەقىل ـ ئىدراكى بىلەن ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە ھاياتى بىلەن بىلگەنىدى ؛ لېكىن ، ئەمدى ، يۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ ھەپتىسىدە ، ئۇ تەسەللى بولارلىق يەنە بىر يېڭى ھەقىقەتنى — دۇنيادا ھېچقانداق دەھشەتلىك نەرسە يوقلۇقىنى بىلىۋالدى . ئۇ دۇنيادا ئىنسان بەختىيار ۋە تولۇق ئەركىن بولىدىغان شەرت ـ شارائىت بولمىغىنىدەك ، تولۇق بەختسىز ۋە ئەركىنسىز بولىدىغان شەرت ـ شارائىتنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى . ئۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭمۇ چېكى بارلىقىنى ۋە ئەركىنلىكنىڭمۇ چېكى بارلىقىنى ، بۇ چەكنىڭ ناھايىتى

يېقىنلىقىنى بىلىۋالدى...»

ئۇ كۆچۈرۈپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىچىلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بېشىنى چايقاپ قويۇپ:

— پاھ، لېۋ. تولستوي، قالتىس تەبىئىي خۇلاسىلىگەن - دە! — دەپ قويدى.

ئۇ تۆتىنچى تومنىڭ ئاخىرىدىكى ئېغىر جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇدى. مۈلاھىزە قىلدى. ئۇ قول چىراغ باتارېيىسىنىڭ تۈگەپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى...

قول چىراغ ئۆچتى، ئەتراپ قاراڭغۇ، سۈرلۈك ئىدى:

— توغرا، ئازابنىڭ چېكى بار، خۇددى قاراڭغۇنىڭ چېكى بولغىنىدەك. بىردەمدىلا قاراڭغۇلۇقنىڭ ئورنىنى يورۇقلۇق ئىگىلەيدۇ. يارىش يازنى يېڭى بىر تاڭنى كۈتۈۋالىدۇ. گويا نابادانلار باھاردا يېڭىدىن ھايات باشلىغاندەك، ھاشاراتلار يەر قاتلىمىدىن ئويغىنىپ چىقىپ مەڭگۈلۈك يېڭى ھاياتنى كۈتۈۋالغاندەك...

## 42

قىز قەلبى رېئاللىققا قارشى، ھايات ئۇنىڭ خاھىشىنىڭ تەتۈرىنى تەقدىم قىلماقتا. ئۇ قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ، شىخوغا ياكى 1 - ئاتلىق پولك بىلەن مەۋلانوف پولكوۋنىكنىڭ قىسىملىرىغا سانىتار بولۇپ مۇز داۋانغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق قىلالىسا، ئۇ ئانىسى، ھەدىسى ۋە قېرى قىز مۇئەللىم ئۈچۈن تېزرەك ئىنتىقام ئالالىغان بولاتتى. لېكىن، رەھىمسىز بۇيرۇق ئۇنى موڭغۇلكۈرەدىكى 12 - ئىسكادىرونغا ئەكېلىپ سانىتار قىلىپ قويدى. بۇ يەردە نە دۈشمەن، نە ئوق ئاۋازى، نە ھۆررا سادالىرى يوق. كۈن ئاتلاپ، بەزىدە ھەپتىلەپ توختىماي ياغىدىغان يامغۇردىن كىشى بىزار، قارا توپىلىق يېرىنىڭ نەرىنىلا دەسسىسەڭ پۈتۈڭ

قارا پاتقاق ، بۇ يەردە نە ياسانغىلى ، نە بىرى بىلەن مۇڭداشقىلى ، نە كۆتكەن ئادىمىڭنى كۆرگىلى ، ئەسلىگىلى بولمايدۇ . دائىملا سۈس تۇمان ئىچىدە قارا يېشىل بولۇپ كۆرۈنىدىغان بوك قارىغايلار قاچانلا قارىساڭ بىر خىل ، سىزىپ قويغان رەسىمدەك تۇرغىنى تۇرغان . تاغلار ، قارلىق چوققىلار ئاسمانغا قارىغىنى قارىغان ، ياغاچ ئۆيلەرنىڭ توپىلانغان ئۆگزىلىرىمۇ ئادەم چۆككۈدەك ئوت ـ چۆپ بىلەن تولغان . قارىغاي ، بۇلۇت ، يامغۇر ۋە گۈزەللىكى ئاستا ـ ئاستا ئادەمنى زېرىكتۈرۈشكە باشلىغان ھەيۋەتلىك تاغلار قىز قەلبىگە نە يېڭى ھېسسىيات ، نە تەسەللى ، نە زوق ۋە خۇشاللىق بېرەلمەيدۇ . پەقەت 3 ـ ئىسكادىروننىڭ كوماندىرى رەپىق بايچۇرىن ئىسىملىك تاتار كىشى بۇ يەردە پەيدا بولغاندىلا ، ئۇنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق پەيدا بولىدۇ .

— پەرىخە ! — دەيدۇ ئۇ قىزنى يېرىم قۇچاقلاپ ، ئۇ يىرىك سېرىق ساقاللىق (قىرىلغان بولسىمۇ) ئېڭىكىنى قىزنىڭ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ قويۇپ ، — جانىم ، ئاسىيە ئابىستەينىڭ ئازلىق تەۋرۈكى ، ياق ، سېنى مەن ئۆزۈمنىڭ پولكىغا ئەكېتىمەن !

ئۇ 3 ـ ئىسكادىروننى يۈزدەك ئەسكىرى بولغىنىغا قارىماي پولك دەپ ئاتايتتى .

— بىزنىڭ 12 ـ پولكچۇ ؟ — دەيتتى ئىسكادىرون كوماندىرى ئىمىرھاجىمۇ ئىسكادىروننى «پولك» دەپ ئاتاپ ، — چىرايلىق قىزلارنى ساڭا تۇتقۇزۇپ قويارمۇ ؟

— ئەسكەرلىرىڭ يالغان ئاغرىپ سانىتارغا تومۇرلىرىنى تۇتقۇزغۇدەك ، تېخى قوللىرىنى ئەتەي كېسىۋېلىپ قىزغا تاڭدۇرغۇدەك ، ۋۇي باغلاپ باققان ماشكىلار ، تاتار قىزنىڭ قولىنى دەپ بىر ـ بىرىنى ئېتىۋالمىسا بولاتتىغۇ تېخى ! ھى ـ ھى ـ ھى !...

— پەرىدە تاتار ئەمەس ، ئۇيغۇر !

— پەرىدە ئەمەس پەرىخە ، ئۇ قازان تاتارلىرىدىن !

— ياق ، نەق ياركەنت ئۆيغۇرلىرىدىن ، قارا ، كۆزلىرىنى قاپقارا !

— چاچلىرى سارغۇچ ، تېرىسى ئاپئاق ، بۇنداق گۈزەل چىراي ، بۇنداق فىگۇرا تاتار قىزلىرىدىلا بولىدۇ !

بۇنداق تالاش - تارتىشلار پەرىخەنى شادلاندۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆزى يارىتىدىغان گۈزەللىكلىرىنى ئۇ بىر ئېغىز ، بۇ بىر ئېغىزدىن تىلغا ئېلىپ تولۇق دەپ بولاتتى . قىز يالغۇز قالغاندا ، ئەينەككە قاراپ ئەرلەر تىلغا ئالغان ئەزالىرىغا بىرمۇبىر قاراپ چىقاتتى : قارا كۆز ، سۇتتەك ئاق يۈز ، سارغۇچ ، ئۆزۈن چاچ ، ئىسپانكىسىنى چۇشۇرۇپ كىيسە ئىنچىكە ، ئەگمە قاشلار ئاستىدىكى يوغان ، قاتلىرى تولىمۇ يارىشىملىق كۆزلىرىدە ئۆز - ئۆزىدىن زوقلىنىش ھېسسىنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايلىق ، كىچىككىنە ، تۆشۈكلىرى تولىمۇ كىچىك بۇرنى ئاستىدىكى خۇددى ئالۇچا پاتۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان ئوماق لەۋلىرىدە كۈلكە ئوينايتتى : «مەن ھەدەمدىن گۈزەل ، سەبىخە سېرىق ئىدى ، مەن ئاق سېرىق ، ياق ، سۇتتەك ئاق ، بىراق ئۇنىڭ بالىسى خەمىت ماڭا ئوخشايدۇ...» قىز شادلىقى تۇيۇقسىز قۇرغۇي كۆرگەن قۇشقاچتەك كۇر قىلىپ ئۇچاتتى . ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا بىر گۈزەل يىگىت پەيدا بولاتتى : يىگىتنىڭ ئېگىز ، كەڭ يەلكىلىك ، قاملاشقان قامىتى ، كەڭ پېشانە ، قاڭشارلىقى ، قاش - كۆزى تولىمۇ جەلپ قىلارلىق ، چىرايلىق بۇرۇتى ، يىگىتلىك سۈپىتىگە زىننەت بېرىپ تۇرىدىغان چىرايى قىز خۇشاللىقىنى نەلەرگىدۇر تۇزىتىۋېتەتتى . قىز كېچە - كۈندۈز ئىنتىزار بولغان بۇ چىراي ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ھايات سەھنىسىگە چىقسا - ھە؟ قىز ھەربىر يىگىت يالغان ئاغرىپ كىرگەندە ، ھەربىر يىگىت قول ، كۆز ، تىل ئىشارەتلىرى بىلەن قىزغا ھەۋەس - تەشنالىق ئىپادىلىرىنى بىلدۈرگەندە ، ئۆز قەلبىنى بىرلا ئاشۇ يىگىتكە ئاتىۋەتكەنلىكىنى ھەر قېتىم ئەسلەپ سېغىنىش ، تەشنالىق ئىستىكى بىلەن ئۇھ تارتقاندا ، ئاشۇ يىگىت كېلىپ قىز قەلبىنى تىڭشاپ باقسا - ھە؟

بۇ قەلب ئاشۇ يىگىت قەلبىگە ئەسىر ، قىز قەلبى يوشۇرۇن ئازاب ، ئاشكارا ئىنتىزارلىقنىڭ ئاسارىتىدە قىينالماقتا ، كۆيمەكتە ، دادلىماقتا . تەقدىر ، بۇيرۇق دېگەنلەر نېمانچە رەھىمسىز ، نېمىشقا قىزنىڭ هالىغا يەتمەيدۇ ، نېمىشقا ئۇنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتمەيدۇ ؟

ئۇ «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدىن باجاخۇدا بولغان جەڭ خەۋىرىنى ئوقۇدى . نۇرى زىياۋۇدۇنوف تىلغا ئېلىنغان قۇرلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ ئورنىدىن تۇردى ، يەنە ئولتۇردى . ئاخىر گېزىتنى تۇتۇپ شتاب باشلىقى سۇلايمانوفنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— كۆردىڭىزمۇ ، نۇرى… ئاكا… نۇرى زىياۋۇدۇنوف !… — دېيەلىدى .

— كۆردۈم ، بىزنىڭ نۇرى ئەمدى پولكوۋنىك بولىدىغان بولدى .

— بىزنىڭ دېگىنىڭىز ؟…

— يالغۇز سىزنىڭمىدى ؟ ها ـ ها ـ ها !…

— بۇ راست ، — دېدى قىز ئۆز هاياجانلىرىنى يوشۇرالماي ، — مەن ئۇنى بىزنىڭ… ئۆزىمنىڭ دەپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن .

— ئۇ بىزنىڭ گىمنازىيىمىزنىڭ غۇرۇرى !

— هەم بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ !

— سىز پەرىخە…

— ياق ، پەرىدە…

— هە ، پەرىدە ، بىزنىڭ سانىتاركىمىز ، سىز ئۇنى ئاكام دەپ هېسابلامسىز ياكى…

ئۇ قىزغا قارىدى . قىز قىزارمىدى ، ئۆڭمىدى ، هېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى . سۇلايمانوف گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— سىز ئۇنى ، يەنە باشقىچە چۈشىنەمسىز ؟

— سىز بىلەن سىرداشتۇق ، دوست بولۇپ قالدۇق ، سىز

بىزنىڭ شتاب باشلىقىمىز ، مەن سىزدىن يوشۇرمايمەن : ئۇ مېنىڭ ، مەن ئۇنىڭ !...

— بىراق ! ... — سۇلايمانوف جىم بولۇپ قالدى . ئۇ كەمسىرىنى بوشىتىپ گىمناستوركىسىنىڭ تۇگمىسىنى يېشىپ قويدى ، — دېسەم بولارمۇ ، بولماسمۇ ؟

— نېمە ، تايىنلىق زەيتۇنە توغرىسىدا بىرنېمە دەيسىزغۇ دەيمەن . بۇ گەپ پۈتۈن شەھەرگە پۇر . ئۇ بىر باينىڭ ئەركە قىزى ... — پەرىخەنىڭ لەۋلىرى تىترەپ گەپ قىلالماي دۇدۇقلىدى ... — دەۋېرنىڭ ، مەن كۆنۈكمەن ، قايسى قىز ، قايسى خوتۇن كۇنداشلىقنىڭ دەردىنى تارتمىغان ؟ ! مەن دېگەن ئاڭلىق قىز...

— شەھەرگە پۈركەتكىنى بەلكى ئىغۋادۇر ، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم يېڭى گەپ : باي نۇرغۇن يېمەكلىك ، دورا ـ مېۋىلەرنى ئېلىپ ئەسكەرلەردىن هال سوراپ بەش ماشىنا مال بىلەن جىڭغا بېرىپتۇ . زەيتۇنەمۇ دادىسى بىلەن بىللە بېرىپتۇ . بۇ ئىشنى دادا قىلغان بىلەن قىزى ئەقىل كۆرسەتكەن . پۇل نۇرغۇن ئىشقا قادىر . زەيتۇنە نۇرى بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلار قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدۇ . سىز بەختسىز بولۇپ قالماڭ دەيمەن !

سۇلايمانوف قىزغا قارىدى . قىز تامدەك تاتىرىپ قېتىپلا قالغاندى . ئۇ ھەدىسى بىلەن نۇرىنى تالاشتى . رەھمىتى ھەدىسى ئاخىر بەدىنى بۇلغانغان بىلەن روھى پاكىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . پەرىخە ھەدىسىنىڭ قەلبىنى ۋاپاتىدىن كېيىن چۈشەندى . ئۇنىڭ قەدىردان ئانىسى بىر زالىم ھۆكۈمەتنىڭ ئوقىدا بىگۇناھ ئۆلدى ، دادىسى يەنە بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئوقىدا ئۆلدى . ئانىسىنىڭ قېرىنداش ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىر مىللەت سۈپىتىدە جازالىنىپ ، قازان شەھىرىدىن سىبىرىيە ۋە قازاقىستان چۆللىرىگە سۈرگۈن قىلىندى . شۇنچە دەردنى ھېچكىمى ۋە يۆلەنچۈكى يوق يالغۇز قىز ئىچىگە سىغدۇرالىغانىدى . مۇنۇ بىر يوقىلاڭ خەۋەر ئۇنى مانا تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا . قىزلار ئۈچۈن

مۇھەببەت شۇنچىلىك چوڭ ئىشمىدۇر ـ ھە ؟

سۇلايمانوفنىڭ قىزغا ئىچى ئاغرىدى . ئۇ دېگىنىگە پۇشايمان قىلدى ، بىراق كېچىككەنىدى . ئۇنىڭ مەقسىتى زادى نېمىدى ؟ قىز قــەلبىــنى نۇرىدىن سوۋۇتۇشمۇ ؟ نېمىشقا ئۇ يىگىتلەرگە خاس ئۇستۇنلۇكى ۋە جەلپ كۇچى بىلەن قىزنى ئۆزىگە قاراتماي ، بۇ خىل ئۇسۇلنى تاللىدى ؟

ئۇ پەرىخەنى ئۇزۇندىن بېرى تونۇيدۇ . سۇلايمان دوكا دېسە ئـۇنــىڭ دادىــسىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق . بىر يىلدا قورغاس سۇيىدىن ئون نەچچە قېتىم ئۆتۈپ ئالمۇتا ، بېشكەك ، تاشكەنت ، ئەنجان ، قوقەند ، سەمەرقەند ، ھەتتا موسكۋا ، لېنىنگرادلارنىمۇ ئالا قويمايدىغان سودىگەر ئاسىيە ئابىستەينى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشقا كۆپ ھەرىكەت قىلدى . لېكىن ، سەھرالىق مىگىپىگى ئۇنىڭ رىزقىغا ئولتۇردى . سۇلايمانباي ئىككى قىزى بار تاتار ئايالنى ئۆيىگە باشلاپ كــەلگەن ، شۇ چاغدا شوخ ، خۇشخۇي ئوغلى ئەيساجاننىڭ مۇشۇ پەرىخەگە كۆزى چۇشكەن . قىز ئوقۇدى ، چوڭ بولدى ، نىلقىغا كەتتى ، ئەيسا سۇلايمانوف ئۇ قىزنى ئۇنتۇيالمىدى . تەقدىر ئاخىر ئۇلارنى بىر ئىسكادىرونغا ئەكېلىپ قويدى . مانا سۇلايمانوف — پېشانىسىنىڭ تارلىقى ، كالپۇكلىرىنىڭ قېلىنلىقى بولمىسا گۇزەل ھــېــسابلــىــنــالايدىغان شتاب باشلىقى پەرىخە بىلەن ھەر كۇنى سۆزلــىــشــەلــەيدىــغــان بــولــدى . لــېكىن ، بۇ پۇرسەت ئۇنىڭغا خۇشاللىقتىن كۆرە ئازاب ئەكەلدى . ئۇ كېچىلىرى ئۇياققا ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايدىغان ، بولۇپمۇ قىزنىڭ ئەس ـ يادى نۇرىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ ئازابلىرى تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغانىدى . قىرىشقاندەك ، قىز سۇلايمانوفقا نۇرى توغرىسىدىلا سۆزلەيتتى .

— مىنى كەچۇرۇڭ ، پەرىدە... بارغان بولسا قايتىپ كەلگەندۇ ئۇ زەيتۇنەممۇ !

قىز سۇلايمانوفنىڭ تەسەللىسىنى ئاڭلىمىدى .

— ماڭا بەش كۇنلۇك رۇخسەت بېرەلەمسىز ، شتاب باشلىقى ،

قەدىرلىك سۇلايمانوف ئاكا؟
قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە ياشلىرى لىغىرلىدى. سۇلايمانوف يانغا قارىۋالدى:
— ئىمىرھاجى رۇخسەت قىلسا بولىدۇ - دە! بەلگىلىمە بار. ھەرقانداق جەڭچىگە بىر كۈندىن ئۇشۇق رۇخسەت سورىسا ئىسكادىرون كوماندىرى تەستىقلىشى كېرەك.
— خەمىت ئاغرىقكەن، رۇخسەت بېرەرمۇ؟
— ھەيتاڭ! مۇزاتتىكى 1 - ئاتلىق پولك مۇزداۋاندىن ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىگە يۆرۈش قىپتەك، پولكوۋنىك مەۋلانوف بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەسكەر ئازلىق قىلىدۇ، ياردەم لازىم دەپ باش شتابقا ياردەم سوراپ كومىسسار ئۆمۈرزاقوۋنى ئەۋەتىپتۇ. بىزنى ئەۋەتىپ قېلىشى مۇمكىن.
قىز جىمىپ قالدى. سۇلايمانوف ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەل يېنىدا غەمكىن تۇرغان بەللىرى زىلۋا، كۆكرەكلىرى تىك، گۈزەل قىزنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى:
— مەيۈسلەنمەڭ، نۇرى ئۈجمە كۆڭۈل ئەمەس، سىزنى بەختسىز قىلمايدۇ!
قىز تەسەللىگە موھتاج ئىدى. ئۇ سۇلايمانوفقا تىكىلىپ قارىدى. سۇلايمانوف تىترەپ تۇرۇپ قىزنىڭ مۈرىسىدىن يېنىچە قۇچاقلىدى. قىز بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويدى. قىزنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان بەدىنى يىگىت ۋۇجۇدىنى ئېرىتتى. سۇلايمانوف قىزنىڭ چاچلىرىنى پۇرىدى. ئۇ خۇددى كۈچلۈك ئىچىملىك بىلەن بىردىنلا مەست بولغاندەك قىزنى چىڭ قۇچاقلىدى.
— نۇرى دوستىڭىزما؟ — دېدى قىز ئاستا پىچىرلاپ.
— يا... ھە...
سۇلايمانوفنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا مۇزلىدى. ئۇ قىزنى قويۇۋەتتى.
موڭغۇلكۈرە بىر ياپيېشىل دۇنيا، سۈپسۈزۈك جاھان. ئەتىگەنلىكى ئۇچۇق ھاۋادا ئۇنىڭ پاكلىقى، گۈزەللىكى ئۆزىنى

ئاشكارىلايدۇ . قاپتاللار ، چەكسىز يايلاق ، بازار كوچىلىرى ، باغلار ياپيېشىل ، ياپراقلار بىتىدە قىلچىمۇ كىر يوق . سۇلىرى ئويناق ، سۈپسۈزۈك ، سۇ تېگىدىكى تاشلارمۇ گويا مەر مەردەك سۈزۈك . شوخ سۇلار تاغلاردىن گويا ساغلام ، خۇشال گۆدەكلەردەك بىقىلداپ كۈلۈپ ، قىيىغىتىپ چۇشىدۇ ، ئۇنىڭ بۇژغۇنلىرى كىشىگە كۈمۈشتىن ئاق ، پاختىدىن ئاق ، سۈتتىنمۇ ئاق كۆرۈنىدۇ .

لېكىن ، گۈزەل تەبىئەتمۇ پەرىخەنىڭ قەلبىدە شېئىرىي ھېسسىيات ئويغىتالمىدى . سۆيگۈ ئەسەبىيلىكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىگەن ، ئۇنىڭ روھى ياشلىق سۆيگۈسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا . ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ، كەلگۈسىنى ئويلىغۇسى يوق . ئۇ ھەممىدىن بىزار ، باشقىلارنى ھاياجانغا سېلىۋاتقان ئۇرۇش غەلىبىلىرىمۇ ، «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى»نىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرەم تۇغرىسىدىكى ھېكايىلەرمۇ ، دۇنيادا يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ ئىشلارمۇ ئۇنى قىزىقتۇرمايدۇ . كېچەيۈكۈندۈز كىيىملىرى بىلەنلا قۇم - توپىدا دۇم يېتىپ - دۇم قوپۇپ ، تالقان ، سۇخار يەپ ، سوغۇق سۇ ئىچىپ جەڭ قىلىۋاتقان نۇرىنىڭ ھاياتى ۋە مۇنۇ يېشىل دۇنيادا گۆش - قايماق يەپ ، ئاپئاق پىراستىنا سېلىنغان كارىۋاتلاردا يېتىپ - قوپۇپ مەگزىلىرى قىزىرىپ ، كۈلكىلىرى جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئاتلىق ئىسكادىرون جەڭچىلىرىدەك ساغلام ، خۇشال بولۇشنى تىلەشلا ئۇنىڭ كۈندىلىك ئارزۇسى ۋە تىلەيدىغىنى ئىدى . ئۇ گويا دۇنياغا بىر يىگىت ئۈچۈن يارالغان ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ مەنىسى سۆيگۈ . سۆيگۈ - مۇھەببەتسىز ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەملىك دۇنيا ، مۇھەببەتتى ئازار يېگەن كۈنلەر ئۇنىڭ جازالانغان كۈنلىرى...

ئەتىگەنلىك مەشىققە جەڭچىلەر ، ئوفىتسېرلار بىلەن بىللە سېپىستىرالارمۇ چىقىدۇ . يۇمشاق ، لۆم - لۆم يەردە يوگۇرۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك . سولايمانوف قىزنىڭ يېنىدا يوگۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىمەكتە :

— جىنىڭ ، شىخو ، چۆچەك ، ئالتاي ، بورتالا ، ئاقسۇلارغا

بىراقلا ھۇجۇم قىلغۇدەكمىز . بۇ يىلنىڭ ئاخىرى بىزنىڭ ئانا دىيار تۇپرىقىمىزدىن گومىنداڭ تازىلىنىدۇ ، دۇنيادا ئۇيغۇر دۆلىتى پەيدا بولىدۇ . «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۇنيا ئەللىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ ، ئاخشام گېزىتتىن ئىبلخان تۆرەم ئاتىمىزنىڭ سۆزىنى ئوقۇپ ھاياجانلىنىپ كېچىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىدىم . قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، تۈركىيىلەرگە چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلىرىمىز تۇگەل قايتىپ كەلسە ، بىز موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئون ھەسسە قالتىس دۆلەت بولالايمىز . نېفىت ، ئالتۇن ، مىس ، تۆمۈر ، كۆمۈر ، ئاليۇمىن ، سىنك... دۇنيادىكى بايلىقنىڭ ھەممىسى بىزدە ، سۇ ، ئورمان ، چارۋا ، مۇنبەت تۇپراق بىزدە تولۇق . ئون يىلغا قالماي بىز بايلىق ، پاراۋانلىق ، تەرەققىياتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆتۈپ كېتەلەيمىز ! ئېيتىڭا ، سىز ئۇ چاغدا نېمە بولماقچى پەرىدە ؟

— ئانا بولماقچى !

— ھا ـ ھا ـ ھا... شۇمۇ غايە بولامدۇ ، سىز ئۆزىڭىزنى ئەتەي چۈپەيلەشتۈرۈۋاتىسىز ، مېنى يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈنما ؟ نېمانچە ھوي ؟ بىز دېگەن مەڭگۈلۈك دوست . بىلەمسىز ، پۈتۈن ئىسكادىرون بويىچە مەن سىزنى ئەڭ يېقىنىم ھېسابلايمەن .

— مەنمۇ شۇ ، ئەيساجان .

— مېنى ئەيساجان دېگىنىڭىزگە مەن خۇشال . مەن كەلگۈسىدە مال دوختۇرى بولىمەن ، نەسىللىك ئات ، كالا ، قوي دېسە يايراپ كېتىمەن . بەرناۋۇل ، ئارغىماق ، يارۇسلاۋىسكى ، ئالاتاۋسكى ، مېتىس دېگەندەك ئىسىملار ماڭا قالتىس ئاڭلىنىدۇ . كۆرگەنسىز ، قولا ئېتىمنى ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يۇيۇپ ـ تارايمەن .

لېكىن ، قىزنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمىدى .

— مەن ئورۇسچىنىمۇ خېلى بىلىمەن . سوقۇشلار تۈگەپ خاتىرجەم بولغاندا مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇيمەن تېخى !

— نۇرىمۇ ئوقۇيمەن دەيدۇ ، ئۇ شائىر ، ناخشىچى . ئۇنىڭ

يازغان شېئىرلىرى ماڭا بەك ياقىدۇ !
— بىراق ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ھەدېسىلا زەيتۇنە ، زەيتۇنە دېگەن ئىسىم بار ـ دە !
قىز يىگىتكە نەپرەت بىلەن قارىدى . يىگىتمۇ شۇنداق قىلدى . لېكىن ، ئۇ بىلىكىگە قوندۇرۇۋالغان قۇرغۇيىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى . يىگىتلىك غۇرۇرىنى تەشنالىق ھېسسى يەڭدى :
— بىر شېئىردا شۇنداق گەپلەرنى ئوقۇغانمەن !
— سىز نېمىشقا ھەدېسىلا زەيتۇنە ، زەيتۇنە دەيسىز ؟ ئەتەي مېنىڭ چىشىمغا تېگىۋاتىسىز ـ ھە ؟
— سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىن نۇرى چۈشمىگەندىكىن !
— ئۇ دېگەن باشقا ئىش .
— مەن ئۈچۈن بىر ئىش !
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ — قىز جىددىي سورىدى .
— يالىڭاچ گەپ قىلىشقا قىستىماڭ مېنى پەرىدە !
— سىز نۇرىدىن مېنى كۈنلەۋاتامسىز ؟ ھا ـ ھا ـ ھا... كۈلكىلىك !
— نېمىسى كۈلكىلىك ؟ مېنىڭ بىر قىزغا ئاشىق بولۇش ھوقۇقۇم بار . ئاشىق دېگەننىڭ كۈنلەش ھوقۇقى بولىدۇ ـ دە ؟
— نېمە ، سىز ئاشىقمۇ ؟ ھى ـ ھى ـ ھى... تووۋا !
— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس قىزچاق ! — سۇلايمانوف قاتتىق ۋارقىرىدى .
ئۇلار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن غول سەيلىسىگە چىققانىدى . غول تەبىئەتنىڭ يەرمەنكىسى . ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارلىق داۋاندىن چۈشىۋاتقان شوخ تاغ سۈيى ئويناپ ، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقىدۇ ، ئۇنىڭ بۇژغۇنلىرى ئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك ، يالتىراق . ئىككى قاپتال رەڭگارەڭ گۈللەر ماكانى . قاپتالنىڭ تۆپىسى بۈك قارىغايلىق . قارىغايلىق ئارىسىدا تىك چوققىلاردا تاغ تېكىلىرى شىڭگىتىپ قارىسا ، قىلىن چۆپلەر ئارىسىدا كېيىكلەر توپى بەخىرامان ئوتلاپ يۈرىدۇ . بۆرىنىسىغا كىرىپ مەست بولغان بۇغىلار

مـارالـلـىرىنى تۆۋەنگە قوغلاپ تاغنى جاراڭلىتىپ ۋارقىرايدۇ…
جانلىقلار مۇھەببەت سەۋدالىقىدا ، تەبىئەت مەست ، سۇلايمانوف —
يـىـگـىـرمـە ئـۈچ يـاشـلىق يىگىت باھاردا ئويغانغان يىگىتلىك
ھېسسىياتىنى قانداق يوشۇرالىسۇن !
ئۇ ئەلەم بىلەن قورام تاش ئۈستىگە ئولتۇردى ـ دە ، بېشىدىن
شەپكىسىنى ئېلىپ يېنىغا قويۇپ تار پېشانىسىنى تورۇشتۇرۇپ ،
نېرىسىدىكى ئاسمانغا تاقاشقان قارلىق چوققىلارغا قارىدى :
— ئاببىاسوفلار ھازىر ئاشۇ چوققىلاردىن ئاشماقتا . قاسىمجان
قـەمـبـىـرى ، سـوپـاخـۇن پـولـكـوۋنىكلار ئۇلۇغ ئىشقا ئۆزىنى
بېغىشلىدى ، مەن بولسام بىر قىزنىڭ قۇلى !
— ھا ـ ھا ـ ھا !… — پەرىخە مەغرۇر ، بىپەرۋالىق بىلەن
قـاقـاقلاپ كۈلدى . تاغ كەپتەرلىرى چۆچۈپ ئۇچۇشتى ، چاتقال
ئارىسىدىن توشقانلار قېچىشتى ، ئۇنىڭ كۈلكىسى تەمبۇر ئاۋازىدەك
زىـل ، تاغ سۈيىدەك سۈزۈك ، كۈمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق
ئىدى .
قـىـز يىگىتنى چۈشەندى : ئۇنىڭ قەلبى سۈزۈك تاغ سۈيى
ئاستىدىكى تاشقا ئوخشاش ئېنىق كۆرۈندى . بۇ قەلبتە يوشۇرغۇدەك
سىر قالمىغانىدى .
— نۇرى دوستۇم دەيسىزۇ ، ئۇنىڭ سۆيگىنىگە يامان كۆز
بىلەن قارايسىز ؟
— يامان كۆز ؟ مەن سىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن ؟
ئـۆمـرۈمـدىكى ئەڭ زور ئىشنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن . ماڭا بۇنى
ھېچكىم ئۆگەتمىدى ، مۇشۇ كىشىلىك تۇرمۇش تەقدىم قىلدى .
مـەنـمـۇ جـىـق كـىـتـاب ئوقۇغان ، جىق ئويلايدىغان يىگىتمەن .
مۇھەببەت ئىنسان جىسمىنىڭ تەلىپىلا ئەمەس ، ئىنسان روھىنىڭ
ئىنتىلىشى ، تاللىشى…
— يەنە شۇ پەلسەپە . نۇرىدەك…
— يەنە شۇ نۇرى ، نۇرى ! ئەگەر مېنى خاپا قىلماي دېسىڭىز

شۇ ئىسمىنى ئېغىزغا ئالماڭ !

— پاھ ، قۇياش نۇرى كۆزۈمنى ئەجەب چاقتا !

— باشقىچە ئېپادىلىگىلى بولىدۇغۇ ، قۇياش چاقتى دېسىڭىزمۇ چۈشىنىمەنغۇ !

— ئۇ چاغدا ھەقىقەتنىڭ نۇرى چاقنىمايدۇ ـ دە !

— دۇنيا نۇرسىزمۇ گۈزەل بولالايدۇ ، مەن سىزگە توشقان ئېتىپ بېرەيمۇ ؟

سۇلايمانوف تاپانچىسىنى ئالدى . ئۇ تېرىكىپ گەپ يۆتكەپ باقتى . لېكىن ، پەرىخە جىددىي قىلىپ :

— ئاخىرقى گېپىم ، مەندىن ئۈمىد كۈتمەڭ . مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشنى جىنايەت ھېسابلايدۇ . مەن سىزگە ئىلتىماس قىلىمەن ، شتاب باشلىقى سۇلايمانوف ، ماڭا بەش كۈنلۈك رۇخسەت بېرىڭ . ئاڭلىسام زىياۋۇدۇن ئاكام يېزىغا كۆچۈپ چىقىپ كېتىپتۇ . مېنىڭ شەھەردىكى قورۇ ـ جايىم («مېنىڭ» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە قاتتىق ئېيتتى ئۇ .) قۇرۇق قاپتەك . مەن جايىمنى يېتىملار مەكتىپى قىلماقچى . بۇ مەقسىتىمنى ھۆكۈمەتكە — باش كاتىپ ئابدۇرۇپ مەخسۇمغا يازدىم . شۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ چىقاي دەيمەن ، — قىز تىك تۇرۇپ سۆزلىدى .

— ئۇنداق بولسا شەھەرگە بىللە كىرەيلى . مەن سىزگە رۇخسەت ئېلىپ بېرەي . ئاتلىق داۋاندىن ئېشىپ جاغىستاي بىلەن شەھەرگە بىر كۈندىلا چۈشەلەيمىز .

— سىزگە رەھمەت !

— ئارانلا قۇرۇق رەھمەتما ؟ ھېچبولمىسا ياۋروپاچىلاپ قولىڭىزنىڭ دۈمبىسىگە تەشنا لېۋىمنى تەگكۈزۈۋالسام !

قىز سول قولىنى سوزدى . سۇلايمانوف ئىككى قولى بىلەن قىزنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ، بۇ قولنىڭ دۈمبىسىنى ئۇزاق پۇرىدى ۋە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيدى :

— ياخشى باشلىنىش، غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ ساقچىخانىنى ئالغانغا ئوخشاش... ئىلاھىم شەھەر مىنىڭ بولسۇن!
قىز قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى.

تىـزگىـن سىيرىپ، ئويناقلاپ تۇرغان ئاتلارغا مىنگەن، ھـەربىيچە كىيىنگەن بىر جۈپ قىز ـ يىگىت بېشىغا ئىسپانكا كىيگەن، بەللىرىگە كەمەرلىرىنى چىڭ باغلاپ تاپانچا ئاسقان بىر جۈپ يـاش سۈيى شارقىراپ گەپنى گەپكە قوشمايدىغان، قورام تـاشلىـرى ئۈستىـدىمۇ موخ ۋە چۆپ ئۆسـكەن غـولنى بويـلاپ يۇقىرىغا — قارلىق چوققىلارغا قاراپ ئۆرلىمەكتە.
ئـۇلار ئـاشـۋاقـتـى بـىـلـەن قـىلىن قارىغايلىقلارنى پەستە قالدۇرۇپ، تىك چوققىلارنىڭ باغرىدىكى تار، شېغىللىق يول بىلەن ئـۆرلـەۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كىگىزچىلىك بىر پارچە قارا بـۇلـۇت كېلىۋىدى، يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. ئاتلار شۈمشەيدى، ئىككىسى بىردەمدىلا چىلىققىدە سۇ ئىچىدە قالدى:
— نۇرى تۆت يىل تاغلاردا ياشىدى، خۇددى ئېيىقتەك!
— يەنە شۇ نۇرى، باشقا گەپكە تىلىڭىز بارمايدۇغۇ دەيمەن؟
— بىچارە جـاپانى ئەڭ جىـق تارتتى. تاشـلارنىڭ كامىرىدا، ئۆڭكۈرلەردە خۇددى ئېيىقتەك، بۇ تاغدا يولۋاس بارمىكىن؟
— يولۋاس يوق، ھازىر مانا بىر پەرى بارغۇ!
— توۋا، جاپالىق جايدىمۇ يادىمغا شۇ كېلىدۇ، ئازراق راھەتكە يـولـۇقسام ياخشى تاماق، كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش بولسىمۇ شۇ. شۇنىلا ئويلايمەن، خۇددى مەن ئۇنىڭ ئادىمىدەك!
— بىراق، ئۇ سىزنى ئويلامدىكىنتاڭ؟
— مـەيلى، ئۇنىڭ ۋاقتى يوقتۇر بەلكىم. ئۇ دېگەن جەڭ مەيدانىدا. ئۇ يەردە دۈشمەننى يوقىتىشتىن باشقىنى ئويلاشقا ۋاقىت بولمايدۇ. پاھ، بۇ يامغۇر يوللارنى تۈگىتىدىغان بولدى، نېمانچە يامان يول بۇ؟
تۆۋەنگە قارىسىڭىز باش قايىدىغان قاراڭغۇ ساي، قارىغايلار

نەلەردە قالغان، تۆپە قىلىن قار بىلەن قاپلانغان تىك چوققا. يول شۇ قىلىن قارنىڭ ئاستىدىلا. قار ئاتتىنىمۇ ئېگىز، ناۋادا يۇقىرىدىن قار سىيرىلىپ چۈشسىلا، بۇ جەڭچىلەر جەھەننەمنى كۆرىدۇ.

قىزنى سۇر باستى:

— ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭايلى، مېنىڭ بېشىم قېيىۋاتىدۇ.

— بىز هازىر دېڭىز يۈزىدىن ئالتە مىڭ مېتىر ئېگىزلىككە چىقتۇق. ئاۋۇ كۆرۈنگىنى ئەۋلىيا چوققا. شۇ چوققىدىن ئاشساقلا تۆۋەنگە ماڭىمىز.

بىردىنلا ھەممە يەرنى تۇمان باستى، بىر ماڭدام نېرىنى كۆرگىلى بولمىدى. تەبىئەتكە رەھمەت. قىز ئاتتىن چۈشۈپ غالىلداپ تىترەپ سۇلايمانوفنىڭ يېنىدىن پاناھ ئىزدىدى:

— ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ؟

— قورقماڭ، ئۆتۈپ كېتىدۇ! — يىگىت قىزنى قۇچاقلىدى. قىز غالىلداپ تىترەپ سۇلايمانوفنىڭ قوللىرىغا چىڭ ياماشتى.

— قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، مېنى، مېنى...

— ئەزىمەت، ئاتلارغا ئىگە بول!

سۇلايمانوف مۇھاپىزەتچى يىگىتكە بۇيرۇق بەردى - دە، قىزنى بېلىدىن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالدى. قىز ئۇنىڭ بويىنىغا چىڭ گىرە سالدى.

تەبىئەتكە رەھمەت، قىزنىڭ يۇمشاق، ھۆل مەڭزى يىگىتنىڭ يىرىك ساقاللىق، قوپال يۈزىگە چاپلاشتى. قىز مەڭزى نېمانچە لەززەتلىك، ئۇ قىزنى باغرىغا چىڭ تېڭىپ، بىر قەدەم خاتا باسسىلا تىك ياردىن غۇلايدىغان يول بىلەن شىمالغا قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى شېغىللىق يولغا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى. لېكىن، رەھىمسىز يېغىن بۇ ئىزلارنى ھەش - پەش دېگۈچە يوقاتماقتا. گويا ۋەھىمە قىز قەلبىدىكى ھېلىقى ئۆچمەس نۇرنى بىر مەھەل ئۆچۈرۈپ قويغاندەك.

سۇلايمانوفنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. قىزنىڭ

يازلىق ھەربىي كىيىم ئىچىدىكى بەدىنىدىن شۇنچە يامغۇردىمۇ، چىلىق ـ چىلىق سۇ ئىچىدىمۇ ھارارەت كەلمەكتە. مۇنۇ ھەربىي كىيىملەر بولمىغىنىدا، ئارقىسىدىن ئۇچ ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان مۇھاپىزەتچىسى بولمىغىنىدا، سۇلايمانوف لەززەتلەرنىڭ مېغىزى، جان ئارامىنىڭ تاجى، ھېسسىيات دەرياسىنىڭ چوڭقۇر قاينىمىنى كۆرگەن بولماسمىدى. ھېلىمۇ شۇكرى، يامغۇر توختىمىسا، قىز مۇنۇ ۋەھىمە بىھوشلۇقىدىن ئەسلىگە كېلىپ يۇلقۇنمىسا بولاتتى.

— سەن ئالدىدا ماڭ! — دېدى سۇلايمانوف مۇھاپىزەتچىسىگە بۇيرۇق بېرىپ، — ئاتلارنى بىر ـ بىرىنىڭ غانجۇغىسىغا چېتىپ قوي!

ئاتلار ئادەمدەك ھوشيار، ئۇلار قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، پۇختا قەدەم بىلەن مۇھاپىزەتچىنىڭ كەينىدىن ماڭماقتا. سۇلايمانوف تېخىمۇ ئاستىلىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ئۇنى دائىم بىھوش قىلىدىغان قىز كۆكسىگە ئاستا تەگدى. قىز بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتىيۇ، كۆزىنى ئاچمايتتى. قىزنىڭ چىڭ، ئادەمنى مەست قىلىدىغان كۆكسى سۇلايمانوفنىڭ ئالىقىنىدا ئاستا مۇجۇلدى، ئۇنىڭ يەنە بىر قولى ئۆزىگە بويسۇنماستىن قىزنىڭ ئادەم جەلپ قىلىدىغان ساغرىسى، يانپاشلىرىنى سىلىدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوت تۇتاشتى. ئەرلىك روھىي ئىشتىھاسى، جىسمانىي تەلپۈنۈشى ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك تورمۇزلىرىنى نابۇت قىلدى. ئۇ قىزنىڭ كۆكسىنى مۇجۇغانسېرى قىزنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشاتتى، لېكىن، قىز كۆز ئاچمايتتى. سۇلايمانوف يوغان قورام تاشنىڭ دالدىسىدا توختىدى. ئۇ قىزنىڭ قىسقا ئىشتىنىنى ئاستا تۆۋەنگە تارتتى. قىز جىم تۇردى. ئۇ قىزنىڭ گەۋدىسىنى ئالدىراپ تاشقا يۆلىدى ـ دە، ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا كىردى...

... قىز بەدىنىدە بولۇۋاتقان بىر ئازابلىق راھەتتىن چۆچۈپ ھوشىغا كەلدى. لېكىن، ئۇ كېچىككەنىدى...

— سەن ئىپلاس! — قىز ئىڭرىدى.

— سىز ئەمدى مۇشۇ ئىپلاسقا مەنسۇپ!

قىز يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى . سۇلايمانوف ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ خۇددى ئاچ بۆرە قوزا گۆشىگە ئۆزىنى ئاتقاندەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى .

— ياشىسۇن ئەۋلىيا چوققا ، ياشىسۇن قارا بۇلۇت ، شار ـ شار يامغۇر !

— سەن كىمگە خىيانەت قىلدىڭ ، بىلەمسەن هايۋان !

— مەيلى مېنى ئېتىۋەتسۇن !

— بۇ دېگەن باسقۇنچىلىق !

— ئىقرارمەن .

— مەن سېنى هەربىي سوتقا بېرىمەن !

— مەيلى ، مەن ئۆلۈمگە رازى !

قىز يىغلىدى ، لېكىن ئۇ يەنىلا سۇلايمانوفنىڭ قۇچىقىدا ئىدى .

— مەن مۇشۇنداق قىلمىسام ساڭا ئېرىشەلمەيمەن !

— مەن سەندىن نەپرەتلىنىمەن !

— نەپرەتنىڭ تېگى مۇھەببەت . نەپرىتىڭ مۇھەببەتكە ئۆزگىرىدۇ پەرىدە !

ئۇلار تار ، تىك قاپتاللىرى قېلىن قارىغاي بىلەن قاپلانغان ، ئوتتۇرىسىدا شىمالغا قاراپ تاغ سۈيى ئاقىدىغان غولنىڭ بېشىدا يەنە ئاتلاندى . يامغۇر توختىغان ، ياپيېشىل تاغلار ، يوپۇرماقلار ئۇستىدىكى مەرۋايىتتەك تامچىلار ، تاغ قۇشلىرىنىڭ ناۋالىرى ، جاڭگال دۇمباقچىسىنىڭ توك ـ توكلىرى تەبىئەت گۈزەللىكىنى يەنە كۆرگەزمە قىلماقتا . لېكىن ، قىز قەلبى ئازابتا ، ئۇنىڭ روهى چۈشكۈن ، كۆزلىرى ئىششىغان ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نەپرەتتىن باشقا نەرسە قالمىغان . ئۇ ئۆز تەقدىرىگە ، ئۆزىنى مۇشۇ هالغا سالغان پۈتۈن هايات پاجىئەلىرىگە نەپرەتلىنەتتى . ئۇنىڭ نە مۇڭدىشىدىغان ئادىمى ، نە يۆلەنچۈكى يوق . ئەمدى ئۇ كىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ . نۇرنىڭ نامىنى مۇشۇ بۇلغانغان بەدىنىدىكى ئېغىزىغا ئانداقمۇ ئالالىسۇن ؟ ! ئۇ ئەمدى كىم ئۈچۈن ، نېمە ئۈچۈن هايات

كەچۈردۇ ؟...

ئۇ تاپانچىسىنى غىلاپتىن ئاستا چىقاردى . ئۇنى ئالدىدا كىتىپ بارغان ياۋۇز ئادەمگە توغرىلىدى ۋە تەپكىنى باستى ، «چارس قىلدى» ، ئوق چىقمىدى . ئۇ شۇ چاغدىلا بىلدى . ئۇنىڭ ئوقلىرىنىمۇ سۇلايمانوف ئېلىۋالغانىكەن .

سۇلايمانوف بىردەملىك غالجىر ئىشتىھانىڭ كۈچى بىلەن ئەقلىدىن ئايرىلىپ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى . ئۇ ئەمدى يالۋۇرۇپ كەچۈرۈم سورىسىمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيتتى . ئۇ ھەممىگە : ھەربىي سوتنىڭ جازاسىغا ، قىلمىشى ئاشكارىلىنىپ رەسۋا بولۇشقا ، ھەتتا مۇھىم بولغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقىمۇ تەييارلىنىپ قويدى . ئۇ قىزغا تىكىلىپ قارىيالمىدى . بايىقى ئەۋلىيا چوققىسىدا ئېرىشكەن بىردەملىك راھەت ئەمدى ئازابقا ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا ئايلانماقتا ئىدى . بىر ئاجىزنىڭ بىچارىلىكىدىن پايدىلىنىپ روھىي ئۇستۇنلۈك ، جىسمانىي راھەتكە ئېرىشىش يىرگىنچلىك بىر قىلمىش ، ئۇ ئەۋلىيا چوققىدا نېمىشقا ئۆزى دائىم دەپ يۈرىدىغان سۆزىگە ئەمەل قىلالمىدى . تەبىئەتكە ئېيتقان رەھمەتلىرىمۇ ئەمدى نەپرەتكە ئايلاندى . ئۇ ئۆزىگە ئۆزى باھا بەردى : ئۇ رەزىل ، يارىماس يىگىت ئىكەن ، ئۇ شتاب باشلىقى بولۇشقا لايىق ئەمەس ، ھەتتا جەڭچى بولۇشقىمۇ لايىق ئەمەسكەن... ياق ، ئۇ شۇ مىنۇتلاردا قىزدىمۇ بىر خىل خاھىشنى سەزگەندەك قىلغانىدىغۇ ، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاشقا بىرەر سەۋەب تېپىشنىمۇ ئويلىدى . ئۇ بۇنىڭغا ئېرىشكەندەكمۇ قىلدىغۇ ؟ قىزنىڭ كۆزلىرى ، لەۋلىرى ، بەدىنىنىڭ ھېسسىيات كۈچى بىلەن مىدىرلاشلىرى ئۇنىڭدىن بىر نېمىنى تەلەپ قىلغانىدىغۇ ، بۇنداق چاغدا قىز تەلىپىگە بىپەرۋالىق قىلغان يىگىت يارامسىز ھېسابلانمامدىكەن ، بەلكىم بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن قىزمۇ بۇنى ھېس قىلار . بەلكىم ئۇ سۇلايمانوفنى كەچۈرەر ، بەلكىم تېخى ئۇلار ھايات خۇشلۇقىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن كېيىنكى تۇنجى بابىنى بۇنىڭدىن كېيىن يازار تېخى ... نېمە بوپتۇ ، نۇرىمۇ خاتالىشىپ

بۇ قىزنىڭ ھەدىسىدىن بىر بالا تاپقانغۇ ، سۇلايمانوف بۇ قاراملىقى بەدىلىگە كەلگۈسىدە بىر ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالامدۇ تېخى !

ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئاز يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى ـ دە ، ئېتىنى قىزنىڭ ئېتىغا ياندىدى .

بۇ چاغدا كۈن غەربكە ئۆتكەن ، ئۇلار چەكسىز تۈزلەڭ بىنەملىكتە كېتىپ باراتتى . يامغۇرلۇق پەسىل بىنەملىكنى ياشارتقان ، قاراتۇل يېشىل بوغداي ئېتىزلىرى كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى . سۇلايمانوف قىزغا ياندىشىپ :

— پەرىدە ، مېنى كەچۈرەلمەمسىز ؟ — دېۋىدى ، قىز توڭلا قىلىپ :

— ئادەم بولسىڭىز ئۆزىڭىزدىن سوراڭ ! — دېدى .

— يۈز قېتىملاپ سورىدىم . يۈرىكىم : بۇ سېنىڭ ئەيىبىڭ ئەمەس ، مۇھەببەت ئەسەبىيلىكى ھەر كىمنى شۇ ھالغا قويىدۇ دېدى .

— مۇھەببەت ؟ ئەگەر مۇھەببەت شۇنداق بولسا ھايۋانلار مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ياخشى تىپلىرى بولالايدۇ !

سۇلايمانوف جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ پەتىۋالىرى يەنە بورانغا يولۇققان توزغاققا ئايلاندى .

— مۇشۇ ئەيىبىم بىلەن ئېتىلىپ كەتسەم تۇغۇلىدىغان ئوغلىمىزغا دادىسىنى قانداق چۈشەندۈرىسىز ؟

— نېمە ؟ — دېدى قىز ئازاب بىلەن مىيىقىدا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — سىزگە ئۇ نەرسىلەر نېسىپ بولمايدۇ ، تىرىكلىكىڭىزدە ئېرىشەلمىگەنگە ئۆلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئېرىشەلمەيسىز !

«ئۆلگەندىن كېيىن» دېگەن سۆزنىڭ ئۇرغۇسى قاتتىق ئېيىتىلدى . سۇلايمانوف خۇددى تۇيۇقسىز ئوق تەگكەندەك سىلكىندى . ئۇ ئاچچىق بىلەن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىۋىدى ، ئات بىردىنلا سىلكىنىپ ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ئالدىغا يۇلقۇندى . سۇلايمانوف تامدەك تاتىرىپ قىزغا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە ، ئۆز غەزىپىنى يوشۇرماستىن :

— بىر قىز ئۇچۇن ھۆكۈمىتىمىز ئۆزىنىڭ بىر قەھرىمان ئوغلىنى گۆرگە تاشلىمايدۇ، بولۇپمۇ سىزدەك بىر ئىگىسىز، ۋەتەنسىز قىز ئۈچۈن!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئېتىنى دېۋىتتى، ئات سېغىز توپىلىق تۇزلەڭ يولدا چاڭ توزۇتۇپ، مانان ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان دەريا تەرەپكە ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇھاپىزەتچىسىمۇ ئېتىنى قويۇۋەتتى.

«كىمگە ھال ئېيتىمەن، كىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن؟» قىز بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى. «ئىگىسىز، ۋەتەنسىز!» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا تولىمۇ قاتتىق ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا ئۆرلەپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى، ئانىسى بىلەن ھەدىسى، قېرى قىزنىڭ ئاپئاق يوپۇق يېپىلغان تاۋۇتى ئالدىدىمۇ ئۇ بۇنچىلىك يىغلىمىغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا نۇرىنىڭ روھى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ ھازىر نۇرىدىنمۇ ئايرىلدى. ئۇ ئەمدى نۇرىنى ئۇنتۇشى كېرەك. ئۇنى ئۇنتۇپ ياشاش ئۇنىڭ قولىدىن كېلەرمۇ؟ ئۇ شۇ تۇرقىدا كىمنى سېغىنىدۇ؟ كىمگە ئۈمىد باغلايدۇ؟ بولغان ئىشنى ئۇنتۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ياشىسا، ئانىسى بىلەن ھەدىسى ئۈچۈن قىساس ئېلىپ ئاندىن كېيىن پەيت تېپىپ مۇنۇ سولايمانوفتىن ئىنتىقام ئېلىپ، ئاندىن ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ ھەممىنى نۇرىغا ئېيتىسىچۇ؟...

ئۇ يىغا بىلەن بىر ئاز بوشاپ ئۆزىگە تەسەللى تاپتى، بىر خىل يورتۇپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ يايلىنى ئېڭىشىپ تاراپ قويدى ـ دە، ئالدىغا — دەريا تەرەپكە قارىدى. كۆزىگە ئەمدى شەھەر دەرەخلىرى كۆرۈندى. غۇلجا شەھىرى گويا ئۇنى ھاياتقا، بەختكە ۋە كۈرەشكە چىللاۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ پىچىرلىدى: «بۇ يەر مېنىڭ ۋەتىنىم، مېنىڭ ئىگەم»، مېنىڭ دادام مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلغان، بۇ زېمىنىنىڭ قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلىرى ئىچىدە نۇزۇگۇم، مايىمخان، گۈلەمخان، رىزۋانگۈلدەك قىزلارنىڭ نامىمۇ بارغۇ؟ بۇ يەر مۇشۇ يەر ئۈچۈن جېنىنى ئاتىغانلارنىڭ ۋەتىنى، ھەرگىز

سۇلايمانوفدەك ئادەملەرنىڭ ئەمەس... قىز كۆڭلى بىر دەريا، بۇ دەريادا ياپپېشىل، يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلغان قارىغايمۇ، سېسىپ چىرىگەن كۆتەكمۇ ئاقىدۇ. قىز قەلبى ئاجىز، لېكىن ئۇ كەچۈرۈش، رەھىم قىلىشتا تەڭداشسىز. مانا قىز قەلبىنىڭ بىر يېرىدە سۇلايمانوف ئۈچۈن يەنە ئىللىق هارارەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى: «ئۇ مېنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە تەييار. ئۇ مېنىڭ بەدىنىمنىڭ تۆرتكىسى بىلەن سەتلەشتى. مەن ئۇنىڭغا گېرە سېلىۋالمىغان بولسام ئۇ ماڭا زورلۇق قىلالايتتىمۇ؟...» ئۇ زىددىيەتلىك، جاۋابى يوق خىيال ـ سوئاللار بىلەن كېمە بويىغا كەلدى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. كېمە بويىدا هارۋىلار، ئاتلىقلار كۆپ ئىدى. سۇلايمانوف ئاتتىن چۈشۈپ دەريانىڭ سارغۇچ چېچەك سۈيىدە يۈزلىرىنى يۇماقتا ئىدى. پەرىخەمۇ ئاتتىن چۈشتى. مۇهاپىزەتچى ئۇنىڭ ئېتىنى ئالدى. سۇلايمانوف ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— نەگە چۈشمەكچىسىز؟ باش شتابقىمۇ؟

— ياق، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە چۈشىمەن!

— ئۇ ئۆيدە هېچكىم يوق ئەمەسمۇ؟

— ماڭا بەربىر، مۇتائالى خەلپىتىمنىڭ خانىمى ئابىستەي ئاپام بىلەن يېقىن ئىدى. شۇ ئابىستەيگە گېپىم بار.

— مۇتائالى خەلپىتىم دىنىي نازارەتنىڭ نازىرى. ئۇ كىشى دادام بىلەنمۇ يېقىن. بۇگۈنكى گۇناهىمنى يۇيۇشقا قەسەم ئىچەي، ئۆلار هازىر بۇ ئىشنى بىلمىسۇن، مەن سىزگە يالۋۇراي. بايىقى قوپاللىقىمنى كەچۈرۈڭ پەرىدە!

قىز ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ ئاۋازىدىن، لەۋلىرىنىڭ تىترەشلىرى، كۆز چاناقلىرىنىڭ قىزىرىشلىرىدىن ئۇنىڭ پۇشايمان، ئازابلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بىردىنلا رەھىم ـ شەپقەت ئوتى يېلىنجىدى. يىگىت يەنە يېلىنىشقا باشلىدى:

— مەن شىخو ئالدىنقى سېپىگە بېرىشنى قەتئىي تەلەپ

قىلىمەن . ئىشىنىڭ ، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم سوتلىيالايمەن !

ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ كېمىگە چىقتى . كېمىچى ئارغامچىنى يېشىۋەتتى . كېمە غالتەك توم سىم ئارغامچىدا سىيرىلىپ دەريانىڭ قىرغىقىدىن يىراقلاشتى . دەريا سۈيى تولىمۇ ئۇلۇغ ، دولقۇنلۇق ئىدى ، بولۇپمۇ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ، لۆمشۈپ قورقۇنچلۇق ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇدا قىزنىڭ بېشى قايدى . ئۇ كېمىنىڭ يان ياغىچىنى چىڭ تۇتتى . سولايمانوف ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئوتتۇرىغا ئەكېلىۋېلىش ئۇچۇن يېنىغا بېرىپ جەينىكىدىن تۇتۇشىغا ، سولايمانوف قىزنىڭ كۆزىگە ئېغىز ئېچىپ ئۆزىگە ئېتىلغان ئەركەك ئېيىق بولۇپ كۆرۈندى . قىز ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى . ئۇ دەريا دولقۇنى ئىچىدە ئەندىكىپ قاتتىق ۋارقىرىدى ـ دە ، چۆكۈپ كەتتى . ئۇ يەنە بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى . سولايمانوف قىزنىڭ كەينىدىنلا سەكرىدى . دولقۇن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇپ قويغانىدى . سولايمانوف ئۈزۈشكە ئۇرۇناتتى ، دولقۇن ئۇنىڭغا يول قويمايتتى . مۇھاپىزەتچى خارتىلداپ تۇرغان قۇلا ئاتنى بىر قامچا ئۇرۇۋىدى ، ئات دەرياغا سەكرىدى . مۇھاپىزەتچىمۇ بىللە سەكرىدى . ئۇچ ئادەم دەريادا ، قىز بىر چۆكۈپ ـ بىر چىقىپ جان تالاشماقتا ، سولايمانوف ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئۇچۇن ھەدەپ غۇلاچ تاشلاپ ئۈزمەكتە ، ئات قۇلاقلىرىنى سىلكىپ كۆتۈرۈلۈپ ئۈزمەكتە . مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭ يايلىغا يامىشىپ تىزگىنىنى قىز تەرەپكە تارتماقتا . مانا ئۇ قىزغا يېقىنلاشتى . ئۇ قىزنى تارتىپ يېنىغا ئەكېلىۋالدى ـ دە ، بىرلا سىلكىنىپ سۇ ئىچىدىكى ئېگەرگە ئاچىقتى :

— ئۈزەڭگىنى دەسسەڭ ، ياق ، ئېگەرگە يامىشىڭ !

جان تاتلىق ئىكەن ، قىز ئاتقا ياماشتى . مۇھاپىزەتچى ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتتى . سولايمانوف ۋارقىرىدى :

— ئەزىمەت ، قىرغاققا تارت !

كېمە ئاستا شىمالىي قىرغاققا سىلجىماقتا ، ئادەملەر ۋارقىراشماقتا . سولايمانوف تۆۋەنگە قاراپ ئاقماقتا ، ئەمما ئۇمۇ

سول قىرغاقتا قاراپ غۇلاچ تاشلىماقتا . دەريادا ئاتنىڭ بېشى ، تىك بىر جۈپ قۇلىقى ، ئاتقا ياماشقان ئىككى ئادەمنىڭ بېشى ، نېرىدا مەيدىسىگىچە سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ غۇلاچ ئېتىۋاتقان سۇلايمانوف كېمىدىن بارغانسېرى يىراقلاشماقتا .

ئەزىم دەريا شارقىراپ ـ ۋاژىلداپ ، قىرغاقلىرىغا سۇرلۇك ئۇرۇلۇپ دولقۇن ياساپ ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى سىناۋاتقاندەك تېخىمۇ ھەيۋەتلىك مەۋج ئۇرماقتا .

ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى قىرغاققا ئامان ـ ئېسەن چىقىشتى . ئۇلار كىيىملىرىنى سىقىش ئۈچۈن جىغانلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈشتى .

قىز ئەۋلىيا چوققا ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ سىناقلىرىدىن ساق قالدى . ھەر ئىككىلا خەتەردىن ئۇ سۇلايمانوفنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆتتۈۋالدى . لېكىن ، سۇلايمانوف تۇرمۇشنىڭ نازۇك سىناقلىرىدىن سالامەت ئۆتەلمىدى . قىز ئۇنىڭغا مەيلىنى ئەمەس ، بەدەن بىخەتەرلىكىنى تاپشۇرغانىدى . قىزنىڭ ئىشەنچىسى بىكار بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھايات بەلگىسى — قىزلىق ئىپپىتىنى ساقلىيالمىدى . ئۆزىگە خاس بولغان بەلگىسىنى يوقاتقان بەدەننىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن !

قىز قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە كۆكچىلىكتىكى ئابدۇمەر مىڭبېگىدىن قالغان يوغان دەرۋازىلىق ئۆينىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى . دەرۋازا ئىچىدىن زەنجىرلەنگەنىدى . ئۇ تۆڭگىسىنى شاراقلىتىۋىدى ، دەرۋازا ئالدىدا بىر ئايال پەيدا بولدى :

— كىم ؟

— پەرىخە .

— پەرىخە دېگەن كىم ؟

— ئاسىيە ئابىستەينىڭ كىچىك قىزى .

— ئاسىيە ئابىستەي كىم ئەمدى ؟

— مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى .

— بۇ دېگەن دارىلئېيتام . ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە دېمى نازارەت يېتىملارغا بەرگەن قورۇ ـ جاي !

— مەنمۇ يېتىم بالا ، بىر كىچە قونايچۇ ؟

ئايال ئىشىكنى ئاچتى . ئالدىدا بىر ھەربىي ئايالنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھودۇقتى ـ دە :

— ھە ، ئەمدى بىلدىم ، سىز شەپقەت ھەمشىرە پەرىدەمۇ ؟ — دېدى ئۇ دەرۋازىنى يوغان ئېچىپ .

— ھەئە مەن .

— ئېگەر ـ جابدۇقلار ھۆلغۇ ، ۋاي ـ ۋۇي سىزمۇ سۇغۇ . كىيىم ـ كېچەك بىلەنلا ـ ھە ، كېمە توختاپ قالغان چېغى ، دەريادىن ئات ئۈزدۈرۈپ ئۆتتىڭىزما ؟ شورپا ئىچەمسىز ؟ مەن ھازىرلا...

ئاق سېرىق ، ئورۇق ، ئېگىز ، دورداي كالپۇك ، كالاچ ئېغىز ئايال ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى .

— مەن ، بىلەمسەن ؟ بىلەمسىنا ! — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ئايال بىردىنلا يات قىزنى سەنلەپ ، — مەنچۇ ، ئاپپاي . رابىيە ئابىستەي ، رابىيە خانىم دېسەڭ ھەممە ئادەم بىلىدۇ . ئايخان ئانا دېسە خەقنىڭ ئاغزىغا بىر چىقىدۇ . ئۇ ناھايىتى ئۆزىنىڭ قازانچىدىكى ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئون ئالتە ئېغىز ئۆيىنى «خەيرىيە» مەكتىپىگە بەردىغۇ . بۇ ئىشقا ئون يىل بولدى . ئون يىلدىن بېرى مەن نېمىلەرنى قىلدىم ؟ يۈزلەپ ـ يۈزلەپ بالا ئوقۇتتۇم . بىلەمسەن ، مېنىڭ ئېرىمنى بالا ئوقۇتتۇڭ ، راست گەپ قىلدىڭ دەپ شىڭ شىسەي تۈرمىگە سېلىپ قىيناپ كۆزلىرىنى ئويۇپ ئۆلتۈرگەن . قىشتا ساقچىخانىنى ئالغاندا مۇرەببىمىنىڭ جەستى قۇدۇقتىن چىقتى ، ئۈچ ئوغلۇم ئاتا قىساسى ئۈچۈن جەڭگە كىرىپ چوڭى سۇلتان ھەرەمباغ سوقۇشىدا ، ئوتتۇرانچىسى زاتى سەمى ئاچالدىكى جەڭدە قۇربان بولدى . كەنجەم ئىمام ئەمدى ئون ئالتىگە كىرگەن ، دادا ـ ئاكىلىرىنىڭ قىساسىنى دەپ ئەسكەر بولۇپ شىخوغا كەتتى ، مەن تىنكەندەك يالغۇز قالدىم . مەن دېمەتلىكلەرنىڭ كېلىن ، نەۋرىلىرى ئۆيلىرىدە لىق . مېنىڭ بۇنداق تەلەيلىكلەرنى كۆرگۈم يوق . مۇشۇ يېتىم باللار بىلەن كۆڭلۈم

تـوق كېتىۋاتىمەن ، قېنى ، مۇنۇ ھۇجرىغا كىر . چوڭ ئۆيلەردە بالىلار كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ .

رابىيە ئاپپاي ئۇنى ھۇجرىغا باشلاپ كىردى . بۇ ئۆي سەبخە بىلەن پەرىخەنىڭ ھۇجرىسى ئىدى . ئەنە ، تامدا ئۇلارنىڭ ئاپىسى بىلەن چۈشكەن رەسىمى تۇرۇپتۇ . ئابدۇمەر مىگىبىگىنىڭ رۇس رەسسامغا سىزدۇرغان رەسىمىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ . پەرىخەنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كۆزلىرى تۇمانلاشتى .

رابىيە ئاپپاي چاي تەييارلاۋېتىپ ، ئۆزى ، ئېرى توغرىسىدا توختىماي سۆزلىمەكتە ئىدى :

— مۇسابايىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئوغلى باھاۋۇدۇنباي ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنى قايىل قىلىپ ، بەيتۇللا يېنىدىكى دىنىي مەكتەپتە پەننىي دەرسلەرنى ئۆتۈشكە كىرىشكەندە ، دادام بىلەن قېيناتام مۇئەللىم بولغانىكەن ، كېيىن (1880 ـ يىلى ) ئەيسا خەلپىتىم ، ھاشىر خەلپىتىملەر مەشھۇر مائارىپچى كەشپۇلئەسرار دامولىلىنى قازان مەدرىسىدىن ئەكەلگەن سىدىقھاجى ئابدۇوف دېگەن بايغا ئۆز مەكتىپىدە پەننىي دەرس ئۆتۈشكە يول قويغاندا ، دادام بىلەن قېيناتام كەشپۇلئەسرار دامولىلىنىڭ ياردەمچىلىرى بولغانىكەن . تاتار جامائەتچىلىكى مەسچىت يېنىغا ئىككى قەۋەتلىك بىنا سېلىپ ، ئۇن سىنىپلىق مەكتەپ قۇرغاندا ، بىز تۆنجى قىز مۇئەللىم بولۇپ قىزلارغا دەرس ئۆتكەن ، — رابىيە داڭلىق مۇئەللىملەرنى قويماي سانىدى . غۇلجا شەھىرىگە مەكتەپ قۇرغان تاتار بايلىرىنى بىرمۇبىر ساناپ چىقتى . خەلىچە ئابىستەي ، غەزىز ئەۋزى ، ئەينۇرە خانىم دېگەندەك مۇئەللىمەلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ، قازاندا بېسىلغان ئىملا ، ئىنشا ، ھېساب ، جۇغراپىيە... دېگەندەك دەرسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ كۆرسەتتى ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىلىم ، مۇئەللىمدىن باشقا گەپ چىقمايتتى . ئۇ پەرىخەنى باشلاپ بالىلارنىڭ ياتاقلىرىغا ئەكىردى . تاختاي ئۈستىگە بورا ، پالاس سېلىنغان . بالىلار پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ ۋارقىرىشىپ كىتاب ئوقۇشماقتا ئىدى .

— ئاتمىش سەككىز بالا ، ئۇن يەتتىسى قىز ، ئەللىك بىرى

ئوغۇل . ئۇلارنىڭ ھەممە چىقىمى دىنىي نازارەتتىن ، مۇتائالى خەلىپىتىم ئۇلارنىڭ دادىسى ، بوۋىسى . مانا مەن ئۇلارنىڭ ئانىسى . ھەممىسى يېتىم ، ئەمما ئۇلار تەلەيلىك يېتىملار !...

پەرىخە باللار بىلەن يېرىم كېچىگىچە بىللە بولدى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەيرىي خىياللار قۇياشنى كۆرگەن تۇماندەك بىردىنلا يوقىلىپ قەلبىدە ھايات ئىستىكى ، كېلەچەك ئارزۇ يالقۇنى لاۋۇلداشقا باشلىدى .

— زالىم ھۆكۈمەت بېشىنى يېسۇن ئىلاھىم ، نەچچە - نەچچىلىگەن باللارنى ئاتا - ئانىسىدىن ، قانچىلىرىمىزنى قېرىنداش ، جانجىگەرلىرىمىزدىن ئايرىدى . ئەلقىساسۇمىنەلھەق ، ئىلاھىم باتۇر باللىرىمىزغا نۇسرەت بەرسۇن ، زالىملارغا زاۋاللىق يەتكەي !

پەرىخە رابىيە ئاپپاينى ياقتۇرۇپ قالدى . بىردەمدىلا بۇ ئايال ئۆز ئانىسىدەك بولۇپ قالدى . ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى ، رابىيە ئاپپاي ئۆچكەن چىراغنى قايتىدىن ياندۇرۇپ ، قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى :

— ئاسىيەنىڭ يالغۇز قىزىمەن دېگىنە ! مەن ئۇنى ياخشى بىلىمەن . ئابدۇمەر مىڭبېگىنىمۇ بىلىمەن . ئۇ تەمەخور بولغان بىلەن سېخىي ئادەم ئىدى ! — دېدى ۋە پەرىخەنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە باستى :

— مەن سېنىڭ ئاپاڭ ، سەن مېنىڭ قىزىم . بالام ئىمام غازى بولۇپ كەلسە سېنى كېلىن قىلىۋالىمەن ، شېھىت بولۇپ كەتسە ، مەن قالغان ئۆمرۈمنى سېنىڭ باللىرىڭنى بېقىشقا ئاتايمەن . ھەممىمىز يېتىم - يېسىر كەنمىز . بۇ جاي سېنىڭ جايىڭ ئىكەن ، بوپتۇ ، جايىمىزدا يېتىملارنىڭ جېنى يايرىسۇن قىزىم !

... ساقاللىق ، ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ئادەم ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈش ئۇچۇن ئېگىشتى . قىز يىرىك ساقالنىڭ سانجىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇردى :

— دادا ، قويۇڭا ، ساقىلىڭىز يامان يىرىككەن !

— پەيغەمبەرنىڭ ساقىلى بۇ قىزىم !

ئـەر سـاقـالـلـىـرىنى سۇۋاپ قىزنى قىيناپ سۆيدى . قىز ئويغاندى . بۇ ئادەم ئابدۇمەر مىڭبېگى ئىدى . مىڭبېگى پەرىخەگە ئامراق ئىدى . دائىم ئەتىگەنلىكى مۇشۇ ئۆيدە شۇنداق قىلاتتى . مانا بۈگۈنمۇ شۇ .

— ئۇخلىۋال قىزىم . بالىلار ئىتتىكنى سۇغىرىپ يەم بەردى . ئۇلار تېزرەك چوڭ بولۇپ ئەسكەر بولساق دەپ تىتىلدىماقتا !

قـىـز كۆزىنى يۇمدى ، لېكىن ئۇخلىيالمىدى . ئۇنىڭ كۆز ئـالـدىغا يەنە مىڭبېگى دادىسى كەلدى ، ئۇ ئابدۇمەر مىڭبېگىنى رەسـمـىـيەت ئۈچۈنلا ئەمەس ، چىن يۈرىكىدىن «دادا» دەيتتى . مـىـڭبېگى ئۇنى بۆلەكچىلا ياخشى كۆرەتتى . مىڭبېگىنىڭ قىزى سەبىخەنى شىڭ شىسەينىڭ قىيىنىنىسىغا بېرىشى ، شۇ سەۋەبتىن ئـاسـىـيـەنـىـڭ تـارتقانلىرى ۋە ئاخىرىدا پاجىئە بىلەن ھاياتىنى ئـاخىرلاشتۇرۇشى ، قىزغا ئۆگەي دادىسىنى تولىمۇ يىرگىنچلىك ئـادەم قىلىپ چۈشەندۈرگەنىدى . مانا ھازىر ئۇ ئادەمنىڭمۇ شۇ گومىنداڭ ئوقىدا ئۆلگەنلىكىنى بىلىدۇ . ۋاقىت ، پاكىت ئۇنىڭ قەلبىدىكى نەپرەتنى يوقاتقان ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە ئۆگەي ئاتىغا يەنە مېھىر ـ مۇھەببەت ساقلانغانىكەن ـ دە ! ۋاقىت ، پاكىت ئـۇنـىـڭ قـەلـبـىدىن سۇلايمانوفقا بولغان ئۆچمەنلىكىنىمۇ يۇيۇپ چىقىرىۋېتەرمۇ ـ ھە ؟

قىز ئەتىگەنلىكى ئات توقۇۋېتىپ شۇنى ئويلىدى .

يەنە شۇ يېزا يولى ، جىرغىلاڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى . بىرى ، يار ياقىلاپ توغراق يېزىسى تەرەپكە باراتتى . يەنە بىرى ، ئوڭغا بۇرۇلۇپ يارغا چۈشۈپ كېتەتتى . ئۇ ئويناقلاپ تۇرغان ئىتنىڭ ئۇزەڭگىسىگە چىڭ دەسسەپ ، ئوڭ تەرەپتىكى ئورمانلىق ، مەۋج ئـۇرۇپ ئـېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى ، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى چەكسىز بىنەملىك ، يۇقىرىدا ئايئاق چوققىلار ، ئاستىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن بـۈك قارىغايلىق غوللىرى بىلەن ئۆزىنى جاھانغا تەنتەنە قىلىپ

تـۇرغـان هـەيۋەتلىك دىلمۇك تاغلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بىردىنلا غۇرۇر ۋە مۇھەببەت ئۇرغۇدى. ئۇ شىمالغا قارىدى. نېرىدا يەنە ئاقۋاش تاغلار، تاغ تۆۋىنىدە چەكسىز بىنەملىك، قاپتاللاردا بۇك ـ باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان يېزىلار كۆرۈندى. بۇ يەرلەردە مانا ئەمدى جاللاتلار يوق، بىكاردىنلا ئاددەملەرنى تۇتۇپ سولاپ، ئۆلتـۈرىدىغان قاتىللار يوقالغان، كەمبەغەللەر يەنىلا كەمبەغەل، بايلار يەنىلا باي، سىياسىي كومىسسارنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، تەڭسىزلىك يەنىلا مەۋجۇت. لېكىن، ھۆكۈمەتتىن كېلىدىغان ۋەھىمە ـ تەھدىت تۈگىگەن. بۇ قارا بۇلۇتنى يوقىتىش ئۈچۈن قانچە ئەزىمەتلەر جان تىكتى؟ قان تۆككەنلەر زادى قانچە؟ بـۇ ساننى سانىتار قىز بىلمەيدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆز قولى بىلەن ھـەرەمباغ سوقۇشىدىلا قىرىق نەچچە يىگىتنىڭ تام تۈۋىلىرىدە، ئـازگـاللاردا جـاراھـەتـىنى تاڭدى، جان ئۈزگىنىنى كۆردى. كۆزلىرىنى سىيپاپ يۇمدۇردى. رابىيە ئاپپاينىڭ ئۈچ جانجىگىرى، زىياۋۇدۇننىڭ ئىككى ئوغلى، ئۆزىنىڭ ئانىسى، ھەدىسى، ئاخشام سـۆزلـەشكەن باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ... مۇشۇ تۇپراقنىڭ غۇرۇرى ئۈچـۈن ئەزىز جـانلىرىنى ئاتـىدى. ئۇ ئاخشام بىرنەچچە باللىدىن:

— چـوڭ بـولـغـاندا نېمە بولىسەن؟ — دەپ سورىۋىدى، ئوغۇللارنىڭ تولىسى:

— غېنى باتۇر بولىمەن!

— ئەكبەر باتۇردەك قەھرىمان بولىمەن.

— سادىر بوۋامدەك بولىمەن! — دېگەندەك جاۋابلارنى بەردى. قىزلار بولسا رىزۋانگۈل، نوزۇگۇملارنى تىلغا ئېلىشتى. رابىخان ئاپپاي باللارنىڭ قېنىغا قىساس ـ ئىنتىقام روھىنى سىڭدۈرگەن، شۇڭا پەرىخە ئۆيدىن خوشلاشقاندا، ئاپپاينى ئۆز ئانىسىدەك چىڭ قۇچاقلىدى.

ئۇ ئاخىر ئاتنى ئوڭغا بۇرىدى. بۇ يول نۇرى تولا ھېكايە قىلغان يول. مانا «يامانيار» — قويۇق توپىلىق، ئىككى چېتى

تـــك توپا قىرغاقلىق سورلۇك يول ، ئۇ ئېتىنى دېۋىتتى . تىك يـارنىـڭ ئـۇ يـەر ـ بـۇ يېـرىـدە تـوقـناق قـاغـلار ئۇۋۇلىرىدا قاقىلدىشاتتى . ھېلىدىن ـ ھېلىغا چاڭغا مىلەنگەن ھارۋىكەشلەر ، توپ ـ توپ يۇڭ ئارتقان ئېشەكلەرنى پىيادە ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئـېـشەكچىلەر ، تۆگە كارۋانلىرىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى . ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ھەربىرىچە كىيىنگەن تولىمۇ چىرايلىق بۇ قىزغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى .

مانا چوڭ يار ، ئېرىسى ئىلى دەرياسى ، بۇ يار ئىچىدە بۇلاقمۇ باركەن تېخى . قىز ئېتىنى سۆگەتكە باغلاپ قويۇپ بۇلاق سۈيىدە يۈزلىرىنى يۇدى ، سۇ ئىچتى ـ دە ، ئېتىغا يەنە مىندى .

ھـــېـزىنۋەكتام ، گۈركىرەتمە ، ئاندىن كېيىن تۈز ، مۇنبەت لېكىن سۇسىز چۆل… ئۇ ھەممىگە قىزىقاتتى ، ھەممىلا نېمە ئۇنىڭ قەلبىدە ھاياجان پەيدا قىلاتتى . ئۇ كۆڭۈلسىز ئۆتكەن تۈنۈگۈننى تامام ئۇنتۇغان . ئۇ ھەتتا ھەربىيلەرنىڭ ناخشىلىرىنى غىڭشىپمۇ قويدى . ئۇ بۇ كۆڭۈللۈك يولدا خۇشال كېتىۋېتىپ بىردىنلا نۇرىنى يادىغا ئالدى . نۇرى ھەر شەنبە كۈنى مۇشۇ يول بىلەن يۇگۈرۈپ يېزىسىغا چىقاتتى . يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە مۇشۇ يول بىلەن شەھەرگە قايتاتتى ، بۇ ئەللىك كىلومېتىردەك كېلىدىغان تـوپـىلىق يول ئۇنىڭ «ئىرادە تاۋلايدىغان مەيدانى» بولغانىدى . پەرىخە ئىلقىدىكى تۈرك مەھەللىسىدە ۋە كونا بازار مەھەللىسىدە نۇرىدىن بۇ ھېكايىلەرنى جىق ئاڭلىغانىدى .

— نـۇرى ، ھـازىر نېمە قىلىۋاتىدىغانسىز ؟ بەلكىم ئاكوپتا پۇتۇن دىققىتىڭىزنى دۈشمەنگە قارىتىپ دۈربۈن بىلەن قاراۋاتقانسىز ياكى ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىۋاتقانسىز ياكى ئادىتىڭىز بويىچە يەر بېغىرلاپ مېڭىۋاتقانسىز . سىزنىڭ خىيالىڭىزدا مەن يوق ، لېكىن مېنىڭ خىيالىم سىز بىلەن… لېكىن ، مەن ئەمدى سىز بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولالمايمەن !…

قىزنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى . ئۇنىڭ كۆڭلى لاپ قىلىپ ئېچىلىپ ، ئالىقاندەك بۇلۇت چىقسىلا شار ـ شار يامغۇر ياغىدىغان

موڭغۇلكۇرەنىڭ ھاۋاسىغا ئوخشاپ قالغانىدى.
... ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ سىزنىڭ كۆزىڭىز، لەۋلىرىڭىز، بەدىنىڭىزنىڭ مىدىرلاشلىرىدىن بىر خىل تەلەپنى سەزدىم دەيدا تېخى، پەرىخە راستلا شۇ ئىشنى خالاپ ئىپادە بىلدۈردىمۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆزىگە راست گەپ قىلمايدۇ ـ ھە؟

بىر قول ئۇنىڭ كۆكسىنى ئاستا سىلىغاندا ئۇ چەكسىز راھەتلىنىپ تولغاندى، بۇ راست، نېمىشقا سەزگەن ھامان ئۇ قولنى سىلكىۋەتمىدى! يىگىت قولىدىن كېلىدىغان لەززەتتىن نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرمىدى؟ كېيىنچۇ؟ ئۇ ھوشسىزلىقتىن باشقا بىر راھەت ـ لەززەت دۇنياسىغا كۆچكەندە: «دۇنيانىڭ ئەڭ شېرىن لەززىتىدىن مەھرۇم بوپتىكەنمەن، ئىسىت!» دەپ ئويلىغىنىمۇ يالغانمۇ؟

ئۇ ئات ئۈستىدە، ئۆزىدىن ئۆزى ئۇيۇلۇپ ھۆپپىدە قىزاردى: «ياق، ئۇ مۇھەببەت ئەمەس. قىز بالىنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقى، ئۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىمدىن پايدىلاندى...»

تۇمشۇقبايتوقاي يېزىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇ يەنە ئاچا يولغا دۇچ كەلدى. ئوڭغا ماڭسا نۇربىلارنىڭ مەھەللىسىگە، سولغا ماڭسا يىگىتام، بورچى يېزىلىرىغا بارىدۇ. ئۇ ئاتنى يەنە ئوڭغا بۇرىدى. نۇربىلارنىڭ مەھەللىسىدە ئۇنىڭ جىيەنى خەمىت بار. ئۇنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر قان قېرىنداشى شۇ بىر ياشتىن ئاشقان ئوغۇل بالا. خەمىتمۇ نۇربىنىڭ بىردەملىك جىسمانىي لەززەتتىن ئۆزىنى تارتالمىغانلىقىنىڭ مەھسۇلىغۇ؟ ناۋادا پەرىخەنىڭ ھاياتىدىمۇ بۇ ئىش تەكرارلىنىپ قالسىچۇ؟ بۇ رېئاللىقتا ئۇ ھەدىسىدەك، نۇرىدەك بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ ياق، بۇ ئىشلار سۇ بىلەن مايدەك بىر ـ بىرىگە ئارىلاشمايدۇ. ئۇلار تۇنجى مۇھەببەتلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئىنتىلگەن ئىككى روھنىڭ ئىگىلىرى ئىدى. مۇھەببەت قاتىللىرىنىڭ قولى تەگمىگەن بولسا، ئۇلار ھاياتنىڭ ئەڭ شېرىن لەززىتىدىن بىللە بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق بولغان خۇدا قوشقان بىر جۇپ بولالايتتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسى ئاخىرقى تىنىقى

قالغۇچە تىرىشتى . لېكىن ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى...

ئۇ نۇرىلارنىڭ يېزىسىغا كەلگۈچە ئەرخەقلەرنى تىللاپ كەلدى . بىراق ، مەھەللىنىڭ يېنىدا پالەچ ئايالنى ھاپاش قىلىپ كېتىۋاتقان ، ياماق كىيىم كىيگەن چار ساقال دېھقاننى كۆرۈپ ئېتىنى توختاتتى :

— ئەسسالام ئاكا ، زىياۋۇدۇنكامنىڭ ئۆيى مۇشۇ مەھەللىدىمۇ ؟

— ھە ، زىيەك باخشىما ؟ ئۆستەڭ ياقىسىدىكى چوڭ قورۇ شۇ .

— بۇ ھەدەمچۇ ، نېمە بولغان ئاكا ؟

— شامالدارىغان ، ئوقۇتتۇق ، باخشىغا ئويناتتۇق ، قىلمىغان سەۋەب قالمىدى . ئون يىلدىن ئاشتى ، تۇغۇلغان قاچ ـ قاچتا پالەچ بولغان ، ساقايمىدى . ئېتىمنى كۆرىمەن دەيدۇ ، يالغۇز قارىياغاچ ئاستىدا ياتقۇدەك... ھى ـ ھى ... دېگىنىنى قىلماي بولامدۇ بۇنىڭ ... ئالتە بالامنىڭ ئانىسى ـ دە !

ئەر ساداقىتى قىز قەلبىنى ئېلىتتى .

زىياۋۇدۇننىڭ ھويلىسى ، بېغى ، ئۆيلىرى تولىمۇ پاكىز ـ ئازادە ئىكەن . پەرىخە نۇرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆينى كۆرۈپ ھاياجانلاندى . ھويلىدا قولىغا چېۋىق ئېلىپ بۇدرۇق ئوغۇل خەمىت توخۇلارنى قوغلاپ يۈرەتتى .

ئۇ بالىنى باغرىغا بېسىپ قاتتىق ـ قاتتىق سۆيدى . بالىنىڭ چىرايلىرى كۆزلىرى ، بۇرنى نۇرىغا ئوخشىغان ، چاچلىرىنىڭ سارغۇچلىقى سەبىخەنى تارتقان ، پەرىخەنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى . ئۇنىڭ يېنىدا زىياۋۇدۇننىڭ ئايالى ، ئۈچ قىز پەيدا بولدى ...

چۈشلۈك چايدا زىياۋۇدۇن پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن ، يالاڭ ئاياغ پۇتى يېرىلغان ، كىيىملىرى ياماق ، لېكىن پاكىز ئىدى :

— ئون ئالتە خو يەرگە بۇغداي تەردىم ، تۆت خو زىغىر ،

ئىككى خو سۈلۈ ، ئالته پۈت تېرىق ! ··· ھەممىگە بىر ئۆزۈم ، نۇرى بىلەن بەرا ئەسكەر ، دەرا قۇربان بولدى . مۇختەرئاكامۇ بىر ئوغلىنى ئېلىپ ئاقسۇغا ماڭغان باتۇرلار بىلەن بىللە كەتتى ، مېنىڭ سوقۇشقا بارغۇم بار ئىدى ، نۇرى ئۇنىمىدى . دېھقانچىلىقمۇ لازىم . كىم نان يېمەيدۇ دەيسىز ، قىزىم ، سىلەر جەڭ قىلىڭلار ، بىز سىلەرگە نان تەييارلايلى !

پەرىخە ئۇرۇشنى ، خەلق كۈلپىتىنى ئۇنتۇمىغان دېھقاننىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى . بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ . جاندىن ئەزىز بالىلىرىدىن ئىككىسى دۈشمەن ئوقىدا ئۆلدى ، لېكىن بۇ ئادەم نە بالىلىرى ، نە ئۆزىنىڭ تارتقانلىرى توغرىسىدا سۆزلىمىدى . سوقۇش ، ئازادلىق ، خەلقنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىلا سۆزلىدى . قىز خىجىل بولدى ، ئۇ ئاپقۇر چىنىدىكى قايماقلىق ئەتكەنچايغا سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن نان سېلىۋاتقان ئايالنىڭ چىرايىغا رەھمەت ئېيتىپ «لاپ» قىلىپ قارىدى ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاپئاق يۈزلۈك ئايال ئىدى ، مانا ھازىر قارىدىغان ، قورۇقلىرى كۆپەيگەن ، يۈزلىرى يېرىلغان ، كىيىملىرىمۇ ناچار شاتىۋاردىن ئىدى .

— جاپا تارتىپسىز ، ھەدە ؟

— نېمە دەيسىزھۇي ، جاپانى ئەسكەرلەر تارتىۋاتىدۇ . قۇرۇق نان ، تالقان يەپ ، سوغۇق سۇ ئىچىپ ئايدالادا ، تاش ـ شېغىل ئۇستىدە يېتىپ ـ قوپۇپ سوقۇش قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر جاپا تارتماي ، بىز جاپا تارتىمىزما تېخى !

— سىز دېگەن شەھەردە چوڭ بولغان ـ دە ، شۇنداقتىمۇ !

— زالىم ھۆكۈمەت شەھەرلىك ، سەھرالىق دەپ ئايرىمىدىغۇ ، نى ـ نى يىگىتلەر ئۆلۈپ كەتتى . مېنىڭ ئىنىممۇ لياڭشاڭ سوقۇشىدا قازا تاپتى . زالىملارنى يوقاتماي ئادەمنىڭ قانداقمۇ كۆڭۈل ئارامى بولسۇن !

ئۇرۇش ئادەملەرنى ئويغاتقان ، ئادەملەرنى ئىناقلاشتۇرغان ، ئادەملەر باتۇرلۇققا ئىنتىلمەكتە··· پەرىخە ئەتىسى ئابدۇمەر

مــــڭبىگىنىڭ كۈزلىكىگە بىرىنۋىدى ، ئۇنىڭ ئۆگەي ئاكىلىرى ، مىڭبىگىنىڭ چوڭ خوتۇنى هازا ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتى . ئەتىسى مال سويۇپ يۇرتقا نەزىر بەردى .

ئىككى كۈندىن كېيىن پەرىخە باش شتابقا قايتىپ كىردى . ئـۇ روھلۇق ، خۇشال ئىدى . سۇلايمانوف ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ئالدىغا كەلدى .

— سالام ، كوماندىر شتاب باشلىقى ! — دېدى پەرىخە ئىككى پـۇتىنى جۈپلەپ چاس بېرىپ ، — جەڭچى پەرىدەنىڭ ئىشلىرى تۈگىدى ، قايتىشقا تەييار !

— رۇخسەت ! — دېدى سۇلايمانوف مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ ، — مـەن ئـالدىنقى سەپكە بېرىشقا ئىلتىماس سۇندۇم . ئىلتىماسىم تەستىقلاندى . مەن شىخوغا يۆتكەلدىم ، ئەتە سەھەر يولغا چىقىمەن !

— مېنىڭ ئىلتىماسىمنى كىم تەستىقلايدىكىن ؟

— سـىـز تـوغـرۇلـۇق ھەربىي بۆلۈم باشلىقى پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمىغا دېۋىدىم ، ئۇ كىشى ، ئاقسۇ ئالدىنقى سېپىگە سـانـىـتـاركـىـلار زۆرۈر ، مـوڭـغـۇلـكـۈرەدە بـۇيـرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلارنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ ، ئازايتىشقا بولمايدۇ ، دېدى .

— سىزگە رۇخسەت قىپتۇغۇ ئەمىسە ، شتاب باشلىقى ؟

— مـەن ئـارىغا گېنېرال ئىسھاقبېكنى قويدۇم . بۇ ئىشقا ئېلىخان تۆرەم ماقۇل بولدى . ئالدىنقى سەپكە مەن زۆرۈر بولۇپ قاپتىمەن !

— قىزلارچۇ ؟

— بىلمىدىم ، بۇ بىر ھەربىي سىر .

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر بىلەن يەنە غۇلجا شەھىرىدىن موڭغۇلكۈرەگە قاراپ يولغا چىقتى . پەرىخە يەنە ئات بىلەن ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا — دىلمۇك تاغلىرىغا قاراپ كەتتى . چەكسىز تۈزلەڭ ، قارلىق چوققىلار ئۇنىڭغا يېڭىچە ئوي ـ خىيال ، ئىلھام ۋە روھ تەقدىم قىلدى .

## 43

قارا دەرۋازا، كۆك خىشتىن قىلىنغان ئېگىز سېپىل ئىچىدىكى ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك، بىر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئىشىكلىرى تېز ئېچىلىپ ـ يېپىلاتتى، سېرىق رەڭلىك ھەربىي كىيىم كىيىپ كۆك ئاسمان، ئاق كۆن سۆرتنى چۆشۆرۆلگەن كاكار تاقىغان، شەپكىلىرىنى چۆكۆرۆپ كىيىشكەن، تاپانچىلىرىنى يانلىرىغا ئېسىپ، بەللىرىگە رىمۆن، مۆرىلىرىدىن ئارتىلدۆرۆپ قورال پوتىلىرى ئېسىشقان سۆرلۆك ئەسكەرلەرنىڭ چىرايلىرىدىن ئالاقزادىلىك، ۋەھىمە چىقىپ تۆراتتى.

بۆ شىمالىي قوۋۆق بىلەن جەنۆبىي قوۋۆق ئارىسىدىكى شېڭ شىسەينىڭ دۆبەن مەھكىمىسى بولۆپ، ئۆرۆمچى شەھىرىدىكى ئەڭ مەھكەم قوغدىلىدىغان، قاتمۆقات ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە تولىمۆ سۆرلۆك بىلىنىدىغان ئورۆن بولۆشىغا قارىماي، زور ۋەھىمە ئىچىدە قالغانىدى. شېڭ شىسەي سالدۆرغان ئۆچ قەۋەتلىك يېڭى بىنا رەئىس ۋۆ جۆڭشىننىڭ ھەم ئۆيى، ھەم ئىشخانىسى. ئۆنىڭ راھىبلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان چىرايى بۆگۆن بۆلەكچىلا سۆرلۆك. ئۆ يېشىل تاۋاردىن تىكىلگەن ئۆزۆن چاپان كىيىپ، يۆمشاق گىلەم ئۆستىدە قولىنى كەينىگە تۆتۆپ ئۆزاق ماڭدى. خىزمەتچى قىز خۆنەن چېيى دەملەنگەن گۆللۆك پىيالىنى پۆتلىرىغا ئەجدىھا سۆرىتى چۆشۆرۆلگەن چاي شىرەسىگە قويۆپ قويغىلى خېلى بولدى. ئۆ تېخىچىلا قېلىن، يۆمشاق گىلەم ئۆستىدە ماڭماقتا. ئۆ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىمەكتە ئىدى.

شىنجاڭغا رەئىس بولۆپ نېمىگە ئېرىشتى. ئۆ كېلىپلا ئىلقىدا قورالىق توپىلاڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۆ توپىلاڭ شېڭ شىسەينىڭ زالىملىقىدىن پەيدا بولغان، ۋۆ جۆڭشىن ئۆنىڭ بالاسىغا يولۆقتى. ئۆ ئۆزىنىڭ ھارام نىيىتى يوق، ئادىل ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۆچۆن ئۆچ سۆزلۆك ئەڭگۆشتەرنى، يەنى شېڭ شىسەي

تۆرمىگە سالغان ئەرباپلارنى قويۇۋېتىش، جايلارغا تەسەللى بېرىپ ـ هال سوراپ كۆڭۈل ئىزهار قىلىش، قوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە هەيدەكچى بولۇش سىياسەتلىرىنى ئىشقا سالدى. ئۇ سۆز ۋە هەرىكىتىدە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەردەك يەرلىك خاقان بولۇۋېلىش نىيىتىدە ئەمەسلىكى، خەلققە كۆيۈنىدىغان، ئادىل ئىش قىلىدىغان شەپقەتلىك بىر رەئىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. لېكىن، ئۇ 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭغا رەئىس بولۇپ كەلگەندە، قوزغىلىپ بولغان غۇلجا، ئالتاي توپىلىڭى هازىر ئۇلغىيىپ، پۈتۈن شىمالىي شىنجاڭ قولدىن كېتىشكە ئاز قالدى. ئۈرۈمچى تەهدىت ئىچىدە، خەنزۇلار ئىچكىرىگە هەدەپ قاچماقتا. جىڭ، شىخو ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى هېلىدىن ـ هېلىغا ياردەم سوراپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتىرىمۇ شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىدەك خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالمىدى. ئۇ يېقىندىلا تۆرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن بۇرهان شەهىدىنى قوبۇل قىلغاندا ئاق سېرىق، ياۋروپا چىراي بۇ ئادەمگە:

— مەن شېڭ شىسەي ئەمەس، مېنىڭمۇ مەقسىتىم تەڭسىزلىككە، مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش. سىز ئامال قىلىپ غۇلجا، ئالتايدىكى توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرىغا مېنى چۈشەندۈرۈڭ، ئۇلار چۈشەنسىلا قوراللىنى تاشلايدۇ! — دېۋىدى، بۇرهان:

— سىلىگە جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ ئىشىنىدىكەنۇ، بىز نېمىشقا ئىشەنمەيمىز. توپىلاڭچىلارنىڭ مەقسىتىمۇ بۆلۈنۈپ دۆلەت قۇرۇش ئەمەس، شېڭ شىسەيدىن ئۆچ ئېلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش، مەن سىلىنى چوقۇم چۈشەندۈرىمەن! — دېدى. لېكىن، يېرىم كېچىدە 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى گېنېرال جۇ شاۋلياڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

— خەتەرلىك، باندىتلارنىڭ تېرىكى سوۋېت ئىتتىپاقىكەن.

بىزنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئىككىنچى تاشقى موڭغۇلىيە پەيدا قىلماقچىكەن . جياڭ ۋېيىۋەنجاڭغا مەلۇم قىلايلى ! — دېدى .
ۋۇ جۇڭشىننىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن رايى قايتقانىدى . ئۇ شىنجاڭنى تۆت ئۆلكە قىلىپ ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بېرىۋىدى ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېتىبار قىلمىدى . شىمالنى بىر ئۆلكە قىلىپ ، بۇ ئۆلكىنى شەنبىي (تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ) دەپ ئاتاپ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىش ، جەنۇبنى شەننەن ئۆلكىسى قىلىپ قەشقەرنى مەركەز قىلىش ، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىكى رايونلارنى كۇئېنلۇن ئۆلكىسى دەپ ئاتاپ خوتەننى ئۆلكە مەركىزى قىلىش ، گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىن تارتىپ تۇرپان ، قۇمۇللارنى قوشۇپ ئەنشى ئۆلكىسى دەپ ئاتاپ قۇمۇلنى مەركەز قىلىش تەكلىپى نېمىدېگەن ئېلمىي ئىدى ـ ھە؟ ۋۇ جۇڭشىن موڭغۇل ـ زاڭزۇ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغاندا ، غەربىي ئۆلكىلەرنى كۆپ تەتقىق قىلغان . مۇشۇنداق پارچىلاپ ، كۆپلەپ ئادەم كۆچۈرۈپ ئەكەلگەندىلا بۇ يەردە خاتىرجەملىك بولاتتى . مانا ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۈچ مىليون سەككىز يۈز مىڭ ئاھالىنىڭ ئىككى يۈز مىڭدىن سەل كۆپرەكىلا خەنزۇ ، مانا ئۇلارمۇ قاچقىلى تۇردى . ئۇ تۇنۇگۈن كۆڭزى ئىبادەتخانىسى ۋە گۇەنيۈمياۋ ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىپ كۆز يېشى قىلىپ : «بۇتلىرىم مەدەت بەرگەي ، شىنجاڭ مەن رەئىس بولغاندا قولدىن كېتىپ قالمىسا ئىكەن ، مەن جياڭ ۋېيىۋەنجاڭغا ، خەلققە نېمە دەيمەن !…»
دېگەندە ، ئىبادەتخانىدا باشقا ھېچكىم يوق ئىدى . قېنى بۇ بۇددا مۇرىتلىرى؟ ئۈرۈمچىنى تاشلاپ قېچىپ بولدىمۇ ـ ھە؟
— دوكلات ! — مۇھاپىزەتچى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . رەئىس ئۇنىڭغا تۇرۇلۇپ قارىدى :
— دېڭ شياڭخەي نازىر كەلدى !
— كىرسۇن !
كۇل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن ، چېچىنى مايلاپ پارقىرىتىۋەتكەن قىرىق نەچچە ياشلىق ، پاكار ، پاناق ئادەم ئىشىكتە

پەيدا بولدى . ئۇلار ئاۋۋال ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن ئىككى قولىنى جۈپلەپ تەزىم قىلىشتى ، ئاندىن كېيىن ياۋروپاچە قول ئېلىشىپ سالاملاشتى . ئۇلارغا چاي كەلتۈرۈلدى .

— ھېلىمۇ ياخشى شېنىڭ شىسەي ئىسكىلاتىنى قۇرۇۋېلىشقا تەمەپتىكەن ، — دېدى رەئىس ئىچكى ئىشلار نازىرىنىڭ تەسەللى بېرىش ھەيئىتىنىڭ خىراجىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ، — ئۇنىڭدىن قالغان رەخت ، قول سائىتى ، قەلەم ، براندى ، ۋىسكى ، كانىياك ، رۇس ۋوتكىلىرى ، قەنت - ناۋات ، كونسېرۋالار ھەددى - ھېسابسىز كۆپ بولغاچقا ، ھەر كۈنى سوۋغا ، زىياپەت بېرىپمۇ تۈگىتەلمىدۇق . ئۇرۇمچىدىكى ئالتە مېھمانخانىدا ھەر كۈنى زىياپەت ، بىر زىياپەتتىلا ئوتتۇز - قىرىق بوتۇلكا ئېسىل ھاراق ئىچىلىدىكەن ، شەرقىي باغچە بىلەن يېڭى بىنا مېھمانخانىلىرىدىكى چىقىمنى ھېسابلىغان ئادەم يوق . راست گەپنى ئېيتسام ، شېنىڭ شىسەي دېگەن نەرسە خەلقنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتكەنىكەن . خەلق شۇڭا غەزەپلەنگەن . ئۇ ئەللىك مىڭ سەر ئالتۇن خەجلەپ ئەمەلدار بولۇۋېلىپ ھازىر چۈڭچىڭدا ، شىنجاڭدىن ئوتتۇز ماشىنىدا ئەكەتكەن بايلىقى بىلەن راھەتتە . تارتقۇلۇق بىزگە بولۇۋاتىدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ . يىللىق خىراجىتىمىز يىگىرمە مىليون دوللاردىن كۆپ . مەن تەستىقلىساملا خىراجەت بولۇۋېرىدۇ . ئىدارىنىڭ راسخوتىنى سەككىز پىرسەنت قىسقارتتۇق . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىقى تۆۋەن .

— مەركەزنىڭ ئون دوللار پۇلى ئىككى دوللار شىنجاڭ پۇلىغا توغرا كېلىدىكەن . ھەربىي ماشىنىلار ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى توشۇماقتا . بىر ئايلانسا سودىگەرلەرنىڭ بىر تەڭگىسى بەش تەڭگە بولىدىكەن . كۆلىدىن كېلىدىغان سودىگەرلەر بېيىپ كەتتى . شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۈنى تەس . ئاشلىق يېتىشمەيدۇ ، بۇ بىر چوڭ ئىش . ما چېڭشياڭنىڭ ئاتلىق كورپۇسى بىلەن 129 - دىۋىزىيە كىرىۋىدى ، ئاشلىق تېخىمۇ قىيىنلاشتى... ھە ، شىنجاڭنى

ساقلاپ قالماق تەس بولۇۋاتىدۇ .
— ھەرقانچە تەس بولسىمۇ ساقلايمىز . ئەسكەرلەر بىلەن بىر قىسىم ھەربىي باشلىقلار ، چاقماق تېزلىكىدە جەڭ قىلىپ ، باندىتلارنى ئۇزۇل - كېسىل تازىلاش كېرەك ، دەپ چۇقان سالماقتا . لېكىن ، تەۋەككۇلچىلىك بىزگە زىيانلىق . بىزنىڭ ئەسكەرلەر ئېيتماققا يۈز مىڭ . ھەقىقىي ۋەتەن ، مىللەت دەيدىغىنى تولىمۇ ئاز . تولىسى جان ساقلاشنىڭ كويىدا . بىر پولك ئەسكىرىمىز باندىتلارنىڭ بىر روتا ئەسكىرىدىن يېڭىلىۋاتسا ، ماچېڭشياڭ دېگەنمۇ بىر باندىت . قىلدىن قىيىق كەتسىلا باندىتلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ . 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ ئەھۋالى قىيىن . جياڭ ۋېييۈەنجاڭنىڭ قانداق دانا تەدبىرى باركىنتاڭ !
— ياپونلار مەغلۇپ بولماقتا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلسىلا بىزنىڭ بۇ يېرىمىز تىنچلىناتتى !
— يېقىندىلا ، 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا سۆھبەتكە باردى . مولوتوف ، كالېنىنلار سۇڭ زىۋېننىڭ ئالدىغا چىقتى . بۇ ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى . ستالىن كەچكى سۆھبەتتە : ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى چارروسىيە دەۋرىدىكى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ . ئۇ چاغدا چارروسىيىنىڭ مەقسىتى ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش ئىدى ، لېكىن ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىتى جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ ياپونىيىنى چەكلەش ! دەپ ئېيتتى . بۇ دوستلۇقنىڭ بەلگىسى . ھازىر موسكۋادا سۆھبەت كېتىۋاتىدۇ.. شىنجاڭ مەسىلىسى سۆھبەتنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى .
— لېكىن ، ستالىننىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ . ئۇ شىنجاڭنى ماۋ زېدۇڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرەرمىكىن دەيمەن !
— لېكىن ، ستالىن سۇڭ زىۋېنغا بىز جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى بۇرۇنمۇ قوللىمىغان ، ھازىرمۇ قوللىمايمىز دەپ ئاشكارا ئېيتىپتۇغۇ !
— بىراق ، جياڭ زۇڭتۇڭ خاتىرجەم ئەمەس . 1942 -

يىلىدىن بۇرۇن ستالىن چەكلىك قانۇنىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھوقۇق يۈرگۈزگەنىدى. بۇ قېتىم ماۋ زېدۇڭ 30 - يىللاردىكى شېڭ شىسەينىڭ رولىنى ئويناپ قالارمىكىن. ئۇ ھالدا شىنجاڭ سوۋېتقا بېقىنىدىغان زېمىن بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ جياڭ زوڭتۇڭنىڭ ئەندىشىسى، مېنىڭمۇ ئەندىشەم!

ئۇلار ئۇرۇش، سىياسەت، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى.

ھېلىدىن - ھېلىغا تېلېفون، ئالاقىچى كېلىپ يېڭىدىن - يېڭى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ۋۇ جۇڭشىن قارىماققا تولىمۇ خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاياتىدىن راستىنلا خاتىرجەم ئىدى. ئۇ 1911 - يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ قاتناشچىسى. ئۇ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى نەنجىڭدا ۋاقىتلىق پرېزدېنت بولغاندا، مەركىزىي ساقچىلار مەھكىمىسىگە باش تەيتىش بولۇپ ياپونىيىدە ئوقۇپ كەلگىنىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتكەن. شۇ چاغدىن باشلاپ جياڭ جيېشى بىلەن دوست بولغان. ئۇ ئۆز يۇرتى ئەنخۈي ئۆلكىسىگە، كېيىن گۈيجۇ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغان. 1944 - يىلى 9 - ئايدا جياڭ زوڭتۇڭ ئۇنى ھارام نىيىتى يوق، ئادىل ئادەم ھېسابلاپ، شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ، باشقىلاردەك ئۆز يېقىنلىرىنى مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇپ گۇرۇھ، مەزھەپ ئويۇشتۇرمىدى، خىلمۇخىل يوللار بىلەن ئۆزىگە بايلىق توپلىمىدى، مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە 8 - ئۇرۇش رايونى قوماندانىنىڭ يولیورۇقىنى ئاڭلىدى. يۇقىرى قاتلامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن دۆلەت پۇلىنى ئايىماي خەجلىدى. ئۆزىنىڭ ھېسسىياتلىرىنى شېئىر بىلەن ئىپادىلەپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى، جياڭ جيېشىغا تەلەپ يېزىپ، ليۇ زېرۇڭنى پەۋقۇلئاددە خارجى ئىشلار ۋەكىلى قىلىپ شىنجاڭغا ئەكەلدى، ئۇنىڭدىن مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا

پايدىلاندى، ئۇ دائىم:
— ئون نەچچە نازىر ئىچىدە بىرمۇ ئۇيغۇر يوقكەن. ئۇيغۇرلار نارازى، مەن بۇ ئىشنى تۈزەيمەن! — دەپ سۆزلىدى. ئۆتكەن دۈبەن، رەئىسلەر ئۇيغۇرلارنى ئادەم قاتارىدا ھېسابلىغانمۇ؟ لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە ياخشى قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئادەملىرى ئۇنى يەنىلا تىللايتتى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— گۇناھىم شۇ، جاللاتلار ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم، — دەپ قويانتى.
ئۇنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى يەرلىك ئۇيغۇر، قازاقلار ئەمەس. جياڭ زۇڭتۇڭ ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان قىرىق مىڭ ئەسكەر ئەۋەتسەم باندىتلارنى بىردەمدىلا تىنچىتالايمەن، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قورالىق توقۇنۇشتىن ئېھتىيات قىلىمەن دېگەن سۆزنى بىكار ئېيتمىغان. ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەندىشىسى جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ بىلەن ئوخشاش. خەۋپلىك كۈچ سوۋېت. ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىمىغاندا، شىنجاڭ بىلەن شەرقىي شىمال، مانجۇرىيىنىڭ قولدىن كېتىشى تەبىئىي. سوۋېت نېمىلەرنى پىلانلاۋاتىدۇ؟ 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ستالىن، روزۋېلت، چېرچىل يالتادا نېمىلەرنى كېلىشكەنلىكىنى ھازىرچە ۋۇ جۇشى تولۇق بىلمەيدۇ. 1945 - يىلىنىڭ 6 - ئايلىرىدا جياڭ جېيشى چېغىدا قىسمەن بىلدى. ۋۇ جۇشى ليۇ زېرۇڭ بىلەن سوۋېتنىڭ غەربىي توغرىسىدا نۇرغۇن قېتىم سۆزلەشتى. ليۇ زېرۇڭ نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى دەپ بەردى. ئۇ سوۋېتتە ئوقۇغان، موسكۋادىكى ئەلچىخانىدا ئىشلىگەن. ئۇ دىپلوماتىيىدە گەرچە ۋاڭ شىجېيدەك بىلىملىك، ئەقىللىق بولمىسىمۇ سوڭ زىۋېندىن قېلىشمايتتى. يېقىندا، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سوڭ زىۋېن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن مۇشۇ سوۋېت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن ئىستېپا بەردى. ئەمدى يېڭى مىنىستىر ۋاڭ شىجېي قانداق قىلاركىن؟ ليۇ زېرۇڭنىڭ دېيىشىچە، ئارىغا روزۋېلت

كىرمىسە ، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن راستتىن دوست بولمايدۇ . ئۇ جىياڭ زۇڭتۇڭغا بېسىم ئىشلىتىدۇ . باندىتلارنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ ، يېقىندا ئۇرۇمچى قولدىن كېتىشى مۇمكىن . قۇمۇلنى مەركەز قىلىپ قانچىلىك تىركەشكىلى بولار ، ئارقىسىدا سوۋېت تۇرۇۋاتقان كۈچ بىلەن ئېلىشىپ نەپ ئالغىلى بولارمۇ ؟

ئۇنىڭ شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا ھەرگىز ۋىجدانى يول قويمايتتى . زو زۇڭتاڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ ، جاھاننى يېڭىلا تىنچىتسا ئارقىدىن قۇمۇلدا غوجانىياز دېگەن چىقىپ تاسلا قالدى خەنزۇلارنى ھەيدەپ چىقارغىلى ، ناۋادا شېڭ شىسەي سوۋېتنىڭ ئايىغىغا باش قويمىغان بولسا بۇ يەر يوق ئىدى . سوۋېتنىڭ كۈچى بىلەن بۇ يەرنى شېڭ شىسەي ساقلاپ قالدى . شۇڭا ، جىياڭ ۋېيبۇەنجاڭ ئۈچ ـ تۆت يۈز مىڭ ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان بۇ جاللاتنى كەچۈردى . زېمىن دېگەن بايلىق ، ئار ـ نومۇس ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ غۇرۇرى دېگەن سۆز . موڭغۇلىيىدە ھېچقانچە خەنزۇ يوق ، لېكىن ئۇ جۇڭگونىڭ يېرى ، شۇڭا ئۇ يەردە موڭغۇللار ھاكىمىيىتى بولماسلىقى كېرەك . تېخى بەزىلەر سەددىچىن سېپىلى بالقاش كۆلى بويلىرىغا سوقۇلغان بولسا ، بۇ زېمىننىڭ ئىسمى «شىنجاڭ» دېيىلمەستىن «شىجاڭ» دېيىلگەن بولسا ، بۇ يەر بىزگە ئەزەلدىنلا تەۋە دېيىشكە تىلىمىز ئۇزۇن بولاتتى دېيىشىدۇ تېخى . رۇسلار ئۆزبېك ، قازاق ، قىرغىز يەرلىرىنى بىزنىڭ دەيدىكەنۇ ، بىز دېسەك بولمامدىكەن . جۇڭغار توپىلىڭى باستۇرۇلۇپ ، 1759 ـ يىلىدىن كېيىنلا شىنجاڭ جۇڭگونىڭ قوينىغا كىردى دېگۈچىلەرمۇ بار تېخى ، 1760 ـ يىلى كۇرەدە ھەربىي ھاكىمىيەت قۇرۇلغىنى راست . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەرنى قانداق ئۇسۇل بىلەن سورىغانلىقى مەلۇم ئەمەس . ئۇ دېگەن مانجۇلارنىڭ ئىشى . ئەمما ، بىز خەنزۇلار بۇ زېمىننىڭ خوجىسى ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى خوجا بولۇپ كەلدۇق . مانا بۇ راست گەپ . بۇ يەرنى بېرىپ قويۇش دۆلەت غۇرۇرىغا ، ۋىجدانغا تاقىلىدۇ . ۋۇ جۇڭشىن رەئىس بولۇپ كەلگەندە شىنجاڭ قولدىن

كەتسە ، ئۇنىڭ نامى تارىختا قارا داغ بولۇپ يېزىلامدۇ؟ شىڭ شىسەي زالىملىق قىلمىغان بولسا توپىلاڭمۇ بولمىغان بولاتتى. شىڭغا ئىتىلغان ئوق ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ كۆكسىگە قاراپ كەلمەكتە. زالىملىقنىڭ جازاسىنى زالىم ئۆزى تارتىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ زالىملىقمۇ تارىختا ئەجايىپ رول ئوينىغان، چىن شىخۇاڭ، چىڭگىزخانلارمۇ زالىم ئەمەسمۇ؟ ليۇ زېرۇڭنىڭ دېيىشىچە، ستالىنمۇ 30 - يىللاردا زالىملىق قىلغانىكەنغۇ؟ ھاكىمىيەت مېھىر- شەپقەت ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ، ئۇ قان ۋە سۆڭەكلەر ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. لېكىن، خەلق دېگەنگە بۇ قان ۋە سۆڭەكنى تاش - شېغىل قىلىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇغۇ. خەلقنىڭ كۆز يېشىنى مەدھىيە كۈيى قىلىپ كۆرسەتكەن ئىشلار تارىختا ئازمۇ... ياق، نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئالتە زېمىننى بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. گېنېرال جۇ شاۋلياڭ توغرا ئېيتىدۇ: شىخو، جىڭ ناھىيىلىرىنى يەنە بەش - ئالتە ئاي تۇتۇپ تۇرالىساقلا، باندىتلارغا ستالىن ئۆزى قورال تاشلاشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. لېكىن، باندىتلار بۇنى سەزگەندەك قىلىدۇ. ئۇلار ھۇجۇمنى بىر كۈنمۇ توختاتقىنى يوق. ستالىن ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ ياپونىيىنى مەغلۇپ قىلمىغۇچە بۇ يەرلەرگە قول سالالمايدۇ، باندىتلار بۇنى بىلىۋالغان. ياپونىيىدىن بۇرۇن بىزنى تەسلىم قىلماقچى، دۇنيادا ئوق ئاۋازى توگەشتىن بۇرۇن ئۇلار بۇ يەردە «شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتىنى پەيدا قىلىۋالماقچى. بۇنداق بولغاندا يەنئەن ئۈچۈن يېڭى بىر كۈچ پەيدا بولغان بولىدۇ. پۈتۈن شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمالنىڭ بۇ چېتىدە شىنجاڭ قىزىل بايراق قادالغان رايون بولۇپ قالسا، جياڭ ۋېيىۈەنجاڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر بېسىم بولمامدۇ؟ ياق، ئاخىرقى بىر تامچە قان، ئاخىرقى نەپەسكىچە ھەر غېرىچ يەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك. شىخو ئالدىنقى سەپ قوماندانى شيې يىفېڭ بىلەن جىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى گو چىلار نېمىشقا ھەدېسىلا زارلايدۇ! بۇ ئىككى گېنېرال ۋەتەن تۇپرىقى جاندىن ئەزىز دېگەن ئاڭنى ھەربىر جەڭچىسىگە سىڭدۈرەلىسە، زامانىۋى قورال،

قاتتىق مۇداپىئە تەييارلىقى بار ئۇن ئىككى مىڭ ئەسكەر ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن قارام باندىتلارنى توسۇپ تۇرالماسمۇ؟ بىر ئەسكەر ئۈچ باندىتقا تەڭ كېلەلمىسىلا باندىتلار توگىدى دېگەن سۆز ئەمەسمۇ؟ جۇ شاۋلياڭ بىلەن گو جىچياۋلار نېمىنى ئويلايدىكىنتاڭ. جەڭچىلەرگە ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيىسى بېرىش، خەلقنى ئۆزىگە تارتىش توغرىسىدا گەپ قىلسىلا، ئۇ ئىككى گېنېرال تەرىنى تۇرۇپ: «كونا گەپ!» دېيىشىدۇ. قورال بىلەن ئەسكەر سانىنىڭ كۆپلۈكى شەكىل. جەڭگىۋارلىق بىلەن خەلق رايى غەلىبىنىڭ تۈپ ماھىيىتى. جۇگې لياڭنىڭ بۇ ئىككى ئەڭگۈشتىرى ھازىر ئاقماس بولۇپ قالدىمۇ ھە؟...

تېلېفون جىرىڭلىدى. ۋۇ جۇڭشىن تېلېفوننى ئالدى:

— نېمە؟ پېتروف ئۇرۇمچىگە كەپتۇمۇ؟ كاتتا مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ چوڭ زىياپەت تەييارلانسۇن!

ئۇ بۇيرۇق بەردى - دە، يان ئۆيگە كىرىپ خىزمەتچىلەرگە ياۋروپاچە كىيىملىرىنى تەييارلاشنى بۇيرۇدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ توق كۆك رەڭلىك كاستۇم - بۇرۇلكا، ئاق كۆڭلەك، كۆك گالستۇك بىلەن ياۋروپاچە ياسىنىپ چوڭ زالدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يېنىغا ليۇ زېرۇڭ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. پاكار، كۆزلىرى بۆرتۈپ چىققان، چېچى شالاڭ كەلگەن بۇ پەۋقۇلئاددە خارجى ئىشلار ئەمەلدارى تولىمۇ تەكەببۇر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ۋۇ جۇڭشىن، جۇ شاۋلياڭلاردىن ئۈستۈن ھېسابلايتتى. جياڭ جيېشىغا ۋەكىل بولۇپ، خەلقئارا سەھنىدە ۋاڭ شىجيې بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ، دۇنياۋى مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك ئادەم مۇنۇ شىنجاڭنىڭ كىچىككىنە زالىدا زايە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كەينى - كەينىدىن كىرىپ كەلگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نازىرلىرىدىن: ئىچكى ئىشلار نازىرى دېڭ شياڭخەي، مائارىپ نازىرى شۇي ليەنچى، تەمىرات نازىرى شى لىنيۈن، مالىيە نازىرى ليۇۋېن قاتارلىقلار ھەممە ئۇلاردىن باشقا مۇھىم ئەمەلدارلاردىن يۇدا، جۇكۇنتيەن، جاڭ شۇەنزېلەر كىرىپ

كەلگەندە ، غادىيىپ ئۆرە تۇرۇپ ئۇلار بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ، يا ياۋروپاچە ئەمەس ، يا جۇڭگوچە ئەمەس بىر خىل تەكەببۇرلۇق بىلەن سالاملاشتى .

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرى ھەم تىنچىق ، ھەم ئىسسىق ئىدى . كەچقۇرۇنلۇقى تاغ شامىلى ئازراق سالقىن تارتىمىغاندا تىنچىق دەستىدىن دەم ئالماقمۇ قىيىن ئىدى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، يېڭىدىن ياۋروپالىششقا يۈرۈش قىلىشقان شىنجاڭ ئەمەلدارلىرى كاستۇم كىيىشىپ ، گالستۇك باغلىشىپ يېڭى بىنانىڭ زىياپەت زالىغا كىرىپ كېلىشتى .

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا پېتروف — ئوتتۇر بوي ، چاچلىرى بۇدۇر ، چارلاشقان ئادەم قىسقا يەڭ كۆڭلەك بىلەن كىرىپ كەلگەندە :

— سوۋېتنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىسى كىردى ! — دېيىشتى ئادەملەر ھودۇقۇپ . گېنېرال جۇ شاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇڭشىن ئالدىراپ ئالدىغا ماڭدى . ليۇ زېرۇڭ رۇس تىلىدا بىر نېمىلەرنى دېۋىدى ، رۇسلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى .

كۆلكە ، تەنتەنىلىك سۆز ، خۇشامەت ، مەدھىيە زىياپەتلەرنىڭ مودىلاشقان مەھسۇلاتى . بۇنداق زىياپەتلەردە قاپىقى تۈرۈلگەن ئادەم بولمايدۇ . ئۇلار سۈنئىي ئەمەس ، چىن كۆڭلىدىن خۇشال . چۈنكى ، ئومۇمىي مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇلار غالىبلار . بولۇپمۇ 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ۋە كۋانت نەزەرىيىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئاتوم بومبا سىنىقى ئامېرىكىنىڭ يېڭى مېكسىكا شتاتىدا سىناقتىن ئۆتتى . 6 - ئاۋغۇستتا بۇ ئاتوم بومبا خىروسىما ئارىلىغا تاشلاندى . شۇ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى . ئۈچ كۈندىن كېيىن ئامېرىكا (يەنى 9 - ئاۋغۇست كۈنى ) ياپونىيىنىڭ ناگاساكى دېگەن يېرىگە ئىككىنچى قېتىم ئاتوم بومبىسى تاشلىدى . ئۈچ كۈن بۇرۇن ، يەنى 7 - ئاۋغۇست كۈنى جۇڭگو - سوۋېت ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبىتى موسكۋادا باشلاندى . ئامېرىكا ئارىغا كىرىپ

سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىم ئىشلەتتى . تروممېننىڭ ستالىنغا خارمان ئـارقـىلىق يەتكۈزگەن : ... ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئالدىغا جۇڭگونى يول قويۇشقا قىستىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ ، ئـۇنـداق بـولـمايدىكەن ، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يېتىدۇ ، دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ، جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى . بۇ خۇشاللىق بولمىسا بۇگۈنكى بۇ سورۇن بـولاتـتىمۇ ؟ ئامېرىكا ئارىغا كىرگەن ، ئۇ جۇڭگوغا يان بېسىپ ستالىننى يول قويۇشقا قىستىماقتا . ياپونىيىنىڭ ئىككى ئارىلىغا تاشلانغان ئىككى ئاتوم بومبا ئىككى يۈز نەچچە مىڭ ياپوننىڭ جېنىغا زامىن بولغىنى ئۈچۈن ، قان ـ جان بەدىلىگە بۇ يەردە خۇشاللىق پەيدا بولغان . گويا بۈيۈك ئالىم ئېينىشتېيىن ئۆز نەزەرىيىسىنىڭ ئـىـنـسـانـىيەتكە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتتىن ئازابلىنىپ ئۆزىنى كاچاتلاۋاتقاندا ، پرېزدېنت تروممېن ئاق سارايدا پۈتۈن دۇنياغا ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى جاكارلاپ تۇتۇق سۆزلىگەندەك بىر ئىش بۇ يەردىمۇ تەكرارلاندى . دۇنيا شۇنداق ، كۆز يېشى ، قان ـ سۆڭەكلەر ئۇلۇغ تەنتەنە گۇللىرى ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق بولۇپ قالىدۇ...

ۋۇ جۇڭشىن مەست بولغۇچە ئىچتى . ئۇ پېتروۋفتىن :

— بـانـدىـتلار قورال تاشلامدۇ ؟ — دەپ باللارچە سوئال سورىۋىدى . رۇس ئەلچى :

— ئۆزلىرىدىن سوراڭ ! — دەپ جاۋاب بەردى .

— سىز بۇنى تەشەببۇس قىلمامسىز ؟

— دۇنـيـاغا تىنچلىق ، دېموكراتىيە ، ئەركىنلىك كېرەك ! قـاراڭ ، شـىـنجاڭ زېمىنىدا بولۇۋاتقان زىياپەتتە بىرمۇ ئۇيغۇر ئەمەلدارى يوق . مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىلىرى بولغان بىر مىللەت ئۆز يېرىنىڭ ۋەكىلى بولالمىسا ، قانداقمۇ سىلەرنى قوللاپ ، ئۇلارنى قورال تاشلاشقا مەجبۇرلىغىلى بولسۇن !

— ئـامـېرىكا ئارىغا كىردى . ستالىن جياڭ ۋېيىۋەنجاڭنى چوقۇم چۇشىنىدۇ !

— جـيـاڭ ۋېـيـىـۋەنجاڭ ئالدى بىلەن دۇنيانىڭ تەلىپىنى

چۈشىنىشى كېرەك . چوڭ دۆلەتنىڭ كىچىك دۆلەتنى بوزەك قىلىشى ، چوڭ مىللەتلەرنىڭ كىچىك مىللەتلەرنى بوزەك قىلىشى دۇنيا تىنچلىقىنى بۇزىدىغان ئىككى چوڭ مەنبە ، بۇ نۇقتىدا ستالىن ، روزۋېلت ، چېرچىللار ئوخشاش تونۇشقا كەلگەن .
ۋۇ جۇڭشىن زىياپەتتىن خۇشال غىڭشىپ چاڭچىلە ئېيتقىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . ئۇ بىر نەرسىنى چۈشەندى : ئامېرىكا جياڭ جيېشىغا ئەمدى بېسىم ئىشلەتمەيدۇ ، بۇلتۇر جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى تولىمۇ يامان ئىدى . ئامېرىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىمۇ يىرىكلەشكەنىدى . 1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى روزۋېلت جياڭ جيېشىدىن گېنېرال سىتىلۋېيىننى جۇڭگو ئۇرۇش رايونىدىكى بارلىق ئارمىيىنىڭ ، جۈملىدىن كوممۇنىستىك پارتىيە قوراللىق قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەشنى تەلەپ قىلدى . قەتئىي تەلەپ قىلىپ ئۇلتىماتۇم تاپشۇرغانمۇ بولدى . جياڭ جيېشى قوبۇل قىلمىدى . قوبۇل قىلغان بولسا قانداق بولاتتى؟ سوۋېت بىلەن ئامېرىكا جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان ئىككى ئاتا بولۇپ قالاتتى . شىنجاڭ ، مانجۇرىيە ، موڭغۇلىيە ھەتتا شىزاڭ بىراقلا قولدىن كېتەتتى . جۇڭگو تۇپرىقىدا بەش دۆلەت پەيدا بولاتتى . بۇ قانچىلىك چوڭ پاجىئە ئىدى ـ ھە؟ مانا ئەمدى ئامېرىكا ئىككى ئاتوم بومبىسى بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتتى . ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى چەكلىيەلەيدىغان بىر كۈچكە ئايلاندى . ئەتىلا ئامېرىكا ، ئەنگلىيە كونسۇللىرىغا زىياپەت بېرىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىش كېرەك . ئامېرىكا كونسۇلى باكستون يېقىندىلا ۋۇ جۇڭشىنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىغا رەھمەت ئېيتىپ تېلېفون بەرگەنىدى . ئۇ بىر ياخشى باشلىنىشنىڭ بەلگىسى . موسكۋا سۆھبىتىدە ئىلى توپىلىڭىنىڭ تەقدىرى بېكىتىلىدۇ . ئۇلار چۆچەك ، ئالتايلارنى ئىگىلەشتىن بۇرۇن ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاش كېرەك ، كېچىكسە زىيان چوڭ بولىدۇ . ئۇرۇمچى قولدىن كەتسىلا بىزنىڭ كۈنىمىز تەس . قايتا ـ قايتا ياردەم ، ئاشلىق تەلەپ قىلىپ تېلېگراممىا بەرسەكمۇ مەركەزدىن

تۈزۈك جاۋاب يوق . جىياڭ جىگگو ، يۈفىيپىڭلار هال سوراپ كېلىپ نېمىنى ھەل قىلدى؟ ئاشلىقنى ئۆزۈڭلار ھەل قىلىڭلار دەيدۇ تېخى ، ئاشلىق چىقمىدىغان جايلار باندىتلارنىڭ قولىدا تۇرسا ، نەدىن ھەل قىلىغۇدەكمىز... كىم بىلىدۇ ، بۈگۈن كېچىلا باندىتلار ئۇرۇمچىگە باستۇرۇپ كىرەمدۇ تېخى؟...

ئۇ يۆيۈنۈپ ياتقان بولسىمۇ ئۇزۇنغىچە دەككە ـ دۈككىدە ئۇخلىيالمىدى .

ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋىدى ، چۈش كۆردى . قوپال كىيىنگەن ئىككى باندىت بىر كاللىنى چەنزىگە سانجىپ ئەكېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى . قانغا مىلەنگەن كاللىنى ئۇ تونۇدى . بۇ كاللا تارباغاتاي ۋالىيسى پىڭ رۈڭنىڭ كاللىسى ئىدى . ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى .

پىڭ رۈڭ مۇشۇ 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قوراللىرىنى تاشلىغان بىر مىڭ تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈپ سوۋېت يېرىگە كىرىۋالغان . ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن تارباغاتاي ۋىلايىتى قولدىن كەتتى . ھازىر ئۇ يەردىمۇ باندىتلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى . تېخى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدىلا باندىتلارنىڭ ھېلىقى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قارار ماقۇللاپ ، باسباي چولاق ئوغلى بايىپ دېگەن باي قازاقنى تارباغاتاينىڭ ۋالىيسى قىلىپ بېكىتتى . پىڭ سوۋېت يېرىدە . ئۇنىڭ كاللىسىنى باندىتلار قاچان كېسىپ كەلگەندۇر ، بۇ ئورۇسلارغا زادى ئىشەنچ يوق . ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاران ئون پىرسەنتىگە يەتمەيدىغان يېرىدە — ئاشۇ بۇرچىن بىلەن سارسۇمبە ناھىيىلىرىدىلا دۆلەت ئارمىيىسى تۇرۇۋاتىدۇ ، قالغان توقسان پىرسەنت زېمىننى ئوسمان ، دەلىلقانلار قولىغا ئېلىپ «ئالتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇۋالدى . باندىتلارنىڭ كاتتىۋېشى ئوسمان ۋالىي بولىۋالدى ، سوۋېت ئىتتىپاقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق قوللىمىغان ، ئەسكەر تەربىيىلەپ ، ھەربىي باشلىقلارنى بەرمىگەن بولسا ، ئوسمان بىلەن دەلىلقان دېگەن قازاق باندىتلار دۆلەت ئارمىيىسىنى يېڭەلەيتتىمۇ؟ زادى ئورۇسلاردا ۋاپا يوق . ئەمما ،

ئاشۇ ۋاپاسىزدىن ۋاپا تىلىمەي نىمە ئامال ؟ ! پېتروف تېخى بۇ يەرنىڭ ئىگىسى بولغان مىللەتتىن بىرمۇ ۋەكىل يوق دەيدا ! دېمىسىمۇ ئۇ خەق خەنزۇلاردىن ئون بەش - يىگىرمە ھەسسە كۆپ ، يەرمۇ ئۇلارنىڭ . لېكىن ، ئۇلارنى بىز سورايمىز ، بىز سورىغانىكەنمىز ، ئېزىمىز . ھۆكۈمەت ، ئەسكەر ، ساقچى ، قانۇن بىزنىڭ ، خالىساق ئۆلتۈردۇق ، تۈرمىگە سالدۇق ، شۇنچە بايلىق ، ماشىنا - ماشىنىدا ئىچكىرىگە كېتىۋاتقان ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۇنچە - مەرۋايىت ، قاشتېشى ، پۇل - دۇنيانى ئۇلار يارىتىدۇ ، بىز ئالىمىز . بۇ بىر ئادالەتسىزلىك . لېكىن ، بۇ ئادالەتسىزلىكنى ۋۇ جۇڭشىن پەيدا قىلمىغان ، تارىخ ياراتقان . ۋۇ جۇڭشىن رەئىس بولغىنى بىلەن بۇ رېئاللىق ئالدىدا بىر كىچىككىنە بۇت ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ . ئۇمۇ تەڭسىزلىك ، زۇلۇم ۋە بوزەك قىلىنىشلارغا قارشى ، پېتروف بۇنى چۈشىنىشى كېرەك...

يازنىڭ تىنچىق بۇ كېچىسى ئۇ 1945 - يىلى دۇنيادا ، ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ چوڭ ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ ، ئۆزىنىڭ گىتلېر ، مۇسسولىنىلاردەك دۇنياغا چاڭ سالغۇچىلار ئالدىدا ، ستالىن ، روزۋېلت ، چېرچىللار ۋە جياڭ ۋېيىۋەنجاڭلاردەك دۆلەت ، مىللەت ۋە ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچىلەر ئالدىدا تولىمۇ كىچىك ئەرزىمەس ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى ، باشلىرى قاتتىق ئاغرىدى ، ئۇ قاتتىق چارچىغان ، ئەسەبىيلەشكەنىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭ ئۆيگە چىقتى . كېچە سائەت تۆت بوپتۇ . ئۇ دەردىنى ئېيتىدىغان ئادەم تاپتى . ئۇ چۇڭچىڭغا تېلېفون بەردى :

— ماڭا سۇڭ مېيلىڭ خانىمنىڭ تېلېفونى لازىم...

ئۇ قىيىنچىلىققا يولۇقسا سۇڭ مېيلىڭ خانىمغا يىلىنىشقا ئادەتلەنگەن . 1942 - يىلى ئۇ سۇڭ مېيلىڭغا ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭغا كەلگەندە ، شېڭ شىسەينىڭ خانىلىق سەلتەنىتىگە زوقلانغانىدى . گەرچە ئۇ چاغدا سۇڭ مېيلىڭ نازۇ كەرەشمە ئارىلاشقان دىپلوماتىيە يولى بىلەن شېڭ شىسەينى دۆلەت

ئـارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ماقۇل قىلالىغان، نەتىجىدە جىيۇچۇەندىكى لى تىيجۇن گارنىزونى قۇمۇلغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ۋۇ جۇڭشىن شىڭ شىسەينىڭ راستىنلا يەرلىك خاقان ئىكەنلىكىگە ھـەيـران قـالـغـان ۋە زوقلانغانىدى. ئايروپىلاندا سۇڭ مېيلىڭ ئۇنىڭغا :

— سىز ئۇنىڭدەك خاقان بولۇۋالمايسىز ـ ھە، سىز دېگەن جـيـاڭ ۋېـيـيـۈەنجاڭنىڭ يۈرەك پارىسى! — دەپ كەلگۈسىدىن ئەنسىرىگىنىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئۇ مانا ھازىر پادىشاھ ـ خاقان ئـەمەس، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان بىر مەھبۇس ئورنىدا تەشۋىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەكتە...

تاڭ سەھەردە يەنە ئەنسىز تېلېفون :

— ئـاقـسۇ خەتەر ئىچىدە، باي ناھىيىسى قولدىن كەتتى. باندىتلار مۇز داۋانىدىن ئېشىپ بايغا چۈشتى. خەلق ئۇلارنىڭ، مانا، يەر ـ سۇ ئۇلارنىڭ!

ئۇ ھودۇقۇپ، شەرقىي باغدىكى بىر قەۋەت ئۆيدە تۇرۇۋاتقان جۇشاۋلياڭغا تېلېفون بەردى.

— ھە، مەن! — دېدى 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازدا سوغۇقلا قىلىپ، — كىچىككىنە ھەربىي كېڭەشمە بولدى. پەرىزىمىز توغرىكەن، باندىتلار جىلڭ ناھىيىسىگە يالغان ھۇجۇم قىلىشىپتۇ. ئۇلار بىزنى جىڭ بىلەن شىخوغا بەند قىلىپ قويۇپ، چۆچەك، ئالتايلارنى ئالماقچىكەن. بىز ئالدانىدۇق. باندىتلار مەقسىتىگە يەتتى. جىڭ بىلەن شىخو قورشاۋدا قالدى، سـاقلىماق تەس. ھە، سىزنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ئانچە كارىڭىز بولمىدى، سىز ھەربىي ئەمەس، لېكىن جاۋابكارلىق ئىككىمىزنىڭ ئـۈستىدە. بىرلا يول قالدى. باندىتلارنى سۇلھىگە كۆندۈرۈش. كېچىكسەك، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسكەرلىرى سوۋېت ئارقىلىق غۇلجا، چۆچەككە كىرىپ كېلىشى مۇمكىن.

— ۋاقىت، تەدبىر كېرەك دەڭ!

— شۇنداق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىر

چوڭ ئەرباب كېلىپ ، بىزگە ياردەم قىلمىسا ھالىمىز خاراب !
— ئۇرغۇن گېنېراللار ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇم قىلىش كېرەك ، دەپ چۇقان كۆتۈرمەكتە . مەن سۆلھى تەرەپدارى ، سىزگىمۇ ئىشىنىمەن ، قاراملىق ئىشنى بۇزۇپ قويارمىكىن دەيمەن !
— دۆلەت غۇرۇرى ، مىللەت غۇرۇرى ، ئارمىيە غۇرۇرىنى دېسەم مەن گېنېراللارنى قوللايمەن ، ۋەزىيەتنى ، موسكۋادا بولۇۋاتقان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ . بولمىسا ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان يۈز مىڭ ئەسكەرنىڭ تۆت توكتوك باندىتنى يوقىتالماسلىقىغا ئىشەنمەيمەن !
— ئۇنتۇپ قالمايمەن : ئۈچ مىليون نەچچە يۈز مىڭ پۇقرانىڭ ھەممىسى باندىتلارنى قوللايدۇ . شېڭ شىسەي بۇ ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن . خالىسىڭىز مەن سىزگە سۇڭ خانىمنىڭ تېلېفوندا دېگەنلىرىنى دەپ بېرەي ، ماقۇل ، تېزرەك كېلىڭ !
جياڭ جيېشىنىڭ خەتەرلىك دۈشمىنى كومپارتىيە ، ئۇنىڭ قولىدا يۈز مىليون ئاھالە ، بىر مىليون مۇنتىزىم ئەسكەرگە ئىگە ئازات رايون بار . شىنجاڭدىكى بۇ توپىلاڭ شۇلارنىڭ ئىشى . گەرچە بۇ يەرگە يەنئەندىن بىرەر سىياسىي رەھبەر كەلمىگەن بولسىمۇ ، بەربىر شۇنداق . قىزىل بايراق مەخپىي ، كۆك بايراق ، ئاق بايراق ئاشكارا ! بولمىسا سوۋېت ئىتتىپاقى قورال ، كوماندىر چىقىرىپ باندىتلارنى بۇنچە قوللايتتىمۇ ؟ موڭغۇلىيە ، مانجۇرىيە ، شىنجاڭدا قىزىل ھاكىمىيەت پەيدا قىلىپ ، ئۆزىنىڭ شەرقتىكى تەسىرى ، ئورنىنى چوڭايتىش ستالىننىڭ مەقسىتى . ئەمما ، ئۇ ئامېرىكا ئوتتۇرىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ نىيىتىدىن يانىدۇ . ھەتتا ماۋ زېدۇڭنىمۇ قوللىمايدىغان بولىدۇ . ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ تەلەپلىرىگە ئاكتىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ . دالىيەن ، لۈشۈن پورتلىرى بىلەن مانجۇرىيە تۆمۈريولىغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋالسىلا شىنجاڭدىن قول تارتىدۇ . جياڭ جيېشىنىڭ مەقسىتى ئۆزىنى تۈزەپ سەككىز مىليون

ئەسكەرىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىپ، كومپارتىيىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، بىر يىل ئىچىدە جۇڭگو تۇپرىقىدىن كوممۇنىزم ۋەھىمىسىنى تازىلاش. ئىلى باندىتلىرىمۇ شۇ قاتاردا تازىلىنىدۇ. بۇ، ۋاقىت، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىسى، ۋۇ جۇشى ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك، ئۇرۇمچى قولدىن كەتسىمۇ، ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كەتسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك، ۋاقتى كەلگەندە، خۇ زۇڭنەن، ما بۇفاڭنى ئەۋەتسىلا شىنجاڭ يەنە قولغا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا باندىتلار مىللەت سۈپىتىدە يەھۇدىيلەرنىڭ كۈنىنى كۆرىدۇ!

گېنېرال جۇ شاۋلياڭ بۇ گەپلەر بىلەن ھاياجانلىنىپ كەتمىدى. بۇ گەپلەرنى ئۇ كۆپ ئاڭلىغان. ھەربىر چوڭ سىياسەتچى، ھەربىي قوماندان بۇ گەپلەرنى قىلىۋېرىدۇ. 8 - ئۇرۇش رايونىغا زۆرۈرى قۇرۇق گەپ ئەمەس، كونكرېت چارە. ئەسكىرىي كۈچ، ئايروپىلان، تانكا، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك كەمچىل. ئەسكەرلەر روھسىز، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز. نۇرغۇنلىرى ئىچكىرىگە كېتىشنىڭ كويىدا. ئۇلارغا يەر، كەلگۈسىدىكى بايلىق لازىم ئەمەس، جان كېرەك. بۇ خىل چۈشكۈنلۈك، ئاللاقىزادىلىكنى سۆزلەپمۇ، بۇيرۇق بېرىپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھازىر ئەسكەرلەر ئىچىدە دۈشمىنىمىز باندىت ئەمەس ئىكەن، ئەمگەكچىلەركەن، بىزمۇ ئەمگەكچى، ئۇلارغا ئوق ئاتساق، ئۆزىمىزگە ئوق ئاتقان بولۇپ قالىمىز دېگۈچىلەرنىڭ تەشۋىقاتلىرى ئەدىمەكتە. ئۇرۇمچىنى ساقلاۋاتقان ئالتە باتاليون ئەسكەر نېمىگە دال بولالايدۇ. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئۈچ يۈز سەكسەن نەپىرى مەركىزىي ھەربىي مەكتىپى ئۇرۇمچى 9 - شۆبىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. ئالتە باتاليون ئەسكەر دېگەن ئىككى مىڭدەك ئەسكىرىي كۈچ. دۈشمەن شىپقاپ شىخوغا يېقىنلاشتى. جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭنى بېرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋېلىشنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزىنى ئېتىۋالغىنى ياخشى!...

... مانا بۇلار كونكرېت ئىشلار .
— سىزچە گو چى قانچىلىك بەرداشلىق بېرەر ؟
— مەن كۆرگەن ، مۇداپىئەسى چىڭ ، ئاكوپ ، پوتەي ، مىنالار ، ياخشى جايلاشتۇرۇلغان . ئالتە مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرى بار . ئەمما ، باندىتلار ئەسەبىيلەشكەن ، ئۆلۈمدىن زادىلا قورقمايدۇ ، بىرى ئۆلسە ئونى سەكرەپ چىقىدۇ . بۇنداق دۈشمەنگە ھەرقانداق مىنا ، سۇ ئاكوپلىرى ، پوتەيلەرمۇ دال بولالمايدۇ . شىي يىفېڭ بىلەن گو چى بىزنىڭ قالقانلىرىمىز . ئۇلارنىڭ يىمىرىلگىنى بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز .
— قۇمۇلغا چېكىنىشكە تەييارلىق قىلىپ قويساق بولغۇدەك !
ۋۇ جۇڭشىن جۇ شاۋلياڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى . دائىم خۇشخۇي ، قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرىدىغان چوڭ گېنېرالنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ، قىسقا ، پاناق بۇرنى تېخىمۇ قىسقىراپ ، قوش ئېڭەكلىرى ئاستىدىكى خالتىلاشقان تېرىلىرى بىر كۈندىلا ئۆزىراپ كەتكەندەك كۆرۈندى :
— بىز جان قايغۇسىدا قالساق بولماس !
— جان ساقلاش كەلگۈسىدىكى ھۇجۇم ئۈچۈن !
— مېنىڭ كەلگۈسى دېگەن سۆزنى ئاڭلىغۇم يوق !
— مەنمۇ شۇ...
دائىم ھېسسىياتلىرىنى شېئىر بىلەن ئىپادىلىشىپ قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدىغان ئىككى كاتتىۋاش تەڭلا ئەلەم بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى :
— يامىنى ، شۆي روجىڭ 46 - دىۋىزىيىسى بىلەن ياردەمگە كېلىپ ، ئادەمگە مەسخىرە كۆزىدە قارىسا ، ما چېڭشياڭنىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسى مۇسۇلمانلارغا قوشۇلۇپ بىزگە خائىنلىق قىلسا...
— ئىشنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىمۇ ئويلايلى !
— مەن يامانىنى ئويلاپ ئۆگىنىپ قالغان كونا ھەربىي .
— مەن ياخشىنى ئويلاپ ئادەتلەنگەن سىياسەتچى !
ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ مىيىقلىرىدا كۈلۈشۈپ

قويۇشتى .

ئۇلار ھەم ئەندىشە ، ھەم ئۈمىد ئىچىدە قارا رەڭلىك فرانسىيە پىكاپىغا ئولتۇرۇپ ، ئۇرۇمچى شەھىرىدىن ئۇرۇش تەييارلىقىدىكى ھەربىيلەرنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈن شەھەرنىڭ غەربىگە قاراپ ماڭدى . ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مۇھاپىزەتچىلەر ، ساقچى ئەترەتلىرى پۈتۈن شەھەرگە سىگنال بېرىپ ھەيۋە بىلەن ئىلگىرىلىدى . كەچتە ئۇلار يەنە كاتتا زىياپەت تەييارلاپ ، ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە كونسۇللىرىنى تەكلىپ قىلدى .

ئۇلارغا چۈشىنىشلىك : 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى يېقىندا ئاخىرلىشىدۇ . ئەمما دۇنيادىكى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پەيدا بولۇپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا زورىيىۋاتقان سوتسىيالىزم كۈچلىرى ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت . ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ زور ھۆكۈمران دۆلەتكە ئايلىنىپ دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغان ھېسابلىنىدىغان بولالىشى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زوراۋانلىق تالىشىدۇ . سوۋېت بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش ئۇلارنىڭ نىشانى . ھازىر ئاسىيادا ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، گوللاندىيىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يوقالدى ، ئامېرىكا ئاسىيا قىتئەسىدە كىمگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ؟ ئەلۋەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تايىنىش كېرەك . بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى كوممۇنىستىك پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت ئەمەس ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ، قۇدرەتلىك ، بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا مىنگو بولۇشى كېرەك . بۇ ھەرىكەت ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، گوللاندىيىلەر ئاسىيادىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىنكى بوشلۇقنى تولدۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك . شۇڭا ، ئامېرىكا جۇڭخۇا مىنگونى بار كۈچى بىلەن يۆلەيدۇ ، بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ، ستالىننىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىدە بولماسلىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ . ئامېرىكا ھازىر بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلدى ، جياڭ جيېشى ئۇزۇن ۋاقىت قېقىلىپ يۈرۈپ ، ئاخىر ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا

ئېرىشتى. شۇڭا، ئامېرىكا ـ سوۋېت سودىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان موسكۋادىكى جۇڭگو ـ سوۋېت سۆھبىتى جياڭ جيېشىنى خۇشال قىلماقتا. جياڭ جيېشى مۇئاۋىن پرېزىدېنت خاللىسقا خېلى بۇرۇنلا بېشارەت بېرىپ، 1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدىلا نۇتۇق سۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتىكى تۆھپىلىرى ۋە باتۇرلۇقىنى قالتىس ماختىدى. دونبادون كاۋچۇكزارلىقى يىغىنىدا دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەر قاتارىدىن قېقىلغان جياڭ جيېشى يالتا كېلىشىملىرىگە بولغان نارازىلىقلىرىنىمۇ ئىچىگە يۇتۇپ، ۋىرسال تراگېدىيىسىگىمۇ بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىر 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سان ـ فرانسىسكو يىغىنىدا مولوتوفنى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا كەلسۇن، سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز، دېگۈزدى. جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ شۇ كۈنلەردە تولىمۇ روھلۇق، جۇشقۇن. ئۇ غالىبلار مۇنبىرىدە، ئۇ ھازىر يېقىن كەلگۈسىنىڭ زور پىلانلىرىنى تۈزۈۋاتىدۇ. ئۇ يېڭىدىن تەختكە چىققان ترومېن پرېزدېنتنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. يېقىن كەلگۈسىدە جۇڭگو تۇپرىقىدا نە كوممۇنىستلار، نە باندىتلار قالمايدۇ. بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك جۇڭخۇا مىنگو پات يېقىندا شەرقتە بىر گىگانت پالۋاندەك ئورنىدىن تۇرىدۇ!

زىياپەت، قەدەھلەر، سۆزلەنگەن سۆزلەر ۋۇ جۇشىنى قايتىدىن روھلاندۇردى. ئۇ يەنە چالا مەست، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ غالىبلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىغا سۈپەت بېرىش ئۈچۈن ھېسسىياتلىق مىسرالارنى تۈزۈپ ئۆيىگە قايتتى.

لېكىن، روھىي ئىنتىلىشنىڭ مەھسۇلى بولغان ئۈمىدۋارلىق كۆچى ھاراقتەك بىردەملىك تەلۋىلىك ئىنئامىنىلا بېرەلەيدۇ. ئۆيىگە كىرە ـ كىرمەيلا تېلېفون جىرىڭلىدى:

— شىخوغا ھۇجۇم باشلاندى، ئىش چاتاق، تولىمۇ چاتاق، دەرھال ئايروپىلان، تانكا، برونېۋىكلار ياردەمگە كەلمىسە بولمايدۇ!

مانا بۇ رېئاللىق : قېنى ئۇ نەرسىلەر . بۇ يەردە چېكىنىش ، قېچىش ، ئۆلۈش ـ يوقىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق !

يەنە تېلېفون : ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ باشلىقى شاڭ چاۋجۇڭ ۋۇ جۇڭشىننىڭ تەرتىپ ساقلىغۇچى خادىملىرى تەرىپىدىن جالاپ خوتۇن بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالغان . شاڭ چاۋجۇڭ جۇ شاۋلياڭنىڭ ئادىمى . ئۇنى قالدۇرۇۋەتسە قوماندان رەنجىيدۇ ، جازالىمىسا ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئىناۋىتىگە تەسىرى بولىدۇ . ئۇ مۇئاۋىن باش قوماندان گو جېچياۋغا تېلېفون بەردى . گو جېچياۋ ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى ، تۈز سۆزلۈك ئادەم :

— قوغلاش كېرەك ، — دېدى خاپا بولۇپ ، — مۇشۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان . بىز نېمە كويدا ، ئۇ لۈكچەك نېمە كويدا !

ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرغان كۆڭۈلسىز تېلېفون ، دوكلات ، خەۋەرلەر دەستىدىن بۇ كېچىمۇ تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى . ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ : «دۆلەتنىڭ ، ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغانلار قانچە؟ گومىنداڭغا بۇنداقلار ئاز ، كومپارتىيە جىقمىش . بىزدە ئۆز غېمىنى يەيدىغانلار مىڭ ، ئەل غېمىنى يەيدىغانلار بىر بولسىمۇ چوڭ گەپ ئىدى . ليۇ زېرۇڭ بىلىملىك ئادەم . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇن مىڭدىن بىرگىمۇ يەتمەسمىش . مەنچۇ؟ دۆلەت ، خەلق غېمى مېنىڭ غېمىممۇ ياكى ئۆز غېمىم بىلەنمۇ مەن؟ ياق ، مەن شىڭ شىسەيدەك دۇنيا يىغمىدىم ، مەنسەپ ـ ھۆكۈمرانلىق ئۈچۈن جان تىكمىدىم . دۆلەت غېمى مېنىڭ غېمىم ، ئەل دەردى مېنىڭ دەردىم . لېكىن ، بۇ ئەل ھەممە جۇڭگولۇق ئەمەس . بەلكى بىر ياكى يېرىم پىرسەنت جۇڭگولۇق !… بىراق ، ئۇ مۇھىم ئەمەس ، مۇھىمى ، مەن ئىنسابلىق ، ئەخلاقلىق ، «مۇھاكىمە ۋە بايان»غا ئىشىنىمەن ، ئەمەل قىلىمەن …

ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەت تېپىش ئۈچۈن دائىم ئۆز ھاياتىنىڭ يورۇقلۇقلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ ، ھېچكىم ئۆزىگە نەپرەتلەنمەيدۇ . گەرچە ئاغزىدا دېسىمۇ ، ھېچكىم باشقىلارغا چىن

كۆڭلىدىن چوقۇنمايدۇ ، ھېچكىم ئۆزىگە ئۆزى پالاكەت تىلىمەيدۇ .
شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمرانى ئۆزىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھاياتقا كەينى ـ كەينىدىن سوئال قويدى ، لېكىن ئۆزى خۇشال بولغۇدەك جاۋاب تاپالمىدى ، ئۇ ئۆز نەزىرىدە جۇڭخۇا مىنگونىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى كاتتا ئەربابلىرىدىن بىرى . ئۇ سالاھىيەتتە ، قابىلىيەتتە ۋە پەزىلەتتە دۆلەت رەھبەرلىرى قاتارىدىكى ئادەم . شۇڭا ، جياڭ ۋېيپۇەنجاڭ نەچچە ـ نەچچىلىگەن نامزاتلار ئىچىدىن ئۇنى تاللىۋالغان . شىنجاڭ نۇرغۇن يىللاردىن خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ پادىشاھلىقى بولۇپ كەلگەن زېمىن . جياڭ ۋېيپۇەنجاڭ بۇ زېمىننى ئۆز ئالقىنىدا كۆرۈش ئۈچۈن ۋۇ جۇڭشىنىنى تاللىۋالغان . دۆلەت ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى كاتتا سىياسەتچى ئوڭايلىقچە بىرىگە ئىشەنمەيدۇ . دۆلەت ئىشى سودا ئەمەس ، ئۇ ساداقەت ۋە پىداكارلىققا موھتاج . دۆلەت باشقۇرۇش ئائىلە باشقۇرۇش ئەمەس ، ئۇ داھىيانىلىق ، ئەقىل ـ پاراسەت ، دانالىق ۋە تەدبىرچانلىق بىلەن روناق تاپىدۇ...
يەنە تېلېفون :
— نېمە ، ھەرگىز بولمايدۇ ! — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ ، — ئۆز پۇتمىزغا ئۆزىمىز پالتا چاپقان بولىمىز !
لومەنچىڭدىن كەلگەن بۇ خەۋەردە تۇيۇقسىزلا يەتتە ـ سەككىز ئەسكەرنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈكىنىڭ چۆپلۈكتىن چىققانلىقى دېيىلگەنىدى .
— ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنى تۇگەل قىرىۋېتىش كېرەك ! — دەپ جار سالدى پولك كوماندىرى . ئۇ بىر باتاليوننى بۇگۈن كېچىلا نەنلياڭغا قىرغىنغا ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .
— ئۈچ كۈن بۇرۇن سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ ، ئۈرۈمچىدىكى داڭلىق ئۇيغۇر ، قازاق زىيالىيلىرى ، دىنىي زاتلار ۋە ئەمەلدارلارنى يىغىپ پىكىر ئالدۇق . ئۇلار قىزىل پاچاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ دۈشمىنى ، ئىلى باندىتلىرىغا ھەممە مىللەت

بىرلىشىپ قارشى تۇرىمىز دەپ بىردەك چۇرقىراشقانتىغۇ؟ «شىنجاڭ گېزىتى»گە قاراڭلار، ئۇلارنىڭ شوئارلىرى بېسىلدى ئەمەسمۇ!

— سىزنى ئالدايدىغان يالغان گەپلەر ئۇ. ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ئاستىرتىن تىغ بىلەۋاتىدۇ، بىزنى يوقىتىش ئۇلارنىڭ ئورتاق شوئارى!

— ياق، ياق، ئىشەنمەيمەن! ئىلى باندىتلىرىنى قوللاۋاتقان خەنزۇلارمۇ بار. ھەتتا ئەسكەرلىرى ئىچىدىمۇ خەنزۇلار بار.

— ئۇلار مىللىي مۇناپىقلار!

— مىللىي مۇناپىق ھەممە مىللەتتە بار!

ۋۇ جۇڭشىن تېلېفوننى جالاقىدە قويۇپ قويدى:

— مېنىڭ تەكلىپ ۋە تەلەپلىرىمگە ئېتىبار قىلمىدى. ئۈچ ئەڭگۈشتىرىم ئەمەلىيلەشمىدى، ئاساسىي توسقۇن مۇشۇ قارام ھەربىيلەر بولدى. شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتى ئاقىدۇ يۇ، مېنىڭ ئۈچ مەسلىكىم نېمىشقا ئاقمايدۇ؟ خاتامۇ؟ ياق، ئىسلاھىي قانۇن، دۆلەت قانۇنى، ئادەمگەرچىلىك دېگەنلەرنىڭ قايسىسى خاتاكەن؟ شېڭ شىسەي ئەڭ جىق ئادەم تۇتتى، مەن ئەڭ جىق قويۇپ بەردىم. ئۇ قوشنىلىرىغا ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلىك قىلدى. مەن قوشنىدارچىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزدۈم، سوۋېت بىزگە دۈشمەن بولسىمۇ دوستلۇقنى ئىپادىلىدىم. مەن ئۆرۈمچى ۋىلايىتىگە بۇرھان شەھىدىنى ۋالىي قىلدىم. شېڭ بولسا غوجانىيازنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇئاۋىن رەئىس قىلغان. ياڭ، جىنلار بىرمۇ ئۇيغۇر، قازاقنى ھاكىم قىلمىغان. مەن ھەممە ئىشتا ئىنساپنى ئۆلچەم قىلىمەن. شىنجاڭدا ئەڭ چوڭ ئىنساپ يەرلىك خەلقنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈش. بۇ خەق يەر تېرىش، مال بېقىش، گىلەم توقۇش، زەرگەرچىلىك، قول ھۈنەر ئىشلىرىنى قىلىشتىن باشقا، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈرىدىغان، سىياسەت، ھەربىي ئىشلاردىن تولىمۇ يىراق يۈرىدىغان ئىنساپلىق، ئىتائەتچان، ئەمگەكچان، كەڭ قورساق، مېھماندوست

خەلق . ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىك تولىمۇ ئىنساپسىزلىق . كۆڭزىننىڭ ياۋاشلارنى خورلاش ھايۋان ئورنىغا چۈشكەنلىك دېگەن سۆزى بار . ھايۋانلار ئاجىزلىرىنى بوزەك قىلىدۇ . پېترووف توغرا ئېيتىدۇ : بۇ يەرنىڭ ئىگىلىرىدىن بىرمۇ نازىر ، ھەتتا مۇئاۋىن نازىرمۇ يوق . بىز پايدا ، ئۇستۇنلۇك توغرىسىدا ئويلىغاندا ، ئۆزىمىز توغرىسىدىلا ئويلاپ كەلدۇق . بىرەر قېتىم ئاشۇ مىللەتنىڭ پايدىسى توغرىسىدا ئويلاپ باقتۇقمۇ ؟ بۇ تولىمۇ ئىنساپسىزلىق . بۇ يەردە خەنزۇلار ئۇچۇن ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى بار ئىكەن . ئۇيغۇر ، قازاقلار ئۇچۇن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ يوق ئىكەن . بىز ئارانلا ئىككى يۈز نەچچە مىڭ ، ئۇلار ئۈچ - تۆت مىليون . بىزدىن يىگىرمە ھەسسە كۆپ...

ئىنساپسىزلىقنىڭ جازاسىنى نېمىشقا شىڭ شىسەيدەك ئىنساپسىز تارتماي ، مەن ۋۇ جۇڭشىندەك ئىنساپلىق ئادەم تارتىدىكەن ! تۈنۈگۈن ھېلىقى تارىخچى ماڭا : مەن بىر ھۆججەت تاپتىم ، شىنجاڭ خەن ۋۇدى زامانىسىدا بىزگە قېتىلغانىكەن ، خەن ۋۇدىنىڭ گېنېرال زەيچۇغا يازغان يارلىقى باركەن ، ئۇ تېپىلدى . زەيچۇ ھازىرقى زەيخۇدا ئەسكەر تۇرغۇزغانىكەن ، دەيدۇ تېخى . ئەجەب بۇ يەرنىڭ تاغ - دەريا ، شەھەر ، چۆللىرىگە ئىسىم قويماپتىكەنمىزغۇ ئەمىسە . تەكلىماكان ، تارىم ، قەشقەر ، تۇرپان... ۋاي - ۋۇي بىرىمۇ خەنزۇچە ئىسىم ئەمەسقۇ ؟...

تارىخچىنىڭ قالدۇرغان كىتابلىرىنى ۋۇجۇشى ئوقۇپ كۆردى . نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر مىللىتى مۇشۇ ھازىر ياشاۋاتقان يېرىدىن يىراققا كەتمىگەن . بەزىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئاسىيانىڭ شىمالىدا ، شەرقىدە يۈرگەن بولسىمۇ ، ئاخىر مۇشۇ ھازىرقى شىنجاڭدا شەھەر قۇرغان ، بىرنەچچە قېتىم دۆلەت بولۇپ ياشىغان . قاراخانىيلار دۆلىتىنىلا 870 - يىلى قۇرۇلغان دېيىلسە ، 1209 - يىلقى ئاخىرقى خان بىلىك خاقانغىچىلا ئۈچ يۈز ئوتتۇز توققۇز يىل مۇستەقىل پادىشاھ بولۇپ ياشىغان ھېسابلانامدۇ ؟ تارىخچىلار ئۆزىنى بىلمىلىك قىلىپ كۆرسەتمەن

دەپ، ھۆكۈمەتنىڭ تىلىنى قىسقا قىلىپ قويىدۇ! ۋۇجۇشى موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاندا تارىخچىلارغا:

— چانمايدىغان قىلىپ ياساشمۇ بىر خىل ماھارەت، بۇ ماھارەتكە ئىگە ئادەملەر ئاز دېگەنىدى...

... ياق، تارىخ نېمە بولسا بولسۇن، ھازىر مۇنازىرە دەۋرى ئەمەس، كىم كۈچلۈك، تەدبىرلىك بولسا شۇنىڭ گېپى ئاقىدىغان مەزگىل بۇ. ھازىر كىم كۈچلۈك؟ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭ قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى ياردەم تىلەش، باشقىلارغا يېلىنىشلا بولۇپ قالدى. بۇ كۈچلۈكلەرنىڭ ئىشىمۇ؟ باندىتلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە، ئىلگىرىلىمەكتە. شىمالدا ئۈچ ۋىلايەت قولدىن كەتتى، ئۇرۇمچى تەھدىت ئىچىدە قالدى، جەنۇبتا ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىسىنى توپىلاڭچىلار ئىگىلىۋالدى. مۇشۇ يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى باندىتلار ئازراقلا كۈچ بىلەن ئۇششاقتالدىكى يۈزلىگەن ئەسكەرنى يوقىتالىغان، يېقىندا توقسۇننىڭ ئالغوي دېگەن جايىغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئاتنى ئېلىپ كەتتى. مايتاغدىكى سوپاخۇن بىر روتا ئەسكەر بىلەن باندىتلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىشلار بىلەن يەرلىكلەر روھلىنىپ، بىزنىڭكىلەر ئېسەنكىرەپ قالدى. مانا ھازىر قەشقەر، قاغىلىق، پوسكام، ئاقسۇلاردا خەلق قوزغالماقتا. قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلارمۇ تىنچ ئەمەس. ھەممىلا ئادەم بىزنى يوقىتىش كويىدا. ئۇلار كۈچلۈك، بىز ئاجىز بولۇپ قالدۇق. بۇنى ئېتىراپ قىلماي نېمە چارە. بىزنى ئاجىزلاشتۇرغان بىزنىڭ ۋەھشىيلىكىمىز. يولۋاسمۇ تالاۋەرسە ئاخىرىدا ئاجىزلىشىپ ئىتقا يەم بولىدۇ، چۈمۈلىگە ئوزۇق بولىدۇ. ئاتۇش ھاكىمى ئوۋياڭ مۇشۇ XX ئەسىردىمۇ ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىگە قېلىن، ئېگىز قىلىپ سېپىل سوقتۇرغان. ئالۋان- ياساق، باج- ھاشار، سەيسە - سەيجۇلار خەلقنى دەم ئالالماس قىلىپ قويدى.

دۆلەت ئاتىسىنىڭ «جۇڭگودىكى بەش چوڭ مىللەت — خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە» دېگەن تەلىمىنى ۋارقىرىدۇق، لېكىن ئۇنى دەسسىدۇق. تاشقورغاندىن ئېغىر تېپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان باندىتلار سۇبېشى داۋىنىدىكى ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىپ، تاشقورغانىنمۇ ئىگىلىدى، باندىتلاردىن قورقۇپ قاچقان ئەسكەرلەر قەشقەرگە كېلىپ تۇرمىدىكى پۇقرالارنى ئاچىقىپ چېپىپ، جادۇغا بېسىپ، تېرىسىنى سويۇپ قىيناپ ئىنتىقام ئالدى. تىنچ ياتقان پۇقرانى بوزەك قىلغان ئەسكەرنى كۈچلۈك ئەسكەر دېگىلى بولامدۇ؟ خەقنى باندىت دەيمىزۇ، ھەقىقىي باندىتلىقنى ئۆزىمىز قىلىمىز. ئۇلار يەرگە ئىشلەپ تاپقىنىنى بىزگە بېرىدۇ، ئۆزلىرى ئاچ قالىدۇ، مۇكچىيىپ رەخت، كىگىز، گىلەم توقۇيدۇيۇ، يالىڭاچ، داق يەردە ياتىدۇ. باغ ياساپ مېۋە قىلىدۇيۇ، مېۋە مېغىزلىرىنى بىزگە بېرىدۇ، ئۆزلىرى زاغرا يەيدۇ. قار ـ بوران دېمەي تۇجۇپلەپ مال باقىدۇيۇ، يىلدا بىر قېتىم گۆش يېيەلمەيدۇ، بىز بولساق ھەر كۈنى زىياپەت بېرىپ، يەپ ـ ئىچىپ كېرىلىپ ياتىمىز. ئېغىر ئەمگەك ئۇلارنىڭ، مېۋىسى بىزنىڭ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ قايسىسى كەمبەغەل، قايسىسى زۇلۇمغا ئۇچرىدى؛ راھەت بىزنىڭ، جاپا ـ مۇشەققەت ئۇلارنىڭ. ئەسكەر، ساقچى، ئەمەلدارلارنىڭ قايسىسى دېھقاننى شىلمايدۇ. قايسىبىرى بايلىق ئۈچۈن «ئىنساپ» دېگەننى ئاياغ ئاستى قىلمايدۇ. نەپسى يامان، رەھىمسىز، ۋەھشىي ئەمەلدارلارنىڭ جىنايەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆستۈرىمىز، ماختايمىز. خەلق ئەرز ـ شىكايەت قىلسا ئۆلتۈرىمىز، سولايمىز، ھېچبولمىسا ئۇرىمىز. ئۇلارنىڭ يىغلاش، داد ئېيتىش ھوقۇقىمۇ يوق. شاڭخەيدىكى چەت ئەل كونسېسسىيىلىرىنىڭ ئىشىك بېشىغا يېزىلغان جۇڭگولۇقلار بىلەن ئىتلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت يوق دېگەن خەتنى كۆرۈپ، دېڭىز ياقىسىدا بىر كۈن يىغلىغان ئەمەسمىدىم. دۇنيادا ۋىجدان ئىگىلىرىگە مىللىي ھاقارەت، مىللىي

كەمستىشتىنمۇ قاتتىق خورلۇق بولمايدۇ . يەرلىكلەرنى بىز شۇنچە خورلىدۇق ، شۇنچە ئاياغ ئاستى قىلدۇق . ئۇلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى بىزنىڭ سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىمىزدىن نېمە پەرقى بار؟ بىز ئەزمىسەك ئۇلار بىزگە يانمايتتى . خەنزۇ بولغىنىمىز ئۈچۈن بىزگە تىغ ئۇرۇۋاتقىنى يوق ، زالىم بولغىنىمىز ئۈچۈن تىغ ئۇرۇۋاتىدۇ...

مانا بۇلار «ئىنساپ بىلەن پىكىر قىلىش» دېيىلىدۇ . ئىنساپ راستچىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ . مەن پەقەت ئۆزۈمگىلا راست گەپ قىلالايمەن . مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئۇلۇغ كۇڭزىمياۋ بۇتخانىسىدىكى بۇتىمىز ئۆزىلا ئاڭلىسۇن . ھەتتا خوتۇن ـ بالىلىرىممۇ ئاڭلىمىسۇن . كۇڭفۇزىنىڭ مۇرىتى ھېچبولمىسا ھاياتىدا بىر قېتىم ئۆزىنى ۋە تەڭرىنى ئالدىماسلىقى كېرەك . كۇڭزىنىڭ مۇرىتى بىلەن گومىنداڭ سىياسەتچىسى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى ئادەم . گەرچە ئۇ بىر گەۋدە بولسىمۇ ئىنساپ بىلەن رىيائىللىقنى باھا بەرگۇچى ھەرگىزمۇ دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى بولالمايدۇ . گەرچە ئۇنىڭ شوئارى شۇ بولسىمۇ . مانا بۇلار داناللىقنىڭ بەلگىلىرى . غەزىپىنى چىرايلىق سۆز ۋە مېھىر ـ شەپقەتلىك كۆز نۇرى ئىچىگە سىڭدۈرەلىگەن ئادەملا دۆلەتنىڭ روھىي بايلىقىغا ئايلىنالايدۇ . سەن يالغان كۈلسەڭمۇ باشقىلار ئىشەنسۇن ، سېنىڭ سۇيىقەستىڭ دەبدەبىلىك قەسەملىرىڭ ئىچىگە شۇنداق سىڭىپ كەتسۇنكى ، ئاڭلىغۇچى ساڭا چىن قەلبىدىن قەسەم بىلەن ۋەدە بېرەلەيدىغان بولسۇن ، ۋەدىسىگە جېنى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان بولالىسۇن . مانا بۇلار كۇڭفۇزى تەلىمىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ تالانتى .

1945 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىغان تونۇرغىلا ئوخشاپ قالغان . شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بىرلا چوڭ يولدا ھەربىي ماشىنىلار ئاچچىق توپا توزۇتۇپ ئالدىرىشىپ چېپىشىدۇ ، ئاۋات بازار بولىدىغان دۆڭكۆرۈك ، چوڭ غەربىي قوۋۇقلاردىكى سارايۋەنلەر تۆگىلەر ، ئېشەكلەردىكى تاي ـ

تاي ماللىرىنى ھويلىلاردىكى لاپاسلارغا تىزىشىدۇ. كىر دىن رەڭگى يوقالغان ماتا ـ شاتىۋار كىيىملىرى تەرلىگەن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن، پۇتلىرى يالاڭ، باشلىرىغا پىپى تۇماق، شاپاق دوپپا كىيىشكەن، يۈزلىرىدە كىر ۋە مايلار قېتىشقان ئىشلەمچىلەر تىنىمسىز ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكى بىلەن ئېرتىشىپ، تېپىرلىشىپ ئىشلىمەكتە. چوڭ غەربىي قوۋۇقنىڭ ئۇ چېتى تاشلىق ساي، ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇمچى دەرياسى يېپىلىپ ـ كۆۋرەپ ئاقماقتا، ئىشلەمچىلەرنىڭ سۇ بويىغا بېرىپ يۇيۇپ سالغىندىۋىلىشقىمۇ ۋاقتى يوق. بۇ بېسىلىپ قالغان ماللارنى كۈنىنىڭ ئىسسىقىدا بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، بۇ مەدىكارلار قولىدىن كەلگەنلىكى ئامالنى قىلماقتا. يەنە نەچچە كۈن ياتاركىن. ئۈرۈمچىدىن غۇلجا، چۆچەككە بارىدىغان يوللار ئېتىلگەن. جەنۇبقا مالنى ياندۇرۇپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق. تۇرپان، قۇمۇللارنىڭ كارۋان يولى ئېتىلگەن، ئاتمىش ئېشەك، ئوتتۇز تۆگە سۇنىڭ نېرىسىدا بېقىلماقتا. لېكىن، مەدىكارلارغا خوجايىن كۈنىگە ئىككى پوم بېرىدۇ. قالغىنىغا مۇزدەك سۇ.

— ئېتىلگەن ئىمىدى، ئاداش؟ سەلەيھاجى ئەمەت دېدىڭما؟ ھاجىكەنسەنۇ، يەنە يېتىمچىكەنسىنا؟

— سوراۋېرەمسەن؟ دېدىمغۇ، مەن ئىلى تەرەپكە ئەپلەپ ئۆتۈۋالساملا بولاتتى.

— ئوغرىلارنىڭ يېنىدا نېمىش قىلاتتىڭ؟ بېشىدا سۈيى بار يېتىممۇ نېمە ماۋۇ؟

— ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ گېپى! ئوغرى بولسا گومىنداڭنى يوقىتامتى؟

— سوپىبەگ ھاجىم شۇنداق دېدىيا، ھاجىممۇ يالغان ئېيتامدا؟

— ھۆكۈمەتنىڭ تىلى ئۇ سوپىبەگ ھاجىم دېگىنىڭ جۇما!

— ماڭە ۋاي، ئۇ دېگەن جاھانگىر غوجامنىڭ پۇشتىدىن.

— جاھانگىر غوجامنىڭ پۇشتى بولسا ئىسلام غازاتچىلىرىنى

ئوغرىلار دەپ ۋالاقشىيتتىمۇ؟
— ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمدەك خۇدا بەرگەن ئادەملىنى ۋاي كــومــمۇنىستكەن، سوۋېتنىڭ ئادىمىكەن دەپ ۋارقىراپ، پۈتۈن قەشقەرنى بېشىغا كىيىپ توۋلاپ نامايىش قىلىشقان ئۇيغۇرلىرىڭ نېمە دېمەيتتى؟
— ئەمما لېكىن بىز خەقتىن ھەرقاندىقى چىقىدۇ جۇما: غېنى بـاتـۇر، سـېـيـــت نـوچـــدەك باتۇرلىمۇ، سوپىبەگ ھاجىدەك مۇناپىقلىمۇ چىقىدۇ. پۇقراچە كىيىنىپ خەقنىڭ ئىغىزىنى تاتىلاپ گــەپ ئــېلىپ، يىگىرمە نەچچە ئادەمنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرگەن سېتىۋالدى ھاجىمۇ ئۇيغۇر؛ تۈرمىدە ئۇيغۇرلىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، بەدىنىگە يىڭنە سانجىپ قىيناپ، قەشقەر كونىشەھەر قۇمدەرۋازا تۈرمىسىدە يۈزدەك ئادەمنى قىيناپ ئۆلتۈرگەن قاتىل ھاشىمەكمۇ ئــۇيــغۇر. سارايلارغا قاراپ باقە، ياسىنىپ ـ تارىنىپ يۈرگەن سەتەڭلەرمۇ ئۇيغۇر. ئۇلار سەن بىلەن بىزگە قاراپمۇ قويمايدۇ. خىتاي ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. شۇلىمۇ ئۇيغۇر.
— راست، بىز خەقتىن چىقمايدىغان ئىخلىم يوق. تۈرمىدە ئــۆلــۈۋاتقانمۇ ئۇيغۇر، ئۆلتۈرۈۋاتقانمۇ شۇ. گومىنداڭغا قارشى قــوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ دۈشمەننى سۈر ـ توقاي قىلىپ چــىــچــاتىۋەتكەنمۇ ئۇيغۇر. شۇغىنىسى، بۇ ئەزىمەتلەرنى تىللاپ ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىدا تەشۋىقات ۋەرەقە تارقىتىپ يۈرگەنلەرمۇ، نـامـايــىش قــىلـــىپ «يوقالسۇن باندىتلار!» دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرگەنلەرمۇ ئۇيغۇر.
— پۇقراچە ياسىنىۋېلىپ، بىزدەك يېتىمچىلارنى ماشكىدەك پۈراپ يۈرگەن ساقچىلارچۇ تېخى!
— مەسچىتلەردە خەلققە ئىلى ئوغرىلىرى خۇدانىڭ ئاسىيلىرى دەپ سۆزلەپ يۈرگەن ئاخۇنلارمۇ شۇ!
— گــېــزىــتــلــەرگە ماقالە يېزىپ، ئىلىدا قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمىتىمىزنى تىللاۋاتقانلارمۇ ئۇيغۇر!
— پـاھ، ئــاغىنىلەر، راست، ھەرقاندىقى چىقىدىكەن بىز

خەقتىن ، شۇغىنىسى ، چوڭ ھوقۇق تۇتقاندىن بىرىمۇ چىقماپتۇ . رەھمىتى غوجانىياز ھاجىممۇ ھوقۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ - تېتىمايلا دارغا ئېسىلدى . شور پېشانە خەقكەنمىز !

ئېغىر ئىش ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى گەپتىن توختىتالمىغان . ئۇلار جۇل - جۇل كىيىم ، يېلىڭ - يالىڭاچ ، قاسماق - سېسىغان بولسىمۇ ، گەپلىرى چوڭ ئىدى . ئۇلار دۆلەت ، مىللەت ، ۋەزىيەت ، جەمئىيەت توغرىسىدا ئاڭلىغان ، ئويلىغانلىرىنى دەۋرەتتى . ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئەڭ كەمسىتىلىدىغان ئادەملەر . لېكىن ، ئۇلار ئەركىنلىك ۋە ئادىمىي قىممەتكە ئەڭ تەشنا بولغاچقا ، ئۆز زېمىنىنىڭ شىمالىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى .

— سەلەيھاجى ئەمەت ! — دېدى بېشىدا بىر تالمۇ چېچى يوق تاز يىگىت پارقىراپ تۇرغان بېشىنى سىلاپ قويۇپ ، — قاچساق ، بۈگۈن كېچىلا قاچىلى . مەن غۇلجىغا بارغان ، چۆچەكتە قاسساپلىق قىلغان . بىر چېرىك گۆشنى مۇجۇپ تۇتۇپ «قانچە» دېۋىدى ، بەش قولۇمنى كۆرسەتسەم گۆشكە تۇكۇرۇپ قويىمامدا . مانا ئەمىسە دەپ پىچاقنى قورسىقىغا سايپىغىچە تىقىپ ، ئىككى - ئۈچ مالتىلىۋەتتىم . «ھامىنى ئۆلتۇرگەندىكىن يەنە ئۆلتۇر !» دېدى قاسساپلار ، مانا ئەمىسە دەپ پالتىنى ئالدىم - دە ، يەتتىنى چاندىم ، ساقچى يېتىپ كەلگۈچە قېچىپ سوۋېت چېگراسىغا بېرىپ بوپتىمەن... قېچىشقا مەن ئۇستا ، يول باشلاپ ماڭىمەن ، يەنە كىم قاچىدۇ ؟

— مەن قاچاي جۇما !

— مانا ئۈچ بولدۇق . بىرىڭ خائىنلىق قىلساڭ مەن قۇۋان تازنىڭ مۇنۇ پىچىقى رەھىم دېگەننى بىلمەيدۇ .

ئون نەچچە مەدىكار قۇۋان تازغا تەڭلا قاراشتى : ئېگىز ، مەيدە يۇڭلىرىدا لاي ، چىۋىنلەر قېتىپ قالغان ، قويۇق ساقاللىق ، ئاق سېرىق ، يوغان بۇرۇن ئادەم تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان غىلاپنى تۇتۇپ ، ھازىرلا بىرىگە ئېتىلىدىغاندەك سۇرلۇك ، غادىيىپ

تۇراتتى . سەلەيھاجى ئەمەت ئىسمىلىك قاش - كۆزى چىرايلىق ، ئېگىز ، قارىقۇمچاق يىگىت ئۇنىڭغا زوقلىنىپ پەس ئاۋازدا سۆزلىدى :

— بىزنىڭ قەشقەر ، ئاتۇشلارمۇ پىچاق بىلەن قوزغالدى . ئالىمئاخۇن ، نىزامىدىن ، قۇتلۇق ئەپەندى ، باراتئاخۇن دېگەن ئىنقىلابچىلار ئىلى ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىپ خەلقنى ئويغىتىپ بولدى . شۇغىنىسى ، قورال يوق . پىچاق بىلەن مىلتىققا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ . مەن... مەن ... — ئۇ دۇدۇقلىدى .

— سەن نېمە ؟ دەۋەرمەمسەن ، بۇ يەردە ئىشپىيون يوق جۇما !

— مەن ئاتۇش ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى . غۇلجىغا ئالاقىلىشىشكە ماڭدىم . مېنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمنى خەلق ئۇنتۇمايدۇ !

— مانا مەن قۇۋان تاز سېنى ئۆتكۈزۈپ قويىمەن . ئازادلىق يولىدا سېپىق جېنىم پىدا !

ئاۋغۇستنىڭ كېچىلىرى بۇ شەھەر دىمىق ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن . ئادەملەر ھويلا ، ئۆگزىلەردە يېتىشىپمۇ تولا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايتتى . شۇنداق كېچىسى ئۇچ يېتىمچى ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش — شىمالغا بېرىپ قوزغىلاڭچىلارغا قېتىلىش ئۈچۈن تاشلىق سايغا ، ئاندىن شارىلداپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا چۈشتى . سۇ ئادەمنى چۆكتۈرمىگەن بىلەن تېز ئاقاتتى . ئۇلار قۇۋان تازنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قوراللىرىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ ئوڭدا يېتىشتى . سۇ ئۇلارنى شۇنچىلىك تېز ئېقىتىپ ماڭدىكى ، ئۇلار ھاياتىدا زادىلا مۇنداق ئىتتىك مېڭىپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى . سۇ ئۇلارنى ئۆمرىدە كۆرمىگەن راھەت ۋە سۈرئەتكە ئىگە قىلدى . تىنىق ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۇلارغا تولىمۇ چىرايلىق ، جىلۋىلىك كۆرۈندى ، ئۇلار نەدە ، نەگە كېتىۋاتقىنىنى بىلمەيتتى ، لېكىن ئۇرۇمچىدىن چىقىپ كەتكىنىنىلا بىلەتتى .

— سەلەيھاجى ئەمەت ، سۇ قانداقكەن ؟

— بەلەن ، قانچە كۈن ئاقارمىز ؟

— ھېلىلا سانجىدىن ئۆتۈپ كېتىمىز . بۇياقتا نى - نى خىتاي ، تۇڭگان جاڭزىلىرى بار . خورجالار ئاتلىرىنى ئېتىزلارغا باغلاپ قويۇشىدۇ ، مىنىمىز ، قاچىمىز . خۇدا بۇيرۇسا كۈندۈزى مۆكۈپ يېتىپ ، كېچىسى قېچىپ ئۈچ كۈندە چۆچەككە بېرىۋالىمىز .

— چۆچەك بىزنىڭ قولىمىزدىغۇ - ھە ؟

— ئاز قالدى ، قەشقەرمۇ ، ئاتۇشمۇ ، ئاقسۇ ، كۇچالارمۇ قولىمىزغا ئۆتىدۇ ، بۇ مېنىڭ تۆتىنچى قېتىم قېچىشىم . ئۆمرۈم قېچىش بىلەنلا ئۆتتى… ۋاي - ۋاي … نېمە قىيقاس بۇ !

— بۇ يەردە ئىنقىلاب باشلاندىمۇ نېمە ؟…

ئۇلار سۇدىن چىقىشقا تەمشەلدى ، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى . نۇرغۇن ئاتلىقلار سۇنى ياقىلاپ ئۇلارنى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى . مانا ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى قولچىراغلىرى يورۇتتى ، «پاڭ - پۇڭ !… » ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى قاتتىق سىلكىندى ، دېمى سىقىلدى ، ئۇلار ھېچنېمىنى سەزمىدى . ئۈرۈمچى دەرياسى قىپقىزىل قانغا بويالدى…

دىمىقتا ئۇخلىيالمىغان ۋۇ جۇڭشىنغا تېلېفون كەلدى : «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇدۇق . ئۆزىنىڭ يالاڭ تۆشلىرى ساقچىلىرىمىزغا قاچقۇنلارنى مەلۇم قىلدى ، يول باشلاپ ماڭدى . دەريادىن ئۈچ باندىتنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ سۇزۇۋالدىغان ئادەم چىقمىدى ، — دەپ ماختاندى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، — خاتىرجەم بولسىلا ، رەئىس جانابلىرى ، ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس ، باشقا يەرلەردىمۇ ئۇچ ئادەمنىڭ بىرى بىزنىڭ ئادەم . كىم قەيەردە ، نېمىلەرنى دېدى ، ھەممىسى خاتىرىمىزدە !»

— جۇنتۇڭ ، جۇڭتۇڭلار ھەرىكەتتە دېگىنە . ياخشى ، مەن سېنى شىنجاڭدىن چىققان دەي لى قىلىپ كۆتۈرىمەن !

ۋۇ جۇشى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان ماڭدى . ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى يەنە پەرۋاز قىلىشقا

باشلىدى ! گۇاڭشۇينىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى ) شىنجاڭ ئــۆلكە بولغاندىن تارتىپ ليۇ جىنتاڭ ، ۋېي گۇاڭتاۋ ، تاۋ مۇ ، رۇيىڭچى ، فەن شياۋسۇ ، لەن كۇي ، يۇەن داخۇا ، ياڭ زېڭشىن ، جــىن شۇرېن ، شېڭ شىسەيلەر شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇنفۇ ، دۇدۇ ، رەئــىس ، دۇبــەنلىرى بوپتۇ . مەن ئون بىرىنچى ئۆلكە رەئــىــسىكەنمەن . ئاتمىش بىر يىل ئىچىدە ئون دانا شىنجاڭنى ســوراپــتــۇ . لــېــكــىــن ، ئەڭ پايدا ئالالمىغىنىمۇ ، ئەڭ ئاپەتكە يولۇققىنىمۇ جىن شۇرېن بىلەن ئىككىمىز كەنمىز . ياڭ زېڭشىننى ئۆز ئادەملىرىدىن فەن ياۋنەن ئېتىپ ئۆلتۈرگىنى بىلەن ، ئۇ قېرى ئەڭ ئۇزۇن جاھان سورىدى . توپتوغرا ئون ئالتە يىل . ئۇنىڭ ئۇسۇلى خەلقنى نادان تۇتۇش ، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش . بــۇ ئــۇســۇلــنــى هــازىــر جــاهــان كۆتۈرمەيدۇ . دانالىق بۇنىڭدا ئىپادىلەنمەيدۇ .

ئامېرىكا ئۇسۇلىچۇ ؟ ياق ، ئۇ تېخىمۇ ئاقمايدۇ ، دېموكراتىيە جۇڭگو ئۈچۈن بىر ئاپەت ، ۋابادىنىمۇ يامان . مانجۇلار 1616 - يىلىدىن 1911 - يىلىغىچە ئىككى يۈز توقسان بەش يىل جۇڭگوغا هــۆكــۈمرانلىق قىلدى . ئون ئۈچ پادىشاھ ئۆتتى . ئەڭ ئۇزۇن سورىغىنى كاڭشى ئاتمىش بىر يىل سورىدى . ئاندىن قالسا چيەنلۇڭ ئاتمىش يىل سورىدى . ئەڭ ئاخىرقىسى شۈەنتۇڭ ئارانلا ئۈچ يىل . مەن ئۇنىڭدىنمۇ بىچارە ، بىر يىل بولار - بولمايلا ۋەھىمىگە چۆكۈپ قــالــدىم . نــېــمــىــشــقا هۆكۈمرانلار خەلقنىڭ هىمايىسىگە ئېگە روزۋېــلتتەك ، ستالىندەك دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تاپالمىدى - ھە ؟

مەن پادىشاھ بولۇشنى خالىمايمەن ، لېكىن دېموكراتىيىدىنمۇ قــورقــىــمەن . مــەن قورقىدىغان نەرسىلەر تولىمۇ كۆپ··· ئەڭ قــورقــۇنچلۇقى كوممۇنىستلارنىڭ غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى··· ياق ، بۇنىڭغا دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى قارشى . بىز بىر ئۇلۇغ كۈچنىڭ ۋەكىلى ، كوممۇنىزمغا قارشى دۇنياۋى بىرلىك سەپنىڭ بىر ئەزاسى···

«ئانا يۇرت» رومانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئىمىن ئەخمىدى، ئابلەت نۇردۇن، ئابدۇكېرىم راخمان، مەمتىمىن ھوشۇر، سۇلتان ھاشىم، ئازات سۇلتان، نىجات مۇخلىس

《故乡—母亲》历史长篇小说定稿人员：阿布都许库尔·吐尔地，伊明·艾合买提，阿布来提·努尔东，阿布都克力木·热合曼，买买提伊明·吾守尔，阿扎提·苏里坦，苏里坦·阿西木，尼加提·穆合力斯

# ئانا يۇرت (2)

ئاپتورى: زوردۇن سابىر
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، مەسئۇت خالىت، ئابدۇقەييۇم سايىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل كېرەم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
ئاپتور سۈرىتىنى تارتقۇچى: ئادىل ئىسمائىل
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16
نەشرى: 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاي 8 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 36001 - 46000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12819 - 8
باھاسى: 40.00 يۈەن